TURAN KİTAPLIĞI

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان

# تارىخى رەشىدى

2

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزا ئەخمەت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

TURAN KITAPLIGI

# ئككنچى كتاب

(داۋامى)

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# تاغام سەيىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ فەرغانىنى ئىشغال قىلغانلىق خەۋىرى پادىشاھقا ئاڭلانغانلىقى ، پادىشاھنىڭ سۇلتان سەئىدخاننى ئەندىجانغا — تاغامنىڭ يېنىغا ئەۋەتكەنلىكى

ئىشتىمەك كېرەككى ، تاغامنىڭ فەرغانىنى ئىشغال قىلغانلىق خەۋىرى قۇندۇزغا ئاڭلىنىشتىن ئىلگىرى ، موغۇل ئەمىرلىرىدىن مىر شىرىن ، مىر مەزىد ، قۇلنەزەر مىرزا ، جانكە مىرزا ، مىر ئەييۇب ، مىر مۇھەممەد ، مىر ئىبراھىم ، يادىگار مىرزا ، قارا سۇلتانئەلى مىرزا ، نەزەر [مىرزا] ، مىر غۇرى بارلاس ، ئەمىر دائىمئەلى ، مىرزا مۇھەممەد ، مىر بەگمۇھەممەد ، مىر قەنبەر ، شاھنەزەر مىرزا ، قۇتلۇغ مىرەك مىرزا قاتارلىق ئەقىلدارلار ۋە باشقا بىرنەچچە ئەمىرلەر بىرلىشىپ خىلۋەت جايدا سۇلتان سەئىدخانغا مۇنداق ئەرز قىلىشتى : «ئەگەر خان رۇخسەت قىلسا ، پادىشاھنى ئارىدىن كۆتۈرىمىز ۋە سەلتەنەت تەختىدە خاننى ئولتۇرغۇزىمىز .» چۈنكى ، ئۇ ۋاقىتلاردا موغۇل قوۋمىدىن مۇكەممەل قوراللانغان يىگىرمە مىڭ كىشى تەييار ئىدى ، چاغاتايلارنىڭ ھەممىسى بەش مىڭغا يەتمەيتتى . ئەمىرلەر ئۆز مۇددىئاسىنى بايان قىلغاندىن كېيىن خان جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى : «شاھبېكخان ئىستېلاسىنىڭ توپانى ۋە قىرغىنچىلىق دولقۇنلىرى ئەۋجىگە چىقىپ ، موغۇل خانلىرىنىڭ ئۆمۈر

كېمىسىنى پارە - پارە قىلىپ ھەممىسىنى يوقلۇق دەرياسىدا غەرق قىلغان ۋاقىتلاردا، مەن يوشۇرۇنلۇق تاختىيى ئۈستىدە قېلىپ كابۇلدىن ئىبارەت ئارالغا ئاران چىقىۋالغانىدىم. بابۇر پادىشاھ مېنى بالا - قازا دولقۇنلىرىدىن سالامەت ئاسراپ، شۇ قەدەر قىسىنچىلىق جەزىرىدە مېنى ناھايىتى راھەت - پاراغەت ۋە خۇشال - خۇراملىق ئىچىدە مۇھاپىزەت قىلدى. ئەمدى ئىستىقبال ساھىلىغا يەتكىنىمدە، بۇنداق ناچار ئىشقا قەدەم قويۇش نېمىدېگەن نامەردلىك. بۇنداق قەبىھ قىلىقنى قىلىش نەقەدەر ھىممەتسىزلىك - ھە! بۇنداق ناچار خىيالنى ۋە بولمىغۇر تەسەۋۋۇرنى كۆڭۈلدىن كەچۈرۈش شەرىئەتتە ھارام، ياخشىلىق مەزھىپىدە نىجىسلىقتۇر» دېدى. شۇنداق قىلىپ خان ئۇلارنىڭ بۇ پىتنە - پاسات قوزغىغۇچى مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلاپ ۋەھىمىگە چۈشتى. ئەمىر قاسىم قاۋچىن پادىشاھنىڭ ئاتلىق ئورنىدىكى ئىشەنچلىك كىشىسى ئىدى. خان ئەمىر قاسىمغا: «پادىشاھقا بۇ ئەرزىمنى يەتكۈزگەيسىز، خۇداغا شۈكرى، بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە دۆلەت قۇياشى ئىقبال بۇرجىدا مۇقىملاشتى ۋە قارار تاپتى. ھەممە قوۋم خەلقلىرى پادىشاھنىڭ ئالەمپاناھ بارگاھىغا يۈزلەندى. خۇسۇسەن ئاھالىسى كۆپ، غەيرەت ۋە كۈچ - قۇۋۋەتتە باشقا خەلقلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان موغۇل خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىل - تەدبىرى ھەمدە ھىممەت - شىجائىتى بىلەن ئىززەت - ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كېلىۋاتقان ئەمىرلىرى ھەمىشە ئۆز ھىممەتلىرىني، ئۆز خەلقلىرىنى كۈچەيتىشكە سەرپ قىلىۋاتىدۇ. ئەقىل - تەپەككۇر ھۆكۈمى بويىچە ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولۇشۇم نامۇۋاپىق كۆرۈنۈۋاتىدۇ، چۈنكى ئۇزاق مۇددەتلىك بىرلىكىمىز يېڭى بۆلۈنۈشكە ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن. پادىشاھ مېنى بىرەر جايغا ئەۋەتسە، شۇ ئارقىلىق قەدىمىي مۇناسىۋىتىمىز ئۈزۈلمەي مۇستەھكەم ۋە ھەقىقىي تۈردە داۋاملاشسا، بۇنىڭ ھەر ئىككىلا تەرەپ دۆلىتىگە پايدىسى بار» دېدى.

ئەمىر قاسىم خاننىڭ ئەرزىنى پادىشاھقا يەتكۈزدى. شۇ

ئەھۋال ئەسناسىدا يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ئەندىجاندىن ئادەم كېلىپ تاغامنىڭ ئىلتىماسىنى پادىشاھقا تۇتتى.

## يىگىرمە بەشىنچى باب

# بابۇر پادىشاھنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە كەلگەندىلىكى ۋە ئۇ يەردە پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغانلىقى

تاغامنىڭ ئىلتىماسى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن پادىشاھ شۇ باھانە بىلەن خاننى ئەندىجانغا ئەۋەتتى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن مىرزاخان شاھ ئىسمائىلدىن ياردەم ئېلىپ يېتىپ كەلگەندىن كېيىن پادىشاھنىڭ كۈچى زورايغاچقا، پادىشاھ ئۆزى ئۇلۇغلۇق تىزگىنىنى ھىسار ۋىلايىتىگە قارىتىپ تارتىپ ھىسارغا يۈرۈش قىلدى. بۇ خەۋەر ئۆزبېكلەرگە ئاڭلاندى، ئۇلارمۇ كۆپ قوشۇن يىغدى، ئۇلۇغلىرىدىن ھەمزە سۇلتان، مەھدى سۇلتان ۋە تېمۇر سۇلتان باشلىق نەچچە سۇلتانلار پادىشاھقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن يۈرۈش قىلدى. شاھىبېكخاننىڭ ئورنىدا تەختتە ئولتۇرغان كۆچۈمخان بىلەن سۆيۈنچەك سۇلتان، جانىبېك سۇلتان ۋە ئۇبەيدۇللا سۇلتان باشلىق پۈتكۈل سۇلتانلار قارشىغا يىغىلدى، قارشىنىڭ ئەسلىي ئىسمى نەخشەب ئىدى. پادىشاھ پۇلىسەنگىن (تاشكۆۋرۈك)گە يېتىپ كەلدى. ھەمزە سۇلتان يېتىپ كېلىپ پۇلىسەنگىننى توسۇپ بىر ئاي تۇردى. ئاخىر ئۆزبېكلەرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ھېسابسىز تولىلىقى، ئۇلارنىڭ داڭلىق سەردار ۋە پالۋانلىرىنىڭ كۆپلۈكى، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ قىيىنلىقى مەلۇم بولدى. پادىشاھنا تاقابىل تۇرۇپ ئۇرۇش

قىلغۇدەك كۈچ - قۇدرەتنىڭ يوقلۇقىنى ئۆزبېكلەرمۇ بىلىپ قالدى، شۇڭا ئۇلار پۈلسەنگىنىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە يۆرۈش قىلىپ دەريادىن ئۆتتى. ناماز ۋاقتى بولغانىدى، پادىشاھقا بۇ خەۋەر ئاڭلاندى، پادىشاھ شۇ سائەتتىلا ئورۇنلىرىدىن كۆچۈپ ئابدەرە تەرەپكە يۈردى، چۈنكى ئۇ تەرەپنىڭ تاغلىرى مۇستەھكەم ئىدى. شۇ كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە يۈرۈپ، ئەتىسى ناماز پېشىنگىچە يەنە تېزلىك بىلەن يۆرۈش قىلىپ بىر مۇستەھكەم جاينى تاپتى. ھەممە دانىشمەنلەر شۇ جايغا چۈشۈشنى لايىق كۆردى، شۇڭا ئاشۇ جايدا ئورۇنلاشتى. تەڭ كېچە بولغانىدى، قاراۋۇللار: «ئۆزبېكلەر پۈتۈن قوشۇنى بىلەن كېلىۋاتىدۇ!» دەپ خەۋەر ئېلىپ كەلدى. تاۋاچىلار دەرھال پۈتكۈل لەشكەرگە خەۋەر يەتكۈزدى. سۈبھى ۋاقتىغىچە ھەممە ئۇرۇش ئەسلىھەلىرى ھازىرلىنىپ تەق بولدى.

ۋاقتىكى، كېچە قوشۇنى كۈندۈز لەشكىرىدىن يېڭىلىپ مەغرىب تەرەپكە قاچتى، غالىب سۈپەتلىك قۇياش ئۆزىنىڭ نۇسرەت بەلگىسى بولغان تۇغىنى كۆتۈردى، شەرق شاھى جاھاننى يورۇتقۇچى نۇرلۇق شەمشىرىنىڭ شولىلىرى بىلەن تۈن لەشكىرىنىڭ سەردارلىرى بولغان يۇلتۇزلارنى ئاسمان سەھنىسىدىن يوق قىلدى. شۇ ئەسنادا قاراۋۇللار يېتىپ كېلىپ: «ئۆزبېك لەشكەرلىرى كەلدى!» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. پادىشاھ شۇئان دۆلەت ئايىغىنى نۇسرەت ئۈزەڭگىسىگە قويۇپ ئاتلاندى ۋە بىر ئېگىز جايغا چىقتى.

دۈشمەن تەرەپنىڭ پەقەت بىرلا تار يولىدىن باشقا يولى يوق ئىدى. بۇ يولنىڭ سول تەرىپىدە يەنە بىر ئېگىز دۆۋە، ئۇنىڭ ئارىلىقىدا بىر چوڭقۇر دەريا بار بولۇپ، ئۇ دۆۋىنىڭمۇ بىرلا يولدىن باشقا يولى يوق ئىدى. ئۆزبېك لەشكەرلىرى ئارقىمۇئارقا كېلىپ بىر تۈزلەڭ يەردە سەپ تارتتى، ئۇلار پادىشاھ چىققان يەرگە چىقىشنىڭ مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى كۆردى. يەنە بىر دۆۋىگە تېمۇر سۇلتان باشلىق بىرنەچچە سۇلتانلار ئون مىڭچە كىشى بىلەن چىقتى. پادىشاھ ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مىرزاخان

باشچىلىقىدا لەشكەرنىڭ ھەممە پالۋانلىرىنى ئىلغاپ ئەۋەتتى . شۇ ئەسنادا پادىشاھنىڭ سائادەتلىك نەزىرى بىر توپ خەلققە چۈشتى ۋە : «بۇلار كىمدۇر ، قايسى جامائەتتۇر ؟ » دەپ سورىدى . ئۇلار : «بىز مىرزا ھەيدەرنىڭ مۇلازىملىرى» دەپ جاۋاب بەردى .

ئاتام كابۇلدىن چىققاندا مىراسىي خىزمەتكارلاردىن ئاتامنىڭ ئۈچ مىڭ ئادىمى بىللە بارغان ، قالغان موغۇللار بىلەن خوراساندىن قۇندۇزغا كەلگەنىدى . ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ۋە مۆتىۋەر كىشىلىرىنى پادىشاھ ئۆزىگە مۇلازىم قىلغان ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ خىزمىتىمدە ئىدى ، پادىشاھنىڭ نەزىرى چۈشكەن جامائەت شۇ كىشىلەر ئىدى . پادىشاھ ماڭا خىتاب قىلىپ : «سەن تېخى كىچىك ، بۇنداق ئىشلارغا سېنى بۇيرۇغىلى بولمايدۇ ، شۇڭا سەن مېنىڭ يېنىمدىن يىراققا بارمىغىن» دەپ مېنى ئېلىپ قالدى . مەۋلانا مۇھەممەد باشلىق قالغان مۇلازىملارنى مىرزاخانغا كۆمەك-لىشىشكە ئەۋەتتى . مېنىڭ مۇلازىملىرىمدىن بارغانلار مىرزاخانغا يېتىشىپ بارغانىدى ، ئۆزبېكلەر بىرلا ھۇجۇم بىلەن مىرزاخاننىڭ ئالدىدىكىلەرگە تالاپەت يەتكۈزۈپ قوغلاپ مىرزاخاننىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى . شۇ ئەسنادا مېنىڭ مۇلازىملىرىم مىرزاخانغا يېتىشىپ باردى . ئۇلارنىڭ سەردارلىرى جان ئەھمەد ئاتاكە ئاتلىق بىر نامرات كىشى ئىدى ، جان ئەھمەد (ئاتاكە) مېنىڭ مۇلازىملىرىمنى باشلاپ ھۇجۇم قىلىپ ئۆزبېكلەرگە زەربە بېرىپ قاچۇردى . شۇنىڭدىن كېيىن مىرزاخاننىڭ ئالدىدا زەربىگە ئۇچراپ قاچقانلارمۇ ئارقىسىغا يېنىپ ھەممىسى بىردەك ھۇجۇمغا ئۆتتى - دە ، ئۆزبېكلەرنى ياندۇردى . بۇ ئىشلار جەريانىدا مېنىڭ مۇلازىملىرىدىن بىرى بىر ئۆزبېكنى تۇتۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى ، پادىشاھ ئۇنى ياخشى فال (بەخت - تەلەي) دەپ بىلدى ۋە : «بىرىنچى خىزمەتنى مىرزا ھەيدەرنىڭ نامىغا پۈتۈڭلا !» دېدى .

يەنە چەت تەرەپتىمۇ تاكى كەچكىچە قاتتىق ئۇرۇش بولدى ، ئەمما پادىشاھ تۇرغان يەرگە ئۆزبېكلەرنىڭ قەدەملىرى يەتمىدى ،

چۇنكى يولنىڭ تارلىقى تۈپەيلىدىن ئىككىلا تەرەپكە مېڭىش قىيىن ئىدى . نامازدىگەر بولغاندا پادىشاھ ئەتراپىدىكى شىجائەتلىك خەلق پىيادە بولۇپ تۆۋەنگە چۈشتى . ئۇلار دۈشمەنلەرنىڭ مەنزىلىگە يېتىپ بولغۇچە كەچ بولدى . بېرىپ قارىسا سۇ بولمىغانلىقتىن ئۆزبېكلەر ئۇ يەردە تۇرالماي قوزغىلىپتۇ ، چۈنكى ئۇ يەردىن سۇ بار يەر بىر فەرسەڭ يىراقلىقتا ئىدى . ئۆزبېكلەر ئۇ يەردىن چىقىپ سۇغا يېقىن يەرگە چۈشۈپ قونۇپ ، ئەتە يېنىپ كېلىپ ئۇرۇش قىلىمىز ، دېگەن غەرەزدە كۆچۈپ يۈرگەنىدى . پادىشاھ يېنىدىن چۈشكەن پىيادىلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن «هاي - هۇي !» دەپ غوۋغا سالدى . مىرزاخانغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان ئۆزبېك قوشۇنى بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ ئارقىغا چېكىندى ، ئۇلارنى كۆرۈپ ئۆزبېكلەرنىڭ غول قوشۇنى بولغان ھەمزە سۇلتان باشلاپ بارغان قوشۇنمۇ ئارقىسىغا يېنىشقا قەدەم قويدى . بۇلار تىزگىنىنى ئارقىسىغا ياندۇرغان ھامان مىرزاخان ھەممە قوشۇنى بىلەن بىرلا ھۇجۇم قىلغانىدى ، مىرزاخانغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان قوشۇن زەربە يەپ قېچىشقا يۈزلەندى . ئۇ قوشۇننىڭ قاچقانلىقىنى كۆرۈپ غول قوشۇندىكىلەرمۇ قاچتى ، ئۇلارغا مۇشۇ زەربە يەتكەنچە ھەممىسى بىراقلا مەغلۇپ بولدى . نامازشام ۋاقتى بولغاندا پادىشاھنىڭ كىشىلىرى ھەمزە سۇلتان ، مەھدى سۇلتان ۋە ماماق سۇلتانلارنى تۇتۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى . شەيبانىيلار موغۇل خانلىرىغا ۋە چاغاتاي سۇلتانلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلغان بولسا ، پادىشاھمۇ بۇلارغا ئۇنىڭ ئۆتنىسىنى ياندۇردى .

شۇ كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە ئۆزبېكلەرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى . ئۇلار تاكى بەندەرى ئاھەنىن چېگرىسىغا يەتكۈچە قوغلاپ ، ئاندىن پۈتكۈل غالىب لەشكەر ھىساردا يىغىلدى . ھىسارغا يەنە شاھ ئىسمائىلدىن كۆمەك (ياردەم ) يېتىپ كەلدى ، ئالەمنىڭ ھەممە ئەتراپلىرىدىن جامائەتلەر كېلىشكە باشلىدى . شۇنداق قىلىپ لەشكەرلەرنىڭ سانى ئاتمىش مىڭغا يەتتى ، شۇنىڭدىن كېيىن ھىساردىن يۈرۈپ قارشىغا باردى . ئۆزبېك سۇلتانلىرىنىڭ

كۆپىنچىسى سەمەرقەندتە ئىدى . ئۇبەيدۇللاخان قارشى قەلئەسىگە بېكىندى ، دانىشمەنلەر ۋە تەدبىرلىك زاتلارنىڭ ھەممىسى قارشى شەھىرىنى مۇھاسىرە قىلىشنى لايىق كۆرمىدى . ئۇلار : «بىز بۇخاراغا ئۆتۈپ كېتەيلى ، ئۇبەيدۇللاخان قارشىدىن چىقماي مۇقىم تۇرسا بۇخاراغا بارالمايدۇ ، بىز بۇخارانى ئاسانلا قولغا كەلتۈرەلەيمىز . ئۇنىڭ قارشىدا تۇرغىنىنىڭ ئۆزىگە پايدىسى يوق ، بىزگە زىيىنى يوق . مۇبادا قارشىدا تۇرۇشتىن قورقسا ، قەلئەنى تاشلاپ كېتىدۇ . بۇ چاغدىمۇ يەنە ئەسلىي مۇددىئايىمىز ھاسىل بولغان بولىدۇ » دېدى . بۇ مەسلىھەت پادىشاھنىڭ مۇبارەك كۆڭلىگە لايىق كۆرۈندى ، پادىشاھ قارشىدىن ئۆتۈپ بىر مەنزىلگە چۈشتى . شاھنىڭ ئارقىسىدىن ئارقىمۇئارقا قاراۋۇللار كېلىپ : «ئۇبەيدۇللاخان قارشى قەلئەسىدىن چىقىپ بۇخاراغا قاراپ يۈردى !» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى . شۇ سائەتتىلا ئاتلىنىپ پۈتۈن سۈرئەت بىلەن تاڭ ئاتقۇچە قوغلاپ بۇخاراغا يېتىپ باردى . پالۋانلار ئۆزبېكلەرنى قوغلاپ بۇخارادىنمۇ ئۆتكۈزۈپ تۈركىستان چۆلىگىچە قوغلاپ باردى . بۇ جەرياندا قوللىرىغا چۈشكەنلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى .

ئۆزبېك سۇلتانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى سەمەرقەندكە يىغىلغاندى . بۇ بالا - قازانىڭ داغدۇغىسى بىلەن ھەممىسى پاراكەندە بولۇپ ھەر تەرەپكە قېچىپ ، پاراكەندە ۋە پەرىشان ھالدا ئۆزلىرىنى تۈركىستانغا يەتكۈزۈۋالدى .

پادىشاھ بۇخاراغا كەلگەندىن كېيىن شاھ ئىسمائىلنىڭ كۆمەكلىشىشكە كەلگەن كىشىلىرىنى تولۇق ئىنئام ۋە ئىلتىپاتلار بىلەن ئىززەت - ئىكرام قىلىپ قايتىشقا ئىجازەت بېرىپ ياندۇرۇپ ، ئۆزى سالاپەت ۋە زەپەر بىلەن سەمەرقەندكە يۈزلەندى . ماۋەرائۇننەھرنىڭ يەرلىك كىشىلىرى ، بارلىق ئاكابىر - ئەشرەپلەر ، ئۇلۇغ زاتلار ، كەسىپ ئىگىلىرى ۋە كاتتا - كىچىك پۇقرالارنىڭ ھەممىسى پادىشاھنىڭ بۇ مۇبارەك قەدەم تەشرىپى ئۈچۈن ناھايىتى خۇشال - خۇرام بولۇپ ، ئىستىقبال شەرىپىگە

مۇشەررەپ بولدى، قالغانلارنىڭ ھەممىسى شەھەرنى زىننەتلەشكە مەشغۇل بولدى. كوچا - يوللارنىڭ ھەممىسىنى ھەر خىل ئەسۋابلار ۋە نەپىس ماتالار بىلەن بېزىدى، ھەر خىل نەقىشلەر ۋە رەڭگارەڭ سۇرەتلەرنى ئاستى.

تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 917 - يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا[1] پادىشاھ سەمەرقەند شەھەرىگە شۇ قەدەر ئۇلۇغۋارلىق ۋە ھەيۋەت - ھەشەمەت بىلەن كىرىپ كەلدىكى، بۇنداق ھالەتنى ھېچبىر كۆز كۆرمىگەن، بۇنداق زىبۇزىننەتلەرنىمۇ ھېچ قۇلاق ئىشىتمىگەن بولغىيدى، گوياكى مالائىكە - پەرىشتىلەر ئۇنىڭ ئالدىدا: «ئۇدۇخۇلۇھا بىسەلامىن ئامىنىن» (ئامان - ئېسەن، تىنچ كىردىڭلار)[2] دېگەن سۆزلەر بىلەن جار سېلىۋاتقاندەك ئىدى، ھەممە خالايىق پۈتكۈل ئالەملەرنىڭ پەرۋىشكارى بولغان تەڭرىگە تەشەككۇر بىلدۈرۈپ ھەمدۇسانا ئوقۇماقتا ئىدى. ماۋەرائۇننەھرلىكلەر، بولۇپمۇ سەمەرقەندلىكلەر نەچچە يىللاردىن بېرى پادىشاھنىڭ جۇدالىقى سەۋەبىدىن ئىشتىياق ۋە سېغىنىش مەشئەللىرىنى تاڭ سەھەرلەردىكى ئاھ ئوتلىرى بىلەن پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنىڭ پۇشتى - پاناھى ھەزرىتى تەڭرى دەرگاھىدا يورۇتۇپ كەلگەنىدى. ئۇلار پادىشاھنىڭ ياخشىلىق يوپۇرماقلىرى ۋە ئېھسان مېۋىلىرى مول بولغان ئادالەت دەرىخىنىڭ شەرەپلىك كۆلەڭگىسى بىر كۈنى بېشىمىزغا سايە سالىدۇ، دېگەن ئارزۇدا ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، زۆرۈرىيەت مەزگىلىدە قىزىل باشلار كىيىمىنى كىيىپ بىدئەتكە ئوخشاپ قالغان، بەلكى كۇپۇرلۇققا يېقىنلاپ قالغان كىشىلەر پادىشاھنىڭ سەمەرقەند تەختىدە ئولتۇرۇشى بىلەن پەيغەمبەر شەرىئىتىنىڭ تەختىگە ئولتۇرۇپ مۇستاپا سۈننەتلىرىنىڭ تاجىنى

---

① ھىجرىيە 917 - يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرى مىلادىيە 1511 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② «قۇرئان كەرىم»، 15 - سۈرە ھىجر، 46 - ئايەت.

بېشىغا كېيىدۇ ، بىدئەتتىن ئىبارەت بولغان پادىشاھلىق تاجىنى بېشىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ ، دېگەن ئۈمىدتە ئىدى . ئەمما ، پادىشاھ سەمەرقەند تەختىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن سەمەرقەند ئەھلىنىڭ پادىشاھتىن كۈتكەن بۇ ئۈمىدلىرى ئورۇندالمىدى . بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى ، پادىشاھ تېخىچە ئۆزىنى شاھ ئىسمائىلنىڭ ياردەم ۋە مەدەتلىرىگە ئېھتىياجلىق بولمىغان ھالەتتە سەزمىگەنىدى . ئۆزىنىڭ ئۆزبېكلەرگە تاقابىل تۇرغۇدەك قۇۋۋىتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلەتتى ، شۇڭا زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن قىزىل باشلارغا مۇرەسسە ـ مادارا قىلاتتى . شۇ سەۋەبتىن ماۋەرائۇننەھر خەلقىنىڭ پادىشاھقا بولغان غايىبانە ئىشەنچ ۋە ئىشتىياقلىرى بۇ ۋەقەلەرنى مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن بىرمۇنچە توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىدى . پادىشاھ تېخىچە تۈركمەنلەرگە يېقىنچىلىق ۋە مادارا قىلاتتى .

يىگىرمە ئالتىنچى باب

## سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەندىجانغا بارغاندىلىقى ۋە ئۇ يەردە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى

يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ، پادىشاھ خاننى ئەندىجانغا رۇخسەت بىلەن ماڭدۇردى . خان موغۇل ئەمىرلىرىدىن كۆپ سانلىق كىشىلەرنى ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ ماڭدى . ئۇلار ئىچىدە مىر غۇرى بارلاس ، مىر دائىمئەلى دوختۇۋى ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى ئەھمەدئەلى ، مەھمۇدقۇلى ، مىرزا مۇھەممەد بەگچەك ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى بەگمۇھەممەد ، يەنە دوغلات قوۋمىدىن شاھنەزەر مىرزا ، مىرزا ئەلى تاغاي ، قۇتلۇق مىرەك مىرزا ، يەنە

ئۆرگەنج[1] ئەمىرلىرىدىن قۇلنەزەر مىرزا، جانكە مىرزا، ئەمىر قەنبەر ئىبنى ھەيدەر كوكۇلداش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەرمۇ بار ئىدى، ئۇلار خانىنىڭ خىزمىتىدە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ يولغا چىقتى. فەرغانە ۋىلايىتىنى ئىشغال قىلىشتا تاغام بىلەن بىرلىشىپ ھەمنەپەس بولغان ئۆرگەنج ئەمىرلىرىدىن سۇلتانئەلى، مىرزا بەگچەك، پەشكە مىرزا، ئىتارچى نوياغۇت ۋە باشقىلارغا ئوخشىغان نەچچىلىگەن ئەمىرلەر خانىنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ، ئاياغلىرىنى تاۋاپ قىلىش شەرىپىگە ئېرىشتى. ئاندىن ئۇلار ئەندىجانغا يېتىپ بېرىپ ئورۇنلاشتى.

بىلمەك كېرەككى، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ھەمزە سۇلتان، مەھدى سۇلتان ۋە تېمۇر سۇلتان باشلىق بارلىق ئۆزبېك سۇلتانلىرى پادىشاھقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھىسارغا يىغىلىپ تۇرغانىدى. ئەمما، ئۇبەيدۇللا سۇلتان شاھ ئىسمائىلنىڭ ماۋەرائۇننەھرنى پادىشاھقا تەۋە قىلىپ بەرگەنلىكىنى، شاھ ئىسمائىلنىڭ ئۆزى كەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆزى ئېھتىيات قىلىپ قارشى شەھرىدە تۇرغانىدى، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىمۇ بايان قىلىپ ئۆتۈلدى. جانىبېك سۇلتان، كۆچۈمخان، سۆيۈنچەك سۇلتان قاتارلىقلار فەرغانە ۋىلايىتىنىڭ خەلقىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ئاخسى ۋە ئەندىجانغا يۈرۈش قىلغانىدى. ئۇلار ئەندىجانغا كېلىپ تېخى ئورۇنلىشىپ بولمىغانىدى، ئۆزبېك سۇلتانلىرىنىڭ يۈرۈش قىلغانلىق خەۋىرى ئاڭلاندى. مىرزاخان سۇلتانئەلى مىرزىنى ۋە تۆبرە نوياغۇتنى كاسانغا ئەۋەتتى، چۈنكى ئۆزبېكلەر كاساننى ئېلىش قەستىدە بېرىپ قورشاپ كاساننى قىيىنچىلىق ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. بۇ خەۋەر خانغا يەتكەن ھامان ھەممە خىللانغان باھادىر سەردارلارنى كاسان تاغلىرىغا ئەۋەتتى. گەرچە

---

① بۇ ئېتنىڭ نام موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ نۇسخىسىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، قالغان نۇسخىلارنىڭ ھەممىسىدە «كۆنجى» دېيىلگەن.

خاننىڭ ئۆزبېكلەرگە تاقابىل تۇرغۇدەك كۈچلىرى يوق بولسىمۇ، لەشكەرلەر بېرىپ ئەتراپتا غۇلغۇلا ۋە غوۋغا كۆتۈرسە، قارشى تەرەپ تەشۋىشكە چۈشىدۇ ۋە كاسان خەلقىگىمۇ كۈچ - قۇۋۋەت هاسىل بولىدۇ، دەپ ئويلاپ بۇلارنى ماڭدۇردى. بۇلار كاسانغا يۈرۈش قىلىپ يولدا كېتىۋاتقانىدى، شۇ كۈنلەردە ئۆزبېك سۇلتانلىرى بىراقلا هۇجۇم قىلىپ كاسان قەلئەسىنى هەر تەرەپتىن يېرىپ شوتا قويۇپ شۇ قەدەر زورلۇق قىلدىكى، قەلئەدىكىلەرنىڭ شەهەرنى قوغداپ قالغۇدەك كۈچ - قۇۋۋىتى قالمىدى. ئۇلار ئىلاجىسىز كاساننىڭ خۇشك تەرەپتىكى دەرۋازىسىدىن چىقىپ قاچتى، ئۆزبېك لەشكەرلىرى ھەممىسى پىيادە ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. ئۇلار كاسان خەلقىنى قېچىپ كېتىدۇ، دەپ گۇمان قىلماي پىيادە ئۇرۇش قىلغانىدى. كاسان خەلقىنىڭ قاچقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۆزبېكلەر يېنىپ كېلىپ ئاتلىرىنى مىنىپ ئۇلارنى قوغلاپ بولغۇچە، قاچقانلار ئۇزاپ كېتىپ بولدى. شۇڭا، ئۆزبېكلەر ئۇلارغا يېتەلمەي، كېيىن قالغان بىرمۇنچىسىنى تۇتۇۋېلىپ قەلئەدە قالغانلارغا قوشۇپ قىرغىن قىلدى. بالدۇر قېچىپ چىققانلار خاننىڭ يېنىدىن كاسان تاغلىرىغا كەلگەنلەرگە قوشۇلۇپ، ساق - سالامەت ئەندىجانغا ئۆزلىرىنى يەتكۈزۈشتى.

يۇشۇرۇن قالمىسۇنكى، مىرزا ئەبابەكىر خاننىڭ ئەندىجانغا كەلگەنلىكى ۋە ئۆزبېك سۇلتانلىرىنىڭ هۇجۇم قىلىپ كاسان ئۈستىگە كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ، فەرغانە ۋىلايىتىنى قولغا كىرگۈزۈش تەمەسىدە كاشغەردىن كېلىپ ئەندىجاننىڭ يۇقىرىسىدىكى ئۆزگەند، مادۇ[①]، ئوش قاتارلىق جايلارنىڭ ئوبدان يۇرتلىرىنى ئىشغال قىلىپ ئەندىجانغا يۈرۈش قىلدى. ئۇ: «ئەندىجان قەلئەسى چوڭ قەلئەدۇر، قەلئەنى ئالىدىغان ئەسلىهەلەر بولمىغۇچە، ئىككى - ئۈچ مىڭ كىشى بىلەن مۇهاسىرە قىلىپ

① بۇ ئورۇن ئىسمى مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «بادۇ» دېيىلگەن.

ئۇنى قولغا ئېلىش مۇمكىن ئەمەس» دەپ ئويلاپ مەنچاناق ۋە شوتا قاتارلىق قەلئە ئېلىش ئەسلىھەلىرىنى تەييار قىلىپ ئەندىجانغا يۈرۈش قىلدى. بۇ خەۋەر خانغا ئاڭلانغاندىن كېيىن خانغا ۋە ئەندىجان خەلقىگە ناھايىتى ئېغىر قورقۇنچ ھەم چوڭ ۋەھىمە يۈزلەندى. ئەمما، كەرەملىك تەڭرى دەرگاھىغا تەۋەككۇل قىلىپ ئۇرۇشقا تەييارلىنىپ، ئۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى ھازىرلاشقا تۇتۇش قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى، شۇ جەرياندا خانغا خېلى كۆپ كۈچ - قۇۋۋەت ھاسىل بولدى. شۇ كۈنلەر مىرزا ئەبابەكر ئەندىجانغا يېرىم فەرسەڭ ئارىلىقىچە يېقىنلاشتى، ئۇ قەلئە ئېلىشنىڭ بارلىق ئەسلىھەلىرىنى ھازىرلاپ ئەتە تاڭ ئېتىش بىلەنلا قەلئەنى ئالىمىز، دەپ ئويلىغانىدى. خاننىڭ كاسانغا كەتكەن لەشكەرلىرىنىڭ كەلگەنلىكىدىن ئۇ بىخەۋەر ئىدى.

خان بامدات ۋاقتىدا قەلئەدىن چىقىپ مەيدانغا چۈشۈپ ئۇرۇش قىلىشقا تەييار بولۇپ تۇردى. مىرزا ئەبابەكرمۇ لەشكىرىنى ئېلىپ كېلىپ قەلئەنى مۇھاسىرە قىلىش قەستىگە چۈشتى، ئىككى تەرەپ تۇتلۇق (ئۇچمىلىك) دېگەن يەردە ئۇچرىشىپ قالدى. ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۇرۇش سەپلىرىنى تۈزدى، پالۋانلار مەيدانغا كىردى. بۇ ئۇرۇشنىڭ ۋەقەلىرى ناھايىتى كۆپ، ھەممىسىنى بايان قىلساق، سۆز ئۇزاققا سوزۇلىدۇ. نۇرغۇن شىددەتلىك ئۇرۇشلاردىن كېيىن غالىبىيەت شاملى خاننىڭ بايرىقىنى لەپىلدىتىشكە باشلىدى، ئۆلۈم ۋە خارلىق توپىلىرىنى دۈشمەننىڭ كۆزىگە تولدۇردى. مىرزا ئەبابەكرنىڭ لەشكىرى كۈچ - قۇۋۋەت ۋە سان جەھەتتە گويا تاغدەك ئىدى، خاننىڭ بەخت - سائادەت ۋە نۇسرەت شاملى ئۇنى گوياكى سامانىنى ئۇچۇرغاندەك سورۇۋەتتى. مىرزا ئەبابەكرنىڭ لەشكىرىگە قاتتىق مەغلۇبىيەت يۈزلىنىپ ئۆلگەنلىرى ئۆلدى، قالغانلىرى خاننىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشتى. ئۇلارنى خان ئەندىجانغا يىغىپ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلاشقا بۇيرۇدى ۋە

سەپموسەپ ئولتورغوزوپ ئۆلتۈرگىلى ھازىرلىدى . ئاشۇ ھالەتتە تاغام سەييىدمۇھەممەد مىرزا شاپائەت تىزلىرىنى ئىلتىماس زېمىنىغا قويۇپ ، خاننىڭ شەرەپلىك سەمىگە بۇ ئەرزنى يەتكۈزدى : «تەڭرىگە تەشەككۈرلەر ۋە مىننەتدارلىقلار بولسۇنكى ، بۇ غەلىبە ۋە نۇسرەت كاشغەر مەملىكىتى دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچىدۇر ، خۇدا خالىسا كاشغەرنىمۇ ئاسانلىق بىلەن ئىشغال قىلىشىمىزغا مېنىڭ ئۈمىدىم چوڭ . بۇ يىغىلغان ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈش گەرچە ئىنتىقام ۋە قىساس ئېلىش مەزھىپىدە توغرا ۋە لايىق ئىش بولسىمۇ ، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى كاشغەر دىيارىنىڭ خەلقىدۇر . ئەگەر بۇلار ئۆلتۈرۈلسە ، گويا كاشغەرنى قەتلىئام قىلغاندەك ئىش بولىدۇ . بۇ ئاقىۋەتتە پۇشايمان ۋە نادامەتكە سەۋەب بولىدۇ . ھەزرىتى خان ئەگەر بۇلارنى ماڭا تاپشۇرۇپ گۇناھىنى ئەپۇ قىلسا ، بۇ ئىش خاننىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك تەرەققىياتى ، دەرىجىسى ۋە شان - شۆھرىتى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر .»

تاغامنىڭ بۇ ئەرزى خاننىڭ مۇبارەك سەمىگە يەتتى ، خان دەرھال ئەپۇ قەلىمى بىلەن كەچۈرۈم رەقىمىنى ئاشۇ پۈتكۈل ئەسىرلەرنىڭ ھاياتلىق تاختىسىغا يازدى . ئۈچ مىڭ كىشى بىراقلا ئۆلۈمدىن نىجاتلىق تېپىپ ، ھەممىسى بىردەك دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ خاننىڭ ھەققىگە ياخشى دۇئالارنى قىلدى .

بۇ ئۇلۇغ غەلىبە قولغا كەلگەندىن كېيىن ئۆزبېكلەرمۇ خانغا ھۇجۇم قوللىرىنى ئۇزارتىشتىن توختاپ ، ئەندىشە ئايىغىنى ئېھتىيات ئېتەكلىرى ئىچىگە تارتتى . بۇ ۋەقەدىن كېيىن ھەمزە سۇلتاننىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى ۋە ئۆزى بابۇر پادىشاھنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىك خەۋىرى ئاڭلاندى . بۇ خەۋەردىن كېيىن پادىشاھنىڭ سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلغانلىقى ، سەمەرقەند ئەھلىنىڭ ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا چىققانلىقى ۋە ئۆزبېكلەرنىڭ تامام قېچىپ كەتكەنلىكى ئارقا - ئارقىدىن ئاڭلاندى . پادىشاھ سەمەرقەندتە ، خان ئەندىجاندا

تولۇق مۇستەقىللىق بىلەن سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇردى . شاھ ئىسمائىل ئىراققا يېنىپ كەتتى . بابۇر پادشاھ كابۇل ۋە غەزنەنى ئۆزىنىڭ كىچىك ئىنىسى ناسىر مىرزىغا بەردى . ئۆزبېكلەرنىڭ ھەممىسى تۈركىستانغا يىغىلدى . ئۇلارنىڭ قالغان ۋەقەلىرى خۇدا خالىسا كېيىن ئاشكارا قىلىنغۇسىدۇر .

مەخپىي قالمىسۇنكى ، سۇلتان خەلىل سۇلتاننى جانىبېك سۇلتاننىڭ ئاخىسدا شىبھىت قىلغانلىقى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەنىدى . سۇلتان خەلىلنىڭ ئەمچەكتىكى بىر ئوغلى قالغانىدى ، ئىسمىنى بابا سۇلتان قويغانىدى . يەنە سۇلتان سەئىدخاننىڭ يۇقىرىدا ئىسمى زىكىر قىلىنغان بىر خوتۇنى بار ئىدى ، خان خاجە ئەلى باھادىرنىڭ قولىغا تۇتقۇن بولۇپ ، ئاز مۇددەتتە بىر ئوغۇل پەرزەنت تۇغدى . خان كابۇلدىكى ۋاقتىدا بۇ خەۋەر ئاڭلاندى ، پادشاھقا بۇ خەۋەر يەتكۈزۈلدى . پادشاھ خانغا : «سىزنىڭ ئىسمىڭىز سەئىددۇر ، ئوغلىڭىزنىڭ ئىسمىنى ئەبدۇررەشىد قويسىڭىز مۇۋاپىق بولغۇسىدۇر» دەپ مەسلىھەت بەردى ، خانمۇ ئاشۇ ئىسمنى قويۇشنى قارار قىلدى . بابا سۇلتان ئىبنى خەلىل سۇلتان ، ئەبدۇررەشىدخان ئىبنى سۇلتان سەئىدخاندىن ئىبارەت بۇ ئىككى خانزادىلەرنى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ قىزى تۇتۇق خانىم بېقىۋالغانىدى ، چۈنكى تۇتۇق خانىم تاشكەند ۋەيرانچىلىقى دەۋرىدە جانىبېك سۇلتاننىڭ قولىغا چۈشكەنىدى . تۇتلۇق ئۇرۇشىدا خان غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ئۆزبېكلەر فەرغانە ۋىلايىتىدىن قېچىپ چىقىپ كەتتى . سۇلتان سەئىدخان بۇ ئىككى خانزادىنى ساق ـ سالامەت تېپىۋالدى ، بۇ ئىككى خانزادىنىڭ ھېكايىلىرىمۇ كېيىن بايان قىلىنغۇسى . بۇ يەردە سۆزنىڭ مۆرىتى خان بىلەن مىرزا ئەبابەكرىنىڭ ئارىسىدا ئۆتكەن ۋەقەلەر بايانىغا يېتىپ كەلدى . ئەمدى ئەگەر مىرزا ئەبابەكرىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلمىساق ، ھېكايەت روشەن بولمايدۇ .

## يىگىرمە يەتتىنچى باب

# مىرزا ئەبابەكرى ئەھۋالىنىڭ قىسقىچە بايانى

بىلىش كېرەككى، پەقىر مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ ئىككىنچى بوۋام ئەمىر سەييىدئەلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ بايانى تەگرى خالىسا ئۆز نۆۋىتىدە زىكىر قىلىنغۇسى. ئەنە شۇ ئەمىر سەييىدئەلىنىڭ ئىككى پەرزەنتى بار ئىدى، بىرىنىڭ ئېتى سانىز مىرزا بولۇپ، ئۇنىڭ ئانىسى چۇراس ئەمىرلىرى تەبىقىسىدىن ئىدى. ئىككىنچى ئوغلى پەقىرنىڭ بوۋام مۇھەممەدھەيدەر مىرزا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى پەخىرلىك ۋە تەۋەررۇك بىلىپ پەقىرگە قويۇپتىكەن. بوۋام مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ ئانىسى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ھامىسى ئىدى. ئەمىر سەييىدئەلى — تەگرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ ئوغلى سانىز مىرزا ئوغۇللۇق رەسمىيىتى بويىچە ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ھاكىمىيەت تەختىگە ئولتۇردى. يەتتە يىلدىن كېيىن ئۇمۇ ئاخىرەتكە كېتىپ قالدى، ئۇنىڭدىنمۇ ئىككى ئوغۇل قالدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئەبابەكرى مىرزا، ئىككىنچىسى ئۆمەر مىرزىدۇر. بۇ ئىككى ئوغۇلنىڭ ئانىسىنى موغۇل قائىدىسىدىكى يەڭگىلىك رەسمىيىتى بىلەن مۇھەممەدھەيدەر مىرزا نىكاھىغا ئالدى. مىرزا ئەبابەكرىنىڭ ئانىسىدىن مۇھەممەدھەيدەر مىرزىمۇ ئىككى ئوغۇل يۈزى كۆردى. ئۇلارنىڭ بىرى پەقىرنىڭ ئاتام مۇھەممەدھۇسەين مىرزا — تەگرى ئۇنىڭ زىيارەتگاھىنى نۇرلۇق قىلغاي، يەنە بىرى تاغام سەييىدمۇھەممەد مىرزىدۇر.

سانىز مىرزا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن پۈتكۈل كاشغەر

ۋىلايىتىنىڭ ھاكىمىيىتى بوۋام مۇھەممەدھەيدەر مىرزىغا قارار تاپقانىدى . بوۋام يىگىرمە تۆت يىل ئىچىدە ناھايىتى ئىنساپ ۋە ئادالەت بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنىدى . لېكىن ، مۇھەممەد-ھەيدەر مىرزا ئاتا - بوۋىسى ۋە ئەجدادىدىن تارتىپ دۆلەتمەن كىشى بولۇپ ، ھېچبىر مېھنەت ۋە كۈلپەت يۈزى كۆرمىگەنىدى . شۇڭا ، ئۇ ۋۇجۇدى ئەقىل ، شىجائەت ، چارە - تەدبىر زىننەتلىرى بىلەن بېزەلگەن ياشلارنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ۋە ئۇلارغا قانداق ھۆرمەت قىلىشنى بىلمەيتتى . ئەمىر سەييىدئەلىنىڭ سەكسەن يىللىق ئۆمرى ئىچىدە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن تەجرىبىلىك ۋە تەدبىرلىك كىشىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇھەممەدھەيدەر مىرزا زامانىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگۈچە ۋاپات بولغانىدى . ھايات بولغانلىرىمۇ توقسان ياشلاردىن ئېشىپ، شەيخى پانىيلىق دەرىجىسىگە بېرىپ قالغانىدى . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ ئەقىل - ئىدراك قوللىرىدىن ھېچبىر چارە - تەدبىر كەلمەيتتى . ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى بار بولسىمۇ ، لېكىن قابىلىيەتسىز ئىدى . شۇ كۈنلەردە مىرزا ئەبابەكرى يىگىرمە ياشلارغا يەتكەن ۋاقىت ئىدى . ئۇ ھەمىشە تاغام سەييىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ ، ئەمىرزادىلەر ۋە ياشلار بىلەن ناھايىتى خۇشخۇيلۇق ، مۇلايىملىق بىلەن چىقىشىپ ۋە ئارىلىشىپ ئۆتەتتى . ئۇلارمۇ تەڭتۇشلۇق مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن ھەمىشە مىرزا ئەبابەكرىنىڭ خىزمىتىدە بولاتتى . مىرزا ئەبابەكرى ئۇ ۋاقىتلاردا ساخاۋەت قوللىرىنى شۇنداق ئاچقانىدىكى ، ھەرخىل مال - مۈلۈك ۋە ئەسۋاب - سەرەمجانلارنى جەملىگەن ئۆيىنى پات - پات بۇيرۇق بىلەن تالان - تاراج قىلىپ كۆپچىلىككە ئۈلەشتۈرۈپ بېرەتتى . ئۇنىڭ بىر مۇلازىمىدىن ئاڭلىشىمچە : مىرزا ئەبابەكرى ۋەدىسى ۋە ئادىتى بويىچە بىر كۈنى پۈتۈن مال - مۈلۈكلىرىنى تالان - تاراج قىلدۇرۇپتۇ . ئۇ مۇلازىم شۇنچە تېزلىك بىلەن يېتىپ كېلىپ قارىسا ، مىرزا ئەبابەكرىنىڭ ھېچ نەرسىسى قالماپتۇ ، خالايىق تالان - تاراج قىلىپ تۈگىتىپ بوپتۇ ، مىرزا ئەبابەكرى ئۆيىنىڭ

ئىشكىدە قاراپ تۇرۇپتۇ . ئۇ ئادەم بىرىپلا مىرزا ئەبابەكرنىڭ پېشىنى مەھكەم تۇتۇپ : «كېيىن كېلىپ قېلىپ تالان ـ تاراجدىن مەھرۇم قالغان بولسامۇ ، لېكىن ناھايىتى ياخشى گۆرۈدىن بىرنى تاپتىم ، ئۇنى تاكى ماڭا بىر نەرسە بېرىلمىگۈچە قويۇپ بەرمەيمەن» دەپتۇ . مىرزا ئەبابەكر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە نۇرغۇن مەبلەغ بېرىپ ئۆزىنى سېتىۋاپتۇ . دېمەك ، مىرزا ئەبابەكر ئىنئام ۋە ساخاۋەت ئالىقىنىنى شۇ قەدەر كەڭ ئاچقانىدىكى ، پۈتكۈل خالايىق ئۇنىڭغا يۈزلەنگەنىدى . بۇ مۇددەت ئىچىدە مىرزا ئەبابەكر ئىسان بۇغاخاننىڭ ئوغلى دوستمۇھەممەدخاننىڭ مۇلازىمىتى ئۈچۈن ئاقسۇغا ۋە موغۇلىستانغا باردى . دوستمۇھەممەدخان مىرزا ئەبابەكرگە ياخشى ئىنئام ۋە ئېھسانلار بېرىپ ئۇنى ھۆرمەتلىدى ، بىر تۇغقان سىڭلىسىنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بەردى ، ئۇنىڭدىن كېيىن رۇخسەت بېرىپ ياندۇردى . بۇ ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى ئۇزۇندۇر ، ئۇنى بايان قىلساق ، مەقسەت يىراقتا قالىدۇ .

قىسقىسى ، كاشغەر ۋىلايىتىنىڭ مۇھىم شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان ياركەند كاشغەردىن تۆت كۈنلۈك يىراقتا بولۇپ ، ھازىر پۈتكۈل كاشغەر مەملىكىتىنىڭ پايتەختىدۇر . مىرزا ئەبابەكر ياركەندنى قولغا كىرگۈزدى . ئۇنىڭ خىزمىتىگە ئۈچ مىڭ پالۋان يىغىلدى ، بۇ ئۈچ مىڭ پالۋان خىللانغان ئوتتۇز مىڭ كىشىگە تەڭ كېلەتتى . بۇ ئۈچ مىڭ كىشى مۇخالىپەتچىلىك ناغرىسىنى ئاشكارا چېلىشقا باشلىدى ۋە مۇستەقىللىق دۇمبىقىنى ئۈچۈق ياڭراتتى .

بوۋام مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ئاتلىق ۋە پىيادە بولۇپ جەمئىي ئوتتۇز مىڭ كىشىنى ئېلىپ مىرزا ئەبابەكر ئۈستىگە يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ ، يېڭىلىپ يانغاندىن كېيىن يۇنۇسخانغا ئىلتىجا قىلىپ كۆمەك تىلىدى . يۇنۇسخان مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ ئوغلى ئىدى . يۇنۇسخانمۇ مىرزا ئەبابەكرنى سەل چاغلاپ لەشكىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەلمەي ، ئوتتۇز مىڭ مۇكەممەل قوراللانغان لەشكەرنى ئۆزى بىللە ئېلىپ كەلدى .

مۇھەممەدھەيدەر مىرزىمۇ پۈتۈن لەشكىرىنى يىغىپ يۇنۇسخان بىلەن بىللە مىرزا ئەبابەكر ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى ، بۇ قېتىممۇ مىرزا ئەبابەكرىنىڭ ئۈچ مىڭ پالۋىنى ياركەند قەلئەسىدىن چىقىپ ھەر ئىككىلا لەشكەرگە زەربە بەردى . يۇنۇسخان بىلەن مۇھەممەدھەيدەر مىرزا يېڭىلىپ پاراكەندىلىك بىلەن كاشغەرگە كەلدى ، يۇنۇسخان موغۇلىستانغا كەتتى . ياندۇرقى يىلى يۇنۇسخان پۈتۈن ئەتراپتىكى ھەممە لەشكەرلىرىنى ئېلىپ كاشغەرگە كەلدى . مۇھەممەدھەيدەر مىرزىمۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە پۈتۈن لەشكەرلىرىنى يىغىپ ، ھەر ئىككىيلەن يەنە ياركەندكە يۈرۈش قىلدى . بۇ قېتىم مىرزا ئەبابەكرمۇ لەشكىري ئەسلىھەلەرنى ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە زىيادە تەييارلاپ ، ئاتلىق چېرىكلىرىگە پىيادە ئوقياچى لەشكەرلەرنى ھەمراھ قىلىپ شەھەر تاشقىرىسىغا چىقىپ سەپ تۈزدى . شۇ قەدەر قاتتىق ئۇرۇش بولدىكى ، قەلەم تىلى ئۇنى بايان قىلىشقا ئاجىز ۋە كۈچسىزدۇر . مىرزا ئەبابەكرىنىڭ لەشكىرى ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپ تېخىمۇ قورقۇمسىز ، دادىل بولۇپ كەتكەنىدى . بۇ قېتىم ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك جۈرئەت ۋە شىجائەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ ، بۇ ئىككى لەشكەر دەرياسىنى بىر ھۇجۇم بىلەنلا پاراكەندە ۋە پەرىشان قىلدى . يۇنۇسخان ۋە مۇھەممەدھەيدەر مىرزا بۇ قېتىم ئۈچىنچى نۆۋەت قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ كاشغەرگە كەلدى . بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ كاشغەردە تۇرۇشى قىيىن بولدى . شۇ سەۋەبتىن مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ئائىلىسىنى ئېلىپ ، ھەممە تاۋابىئاتلىرى بىلەن كۆچۈپ يۇنۇسخان بىلەن بىللە ئاقسۇغا كەتتى . مىرزا ئەبابەكر پۈتكۈل كاشغەر مەملىكىتىدە ھاكىمىيەتنى مۇستەقىل قولغا ئالدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى ئۆمەر مىرزىنىڭ كۆزىنى كور قىلىپ ، ئۆزىگە تەۋە زېمىن ئىچىدىن قوغلاپ چىقاردى . ئۆمەر مىرزا سەمەرقەندكە بېرىپ تۇرغانىدى . سۇلتان سەئىدخان كاشغەر ۋە ياركەندنى ئالغاندا ، ئۆمەر مىرزا سەمەرقەندتىن كاشغەرگە كەلدى . خان ئۇنى

ھەددىدىن زىيادە ئىززەتلىدى ۋە ھۆرمەتلىدى، تاكى ئۇ ۋاپات بولغۇچە ئۇنىڭغا تولا ئىززەت ـ ھۆرمەت ۋە ياخشىلىقلارنى قىلدى.

مىرزا ئەبابەكر ئاشۇ قېتىم غەلىبە قازانغىنىچە تاكى قىرىق سەككىز يىل مۇددەتكىچە كاشغەر مەملىكىتىدە مۇستەقىل ھۆكۈمەت تۇتتى. بۇ مۇددەت ئىچىدە يۇنۇسخاننىڭ ئوغلى ئالاچەخان لەقىمى بىلەن مەشھۇر بولغان سۇلتان ئەھمەدخان تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 905 ـ يىلى[1] كاشغەرگە لەشكەر تارتىپ كېلىپ، مىرزا ئەبابەكردىن يېڭىلىپ ياندى. ئۇنىڭ يېڭىلگەن ۋەقەسى خۇدا خالىسا ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىنغۇسى.

مىرزا ئەبابەكر سۇلتان ئەھمەدخانغا زەربە بەرگەندىن كېيىن ئەتراپتىكى جايلارغا ئىشغالىيەت قوللىرىنى ئۇزارتىشقا باشلىدى. ئۇ تىبەتكە لەشكەر ئەۋەتىپ تىبەتنى ئىشغال قىلدى، تاكى كەشمىر چېگرىسىغىچە بولغان تىبەتنىڭ كۆپىنچە يۇرتلىرىنى قولغا كىرگۈزۈپ شۇنداق مۇستەھكەم ئىدارە قىلدىكى، ئۇلارنىڭ سەركەشلىك قىلغۇدەك ماجاللىرى قالمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بەدەخشانغا لەشكەر ئەۋەتىپ، بەدەخشاننىڭ ھەزارەلىرى (قىشلاقلىرى)نىڭ كۆپىنچىسىنى قولغا كىرگۈزدى. شاھىبېكخان ئۆز قوشۇنى بىلەن پۈتكۈل ئالەمنى تىترەتكەن زامانلاردىمۇ، مىرزا ئەبابەكر ئەندىجانغا لەشكەر ئەۋەتىپ، جانىبېك سۇلتاننى قىستاپ ئوش، ماۋەرائۇننەھر ۋە ئۆزكەندنى ئۆزبېكتىن تارتىۋېلىپ، پۈتكۈل موغۇلىستاننى شۇ قەدەر قاتتىق تىزگىنلىگەندىكى، ھېچبىر موغۇل يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغىنىدەك موغۇلىستاندا تۇرالمىدى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ موغۇلىستاندا تۇرالماي ئىلاجسىز ئۆلۈمگە رىزالىق بېرىپ، ئەندىجانغا بارغانلىق ۋەقەسى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلدى. پۈتكۈل موغۇل گۇرۇھى مىرزا ئەبابەكرنىڭ لەشكىرىنىڭ تەھلىكىسى تۈپەيلىدىن موغۇلىستاندا تۇرالماي ھەر تەرەپلەرگە قېچىپ كەتكەنىدى، ھەتتاكى موغۇلىستان

[1] ھىجرىيە 905 ـ يىلى مىلادىيە 1499 — 1500 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

جاڭگىلىنىڭ شىرى دەپ ئاتالغان قىرغىز قوۋملىرىمۇ موغۇلىستاندا تۇرالماي چالىشقا — مەنسۇرخاننىڭ يېنىغا كەتتى.
سۇلتان ئەھمەدخان ۋاپات بولۇپ سۇلتان مەھمۇدخان موغۇلىستانغا كەتكەندىن كېيىن مىرزا ئەبابەكرى ئاقسۇغا لەشكەر تارتىپ بېرىپ ئاقسۇدا ئۈچ (ھازىرقى ئۈچتۇرپان)نى ئېلىپ، ئۈچنىڭ پۈتكۈل خەلقىنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەلدى ۋە ئۈچ قەلئەسىدە لەشكەر قويۇپ بۇ يەرنى قاتتىق تىزگىنلىدى. بۇ ھېكايەتتىن مەقسەت شۇكى، مىرزا ئەبابەكرىنىڭ لەشكىرىنىڭ تولىلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ھەيۋىسى، جاسارىتى ھەم شىجائىتى شۇ دەرىجىدە بولۇپ، پۈتكۈل ئەتراپى ئالەمگە شۇ قەدەر زىلزىلىلەرنى سالغانىدى، بۇلار ھەممىسى يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلدى. مىرزا ئەبابەكرى شۇ قەدەر زەبەردەست ۋە كۈچلۈك بولسىمۇ، تۇتلۇق ئۇرۇشىدا سۇلتان سەئىدخان ئۇنى شۇنداق مەغلۇپ قىلدىكى، بۇنىڭدىن خاننىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىززەت ۋە شىجائىتى مەلۇم بولدى.

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

# مىرزا ئەبابەكرىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ يامان سۈپەتلىرى، ناچار قىلمىقلىرىنىڭ بايانى

مەخپىي قالمىسۇنكى، «تارىخى رەشىدىي» ناملىق بۇ كىتابتا بايان قىلىنغان ھەربىر ھېكايەت، ھەربىر ۋەقەنى ئۆزۈم كۆرمىگەن، كىشىلەردىن نەقلەن ئىشىتكەن بولسام، ئۇنى توختاۋسىز ئىنىقلاپ نۇرغۇن كىشىلەر ئىسپاتلىغان بولسا ۋە

خاتىرەم لەۋھەسىدە ئەقىلگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكى ئايان بولسا، ئاندىن ئۇنى قىسقىچە بايان قىلىپ بۇ «مۇختەسەر»گە يازدىم. چۈنكى، ھەر كىشى ھەر نەرسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن بولسا، ئۇنىڭدا خاتالىق ۋە ئىختىلاپلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن بۇنداق كۆرمىگەن ۋەقەلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىشتىن ئۆزۈمنى تارتىشنى لايىق كۆردۈم. ھەر قانداق ۋەقەنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بولسام، ئۇنى كەم - زىيادە قىلماي تولۇق ۋە تەپسىلىي بايان قىلىپ يازدىم.

شۇ جۈملىدىن مىرزا ئەبابەكرىنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ ئەھۋالى، يامان قىلىقلىرى، شۇم پەيلىنى ئۈچ قىسىمغا بۆلدۈم. ئۇنىڭ بىر قىسمى خالايىقتىن ئاڭلىغانلىرىم بولۇپ، بۇنداقلىرىنى نۇرغۇن قېتىم ئارقىمۇئارقا ئاڭلىغان ۋە مۇتلەق ئىختىلاپ يوقلۇقى ئىسپاتلانغانلىرىدۇر، بۇلارنى قىسقىچە بايان قىلدىم. يەنە بىر قىسمى بولسا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئەھۋاللار بولۇپ، كۆرگەن خەلق ئۇ خىل يامان قىلىق ۋە قىلمىشلارنى ئاڭلىسا، ھەرگىز ئىشەنمەس ھەم ئەقىللىرىمۇ قوبۇل قىلالماس. بۇنداق ئىشلار ئەلۋەتتە ناتايىن ۋە بولمىغۇر ئىشلار جۈملىسىدىن بولۇپ سانىلار، شۇ سەۋەبتىن بۇنداق قىلىقلارنى ئەسلا بايان قىلىپ يازمىدىم. يەنە بىر قىسمى بولسا ئۆزۈم كۆرگەن، ئەگەر ئۇنى كىتابقا كىرگۈزۈپ يازسام، كۆرمىگەن خەلقنىڭ بەزىلىرى پۈتۈنلەي ئىشىنىدۇ، پەقەت بۇلارنى يالغان دەپ قارىمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ «مۇختەسەر»دە مۇشۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ ئۆزۈنلىرى قىسقارتىلىپ تەپسىلاتلىرى يىغىنچاقلىنىپ مىڭدىن بىرى تىلغا ئېلىنىدۇ. خۇدا ساقلىسۇنكى، بۇ ۋەقەلەر دەپتەرلىرىنى مۇلاھىزە قىلغۇچىلار ئەگەر مىرزا ئەبابەكرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرمىگەن بولسا، چوقۇم پەقىر مىرزا ھەيدەرنى بەك مۇبالىغە قىلىپ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىپتۇ، دەپ قارىشى ياكى بۇنى ناچار قىلىقلاردىن بىرى بولغان ئەيىب ئىزدەش، غەيۋەت قىلىش،

دەپ ھېسابلاپ مېنى راستچىللىقتىن چەتلىگەنلەر قاتارىدا سانىشى مۇمكىن. مەن پەقىردىن بۇنداق گۇمان قىلماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى، ئەگەر راستچىللىقتىن چەتلەشنى راۋا كۆرگەن بولسام ئىدى، مىرزا ئەبابەكرىنىڭ يامان سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى راستچىللىق بىلەن بايان قىلىشتىن باشقا چارە قالمىغان بولاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ كۆزۈم كۆرگەن قىلىقلىرى ۋە خۇي - پەيلىلىرىنىڭ بەزىلىرىنىلا كىتابقا كىرگۈزدۈم.

بىلمەك كېرەككى، مىرزا ئەبابەكرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مۇددىتى قىرىق يىلدىن ئاشقانىدى. ئاخىرقى ۋاقىتلاردا زۇلۇم ۋە كۇلپەت ئادەتلىرى ئۇنىڭ تەبىئىتىدە شۇ قەدەر ئۈستۈن ئورۇنغا چىققانكى، ئەگەر ھەر قانداق كىشى ئۇنىڭ ھۆكۈمىدە گۇناھكارلىق دائىرىسى ئىچىگە كىرىپ قالسا، گەرچە شەرەپلىك شەرىئەت ھۆكۈمى بويىچە ئۇ كىشىگە ھېچقانداق ئازاب ۋە ئۇقۇبەت لازىم كەلمەيدىغان بولسىمۇ، مىرزا ئەبابەكرىنىڭ كۆڭلىدىكى ئاداۋەت كىرلىرى ئۇ بىچارىنى بىر قېتىم ئۆلتۈرۈش بىلەنلا پاكلانماي، غەزەپ ئوتىمۇ پەسەيمەي، بەلكى ئۇ بىگۇناھ «گۇناھكار»غا شۇ قەدەر ئازاب ۋە ئۇقۇبەتلەرنى سالاتتىكى، ئۇ بىچارە ھەر كۈنى مىڭ نۆۋەت ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپمۇ تاپالماس ئىدى. ئەگەر بىرەر كىشىدىن ئازراقلا ناماقۇللۇق سادىر بولۇپ، ئۇنى مىرزا ئەبابەكر ئون يىلدىن كېيىن ئىشىتسە، ئۇ كىشىنى پۈتكۈل بالا - چاقىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقان ۋە قېرىنداشلىرى، يېقىن - يۇرۇقلىرى بىلەن قوشۇپ شۇنداق بالا - قازاغا مۇپتىلا قىلاتتىكى، ھېچكىم بۇ خىل ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ تاقەت قىلالمايتتى. شۇ سەۋەبتىن خالايىقنىڭ كۆڭلىدە ئۇنىڭ سىياستىنىڭ ۋەھىمىسى شۇنداق ئورناپ كەتكەنىدىكى، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ پىكرىگە خىلاپلىق قىلىشنى خىيال قىلىشقا ھەددى يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ قاتتىق سىياستى شۇ دەرىجىدە مۇستەھكەم بولۇپ، خەزىنە - دەپىنە، مال - مۈلۈك، مال - چارۋا قاتارلىق ئەشيالىرى شۇ قەدەر

كۆپەيدىكى ، بۇلار ھەددىدىن تاشقىرى ، ھېسابتىن زىيادە ئىدى .
ئۇ «گۇناھكارلار» ئۇچۇن شۇنداق قاتتىق ئىشنى پەيدا قىلدىكى ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ گۇناھىغا قاراپ قاتتىق مۇشەققەتلىك ئىشلارغا سالاتتى . شۇلاردىن بىر ئىشى «قازىق» ئاتلىق ئەمگەك ئىدى : نەدە كونا شەھەر بولسا ، گۇناھكارلارنى شۇ شەھەرگە ئاپىرىپ ئىشلىتەتتى . ئۇ شەھەرنىڭ زېمىنىنى قېزىپ تۇپرىقىنى سۇدا چايقاتقۇزاتتى ، چۈنكى چوڭراق نەرسە بولسا كولىغاندا چىقاتتى ، ئۇششاق نەرسىلەر بولسا سۇدا چايقىغاندا كۆزگە كۆرۈنەتتى . بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن قېزىش ئارقىلىق ھېسابسىز ئالتۇن - كۇمۇش ۋە جاۋاھىراتنى تېپىۋالدى .
يەنە مىرزا ئەبابەكرىنىڭ مۆتىۋەر كىشىلىرىدىن مۇنداق ئاڭلىغانىدىم : مىرزا ئەبابەكرى ياركەند[1]نىڭ كونا قەلئەلىرىدىن بىر خەزىنىنى تاپقانىدى . ئۇنىڭ ئىچىدە يىگىرمە يەتتە چوڭ كۇپ بار ئىدى . ئۇ كۇپلەرنىڭ چوڭلۇقى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى ، ئەگەر ئوق ۋە ساداق باغلىغان كىشى ئىچىگە كىرسە ، كۇپنىڭ ھېچ تەرىپىگە تاقىشىپ قالمايتتى . ئۇ كۇپلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئىچىدە بىر چوڭ مىس ئاپتوۋا بار ، ئۇ ئاپتوۋىلاردىن بىرى پەقىرنىڭ قولىغا چۈشكەنىدى . ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى شىشە شەكلىدە ، بويىنى ئۇزۇن ، ئىنچىكە دەستىسى يوغان تۆمۈردىن ، جوغىسى مىستىن بولۇپ ، جوغىسىنىڭ ئۇچى ئاپتوۋىنىڭ ئاغزى بىلەن تەڭ تۇراتتى . ئاپتوۋىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم گەزدىن ئۇزۇنراق ئىدى . ئەگەر ئۇ ئاپتوۋىغا سۇ توشقۇزۇلسا ، ئىككى كۈچتۈڭگۈر كىشى تەستە كۆتۈرەتتى . ئاشۇ يىگىرمە يەتتە كۇپنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئىچىدە بۇ ئاپتوۋىدىن بىردىن بار بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىگە لىق قۇم ئالتۇن توشقۇزۇلغانىدى . ئاپتوۋىنىڭ سىرتىدىكى كۇپنىڭ بوش قالغان

① بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قولىيازمىسىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان ، پارسچە نۇسخىلاردا ، تاشكەند رۇسچە نەشرىدە ۋە تېھران نەشرىدە «خوتەن» دېيىلگەن .

يەرلىرىگە كۆمۈش باش تىزىپ توشقۇزۇلغانىدى . «تارىخى جەھانگۇشاي» ۋە «جامىئۇت ـ تەۋارىخ» قاتارلىق تارىخ كىتابلىرىدا كۆمۈش باشنى چۈشەندۈرۈپ : «ھەربىر باش بەش يۈز مىسقال كۆمۈش بولۇپ ، ئۇنى بىر خىش قىلىدۇ . كۆرۈنۈشى سوقا ، ئوتتۇرىسى ئىنچىكە» دېيىلگەن . مەن كۆمۈش باشنىڭ تەرىپىنى يۇقىرىقى كىتابلاردا ئاشۇنداق كۆرگەن ، ئەمما كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقمىغانىدىم . مىرزا ئەبابەكرى ئۇ كۆمۈش باشلارنى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئاپتوۋىنىڭ تېشىغا تىزدۇرۇپ ، كۆپلەر بىلەن يۆتكەپ خەزىنىسىدە قويغانىكەن . سۇلتان سەئىدخان ياركەندنى ئىشغال قىلغاندا ، ئۇ كۆمۈش باشلار خاننىڭ لەشكىرىنىڭ قولىغا چۈشكەن ، پەقىرگىمۇ بىرنەچچە باش چۈشكەنىدى . شۇ ۋاقىتتا بۇ باشلارنى كۆرۈپ كىتابتا كۆرگىنىم بىلەن ئوخشاش سۈرەتتە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم .

يەنە بىر ئاجايىپ ۋەقە شۇكى ، مەن ئۇ قازىقچىلارنىڭ ئۇستىلىرىدىن ئاڭلىغانىدىم . ئۇلار مۇنداق دېگەنىدى : «ئۇ كۆپلەرنىڭ ئىچىدىكى ئاپتوۋىلارنىڭ ئىچىدىن بىر پارچە قەغەزگە يېزىلغان تۈركىي تىلدىكى خەت چىقتى ، ئۇ خەتتە ‹بۇ بايلىقلار خۇمار دېگەن خاتۇننىڭ ئوغلىنىڭ خەتنە تويىنىڭ خىراجىتىگە تەييار قىلىنغان› دەپ يېزىپ قويۇلۇپتۇ ، ئەمما خۇمار خاتۇننىڭ كىم ئىكەنلىكى ۋە قايسى زاماندا ئۆتكەنلىكى ھېچ مەلۇم ئەمەس ، ئۇنى ھېچكىم بىلمەيتۇ .» تېخىمۇ ئاجايىپراقى شۇكى ، مۇنچىۋالا ۋەقەلەرنى كۆرگەن تۇرۇقلۇقمۇ ئادىمىزات ھېرىسمەنلىك ، ئارزۇ ۋە خام خىيالدىن توختىمايدۇ . چۈنكى ، مىرزا ئەبابەكرى بۇ بايلىقلارنى تاپقاندىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ خىل قېزىشقا خەلقنى ئىشلىتىشكە بولغان دىققىتى ۋە تىرىشچانلىقلىرى تېخىمۇ زىيادە بولدى . يەنە نەچچىلىگەن خەزىنىلەرنى كاشغەر ، ياركەند ، خوتەننىڭ كونا قەلئەلىرىدىن تاپتى . ئەمما ، بۇ قازىقتا ئىشلەيدىغان خەلقنىڭ ئەھۋالى شۇ ھالەتتە ئىدىكى ، ئۇن سەككىز ، يىگىرمە

كىشى بىردىن زەنجىرگە چېتىقلىق ئىدى. ئۇلار بويۇنلىرىدا زەنجىر، قوللىرىدا كەتمەن قىش - ياز ئىشلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ يېمەكلىكىگە بىر غەلۋىر تېرىق بېرەتتى. كۈندۈزى ئىشلىتىپ ئاخشىمى زىندانغا سولاپ قوياتتى. ئەگەر قاتتىقراق گۇناھ قىلغان گۇناھكار بولسا، ئۇنىڭغا شۇنداق ھۆكۈم قىلىناتتىكى، ئۇ گۇناھكارنىڭ خاھى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، خاھى يات كىشىلەردىن ھېچ كىشى ئۇنىڭغا بىر نەرسە بېرەلمەيتتى، ئۇنىڭغا بىر ئېغىز سۆزمۇ قىلالمايتتى، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىر زەنجىردىكى ھەمراھلىرىمۇ ئۇنىڭغا سۆز قىلالمايتتى. [ھەربىر زەنجىرگە بىر كىشى مەسئۇل، ھەر ئون زەنجىرنىڭ مەسئۇلىغا يەنە بىر كىشى مەسئۇل، پۈتكۈل قازىق ئىشىغا يەنە بىر ئادەم مەسئۇل ئىدى. ئەگەر بۇ مەسئۇللار ئىچىدە خاھى چوڭى بولسۇن ياكى كىچىكلىرى بولسۇن، كىمكى «گۇناھكارلار»نى ئۇرۇشتا، سۇرۇپ ھەيدەشتە، ئىشقا بۇيرۇشتا، زىندانغا تاشلاشتا «گۇناھكارلار»غا بەلگىلەنگەن بەلگىلىمىگە قىلچىلىك خىلاپلىق سادىر قىلسا، ئۇ مەسئۇل بولغۇچى كىشىمۇ ئاشۇ زەنجىر بىلەن مەھكەم چېتىلغان خەلقلەرنىڭ قاتارىغا قوشۇلاتتى. بۇ مەسئۇللاردىن ئەندىشە قىلىپ قورقۇپ، ھېچكىم ھېچ كىشىگە رەھىم - شەپقەت قىلالمايتتى، ھەتتاكى يۈرەكلىكرەك گەپمۇ قىلىشالمايتتى.] ئەگەر گۇناھى يەڭگىلرەك «گۇناھكار» بولسا، ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ھەر ھەپتىدە بىر كىشى ئۇنى بىر نۆۋەت كۆرەلەيتتى. مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان نەچچە تۈرلۈك ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تەيىنلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھېچكىم زەررىچە قېچىپ قۇتۇلالمايتتى.

مىرزا ئەبابەكرى ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان ۋە يېقىن - يورۇقلىرىغا شۇ قەدەر ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەت ۋە جەبىر - جاپالارنى قىلدىكى، ئۇنى بايان قىلسام، ئاڭلىغۇچىلارغا مالاللىق يېتىپ كۆڭلىگە غەشلىك ۋە پەرىشانلىق يۈزلەنگۈسىدۇر، ھەتتا ئۇنى ئەقلىمۇ قوبۇل قىلالماسلىقى مۇمكىن. شۇ خىل زۇلۇم -

كۆلپەتلەردىن بىرى شۇكى ، شاھبېكەم ، مېھرىنىگار خانىم ، پەقىرنىڭ ئىنىم مۇھەممەدشاھ ۋە ئاتامىنىڭ ئانىسىنىڭ سىڭلىسى قاتارلىقلار كابۇلدىن بەدەخشانغا كېلىۋاتقىنىدا ، يولدا مىرزا ئەبابەكرىنىڭ لەشكىرىنىڭ قولىغا چۈشتى ، مىرزا ئەبابەكرى بۇلارنى كاشغەرگە ئەۋەتكەنىدى . خان سۇلتان خانىم بولسا مىرزا ئەبابەكرى بىلەن تۇغقانىدى ، ئىنتايىن پاك ۋە سالىھ ئايال ئىدى . پاك ئېتەكلىك ، پاكىز نەسەبلىك ، پۈتكۈل ئۆمرىنى ئىبادەت ۋە خەيرلىك ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزەتتى . مىرزا ئەبابەكرى خان سۇلتان خانىمغا شۇنداق جاپالارنى قىلدىكى ، نەچچە مۇددەتكىچە ئۇنىڭغا تائام ۋە سۇ بەرمىدى ، سۇ ئورنىدا چاغىر (ھاراق ) بەردى . ئۇ بىچارە ئاچلىق ۋە تەشنالىقتىن ئىزتىراپقا چۈشۈپ ئۆلەر ھالەتكە يەتكەندە ، تەشنالىقنى بېسىش ئۈچۈن ئىلاجسىز بىر يۇتۇم - ئىككى يۇتۇمدىن ئىچەتتى . ئاخىر ئاشۇ ئازاب - ئوقۇبەت بىلەن ئالەمدىن كەتتى .

يەنە ئىنىم مۇھەممەدشاھنى ئۆزىنىڭ ئاختا قىلىنغان غۇلاملىرىنىڭ ئارىسىدا قويدى ، تاكى ئون بەش يىلغىچە[1] خارۇزار ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈردى . ئون بەش يىلدىن كېيىن[2] ئۇنى بىر ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ ، كاۋاپ زىخىنى مەيدىسىگە قويۇپ توقماق بىلەن قېقىپ تامغا مىخلاپ تاشلىدى ، ئىنىم شۇ يەردە تامغا قاداقلىق بەش كۈن تۇرۇپ شۇ ئازاب بىلەن جان بەردى . ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان سىڭلىسىغا ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغلىغا بۇنداق ئازابلارنى سالغان ئۇ جاپاكار زالىم پاك ۋە ئىززەت - ھۆرمەتكە ئىگە ، پاكلىق پەردىسى ئىچىدە ياشىغان شاھبېكەم ۋە مېھرىنىگار خانىمغا نىمە كۈنلەرنى كۆرسەتكەن بولغىيتتى . قانچە ئويلىنىپ مۇلاھىزە

① بۇ سۆز مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «ئون بەش ياشقا توشقۇچە» دېيىلگەن .

② بۇ سۆز مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «ئون بەش ياشقا توشقاندىن كېيىن» دېيىلگەن .

قىلغان بولسامۇ، قەلەم تىلى ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن جەبىر - زۇلۇملارنى يېزىشقا تاقەت قىلالمىدى، كۆڭلۈمۇ بۇ كىتابچىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاتىرىنى ئۇ مەزلۇم بىچارىلەرنىڭ ئەھۋالىنى يېزىش ئارقىلىق پەرىشان ۋە بىئارام قىلىشنى خالىمىدى. ئۇ زالىم جاپاكارنىڭ جەبىر - زۇلۇملىرىنىڭ تولىلىقى شۇ دەرىجىدىكى، بۇنىڭدىن زىيادە بايان قىلسام، بۇ «مۇختەسەر»نى ئوقۇغۇچىلارغا مالاللىق يەتكۈسىدۇر.

مىرزا ئەبابەكر بۇ قەدەر زالىملىقىنىڭ ئۈستىگە، يەنە تائەت - ئىبادەت، خەير - ئېھسان، سەدىقە - ساخاۋەت، ئۆشرە - زاكات قاتارلىق ئىشلارغىمۇ ھېرىسمەن ۋە مايىل ئىدى. بۇ ئىشلارنى بىردەممۇ تەرك قىلمايتتى، دائىم ئالىملار ۋە فىقھى ئۆلىمالىرىنىڭ مەجلىسلىرىدە بولاتتى. ھەممە ئىشلاردا پەتىۋاغا ئاساسلىناتتى، تاكى ئۆلىمالار پەتىۋا بەرمىگۈچە ھېچ ئىشنى ھۆكۈم قىلمايتتى. ھەرقانداق قەبىھ ۋە يامان ئىشلار بولسا، ئۇنىڭ توغرا ۋە يوللۇق ئىكەنلىكىگە پەتىۋا سورايتتى. كۆرۈنۈشتە ئۇ ۋەقەنى شەرەپلىك شەرىئەت بويىچە يوللۇق ئىكەنلىكىگە يول تېپىلىدىغان دەرىجىدە بايان قىلاتتى. ئەگەر ئۆلىمالار پەتىۋا بەرسە، ئۇ ئىشنى توختاۋسىز قىلاتتى، ئەگەر پەتىۋا بېرىشتىن ئۆزىنى تارتسا، مۆپتىنى زۇلۇم ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلەر بىلەن ئۆز گۇناھىغا ئىقرار قىلدۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىغا ئۆلۈم كەلتۈرەتتى، ئاندىن يەنە ئۇنىڭغا مىننەت قىلىپ: «شەرىئەت بويىچە سېنى ئۆلتۈرمەك لازىم ئىدى، ئەمما رەھىم - شەپقەت يۈزىسىدىن ئۆلۈم جازاسىنى ئەپۇ قىلدىم، ئەمدى پالانى ئىشنى قىلغىن» دەپ شۇنداق بىر ئىشقا بۇيرۇيتتىكى، ئۇ ئىش ئۆلۈمدىن نەچچە ھەسسە يامانراق ۋە مۈشكۈلرەك ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ بۇنداق زۇلۇمىدىن قورقۇپ ئۆلىمالار ھەر قىسما ئىشلارغا پەتىۋا بېرەتتى، ئۇنىڭ ئەمەل قىلغان پەتىۋالىرىدىن بىرى مۇنداق ئىدى:

مەسىلە :

ئەگەر بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى ئۆلتۈرمەكچى بولسا، ئۇ كىشى ئۆزىگە بولغان خەتەرنى يوق قىلىش ئۈچۈن ۋە ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇ قەست قىلغۇچىنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنى قۇتقۇزسا، شەرىپلىك شەرىئەت ھۆكمى بويىچە توغرىمۇ ياكى ناتوغرىمۇ؟ جاۋاب شۇكى، پارلاق شەرىئەت ھۆكمى بىلەن بۇ يوللۇقتۇر، چۈنكى ئۇ كىشى قەست قىلغۇچىنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنى قۇتقۇزىدۇ، ئۆزىنىڭ جېنىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋاجىپتۇر.

يەنە بىر پەتىۋا شۇكى، مەسىلە :

ئەگەر بىر كىشى پىتنە - پاساتچى بولسا، ئۇنىڭ يەنە بىر ۋىلايەتكە بېرىشى بىلەن بۇ ۋىلايەتكە پىتنە - پاسات يۈزلىنىش ئېھتىمالى بولسا، بۇ ۋىلايەتنىڭ باشلىقى پىتنە - پاساتنى توسۇش ئۈچۈن ئۇ كىشىنى يەنە بىر مەملىكەتكە بارالمىغۇدەك قىلىپ قويسا، توغرىمۇ ياكى ناتوغرىمۇ؟ بۇنىڭغا جاۋاب شۇكى، شەرىئەت ھۆكمىدە مەملىكەت باشلىقىنىڭ ئۇ ئادەمنى يەنە بىر ۋىلايەتكە بارالمايدىغان قىلىپ قويۇپ، خالايىقنى پىتنە - پاساتتىن ساقلاپ قېلىشى راۋادۇر — ئاللا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

گەرچە بۇ ئىككىلا پەتىۋاغا ئەمەل قىلىش شەرىئەت بويىچە توغرا ۋە راستتۇر، بۇ پارلاق شەرىئەتنىڭ ھۆكمىدۇر ۋە مۇجتەھىتلەر سۆزىدۇر. ئەمما، ئۇ دىيانەتسىز زالىم بۇ ئىككى پەتىۋانى باھانە قىلىپ چەكسىرەك، ئۆزكەند ۋە مادۇ خەلقىدىن ئۈچ مىڭ كىشىنى «مېنى ئۆلتۈرگىلى قەست قىلىپتۇ» دەپ بىرىنچى پەتىۋاغا يۆلەپ قىرىپ تاشلىدى، يەنە نەچچە مىڭ كىشىنى «بۇلار قېچىپ يەنە بىر ۋىلايەتكە بېرىپ پىتنە - پاسات پەيدا قىلماقچى، بۇلارنى يەنە بىر مەملىكەتكە بارغۇزماي پىتنە - پاساتنى پەس قىلىمەن» دەپ كېيىنكى پەتىۋاغا يۆلەپ ھەممىسىنىڭ پۇتىنى كەستۇردى.

دېمەك، ئۇنىڭ ھەممە زۇلۇم - كۇلپەتلىرى شۇ تەرىقىدە

ئىدىكى، ئۇنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى سۆزلىسەم، بۇ كىتابقا سىغمايدۇ. ئېھتىمالى باركى، كىرامەن كاتىپىنىڭ دەپتىرىگە سىغقاندۇ. شۇڭا، ئىلاجىسىز مىرزا ئەبابەكرىنىڭ كىشىلەر كۆڭلىگە كۆلپەت، دىلىغا نەپرەت يەتكۈزىدىغان بۇ ۋەقەلىرىنى مۇشۇ جايدا قىسقارتتىم، قالغان ئەھۋالى كېيىنچە بايان قىلىنغۇسى.

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب

## ئۇبەيدۇللاخاننىڭ تۈركىستاندىن بۇخاراغا كەلگەنلىكى، بابۇر پادىشاھ كۆلىمەلىك دېگەن جايغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىپ يېڭىلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى

ۋاقتىكى، تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 917 ـ يىلى[1]نىڭ رەجەپ ئېيى بابۇر پادىشاھ سەمەرقەندتە سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇردى. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ماۋەرائۇننەھر خەلقىنىڭ بابۇر پادىشاھقا غايىبانە ئېتىقادى ۋە ئەقىدە ـ ئارزۇلىرى كۆپ ئىدى. بابۇر پادىشاھنىڭ سەمەرقەندكە كەلگەندىن كېيىن شاھ ئىسمائىلغا بويسۇنغانلىقىنى ۋە تۈركمەن لىباسىنى كىيگەنلىكىنى كۆرۈپ خالايىقنىڭ ئەقىدىلىرى ياندى، كۆڭۈللىرى سوۋۇدى. شۇ يىلى قىش ئاخىرىغا يېتىپ باھار يامغۇر تامچىلىرى بىلەن يەر

---

① ھىجرىيە 917 ـ يىلىنىڭ رەجەپ ئېيى مىلادىيە 1511 ـ يىلى 10 ـ ئايغا توغرا كېلىدۇ.

سەھنىسىگە يېشىل چەكمەنلەرنى كىيگۈزدى . ئۆزبېكلەر تۈركىستاندىن تاشكەندكە كېلىپ يىغىلدى . ئۇبەيدۇللاخان يەتتەقۇدۇق يولى بىلەن بۇخاراغا يۈرۈش قىلدى ، تاشكەند قەلئەسىنى ئەمىر ئەھمەدقاسىم كوھبەر تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى . يەنە بىرمۇنچە جامائەت ، مەسىلەن ، ئەمىر دوستناسىر ۋە سۇلتانمۇھەممەد [دۇلادى] قاتارلىق بىرقانچە ئەمىرلەرنى ئەمىر ئەھمەد قاسىمغا كۆمەكلىشىشكە ئەۋەتتى ، ئۇبەيدۇللاخان ئۆزى بۇخاراغا يۈزلەندى . بۇخاراغا يېتىپ كەلگەندە [بابۇر] پادىشاھنىڭ يۈرۈش قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى ـ دە ، ئۇبەيدۇللاخاننىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ پەيدا بولۇپ ، دەرھال تىزگىنىنى تارتىپ ئارقىسىغا ياندى . [بابۇر] پادىشاھ ئۇبەيدۇللاخاننىڭ ئىزىغا چۈشۈپ كەينىدىن قوغلاپ يۈرۈش قىلدى . ئۇلار ئاخىر كۆلمەلىك دېگەن جايغا كەلگەندە ، ئۇبەيدۇللاخانغا يېتىشىۋالدى . ئۇبەيدۇللاخان قېچىپ قۇتۇلۇشنىڭ ئىمكانى يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئىلاجسىز توختاپ ، پادىشاھنىڭ قارشى تەرىپىدە سەپ تۈزدى . ئۇبەيدۇللاخاننىڭ ئادىمى ئۈچ مىڭ ، بابۇر پادىشاھنىڭ لەشكىرى قىرىق مىڭ ئىدى . ئۇبەيدۇللاخان «ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائەت كۆپ جامائەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ»[①] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ پادىشاھقا يۈزمۇيۈز تۇرۇپ شۇنداق قاتتىق ۋە كەسكىن ئۇرۇش قىلدىكى ، پاك ۋە بۈيۈك تەڭرى پۈتكۈل خالايىققا ، بولۇپمۇ پادىشاھ ۋە سۇلتانلارغا ئۆزىنىڭ تولۇق كۈچ ـ قۇدرىتىنى كۆرسەتتى ، ئۇلارغا لەشكەرنىڭ تولىلىقىغا ، قورال ـ ياراغ ۋە ئەسلىھەلەرنىڭ يېتەرلىكىگە ئىشەنچ قىلىپ بولمايدىغانلىقىنى ، غەلىبە ۋە نۇسرەت ، پادىشاھلىق ۋە دۆلەت پەقەت ئاشۇ تەڭداشسىز ياراتقۇچىنىڭ قۇدرىتى ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى ، كىمگە خالىسا شۇنىڭغا بېرىدىغانلىقىنى ، كىمدىن خالىسا شۇنىڭدىن ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويدى . ئۇبەيدۇللاخان [ئاجىزلاپ قانات ـ

① «قۇرئان كەرىم» ، 2 ـ سۈرە بەقەرە ، 249 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى .

قۇيرۇقلىرى تۈكۈلگەن] ئۈچ مىڭ كىشى بىلەن بابۇر پادىشاھنىڭ خىل ئاتلارغا مىنگەن، تولۇق ۋە مۇكەممەل قوراللانغان قىرىق مىڭ لەشكىرىگە زەربە بەردى.

ئۇبەيدۇللاخاننىڭ بابۇر پادىشاھنىڭ ھەيۋىسى ۋە دەبدەبىسىدىن قورقۇپ، قارشى شەھىرىدىن قېچىپ كەتكىنىگە سەككىز ئاي بولغانىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ بۇنداق غەلىبە ۋە نۇسرەت قازىنىشى چەكسىز قۇدرەت ئىگىسى بولغان تەڭرىنىڭ يېتۈك كۈچ - قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسى ئىدى. بۇ ۋەقە تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 918 - يىلى [سەپەر ئېيىدا[①]] يۈز بەردى. بۇ ۋاقىتتا بابۇر پادىشاھنىڭ سەمەرقەندتە پادىشاھلىق قىلىۋاتقىنىغا سەككىز ئاي بولغانىدى.

بابۇر پادىشاھ كۆلمەلىكتە يېڭىلگەندىن كېيىن قايتىپ سەمەرقەندكە كەلدى. بىراق، ۋاقتىنچە سەمەرقەند تەختىگاھىدا ئولتۇرالماي، سەمەرقەندنى تاشلاپ ھىسارغا كەتتى ۋە شاھ ئىسمائىلنىڭ ھۇزۇرىغا ئارقا - ئارقىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ كۆمەك ۋە ياردەم تىلىدى. شاھ ئىسمائىلمۇ پادىشاھنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەمىرلەر ئەمىرى بولغان مىر نەجمىنى ئاتمىش مىڭ كىشى بىلەن كۆمەكلىشىشكە ئەۋەتتى. بۇلار پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەندىن كېيىن شۇ يىلى ياز ئۆتۈپ كۈز ۋاقتىدا، بابۇر پادىشاھ يەنە ئۆزبېكلەر ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. ئۇلار قارشى شەھرىگە يەتتى. قارشى شەھرىدە ئۇبەيدۇللاخاننىڭ تاغىسى شەيخىم مىرزا ئاتلىق كىشى بولۇپ، قارشى قەلئەسىنى مۇستەھكەم ساقلىغانىدى. ئۇلار قارشى قەلئەسىنى مۇھاسىرە قىلىپ ئاز پۇرسەتتىن كېيىن قەلئەنى بۇزۇپ ئىشغال قىلدى، قەلئەدىكى شەيخىم مىراز باشلىق پۈتكۈل چوڭ - كىچىك خالايىقنى قىرىپ تاشلىدى. ئۇ مەزگىلدە ئۆزبېك سۇلتانلىرى ھەرقايسىسى

① ھىجرىيە 918 - يىلىنىڭ سەپەر ئېيى مىلادىيە 1512 - يىلى 4 — 5 - ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.

ئۆز جايلىرىدا قەلئەلەرنى مۇستەھكەم ساقلاۋاتاتتى ، جانىبېك سۇلتان غىجدۇۋان قەلئەسىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى . تۈركمەنلەر قارشىنىڭ ئىشلىرىدىن قول ئۈزگەندىن كېيىن [بابۇر] پادىشاھتىن ماۋەرائۇننەھر قەلئەلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى بىر - بىرلەپ سورىدى ، پادىشاھ ھەرقايسى قەلئەلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي بايان قىلدى . تۈركمەنلەر ھەممە قەلئەلەر ئىچىدە غىجدۇۋان قەلئەسىنى ئېلىشنى قولاي ۋە ئاسان چاغلىدى - دە ، غىجدۇۋانغا قاراپ يۈرۈش قىلدى . بۇ خەۋەر ئۆزبېك سۇلتانلىرىغا ئاڭلاندى . شۇ كېچىسى پادىشاھ بىلەن تۈركمەنلەر غىجدۇۋانغا يېقىن كېلىپ چۈشۈپ ، قەلئەنى ئېلىشقا كېتەرلىك قورال - جابدۇقلارنى تەييارلاشقا كىرىشتى . شۇ كېچىسى يەنە ئۆزبېك سۇلتانلىرىمۇ غىجدۇۋان قەلئەسىگە كىردى ، ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئۆزبېكلەر سەپ تۈزۈپ مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇردى . بۇ تەرەپتىن پادىشاھ تۈركمەنلەر بىلەن يۈرۈش باشلىدى . بۇ مەيدان ئۆزبېكلەر مەھەللىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى ، مەيدان ناھايىتى تار ۋە قىستاڭچىلىق ئىدى . ئۆزبېكلەر [نىڭ بەزىلىرى مەيداندا ئات چاپتۇرۇپ يۈرەتتى ، بەزىلىرى] ھەر تەرەپتىكى بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا پىيادە ئوق ئېتىشقا كىرىشتى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇلار ئىسلامىي قوللىرى بىلەن كۇپۇرلۇق ۋە بىدئەت قوللىرىغا زەربە بەردى ، قەدىمىي دىنىنىڭ غەلىبە ۋە نۇسرەت شامىلى بىدئەت ئەھلىنىڭ قارا جىسمىنى يەرگە يىقىتتى . تۈركمەنلەر بىراقلا يېڭىلىپ ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلتۈرۈلدى . [ئۇلارنىڭ تىغلىرىدىن قارشى قەلئەسىدە قانداق جاراھەتلەر پەيدا بولغان بولسا ، كاماندارلىق بىلەن ئۇ جاراھەتنىڭ قىساسى تولۇق ئېلىندى .] مىر نەجىم باشلىق پۈتكۈل تۈركمەن ئۆلىما ۋە ئەمىرلىرى جەھەننەم زىندانىغا يول ئالدى . [بابۇر] پادىشاھ پاراكەندە ۋە شىكەستە ھالەتتە ھىسارغا قېچىپ كەلدى .

مۇشۇ ئەھۋال ئەسناسىدا پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى ئىختىيار قىلىپ ، خاندىن ئايرىلىپ قالغان موغۇللار بىلەن باشقا

موغۇللار ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولدى . بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى ئۇزۇن ، ئۇنى قىسقىچە بايان قىلساق مۇنداق : مىر ئەييۇپ بەگچەك ، مىر مۇھەممەد ، يادگار مىرزا ۋە نەزەر مىرزا قاتارلىقلار موغۇللار بىلەن بىرلىشىپ بىر كىچىكى پادىشاھقا قاراپ يۈگۈردى . پادىشاھ كېيىم - كېچەكلىرىنى كىيگۈچىلىكمۇ پۇرسەت تاپالماي يالىڭاچ قېچىپ ، يۈز مېھنەت - مۇشەققەتلەر بىلەن ئۆزىنى ھىسار قەلئەسىنىڭ ئىچىگە ئالدى . موغۇللار قەلئە سىرتىدىكى ھەممە نەرسىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ ، قايىرتېگىن تاغلىرى تەرىپىگە كەتتى . پادىشاھنىڭ ئۇلارنى يوقاتقۇدەك ماجالى يوق ئىدى ، شۇڭا ئىلاجسىز ھىسار قەلئەسىنى ئىشەنچلىك ئەمىرلەرگە تاپشۇرۇپ ئۆزى قۇندۇزغا يۈرۈپ كەتتى . ھىسار قەلئەسىدىن باشقا بارلىق ۋىلايەتلەرنى موغۇللار ئىشغال قىلىۋالدى . موغۇل خەلقى ئارىسىدا «ئەگەر خىلۋەت ئورۇننى تاپسا ، توڭگۇز دۈۋىگە چىقىدۇ» دەيدىغان مەشھۇر بىر مەسەل بار . دەل شۇ مەسەلدە ئېيتىلغىنىدەك ، موغۇللارنىڭ ھەربىرى بىردىن سەردار بولۇپ ، زۇلۇم - كۈلپەت قوللىرىنى ھەر تەرەپكە ئۇزىتىشقا باشلىدى . پاسىق چاڭگاللىرىنى ئومۇم خەلقنىڭ مال - مۈلكى ۋە ئەھلى ئاياللىرىنىڭ ئېتەكلىرىگە ئۇزاتتى .

ئاشۇ موغۇللاردىن بىرى بولغان بىر مۆتىۋەر موغۇل مېنىڭ خىزمىتىمدە بولغانىدى . ئۇ ھېكايە قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى : «شۇ ۋاقىتتا ، ماڭا تەيىنلەنگەن ۋەزىپە مائاشنى ۋەخشىنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بىر كىشىنىڭ نامىغا پۈتۈپ بەرگەنىدى . شۇڭا ، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ چۈشتۈم ، خەتنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم . ئۇ كىشى بىر سائەتكىچە خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى - دە ، ئاندىن تاشقىرىغا چىقىپ ئىككى يۈز ئات ، يۈز قوي ، ئىككى يۈز تۆگە ، نەچچىلىگەن چاكار ، نۇرغۇن مال - دۇنيا ۋە ئۆي - ئەسۋابلىرىنى كۆز ئالدىمغا ئېلىپ كەلدى ۋە ماڭا : ‹مېنىڭ ئىلتىماسىم شۇكى ، مېنى پەرزەنتلىرىم ۋە ئەھلى ئاياللىرىم بىلەن قويۇۋەتسىڭىز ، ھەرقايسىمىز ئىگىن - ئاياغلىرىمىز بىلەنلا چىقىپ كەتسەك ،

قالغان ھەممە دۇنيالىق ئەشيالارنىڭ ھەممىسىنى ئالسىڭىز ، خەتتىكى مەبلەغنىڭ زىيادىسىنىڭ ئورنىغا بىزنى ئازاد قىلسىڭىز ، سىزدىن جان ـ دىلىمىز بىلەن مىننەتدار بولىمىز ›دېدى . ھېسابلاپ قارىسام ، ئۇ كىشىنىڭ يىغقان پۇتۇن مال ـ مۈلۈكلىرى خەتتە قارار قىلىنغان مەبلەغنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيتتى .»

دېمەك ، موغۇللار ھىسار خەلقىگە زۇلۇم ـ كۈلپەتلەرنى ئەنە شۇنداق ھەددىدىن ئاشۇرغانىدى . ھىسارلىقلارنىڭ پۈتكۈل ئۆي ـ ئەسۋابلىرى ، ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرى ، چارۋىلىرى ۋە باشقا پۈتكۈل مال ـ مۈلۈكلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ نابۇت قىلدى . شۇڭا ، توساتتىن ھىساردا قاتتىق ئاچارچىلىق بولدى ، بۇ ئاچارچىلىقتا پۈتكۈل ھىساردا پەقەت ئاتمىش كىشىلا ھايات قالدى ، كۆپلىگەن خەلق بىر ـ بىرىنىڭ ئۆلۈكىنىڭ گۆشىنى يېگەنىدى . لېكىن ، ئۆلگەنلەر شۇ دەرىجىدە ئىدىكى ، ئاچلىق تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ گۆشلىرىدە غىزا بولغۇدەك قۇۋۋەت يوق ئىدى . شۇڭا ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق يەردە يالغۇز كىشىنى تاپسا ، تىرىك تۇتۇپ يېدى ، ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ئۆلدى . ئاقىۋەت ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ يامانلىقى ۋە شۇملۇقى تۈپەيلىدىن بۇ [ئوتتۇز ـ] قىرىق مىڭغا يېقىن موغۇللارمۇ ئاشۇ زۇلۇم ـ كۈلپەتكە ئۇچرىغان خەلقلەرنىڭ ئىنتىقامىغا دۇچار بولۇپ ، ھەممىسى ئۆزبېكلەرنىڭ قولىدا يوقىتىلدى . ئاياللىرى ۋە كىچىك بالىلىرى پۈتۈنلەي ئۆزبېكلەرگە ئەسىر بولدى ، پەقەت بۇلاردىن ئىككى مىڭغا يېقىن كىشىلا پاراكەندە ۋە پەرىشان ھالەتتە قېچىپ قۇتۇلدى ، قالغانلىرىدىن بىرىمۇ قۇتۇلالمىدى . ئۇلاردىن ئەسىر بولغانلار ھازىرغىچە ئۆزبېكلەرنىڭ قولىدا تۇتقۇنلۇقتا تۇرۇۋاتىدۇ .

بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى شۇكى ، موغۇللار ئاشۇ قەھەتچىلىك ۋاقتىدا ھىساردا ئىدى . شۇ يىلى قىشتا بۇ ئاچارچىلىق ئۈستىگە قار شۇ قەدەر كۆپ ياغدىكى ، تاغ بىلەن سەھرانىڭ پەرقى قالمىدى . موغۇللار زۇلۇم ۋە كۈلپەتنى قانچە ھەددىدىن ئاشۇرغانسېرى ، بۇ يەردە بەرىكەت بارغانسېرى ئازىيىپ كەتتى ، شۇڭا موغۇللار مائاش

ۋە تىرىكچىلىك قىسىنچىلىقىغا دۇچار بولدى. سەھرادا ھەممە گىياھ، ئوت - سامانلار قار ئاستىدا قالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن موغۇللارنىڭ ئاتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاچلىقتا ئۆلدى، قالغانلىرىمۇ كاردىن چىقتى. شۇ تۇپەيلىدىن ئۇ زالىملار ناھايىتى ئاجىز بولۇپ پۇتۇنلەي تەڭلىكتە قالدى، بۇلارنىڭ مۇنداق ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكى ئۇبەيدۇللاخانغا ئاڭلاندى. چۈنكى، ئۇبەيدۇللاخاننىڭ كۆپىنچە تىرىشچانلىقى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، خەير - ساخاۋەتكە ۋە پايدىلىق ئىشلارغا سەرپ بولاتتى. بۇ موغۇللارنىڭ ھىسار خەلقىگە قىلغان زۇلۇم - كۇلپەتلىرىنى ئۇبەيدۇللاخان ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، بۇلارنىڭ ئاجىزلاشقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۇبەيدۇللاخان بۇنداق غەنىيمەت پۇرسەتتە ئۇ زالىم موغۇللارنىڭ زۇلۇمىنى يوق قىلىشنى ئۆزىگە زۆرۈر دەپ بىلدى، شۇڭا ھىسار تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلدى. موغۇللار ئۆزبېكلەرنىڭ كېلىۋاتقان خەۋىرىنى ئاڭلىدى. ئۇلار قاراپ باقسا قېچىپ بارىدىغان ھېچقانداق جاي يوق، چۈنكى ئۇلار بابۇر پادىشاھقا دۈشمەن بولۇپ يۈزلىرىنى قارا قىلغانىدى. شۇڭا، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق ئىدى، ئەندىجانغا — خاننىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشنىمۇ مۇۋاپىق كۆرمەيتتى. چۈنكى، خاننىڭ ئادىتى شۇنداق ئىدىكى، بۇنداق زالىم - ئىستىبداتلار زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ھۇزۇرىغا كەلسە، ئۇلارغا ھەرگىز ئىلتىپات قىلماي، بەلكى جازاسىنى بېرەتتى، شۇڭا ئۇلار خاننىڭ ئالدىغىمۇ بارالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يوللارنى قار توسۇۋالغاچقا، مېڭىش مۇشكۇل ئىدى. شۇ سەۋەبتىن موغۇللار ھېچ تەرەپكە بارالماي ئىلاجسىز سۇرخئاب[1]، ۋەخش تاغلىرىغا[2] بېكىندى. ئۇ يەرنىڭ بىر تەرىپى سۇرخئاب دەرياسى، يەنە بىر تەرىپى تاغ ئىدى، يەنە

---

① سۇرخئاب دەرياسى — ھازىرقى مەركىزىي ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوڭ تارماق ئېقىنى (مۇھەررىردىن).

② ۋەخش تېغى — ھازىرقى تاجىكىستاننىڭ غەربىدىكى تاغ بولۇپ، ۋەخش دەرياسى ئوتتۇرا ئېقىنىنىڭ سول ۋادىسىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن).

بىر تەرىپىدە بولسا قار ناھايىتى قېلىن ئىدى ، موغۇللار ئۇ قارغا ئىشەنچ قىلدى . ئۆزبېكلەر يېقىن يېتىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆردى . ناھايىتى مۇستەھكەم جاي ئىدى ، لېكىن ئۇستازلار ئېيتىدۇكى :
مىسرا :

ئۆمر ئېرۇر قارۇ ئافتابۇ تومۇز ،

موغۇللار ئىشەنگەن قېلىن قارلار ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدە ئاپتاپنىڭ ھارارىتىدىن ئېرىپ ، بىر كەڭ ۋە ئۇلۇغ يول پەيدا بولدى . بۇ كەڭرى يولدىن ئۆزبېكلەرگە ئازادىلىك ، موغۇللارغا قىستاڭچىلىق يەتتى . بىر كۈنى سەھەردە ئۆزبېكلەر شۇ يول بىلەن بېرىپ موغۇللارغا ھۇجۇم قىلدى . موغۇللار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ [نېمە قىلارىنى بىلمەي ،] ھەيران بولۇپ ئۆزلىرىنى سۇغا تاشلىدى . نەزم :

قىلۇر ئوتنى ئول گۈلىستان خەلىل ،
بولۇر ئوت گۇرۇھىغە دەريايى نىل .

دېگەنگە ئوخشاش موغۇللارنىڭ كۆپىنچىسى ئاشۇ سۇ يولى بىلەن دوزاخ ئوتى ئىچىگە كىرىپ كەتتى ، ئازغىنە بىر قىسمى ھايات قالغان بولسىمۇ ، ئەسىرلىككە گىرىپتار بولدى . ئۇلارنىڭ ھىسار خەلقىگە بىر يىل ئىچىدە سالغان زۇلۇمىنىڭ ئىنتىقامىنى قۇدرەتلىك تەڭرىتائالا بىر سائەت ئىچىدە ئۇبەيدۇللاخاننىڭ قولىدىن ياندۇردى . نەزم :

دېدى سەئدى بەسدۇر ساڭا بۇ سۇخەن ،
تىكەن تارىساڭ ، ئورماغايسەن سۇمەن .

هەر دائىم زۇلۇم ۋە كۈلپەت قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى، ۋەيرانچىلىق ۋە كېيىنكى ئەھۋالى پەرىشانلىق بولغۇسىدۇر .نەزم:

يامانلىق قىلما، تاپقايسەن ئامانلىق،
يامانلىقنىڭ جازاسىدۇر يامانلىق.

ھىسار دەرياسىدىن ۋە قانلىق تىغدىن خالاس بولغان ئازغىنە بىر قىسىم موغۇللار يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەھۋاللار، بەلكى ئېيتقىلىمۇ بولمايدىغان ھالەت بىلەن ئەندىجانغا — خاننىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. پەقىر مىر ئەييۇب بەگچەكتىن مۇنداق ئاڭلىغانىدىم: «موغۇللارنىڭ ھىسار خەلقىگە قىلغان مۇئامىلىلىرىنى ئويلاپ، تەڭرى دەرگاھىغا نالە قىلىپ پاتراق بىر بالا ـ قازا كەلگەن بولسا، مۇسۇلمانلار بۇ جەبىر ـ زۇلۇملاردىن خالاس بولغان بولسا ئىدى، دەپ تىلەپ دۇئا قىلاتتىم.»

دېمەك، ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە دۆلەت ئەربابلىرى بۇ ھېكايىدىن ئىبرەت ئالغاي. ھايات بىناسىنىڭ ۋە دۆلەت قەسرىنىڭ ئۇلىغا ئاپەت ئېلىپ كەلگۈچى زۇلۇم ـ ستەمدىن ئېھتىيات قىلغاي ۋە ھەزەر ئەيلىگەي. دۆلەت سارىيىنىڭ ئاساسى ۋە ئۆمۈر ئىمارىتىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان ئادالەت ۋە ئىنساپ ئۈچۈن دائىم تىرىشچانلىق كۆرسەتكەي.

ئاشۇ قوۋمنىڭ شۇملۇقىدىن ھىسار [بابۇر] پادىشاھنىڭ قولىدىن چىقىپ ئۆزبېكلەرنىڭ تەۋەلىكىگە كىردى. پادىشاھ قۇندۇزدا ئىدى، ئۇنىڭ تىرىكچىلىكى قىسىنچىلىق بىلەن ئۆتەتتى. لېكىن، ھىسار قولغا كېلىپ قالارمىكىن، دەپ نەچچە ۋاقىتقىچە ئۈمىد بىلەن قۇندۇزدا تۇردى. مىرزاخاننىڭ پادىشاھقا نىسبەتەن تولۇق ئەقىدە ۋە ئىتائىتى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆز ۋىلايىتىنى تاشلاپ كېلىپ پادىشاھقا خىزمەت قىلالمايتتى. پادىشاھمۇ ئۆزىنىڭ ئەسلى سۈپىتى بولغان ئالىي ھىممىتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن

قۇندۇزدىكى قىيىنچىلىققا سەۋر ـ تاقەت قىلىپ ، ھېچ ئىشتا مىرزاخاننىڭ كۆڭلىگە تەشۋىش يەتكۈزمەيتتى . پادىشاھ ھىساردىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزگەندىن كېيىن قۇندۇزدىن كابۇلغا قاراپ يۈردى . كابۇلدا قېرىندىشى سۇلتان ناسىر مىرزا بار ئىدى ، چۈنكى پادىشاھ ماۋەرائۇننەھرنى ئالغاندا كابۇلنى سۇلتان ناسىر مىرزىغا بەرگەنىدى . پادىشاھنىڭ كېلىۋاتقان خەۋىرى ئاڭلانغاندىن كېيىن سۇلتان ناسىر مىرزا پادىشاھنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ مۇنداق دېدى : «پەقىر بەندىڭىز ھەممە ئىشلاردا ئىخلاس كەشىنى ئېتىقاد يۈزلىرىگە سۈرۈپ ئېپتىخارلىنىمەن . كابۇل مۇبارەك جاي ۋە گۈزەل شەھەردۇر . سائادەت ئايىغىنى دۆلەت تەختى ئۈستىگە قويۇپ ، بۇ ئەلنى پەقىر بەندىڭىزگە تاپشۇرغانىدىڭىز . پەلەكنىڭ تەتۈرلۈكى ۋە ئويۇنلىرى بىلەن يەنە بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلدىڭىز . بۇ مەملىكەت گويا بىر خەزىنە ئىدى ، تاكى بۈگۈنگىچە مەن ئۇنىڭغا قاراۋۇللۇق قىلدىم . ئەگەر پەرمانى ئالىي بولسا ، مەن ئەسلىي ئورنۇم غەزنىگە يانغايمەن . ئەگەر غەزنىنىڭ ھاكىمىيىتى ئەمىرلەردىن بىرىگە تاپشۇرۇلسا ، بۇنىڭغىمۇ جان ـ دىلىم بىلەن رازىمەن . »

سۇلتان ناسىر مىرزىنىڭ بۇنداق ئادەمگەرچىلىك قىلغانلىقىغا پادىشاھ ناھايىتى كۆپ مىننەتدار بولۇپ ، ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن ئىلتىپاتلار قىلىپ ئۇنى ئەزىزلىدى ، ئاندىن ئۇنىڭغا غەزنىگە قايتىشقا رۇخسەت بەردى . شۇ كۈنلەردە سۇلتان ناسىر مىرزا ئالەمدىن ئۆتتى ، شۇنىڭ بىلەن غەزنىنىڭ ھۆكۈمىتى توغرىسىدا ئەمىرلەر ئارىسىدا كۆپ تالاش ـ تارتىشلار يۈز بەردى . بۇ ۋەقەلەر ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىنغۇسى . پادىشاھ قەندەھارنى ئىشغال قىلغۇچە كابۇلدا ئىدى ، قەندەھارنى ئالغاندىن كېيىن ھىندىستاننى ئىشغال قىلدى . بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز نۆۋىتىدە زىكىر قىلىنغۇسى .

# ئوتتۇزىنچى باب

## تاغام سەيىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ ئەھۋالى

يۇقىرىدا قىسقىچە زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 917 - يىلى سەپەر ئېيى [نىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى[1]] دە خان [بابۇر] پادشاھتىن ئايرىلىپ ئەندىجانغا بېرىپ، تۇتلۇق ئورۇشىدا مىرزا ئەبابەكرنى (يەنى كاشغەرلىكلەرنى) يېڭىپ غەلىبە قازانغانىدى. شۇ ئەسنادا پادشاھ سەمەرقەندنى ئالغانىدى، خانمۇ ئەندىجان ۋىلايىتىدە پادشاھلىق تەختىدە مۇستەقىل ئولتۇرغانىدى. يەنە سۇلتان ئەھمەدخان پەرزەنتلىرىنىڭ زىكرىدە مۇنۇلار بايان قىلىنغانىدى: سۇلتان خەلىل سۇلتان بىچارە ھالەتتە زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن ئەندىجانغا كەلگەنىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا جانىبېك سۇلتان ئاتتىن يىقىلىپ مېڭىسىگە نۇقسان يېتىپ مىجەز - خۇلقى بۇزۇلغانىدى. سۇلتان خەلىل سۇلتان يېتىپ كەلدى. جانىبېك سۇلتان تاغام سەيىدمۇھەممەد مىرزا — تەڭرى ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگەي — نى، سۇلتانئەلى مىرزا بەگچەكنى ۋە توبرە نۇياغۇتنى چاقىرىپ، ئۇلارغا: «سۇلتان خەلىل سۇلتاننى ئۆلتۈرۈڭلار، مەن بۇنىڭدىن سىلەرنىڭ موغۇلدىن كۆڭلۈڭلارنى ئۈزۈپ، بىزگە ئېتىقاد باغلىغانلىقىڭلارنى بىلەي. ئەگەر سۇلتان خەلىل سۇلتاننى ئۆلتۈرۈشتىن ئۆزۈڭلارنى

---

[1] ھىجرىيە 917 - يىلى سەپەر ئېيىنىڭ 14 - كۈنى مىلادىيە 1511 - يىلى 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

تارتساڭلار ، سىلەرنىمۇ ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە قوشمەن » دەپ پەرمان قىلدى . بۇ ئۇچەيلەن ئۆز جانلىرىنىڭ ۋەھىمىسى تۈپەيلىدىن خاننىڭ ئاتىمۇ ، ئانىمۇ بىر ئىنىسى سۇلتان خەلىل سۇلتاننى ئاخسى دەرياسىدا رەھمەت سۇيىگە غەرق قىلدى . مادامىكى ئۆزبېكلەر غالىب ۋە قولى ئۈزۈن ۋاقىتلاردا بۇ ئۈچ كىشىنىڭ كۆڭۈللىرى پۈتۈنلەي خاتىرجەم ئىدى . ئۆزبېكلەر مەغلۇپ بولۇپ مەملىكەت ۋە ۋىلايەتلىرى قولدىن كەتكىنى ۋە زەربىگە ئۇچرىغىنى باشلىغاندىن كېيىن بۇ ئۇچەيلەن : «خان ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالمىغىدى» دەپ ۋەھىمىگە چۈشۈپ ئەندىشىدە يۈردى ، بۇلار شۇ خىل تەرەددۇتتا يۈرۈۋاتقىنىدا تىبرە نۇياغۇتنى خان مەستلىكتە ئۆلتۈردى .

بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇ ئىدىكى ، تىبرە نۇياغۇت بىر سەھرالىق كىشى بولۇپ ، ھېچ ۋاقىتتا پادىشاھلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ باقمىغانىدى . ھەمىشە موغۇلىستان ۋە ئۆزبېكىستان سەھرالىرىدا قازاقلار ئادىتى بويىچە [قاراۋۇللۇقتا] ئۆمۈر ئۆتكۈزگەن كىشى ئىدى ، ھېچ زاماندا ئەمىرلىك مەنسىپىنىڭ ئالىي مەرتىۋىسىگە يەتمىگەنىدى . ئەمما ، بۇ ۋاقىتلاردا خاننىڭ خىزمىتىدە ئۇ ئۆزىنى سەلتەنەت ئەركانلىرىنىڭ بىر تۈۋرۈكى دەپ چاغلايتتى ، ئۆز كۆڭلىدە ئۆزىنى خاننىڭ يېقىن ئەمىرلىرىدىن دەپ بىلەتتى . ئۇنىڭ بۇزۇق خىيالى شۇنداق ئىدىكى ، پادىشاھلارغا ئەدەپ بىلەن مۇلايىم مۇئامىلە قىلماق خۇشامەتتۇر ؛ خۇشامەت بارلىق خىسلەتلەرنىڭ يامانراقىدۇر ؛ قوپال سۆز قىلىش غەيرەت ۋە جۈرئەتنىڭ ئالامىتىدۇر ، پادىشاھلارغا يېقىنلىقنىڭ نىشانىسىدۇر ؛ پادىشاھلارغا ھەر خىل قاتتىق سۆزلەرنى ئېيتىش ۋە زىيادە ئەدەپ ساقلىماسلىق خالايىقنىڭ نەزىرىدىمۇ بۇ كىشىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا دالالەتتۇر ، دەپ ئويلايتتى . ئۇنىڭ قارا كۆڭلىگە بۇ بۇزۇق خىياللار ياخشى كۆرۈنۈپ ، مېڭىسى بۇ خىل مالىخوليا كېسىلىگە دۇچار بولۇپ ، تومۇرلىرى ئاشۇ غۇرۇرنىڭ سەرساملىرى بىلەن

يوغىناپ كەتكەنىدى . شۇڭا ، ئۆلۈم ۋەھىمىسى بېشىدا تۇرسىمۇ ، قوپال سۆزلۈكنى ئۆزىگە راۋا كۆرگەنىدى . خاننىڭ سۆھبىتىدە شاراب ئىچىشتى ، توبرە نۇياغۇت قىپقىزىل شارابنىڭ مەستلىكىدىن قىزىپ قالدى ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئورۇنلاشقان بۇزۇق خىياللارنىڭ ئوتى بېشىغا ئۆرلىدى ، شۇڭا قالايمىقان سۆزلەرگە ئېغىز ئاچتى . خان قانچە قېتىم سىلىق ۋە مۇلايىملىق بىلەن : «ئەي توبرە ، بۇ قالايمىقان سۆزلەيدىغان يەر ئەمەس ، قوپال سۆزلەشنىڭمۇ مۇرتى ۋە ئورنى بار . هازىر بىكاردىنلا مۇنداق قاتتىق ـ يىرىك سۆزلىشىڭ ياخشى ئەمەس» دەپ قانچە قېتىم ئېيتتى . توبرە : «هازىر ئاتىسى [غا ئىزباسار ۋە ئورۇنباسار بولۇپ] بىر مەرىكىنى ئاخىرىغا يەتكۈزىدىغان ۋە قولىدىن ئىش كېلىدىغان قايسى ئوغۇل بار ؟ ئۇنىڭ قولىدىن قايسى مۇھىم ئىش ھەل بولىدۇ ؟ !» دېدى . توبرە نۇياغۇت خانغا بۇنداق قاتتىق جاۋابلارنى ئېيتقانىدى ، خاننىڭ غەزەپ ئوتى سەۋر ـ تاقىتىنى شۇنداق كۆيدۈردىكى ، ئۇنىڭ كۆلى توبرە نۇياغۇتنىڭ ھاياتلىق كۆزىنى كور قىلدى . خان پەرمان چۈشۈرۈپ : «بۇنىڭ ھاياتلىق توبرىسى (توۋرىسى )نى ھايۋان بېشىدىن ئېلىڭلار ۋە دەرۋازىغا ئېسىڭلار ، باشقىلار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ ھېچكىم ئۇلۇغلار ھۇزۇرىدا مۇنداق بىھۆرمەتلىك قىلمايدىغان بولسۇن !» دېدى . خاننىڭ پەرمانى بىلەن توبرەنىڭ ئىشى ئاخىرلاشتۇرۇلدى .

يۇقىرىقى ئۇچەيلەننىڭ بىرى بولغان سۇلتانئەلى مىرزا بۇنىڭدىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ قېچىپ سەمەرقەندكە — بابۇر پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا باردى ـ دە ، مىر ئەييۇپ ، مىر مۇھەممەد ۋە مىر ئىبراھىملارغا قوشۇلدى . بۇ ئىككىيلەن تاغامغا گويا سۇپەردەك ئىدى . تاغام تەنها قالدى ، ئۇزۇنغىچە قورقۇنچ ۋە قاتتىق ئەندىشىدە ئۆتتى .[بۇ ۋەقە ئەسناسىدا] خان ئاخسىدا ، تاغام ئەندىجاندا ئىدى . خان بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن تېزلا ئاخسىغا مىر قەنبەرنى ئەۋەتتى . مىر قەنبەردىن تاغامغا خەت ئەۋەتىپ مۇنداق دېدى : «توبرە شۇنداق بىر ئىشەك ئىدىكى ، ھېچقانداق بىر ئىشەككە توبرە

بولغۇچىلىك لاياقىتى يوق ئىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەدەپ ئىشكىنى ئېتىپ ، بىئەدەپلىك يولــــغا قەدەم قويغانـــــدى . سەلتەنەت ھۆرمىتىنى ئۆزىگە لازىم تۇتماي بىھۆرمەتلىك يولىنى تۇتقانىدى ، شۇ سەۋەبلىك ئۆتكەن ئىشلارنى قايتا ـ قايتا كۆڭۈل سەھىپىسىدىن يوق قىلدى . [بۇ ئىشلارنى سىز ئاداۋەتتىن بولدى ، دەپ ئويلاپ قالمىغايسىز .] ئۆتكەن ئىش ئۆتتى ، چىققان نەپەسنى ياندۇرغىلى بولمايدۇ ، شۇڭا ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەيلى . ســــز كۆڭلىڭىز لەۋھەسىگە ئۇنى ھەرگىز كەلتۇرمىگەيسىز ۋە تەسەۋۋۇر قىلمىغايسىز . »

مىر قەنبەر خاننىڭ بۇ پەرمانىنى تاغامغا يەتكۈزدى ، تاغامغا تولۇق تەسەللى ھاسىل بولدى . مىر قەنبەرنى ئەۋەتىپ كەينىدىنلا خانمۇ ئەندىجانغا كەلدى . تاغامنىڭ گۇناھى ۋە خاتالىرىنىڭ يۈزىگە ئىلتىپات ـ ياخشىلىق ۋە ئىنئام ـ ئېھسان قەلىمى بىلەن ئەپۇ خېتىنى شۇنداق يازدىكى ، قورقۇنچ سۈرەتلىرى كۆڭۈلدىن پۈتۈنلەي يوقالدى ۋە دوستلۇق ئالاقىسى ، مۇھەببەت رىشتىسى خان بىلەن تاغامنىڭ ئارىسىدا كۈندىن ـ كۈنگە چىڭ ۋە مۇستەھكەم بولدى . ئۇلار ئاخىرقى ئۆمۈرلىرىگىچە بىر ـ بىرىگە شۇنداق مېھىر ـ مۇھەببەتلىك بولدىكى ، خان ھەردائىم تاغامنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالسا ، كۆپىنچە خانغا ھاياجان پەيدا بولۇپ ، مۇبارەك كۆزلىرىگە ياش تولاتتى .نەزم :

كەرەم كۆرگىلۇ لۇتفى پەرۋەردىگار ،
گۇناھنى قىلۇر بەندە ئول شەرمىسار .

ياخشىلىق ۋە ئىلتىپات خاننىڭ ئەسلىي سۈپىتى ئىدى . بۇ جەھەتتە شۇ دەرىجىدە كامىل ئىدىكى ، ئۆز قېرىنداشنىڭ قاتىلىغا بۇ قەدەر شەپقەت ۋە ئىنايەتلەر قىلغانىدى . شۇ تۈپەيلىدىن پاك ۋە ئەيۋچان تەڭرى خاننىڭ ئۆزىنى رەھمەت دەرياسىدا كەچۈرۈم ۋە

ئىلتىپات سۆيگە چۆمدۈرگەن بولسا ئەجەب ئەمەس .

تاغامنىڭ خىزمەتلىرى ۋە ئېتىقادىنى ئىنساپ بىلەن بايان قىلسام ، خاندىن تاغامغا يەتكەن ئىلتىپات ـ ئېھسان ۋە مېھىر ـ شەپقەتلەرنىڭ بەدىلىگە تاغام نەچچە ھەسسە زىيادە خىزمەتلەرنى ئادا قىلاتتى . تاغامنىڭ قىلغان خىزمەتلىرىنى تولۇق بايان قىلىپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس ، ئەمما شۇنچىلىك ئېيتىش كۇپايىكى ، خاننىڭ مۇھەببىتىدە تاغام شۇ قەدەر ۋاپادارلىق قىلغان ، خان ئۇچۇن ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ ئۆلۈمنى ئىختىيار قىلغانىدى . بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندە بايان قىلىنغۇسى .

قىسقىسى ، خان بۇ ۋەقەدىن كېيىن خانلىق تەختىدە ئورۇنلاشتى . شاھ ئىسمائىل مىر نەجمنى ياردەمگە ئەۋەتىپ بابۇر پادىشاھ ئۆزبېكلەر ئۈستىگە يۈرۈش قىلغان ۋاقىتىدا ، خان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئەندىجان تەرەپتىن يۈرۈش قىلغانىدى . بابۇر پادىشاھ ۋە مىر نەجم تېخى دەربەندى ئاھەنىندىن ئۆتمىگەنىدى . خان ئالدىن قول سېلىپ تېزلىكتە بېرىپ ، ئۆزبېك سۇلتانلىرىنىڭ كاتتىسى بولغان سۆيۈنچەك سۇلتانغا تاقابىل تۇرۇپ ئۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى . بەشكەند[1] ئاتلىق بىر يەردە ئىككى تەرەپ سەپ تۈزۈپ قاتتىق ئۇرۇش قىلدى ، ئاخىر خان يېڭىلىشكە يۈزلەندى . ئەمما ، خان شۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا ئۆزى كۆپ ئۇرۇشلارنى قىلىپ ، ئىنتايىن باتۇرلۇق ۋە شجائەتلەرنى كۆرسەتتى ، كۆپ ئەزالىرى يارىلىنىپ شىكەستە ھالەتتە ئەندىجانغا يېنىپ كەلدى . خان بابۇر پادىشاھ بىلەن مىر نەجمنىڭ خەۋىرىگە ئىنتىزار بولۇپ تۇردى ، ئۆزبېكلەرمۇ بابۇر پادىشاھ بىلەن مىر نەجمنىڭ ئەندىشىسى تۈپەيلىدىن خاننى قوغلاشقا پېتىنالمىدى . شۇ سەۋەبتىن خان ئەندىجاندا [بابۇر] پادىشاھنىڭ خەۋىرىنى كۈتۈپ تۇردى .

---

① بەشكەند — پىسكەند دەپمۇ ئاتىلىدۇ . مەركىزىي ئاسىيادىكى زەرئابشان دەرياسى ۋادىسىدىكى شەھەر پەنجكەندنى كۆرسىتىدۇ ، سەمەرقەندنىڭ شەرقىگە 40 چاقىرىمچە كېلىدۇ (مۇھەررىردىن ) .

## ئوتتۇز بىرىنچى باب

# بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

شۇنى بىلىش كېرەككى، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، پەقىر كەمىنە تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 915 - يىلى[1] مىرزاخاننىڭ ھۇزۇرىدىن كابۇلغا كېلىپ، بابۇر پادىشاھنىڭ سائادەتلىك نەزىرىگە ئېرىشىپ، تۈرلۈك شاھانە ئىلتىپاتلار بىلەن ئەزىز ۋە ئېتىبارلىق بولۇپ، پادىشاھنىڭ تەربىيەت ھۇجرىسىدا ئورۇنلاشقانىدىم. پەقىرنى پادىشاھ كۆرۈنۈشتە قېرىنداش قاتارىدا كۆرەتتى، ئەمما كۆڭلىدە پەرزەنت ئورنىدا بىلىپ ماڭا ئاتىلىق شەپقىتىنى يەتكۈزەتتى، ھەممە ئەھۋالدا مېھىر - شەپقەت بىلەن سۆيۈندۈرەتتى. شۇڭا، غېرىبلىق ۋە مۇشەققەت كۈنلىرىنىڭ كىرلىرى كۆڭلۈم ئەينىكىدىن پۈتۈنلەي يوقالغانىدى، ئىنتايىن راھەت - پاراغەت ۋە ئازادىلىك بىلەن ھايات كەچۈرگەنىدىم. شۇ ئەھۋال ئاستىدا، [بابۇر] پادىشاھ قۇندۇزغا لەشكەر تارتماقچى بولدى. بۇ مەزگىل جەددى (قىش) پەسلى بولۇپ، ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق ئىدى. پادىشاھ پەقىرگە شۇ قەدەر ئىلتىپات ۋە مەرھەمەتلەر بىلەن ئېيتتىكى: «يولنىڭ قىيىنچىلىقى ۋە ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقى تۈپەيلىدىن بۇ سەپەر ئىنتايىن مۇشكۇلدۇر، شۇڭا قىش چىققۇچە كابۇلدا تۇرغايسەن. باھار پەسلى يەتكەندە ھاۋانىڭ

---

[1] ھىجرىيە 915 - يىلى مىلادىيە 1509 - يىلى 10 - ، 11 - ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.

سوغۇقى كەتسە ، شۇ ۋاقىتتا خىزمىتىمگە كەلگەيسەن .» ئەمما ، مەن تەكرار - تەكرار يېلىنىپ : «بۇ دىياردا غېرىبلىق كۆلپىتى ۋە يېتىملىك ئازابىغا پادىشاھىنىڭ شاھەنە ئىلتىپاتىنىڭ ياردىمى بىلەن سەۋر - تاقەت قىلالىتتىم ، ئەمدى پادىشاھتىن ئايرىلىپ بۇ يەردە قالسام ، قايسى كۈچ - قۇۋۋەت بىلەن غېرىبلىق كۆلپىتىگە تاقەت قىلىمەن ؟ »دېدىم . پادىشاھ ماڭا كابۇلدا قېلىشقا تەكلىپ بېرىشىنىڭ كۆڭلۈمگە شىكەستلىك ۋە پەرىشانلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلدى . شۇڭا ، ئىلاجسىز ھەممە سەپەر جابدۇقلىرىنى تەييار قىلدۇرۇپ بېرىپ ، ئۆزى بىلەن ھەمراھ قىلىپ قۇندۇزغا ئېلىپ باردى .

موغۇللار ئارىسىدا ئاتامنىڭ خىزمىتىدە بولغانلار كۆپ ئىدى ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىلىرى ئۆز ئەقىدىلىرىنىڭ تەقەززاسى بىلەن خىزمىتىمگە كەلدى . شۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن قورال - ياراغ ۋە جامائەتكە ئىگە بولدۇم ، بولۇپمۇ ئاتامنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگۈچى ، بۇنىڭدىن كېيىن نەچچە يەردە ئىسمى تىلغا ئېلىنىدىغان جانئەھمەد ئاتاكە باشلىق ئاتامنىڭ مۇلازىملىرى مېنىڭ خىزمىتىمدە بولدى . جانئەھمەد ئاتاكە ساناقلىق كىشىلەردىن ئىدى ، ئۆزبېكلەرنىڭ زامانىدا قولىدىن نەچچە ئىشلار كېلىپ خېلى ئېتىبار تاپقانىدى . شۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن ئات ۋە قورال - ياراغ ، ئەسۋاب - سەرەمجانلارنى تولۇپ تەييار قىلغانىدى . ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى مېنىڭ لاۋازىمەتلىرىم ئۈچۈن سەرپ قىلدى .

قىش ۋاقتىدا پادىشاھ لەشكەرلىرى بىلەن كۆلەك دەشتىگە باردى ، مەنمۇ شۇ لەشكەر ئىچىدە پادىشاھقا ھەمراھ ئىدىم . كۆلەك دەشتىدىن يېنىپ كەلگىنىمىزدە باھار پەسلى بولغانىدى . پادىشاھ خاننى ئەندىجانغا يولغا سالدى ، خان مېنى ئۆز مۇلازىمىتىگە تەرغىب قىلدى ، مېنىڭمۇ خاننىڭ مۇلازىمىتىدە بولۇشقا كۆپ مەيلىم ۋە رىغبىتىم بار ئىدى . شۇڭا ، پادىشاھتىن ئىجازەت

تىلىدىم ، بۇ ئىشىم پادىشاھنىڭ مۇبارەك كۆڭلىگە ناھايىتى ئېغىر كەلدى ۋە مېنى خانغا قوشۇپ بېرىشتىن ئۆزىنى ناھايىتى يىراق تۇتۇپ ، بۇ ئىشنى مۇتلەق ماقۇل كۆرمىدى . شۇنىڭدىن كېيىن خان ئەندىجانغا كەتتى ، مەن پادىشاھنىڭ ھوزۇرىدا قالدىم . شۇ كۈنلەردە پادىشاھ ھىسارغا يۈرۈش قىلدى ، ئۇ ئۇرۇشتا ئۆزبېكلەر يېڭىلدى . ئاشۇ ئۇرۇشتا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان جانئەھمەد ئاتەكە مېنىڭ مۇلازىملىرىمنى باشلاپ ئۇرۇش قىلىپ ، ئۆزبېكلەرنىڭ بىر مۆتىۋەر كىشىسىنى تىرىك تۇتۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى . پادىشاھ تۆھپە خاتىرىلەش ۋەدىسى بىلەن ئۇنى ئەزىزلىدى ، ئاندىن پەرمان قىلىپ بۇ ئىش مىرزا ھەيدەرنىڭ پالى ئۇچۇن ياخشى باشلاندى ، دېدى . يەنە پەرمان قىلىپ : «بۇ تۆھپىنى دەپتەرگە مىرزا ھەيدەرنىڭ ئىسمىغا پۈتۈڭلار» دېدى . بۇ ھېكايەت يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگەنىدى .

پادىشاھ سەمەرقەندنى ئالغان مەھەلدىمۇ مەن پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە ئىدىم . ئاتامنىڭ پەرزەنتلىرى قاتارىدا تىلغا ئېلىنغان ، ھەببىبە سۇلتان خانىش پەقىر بىلەن بىر تۇغقان ئىدى . ئۇ ئۇبەيدۇللاخانغا چۈشكەنىدى . ئۇبەيدۇللاخان قارشىدىن تۈركىستانغا قېچىپ كەتكەندە ، ئەھلى ئايالىنى بىللە ئېلىپ چىقىشقا پۇرسەت تاپالمىدى . چۈنكى ، ۋاقتىنىڭ قىسلىقىدىن ھەركىم سەپەر جابدۇقلىرىنى تەييار قىلىپلا قېچىشنى غەنىيمەت بىلدى ، ئۆزگە نەرسىلەرگە قارىمىدى ، شۇڭا قېرىندىشىم ھەببىبە سۇلتان خانىشمۇ ئايرىلىپ قالغانىدى . پەقىر ئۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈم ، ئاندىن سەمەرقەندكە كەلدۇق . شۇ قىشتا تاغام ئەندىجاندىن — خانىنىڭ ھوزۇرىدىن سەمەرقەندكە كېلىپ ، يانار چاغدا قېرىندىشىم ھەببىبە سۇلتان خانىشنى بىر مەسلىھەت تۈپەيلىدىن ھەمراھ قىلىپ ئەندىجانغا ئېلىپ كەتتى . ئەندىجانغا بارغاندىن كېيىن ھەببىبە سۇلتان خانىشنى خانغا نىكاھ قىلىپ بەردى . شۇ قىش ئۆتۈپ باھار

پەسلى بولغاندا ، [بابۇر] پادىشاھ كۆلىمەلىك ئۇرۇشقا بىرىپ ئۇبەيدۇللاخان بىلەن ئۇرۇش قىلدى . پادىشاھ سەمەرقەندتىن ھۇجۇم قىلىدىغان ۋاقتىدا ، مەن تەپ كېسىلىگە دۇچار بولۇپ ، بۇ قېتىملىق سەپەردە بىللە بولالماي سەمەرقەندتە قالغانىدىم . [بابۇر] پادىشاھ ئۇبەيدۇللاخاندىن يېڭىلىپ سەمەرقەندتىمۇ تۇرالماي ھىسارغا بارماقچى بولغاندا ، مەنمۇ پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە ھىسارغا كەلدىم . خان مېنى تەلەپ قىلىپ نەچچە قېتىم كىشى ئەۋەتتى . ئاخىر پادىشاھ مېنىڭ ئەندىجانغا بېرىشىمغا رەنجىگەن ۋە ئاغرىنغان ھالدا ئىجازەت بەردى . ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ، پادىشاھ كۆڭلىنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىشىم ماڭا زۆرۈر ۋە لازىم ئىدى . لېكىن ، تېخى يېشىم كىچىك بولغاچقا ، بالىلىقنىڭ تەقەززاسى بىلەن پادىشاھنىڭ مۇبارەك كۆڭلىنى ئىزدىمەي ئەندىجانغا بېرىشنى قارار قىلدىم . پادىشاھ مىر نەجىم بىلەن بىللە لەشكىرى يۇرۇشكە چىققان ۋاقىتىدا مەنمۇ ئەندىجانغا كەتتىم . مەن تېخى ئەندىجانغا يېتىپ بارمىغانىدىم ، خان سۆيۈنچەك سۇلتاندىن يېڭىلىپ ئەندىجانغا يېنىشىغا مەن يېتىپ باردىم . بۇ ۋەقە تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 918 - يىلى رەجەپ ئېيىدا [1] بولۇپ ئۆتكەنىدى . خاننىڭ مەغپىرەتلىك ھايات كۈنلىرىنىڭ ئاخىرى بولغان تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 938 - يىلى زۇلھەججە ئېيىغىچە [2] بولغان بۇ يىگىرمە بىر - يىگىرمە ئىككى يىل ئىچىدە مەن دائىم خاننىڭ خىزمىتىدە ، خاننىڭ ھۇزۇرىدا دۆلەت خىزمىتىدە بولدۇم ، ئارقىمۇئارقا شاھانە ئىنئاملارغا ، خاقانلارچە ئىلتىپاتلارغا ئېرىشىپ ئىززەتلەندىم . خان پەقىرنى كۆرەگانلىق مەرتىۋىسى بىلەن ئەزىز قىلىشتىن ئىلگىرى ،

① ھىجرىيە 918 - يىلىنىڭ رەجەپ ئېيى مىلادىيە 1512 - يىلى 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ .

② ھىجرىيە 939 - يىلىنىڭ زۇلھەججە ئېيى مىلادىيە 1533 - يىلى 6 - ئايغا توغرا كېلىدۇ .

ھېچ ۋاقىتتا خاننىڭ ھۇزۇرىدىكى خىزمەتتىن خالىي ئەمەس ئىدىم . كېچە بولسا خاننىڭ ئۇخلايدىغان قەسرىنى راسلىغاندا ، شۇ ئۆيىنىڭ بىر تەرىپىگە پەقىرگە ئىستىراھەت قىلىدىغان جاي قىلدۇراتتى . ئەگەر بەزمە ئولتۇرۇشلىرى بولسا ، مېنىڭ ئوڭ بىلىكىم خاننىڭ سول بىلىكىگە تېگىشىپ تۇرغان ھالەتتە ئورۇنلىشاتتىم . ئەگەر سۆھبەت بولسا ، بۇ سۆھبەت ئەھلىنىڭ ئەڭ بېشى تاغام ئىدى . مېنى تاغام يۇقىرى ئولتۇرغۇزاتتى ۋە تاغام خانغا ئىلتىماس قىلىپ : «مىرزا ھەيدەرنىڭ ھەزرىتىڭىز بىلەن بولغان تۇغقانچىلىقى شۇ دەرىجىدە يېقىندۇركى ، گەرچە ئۇ مېنىڭ قېرىنداشىمنىڭ ئوغلى بولسىمۇ ، ئەمما مەندىن يۇقىرىدا ئولتۇرۇشى لازىم» دەپ نەچچە نۆۋەت ئەرز قىلغانىدى . ئەگەر خان ئاتلانسا ، مەن ھامان ئۇنىڭ بىلەن يانمۇيان ئاتلىناتتىم . ئەگەر شىكارغا چىقسا ، خان ماڭا شىكاردىن تەلىم بېرىپ ، مېنى شىكارنىڭ ئىنچىكە سىرلىرىدىن خەۋەردار قىلاتتى . ئەگەر مىر شىكارلىق قىلماقچى بولسا ، كۆپىنچە ئۆزى بۇ ئىشقا قەدەم قوياتتى . خان بۇ ئىشقا ناھايىتى ھېرىسمەن ئىدى ، مېنى ئۆز يېنىدىن بىردەممۇ ئايرىمايتتى ۋە ئوۇ قىلىشقا كۆپ رىغبەتلەندۇرەتتى . ئەگەر قوبۇل قىلمىسام ، قاراپ كۆزىتىپ تۇرۇشقا دالالەت قىلاتتى . مېنى ھەر خىل خىزمەتلەرگە بۇيرۇپ ، ئۇنىڭ پايدىلىرىنى بايان قىلاتتى . خان ماڭا : «كىچىكلەر تاكى خىزمەتكە قەدەم قويمىغۇچە ئۇلاردا قابىلىيەت پەيدا بولمايدۇ . ئۇلۇغ ئىشلاردا ، چوڭ مەرىكىلەردە كۆپچىلىك يىغىلسا ، شەرەپلىك خالايىقلار ، خاقانلار ، سۇلتانلار ، ۋەزىرلەر ۋە ئەمىرلەر جەم بولسا ، ئۇنداق يەرلەردە ئىش كۆرمىگەنلەر تەمتىرەپ ھەيران بولۇپ قالىدۇ . كىچىكلەر چوڭلار بىلەن دائىم بىللە بولسا ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى ۋە كۆزى بۇ ئىشلارغا تونۇشلۇق بولۇپ قالىدۇ ـ دە ، ئۇلۇغ مەرىكىلەردە ھەيران قالمايدۇ ، بۇ ئۇلارنىڭ جاھان سوراش

ئىشلىرىغا پايدىلىقتۇر . ئۇنىڭ ئۇستىگە خىزمەتنىڭ قائىدە ۋە يوللىرىنى بىلمىسە ، ئۆزگىلەرگە خىزمەت بۇيرۇيالمايدۇ . ئەيىبنى ھۇنەردىن پەرقلەندۈرەلمەيدۇ ، سالاھىيەت ئەھلى ۋە سالاھىيەت يولىنى تۇتالمايدۇ . مەنمۇ ئاتامنىڭ ۋە تاغامنىڭ مۇلازىمىتى ۋاقتىدا ، ئۇلار بۇ ھېكمەتنى كۆڭلۈم ھۇجرىسىغا نەقىشلىگەنىدى . ئۇلار مېنى خىزمەت قىلىشقا تەرغىب قىلاتتى ، ئۇنىڭ ماڭا پايدىلىرى كۆپ تەگدى . مەن ئۇلۇغلاردىن ئۆگەنگەنلىرىمنى ساڭا ئۆگەتتىم ، بۇنىڭغا ئەمەل قىلساڭ ، سەنمۇ پايدىسىنى كۆرىسەن» دەيتتى . پەقىر تاكى يىگىرمە تۆت ياشقا يەتكۈچە ھەر خىل خىزمەتلەرنى بەجا كەلتۈردۈم . كۈندىلىك خىزمەتلەرنىڭ ئىچىدە خاننىڭ مۇبارەك شەخسىيىتىگە بىۋاستە كىرەكلىك بولغان ھەممە خىزمەتلەر ۋە ئايرىم خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئادا قىلاتتىم . پەقەت دىۋانخانىدا ئەمىرلەر يىغىلغان ۋاقىتدىلا ئۆز مەرتىۋەمگە رىئايە قىلىپ ئۆز جايىمدا ئولتۇراتتىم . ئەگەر پۇرسەت تېپىپ خىزمەت قىلماقچى بولسام ، خان توسۇپ : «خەلقىنىڭ كۆزىگە خار كۆرۈنۈپ قالماسلىق ئۈچۈن سورۇن ۋە مەرىكىلەردە مەرتىۋىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش لازىم» دەيتتى . يېشىم يىگىرمە تۆتتىن يىگىرمە بەشكە قەدەم قويغاندىن كېيىن خان مېنى خىزمەتكە بۇيرۇمىدى . ئەگەر خىزمەتكە تۇرسام ، خان رۇخسەت قىلمايتتى ، خان ماڭا : «مەن بۇيرۇغان خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئادا قىلدىڭ . ئەمدى ساڭا لايىق ئىش شۇكى ، بۇنداق ئىشلارغا كىرىشمىگىن» دەيتتى . يېشىم ئوتتۇزغا يەتكۈچە پۈتكۈل لەشكەرنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى خان ماڭا تاپشۇردى . ئەمما ، مەسلىھەتكە پۈختا ئۇلۇغ ئەمىرلەرنى ماڭا ھەمراھ قىلىپ : «ھېچ ئىشتا بۇ كىشىلەرنىڭ مەسلىھەتىدىن چىقمىغايسەن ، بۇلاردىن مەسلىھەت سورىماي ئىش قىلمىغايسەن ، ھەممە ئىشتا بۇلارغا بويسۇنغايسەن ۋە ئىتائەت قىلغايسەن» دەيتتى . نەچچە مۇددەتكىچە

كۈنلىرىم شۇ تەرىقىدە ئۆتتى. كېيىن كېڭەش ۋە مەسلىھەت ۋاقىتلىرىدا، كۆڭلۈمگە ياققان مەسلىھەتلىرىمنى بايان قىلىشقا رۇخسەت بەردى. مەن تاكى ئوتتۇز ياشقا يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا، مەسلىھەتكە ئېغىز ئېچىشىمغا رۇخسەت بولمىغانىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا ھەرگىز خاننىڭ مەجلىسىدە مەسلىھەت تەرەپتىن ئۈن چىقارمايتتىم، كېڭەش ۋاقتىدا سۈكۈت تامغىسىنى ئاغزىم قۇتىسىغا بېسىپ جىمجىت ئولتۇراتتىم. مەسلىھەت ئېيتىشقا پەرمان بېرىلگەندىن كېيىن كېڭەش مەجلىسلىرىدە كۆڭلۈمگە يەتكەن پىكىرلەرنى بايان قىلاتتىم، خان مەندىن بۇ پىكىرنىڭ دەلىلىنى ۋە لايىق بولۇشىدىكى سەۋەبنى سورايتتى. مەن بايان قىلسام، ئەگەر ئىشلاردا ئۇ پىكىر ـ مەسلىھىتىم مۇۋاپىق ۋە لايىق بولسا، ماڭا ئاپىرىن ئېيتاتتى ھەم مەجلىس ئەھلىنىمۇ ئاپىرىن ئېيتىشقا ئىشارەت قىلاتتى. ئەگەر مېنىڭ ئېيتقان سۆزۈمدە خاتالىق ياكى نۇقسان بولسا، ئۇنى شۇنداق سۆزلەر بىلەن بايان قىلىپ بېرەتتىكى، مەن ئۆز سۆزۈمنىڭ نۇقسانلىرىدىن خەۋەردار بولاتتىم. نەچچە مۇددەتكىچە شۇ تەرىقىدە ئۆتكەندىن كېيىن خان ماڭا پەرمان قىلىپ: «سېنىڭ پىكىر ۋە تەدبىرىڭگە ئەمدى تولۇق ئىشەنچ ھاسىل بولدى، پۈتكۈل لەشكەرنىڭ مۇھىم ئىشلىرىغا ئەمدى سەن باش بولغىن» دەپ بارلىق لەشكىري ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ماڭا تاپشۇردى، پۈتكۈل ئىشلاردا مېنى تولۇق ھوقۇققا ۋە مۇتلەق ئىختىيارغا ئىگە قىلدى. ماڭا يارلىقنامە ئەۋەتىلىدىغان بولسا، خان ئۇنىڭغا: «سالامنامە ۋە مەكتۇپ» دەپ ئات قويدى. كەشمىر سەپىرىدىن يېنىپ كەلگىنىمدە، تىبەتتە خاننىڭ ئاياغلىرىنى تاۋاپ قىلىش شەرىپىگە ئېرىشتىم. ئۇ ۋاقىتتا خان مېنى شەخسىي سورۇنلاردا بولسۇن ياكى ئاشكارا سورۇنلاردا بولسۇن، «بۇرادەر» دېگەندىن ئۆزگە ئات بىلەن قىچقىرمىدى. بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى بۇنىڭدىن كېيىن خاننىڭ ئەھۋاللىرى بايانىدا

ئوچۇق زىكىر قىلىنغۇسى . ئۇنىڭدىن كېيىن پەقىرنىڭ ئەھۋالىم بايانلىرى بىلەن خاننىڭ كېيىنكى ئەھۋاللىرى زىكرى ئارقىلىق كىتاب ئاخىرلاشقۇسىدۇر .

## ئوتتۇز ئىككىنچى باب

# سۇلتان سەئىدخاننىڭ سۆيۈنچەكخاندىن يېڭىلگەندىن كېيىنكى ۋەقەلەرنىڭ بايانى

مەخپىي قالمىسۇنكى ، پەقىر خاننىڭ مۇلازىمىتىگە مۇشەررەپ بولغاندىن كېيىن پادىشاھ ۋە مىر نەجىمنىڭ غىجدۇۋاندا يېڭىلگەنلىك خەۋىرى ئاڭلاندى . بۇ ۋاقىت قىشنىڭ دەسلەپكى ئايلىرى ئىدى . بۇ زىمىستاندا [بابۇر] پادىشاھقا موغۇللار قارشىلىق قىلغان ، ھىساردا ئاچارچىلىق بولغان ، قار كۆپ يېغىپ ھەممە ۋىلايەتلەردە ناھايىتى سوغۇق ۋە تەڭلىك بولغان يىلى ئىدى . شۇ ئەسنادا سۆيۈنچەكخاننىڭ ئەندىجانغا يۈرۈش قىلغان خەۋىرى ئاڭلانغان ، خاننىڭ سۆيۈنچەكخاندىن يېڭىلىپ كەلگىنىگە ئۈچ ئاي بولغانىدى . خاندا بۇ قېتىم ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلغۇدەك ماجال قالمىغانىدى ، كۆپ كېڭەش ۋە مەسلىھەتلەر قىلغاندىن كېيىن ئاخىر مۇنداق قارارغا كېلىشتى : ئەندىجان قەلئەسىنى تاغام سەييىدمۇھەممەد مىرزا ساقلىماقچى ، ئاخسى قەلئەسىنى مىر غۇرى بارلاس ساقلىماقچى ، مەرغىنان قەلئەسىنى مىر دائىمئەلى پۇختا ساقلىماقچى . خان ئۆزى قالغان لەشكەر بىلەن ئائىلىسىنى ئېلىپ ،

ئەندىجان ۋىلايىتىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى تاغلارغا بېكىنمەكچى بولدى. چۈنكى، ئۆزبېكلەرنىڭ تاغ ئىچىگە كىرىپ ئۇرۇش قىلىشى قىيىن ئىدى. خان لەشكەر بىلەن تاشقىرىدا تۇرسا، مۇھاسىرە قىلمايدۇ، دېيىشىپ بۇ تەدبىرگە ھەممەيلەن قوشۇلدى ۋە ئىشلارنى شۇ بويىچە ئورۇنلاشتۇردى. سۆيۈنچەكخان بۇ خەۋەرنى ئىشىتىپ، كېلىشنى مۇۋاپىق تاپماي يۈرۈشتىن توختىدى. شۇ يىلى قىش مۇشۇ يوسۇندا ئۆتتى.

باھار ۋاقتىدا قاسىمخاننىڭ خەۋىرى كەلدى. بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: [بابۇر] پادىشاھ ماۋەرائۇننەھرنى ئالغاندا، تاشكەندنى مىر ئەھمەد قاسىم كوھبەرگە، سايرامنى ئۇنىڭ ئىنىسى كاتتا بەگكە بەردى. پادىشاھ سەمەرقەندتىن ھىسارغا كەتكەندە، ئۆزبېكلەر يەنە قولى بوشاپ تاشكەندنى مۇھاسىرە قىلدى. ئاخىر قەلئە ئىچىدىكىلەر تەڭلىككە چۈشۈپ، بىر كېچىدە چىقىپ ئۆزلىرىنى ئۆزبېك لەشكەرلىرىگە ئۇرۇپ ئارىدىن يول ئېچىپ چىقىپ كەتتى. ئۆزبېكلەرمۇ بۇلارنىڭ چىقىپ كېتىپ تاشكەندنى قويۇپ بەرگەنلىكىگە ناھايىتى مىننەتدار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىمىدى. تاشكەندنىڭ قولغا كەلگەنلىكىگە رازى بولۇشتى. مىر ئەھمەدقاسىم ئەندىجانغا خاننىڭ ھوزۇرىغا كەلدى، ئاندىن ئۇ يەردىن ئۆتۈپ ھىسارغا — پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا كەتتى. كاتتا بەگ سايرام قەلئەسىنى مۇستەھكەم ساقلىغاندى. ئۆزبېكلەر كېلىپ مۇھاسىرە قىلدى، كاتتا بەگ قېچىپ چىقىپ كېتىشنىڭ ئىلاجىنى تاپالمىدى. شۇ يىلى قىش چىققۇچە مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى. كاتتا بەگ باھار يېتىپ كەلگەندە قاسىمخاننىڭ ھوزۇرىغا كىشى ئەۋەتىپ: «ئەگەر بۇ تەرەپكە قەدەم تەشرىپ قىلىپ كەلسىلە، سايرام قەلئەسىنى ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇپ بەرسەم» دەپ ئىلتىجا قىلىپ قاسىمخاننى رىغبەتلەندۈرۈپ تاشكەند ئۈستىگە كەلتۈردى. سۆز قاسىمخان ھېكايىسىگە يەتتى، ئەمدى

قاسىمخاننىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە بايان قىلمىساق ، سۆز باغلاشماي قالىدۇ .

## ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

# قازاق خەلقىنىڭ ۋە خانلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ، ئەھۋاللىرى ، بۇ جامائەتنىڭ «قازاق» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنىڭ بايانى

مەخپىي ۋە يوشۇرۇنۇپ قالمىسۇنكى ، ئەبۇلخەيرخان پۈتكۈل دەشتى قىپچاقنى ئىشغال قىلغانىدى . جۇچى نەسەبىدىن بولغان سۇلتانلارنىڭ بەزىلىرىدىن ئۇنىڭ دىمىغىغا يىراقتىن پىتنە - پاساتنىڭ ھىدى كېلەتتى ، شۇڭا ئەبۇلخەيرخان ئۇلارنى ئاجىزلاشتۇرۇپ يوقاتماقچى بولدى . جانىبېكخان باشلىق جۇچى نەسەبلىك سۇلتانلار ئەبۇلخەيرخاننىڭ بۇ خىيالىنى سېزىپ قېلىپ ، بىرمۇنچە كىشى بىلەن موغۇلىستان تەرىپىگە كەلدى . ئۇ ۋاقىتلاردا موغۇلىستاندا خانلىق نۆۋىتى ئىسان بۇغاخاننىڭ ئىدى . ئىسان بۇغاخان بۇ سۇلتانلارنىڭ كەلگەنلىكىگە خۇش بولۇپ ، ئۇلارنى ئوبدان ئىززەت قىلىپ موغۇلىستاننىڭ بىر بۆلۈكىنى ئۇلارغا تەيىنلەپ بەردى ، بۇ سۇلتانلار شۇ بۆلۈكدا پاراغەت بىلەن ھايات كەچۈرۈۋاتاتتى . ئەبۇلخەيرخاندىن كېيىن ئۆزبېك ئۇلۇسى ئىچىدە قارىمۇقارشىلىقلار پەيدا بولدى . ھەركىشى ئىمكان تاپسىلا ئۆزىنىڭ

ئامانلىقى ۋە پاراغەتنى كۆزلەپ ، كىرەيخان① ۋە جانىبېكخاننىڭ ھۇزۇرىغا باراتتى ، ئاخىر مۇشۇ سەۋەب بىلەن بۇلار كۆچىيىپ كەتتى . كىرەيخان ۋە جانىبېكخانلار باشتا ئاشۇ كۆپ خالايىقتىن ئايرىلىپ قېچىپ چىقىپ ، نەچچە مۇددەتكىچە ئۆي - ئوتاقسىز سەرگەردان يۈرگەنىدى . شۇ سەۋەبتىن ئۇلارغا «قازاق» لەقىمى قويۇلغانىدى . ئاخىر بۇ لەقەم ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئالاھىدە بىر ئات بولۇپ قالدى .

كىرەيخاندىن كېيىن خانلىق ئۇنىڭ ئوغلى بۇرۇندۇقخانغا قارار تاپتى . جانىبېكخاننىڭ ئوغلى قاسىمخان ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ھەممە ئىشلاردا بۇرۇندۇقخانغا تەۋە بولغاچقا ، ئۇنىڭغا بويسۇناتتى . كىرەيخاننىڭ بۇرۇندۇقخاندىن باشقا ئوغۇللىرى كۆپ ئىدى ، جانىبېكخاننىڭمۇ قاسىمخاندىن باشقا بىرنەچچە ئوغلى بار ئىدى ، شۇلاردىن بىرى ئۆيەك سۇلتان② ئىدى . سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ تۆتىنچى قىزى سۇلتاننىگار خانىمنى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇد مىرزا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆيەك سۇلتانغا بەرگەنىدى . تاشكەند ۋەيرانچىلىقىدا ئۆيەك سۇلتان شاھىبېكخاندىن قېچىپ قازاقلار تەرىپىگە بارغانىدى ، سۇلتاننىگارخانىممۇ ئارقىسىدىن قازاق تەرەپكە بارغانىدى . ئۆيەك سۇلتان شۇ كۈنلەردە ۋاپات بولۇپ سۇلتاننىگارخانىمنى قاسىمخان ئۆز نىكاھىغا ئالغانىدى . ئۆيەك سۇلتاندىن كېيىن قاسىمخان كۆچىيىپ كەتتى ، شۇ دەرىجىگە يەتتىكى ، بۇرۇندۇقخاننىڭ كۆرۈنۈشتە خانلىق ئىبتىلا قالدى ، ئاخىرىدا بۇرۇندۇقخاننى ھەيدەپ چىقاردى . بۇرۇندۇقخان سەمەرقەندكە بېرىپ غۇربەتچىلىكتە ئالەمدىن ئۆتتى . قاسىمخان پۈتكۈل دەشتى قىپچاقنى شۇنداق تىزگىنلىدى-

① بۇ ئىسىم مەزكۇر قولىيازمىدا «كۇرايخان» دېيىلگەن .

② خەنزۇچە نەشرىدە «ئەدىك سۇلتان» (Adik Sultan) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .

كى ، جۇچىخاندىن كېيىن ھېچكىم ئۇنداق قىلالمىغانىدى . شۇ جۇملىدىن قاسىمخاننىڭ لەشكىرىنىڭ سانى [مىڭ] مىڭ (بىر مىليون)دىن كۆپرەك ئىدى . تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 924 - يىلى[1] قاسىمخان ئالەمدىن ئۆتتى ، ئۇنىڭدىن كېيىن قازاق سۇلتانلىرى ئارىسىدا نەچچە قېتىم ئۇرۇشلار يۈز بەردى . قاسىمخاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى مۇماشخان خانلىق تەختىدە ئولتۇردى . مۇماشخان شۇ ئۇرۇشلار جەريانىدا زىققە بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى ، كېيىن ئۆيەك سۇلتاننىڭ ئوغلى تاھىرخان خانلىق تەختىگە ئورۇنلاشتى . بىراق ، تاھىرخان قوپال ۋە بەتخۇي كىشى ئىدى . خان بولغاندىن كېيىن قوپاللىقى تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشتى . شۇڭا ، قىرىق مىڭغا يېقىن لەشكىرى بار ئىدى ، ئۇلار ھەممىسى بىراقلار يۈز ئۆرۈپ چېچىلىپ كەتتى . تاھىرخان قىرغىزلار ئارىسىدا تەنھا قالدى ، ئاقىۋەت پالاكەت بىلەن ئۆلدى . ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە موغۇلىستاندا ئوتتۇز مىڭغا يېقىن كىشى يىغىلىپ ، تاھىرخاننىڭ ئىنىسى تۆلەشخان[2] نى خان قىلدى . ئاخىر بۇ تەتۈر پەلەكنىڭ گەردىشى شۇنداق چۆرگىلىدىكى ، ھازىر ئون تۆت يىل بولدى ، مۇنچە جىق خالايىقتىن ھېچ يەردە ئەسەر قالماپتۇ . تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 930 - يىلى[3] قازاق مىڭ مىڭ (بىر مىليون)كىشى ئىدى . ھازىر تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 944 - يىلى[4] بولغاندا ، شۇنچە تولا خالايىقتىن ھېچ يەردە نام - نىشان يوقتۇر . ئۇلارنىڭ بەزى ئەھۋاللىرى پات پۇرسەتتە ، خاننىڭ ئەھۋاللىرى زىكرىدە بايان قىلىنغۇسى . قازاقنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى شۇنچىلىك بايان قىلىندى .

---

① ھىجرىيە 924 - يىلى مىلادىيە 1518 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ .
② تۆلەشخان — بۆلەشخان ، بۇيداشخان دەپمۇ ئاتىلىدۇ (مۇھەررىردىن) .
③ ھىجرىيە 930 - يىلى مىلادىيە 1524 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ .
④ ھىجرىيە 944 - يىلى مىلادىيە 1537 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ .

قاسىمخان كۆچەيگەن ۋاقىتلاردا، خانلىق نىشانە يارلىقلىرىنى ئۆز ئېتىدا يۆرگۈزمەستىن بۇرۇندۇقخاننىڭ ئېتىدا يۆرگۈزەتتى. قاسىمخان شۇ دەرىجىدە كۆچەيگەندىكى، ھېچكىم بۇرۇندۇقخاننى يادىغا كەلتۈرمەيتتى. قاسىمخان بۇرۇندۇقخانغا يېقىن يەردە تۇرسا، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش ۋە ئىتائىتىنى قوبۇل قىلىش لازىم بولاتتى، ئىتائەت قىلىشقا نەپسى ئۇنىمايتتى، سەركەشلىك قىلىشقا شەرم - ھايا قىلاتتى، شۇ سەۋەبتىن يىراق - يىراق يەرلەردە ئولتۇراتتى. بۇرۇندۇقخان سارايچۇق[1]تا ئىدى، قاسىمخان ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇشنى ئىزدەپ موغۇلىستان چېگراسىغا كەلگەنىدى. ئۇ قاراتال[2]دا قىشلاپ ئەتىياز ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ئەسلىي ئورنىغا ياناقچى بولغانىدى. شۇ ھالەتتە كاتتا بەگنىڭ ئادىمى سايرام ئاكابىرلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ، كاتتا بەگنىڭ ئىلتىماسىنى يەتكۈزدى. قاسىمخان ئۇنى قوبۇل قىلىپ تىراز (موغۇللار ئۇ يەرنى «ياڭى» دەيدۇ) تەرەپكە يۈرۈش قىلدى، ئۆزىدىن ئىلگىرى بىر ئەمىرنى كاتتا بەگنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. كاتتا بەگ سايرامنى شۇ ئەمىرگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزى قاسىمخاننىڭ خىزمىتىگە باردى ۋە قاسىمخاننى تاشكەنت ئۈستىگە بېرىشقا دەۋەت قىلدى. قاسىمخاننىڭ ھەددى-ھېسابسىز لەشكىرى تاشكەنتكە قاراپ يۈزلەندى، سۆيۈنچەكخان بۇنى ئاڭلاپ تاشكەنت قەلئەسىگە بېكىندى. قاسىمخان يېتىپ كېلىپ قەلئەنىڭ قېشىدا بىر كېچە قونۇپ، تاشكەنتنىڭ ئەتراپىنى تالان - تاراج قىلىپ ياندى. قاسىمخاننىڭ قالغان ئەھۋاللىرى ئۆز نۆۋىتىدە قىسقىچە بايان قىلىنغۇسى.

---

① سارايچۇق — ھازىرقى ئۇلار دەرياسىنىڭ بويىغا، كاسپى دېڭىزىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن).

② قاراتال — قاراتال دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا بولۇپ، بالقاش كۆلىنىڭ بويىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن).

## ئوتتۇز تۆتىنچى باب

# سۆيۈنچەكخاننىڭ ئۆرۈشلىرىدىن كېيىن دۇچ كەلگەن ۋەقەلەر ۋە سۇلتان سەئىدخاننىڭ قازاق تەرەپكە — قاسىمخاننىڭ ھۇزۇرىغا بارغانلىقىنىڭ بايانى

تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 918 ـ يىلى[1] باش باھار پەسلى ئىدى، شاھىبېكخاننىڭ تەۋەلىرىدىن بولغان ئۆزبېك شەيبانىيلار ماۋەرائۇننەھردە كۆچىيىپ، كۈچۈلدە ئۇلارنىڭ ۋەھىمە ۋە ئەندىشىلىرى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇلار خاننىڭ ئەندىجاندا ئەمىرلىرى بىلەن تۈزگەن تەدبىر ۋە مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلاپ ئەندىجانغا كېلىشتىن توختىدى. شۇڭا، خان ئەمىرلىرى بىلەن بۇ قىشنى مۇشۇ ھىيلىلەر بىلەن ئۆتكۈزۈپ، دەسلەپكى باھار پەسلى كەلگەندە ئويلىنىشقا باشلىدى. «ئەمدى نېمە ھىيلە قىلارمىز ۋە نېچۈك تەدبىر ئىشلىتەرمىز» دەپ ئىككىلىنىپ تۇرۇۋاتقىنىدا، توساتتىن قاسىمخان تاشكەند ئۇستىگە يۈرۈش قىلدى. قاسىمخاننىڭ تاشكەند ئۇستىگە يۈرۈش قىلغانلىق خەۋىرى ئاڭلاندى، لېكىن قاسىمخان تېخى تاشكەند ئۇستىگە كەلمەستىنلا خان تېزدىن بېرىپ تاشكەندكە تەۋە ئاھەنگەران[2]دا چاپقۇن قىلدى. پەقىر شۇ سەپەردە ھەمراھ ئىدىم، سەھەر ۋاقتىدا ئاھەنگەران

---

① ھىجرىيە 918 ـ يىلى مىلادىيە 1512 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

② ئاھەنگەران — ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەند ئوبلاستى تەۋەسىدىكى شەھەر بولۇپ، ئاھەنگەران دەرياسى بويىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن).

خەلقىنىڭ ئۇستىگە يېتىپ باردۇق . ئۇ خەلق ئەھلى ئاياللىرى ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى جاڭگالدا مەھكەم يوشۇرۇپ قويغانىدى . جاڭگالنىڭ بىر تەرىپىدە ئۇلۇغ سۇ ، يەنە بىر تەرىپىدە چوڭقۇر يار بار ، بىرلا يولدىن باشقا يول يوق ئىدى . ئۇ خەلق ئاشۇ مۇستەھكەم جايغا بېكىنىپ يولنى توسۇپ بىزنى يېقىن بارغىلى قويمىدى ، بۇ ۋەقە خانغا ئاڭلاندى . خان پەقىرنى خاجە ئەلى باھادىرغا تاپشۇرۇپ : «مىرزا ھەيدەرنىڭ ئىنىسىنىڭ تىزگىنىنى مەھكەم تۇتقىن ، قويۇپ بەرمىگىن ، خەتەرلىك يەرلەرگە بارمىسۇن» دېدى . چۈنكى ، پەقىرنىڭ تېخى يېشىم كىچىك ئىدى ، ياخشىنى ياماندىن ئايرىيالمايتتىم ، ئۆزۈمنى خەتەردىن مۇھاپىزەت قىلالىغۇدەك ئىقتىدارىم يوق ئىدى . خان ئۆزى لەشكەر باشلاپ ئۇ خەلققە يېقىن باردى ۋە ئۇ خالايىقنىڭ ھەممىسى پىيادە ئوق ۋە كامانىنى قوللىرىغا ئېلىپ ، ھەر بۇلۇڭدا ئوق ياغدۇرۇشقا تەييار بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئوڭ ۋە سول تەرەپتىكى باھادىرلارغا : «ئاتنىڭ تىزگىنىنى قويۇپ بېرىشكە ئالدىرىماڭلار ، ھەممىڭلار بىراقلا ھۇجۇم قىلىڭلار !» دەپ بۇيرۇدى . باھادىرلار خاننىڭ پەرمانى بىلەن ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى ياندۇرۇپ ، بىراقلا ھۇجۇم قىلىش نىيىتىدە تەرتىپلىرىنى تۈزۈشكە مەشغۇل بولدى . ئۇلار شۇ مەشغۇللۇقتا تۇيماي قالغانىدى ، خان يەككە - يېگانە ھۇجۇم قىلدى . چۈنكى ، خاننىڭ بۇ سۆزنى ئېيتىشتىكى مەقسىتى باھادىرلارغا تۇيغۇزماي ئۆزى يالغۇز ھۇجۇم قىلىش ئىدى . خان ھەممىدىن ئىلگىرى ئۆزىنى قارشى تەرەپكە يەتكۈزدى . قارشى تەرەپتىن خاننى قەستلەپ ئۈچ كاماندار تەق بولۇپ تۇرغانىدى . خان يېتىپ بارغان ھامان ئۈچەيلەن خانغا ئوق ئاتتى ، بۇ ئوقلارنىڭ ھېچقايسىسى خانغا تەگمىدى . خان ئۇ ئۈچەيلەننىڭ بىرىگە دۇشمەننى قىرغۇچى تىغنى ئۇردى ، ئۇ جان ۋەھىمىسىدە خاننىڭ ئېتىنىڭ ئاستىغا كىرىۋالدى . جان يەنە بىرىگە يۈزلەنگەندى ، ئاتنىڭ ئاستىغا كىرىۋالغىنى بولسا قېچىپ كېتىپ باراتتى .

ئەبدۇلۋاھىد باھادىر ئاتلىق بىر پالۋان بار ئىدى، خاننىڭ ئارقىسىدىن ئۇمۇ ھۇجۇم قىلىپ بارغانىدى. شۇ ئەسنادا خاننىڭ ئېتىنىڭ ئاستىدىن قېچىپ چىققان كاماندازنى ئۇ پالۋان شەمشەر بىلەن شۇنداق ئۇردىكى، بېشى بىر كامان بويى چاچراپ چىقىپ يەرگە چۈشتى، قالغان ئىككىسىنى خان يوقلۇق دەرگاھىغا ئەۋەتتى. ئۇنىڭغىچە خاننىڭ ھەربىرى پەلەك بەھرامىغا خۇنخورلۇقتىن تەلىم بەرگۈچى پالۋانلىرى چاقماقتەك تېز يېتىپ كەلدى، گوياكى «چاقماق چاققاندا ئۇلار كۆز نۇرىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالىدۇ»[1] ئايىتى ئايان بولدى. بىر پەستىلا ئۇ كىشىلەرنىڭ تىرىكلىك خامىنىنى شۇنداق يوق قىلدىكى، تاكى قىيامەتكىچە ئۇلاردىن ئەسەر ۋە نىشان قالمىدى. بۇ ئۇرۇشتا شىجائەتلىك باتۇرلار ۋە قەيسەر لەشكەرلەردىن ھېچكىم خانغا تەڭ تۇرالماي ھەممىسى بىردەك خانغا ئاپىرىن - تەھسىن ئېيتتى ۋە ئىنساپ قوللىرى بىلەن شىجائەتنىڭ ئۇلۇغ مەرتىۋىسىنى خانغا بەخشەندە قىلدى.

خان ئۇ سەپەردىن ساق - سالامەت ۋە غەلىبە بىلەن يېنىپ كەلگەنىدى. قاسىمخاننىڭ سۆيۈنچەكخان ئۇستىگە — تاشكەندكە يېتىپ كەلگەنلىك خەۋىرى ئاڭلاندى. خان يالغۇز تاشكەندكە يۈرۈپ كەتتى[2]. فەرغانە بىلەن تاشكەندنىڭ ئارىسىدىكى كەندىرلىك دېگەن داۋانغا يەتكەندە، قاسىمخاننىڭ تاشكەندتىن يانغانلىق خەۋىرى ئاڭلاندى. شۇڭا، خانمۇ شۇ يەردىن ئاخسىغا كېلىپ فەرغانە ۋىلايىتىدىكى قەلئەلەرنى مەھكەم بېكىتتى، [ئاندىن قازاقلارنى قايتىدىن تاشكەند ئۇستىگە باشلاپ كېلىش ئۈچۈن] قازاقلار تەرىپىگە يۈزلەندى.

پەقىر ساقسىز بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ئۇ سەپەردىن

① «قۇرئان كەرىم»، 2 - سۈرە بەقەرە، 19 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② خەنزۇچە نەشرىدە «ئاخسىغا يۈرۈپ كەتتى» دېيىلگەن (مۇھەررىردىن).

قالغانىدىم . خان قازاق تەرىپىگە يۈرۈپ ، موغۇلىستاننىڭ جۇد[1]
ئاتلىق مەشھۇر بىر جايىدا قاسىمخاننىڭ قارارگاھىغا يېتىپ
باردى . ئۇ ۋاقىتتا قاسىمخاننىڭ يېشى يەتمىشكە يەتكەنىدى ،
خاننىڭ يېشى ئوتتۇزغا يەتكەن بولسا كېرەك . قاسىمخان ئۆزىنىڭ
قېرىپ قالغانلىق ئۆزرىنى ئىزھار قىلىپ خاننىڭ ئىستىقبالىغا
چىقمىدى ، قالغان تامام سۇلتانلارنى خاننىڭ ئىستىقبالىغا
چىقارتتى . ئۇلارنىڭ بەزىسى ئەللىك - ئاتمىش ياشلاردا ئىدى ،
مەسىلەن خانىشخان[2] ، ساباشخان[3] ، موماشخان ، جان ھەيدەر
سۇلتان ، خارىش[1] سۇلتان قاتارلىقلار باشچىلىقىدا ئوتتۇز - قىرىق
نەپەر جۇچى نەسەبلىك سۇلتانلارنى خاننىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ ،
ئالدىغا بېرىپ تىزلىنىپ كۆرۈشۈشكە بۇيرۇغانىدى . ئۇلار
ئىچىدىن خانىشخان ۋە ساباشخان ئىككىسىنىڭ يېشى خاندىن تولىمۇ
چوڭ بولغاچقا ، خان بۇلار بىلەن ئورنىدىن قوپۇپ تىز پۈكۈپ[3]
كۆرۈشتى ، قالغانلارنىڭ ھەممىسى خانغا تىزلىنىپ مۇلاقات
بولدى ، خان ئولتۇرغان جايىدا ئولتۇرۇپ كۆرۈشتى . خان كېلىپ
قاسىمخان بىلەن كۆرۈشكەندە ، قاسىمخان شۇنداق پېشكەشلەرنى
قىلدىكى ، خان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قاسىمخاننىڭ بۇ گۈزەل
ئۇچرىشىشىنى ، ئىنسانىي ئادىمىگەرچىلىكىنى ھېچقاچان ئېسىدىن
چىقارمىغانىدى . ھەرۋاقىت قاسىمخاننى ئەسلەش مۆرىتى كەلسە ،
خان «ئەنارەللاھۇ بۇرھانەھۇ» (ئۇنىڭ ھۆججەتلىرى نۇرلۇق
بولغاي ) دېگەن سۆزلەرنى ئېيتاتتى ۋە : «قاسىمخان شۇنداق كىشى
ئىدىكى ، ئۇنىڭ ئادىمىگەرچىلىكىنىڭ چەك - چېگرىسى يوق

① بۇ ئىسىم مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە جو (چۇ ) دېيىلگەن .
② بۇ ئىسىم مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «جانىشخان» دېيىلگەن .
③ بۇ ئىسىم مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «بىنەشخان» دېيىلگەن .
④ بۇ ئىسىم مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «قارش»دېيىلگەن .
⑤ «تىز پۈكۈپ كۆرۈشتى» دېگەن سۆز مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «تەڭ باراۋەر ھالەتتە تۇرۇپ كۆرۈشتى» دېيىلگەن .

ئىدى » دەپ ئۇنىڭ دوستلۇق ۋە ئادىمگەرچىلىكىنى بايان قىلاتتى .
قاسىمخان كۆرۈشكەندە خانغا : «بىز سەھرالىق خەلقمىز ، بىزنىڭ دىيارىمىزدا ئوبدان نەپىس بايلىق ۋە لەزىز غىزالار يوق ، بايلىقىمىزنىڭ ئىبسىلراقى ئات ، غىزايىمىزنىڭ لەزىزرەكى گۆشتۇر . شارابىمىزنىڭ ياخشىراقى ئاتنىڭ سۈتىدۇر . بىزنىڭ دىيارىمىزدا باغ ۋە ئىمارەتلەر يوق ، سەيلىگاھىمىز يىلقىدۇر . ھەر ۋاقىت تاماشا قىلار بولساق ، يىلقىلار ئوتلايدىغان يايلاقنى بېرىپ ئاتلارنى كۆرۈپ تاماشا قىلىمىز . [بىر - بىرىمىزگە ھەمراھ بولۇپ بىرەر سائەت تاماشا قىلايلى] » دەپ خاننى يىلقىسى بار يەرگە باشلاپ باردى [ۋە ھەممە چارۋىلىرى ۋە ئاتلىرىنى تاماشا قىلدۇردى .] قاسىمخان يەنە : «[ئىككى] ئېتىم باردۇركى ، پۈتكۈل يىلقىلىرىمنى ئۇنىڭغا تەڭ كۆرمەيمەن» دېدى . خان دائىم : «ھەقىقەتەن ئۇ ئىككى ئاتقا ئوخشايدىغان ئاتنى ئۆمرۈمدە كۆرمىگەنىدىم »دەيتتى . قاسىمخان ئۇ ئىككى ئاتنى كەلتۈرۈپ : «بىز سەھرالىق خەلق مۇشۇ ئىككى ئاتنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى بىلەن ھايات كەچۈرىمىز ، بۇ ئىككى ئاتتىن بۆلەك ئىشەنچكە يارىغۇدەك ئېتىم يوق ، بۇ ئىككى ئاتنىڭ ھېچبىرىنى كىشىگە بېرىشىم ۋە قولۇمدىن چىقىرىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئەمما ، سىز ئەزىز مېھمانسىز ، نەزىرىڭىزگە قايسى ياقسا شۇنى ئېلىڭ ، بىرىنى ماڭا قويۇڭ» دېدى . تولا تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن قاسىمخان ئۇ ئىككى ئاتتىن «ئوغلانتورۇق »دەيدىغان بىر ئاتنى ئۆزى ئالدى . «ئوغلانتورۇقتەك ئاتنى پۈتكۈل يەر يۈزىدە ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان ، ھەتتا ئاڭلاپمۇ باقمىغان بولغىيدى . يەنە بىرى بولسا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق ۋە ئىبسىلراق ئىدى ، ئۇنى خانغا بەردى . يەنە يىلقىلىرى ئارىسىدىن نەچچىلىگەن ئوبدان ئاتلارنى ئىلغاپ خانغا بەردى . قاسىمخاننىڭ ئالدىدا ئىككى كاسا قىمىز بار ئىدى ، ئۇنى ئېلىپ خانغا قاراپ مۇنداق دېدى : «بىزنىڭ مېھماندارچىلىقىمىز

قىمىز بىلەندۇر ، ئەگەر ئىلتىپات قىلىپ بۇنى ئىچسىڭىز ، مەن كۆپ مىننەتدار بولغان بولاتتىم .» ئەمما ، خان خىلىدىن بىرى ئىچىملىكنى تاشلىغانىدى ، شۇڭا قاسىمخانغا ئۆزرە ئېيتىپ : «بىرنەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى ئىچىملىكنى تاشلىغانىدىم ، ئەمدى ئۇ ئەھدىمنى سۇندۇرسام ياخشى بولماسمىكىن» دېدى . قاسىمخان : «مەن دەسلەپكى ئۇچراشقاندىلا بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى ، دىيارىمىزنىڭ غىزا ۋە شارابلىرىنى سەمىڭىزگە سالغانىدىم ، شارابىمىزنىڭ ياخشىراقى ئاتنىڭ سۈتى دېگەنىدىم . ئەگەر بۇ قىمىزنى ئىلتىپات قىلىپ ئىچمىسىڭىز ، بىز نامراتلارنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلمىسىڭىز ، سىزنى مېھمان قىلىشقا تەييارلىغان شارابىمىزنى خوپ كۆرمىسىڭىز ، بىزگە چوڭ خىجالەتچىلىك بولغۇسىدۇر . بىز قانداق قىلىپ سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمىز . يىل - يىللار ئۆتۈپ سىزدەك ئەزىز مېھمان مەندەك نامرات ساھىبخانىنىڭ كۆلبىسىگە قەدەم تەشرىپ قىلغاندا ، مەن مېھماندارچىلىق قىلىشتىن بۇنداق ئاجىز كېلىپ قالسام ، قانداق خىزمەت بىلەن بۇ خىجالەتچىلىكتىن خالاس تاپقايمەن ، قايسى تىل بىلەن ئۆزرە ئېيتىپ بۇ خىجالەتتىن چىقارمەن» دەپ بېشىنى تۆۋەن سالدى . ئۇنىڭ چىرايىدىن مالاللىق ۋە خىجالەتچىلىك ئالامەتلىرى ئوچۇق - ئاشكارا كۆرۈندى . خان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قاسىمخاننىڭ كۆڭلىنى ئاياپ شاراب كاسىسىنى قولىغا ئالدى - دە ، تەخىرسىزلا قىمىزنى بىر يۇتۇم قالدۇرماي ئىچىۋەتتى ، قاسىمخان ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال - خورام بولۇپ گۈل - گۈل ئېچىلىپ سۆھبەتنى قىزىتتى . ئۇلار تاكى يېنگىرمە كۈنگىچە ئارقىمۇئارقا قىمىز ئىچىشكە مەشغۇل بولدى . ئۇ ۋاقىت ياز ئايلىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ئىدى ، قازاق خەلقى قاسىمخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىشلاقلىرىغا يۈزلەندى . قاسىمخان : «ھازىرچە شەيبانىيلارنىڭ ئۈستىگە بېرىشىمىز

مۇشكۇلدۇر ، چۈنكى سەھرا خەلقى بۇ كۆنلەردە قىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلمىسا بولمايدۇ . بۇ كۈنلەردە لەشكەر تارتقىنىمىزنىڭ پايدىسى يوق » دەپ تاشكەند ئۇستىگە بىرىشقا ئۇزرە ئېيتتى . ئەمما ، خانغا تولا ئادىمىگەرچىلىك ۋە مۇلايىملىق بىلەن قايتىشقا ئىجازەت بىرىپ ، ئۆزى كۆچۈپ ئەسلىي ئورنىغا قاراپ كەتتى . خان قاسىمخاندىن ناھايىتى رازى ۋە خۇشال بولغان ھالدا كۈز ۋاقتىدا ئەندىجانغا قايتىپ كەلدى . خاننىڭ خىزمىتىدىكى پەزىلەت ئىگىلىرىدىن بىرى بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ ، «قازاق»[1] دېگەن سۆزنى تارىخ[2] قىلىپ تاپتى .

## ئوتتۇز بەشىنچى باب

# ھەزرىتى مەۋلانا قازى ئەھۋالىنىڭ بايانى

بىلىش كېرەككى ، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ، شاھ ئىسمائىل شاھىبېكخاننى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن بابۇر پادىشاھ سەمەرقەندنى ئالغان زاماندا ، ھەزرىتى مەۋلانا قازى — ئۇنىڭغا رەھمەت ۋە جەننەتلەر نېسىپ بولغاي — سەمەرقەندتىن ئەندىجانغا كەلگەندى . ئەمدى مەۋلانانىڭ ئەھۋالى زىكىر قىلىنىدۇ .

ھەزرىتى مەۋلانا فەرغانە ۋىلايىتىدە ئىدى . ئەمىرلەردىن

---

① خەنزۇچە نەشرىدە «ئەشتىئى قازاق» (Ashti – i Kazak) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .

② ھىجرىيە 919 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن) .

ھەرقايسىسى ئۇ زاتنىڭ خىزمەتلىرىگە بېرىپ، شەرەپلىك سۆھبەتلىرىنىڭ بەرىكىتىدىن بەھرىمەن بولاتتى. پەقىر مۇھەممەد-ھەيدەر ھەمىشە ھەزرىتى مەۋلانانىڭ مۇبارەك خىزمەتلىرىنى ئۆزۈمگە لازىم تۇتۇپ كەلگەنىدىم. ھەزرىتى مەۋلانانىڭ رەھمەت نەزەرلىرى پەقىرنىڭ بالىلىق ۋاقتىمدا — ئۆرەتۆپەدە كېسەل بولغان چېغىمدا ۋە بۇخارادىن قاچقان ۋاقتىمدا بېشىمغا سايە سېلىپ، چوڭ - چوڭ بالا - قازالاردىن خالاس بولغانىدىم. بۇنىڭ تەپسىلاتى يۇقىرىدا بايان قىلىنغانىدى. بۇ كۈنلەرگە كەلگەندە ھەزرىتى مەۋلانا پەقىرنى ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق مەرھەمەت نەزەرلىرى بىلەن ئەزىز ۋە مۆھتەرەم قىلدى.

ھەزرىتى مەۋلانادىن ئاجايىپ - غارايىپ ئەھۋاللار ۋە مۆجىزىلىك كارامەتلەر كۆرۈلۈپ تۇراتتى. شۇ جۈملىدىن بىرى شۇكى، ئاتامنىڭ مۇلازىملىرىدىن سەييىدىم كوكۇلداش ئاتلىق بىر مۇرىتى بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ مەۋلانانىڭ شەرەپلىك خىزمەتلىرىگە بېرىپتۇ، ھەزرىتى مەۋلانا ئۇنىڭ چېھرىلىرىدىن غەم ئىزنالىرىنى كۆرۈپ سەۋەبىنى سوراپتۇ. سەييىدىم كوكۇلداش ئەھۋالنى بايان قىلىپ: «مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ھىساردىن خاننىڭ ھەمشىرىسىنى نىكاھىغا ئېلىپ، كۆرەگانلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشىش نىيىتىدە كېلىپتۇ. ئەمما، ئەمىرلەر بۇ نىكاھنىڭ ۋۇجۇدقا چىقماسلىقى ئۈچۈن سايىسەۋەبلەر قىلىشىپتۇ، خاننىڭ ھەممە ئەمىرلىرىنىڭ پىكرىگە خىلاپلىق قىلىشى مۇشكۇلدۇر. شۇ سەۋەبتىن كۆڭلۈم مالال ۋە پەرىشان بولىۋاتىدۇ» دەپتۇ. ھەزرىتى مەۋلانا ئۇنىڭغا: «مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ نىكاھنى پاك ۋە بۈيۈك تەڭرى قارار قىلغاندۇر. ئەمىرلەرنىڭ ئۇنىڭغا قارشى سايىسەۋەبلىرى ھېچ ئىشقا يارىمايدۇ. بۇ نىكاھ ئەلۋەتتە ۋۇجۇدقا چىققۇسىدۇر» دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سەييىدىم كوكۇلداش ھەزرىتى مەۋلانادىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال كېلىپ ماڭا بايان

قىلىپ خۇش خەۋەر يەتكۈزدى . بۇ ۋەقە خاننىڭ قازاقلار تەرەپكە كەتكەن كۈنلىرىدە بولغانىدى . بىرنەچچە كۈندىن كېيىن خان يېتىپ كەلدى ـ دە ، پەقىرنى ھەزرىتى مەۋلانا بىشارەت بەرگەن ئاشۇ بەخت ـ دۆلەتكە يەتكۈزۈپ ، زاماندا شلىرىم ئارىسىدا ئەزىز ۋە يېگانە قىلدى . تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 919 ـ يىلى[1] بۇ پەقىرنى كۆرەگانلىق مەرتىۋىسى بىلەن ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلدى .

## ئوتتۇز ئالتىنچى باب

## ئۆتكەن ئىشلارنىڭ داۋامى

بۇ ئەھۋالنىڭ بەزى جايلىرى بۇ ھېكايەت بىلەن باغلىنىشلىقتۇر . يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ، سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ تۆت قىزى بار ئىدى . ئۈچىنچى قىزى مۇھىببە سۇلتان خانىمنى سۇلتان ئەھمەدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن سۇلتان مەھمۇدخان ېيقىۋالغانىدى . سۇلتان مەھمۇدخان ئاخسىغا كېلىپ ، شاھىبېكخاننىڭ ھۆكۈمى بىلەن شېھىتلىك شەربىتىنى ئىچتى . مۇھىببە سۇلتان خانىم سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ قىزى قۇتۇق خانىمنىڭ قېشىدا قالغانىدى . تاشكەندنىڭ ۋەيرانچىلىقى ۋاقتىدا ، قۇتۇق خانىمنى جانىبېك سۇلتانغا بەرگەنىدى . تاغام قارشىلىق قىلىپ جانىبېك سۇلتاننى فەرغانە ۋىلايىتىدىن قوغلاپ چىقاردى ، مۇھىببە سۇلتان خانىم قۇتۇق خانىمدىن ئايرىلىپ

[1] ھىجرىيە 919 ـ يىلى مىلادىيە 1513 — 1514 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

قالغانىدى ، خان ئەندىجانغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ خان بىلەن كۆرۈشكەنىدى . خان تۆت ھەمشىرىسى ئىچىدە مۇشۇ مۇھىببە سۇلتان خانىمغا بەكرەك ئامراق ئىدى ، ئۇنى تولىمۇ ئەزىز ۋە مۇكەررەم تۇتاتتى . نەچچە مۇددەتكىچە ئايرىلىپ يەنە كۆرۈشۈپ بىر يەردە بولغاندىن تارتىپ خان مۇھىببە سۇلتان خانىمغا ھەددىدىن زىيادە ۋە ھېسابتىن تاشقىرى مېھىر ـ شەپقەت ۋە ئىززەت ـ ئىكرام قىلاتتى . ئۇنى پەقىرگە نىكاھلاپ بەرگەندە ، شۇنداق كاتتا توي ۋە مەرىكە بولدىكى ، كىشىلەر ئۇنى نەچچە مۇددەتلەرگىچە ئەسلىشىپ يۈردى .

خان شۇ يىلى قىشتا ئاخسىغا تەۋە پىشخەران شەھىرىدە قىشلىدى . قىش ئوتتۇرىسىدا ئاخسىنىڭ ھاكىمى مىر غورى بارلاس كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى ، خان پىشخەراندىن ئاخسىغا كېلىپ قىشنى چىقاردى . مىر ئەييۇپ موغۇللار ئۇبەيدۇللاخاندىن زەربە يېگەن ۋاقىتتىن تارتىپ ھىساردا ئىدى . شۇ يىلى باھار پەسلىدە خان ئاخسىنى مىر ئەييۇپ بەگچەككە بەردى ، مۇشۇ ئەسنادا ئۆزبېكلەرنىڭ يۈرۈش قىلىپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى ئاڭلاندى .

ئۆزبېكلەرنىڭ بۇ قېتىم كېلىشىدىكى سەۋەب شۇ ئىدىكى ، ئالدىنقى يىلىدا قاسىمخان كېلىپ قايتقانىدى . شۇ يىلى ياز چىققۇچە قاسىمخاندىن قورقۇپ ، ئۆزبېكلەر ھېچ تەرەپكە قارىيالماي ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغانىدى . قىش كىرگەندىن كېيىن ئۆزبېكلەرگە شاھ ئىسمائىلنىڭ ئەندىشىسى كۆچەيدى . چۈنكى ، جەيھۇن دەرياسىنىڭ سۇيى ئازلىغان ۋاقىتدا مىر نەجمىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن ، شاھ ئىسمائىلنىڭ توساتتىن كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى . شۇڭا ، ئۆزبېكلەر بۇ قىشنى شۇ ۋەھىمە بىلەن ئۆتكۈزدى . شۇ سەۋەبتىن خان بۇ بىر يىلدا ئۆزبېكلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ئامان بولدى . شاھ ئىسمائىل ئىراققا يېنىپ كەتكەندە ، قاسىمخانمۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىي ئورنىغا

ياندى ، بابۇر پادىشاھمۇ كابۇلغا قاچتى . ئۆزبېك شەيبانىينىڭ خان بىلەن ئۇرۇش قىلىش ۋە ئەندىجانغا ھۇجۇم قوللىرىنى ئۇزىتىشتىن باشقا خىياللىرى قالمىدى . شۇنىڭ ئۇچۇن ، باش باھار ۋاقتىدا ئۆزبېكلەر پۇتكۇل قوشۇنى بىلەن ھېچبىر ۋەھىمە ۋە ئەندىشىسىزلا ئەندىجانغا يۇرۇش قىلدى . بۇ خەۋەر خانغا ئاڭلانغاندىن كېيىن فەرغانە ۋىلايىتىنى تاشلاپ كاشغەرگە كەتتى . بۇ ۋەقە پات يېقىندا بايان قىلىنغۇسى .

## ئوتتۇز يەتتىنچى باب

# شاھ ئىسمائىلنىڭ ئاخىرقى ئەھۋالىنىڭ [قىسقىچە] بايانى

مەخپىي قالمىسۇنكى ، شاھ ئىسمائىل ئىراقتىن كېلىپ مەرۋ شاھجاھاندا شاھىبېكخاننى ئۆلتۈرگەن ۋاقىتتا ، ھەممە ئەتراپتىكى پادىشاھلار شاھ ئىسمائىلنىڭ ھەيۋىتىدىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ چۆچۈشتى . ئۇنىڭ سىياستى بىلەن ۋە كىچىككىنە ياردەم ئەۋەتىشى بىلەن بابۇر پادىشاھ ھەمزە سۇلتان بىلەن ئۇرۇش قىلىپ غەلىبە ۋە نۇسرەت تاپتى ، يەنە ئۇنىڭ داڭقى ھەم سىياستىنىڭ شۆھرىتى ھەر تەرەپكە تولدى . بۇ سەۋەبتىن بابۇر پادىشاھ بۇخارا ۋە سەمەرقەندنى شۇنچە ئاسانلا قولغا كىرگۈزدى . بابۇر پادىشاھ سەمەرقەندتىن چىققان ۋاقتىدا ، شاھ ئىسمائىلدىن مەدەت تىلىدى . شاھ ئىسمائىل مىر نەجمىنى ئاتمىش مىڭ كىشى بىلەن گۆمەكلىشىشكە ئەۋەتتى ، ئۇلار غىجدۇۋاندا ئۆزبېكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلدى . ئۇرۇشتا پادىشاھ يېڭىلىپ ، مىر نەجىم ئۆلتۈپ

نۇرغۇن ئەسلىھە ۋە قورال ـ ياراغلار نابۇت بولدى . بۇ سەۋەبتىن ئۆزبېكلەر شاھ ئىسمائىل مىر نەجىمنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن ماۋەرائۇننەھرگە كېلىدۇ ، دەپ ناھايىتى كۆپ ئەندىشىدە ئىدى . ئۆزبېكلەر تاكى بىر يىلغىچە بۇ ئەندىشە بىلەن ھېچ تەرەپكە ھۇجۇم قىلالمىدى .

بۇ كۈنلەردە رۇم پادىشاھى سۇلتان سەلىم شاھ ئىسمائىل ئۈستىگە نەچچە لەك لەشكەر بىلەن كەلگەنىدى ، شۇڭا شاھ ئىسمائىل ئىراققا يېنىپ بارغانىدى . شاھ ئىسمائىل ئوتتۇز مىڭ كىشى بىلەن چىقىپ ، سۇلتان سەلىم بىلەن ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇش قىلدى . ئۇرۇشتا شاھ ئىسمائىل ئۆزى ئالتە كىشى بىلەن قۇتۇلۇپ قاچتى ، قالغان لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى رۇملۇقلارنىڭ قولىدا پۇتۇنلەي يوقالدى . سۇلتان سەلىمۇ ئۇنىڭدىن زىيادە ھۇجۇم قىلماي رۇمغا يېنىپ كەتتى ، شاھ ئىسمائىل يېڭىلىپ ئىراقتا قالدى . ئاز پۇرسەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ ھەمجىنسلىرى بولغان نەمرۇد ۋە فىرئەۋنلەرگە قوشۇلۇپ ئەسفەلس ـ سافىلىن ناملىق دوزاخقا تۇتقۇن بولدى . شاھ ئىسمائىلنىڭ ئورنىدا ئوغلى شاھ توھماس ئىراققا پادىشاھ بولدى ، ئۇمۇ نەچچە نۆۋەت رۇملۇق لەشكىرى ئىسلامنىڭ قولىدىن زەربە يېدى . شۇنىڭ بىلەن ، رۇملۇقلاردىن قورقۇپ ئۆزىنىڭ باتىل مەزھەپلىرىنى كۈچەيتىشكە ئارتۇقچە تىرىشچانلىق كۆرسىتەلمىدى ۋە ئاتىسىنىڭ ناچار ئادەتلىرىگە ئاتىسىدەك دىققەت قىلالمىدى .نەزم :

نجىسدىن باش ئالماس جۇۋازچى ئۆيى ،
كى ئاغرامچىدۇر قىسقە ، تارتار قويى .

تاكى بۇگۈنگىچە شاھ توھماس ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئىراق زېمىنىغا پادىشاھتۇر .

# ئوتتۇز سەككىزىنچى باب

## شەيبانىي خانلىرىنىڭ تاكى بۇگۈنگىچە ماۋەرائۇننەھردە بىر - بىرلىرىدىن كېيىن سەلتەنەت تۇتقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ زىكرى

ۋاقتىكى، ئۆزبېك شەيبانىي سۇلتانلىرى مىر نەجمىنى ئۆلتۈرۈپ تۈركمەنلەر ۋە پادىشاھ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. بۇ ۋەقە تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 918 - يىلى قىشنىڭ باشلىرىدا[①] يۈز بەرگەنىدى. شۇ يىلنىڭ باھار ۋاقتىدىمۇ[②] شاھ ئىسمائىلنىڭ ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن كېلىشىدىن ۋە قاسىمخاننىڭ كېلىشىدىن قورقۇپ، ئۆزبېكلەر ھېچ تەرەپكە چىقالالمىدى. تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 919 - يىلى قىش ۋاقتىدا[③] شاھ ئىسمائىل سۇلتان سەلىمنىڭ كەلگەن خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئىراققا كەتتى، قاسىمخان ئۆز مەملىكىتىنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئۇبەيرە سۇبەيرە[④]گە كەتتى. بۇ ئىككى چوڭ دۈشمەندىن خاتىرجەم بولغان ئۆزبېك شەيبانىيلىرى

---

① ھىجرىيە 918 - يىلى قىشنىڭ باشلىرى مىلادىيە 1512 - يىلى 12 - ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.

② بۇ ۋاقىت مىلادىيە 1513 - يىلى 3 - ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.

③ ھىجرىيە 919 - يىلى قىش ۋاقتى مىلادىيە 1513 - يىلى 12 - ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.

④ ئۇبەيرە سۇبەيرە — تۈركىي ئەسەرلەردە «ئىبىر سىبىر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئومۇمەن ھازىرقى سىبىرىيىنى كۆرسىتىدۇ (مۇھەررىردىن).

ھەممە ۋەھىمىدىن ئازاد بولدى . يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك ، [ئۇبەيدۇللا] خان ھىسارغا بېرىپ مۇغۇللارنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلدى .

تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 920 - يىلى باھار پەسلىدە① شەيبانىيلار ئەندىجانغا يۈرۈش قىلدى . خان ئەندىجاندا تۇرۇپ ئۆزبېكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ دۆلەتنىڭ ئىستىقبال ئەيىنىكىگە مالاللىق ۋە مۇشكۇلچىلىك تۇزانلىرىنى قوندۇرۇشتىن باشقا پايدا يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى . شەيبانىيلارغا تاقابىل تۇرغۇدەك قۇدرىتى بارلاردىن ۋە شەيبانىيلار چېگرىسى ئىچىدە شەيبانىيلارغا ھۇجۇم قىلغانلاردىن بىرى بابۇر پادىشاھ ئىدى . ئۇمۇ نائۇمىدلىك ئايغىنى مەيۇسلۇك ئۇزەڭگىسىگە قويۇپ كابۇلغا كەتتى . شۇڭا ، ئەڭ ياخشىسى شەيبانىيلار يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ، ئەندىجاننى تاشلاپ بېرىپ كاشغەرگە كېتەيلى ، دېيىشتى . بۇ پىكىرگە ھەممەيلەن قوشۇلۇپ قارار چىقىرىلدى . خان موغۇلىستان يولى بىلەن كاشغەر تەرەپكە بەدەر كەتتى ، فەرغانە ۋىلايىتى ھەم ماۋەرائۇننەھر بىلەن قوشۇلۇپ شەيبانىيلارنىڭ تەسەررۇپىغا كىردى . كۆچۈمخان ھەممە سۇلتانلاردىن ياشقا چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن خانلىق مەرتىۋىسى قەدىمىي ئادەت بويىچە كۆچۈمخانغا قارار تاپتى . ۋەلىئەھدلىك ھېسابلىنىدىغان قائالغەلىك مەرتىۋىسى سۆيۈنچەكخانغا قارار تاپتى ، ئەمما سۆيۈنچەكخان كۆچۈمخاندىن ئىلگىرى ئالەمدىن ئۆتتى . ئۇنىڭ ئورنىدا جانىبېك سۇلتان قائالغە بولدى ، ئۇمۇ سۆيۈنچەك سۇلتاننىڭ ئارقىسىدىن ئاخىرەت يولىغا كىردى . بۇلاردىن كېيىن كۆچۈمخانمۇ ئۆلۈم سەپىرىگە راۋان بولدى ، خانلىق تەختى كۆچۈمخاننىڭ ئوغلى ئەبۇسەئىدخانغا تەۋە بولدى . نەچچە مۇددەتلەردىن كېيىن ئۇمۇ كەتكەنلەرنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ

① 920 - يىلنىڭ باھار پەسلى مىلادىيە 1514 - يىلى 3 — 4 - ئايلارغا توغرا كېلىدۇ .

خانلىق تەختىنى بوش قالدۇردى. شۇ ۋاقىتدا ئۇبەيدۇللاخان خانلىق تەختىدىن ئورۇن ئالدى. گەرچە تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 911 ـ يىلىدىن باشلاپ تاكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان خانلارنىڭ ئاخىرىدىكىسىگىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇبەيدۇللاخان ھەممە خانلارنىڭ ئىشلىرىغا باش بولۇپ، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن خانلىق مەرتىۋىسىنى كۆڭلى خالىمايتتى. ئەگەر ئۇبەيدۇللاخان خان بولۇشنى خالىغان بولسا، ئىنساپ شۇ ئىدىكى، ھېچكىم ئۇنىڭغا قارشى تۇرمىغان بولاتتى. ئۇبەيدۇللاخان قەدىمىي قائىدىگە رىئايە قىلىپ، سۇلتانلار ئىچىدىن قايسىسى ياشقا چوڭ بولسا، شۇنى خانلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى ئىتائەتكارلىق ئورنىدا تۇرغانىدى. ئەبۇسەئىدخاندىن كېيىن ئۇبەيدۇللاخاندىن ياشقا چوڭ كىشى قالمىدى، شۇڭا ئۇبەيدۇللاخان ئاشۇ ۋاقىتدىلا ئاندىن خانلىق تەختىدە ئورۇنلاشتى. ئۇ شۇنداق ھۆكۈمرانلىق قىلدىكى، ئادالەت ۋە ئېھسان شاماللىرىدىن ئالەمنىڭ دىماغلىرى ئىپار ھىدلىرىغا تولدى. ئۇ تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 946 ـ يىلى① پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە كۆچتى — ئۇنىڭ ھۆججەتلىرى نۇرلۇق بولغاي ۋە ئورنى جەننەتتە بولغاي.

پەقىرنىڭ كۈچلۈك گۇمانىم شۇكى، بۇ يۈز يىلنىڭ ئىچىدە پۈتكۈل جاھاندا ئۆتكەن خانلار ۋە پادىشاھلار ئىچىدە بەزىلىرىنى كۆردۈم، بەزىلىرىنىڭ سۈپەتلىرىنى نەقلەن ئىشىتتىم. ئەمما، ئۇبەيدۇللاخاندەك پادىشاھنى كۆرمىگەن ۋە ئاڭلىمىغان بولسام كېرەك. چۈنكى، ئۇبەيدۇللاخان شۇنداق پادىشاھ ئىدىكى، كامىل مۇسۇلمان، تەقۋادار، پەرھىزكار ئىدى. دىن، مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ مۈلكىي، ھەربىي ۋە پۇقرالار ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈنلەي شەرەپلىك شەرىئەت قانۇنى بىلەن بىر تەرەپ قىلاتتى،

① 946 ـ يىلى مىلادىيە 1539 — 1540 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

مۇبارەك شەرىئەت ھۆكۈمىدىن قىلچىلىك تاشقىرىغا چىقىشقا رۇخسەت قىلمايتتى . شىجائەت جاڭگىلىدا شىرلارنى ئۆۋلىغۇدەك ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى . ئۇنىڭ ئىككى قوللىرى ساخاۋەت دەرياسىنىڭ گۆھەر چاچقۇچى سەدەپلىرىدەك ئىدى . ئۇنىڭ مۇبارەك سۈپەتلەرگە ئىگە ۋۇجۇدى تۈرلۈك پەزىلەتلەر بىلەن زىننەتلەنگەنىدى . خەتنى يەتتە خىل نۇسخىدا ياخشى يازاتتى ، بۇ يەتتە تۈرلۈك خەتنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن راست نۇسخا خېتى چىرايلىق ئىدى . ئۆز قولى بىلەن نەچچە «كەلامۇللاھ» (قۇرئان) نى كۆچۈرۈپ ، تەڭرىتائالانىڭ شەرەپلىك جايى بولغان ھەرەم شەرىپكە ئېھتىرام بىلەن ئەۋەتتى . نەسختەئلىق خېتىنىمۇ ناھايىتى ياخشى يازاتتى ، تۈركىي ، ئەرەبىي ۋە پارسىي تىللاردا شېئىرنى ئىنتايىن گۈزەل ئېيتاتتى ، شۇنىڭدەك دىۋانىمۇ بار . نەغمە ئىلمىدە دۇتارنىمۇ ياخشى بىلەتتى ، ھازىرغىچە نەغمە ئەھلى ئارىسىدا ئۇنىڭ ئىجاد قىلغان ئاھاڭلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بار . دېمەك ، ئۇ پۈتكۈل ياخشى سۈپەتلەرنى ئۆزىدە جەملىگەن پادىشاھ ئىدى . ئۇ ھايات بولغان مۇددەت ئىچىدە پايتەخت بۇخاراغا ئالىملار ۋە پەزىلەت ئىگىلىرى شۇ دەرىجىدە يىغىلدىكى ، خالايىق بۇ دەۋردىكى بۇخارانى سۇلتان ھۇسەيىن مىرزا ئەسىرىدىكى ھىرات بىلەن باراۋەر دەپ قارايتتى . بابۇر پادىشاھ سۇلتان سەئىدخان ۋە ئۇبەيدۇللاخاندىن ئىلگىرى ئالەمدىن ئۆتتى ، شۇڭا ئۇبەيدۇللاخاننىڭ ئەسلىمىلىرىنى ئۇلاردىن كېيىن بايان قىلىش لازىم ئىدى . ئەمما ، پادىشاھنىڭ ھەم خاننىڭ ھېكايىلىرى ئۇزۇن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزبېك ھېكايىلىرىنىڭ ئۇ ھېكايەت بىلەن چېتىشلىقى يوق ئىدى . ئەگەر ئۇبەيدۇللاخاننىڭ ئەھۋالىنى ئۇلارنىڭ ۋەقەلىرىدىن كېيىن بايان قىلساق ، ھېكايە چېچىلاڭغۇ بولۇپ قالاتتى ، شۇڭا ئۆزبېك شەيبانىيلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى تاكى ئۇبەيدۇللاخانغىچە ئىخچام بايان قىلدۇق . ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن بۇ كىتابتا ئۆزبېك ھېكايىتى بايان قىلىنغۇسى — تەڭرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر .

## ئوتتۇز توققۇزىنچى باب

# سۇلتان سەئىدخاننىڭ فەرغانە ۋىلايىتىدىن چىقىپ كاشغەرگە يۈرۈش قىلىش سەۋەبى ھەققىدىكى بايان

ئۆزبېك شەيبانىيلىرى تاشكەندتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ سەردارى سۈيۈنچەكخان ئىدى. تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 920 ـ يىلى[①] ئۇلارنىڭ ئەنديجانغا قاراپ يۈرۈش قىلغانلىق خەۋىرى خانغا ئاڭلاندى. پۈتكۈل ئەمىرلەر ۋە چارە ـ تەدبىر ئىگىلىرى يىغىلىپ مەسلىھەت ئىشىكىنى ئاچتى. ئۇلار ھەممە جەھەتتە يىراقنى ئويلاش ئارقىلىق ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە نەزەر سېلىشىپ پىكىر ـ خىياللار-غا چۆمگەنىدى. بۇ ۋاقىتتا تاغام سەييىدمۇھەممەد مىرزاخاننىڭ مۇبارەك سەمىگە مۇنداق مەلۇماتنى يەتكۈزدى: «ئەتراپتىكى سۇلتانلارنىڭ ھەممىسى ئۆز نومۇسلىرىنى ساقلاش، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ غېمىنى قىلىش بىلەن ئاۋارە. بىزنىڭ شەيبانىيلارغا تاقا-بىل تۇرغۇدەك قۇۋۋىتىمىز يوق، چۈنكى ئۇلار كۆپ، قورال ـ ياراغ، ئەسلىھەلىرىمۇ ھەددىۋھېسابسىز. بىز لەشكەرلىرىمىز بىلەن ئۇلارغا قارشى سەپ تۈزۈپ ئۇرۇش قىلساق، تەقدىر ـ قىسمەت ۋەزىرلىرىمىز ۋە ئەمىرلىرىمىزنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك بولۇپ، ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان تەقدىرىمىزدىمۇ، پەقەت بىر ساغلام كىشىنىڭ بىر قولىنى سۇندۇرغانچىلىكلا ئىش قىلغان بولىمىز. ھالبۇكى، ساغلام كىشىنىڭ بىر قولى سۇنغانلىقى بىلەن

① ھىجرىيە 920 ـ يىلى مىلادىيە 1514 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

ئۇ كىشى كاردىن چىقمايدۇ ، بەلكى داۋاملىق ئۇستۇنلۇك تالىشىدۇ ۋە دائىم دۈشمەنلىشىدۇ . خۇدا ساقلىسۇنكى ، ئىش ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ قالسا ، ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىش ئىنتايىن قىيىن بولىدۇ ، بىز مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىمىز . ئۇ چاغدا بۇ خىل خاتالىقنى ھېچقانداق تىرىشچانلىق بىلەنمۇ تولدۇرغىلى ، بۇ جاراھەتنى ھېچبىر داۋا بىلەن ساقايتقىلى بولمايدۇ . فەرغانە ۋىلايىتى ئەسلىدە چاغاتايىيلارغا تەۋە يۇرت بولسىمۇ ، شەيبانىيلار ئۇلاردىن زورلۇق بىلەن تارتىۋالغان ، بىز چاغاتايىيلارغا ۋاكالىتەن بۇ يۇرتقا ئىگىدارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقاندۇق . ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە پۈتكۈل سۇلتانلار ، بولۇپمۇ چاغاتاي سۇلتانلىرى جەڭگۇجېدەل قوللىرىنى ئېھتىيات يەڭلىرى ئىچىگە تىقىۋالدى ، ئىختىلاپ ئاياغلىرىنى چېكىنىش ئېتەكلىرى ئىچىگە تارتىۋالدى . شۇڭا ، ئۇلار ئۈچۈن بۇ يۇرتنى تالىشىپ بۇنداق خەتەرلىك ئىشقا قەدەم قويۇشىمىز ئۇزاقنى كۆزلەشتىن ۋە ئېھتىياتتىن يىراقتۇر . ئەگەر ئېھتىياتچانلىق يولىنى تۇتۇپ ، دۈشمەن لەشكىرىنىڭ چاڭ - توزانلىرى بۇ ۋىلايەت سەھنىسىنى قاراڭغۇ قىلىشتىن ئىلگىرى جەڭگۇجېدەل ئىشىكىنى مەھكەم يېپىپ ، سەپەر تىزگىنىمىزنى ئەسلىي ماكانىمىز بولغان موغۇلىستان تەرەپكە قاراتساق ، غەلىبە - نۇسرەت ۋە بەخت - سائادەتكە مۇۋاپىقراق كۆرۈنىۋاتىدۇ . بۇنىڭدىكى يەنە بىر سەۋەب شۇكى ، مىرزا ئەبابەكرىنىڭ غالىبىيەت ئۇلاغلىرىنى يارىلانغان ھالەتتە دېيىشكە بولىدۇ ، چۈنكى ئۇ يېقىندىلا تۇتلۇق ئۇرۇشىدا زەربە يەپ يېڭىلدى . ئەگەر ئۇنىڭ ۋىلايىتىگە بارساق ، ئۇ بارلىق غەيرەت ۋە ھىممىتىنى ئىشقا سالغان ، جان - جىگەرلىرى بىلەن مەردانىلىك كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ ، پەقەت بىر قېتىملىق ئومۇمىي ئۇرۇشقىلا يېتىشەلىشى مۇمكىن ، ئەمما ئۇنىڭ ئۇرۇشى ئۆزبېكلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشقا قارىغاندا يەڭگىل ۋە ئاساندۇر . ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىشىمىزنىڭ خەۋپ - خەتىرى ئازراق ، پايدا - مەنپەئەتى

كۆپرەكتۇر . بۇ مەسلىھەتىمنىڭ مۇۋاپىقلىقىغا يەنە بىر دەلىلىم شۇكى ، مىرزا ئەبابەكرنىڭ يېشى ئاتمىشتىن ئېشىپ كېتىپتۇ ، ئۇنىڭ سەلتەنەت مۇددىتىمۇ ئەللىك يىلغا يېقىنلىشىپتۇ . پاك ۋە بۇيۇك تەڭرى قىرىق يىلدىن بېرى ئۇنىڭ بۇ جەبىر - زۇلۇملىرىغا مۆھلەت بېرىپ ، ئۆزىنىڭ سەۋر - تاقەت قىلغۇچى سۈپىتىنى نامايان قىلىپتۇ . كۈچلۈك ئېھتىمال شۇكى ، ئۇنىڭ زۇلۇم كۈنلىرى ئاخشامغا يېقىنلاشتى بولغاي . بۇنىڭغا يەنە بىر دەلىل شۇكى ، ئۇ بارلىق داڭدار ئەمىرلەرنى ۋە قابىل كىشىلەرنى كاردىن چىقىرىپتۇ ، سىپاھ ۋە لەشكەرلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالماپتۇ ، ئۇ قابىل ئەمىرلەرنىڭ ئورنىغا بىرقانچە رەزىل ۋە پەس تەبىئەتلىك كىشىلەرنى ئىشقا قويۇپتۇ ، ئۇ رەزىللەرمۇ ئۆزىنىڭ پىكىر - تەدبىرلىرىنىڭ يوق بولۇشىغا قارىماي ، يەنە مىرزا ئەبابەكردىن خاتىرجەم ئەمەس . پۇتكۈل كۈچ - قۇۋۋىتىمىزنى سەرپ قىلىپ كاشغەرنى پەتھى قىلىش ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلساق ، ئېھتىمال تاقاق ئىشىكلەرنى ئېچىشقا قادىر تەڭرى پەتھ - نۇسرەت ئىشىكلىرىنى ئىقبال ۋە بەخت - دۆلەت يۈزلىرىگە ئېچىپ ، مۇددىئايىمىزنى ھاسىل قىلىپ بەرسە ئەجەب ئەمەس . يەنە ئۇنىڭ ئۈستىگە مىرزا ئەبابەكرنىڭ بارلىق مۇلازىم ۋە خادىملىرى ئىزباسارلىق ۋە مەرتىۋە جەھەتتە مىرزا ئەبابەكر بىلەن مېنىڭ شېرىك ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ . مەن ھازىر جانابىڭىزنىڭ دۆلەتپاناھ ھۇزۇرىڭىزدا خىزمىتىڭىزدە سىزگە ھەمراھمەن . شۇڭا ، مىرزا ئەبابەكرنىڭ مۇلازىملىرى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ماڭا يۈزلىنىشى مۇمكىن . كاشغەرنى ئېلىشتا بۇ چوڭ سەۋەب بولغۇسىدۇر . گەرچە مىرزا ئەبابەكر مېنىڭ قېرىندىشىم بولسىمۇ ، ئەمما مۇنۇ شېئىردا ئېيتىلغىنىدەك ، نەزم :

مىڭ قاياشىكىم خۇدانىڭ يادىدىن بولسە جۇدا ،
ئاشنانىڭ بىر سەرى مويىغە ئول بولسۇن فىدا .

پەقىر ھەممە ئىشتا سىزگە ئەبەدىلئەبەد سادىق بولىمەن .
ھەرقانداق باش سىزنىڭ ھۇزۇرىڭىزدا ئۆزىنى تۇپراق بىلەن تەڭ تۇتمايدىكەن ، مەيلى ئۇ مېنىڭ بىر تۇغقىنىم بولغان تەقدىردىمۇ مۇرادىم شۇكى ، ئۇنىڭ بېشىنى بۇ سائادەتلىك دەرگاھنىڭ تۇپرىقى بىلەن تەڭ قىلغايمەن . ساداقەت جەھەتتە تۇغقانچىلىق ھەققىگە نەزەر سالمايمەن ، ئۇنداق تۇغقىنىمنىڭ خار ۋە زەبۇنلۇقىنى دۆلەتنىڭ مۇستەھكەملىكى ۋە سەلتەنەتنىڭ دائىمىيلىقى ئۈچۈن زۆرۈر دەپ بىلىمەن . ئەگەر بۇ پىكىرلىرىم مۇبارەك رايىڭىزغا مۇۋاپىق كەلسە ، مۇشۇ مەسلىھەت بويىچە ئىش كۆرسەك ، دۆلەت ۋە سائادەتكە لايىق كۆرۈنىدۇ . »
تاغام بۇ سۆزلەرنى خاننىڭ سەمىگە سالغاندىن كېيىن خان ئۇنى باشتىن ـ ئاخىرغىچە ياقتۇردى . ناھايىتى خۇشال بولۇپ تەھسىن ـ ئاپىرىنلار ئېيتىپ مۇنداق دېدى : «نەچچە مۇددەتتىن بېرى كۆڭلۈم شۇنىڭدىن پاراكەندە ئىدىكى ، ھەممە مەسلىھەتلەردە ئىمكانسىزلىق پۇراقلىرى ۋە نالايىقلىق ئالامەتلىرى بار ئىدى . ئەگەر ئۇ بويىچە ئىش كۆرگەندە ئاقىۋەت ھەيرانلىق بارماقلىرىنى ھەسرەت چىشلىرىمىز بىلەن چىشلىشىمىزگە توغرا كېلەتتى ، ئېھتىمال مۇشۇ كېڭەش بارلىق مەسلىھەتلەردىن مۇۋاپىقراق ۋە ھەممە تەدبىرلەردىن لايىقراق بولسا كېرەك . سەييىدمۇھەممەد مىرزا ھازىر بايان قىلغان پىكىر نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مېنىڭ كۆڭلۈمدىمۇ ئورۇن ئالغانىدى ، مېنىڭ رايىممۇ سەييىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ رايىغا مۇۋاپىقتۇر . ئەمىرلەردىن ھەركىمنىڭ بۇ ھەقتە يەنە باشقا مەسلىھەتى بولسا تارتىنماي بايان قىلغاي . »
ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى ئىپادە جەھەتتە ۋە مەنە جەھەتتە بۇ پىكىرنىڭ پايدىلىق ۋە ياخشى ئىكەنلىكىنى قۇۋۋەتلەپ بىردەك ئاپىرىن ئېيتىشتى . شۇنداق قىلىپ ھەممەيلەننىڭ رايى مۇشۇ مەسلىھەتكە قارار تاپتى .

خان تارىخىنىڭ (ھىجرىيە) 920 ـ يىلى رەبىئەل ئەۋۋەل ئېيىدا[1] سۆيۈنچەكخان تېخى فەرغانە ۋىلايىتى چېگرىسىغا يېتىپ كەلمەستە ، ئەندىجاندىن چىقىپ موغۇلىستان يولى بىلەن كاشغەرگە قاراپ يۈرۈش قىلدى .

مىرزا ئەبابەكرىنىڭ يەنە ئاجايىپ بىر ئىشى شۇكى ، مەن بۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم ۋە شۇ چاغدا كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ . لېكىن ، شۇنىڭغا جەزم قىلىمەنكى ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ زامانە خەلقىدىن كىشى قالمىسا ، مەزكۇر ئاجايىپ ۋەقە ئاڭلىغۇچىلارغا گوياكى بىر ھېكايە ياكى تەمسىلدەك سېزىلىشى مۇمكىن ، شۇڭا ئۇلار پەقىرنى ئىنتايىن مۇبالىغىچى قاتارىغا قوشۇۋېتىشى مۇقەررەر ، تەگرى ئۇنداق بولۇشتىن ساقلىغاي . لېكىن ، پەقىرنىڭ بۇ ۋەقەنىڭ راستلىقىغا ھېچ شەك ـ شۈبھەم يوق بولغاچقا ، ئۇ ئاجايىپ ھېكايەتنى بايان قىلدىم . بۇ كىتابنى كۆرگۈچىلەرگە ئىلتىماسىم شۇكى ، بۇ نۇسخىغا رىزالىق كۆزى بىلەن قارىغاي ، راستلىق ۋە پاكىزلىك بىلەن ئەستە تۇتقاي .

بۇ ئاجايىپ ۋەقە تۆۋەندىكىچە :

مىرزا ئەبابەكرىنىڭ كاشغەرنىڭ [ئەسكىھىسار دەپ ئاتىلىدىغان] قەدىمىي قەلئەسىنى ۋەيران قىلىپ ، خەلقنى ياركەندكە كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەتكىنىگە نەچچە مۇددەتلەر بولغاندى . كاشغەر قەلئەسىنىڭ بەزى جايلىرىنى تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى . خاننىڭ كاشغەرگە كېلىدىغانلىق خەۋىرى ئاڭلىنىپ ، بۇ خەۋەرنىڭ ھەقىقىي ئىكەنلىكى جەزملەشكەندىن كېيىن مىرزا ئەبابەكر كاشغەرنىڭ قەدىمىي قەلئەسىدىن يۇقىرىراقتا ، تۇمەن سۇيىنىڭ لېۋىدە يار تۆپىسىدە بىر قەلئە ياساتتى . پەقىر ئۇ قەلئەنى نەچچە نۆۋەت كۆرۈپ ھەۋەس بىلەن

---

[1] ھىجرىيە 920 ـ يىلى رەبىئەل ئەۋۋەل ئېيى مىلادىيە 1514 ـ يىلى 4 ـ ، 5 ـ ئايلارغا توغرا كېلىدۇ .

ئايلىنىپ چىققاندىم . چوڭ ـ كىچىكلىكىنى ئەللىك جەرىب[1] مۆلچەرلىدىم ، قەلئەنىڭ ئېگىزلىكى ماتا گېزىدە يىگىرمە بىر[2] گەز ، بۇرجلىرىنىڭ ئەتراپلىرى ناھايىتى ئېگىز ، ھەر تەرەپتە ئوتتۇزغا يېقىن بۇرجى ، [خانە ۋە جەببىخانىلىرى] بار ئىدى . سېپىلنىڭ كۆپىنچە يەرلىرىدە تۆت ئاتلىق كىشى يانمۇيان تەڭ ماڭغىلى بولاتتى . مىرزا ئەبابەكىر بۇ قەدەر ئالىي ۋە مۇستەھكەم قەلئەنى يەتتە كۈندىلا ياسىتىپ پۈتكۈزدى . بۇ ئاجايىپ ئىشلار جۈملىسىدىن بولۇپ ، ھېچقانداق پادىشاھ بۇنچىۋالا چوڭ ۋە مۇستەھكەم قەلئەنى يەتتە كۈندە پۈتكۈزەلمەس . مىرزا ئەبابەكىرنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرىنىڭ نەقەدەر چىڭلىقى يۇقىرىدىمۇ بايان قىلىپ ئۆتۈلگەندى ، بۇ ھېكايەتمۇ شۇنىڭغا ئادىل گۇۋاھتۇر .

سۆز بۇ يەرگە يەتتى . ئەمدى كاشغەر مەملىكىتىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ ئۆتمىسەك ، بۇ كىتابنى سىنچىلاپ ئوقۇغۇچىلار بەزى بايانلاردا شۇبھىلىنىپ قالىدۇ ۋە بەزى ۋەقەلەرنىڭ ماھىيىتى روشەن بولماي قالىدۇ .

## قىرىقىنچى باب

# كاشغەر ئەھۋالىنىڭ بايانى

بىلىش كېرەككى ، كاشغەر مەشھۇر ۋە قەدىمىي شەھەردۇر . قەدىمكى زامانلاردا كاشغەرنىڭ سۇلتانلىرى ئەفراسىياب تۈركنىڭ نەسلىدىن ئىدى . ئەفراسىياب تۈركنى موغۇل خەلقى بۇقاخان دەپ

---

① بۇ سان مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «يۈز ئەللىك جەرىب» دېيىلگەن .

② بۇ سان باشقا نۇسخىلاردا «يىگىرمە گەز» دېيىلگەن .

ئاتايتتى . ئەفراسىيابنىڭ نەسەبى شۇكى ، ئەفراسىياب بولسا پىشەننىڭ ئوغلى ، پىشەن بولسا دادىنشىننىڭ ئوغلى ، دادىنشىن بولسا تۇرنىڭ ئوغلى ، تۇر بولسا ئەفرىدۇننىڭ ئوغلىدۇر . بۇ رىۋايەت «تارىخى گۇزىدە»دە خاجە رەشىدىددىن فەزلۇللاھنىڭ «مەجمەئۇت ـ تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپتۇ ، يەنە بەزى تارىخلاردا بۇنىڭدىن كۆپرەك بايان قىلىنىپتۇ ، تەڭرى بىلىدۇ .

كاشغەر سۇلتانلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان سۇلتان ساتۇق بۇغراخان كىچىك ۋاقتىدا ئىسلام شەرىپىگە ئېرىشىپ ، پۈتكۈل كاشغەر ۋىلايىتىنى مۇسۇلمان قىلدى . سۇلتان ساتۇق بۇغراخاندىن كېيىن قانچىلىگەن كىشى كاشغەردە پادشاھ بولدى ، ھەتتا ماۋەرائۇننەھردىمۇ سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ئەۋلادلىرىدىن پادىشاھ بولۇپ ئۆتتى .

چىڭگىزخان بۇ يەرنى ئىستىلا قىلىشتىن ئىلگىرى ، تايماڭخان[1] چىڭگىزخاندىن قېچىپ كەلگەنىدى . تايماڭخاننىڭ ئوغلى كۇشلۇك[2] كاشغەرنى قاراختايلاردىن بولغان گۇرخاننىڭ سەركەردىسىنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى . قاراختاي خانى گۇرخان كاشغەرنى ئەفراسىيابنىڭ ئەۋلادىنىڭ سەركەردىلىرىدىن تارتىۋالغانىدى . شۇ چاغدا ئەفراسىياب ئەۋلادىدىن سۇلتان ئوسمان بۇغراخان سەمەرقەندتە ماۋەرائۇننەھرنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىغا پادىشاھ ئىدى . سۇلتان ئوسمان بۇغراخان بىلەن خارەزمشاھ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر بارلىق تارىخ كىتابلىرىدا ئايان ۋە بايان قىلىنغاندۇر .

كۇشلۇكنىڭ پىتنىسى ۋە موغۇللارنىڭ كاشغەرنى ئىستىلا

---

① بۇ ئىسىم پارسچە نۇسخىدا «تايمان خان» دېيىلگەن ، مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «نايمانخان» دېيىلگەن .

② بۇ ئىسىم پارسچە نۇسخىدا ۋە مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «كۇچلۇك» دېيىلگەن .

قىلغانلىقى ھەققىدىكى ۋەقەلەر «تارىخى جەھانگۇشاي»دىن ئۆز مەتنى بىلەن نەقىل كەلتۈردى .

## قىرىق بىرىنچى باب

# [«تارىخى جەھانگۇشاي»دىن ئېلىنغان نەقىل]

چىڭگىزخان شەرق دىيارلىرىنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن كۈشلۈكنىڭ ئاتىسى تاياڭخان قېچىپ ، بەشبالىق[1] يولى ئارقىلىق گۈرخاننىڭ چېگرىسىغا كىردى . ئۇ تاغلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرەتتى ، ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بىللە كەلگەن قوۋملىرى چېچىلىپ كەتتى . بەزىلەر گۈرخاننىڭ لەشكەرلىرى ئۇنى تۇتۇپ گۈرخاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى ، دەيدۇ . يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇ ئۆزى باردى ، دېيىلىدۇ . دېمەك ، ئۇ نەچچە مۇددەتكىچە گۈرخاننىڭ خىزمىتىدە ئىدى ، سۇلتان مۇھەممەد خارەزمشاھ توساتتىن گۈرخان بىلەن قارشىلىشىپ ئىتائەتتىن باش تارتتى . مەشرىق تەرەپتىمۇ ئۇنىڭ ئەمىرلىرىدىن بىرقانچىسى سەركەشلىك قىلدى . ئۇلار جاھان شاھى چىڭگىزخاننىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىرىۋېلىپ ، گۈرخاننىڭ خەۋپ - خەتىرىدىن ئامانلىق تاپقانىدى . كۈشلۈك گۈرخانغا : «مېنىڭ قوۋمىم ناھايىتى تولا ، ئۇلار ھازىر ئىمىل[2]

---

① بەشبالىق — ھازىرقى جىمسار ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى كونا شەھەر (مۇھەررىردىن ) .

② ئىمىل — ئەمىل ، ئېمىل دەپمۇ ئاتىلىدۇ . خارابىسى ھازىرقى دۆربىلجىن ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىكى ئەمىل دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنىڭ 5 كىلومېتىر نېرىسىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن ) .

قۇياق[1] ۋە بەشبالىق چېگرىلىرىدا پاراكەندە ھالەتتە چېچىلىپ يۈرۈۋاتىدۇ ، ئۇلارغا ھەركىم خالىغانچە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈپ تۇرۇۋاتىدۇ . ئەگەر ئىجازەت بېرىلسە ، ئۇ قوۋملىرىمنى يىغسام ، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن مۇخالىپلىرىڭىزنى ئىتائىتىڭىزگە كىرگۈزسەم . سىز قانداق پەرمان قىلسىڭىز ئەسلا بويۇنتاۋلۇق قىلمىسام » دېدى . بۇ پىكىر ئارقىلىق گۈرخاننى غۇرۇر زىندانىغا تاشلىدى . ئاندىن گۈرخاننىڭ ئالدىغا نۇرغۇن تۆھپە ـ ھەدىيىلەرنى ئېلىپ كېلىپ ، «ماڭا كۈچلۈكخان » دېگەن لەقەمنى ئىنئام قىلغان بولسىڭىز ، دەپ ئىلتىماس قىلدى . گۈرخانمۇ ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ ، ئۇنى «كۈچلۈكخان» دەپ ئاتىدى . كۈشلۈك شۇنىڭدىن كېيىن گۈرخاننىڭ تەۋەلىكىدىن يادىن چىققان ئوقتەك چىقىپ كەتتى ۋە ئىمىل ، قۇياق چېگرىلىرىغا يېتىپ كەلدى . كۈشلۈكنىڭ بۆلۈنۈپ چىققانلىقى تەرەپ ـ تەرەپكە ئاڭلىنىپ زىلزىلە پەيدا قىلدى . ھىيلە ـ مىكىرچىلەرنىڭ كاتتىۋېشى بولغان توقتاي[2] مۇ ئۇنىڭدىن سەل بۇرۇنراق جاھان پادىشاھى چىڭگىزخاننىڭ ھەيۋەت ـ ھەشەمىتىدىن قورقۇپ قاچقانىدى ، ئۇمۇ كۈشلۈككە قوشۇلدى . كۈشلۈكنىڭ ھەر تەرەپلەرگە چېچىلىپ كەتكەن قوۋملىرى يىغىلدى . ئۇ تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ يۈرەتتى . سۇلتان مۇھەممەد خارەزمشاھنىڭ غەلىبە قازانغانلىق خەۋىرى ئاڭلانغاندىن كېيىن كۈشلۈك مۇھەممەد خارەزمشاھ تەرەپكە ئارقا ـ ئارقىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ : «سۇلتان مۇھەممەد خارەزمشاھ غەرب تەرەپتىن گۈرخان ئۈستىگە يۈرۈش قىلغاي ، شەرق تەرەپتىن كۈشلۈك يۈرۈش قىلغاي . شۇنداق قىلىپ گۈرخاننى ئارىدىن يوقاتقاي . ئەگەر بۇ ئىشتا سۇلتان مۇھەممەد

---

① بۇ نام پارسچە نۇسخىدا «قۇباق» (قباق) دېيىلگەن ، تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «قىيالىق» دېيىلگەن .

② بۇ ئىسىم پارسچە نۇسخىدا ، مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە ۋە تاشكەنت نەشرىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان . موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قولىيازمىسىدا «توختاماي» دەپ يېزىلىپ قالغان .

خارەزمشاھ چاققانلىق قىلىپ كۈشلۈكتىن ئىلگىرى گۈرخاننى يوقاتسا، گۈرخان مەملىكىتىدىن ئالمالىقتىن تارتىپ كاشغەر، خوتەنگە قەدەر بولغان جايلار سۇلتان مۇھەممەد خارەزمشاھقا تەۋە بولغاي. ئەگەر كۈشلۈك سۇلتان مۇھەممەد خارەزمشاھ يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى گۈرخاننى ئاردىن يوقاتسا، قاراختايدىن بەناكەت[①]كىچە بولغان جايلار كۈشلۈككە تەۋە بولغاي» دېگەن سۆزنى ئارىغا سالدى. مەسلىھەت ئاشۇ سۆزگە قارار تاپتى. مۇشۇ ئىتتىپاق بويىچە ئىككىلا تەرەپتىن قارا خىتايغا لەشكىرىي يۈرۈش باشلىدى، كۈشلۈك سۇلتان مۇھەممەد خارەزمشاھتىن ئىلگىرى يېتىپ كېلىپ گۈرخانغا زەربە بەردى. چۈنكى، گۈرخاننىڭ لەشكەرلىرى يىراقتا، خەزىنىلىرى ئۆزكەندتە ئىدى. گۈرخان يېڭىلگەندىن كېيىن كۈشلۈك ئۇنىڭ خەزىنىلىرىنى بۇلاپ - تالىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن بالاساغۇن[②]غا يېتىپ كەلدى، گۈرخان شۇ يەردە ئىدى. گۈرخان جىنۇج دېگەن يەردە كۈشلۈك بىلەن ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلدى. ئۇرۇشتا كۈشلۈك مەغلۇپ بولۇپ يېنىپ كەلدى. كېيىن ئۇ يەنە لەشكەر توپلاپ تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى، چۈنكى گۈرخان مۇھەممەد خارەزمشاھنىڭ ئۇرۇشتىن يېنىپ قايتىپ كېلىۋېتىپتۇ، پۇقرالارغا [ھەم ۋىلايەتلەرگە] قارىتىلغان قائىدە - قانۇنلارنىمۇ ئادەتتىن تاشقىرى چىڭىتىپتۇ، دېگەن خەۋەر ئاڭلانغانىدى. كۈشلۈك لەشكەر باشلاپ بېرىپ گۈرخاننىڭ مەملىكىتى ۋە لەشكەرلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇلاردىن [گۈرخاننىڭ] بىر قىزىنى خوتۇنلۇققا ئالدى. تايماڭ[③] قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ناسارا دىنىدا ئىدى، كۈشلۈك ئۇ قىزنى ئالغاندىن كېيىن ناسارا دىنىدىن يېنىپ بۇتپەرەست

---

① بەناكەت — يەنە فىناكەت، فىناكەنت، بىناكەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سىر دەرياسى بويىدىكى شاھرۇخىيەنى كۆرسىتىدۇ (مۇھەررىردىن).

② بالاساغۇن — غۇز ئوردۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خارابىسى ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى توقماق ئەتراپىدا (مۇھەررىردىن).

③ بۇ نام مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «نايمان» دېيىلگەن.

بولدى .

ئۇ قاراختاي مەملىكىتىدە ئورۇنلىشىپ ، نەچچە نۆۋەت جامبالىق[①] قا بېرىپ ئورۇش قىلدى . ئاخىر گورخاننى شىكار ۋاقتىدا تۇتۇپ ئۆلتۈردى . كاشغەر ۋە خوتەن گورخانغا تەۋە ئىدى ، بۇ جايلار كۈشلۈككە بويسۇنمىدى . كۈشلۈك كاشغەرگە بىر ئەمىر ئەۋەتتى ، كاشغەر ئەمىرلىرى بىر ھىيلە ئىشلىتىپ ئۇ ئەمىرنى شەھەرگە كىرىۋاتقاندا دەرۋازا ئاستىدا ئۆلتۈردى . شۇنىڭدىن كېيىن كۈشلۈك ھەر يىلى [كاشغەرگە] زىرائەتلەر كۆكلىگەن مەزگىلدە لەشكەر ئەۋەتىشكە باشلىدى . لەشكەرلەر زىرائەتلەرنى چارۋىلارغا يېگۈزۈپ ، ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىپ قايتىپ كېتەتتى . ئىككى - ئۈچ نۆۋەت شۇنداق قىلغاندى ، كاشغەر خەلقى ئاچارچىلىققا دۇچار بولۇپ ، قىينالغانلىقتىن ئىلاجسىز كۈشلۈككە بويسۇندى . شۇنىڭدىن كېيىن كۈشلۈك لەشكەر باشلاپ باردى ، لەشكەرلەر كاشغەر خەلقىنىڭ ئۆي - ئۆيلىرىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى . ئۇلار پۈتكۈل خەلقنىڭ ئەھلى ئايالى ، بالا - چاقىلىرى بىلەن بىر ئۆيدە يېتىپ قوپتى ، جەبىر - زۇلۇم ، پىسقۇ پاساتنى ئاشكارا يۈرگۈزۈشكە باشلىدى . بۇ بۇتپەرەست مۇشرىكلار كۆڭلى نېمىنى خالىسا قولىدىن كېلىشىچە قىلدى ، ھېچكىمدە ئۇنى توسقۇدەك ماجال يوق ئىدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار خوتەنگە باردى ، خوتەننىمۇ ئالدى . ئۇ دىيار خەلقىنى ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستەفا — تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ دىنىدىن يېنىشقا دالالەت قىلدى ، خەلقنى يا ناسارا دىنىغا كىرىش ، يا بۇتپەرەست بولۇپ ، قاراختايلارنىڭ كىيىمىنى كىيىش ، بۇ ئىككى ئىشتىن بىرىنى ئىختىيار قىلىش ، [بولمىسا ئۆلتۈرۈلۈشكە رازىلىق بېرىش] كە زورلىدى . خەلق ئىلاجسىز بۈيۈك تەڭرىنىڭ : «كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس ، ئىلاجسىزلىقتىن (يۇقىرىقى

① جامبالىق — خارابىسى ھازىرقى سانجى شەھىرى تەۋەسىدە (مۇھەررىردىن) .

هارام قىلىنغان نەرسىلەردىن ) هاياتنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە ، ئۇنىڭغا هېچ گۇناھ بولمايدۇ . ھەقىقەتەن ئاللا ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ، ناھايىتى مېھرىباندۇر »[①] دېگەن سۆزىنىڭ هۆكۈمىگە بىنائەن قاراختايلارنىڭ كىيىمىنى كىيىشتى . شۇنىڭدىن كېيىن ئەزان ئاۋازى ئۈزۈلدى ، مەسچىد ۋە مەدرىسلەرنىڭ ئىشىكلىرى تاقالدى . ئۇلار بىر كۈنى خوتەندىكى [كاتتا ئالىملار ،] ئۇلۇغ ئىماملارنى سەھراغا ئېلىپ چىقىپ بەس - مۇنازىرە قىلىشىشقا باشلىدى ، بۇ ئىماملار ئارىسىدىن ئىمام ئەلائىددىن [مۇھەممەد خوتەنى — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — ئۇ ئىمانسىز قوۋمنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ ئۇلارنى يەڭدى . ئۇلار ئاخىر ھەزرىتى ئىمام ئەلائىددىن مۇھەممەدنى مەدرىسنىڭ دەرۋازىسىغا ئاستى ۋە بۇ ۋەقە پات يېقىندا بايان قىلىنغۇسى . شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانچىلىق روناق تېپىشتىن توختىدى ، تەڭرىتائالانىڭ بەندىلىرىگە پۈتمەس - تۈگىمەس زۇلۇم ۋە پىسقۇپاساتلار يۈزلەندى . پۈتكۈل مۇسۇلمانلار دۇئا قوللىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ، بۇ ئىمانسىز لەنەتگەردى شۇم قوۋمنى يوقىتىشنى ئىلتىجا قىلىپ يىلىنىپ ، ئۇلۇغلۇق ئىگىسى بولغان تەڭرى دەرگاھىغا يۈزلەنگەنىدى . خەلقنىڭ دۇئا ئوقلىرى ئىجابەت ۋە مەقبۇللۇق نىشانىغا تەگكەن بولسا كېرەك ، شۇنىڭدىن كېيىن كۈشلۈك چىڭگىزخان مەملىكىتى ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى . شۇڭا ، چىڭگىزخانمۇ ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن بارلىق نويانلىرىنى ئەۋەتتى . كۈشلۈك ئۇ ۋاقىتتا كاشغەردە ئىدى ، كاشغەر ئەھلى شۇنداق رىۋايەت قىلىشىدۇ . نويانلار كاشغەرگە يېتىپ كېلىپ تېخى سەپمۇ تۈزمەستىنلا كۈشلۈك چېكىنىشكە يۈزلەندى ۋە قاچتى ، موغۇللار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن توپ - توپ بولۇپ توختاۋسىز يېتىپ كەلدى . ئۇلار بىزدىن كۈشلۈكنىڭ خەۋىرىدىن باشقا گەپ سورىمايتتى ،

---

① «قۇرئان كەرىم» ، 2 - سۈرە بەقەرە ، 173 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى .

ئۇلار بىزگە تەكبىر ـ ئەزان ئوقۇشقا، ناماز ئۆتەشكە ئىجازەت بەردى. شەھەردە: «ھەركىم ئۆز قائىدىسى ۋە ئادىتىنى تاشلىمىسۇن، ئۆزىنىڭ دىنىي يولىدىن چىقمىسۇن» دەپ جاكارلىدى. شۇڭا، ئۇ جامائەتنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تەڭرىنىڭ رەھمىتى، ئالالنىڭ ئىنئامى ۋە ئىنايىتى دەپ بىلدۇق. كۇشلۇك يېڭىلىپ قاچقاندىن كېيىن ئۇنىڭ لەشكەرلىرىدىن شەھەردە ۋە خەلقنىڭ ئۆيلىرىدە قالغانلىرى بىر پەستىلا خارۇزار قىلىنغان ھالدا يوقىتىلدى، قاچقانلىرىنى موغۇل لەشكەرلىرى قوغلاپ يۈرەتتى. ئۇلار قەيەرگە چۈشسە، موغۇل لەشكەرلىرى شۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ قوغلاپ بەدەخشان چېگرىسىغىچە يېتىپ كەلدى. ئۇلار ۋەخان يولىغا كىرمەكچى بولۇپ، سارىغچوپان[①]غا يېتىپ كەلگەندە، يولدىن ئېزىپ قېلىپ بىر جىلغىغا كىردى. بۇ جىلغىنىڭ چىقىدىغان يولى يوق ئىدى. بۇ چاغدا بىر توپ ئوۋچىلار بەدەخشاندىن ئاشۇ تاغلارغا شىكار قىلىشقا كەلگەنىدى. ئۇلار بۇ يەرگە ئېزىپ كىرىپ قالغان كىشىلەرنى كۆرۈپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن موغۇللار يېتىپ كەلدى. موغۇللار قاراپ بېقىپ جىلغىغا كىرىپ كۇشلۇك بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ بىھۇدە مۇشەققەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى، شۇڭا موغۇللار ئوۋچىلارغا: «كۇشلۇك بىزدىن قېچىپ بىرمۇنچە ئادەملىرى بىلەن بۇ يەرگە كەلدى. سىلەر ئەگەر بىزگە كۇشلۇكنى تۇتۇپ بەرسەڭلار، ئۇلارنىڭ باشقا مال ـ دۇنياسىنىڭ بىزگە لازىمى يوق» دېدى. ئوۋچىلار موغۇللار بىلەن شۇنداق پۈتۈشتى. بۇ بىر توپ ئوۋچىلار كۇشلۇكنى ئادەملىرى بىلەن قورشاپ تۇتۇپ موغۇللارغا تاپشۇرۇپ بەردى، موغۇللار كۇشلۇكنىڭ بېشىنى كېسىپ ئېلىپ كەتتى. بەدەخشانلىق ئوۋچىلار سان ـ ساناقسىز نەق پۇل ۋە جاۋاھىراتلارنى غەنىيمەت ئېلىپ قايتتى.

① سارىغچوپان — «مەجمەئۇت ـ تەۋارىخ»تا «سارىقول» دېيىلگەن. بەدەخشاننىڭ چېگراسىدىكى جاي (مۇھەررىردىن).

مەخپىي قالمىسۇنكى، مۇھەممەد مۇستافا — تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ دىنى ۋە شەرىئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلغان ھەرقانداق بەتبەخت پەتھى - نۇسرەت ۋە بەخت - سائادەت تاپالمايدۇ. بۇ قەدىمىي دىننى ۋە توغرا شەرىئەتنى راۋاجلاندۇرغان ھەرقانداق بىر بەخت - سائادەت ئىگىسى مەيلى ئۇ تەقلىد قىلغۇچى، دورامچى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ دەرىجىسى كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈپ ئالىي مەرتىۋىگە، يۈكسەك مەنزىلگە يېتىشىدۇ. نەزم:

چەراغىنىكى ھەق ياندۇردى قويدى،
كىشىكىم «پۇف» دېدى، ساقالى كۆيدى.

## قىرىق ئىككىنچى باب

«تارىخى جەھانگۇشاي»دىن ئېلىنغان نەقىل:

### [ئىمام ئەلائىددىن مۇھەممەد خوتەنىنىڭ كۈشلۈك قولىدا شېھىت بولغانلىقى ھەققىدە]

«تارىخى جەھانگۇشاي»دا ئىمام ئەلائىددىن [مۇھەممەد خوتەنى — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي] — نىڭ شېھىت بولغانلىقى ھەققىدە مۇنداق ئەسلەتمە بېرىلگەن:

كۈشلۈك كاشغەر ۋە [خوتەن]نى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ئىيسا (خرىستىئان) دىنىدىن چىقىپ بۇددا دىنىغا كىردى، باشقىلارنىمۇ پاك ھەنەفىيە مەزھىپىدىن چىقىپ مۇشرىكلىك نىجاستى بىلەن ئۆزلىرىنى بۇلغاشقا، ھىدايەتنىڭ نۇرلۇق

ندۇزىدىن چىقىپ كۇپۇرلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا كىــرىشكە ۋە
لتانۇر - رەھىمنىڭ[1] ئىبادىتىدىن چىقىپ شەيتانىر - رەجىمنىڭ
تائىتىگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ مەقسىتى
رەسسە - مادارا قىلىش بىلەن ھاسىل بولمىدى. شۇنىڭدىن
يىن دۇشمەنلىك ۋە جەبىر - زۇلۇم يولىنى تۇتتى. خالايىق
رقۇنچ ۋە ئامالسىزلىقتىن بۇددىستلارچە كىيىندى ۋە ناسارالار
لاھىنى كىيىشتى، نامازغا ئوقۇلىدىغان ئەزان ئاۋازى ئۆچتى،
ماز پەرزىنى ئادا قىلىش ئۇزۇلدى.

شۇ ئەسنادا كۇشلۇك زورلۇق ۋە ئۇستۇنلۇك بىلەن دەلىل
ەم ھۆججەت ئارقىلىق مۇھەممەد دىنىنىڭ ئۇممەتلىرىنــى ۋە
ھمەد يولىنى تۇتقان پېشۋالارنى يەڭمەكچى بولدى، شۇڭا ئۇ:
ھەر يەردە ئەھلى سالاھ ۋە ئىلىم ئەھلى قاتارىدىكى كىشىلەر
لسا، سەھراغا يىغىلسۇن!»دەپ جار سالدۇردى. ئۈچ مىڭدىن
ۆپرەك ئىمام ۋە ئۇلۇغلار جەم بولدى. كۇشلۇك ئۇلارغا قاراپ
ورىدى:

«بۇ يىغىلغان دانىشمەنلەر ئىچىدە مېنىڭ سىياسىتىمدىن
رقماستىن دىن ۋە مىللەت مەسىلىسىدە مۇنازىرىلىشىپ، مېنى
ڭەلەيدىغان كىشى بارمۇ؟» ئۇ لەنەتگەردى بەددىن كۆڭلىدە: «بۇ
امائەت ئىچىدىن ھېچكىمدە مېنىڭ سۆزۈمنى رەت قىلغۇدەك
جال، دەلىل - ھۆججەت ئېيتقۇدەك جۈرئەت ۋە ئىمكانىيەت يوق.
لار قانداقلا بولمىسۇن، مېنىڭ ھەيۋەت ۋە سۆلىتىمدىن قورقار،
ز جېنىنى بالا - قازا ئوتىغا تاشلاشتىن ئېھتىيات قىلار. بۇ
لغان سۆزلىرىمنى تەستىقلىشىپ، بۇ باتىل مەزھېپىمگە ئىقرار
لۇپ بويسۇنار» دېگەن ناپاك خىيالنى سۇرمەكتە ئىدى.

كۇشلۇك كۆڭلىدە ئاشۇنداق پىكىر قىلىــپ تۇرۇۋاتقاندا،
الايىق ئارىسىدىن ھىدايەت ئەھلىنىڭ شەيخى، ھەق دىنىنــىڭ

---

① بۇ سۆز پارىچە نۇسخىلاردا «رەھمانىر - رەھىم»دېيىلگەن.

ئىمامى ھەزرىتى ئىمام ئەلائىددىن مۇھەممەد خوتەنى — تەڭرى ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىنى نۇرلۇق ، قەبرىلىرىنى يورۇق قىلغاي ۋە ئۇنىڭغا كۆپتىن - كۆپ ئەجىر - مۇكاپات بەرگەي — گوياكى ئەركەك شىردەك ئورنىدىن تۇرۇپ كۈشلۈككە يېقىن كېلىپ ئولتۇردى . ئۇ ھەق سۆزلۈكنىڭ كەمىرىنى بېلىگە مەھكەم باغلاپ ، دىن ۋە مىللەت ھۆكۈملىرى ئۈستىدە بەس - مۇنازىرىلەرنى باشلىدى . بىر دەمدىلا بەس - مۇنازىرىلەر قىزىپ كەتتى . بۇ شېھىت ئىمام ھۆججەتلەرنى بايان قىلىپ دەلىل - ئىسپاتلارنى شۇ قەدەر كۈچلۈك كۆرسەتتىكى ، ھەقىقەت سەپسەتىدىن ، ئالىم جاھىلدىن غالىب كەلدى . سائادەتمەن شېھىت ھەزرىتى ئەلائىددىن مۇھەممەد لەنەتلەرگە نىشان بولغان كۈشلۈكنى يەڭدى .

تەڭرىتائالا مۇنداق دېگەن : « ھەقىقەت (يەنى ئىسلام ) كەلدى ، باتىل (يەنى كۇفرى ) يوقالدى . باتىل ھەقىقەتەن ئوڭاي يوقىلىدۇ ، دېگەن . »① دېمەك ، ئۇ پاسىق ۋە گۇناھكار شۇ قەدەر بىچارىلىك ۋە خىجالەتچىلىككە دۇچار بولدىكى ، چېكىگە يەتكەن غەزەپ ئوتلىرى ۋۇجۇدىنى تىزگىنلىۋالغانلىقتىن ، ئۇنىڭ سۆز قىلغۇدەك ئەقىل ۋە ئىدراكى قالمىدى . شۇڭا ، ئۇ تىل - ھاقارەتكە ئېغىز ئېچىپ ھەزرىتى پەيغەمبەر — تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — گە تىل تەگكۈزۈپ ناسارا ۋە ھاقارەت سۆزلىرىنى ئېيتىشقا باشلىدى . ھەزرىتى ئىمام ھەق سۆزلۈكلۈكى تۈپەيلىدىن ۋە ئىسلام دىنىغا بولغان غەيرىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى سەۋەبىدىن ، ئۇ لەنىتى كاپىرنىڭ بۇنداق پەسكەش سۆزلىرىگە تاقەت قىلالمىدى .

«ئەي دىنىنىڭ دۈشمىنى ، ئەي لەنىتى كۈشلۈك ، — دېدى ئۇ تەخىرسىزلا ، — ئاغزىڭغا تاش - تۇپراق !» بۇ ئاھانەت سۆزى ئۇ لەنىتىنىڭ شۇم قۇلىقىغا يەتتى - دە ، ئىمامنى تۇتۇشقا ئىشارەت قىلدى . تەڭرىتائالا [ نىڭ كالامىدا ] مۇنداق دېيىلىدۇ : «سىلەرگە

① «قۇرئان كەرىم» ، 17 - سۈرە بەنى ئىسرائىل ، 81 - ئايەت .

ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىش تولىمۇ يىراقتۇر .»[1] مىسرا :

سالىغاي دىۋ ئۆيگە نۇرى ئىلاھى پەرتەۋ .

ئۇلار ھەزرىتى ئىمامنى تۆت كىچە - كۈندۈز يالىڭاچ ، ئۇسسۇز تۇتقۇن قىلدى ، غىزا - تائام بەرمىدى . ئەمما ، ئۇ تەڭرىتائالانىڭ «پەرۋەردىگار ماڭا يىمەكلىك ۋە ئىچىملىك بېرىدۇ» دېگەن ھەدىستە بېشارەت بېرىلگەن مېھمانخانىسىنىڭ نېمىتى بىلەن تويۇنغانىدى . ئۇ گويا كى سەمۇد قوۋمى ئىچىدىكى سالىھ ئەلەيھىسسالامدەك ، بەيتۇل - ھەزەن (غەم ئۆيى)دىكى ياقۇپ ئەلەيھىسسالامدەك ، ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدىكى ھەزرىتى جىرجىس ئەلەيھىسسالامدەك ئىدى . ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «قىيىنچىلىق سىناقلىرى پەيغەمبەرلەرگە ، ئەۋلىيالارغا ، ئاندىن شۇلارغا ئوخشايدىغانلارغا داۋاملىق بار .»
ھەزرىتى ئىمام ھەزرىتى ئەييۇب ئەلەيھىسسالامدەك سەۋر - تاقەت قىلىپ ، ھەزرىتى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامدەك زىندان ئىچىدە كۈرەش قىلماقتا ئىدى . چۈنكى ، ھەقىقىي مەردانە ئاشىقلار سۆيگۈ يولىدا مېھنەت - مۇشەققەت تارتسا ، ئۇنى تازا غەنىيمەت ۋە چەكسىز دۆلەت دەپ بىلگۈسىدۇر . مىسرا :

ھەرنە كەلسە خۇش ئېرۇر خاھى سەفا خاھى ئەلەم .

ئاشىقلارنىڭ جان ئېغىزلىرىغا جانان قولىدىن ھەر قانداق زەھەر يەتسە ، مىسرا :

ئابىھەيۋاندۇر كىشى زەھەر ئىچسە يارى ئىلكىدىن ،

دېگەن مىسرانىڭ ھۆكۈمى بويىچە ئۇنىڭغا ھەسەل ۋە شېكەردىنمۇ

---

① «قۇرئان كەرىم» ، 23 - سۈرە مۇئمىنۇن ، 36 - ئايەت .

لەززەتلىكرەك كۆرۈنگۈسىدۇر . كۆڭۈل ئەگەر تەڭرى چىرىغىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇغان بولسا ، ئۇنىڭ ئىمانى ۋە ساداقىتى ھەر نەپەستە كۈچىيىپ بارغۇسىدۇر . ئۇنىڭغا گەرچە ھەر تۈرلۈك ئازاب - ئوقۇبەتلەر يەتسىمۇ ، ئۇنىڭ ئىمان ۋە ساداقىتى زەررىچىلىك نۇقسانغا ئۇچرىمايدۇ . قىتئە :

ۋىسالى دوست تەلەپ ئەيلەسەڭ بەلاكەش بول ،
نېدىنكى دائىم ئېرۇرلار رەفىق خار ئىلە گۈل .
چۇ يار كويى تىلەرسەن ئۆزۈڭنى تەرك ئەتكىل ،
بۇ نەۋئى تۇرفە خەتەرناكۇ سەخت كەلدى بۇ يول .

ئاقىۋەت ئۇ ئازغۇن قوۋم ئۆزىنىڭ جاھالىتىدە بار بولغانلىقى ھىيلە ۋە مىكىرلەرنى ئىشلىتىپ بولدى . ۋەدە بېرىش ، قورقۇ-تۇش ، ئالداش ، تەھدىت سېلىش ، دەھشەتلىك ئازابلاش ۋە شىددەت-لىك قىيناشلارنى چېكىگە يەتكۈزدى . ئەمما ، ھەزرىتى ئىمام — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — نىڭ ئىمانى ۋە ساداقىتىگە قىلچە نۇقسان يەتمىدى ، ئۆزىنىڭ ئېيتقانلىرىنى زەررىچىلىك ئۆزگەرتمى-دى . ئۇ مەلئۇنلار ھەزرىتى ئىمامنى خوتەن مەدرىسىسىنىڭ دەرۋازىسىغا چاھارمىخ قىلدى (مىخلىدى ) .

ھەزرىتى ئىمام — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — تەۋھىد ۋە شاھادەت كەلىمىسىنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئوقۇپ خالايىققا مۇنداق خىتاب قىلدى :

«ئەي خۇدانىڭ بەندىلىرى ! بۇ پايدىسىز دۇنيانىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىدىن قورقۇپ ، دىن ۋە ئىمانىمىزنى بەربات قىلساق بولمايدۇ ! نەچچە كۈنلۈك راھەتكە مەغرۇرلىنىپ ئۆزىمىزنى دوزاخ ئوتىغا ئەبەدىلئەبەد گىرىپتار قىلساق بولمايدۇ ! ئۇششاق باللارنىڭ ئوينايدىغان جايى ھېسابىدىكى بۇ ۋاقىتلىق جاھاننى ئەبەدىيلىك سارىيىنىڭ نازۇنېمەتلىرى بىلەن تېگىشسەك بولمايدۇ ! تەڭرىتائالا : ‹بۇ دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن ، غەپلەتتىنلا

ئىبارەت . تەقۋادارلىق قىلدىغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۇ دۇنيا ياخشىدۇر ، (بۇنى ) چۈشەنمەمسىلەر ؟ » دېگەن[1] .

ھەزرىتى ئىمام بۇ مۇبارەك سۆزلەرنى دېگەندىن كېيىن ھەققە جان تاپشۇرۇپ ، بۇ دۇنيا زىندانىدىن ئەبەدىيلىك دۇنياسىنىڭ نېمەتلىك جەننىتىگە كۆچتى ، تۆۋەنكى باياۋاندىن يۇكسەكلىك بېغىغا كۆتۈرۈلدى . بېيىت :

بولماغۇسى دەھر ئارا ئۇشبۇ كەبى ياخشى كار ،
دوستىغە يەتسە دوستۇ يارىغە ۋەسل ئولسە يار .

بۇ ھادىسە يۈز بېرىپ ئاز پۇرسەتتىن كېيىنلا پاك ۋە بۈيۈك تەگرى ئۇ زالىم كۇپپارلارنىڭ ئۈستىگە چىڭگىزخاننىڭ لەشكىرىنى ئەۋەتتى . زالىملار ئۆزلىرىنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرى ۋە شۇم پەيلى - خۇلقلىرىنىڭ جازاسىنى مۇشۇ ئالەمدىلا تارتتى ، ئاخىرەتتە بولسا دوزاخ ئوتىنىڭ ئازابىغا دۇچار بولغۇسى . «دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي ! »[2]

## چىڭگىزخان ھېكايىتىنىڭ بايانى

پۈتكۈل كاشغەر ۋىلايىتى چىڭگىزخاننىڭ ئىگىدارچىلىقى ئاستىغا كىردى .

دېمەك ، چىڭگىزخان ئىران ۋە تۇراندىنلا ئەمەس ، بەلكى پۈتكۈل ئەتراپى ئالەمدىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئەسلىي ئورنىغا يېنىپ كەلدى ، ئاندىن پۈتكۈل مەملىكىتىنى تۆت

---

① «قۇرئان كەرىم» ، 6 - سۈرە ئەنئام ، 32 - ئايەت .
② «قۇرئان كەرىم» ، 67 - سۈرە مۇلك ، 6 - ئايەتنىڭ ئاخىرى .

ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بەردى . بۇ ۋەقە «مەجمەئۇت ـ تەۋارىخ» تا تەپسىلىي بايان قىلىنىپتۇ . «تارىخى گۇزىدە»دە بولسا قىسقىچە قىلىپ مۇنداق زىكىر قىلىنىپتۇ :

پۈتكۈل دەشتى قىپچاقنىڭ بىر چېتى رۇمغا يېتىپ بارىدۇ ، يەنە بىر چېتى مۇھىت دېڭىزغا تۇتىشىدۇ . بىر تەرىپى ماۋەرائۇننەھرگە ، يەنە بىر چېگرىسى موغۇلىستانغا تۇتىشىدۇ ، بۇنى چوڭ ئوغلى جۇچىخانغا بەردى ؛ پۈتكۈل موغۇلىستان ، قاراختاي ، تۈركىستان ۋە ماۋەرائۇننەھرنى ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايخانغا بەردى ؛ جىمى خىتاي مەملىكىتىنى ئۈچىنچى ئوغلى تولۇيخانغا بەردى ؛ ئۆزىنىڭ ئەسلىي ماكانى بولغان قالماقلار يۇرتىنى تۆتىنچى ئوغلى ئوكتايخان (ئۆگەدەيخان)غا بەردى ؛ ھەممە ئەمىرلىرى ۋە لەشكەرلىرىنىمۇ شۇ خىل ئۇسۇل بىلەن تۆت ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بەردى ؛ شۇ تەقسىماتتا [دۇغلاتمۇ چاغاتايخانغا تەۋە بولدى .] چاغاتايخان ماڭلايسۆيەنى دوغلاتقا تاپشۇردى . «ماڭلايسۆيە» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «ئاپتاپ روي» (ئاپتا يۈز) دېگەن بولىدۇ . ماڭلايسۆيەنىڭ بىر چېگرىسى شاش[①] قا ، يەنە بىر چېگرىسى چالىشقا ، يەنى بىر تەرىپى ئىسسىقكۆلگە ، يەنە بىر تەرىپى سارىغ ئۇيغۇرغا تۇتىشىدۇ . بۇ تۆت تەرەپ چېگرا ئىچىگە كاشغەر ۋە خوتەن قاتارلىق شەھەرلەر جايلاشقان ، شۇ چاغدا دۇغلاتلار ئىچىدىن بۇ مەملىكەتكە ھۆكۈمدار بولغان كىشىنىڭ ئىسمى بابداغان[②] ئىدى . بۇ مەملىكەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئەمىر بابداغاندىن باشلاپ ئەۋلادمۇئەۋلاد مىراس قىلىپ تاكى مىرزا ئەبابەكرىگىچە يەتتى .

---

① شاش — ھازىرقى ئۆزبېكىستاندىكى تاشكەند شەھىرى (مۇھەررىردىن) .

② بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قوليازمىسىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان . پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا «ئەمىر تابداغات»دېيىلگەن ، پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «ئەمىر بايدا كۆرەگان» دېيىلگەن ، تاشكەند رۇسچە نەشرىدە ۋە تېھران نەشرىدە «بايداغان» دەپ ئېلىنغان .

«جامى گىتىنەماي»ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ : «كاشغەر تۈرك شەھەرلىرىنىڭ كاتتىسىدۇر...» يەنە بۇ كىتابتا نەچچىلىگەن نەرسىلەرنى بايان قىلغان ، ئەمما ھازىر كاشغەردە ئۇ نەرسىلەردىن ئەسەرمۇ يوق . ئۇلاردىن بىرى شۇكى ، مەزكۇر كىتابتا : «كىش ۋە بۇلغۇننى[1] ھەممە يەرگە كاشغەردىن ئېلىپ بارىدۇ» دېيىلگەن . لېكىن ، ھازىر كاشغەردە كىش ۋە بۇلغۇن مۇتلەق يوق .

كاشغەرنىڭ ئورنى ۋە كۆرۈنۈشى مۇنداق : ئۇنىڭ شىمال تەرىپى موغۇلىستان تاغلىرىغا تۇتىشىدۇ ، ئۇ تاغلار مەغرىب تەرەپتىن مەشرىق تەرەپكە قاراپ ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغاندۇر . ئۇ تاغلاردىن قانچىلىگەن جىلغا ئېقىنلىرى جەنۇب تەرەپكە قاراپ ئېقىپ تۇرىدۇ . ئۇ تاغنىڭ ئۇزۇنلۇقى شۇنداقكى ، ئۇنىڭ بىر ئۇچى شاشقا تۇتىشىدۇ ، ئۇنىڭ ئايىغى تۇرپاندىن ئۆتۈپ قالماق يۇرتىغا كىرىپ كېتىدۇ ، ئۇنىڭ ئاخىرىنى قالماقلاردىن ئۆزگە كىشى كۆرمىگەندۇر ، ھېچكىم ئۇ تەرەپلەرنى بىلمەيدۇ . بەزىلەر ئۇ تەرەپلەردىن بىرمۇنچە يەرلەرنى كۆرۈپتىكەن ، پەقىر ئۇلاردىن سوراپ باقتىم ، ئەمما ئۇلاردىن بۇ كىتابقا يازغۇدەك سۆز ئاڭلىمىدىم . لېكىن ، موغۇلىستاننىڭ تەپسىلاتى پات يېقىندا بايان قىلىنىدۇ .

شاشتىن تاكى تۇرپانغىچە بولغان ئارىلىق ئۈچ ئايلىق يولدۇر . يەنە كاشغەرنىڭ كۈن ئولتۇرۇش تەرىپىدىمۇ ئۇزۇن تاغلار بار ، موغۇلىستان تاغلىرى بۇ تاغدىن ئايرىلىدۇ . بۇ تاغ كاشغەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن جەنۇب تەرەپكە قاراپ ئۇزۇنىسىغا سوزۇلۇپ كەتكەندۇر . پەقىر مۇھەممەدھەيدەر بۇ تاغنىڭ تۆپىسى بىلەن تاكى ئالتە ئايلىق يەرگىچە باردىم ، ئەمما ئاخىرىغا يېتەلمىدىم . بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى پات پۇرسەتتە ، تىبەتنىڭ ۋەقەلىرى بايانىدا

[1] بۇ سۆز پارسچە نۇسخىسىدا «قاقۇم ۋە سىنجاب»دېيىلگەن .

زىكىر قىلىنغۇسى . بۇ تاغدىنمۇ قانچىلىگەن جىلغا ئېقىنلىرى مەغرىب تەرەپتىن مەشرىق تەرەپكە قاراپ ئېقىپ تۇرىدۇ ، كاشغەر ۋىلايىتىنىڭ ئاۋاتلىقى ئاشۇ ئېقىنلار بىلەن تەمىنلىنىدۇ . پۈتكۈل كاشغەر ، [ ياركەند ①] ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرى ئاشۇ تاغنىڭ ئېتىكىدە شىمال تەرەپتىن جەنۇب تەرەپكە قاراپ ئۇزۇنسىغا ئورۇنلاشقان . كاشغەر ۋە خوتەننىڭ كۈن تۇغۇش تەرىپىمۇ ، جەنۇب تەرىپىمۇ سەھرا بولۇپ ، ئۇ يەردە قۇملۇق جاڭگال ، شورلۇق ۋە دەشتۇباياۋاندىن ئۆزگە ھېچ نەرسە يوق . ئەمما ، قەدىم زامانلاردا ئۇ دەشتۇباياۋانلاردا ئۇلۇغ شەھەرلەر بولغانىكەن . شۇ شەھەرلەر ئىچىدە ئىككى شەھەرنىڭ نامى مەشھۇر . ئۇنىڭ بىرى «لوپ» ، يەنە بىرى «كەتەك» (كېتەك )دەپ ئاتىلىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا شەھەرلەرنىڭ نام - نىشانى قالماپتۇ ، ھەممىسى قۇمنىڭ ئاستىدا قېلىپتۇ . بەزى ئوۋچىلار ياۋا تۆگە ئوۋلاش ئۈچۈن ئۇ باياۋانغا بېرىپتۇ . ئۇلار : «گاھىدا قەلئە ، مۇنار ، مەسچىت ، مەدرىسە ۋە ئالىي ئىمارەتلەر كۆرۈنۈپ شەھەر پەيدا بولۇپ قالىدۇ . يەنە نەچچە مۇددەتتىن كېيىن بارساق ، ئۇ شەھەردىن ھېچ ئەسەر يوق» دەيدۇ .

دېمەك ، كاشغەر ۋە خوتەننىڭ ئاۋات يەرلىرى مەغرىب تەرەپتىكى ئۇزۇن تاغنىڭ ئېتىكىدە . كاشغەر چېگرىسىنىڭ بېشى ئارتۇچ (ھازىرقى ئاتۇش ) ئاتلىق يۇرتتۇر . خوتەننىڭ ئايىغى كېرىيا (ھازىرقى كېرىيە ) ۋە چىرىيا (ھازىرقى چىرا )دۇر . ئارتۇچ بىلەن كېرىيانىڭ ئارىلىقى بىر ئايلىق يولدۇر . ئەمما ، كاشغەر ۋە خوتەن يۇرتلىرىنىڭ قىبلە تەرىپىدىن كۈنچىقىش تەرىپىگە قاراپ تېز سۈرئەت بىلەن يۈرسە ، بىر - ئىككى كۈندىلا ئاۋاتلىق تۈگەپ چۆل - باياۋانلار باشلىنىدۇ . مەزكۇر تاغلاردىن كەلگەن ھەربىر سۇ - ئېقىننىڭ ئىككى ساھىلى ئېكىنزار ۋە ئاۋاتلىقتۇر .

① خەنزۇچە نەشرىگە ئاساسەن تولۇقلاندى (مۇھەررىردىن ) .

شۇلاردىن بىرى تۈمەن سۈيى[①] بولۇپ، كاشغەر بىلەن فەرغانىنىڭ ئارىلىقىدا تاغدىن چىقىپ كېلىدۇ. تۈمەن سۈيى كاشغەرنىڭ قەدىمىي قەلئەسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتەتتى، ئۇ قەلئەنى مىرزا ئەبابەكرى ۋەيران قىلدى. كاشغەرنىڭ كۆپ يۇرتلىرى مۇشۇ سۇ بىلەن ئاۋاتتۇر.

بۇ ئېقىنلارنىڭ يەنە بىرى «قارا تازغۇن» دېيىلىدۇ. «تازغۇن» دېگەنلىك «جىلغا سۈيى»، «ئېقىن» دېگەنلىكتۇر، مەزكۇر قەلئەنىڭ جەنۇبىغا ئۈچ فەرسەڭ[②] يىراقلىقتىكى جايدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. كاشغەر ۋىلايىتىنىڭ نۇرغۇن يۇرتلىرىدا مۇشۇ سۇ بىلەن دېھقانچىلىق قىلىنىدۇ.

يەنە بىر ئېقىننىڭ ئىسمى كۇسانتازغۇن بولۇپ، ياڭىھىسار قەسەبە (شەھەرچە، كىچىك قەلئە)سى مۇشۇ سۇنىڭ لېۋىدە، بۇ قەسەبە مۇشۇ سۇ بىلەن ئاۋات بولۇپتۇ. كاشغەر بىلەن تازغۇننىڭ ئارىلىقى ئالتە فەرسەڭ شەرئىيدۇر.

ياڭىھىساردىن ئۆتسە، قاراچاناق ئاتلىق بىر كىچىك جاي بار. ياڭىھىسار بىلەن قارا چاناقنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن ئالتە فەرسەڭ كېلەر. قاراچاناقنىڭ ئالدى تەرىپىدىن شاھناز سۈيى ئېقىپ تۇرىدۇ، بۇ سۇ بىلەن قانچىلىگەن يۇرتلار ئاۋاتتۇر. شاھناز بىر جىلغا بولۇپ، مەغرىب تەرەپتىكى تاغدا، كاشغەردىن بەدەخشانغا بارىدىغان يول شۇ يەر بىلەندۇر. قاراچاناقتىن ئۆتسە، كۆلفىن دېگەن جاي بار، ئۇنى «كۆلفىنرابات»دەپ ئاتايدۇ، ئۆتكەن - كەچكەنلەر چۈشىدىغان مەنزىلدۇر. قاراچاناقتىن كۆلفىنراباتقىچە

---

① تۈمەن سۈيى — هازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان تۈمەن دەريا. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ لەڭگەر يېزىسىدىكى ئاقتام مەھەللىسىدىن باشلىنىپ، غەربتىن شەرققە قاراپ ئېقىپ يېڭىئۆستەڭ يېزىسىدىكى قىزىلبايراق سۇ ئامبىرىغا قۇيۇلىدۇ (مۇھەررىردىن).

② فەرسەڭ — «فەرسەخ»مۇ دېيىلىدۇ. مۇساپە ئۆلچىمى، ھەربىر فەرسەڭ 6.24 كىلومېتىرغا تەڭ.

بولغان ئارىلىق بەش فەرسەڭ شەرئىيدۇر . كۆلفىنىراباتتىن ئۆتسە ، قوشگۇنبەز ئاتلىق بىر لەڭگەر بار ، ئۇ ناھايىتى ياخشى بىر مەنزىل بولۇپ ، شاھناز سۇيى بىلەن ئاۋاتتۇر . مۇشۇ لەڭگەرگە ۋەخپە قىلىنغان باغ ۋە ئېكىنزارلىرى بار ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولىدۇ ۋە مەنپەئەت ئالىدۇ . قوشگۇنبەزدىن ئۆتسە ، يەنە بىر مەنزىل بار ، «قىزىل» دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ كىچىك يۇرت بولۇپ ، سۇيى تۇزلۇق . بۇ مەنزىلگە زۆرۈر بولمىسا ، ھېچكىم چۈشمەيدۇ . قىزىل ياڭىھىسار بىلەن ياركەندنىڭ تەڭ ئوتتۇرىسىدىكى يولغا جايلاشقان ، قىزىل بىلەن كۆكراباتنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن ئون فەرسەڭگە يېقىن مۇساپە . كۆكراباتتىن ئۆتسە ، ياركەند تەۋەسى باشلىنىدۇ ، كىشىلەر ئۇ يەرنى «راباتچى» دەيدۇ ، ئارىلىقى قىياسەن يەتتە فەرسەڭ شەرئىيدۇر . راباتچى بىلەن قاراچاناقنىڭ ئارىسىدا مۇشۇ ئىسمى ئاتالغان مەنزىللەردىن باشقا ئاۋات جايلار ئاز .

ياركەند قەدىمي دەۋرلەردە ئۇلۇغ شەھەر بولغانىكەن ، ئۇ كونا شەھەرنى مىرزا ئەبابەكر كولاپتۇ . يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قازنقلارنىڭ بىرى مانا شۇ ياركەند كونا شەھىرىدە ئىكەن . مىرزا ئەبابەكر ئۇ يەردىن قانچىلىگەن خەزىنىلەرنى تېپىپتۇ . ئەمما ، ئۇ كونا شەھەرنىڭ ئېتىنىڭ ياركەند ئىكەنلىكى ياكى باشقا ئىسمى بارلىقى مەلۇم ئەمەس . پەقىرنىڭ بوۋىلىرىم زامانىدا ياركەند ياڭىھىسارچىلىك بىر قەسەبە (شەھەرچە) ئىكەن ، مىرزا ئەبابەكر ياركەندنى پايتەخت قىلغاندىن كېيىن ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى چاپتۇرۇپ قانچىلىگەن باغلارنى قۇرۇپتۇ . ئەل ئاغزىدا : «مىرزا ئەبابەكر ئون ئىككى مىڭ باغ قۇردۇرۇپتۇ ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ياركەندكە تەۋە يۇرتلاردا» دېگەن سۆزلەر تارقىلىپ مەشھۇر بولۇپتۇ . ئەمما ، پەقىرنىڭ گۇمانىمچە بۇنچىۋالا كۆپ بولمىغان بولسا كېرەك .

مىرزا ئەبابەكر ياركەندتە بىر قەلئە بىنا قىلىپتۇ ،

سېپىللىرىنىڭ كۆپىنچە جايلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئوتتۇز گەز شەرئىي بار . قەلئەنىڭ ئىچى تەخمىنەن ئىككى يۈز جەرىبچە[1] بار ، ناھايىتى ئېگىز ئەركلەرنى[2] بىنا قىلدۇرۇپتۇ . قەلئەگە ئالتە دەرۋازا قويۇپتۇ ، بۇ دەرۋازىلارنىڭ قۇرۇلمىسى ئىنتايىن مۇستەھكەم بولۇپ ، دەرۋازىلارنى يۈز گەز ئىچكىرىگە تارتىپ ئورنىتىپتۇ . ئىككى تەرەپتىن بۇرج ئېلىپ مېڭىلغانلىقتىن ، دەرۋازىغا ئۇدۇل بارسا بۇ بۇرجلارغا يۈزمۇيۈز توغرىلىنىپ قالىدۇ . ئەگەر دۈشمەن دەرۋازىغا قەست قىلىپ يۈگۈرسە ، ئالدى ۋە ئارقىسىدىن ، ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىن ئوق ۋە تاشلارنى ئوخشاشلا ئاتقىلى بولىدۇ . دەرۋازىلارنىڭ بۇنداق قۇرۇلمىسى ناھايىتى ئاز قەلئەلەردىلا كۆرۈلىدۇ . مىرزا ئەبابەكرى قەلئە ئەركىدە ئالىي ئىمارەتلەرنى قۇرۇپتۇ ، ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلساق ، سۆز ئۇزۇنغا سوزۇلىدۇ .

[مىرزا ئەبابەكرى] مەھەللىلەردە ئونغا يېقىن باغ بىنا قىلدۇرۇپتۇ ، بۇ باغلاردا ئالىي ئىمارەتلەرنى قۇرۇپتۇ . بۇ ئىمارەت-لەرنىڭ ھەربىرىدە يۈزدىن ئۆي ، بەزىلىرىدە يۈزدىنمۇ كۆپرەك ئۆيلەرنى بىنا قىلىپتۇ . ئۇلارنىڭ [گۈمبەز ۋە تاقچىلىرىنى] پۈتۈنلەي گەجكارلىق ، كاھىشكارلىق ھەم رەڭگارەڭ نەقىش ۋە سۈرەتلەر بىلەن بېزەپتۇ . يەنە كۆپىنچە يوللارغا ئاق تېرەكلەر تىكىلگەن بولۇپ ، كىشى شەھەرنىڭ ھەرقانداق تەرىپىگە قاراپ بىر فەرسەڭ ۋە يىگىرمە فەرسەڭ شەرئىي ئارىلىقتا يول ماڭغان تەقدىردىمۇ پۈتۈنلەي تېرەك سايىسىدا بارىدۇ . كۆپىنچە ئاق تېرەكلەرنىڭ ئارىسىدىن سۇلار ئېقىپ تۇرىدۇ .

ياركەندنىڭ سۈيى ئالەمدىكى ھەرقانداق سۇلاردىن ياخشىراق . سۇ ھەققىدە ھۆكۈمالار ھەرقانداق تەرىپ - تەۋسىپلەرنى قىلغان

---

① جەرىب — يەر كۆلەم ئۆلچىمى . ھەربىر جەرىب تەخمىنەن بىر تاناپ (تۆت يۈز كۋادرات مېتىر )غا تەڭ .

② ئەرك — ئىچكىي قەلئە ، پادىشاھنىڭ شەھەر ئىچىدىكى قورغان سارىيى .

بولسا ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياركەندنىڭ سۈيىگە ماس كېلىدۇ . ياركەندنىڭ ۋە خوتەننىڭ سۈيىنىڭ ياخشىلىقى شۇ يەردىكى ، ئۇنىڭدىن ئالتۇن ۋە قاشتېشى چىقىدۇ ، باشقا ئېقىنلاردىن قاشتېشى ۋە ئالتۇن چىقمايدۇ . كاشغەر خەلقى قارا تازغۇن سۈيىنى كۆپ تەرىپلىشىدۇ ، دەرۋەقە قارا تازغۇن سۈيىمۇ ناھايىتى ياخشى ۋە تەملىك . ئەمما ، ياركەند دەرياسىغا تىبەت تاغلىرىدىكى قار ـ مۇزلار ئېرىپ سۇ بولۇپ ئېقىپ كېلىدۇ . باشتىن بىر ئايلىق مۇساپىگىچە جەنۇب تەرەپتىن شىمال تەرەپكە قاراپ ، تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ تاكى سارىغقول (يەنى سېرىققول)غىچە بولغان ئارىلىقتا ناھايىتى تېز ئېقىپ كېلىدۇ . سارىغقول بولسا كاشغەرنىڭ مۇھىم تاغ قاپتىلىدۇر . ياركەند دەرياسى سارىغقولدىن ئۆتكەندىن كېيىن يەتتە كۈنلۈك مۇساپىگىچە كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا قاراپ تاشتىن تاشقا سوقۇلۇپ ئىنتايىن تېز ئاقىدۇ ، ئاندىن تۈزلەڭلىك يەرلەرگە چىقىدۇ ، تاكى ياركەندنىڭ توغرىسىغا يۈرگەندە ئىككى كۈنلۈك مۇساپىسىگىچە كەلگۈچە ئىنتايىن تېزلىك بىلەن ئېقىپ كېلىدۇ . بۇ سۇنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى ، باھار پەسلىدە شۇ قەدەر ئاز ئاقىدۇكى ، مۇبالىغە قىلىنسا بەزى يەرلىرىدىن تاشتىن تاشقا ئاياغ قويۇپ ئۆتكىلى بولىدۇ ، دېيىشكە بولىدۇ . ئەمما ، ئەسەد[1] پەسلىدە شۇ قەدەر ئۇلۇغ ئاقىدۇكى ، بەزى يەرلىرىدىكى سۇنىڭ كەڭلىكى بىر فەرسەڭ شەرئىيچە بار ، چوڭقۇرلۇقىمۇ ھېچبىر يېرىنىڭ تۆت گەزدىن كەم بولمايدۇ ، بۇ سۇدىن قاشتېشى چىقىدۇ . ياركەندنىڭ كۆپىنچە يۇرتلىرىنىڭ دېھقانچىلىقى مۇشۇ سۇ بىلەن بولىدۇ . بۇ دەريادىن يەتتە فەرسەڭ يىراقلىقتا يەنە بىر دەريا بولۇپ ، «تېزئاب»[2] دەپ ئاتىلىدۇ . ياركەندنىڭ قالغان يۇرتلىرى

---

① ئەسەد — (1) شىر ؛ (2) قەدىمىي ئاسترونومىيىدە قۇياش بۇرجى ئىچىدىكى 5 ـ بۇرجنىڭ نامى بولۇپ ، شىر شەكلىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ . ياز ئايلىرىنىڭ 6 ـ ، 7 ـ ، 8 ـ ئايلىرىغا توغرا كېلىدۇ .

② تېزئاب — ھازىرقى قارغىلىق ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى قاراقورۇم تېغىنىڭ شىمالىي باغرىدىن باشلىنىدىغان دەريا (مۇھەررىردىن) .

مۇشۇ دەريا بىلەن ئاۋاتتۇر .

ياركەندتىن خوتەنگە ئاستا يۈرسە ئون كۈنلۈك يولدۇر . ئەمما ، بۇ ئون كۈنلۈك يەر ئىچىدە چۈشىدىغان مەنزىلدىن بۆلەك ھېچ ئاۋات سەھراسى يوقتۇر .

[خوتەندە] ئىككى دەريا بولۇپ ، بىرىنى «قاراقاش»① ، يەنە بىرىنى «ئۈرۈڭقاش»② دەپ ئاتايدۇ . بۇ ئىككى دەريادىن ۋە ياركەند دەرياسىدىن قاشتېشى چىقىدۇ ، ئالەم سەھىپىسىدە بۇنىڭدىن باشقا يەردە قاشتېشى يوقتۇر . قاراقاش ۋە ئۈرۈڭقاشنىڭ سۈيىنى ياركەندنىڭ سۈيىدىن ئەلا دېيىشىدۇ ، ئۈرۈڭقاشنىڭ سۈيىنى ھەممىدىن ياخشى دەپ قارايدۇ . ئەمما ، پەقىرنىڭ نەزىرىمدە خوتەننىڭ سۈيىنىڭ ياركەندنىڭ سۈيىدىن ياخشى تەرىپى ھېچ مەلۇم ئەمەس .

خوتەن قەدىمىي ۋە مەشھۇر شەھەرلەردىندۇر ، بىراق ھازىر قاشتېشىدىن باشقا كىتابقا يازغۇدەك نەرسىسى يوق . خوتەننىڭ ئاجايىپ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى ، خوتەندە زادىلا سېغىزخان يوق . مۇبادا پەيدا بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ خالايىق بۇنى يامانلىقنىڭ بېشارىتى دەپ ھېسابلاپ ، ھەممەيلەن يىغىلىپ ئۇ سېغىزخاننى قوغلىۋېتىدۇ .

ئىمام ئەلائىددىن مۇھەممەد خوتەنىنىڭ خوتەندە كۈشلۈك تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغانلىقى ھەممە تارىخ كىتابلىرىدا زىكىر قىلىنغان . ئەمما ، ئۇ زاتنىڭ قەبرىلىرىنى ، [بەلكى ناملىرىنىمۇ خوتەندە] ھېچكىم بىلمەيدۇ .

خوتەندە مازارلار ناھايىتى كۆپ ، بىراق بۇ مازارلارنىڭ

---

① قاراقاش — ھازىرقى خوتەن دەرياسىنىڭ غەربىي مەنبەسى . قاراقورۇم تېغىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن باشلىنىپ قۇشلاش دېگەن يەردە يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ خوتەن دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ (مۇھەررىردىن ) .

② ئۈرۈڭقاش — يۇرۇڭقاش دەپمۇ ئاتىلىدۇ . چىرا ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئوتتۇرا قاراقورۇم تېغىنىڭ شىمالىي باغرىدىكى مۇزلۇقتىن باشلىنىپ ، قۇشلاش دېگەن يەردە ۋە يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ خوتەن دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ (مۇھەررىردىن ) .

ئەھۋاللىرى مەلۇم ئەمەس . بۇ ھەقتە خالايىق ئاغزىدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەر مەشھۇر ۋە ھەممىگە تونۇشلۇق . ئەمما ، بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ناتوغرىلىقىنى تارىخ كىتابلىرىنى كۆرگەن كىشى ھېس قىلالايدۇ . بۇ مازارلارغا «قوۋمى شەھىدان» ، «ئىمامى زەبىھە» ، «ئىمامى جەئفەرى تەييار» ، «ئىمامى جەئفەرى سادىق» — تەڭرى ئۇلاردىن رازى بولغاي — دېگەنگە ئوخشاش ئاتلارنى قويۇپتۇ ، يەنە نەچچىلىگەن مازارلارغا ساھابىلەر — تەڭرى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە جەننەت ئاتا قىلغاي — نىڭ ئىسىملىرىنى قويۇپتۇ . مېنىڭ قارىشىمچە ، بۇ مازارلارنىڭ بۇنداق ئاتلار بىلەن مەشھۇر بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى ، تابىئىنلارغا مەنسۇپ كىشىلەر ئىچىدىن ئاشۇنداق ئىسىم بىلەن ئاتالغان بۇزرۇكۋارلار بۇ يەرگە كېلىپ شېھىت بولغان بولسا كېرەك . بۇ ۋىلايەتلەر ئىسلامغا كىرگۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى تابىئىنلار تەۋەسىدىن بولغان بىرقانچە ئەزىزلەر كېلىپ غازات قىلىپ شېھىت بولغانىكەن . ئاجايىپ ئىش شۇكى ، بۇ شېھىتلەر تاۋۇتى بىلەنلا يەرلىكتە قويۇلۇپتۇ . بەزىدە شامال قۇمنى ئۇچۇرۇپ قەبرە ئېچىلىپ قالىدۇ - دە ، شېھىتلەر شۇ پېتى ئاشكارا بولىدۇ ، ئۇلارنىڭ زەخىملەنگەن يەرلىرى ئېنىق ۋە سېزىلەرلىك بىلىنىپ تۇرىدۇ ، ھەتتا ئۇلارنىڭ زەخىملەنگەن يەردىن چىققان قانلىرىمۇ يارا ئېغىزىدا توختاپ قۇرۇپ قېلىپتۇ . بۇ مازارلارنى زىيارەت قىلغان كىشى بۇنداق ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ .

ياركەندنىڭ مازارلىرىنى ھېچكىم كىتاب ياكى تارىخلاردا بايان قىلماپتۇ . لېكىن ، ياركەند ئەھلىنىڭ ئېتىقادلىرىدا بىر ئۇلۇغ مازار ھەفت مۇھەممەداندۇر . ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى مازاردىكى مۇجاۋىرلار بايان قىلىدۇ ، بىراق ئۇلارنىڭ بايانلىرى بۇ كىتابقا يازغۇدەك ئىشەنچكە يارىمايدۇ . ھەزرىتى ئىشاننىڭ مۇرىتلىرىدىن مەۋلانا خاجە ئەھمەد ياشانغان ۋە ساھىب ھال[1] كىشى ئىدى ،

---

[1] ساھىب ھال — يوشۇرۇن ، غايىب ئىشلاردىن خەۋەردار .

تەڭرىتائالا خالىسا ئۇز نۆۋىتى كەلگەندە ئۇ زاتنىڭ بىرقانچە رىۋايەتلەر نەقىل قىلىنغۇسىدۇر . مەن مەۋلانا خاجە ئەھمەددىن ئاڭلىغانىدىم ، ئۇ زات : «ھەفت مۇھەممەدان ئەۋلىيالاردىن ئىكەن» دەيتتى . بىراق ، پەقىر ھېچ كىتابتا ھەفت مۇھەممەدانىنىڭ ئەھۋالاتىنى كۆرمىدىم . يەنە بىر مازار — دەۋاخان پادىشاھتۇر . پەقىر مۇجاۋىرلاردىن ئۇلارنىڭ ئەھۋالاتىنى ئاڭلىمىدىم ۋە ھەقىقىي ئەھۋاللىرىنى ھېچ بىلمەيتتىم . تاسادىپىي ھالدا بىر قېتىم مەخدۇمى ئىرشاد پەناھ شىھابىددىن خاجە خاۋەند مەھمۇد ھەزرەتلىرى دەۋاخان پادىشاھ مازىرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى ، پەقىر كەمىنە ئۇ زاتنىڭ خىزمەتلىرىدە ھەمراھ ئىدىم . شۇڭا ، پەقىرگە ئىلتىپات قىلىپ مازارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ : «بۇ بۇزرۇك ئاجايىپ جەزەبىسى[①] كۈچلۈك كىشى ئىكەن . ھەر قېتىم بۇ يەردىن ئۆتكىنىمدە ماڭا قاتتىق جەزەبە يېتىدۇ» دېدى . بۇ مازاردا ئالىي ئىمارەتلەر بىنا قىلىنىپتۇ ، ئەتراپى رەڭگارەڭ نەقىش ۋە خەتلەر بىلەن زىننەتلىنىپتۇ . پەقىر ئۇ ئىمارەتنىڭ ئەتراپىنى قانچە قېتىملاپ ئايلىنىپ تامدىكى خەتلەرنى ئوقۇشقا تىرىشىپ كۆردۈم ، ئوقۇغىلى بولمىدى ، چۈنكى ئۇ خەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى خەتتى كۇفە نۇسخىسىدا يېزىلغانىكەن . ئەمما ، بۇ زاماندا خەتتى [كۇفە ئۇسلۇبىنى ئەمەس ، خەتتى سۇلۇس ئۇسلۇبىنىمۇ ئازراق بىلىدىغانلار يوق ، بۇخىل خەتنى ئوقۇش ئاسانلىقچە نېسىپ ] بولمايدۇ . ئۇ ئىمارەتكە يېقىن يەردە بىر گۈمبەز بار ئىدى ، ئۇنىڭ تاقىغا تۈركىي خەت يېزىلىپتۇ ، بىراق كۆپىنچىسى ۋەيران بولۇپتۇ . ئۇنىڭغا پۈتۈلگەن خەتلەر ئىچىدە : «تارىختا ئالتە يۈز ئەللىك ئالتە»[②] دېگەن خەتلەر بار ئىكەن ، قالغانلىرى بۇزۇلۇپ پەرسۇدە بولۇپ كېتىپتۇ ، ئوقۇغىلى بولمايدىكەن . بۇ دەۋاخان تارىختا ئۆتكەن «دەۋاچىخان» دېگەن نام

---

① جەزەبە — كۈچلۈك ھاياجانلىق كەيپىيات .

② ھىجرىيە 656 ـ يىلى مىلادىيە 1258 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ .

بىلەن مەشھۇر بولغان كىشىگە يېقىن كېلىدۇ . پەقىرنىڭ گۇمانىم شۇكى ، بۇ ئاشۇ دەۋاخاننىڭ مازىرىدۇر ، بۇنىڭغا بىر نەچچە دەلىل بار . ئۇنىڭ بىرى شۇكى ، ئۇ تارىختا دەۋاخان ئاتلىق باشقا پادىشاھ يوق ئىدى . دەۋاخان دېگەن ناممۇ بۇ كىشىنىڭ بىرەر شەيخ ياكى ئەۋلىيا بولۇپ ، كېيىنكى بىرەر تېۋىنغۇچىنىڭ ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە مۇشۇنداق ئالىي ئىمارەتلەرنى بىنا قىلدۇرغانلىقىنى ئىسپاتلىمايدۇ . يەنە بىر دەلىل شۇكى ، دەۋاخاننىڭ ئاتىسى بەراقخان بۇخارادا مۇسۇلمان بولۇپ ، ئۆزىگە سۇلتان غىياسىددىن دەپ لەقەم قويغانىدى ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى دەۋاخان پادىشاھ بولۇپتۇ . بۇنىڭدىن دەۋاخاننىڭمۇ مۇسۇلمان بولغانلىقى مەلۇم ۋە ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ، تارىخ كىتابلىرىدا دەۋاخاننىڭ تەرىپ - تەۋسىپلىرى ناھايىتى كۆپ بايان قىلىنىپتۇ . ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ياخشى خىسلەتلىرىنىڭ خاسىيىتىدىن تەڭرىتائالا ئۇنىڭغا ئەۋلىيالىق مەرتىۋىسىنى ئاتا قىلغان بولسا ھېچ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس . ئۇنىڭدىن كېيىن ئېتىقادى بار خالايىق ئۇنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ بېرىش - كېلىش ئارقىلىق بۇ جاي مەشھۇر بىر مازار بولۇپ قالغان بولسا كېرەك . تەڭرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر . ئەگەر بۇ دەۋاخان پادىشاھ مازىرى ئاشۇ دەۋاخاننىڭ بولىدىغان بولسا ، ئۇنىڭ باشقا ئەھۋاللىرىمۇ تارىخلاردا زىكىر قىلىنغان . مەۋلانا شەرەفىددىن ئەلى يەزدى — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — نىڭ «زەپەرنامە» ناملىق ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق بايان قىلىنغان : «دەۋاخان بەراقخاننىڭ ئوغلى ، بەراقخان [قارا] يىسۇن[1]نىڭ ئوغلى ، قارا يىسۇ مامىكارى[2]نىڭ ئوغلى ، مامىكارى چاغاتاينىڭ ئوغلى ، چاغاتاي بولسا چىڭگىزخاننىڭ ئوغلىدۇر . دەۋاخان

---

① بۇ ئىسىم پارىچە نۇسخىلاردا «قارا يىسۇ» دېيىلگەن .
② بۇ ئىسىم پارىچە نۇسخىلاردا «مامىكاي»دېيىلگەن .

بەختىيار ، يۈكسەك مەرتىۋىگە ئىگە پادىشاھ ، جاھانگىرلىك تەختىگە لايىق ۋە بەختىيارلىق تاجىغا مۇناسىپ ئىدى . بېيىت :

فەلەك رىفئەتۇ ساھىبى تاجۇ تەخت ،
قەۋى رايۇ ، غەييۇرۇ فىرۇز بەخت .
كى ئەييامى ئىنساف ئىلە داد ئىدى ،
ئانىڭ دادىدىن كىشۋەر ئاباد ئىدى .

ئىلەنگىز نويان بولسا مىر پەخلەنىڭ ئوغلى ، مىر پەخلە بولسا نىسۇننىڭ ئوغلى ئىدى . ئۇ قاراچار نويان ئەۋلادىدىن بولۇپ ، بارلاس نەسلىدىن ئىدى . ئىلەنگىز نويان قەدىمىي ئەھدىنامە بويىچە دەۋاخانغا بەيئەت قىلدى ، بوۋىلىرى ۋە ئەجدادلىرىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى جارى قىلىندى . دەۋاخان ئوتتۇز يىل بەختىيارلىق بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزدى ، ئىلەنگىز نويانىنىڭ تەدبىرى بىلەن چاغاتاي ئۇلۇسىنى گۈللەندۈردى . كىمكى ئۇنىڭدىن مۇرادىنى ئىزدىسە ، مۇرادى مۇيەسسەر بولاتتى . بېيىت :

ئانىڭدىن كىشى ئىستەبان ھەرنە كام ،
ئۇشۇل كامىغە ۋاسىل ئولدى تەمام .

ئاخىر ئۇمۇ يوقلۇق ئالىمىگە يول ئالدى .» بۇ يەرگىچە بولغان بۆلەك «زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىلدۇر .

ياركەند قەلئەسىنىڭ ئىچىدە ئەرككە يېقىن جايدا غەبھاجى[1] ئاتلىق بىر مازار بار . ئۇ يەردە بىر ئادەمنىڭ يانپىشىنىڭ ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن بىر ئۇستىخىنى بار ، پەقىر دائىم ئۇنى كۆرۈپ تەئەججۈپلىنەتتىم . مەۋلانا [شاھ] سەييىد ئاشىق چوڭقۇر

---

[1] بۇ ئىسىم پارسچە نۇسخىلاردا «غەيبھاجى ئاتا» ، تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «غەنجاجى»دېيىلگەن .

بىلىمگە ئىگە ، تەقۋادار كىشى بولۇپ ، ماۋەرائۇننەھردىن ئىدى .
بۇ ئۇستىخاننى ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم ، ئۇ زاتمۇ تەئەججۇپلەندى ۋە :
«بۇنىڭ مىقدارىنى بىلىپ باقايلى» دەپ ھازىرقى زاماندىكى
كىشىلەرنىڭ يانپاش ئۇستىخىنىنى ئېلىپ كېلىپ ، شۇ ئۇستىخانغا
باراۋەر چوڭلۇقتا چالما ئېلىپ كەلدى ، ئاندىن نەچچە پارچە
چالمىنى شۇ قەدىمىي ئۇستىخان بىلەن باراۋەر مىقداردا تىزىپ ،
ئۇ چالمىلارنى ساناپ باققاندى ، ئاتمىش پارچە چىقتى . شۇنىڭدىن
كېيىن مەۋلانا : «بۇ ئۇستىخاننىڭ ئىگىسى ھازىرقى زاماندىكى
ئادەملەردىن ئاتمىش ھەسسە چوڭ ئىكەن» دېدى . بۇمۇ ئاجايىپ
ئىشلاردىن بىرىدۇر .

كاشغەرنىڭ مازارلىرى ئىچىدە بىرىنچىسى ئەفراسىيابىنىڭ
نەسلىدىن بولغان سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ ، [يۇسۇف
قىدىرخاننىڭ ۋە سۇلتان ئىلىك مازىرىنىڭ] مازىرىدۇر . [سۇلتان
ساتۇق بۇغراخان تۈركلەردىن ئالدى بىلەن مۇسۇلمان بولغان
كىشىدۇر .] ئۇ زاتنىڭ شەنىدە بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىشىدۇ ،
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «تۈركلەردىن شۇنداق بىر
كىشى ئىسلام ئاچىدۇكى ، ئۇنىڭ ئىسمى ساتۇقدۇر .» مەن بەزى
دەرۋىشلەردىن ئاڭلىدىم . ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ، سۇلتان ساتۇق
بۇغراخاننىڭ روھىناتلىرىغا يۈزلىنىش كىشىنى ئۇلۇغ بىر ھۇزۇر
ۋە پەيز ئىچىگە باشلايدىكەن .

يەنە كۆپ مازارلار باركى ، ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرى كىتابچىلەردە
يېزىلغان ، ھېكايەت ۋە رىۋايەتلىرى زىكىر قىلىنغان . شۇلار
جۈملىسىدىن ھۇسەين فەزلى خوجا ، قۇتبى ئالەم خوجا ، شەيخ
ھىجازى ، شەيخ ھەبىب ، فەقىھ ئەييۇب[1] خاجە ۋە باشقىلار بار . بۇ
مازارلاردا غارايىب ئىشلار بار .

ھۇسەين فەزلى خوجىنىڭ مازىرىدىكى خاتىرە لەۋھەنى

---

① بۇ ئىسىم پارسچە نۇسخىلاردا «فەقىھ ئەبۇبەكرى»دېيىلگەن .

«خاتىرەئى مۇفتىيان» دېيىشىدۇ . ئۇ يەردە بىر قەبرە بار ، ئۇ قەبرىدىكى كىشىنىڭ يۈزىنىڭ ئۇدۇلىدىن بىر تۈگلۈك قالدۇرۇپ قويۇلۇپتۇ ، جەسەت ھېچقانداق ئۆزگەرمەپتۇ . ئۇ كىشىنىڭ ساقاللىرى ئۇزۇن ۋە سېرىققا مايىل ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . پەقىر كاشغەر ئۆلىمالىرىدىن ئاڭلىغانىدىم ، ئۇلار : «قاچانكى بىرەر قىيىن مەسىلە كۆرۈلسە ، ئۇ مەسىلىنىڭ مەزمۇنى بايان قىلىنىدۇ . ئەتىسى بارسا ، ئۇ يەردە جاۋابى پۈتۈكلۈك تۇرىدۇ ، بۇ سىناپ كۆرۈلگەن ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكەن» دېيىشكەنىدى . بۇ گەپنىڭ راست ياكى يالغانلىقىغا ئۇنى ئېيتقۇچىلار ئىگە .

كاشغەر ۋە خوتەن خەلقى تۆت تۇرلۇك تائىپىدىن تەركىب تاپقان . ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى «تۇمەن» دەيدۇ ، ئاۋام پۇقرانى كۆرسىتىدۇ . ئۇلارنىڭ ھەممىسى خانغا تەۋە بولۇپ ، ماللىرىنى يىلمۇيىل خانغا بېرىدۇ . يەنە بىر قىسمىنى «قاۋچىن»دەيدۇ ، سىپاھ (ھەربىي)لارنى كۆرسىتىدۇ ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەقىر-نىڭ ئاتا - بوۋامغا تەئەللۇقتۇر . يەنە بىر قىسمىنى «ئايماق» دەيدۇ ، ئۇلار ئاشلىق ۋە خام (ماتا ) تاپشۇرىدۇ ، ئۇلارمۇ پەقىرنىڭ بوۋىلىرىمغا تەئەللۇقتۇر . يەنە بىر قىسمى شەرىئەت مەنسەپدارلىرى بولۇپ ، خەير - ساخاۋەت ئورۇنلىرى ھەم ۋەخپىلەرگە مەسئۇل ، ئۇلارنىڭمۇ كۆپىنچىسى پەقىرنىڭ بوۋىلىرىمغا تەۋەدۇر .

يەنە بۇ ۋىلايەتلەردە پەقەت مۇشۇ دىيارلارغىلا خاس بولغان بىرقانچە نەرسىلەر بار . ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى قاشتېشى بولۇپ ، ياركەند ۋە خوتەن دەريالىرىدىن چىقىدۇ ، ئالەم سەھىپىسىدە بۇنىڭدىن باشقا يەردىن قاشتېشى چىققانلىقى مەلۇم ئەمەس . يەنە بىرى ياۋا تۆگىدۇر . ئەگەر ئۇنى سالامەت تۇتۇپ ئادەتتىكى تۆگىلەر قاتارىغا قوشۇپ ئىشلەتسە ، رەسمىي تۆگىلەردەك ئىشقا يارايدۇ . بۇمۇ خوتەننىڭ شەرق ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدىكى باياۋانلاردا

بار . يەنە خوتەننىڭ تاغلىرىدا ناھايىتى چوڭ ۋە ھەيۋەتلىك ياۋا قوتازلار بار ، ھەممە ھايۋانلاردىن ئۇنىڭ خەتىرى ئارتۇقراقتۇر . ئەگەر ئۇ ئادەمنى ئۇچراتسا ، ئۇسۇپ ـ تېپىپ ئاستىغا بېسىپ دەسسەپ ، تىلى بىلەن يالاپ ھالاك قىلىدۇ . پەقىر تىبەتتىن بەدەخشانغا بارغىنىمدا — بۇ ۋەقە پات پۇرسەتتە بايان قىلىنىدىغۇسى — بىز يىگىرمە بىر كىشى ئىدۇق ، شۇ يولدا بىر قوتازنى ئۆلتۈردۇق . ئۇنىڭ ئىچ ـ باغرىنى تۆت كىشى خېلى مۇشەققەتلەر بىلەن ئىچىدىن تارتىپ ئالدى ، بىر قولىنى بىر ئادەم ھەرقانچە كۈچەپ باققان بولسىمۇ كۆتۈرەلمىدى . دېمەك ، يىگىرمە بىر كىشى قۇدرىتىمىزنىڭ يېتىشىچە ئوزۇقلۇق گۆش ئالدۇق ، يەنە قوتازنىڭ ئىككى ھەسسىسى ئېشىپ قالدى .

يەنە بۇ ۋىلايەتتە مېۋە ـ چېۋىلەر كۆپ . ھەممە مېۋىلەرگە قارىغاندا نەشپۈتى ناھايىتى ياخشى ، باشقا يەردە ئۇنداق نەشپۈتنى كۆرمىدىم . گۈلى ۋە گۈلابىمۇ ناھايىتى ئوبدان ، ھىراتنىڭ گۈل ۋە گۈلابىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ . مېۋىلىرى باشقا ۋىلايەتنىڭ مېۋىلىرىگە ئوخشاشمايدۇ ، زەرىرىمۇ كەمرەكتۇر . قىش كۈنلىرى ھاۋاسىنىڭ سوغۇقلۇقى مۆتىدىلدىن زىيادىرەك بولىدۇ ، ئەمما ياز كۈنلىرى ئىسسىقلىقى مۆتىدىل بولىدۇ . سۈيى ۋە ھاۋاسى مۇخالىپ ئەمەس ، بەدەنگە ناھايىتى مۇۋاپىق . ھۆل مېۋىسىنى ناشتىدا يېسە ياكى تاماقتىن كېيىنلا يېسە ، زەرەر قىلىدۇ ، تائامنىمۇ زەرەرلىك قىلىدۇ . كاشغەرنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى يېقىشلىق بولغاچقا ، مۇتلەق زەرەر قىلمايدۇ ، مۇخالىپمۇ كەلمەيدۇ .

كاشغەر ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرىنىڭ كۆپ ساندىكى يەرلىرىدە كۈز ۋاقتىدا مېۋىلەرنى ساتىدىغان ئادەت يوق . يەيدىغان خالايىقنى ھېچكىم توسماي ئۆز ئىختىيارىغا قويىدۇ ، خالىغان كىشى ئېلىپ كەتسىمۇ بولىدۇ . ئەمما ، نوقسانلىرىمۇ ئاز ئەمەس . ھاۋاسى گەرچە بەدەنگە مۇۋاپىق كەلسىمۇ ، بىراق ھەمىشە چاڭ ـ توزان ،

شامال ـ يامغۇردىن خالىي بولمايدۇ . قاتتىق تەتۈر شامال ، چاڭ ـ توزان ۋە توپا ـ تۇمانلىرى تولا . گەرچە ھىندىستاندىمۇ مۇشۇنداق ھاۋا بار بولسىمۇ ، لېكىن كاشغەردە ئۇنىڭدىن زىيادىرەك . زىرائەت ئىشلىرىدىمۇ جاپاسى تولا ، ھوسۇلى كەم . كاشغەر يەرلىرىنىڭ ھوسۇلى كەم بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە لەشكەر يىغىش مۇشكۇل . كاشغەرنى دەشتى قىپچاق ، قالماق ۋە موغۇلىستانغا سېلىشتۇرغاندا بۇ يەر شەھەرگە ئوخشايدۇ ، ئەمما كەم ھوسۇللۇقى تۈپەيلىدىن لەشكەرلەرنىڭ تۇرۇشى قىيىنلىقى جەھەتتە سەھراغا ئوخشايدۇ . ئەگەر شەھەر خەلقى كاشغەرگە بارسا ، كاشغەرنى سەھرا كۆرىدۇ ، ئەگەر سەھرا خەلقى كۆرسە ، شەھەر خىيال قىلىدۇ . دېمەك ، كاشغەر فىردەۋس (جەننەت)ماكان شەھەرلەرگىمۇ ، دوزاخ نىشان سەھرالارغىمۇ مەنسۇپ دېيىشكە بولىدىغان ئەئراف[1]قا ئوخشىشىپ كېتىدۇ . مىسرا :

ئەئرافنى جەننەت دېگۈسى ئەھلى جەھەننەم .

بولۇپمۇ بۇ يەر ياتلارنىڭ خەتىرىدىن يىراق ، چەت جاي بولۇپ ، پەقىردەك قانائەتچان ، ئۆي ـ ئوتاقنى غەنىيمەت بىلىدىغانلار ئۈچۈن تىنچ ماكاندۇر . ئۆتكەن ئەزىزلەرنىڭ بەرىكىتىدىن تەرىقەت ئەھلىگە بۇ ۋىلايەتتە مۇۋەپپەقىيەتلەر ھاسىل بولدى . مەن سۇلۇك ئەھلىنىڭ نۇرغۇنلىرىدىن ئاڭلىدىم ، ئۇلار : «ئەگەر بۇ ۋىلايەتتىن باشقا دىيارغا بارساق ، ئۆزگە دىياردا بۇ يەردىكىدەك جەمئىيەت (جامائەت)كە مۇيەسسەر بولغىلى بولمايدۇ» دېيىشىدۇ . ئۇلار شۇ سەۋەبتىن كاشغەرنى كۆپ ئەسلەيدۇ ، بۇ شەرەپ ئۇنىڭغا يېتەرلىكتۇر .

---

① ئەئراف — جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ئارىلىقىدىكى ئورۇن .

# قىرىق ئۈچىنچى باب

## ئەسلىي ھېكايەتنىڭ داۋامى

## [سۇلتان سەئىدخاننىڭ كاشغەردە مىرزا ئەبابەكر لەشكىرى بىلەن قىلغان دەسلەپكى ئۇرۇشى]

بىلمەك كېرەككى، خاننىڭ مۇبارەك ئەھۋالىنى سۆزلەپ، خان فەرغانە ۋىلايىتىدىن چىقىپ موغۇلىستان يولى ئارقىلىق كاشغەرگە يۈرۈش قىلغان، مىرزا ئەبابەكر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كاشغەردە يەتتە كۈن ئىچىدە بىر قەلئە بىنا قىلدۇرغان ۋەقەگە يېتىپ كەلگەندۇق. مىرزا ئەبابەكر پىيادە ۋە ئاتلىق بولۇپ ئون مىڭ كىشىنى نەچچە يىللىق ئوزۇق - تۈلۈكلەر بىلەن ئۇ قەلئەنى ساقلاشقا قويدى ۋە يۇسفان ناملىق ئەمىرنى ئۇلارغا سەردار قىلىپ بەلگىلىدى. ئۇلارنىڭ ھەممە لازىمەتلىكلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ئۆزى ياڭىھىسارغا كەتتى. ئۇ يەرگىمۇ قورال - ياراغ، ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى تولدۇرۇپ بېرىپ، ئاندىن ئۆتۈپ ياركەندكە كەتتى.

خان بۇ چاغدا موغۇلىستاننىڭ [كاشغەر تەرەپتىكى] بىر چېگرىسى بولغان تويۇنباشى[1]غا يېتىپ كەلدى. ئەھلى ئاياللارنى ئۇ يەردە قويۇپ، لەشكەرلەرنى ئېلىپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدى.

① بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، پارسچە بىرىنچى، ئىككىنچى نۇسخىلاردا «تويۇمباشى» دېيىلگەن (خەنزۇچە نەشرىدە «ئاتۇ بامباشى» دېيىلگەن — مۇھەررىردىن).

تۆنجى كېچىسى مىرزا تۈركىي[1] دېگەن جايغا كېلىپ چۈشتى. ئىككىنچى كۈنى تۈشكۈ دېگەن يەرگە كېلىپ چۈشتى. ئۈچىنچى كۈنى ئارتۇچقا يەتتى ۋە كۈبراۋىيە تەرىقىتىنىڭ ماشايىخلىرىدىن بولغان شەيخ ھەبىب — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — نىڭ مازارلىرىنى زىيارەت قىلدى.

تەڭرى رەھمەت قىلغۇر شەيخ ھەبىبنىڭ كارامەتلىرى شۇنداق ئاشكارا بولغانىدىكى، خانىقا بىنا قىلدۇرغاندا، بىر ياغاچ قىسقا كېلىپ قاپتۇ، ئۇ زات ياغاچنى تارتقانىكەن، ياغاچ ئۇزىراپتۇ. ئۇ ياغاچ ھازىرمۇ ئېنىق پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. خان ئاللا رەھمەت قىلغۇر شەيخ ھەبىبنىڭ روھانىيەتلىرىدىن مەدەت ۋە ياردەم تىلەپ ئۆتتى. شەرق قوشۇنى غەرب لەشكىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، نۇر لەشكەرلىرى بىلەن ئالەمنى بىر پەستىلا ئىشغال قىلدى.

[نەزم:]

ئۇپۇقلاردا سۇبھى جىلۋە قىلىپ كەلدى،
تاڭ سەلكىنى چىمەنلەردە گۈللەرنى يەلپۈتۈپ كەلدى.
يۇلتۇزلار خۇسرەۋى (شاھى) شەرقتىن كۆتۈرۈلدى،
فەلەك تۈركى شەرقتىن ئالتۇن سۇپەرلىرى بىلەن كەلدى.

خان ئارتۇچتىن يۈرۈش قىلدى، ئۈچبۇرخان[2] ئاتلىق بىر جايغا يەتتى. بۇ جاي ئېقىن بويى بولۇپ، تويۇنباشنىڭ سۈيى قالىق قىيا جىلغىسىدىن كېلىپ شۇ يول بىلەن ئاقاتتى. ئۈچبۇرخاننىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئاشۇ سۇدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى، ئۇ يەردە ئېگىز بىر دۆۋە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقسا كاشغەر كۆرۈنىدۇ. ئۇ دۆۋە بىلەن كاشغەرنىڭ ئارىلىقى قىياسەن

---

① بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، پارسچە بىرىنچى، ئىككىنچى نۇسخىلاردا ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «مىرزا تۈركەكى» دېيىلگەن.

② ئۈچبۇرخان — خەنزۇچە نەشرىدە «ئۈچبارخان» (Uch Barkhan) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن).

ئۈچ فەرسەڭ شەرقىيچە بار . ئۇنىڭ تۆپىسىدىن تاكى سۇنىڭ لېۋىدىكى يارغىچە بولغان ئارىلىقتا مىرزا ئەبابەكر كۇنگۇرىلىك تام سوقتۇرۇپ بىر تار دەرۋازا ئورناتقانىدى .

شۇ يەردە خاندىن : «تاۋاچىلار[1] ئېگىز يەرگە چىقىپ لەشكەرنىڭ سانىنى ئالسۇن !»دېگەن زۆرۈر يارلىق چۈشتى . لەشكەرلەر توپ ـ توپ بولۇپ كېلىپ ، ئاشۇ تار جايدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى . تاۋاچىلار ئۇلارنى ساناپ ھېسابىنى ئېلىۋاتاتتى . ئاخىردا ئۇلارنىڭ سانى تۆت مىڭ يەتتە يۈز كىشى بولۇپ چىقتى ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەھلى ئاياللارنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن بىرمۇنچە لەشكەر قېلىپ قالغانىدى . بۇ تۆت مىڭ يەتتە يۈز كىشى ھېسابتا ئاز بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار ھەممىسى داڭلىق سەردارلار ، يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئەمىرلەر ، تەدبىرلىك دانىشمەنلەر ۋە تىغ ئويناتقۇچى باھادىرلاردىن ئىدى ، ھەممىلىرى زامان تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن ، بۇ تەتۈر يۈرۈشلۈك پەلەكنىڭ يارىماس ئىشلىرىنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكلىرىنى تېتىغانىدى .

تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 908 ـ يىلى[2] توڭغۇز يىلى تاشكەند ۋەيرانچىلىقى يۈز بەردى ، شۇ ۋاقىتتىن تاكى تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 920 ـ يىلى[3] توڭغۇز يىلى بولغان مۇشۇ ۋاقىتقىچە ساق ئون ئىككى يىل ئىچىدە ، بۇ زاماننىڭ زىددىيەتلىرى تۈپەيلىدىن ھەمىشە قىرغىنچىلىق ۋە جېدەل ـ ماجىرالار داۋام قىلىپ تۇردى . قالماق ، ئۆزبېك ، چاغاتاي ۋە موغۇل قوۋملىرىدىن ئۆزبېك ، چاغاتاي ۋە موغۇلدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك قوۋم بىر ـ بىرلىرى بىلەن زىتلىق ۋە دۈشمەنلىك يولىنى تۇتۇشقانىدى . [بېيىت :]

---

① تاۋاچى — پادشاھنىڭ بۇيرۇق ۋە تاپشۇرۇقلىرىنى تېگىشلىك يەرلەرگە يەتكۈزگۈچى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى ئەمەلدار .

② ھىجرىيە 908 ـ يىلى مىلادىيە 1502 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

③ ھىجرىيە 920 ـ يىلى مىلادىيە 1514 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

نه دۇشمەن پەيدار ئىدىيۇ نه دوست ،
كى بىر - بىرسىدىن يىرتىشۇر ئېردى پوست .

يۇقىرىدا ھەممە ۋەقەلەر بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ، بۇ ئون ئىككى يىل ئىچىدە بۇ خالايىق ھايات غوۋغالىرىنى ، تۇراقسىز دوستلارنى ، ساناقسىز ۋە توختاۋسىز مېھنەت - مۇشەققەت ئىنقىلابلىرىنى كۆرگەن ، كۆپ ئىسسىق - سوغۇقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ ، ھايات تىجارەتلىرىدە تەجرىبىلىك بولۇپ پىشىپ يېتىلگەندى . ئۇلار جەڭگۈجېدەل قائىدىسىنى ، لەشكەركەشلىك ۋە ئىلغارلىق يوسۇنلىرىنى تولۇق بىلگەندى . ئۇلارنىڭ ھەربىرى نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلغان بولۇپ ، لەشكىرىي ئىشلاردىكى ئىنچىكىلىكنى بىر دەقىقىمۇ ئەستىن چىقارمايتتى . ھەممىسى تەجرىبىلىك ، كېڭەشلىك ۋە تەدبىرلىك ئىدى ، بولۇپمۇ موغۇل قوۋمىنىڭ ھەر خىل تائىپىسىدىن نەچچىلىگەن تەجرىبىلىك ئەقىلدانلار بار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتلىرى ھەممىگە ياقاتتى ۋە يارايتتى . شۇ كۈندىكى جامائەت ئىچىدە بار بولغان ئاشۇنداق كىشىلەردىن ئېسىمدە قالغانلىرى ئىخچام بايان قىلىنىدۇ :

ئۇلارنىڭ بىرى دۇغلات تەبىقىسىنىڭ چوڭ ياشلىق ، ئۇلۇغ سەردارى تاغام سەيىيدمۇھەممەد مىرزا ئىدى . شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ يېشى قىرىقلارغا يەتكەن بولسا كېرەك . لەشكىرىي ئىشلارنىڭ سەۋەبكارى ۋە بۇ ئەسكەرلەرنىڭ سەردارى شۇ ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ پىكىر - تەدبىرى بىلەن تونۇلغان ، ئەقىل - پاراستى بىلەن مەشھۇر . ئۇنىڭ ئەھۋالى ۋە قولىدىن كەلگەن خىزمەتلىرى ھەققىدە يۇقىرىدا تەپسىلىي ئەسلەتمە بېرىلگەندى . ئۇ ئۆز زاماناداشلىرى ۋە قۇرداشلىرى ئارىسىدا ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئەزىز ۋە ئابرۇيلۇق كىشى ئىدى . ئۇنىڭ زامانىدا بۇ تۆت قوۋم ئىچىدە ئۇنىڭغا تەڭلىشەلەيدىغان كىشى يوق بولسا كېرەك . شۇ كۈنى ئۇنىڭ نۆكىرى ھېسابىدا ئىككى يۈز سەكسەن كىشى چىقتى .

يەنە بىرى قاراقۇلاق مىرزا بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەھۋالى خانىنىڭ

موغۇلىستاندىكى ۋەقەلىرىنىڭ بايانىدا زىكىر قىلىنغانىدى . ئاشۇ ۋەقەلەردە قارا قولاق مىرزا گاھىدا ئەمىرلىك مەرتىۋىسىنىڭ ئىگىسى ئىدى ، گاھىدا بەختسىزلىك پاتقىقىغا پاتقانىدى . كېيىن خاندىن ئايرىلىپ ئەندىجانغا بېرىپ ، ئۆزبېكلەر ئارىسىدا بىر خىلدا ھايات كەچۈردى ، بەختسىزلىك پالاكىتىنى تىجارەت ھالاۋىتى بىلەن قارىمۇقارشى قىلىپ يۈردى . خان ئەندىجاننى ئالغاندىن كېيىن قارا قولاق مىرزا خاننىڭ خىزمىتىگە ئۇلاشتى . دېمەك ، قارا قولاق مىرزا [شىجائەتلىكلىكى] ۋە تەدبىرلىكلىكى بىلەن تونۇلغان ، كېڭەش - مەسلىھەتلىكلىكى بىلەن مەشھۇر ، زامان تەجرىبىلىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن ئەقىل - ئىدراك ئىگىلىرى ئىچىدىكى تايانچ كىشىلەردىن ئىدى ، ئۇنىڭ نۆكىرىنىڭ سانى يۈز كىشى ئىدى . ئۇنىڭ يەنە بىر قېرىندىشى شاھنەزەر مىرزا بولۇپ ، ئۇمۇ ھەممە جەھەتتە ئاكىسى بىلەن بەستلىشىدىغان دەرىجىدە ئىدى ، ئۇنىڭ ئاتمىش كىشىسى بار ئىدى .

يەنە بىرى مىرزا ئەلى تاغاي بولۇپ ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر ئويلاش بىلەنلا يەتكەن پىكىر ۋە تەدبىر مەككار دەللاللارنىڭ ئېسىگە نەچچە يىللار ئويلاپ ۋە ئۇزاق تەپەككۇر قىلىپمۇ يەتمەس ئىدى . بۇ قېرى پەلەك كەمپىرىمۇ ئۇنىڭدىن ھىيلە - مىكىر ئۆگىنىش ئۈچۈن ، ئۇنىڭ ئالدىدا قامىتىنى ئېگىپ تۇراتتى ۋە ئۇنىڭدىن پىتنە - پاسات قوزغاش دەرسى ھەققىدە تەلىم ئالاتتى . بۇ سۆزنىڭ ئىسپاتى خاننىڭ ئاخىرقى ئەھۋالى ۋەقەلىرىدە بايان قىلىنغۇسى . ئۇنىڭ توقسان كىشىسى بار ئىدى .

يەنە بىرى ئۇنىڭ قېرىندىشى قۇتلۇق مىرەك مىرزا بولۇپ ، ھەممە كىشى ئۇنى داڭدار ئادەم بولىدۇ ، دەپ ئۈمىد قىلىشاتتى . ئۇنىڭ يەتمىش مۇلازىمى بار ئىدى . يەنە بىرى بەھرىكە مىرزا بولۇپ ، قوشۇن ئەھلىدىن ئىدى ، قىرىق نۆكىرى بار ئىدى .

يەنە بىرى بۇ كىتابنى يازغۇچى پەقىر كەمىنە مۇھەممەد ھەيدەر ئىدىم . تېخى ئەقلىم ھۇمايۇنى مېڭەم ئۇۋىسىدا تولۇق ئورۇنلىشىپ

بولمىغانىدى . ئۆمرۈم كۆنلىرى تېخى بالىلىق سۈبھىدە بولۇپ ، ياشلىق قۇياشى تۇغمىغانىدى ، يېشىم ئەمدىلا ئون بەشكە يەتكەنىدى . گەرچە خان مېنى كۆرەگانلىق شان - شەرىپىگە مۇيەسسەر قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن يېشىم كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن ، شۇ مەرتىۋىگە لايىق خىزمەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلالمايتتىم . ئاتامدىن قالغان بىر مۇنچە مۇلازىملىرىم بار ئىدى ، ئۇلار ھەمىشە ئىشلىرىمنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتەتتى . بۇ قېتىم شۇلاردىن بىر يۈز يىگىرمىسى ھېسابقا كىردى .

يەنە دۇغلات مىرزىلىرىدىن كۆپ كىشىلەر بار ئىدى . ئۇلار ھەربىرلىرى بىر كىشى ھېسابىدا ، نۆكەرلىرى يوق ، ئەمىرلەر قاتارىدا ئىدى . نۆكەرلىرى بولغانلار تولۇق ئەسلەپ ئۆتۈلدۇ ، موغۇل ئەمىرلىرىمۇ شۇ قاتاردا ئەسكە ئېلىپ ئۆتۈلدۇ .

ئۇلاردىن بىرى دوختۇي تەبىقىسىنىڭ سەردارى ئەمىر دائىمئەلى ئىدى . بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئىنىلىرى ئەھمەد ئەلى ۋە مەھمۇد قۇلىلار تېخى يېتىپ كەلمىگەنىدى . ئەمىر دائىمئەلى ئۇلۇغ شان - شۆھرەتلىك ئەمىرلەردىن بولۇپ ، بۇ كىتابتا ئۇنىڭ ئېتى كۆپ ئورۇندا زىكىر قىلىنىدۇ . ئەمىر دائىمئەلى بىلەن بارلاس تەبىقىسى يۇقىرىدا ئولتۇرۇشنىڭ دەۋاسىنى قىلىشىپ كۆپ ماجىرالار بولدى . ئەمما ، ئورۇن ئېنىق تەيىنلەنمىگەنىدى ، شۇنداقتىمۇ ئەمىر دائىمئەلى قايىل بولماي ئورۇننى ئۆتۈنەتتى . ئۇ دەسلەپتە مەنسۇرخاننىڭ خىزمىتىدە بولدى . شۇ چاغدا مىر جەبباربەردى دۇغلاتتىن سورىغانىدى ، ئۇ دوختۇينىڭ يۇقىرىدا ئولتۇرىدىغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەردى . شۇنىڭدىن كېيىن ئەمىر دائىمئەلىنىڭ بارلاستىن ئىلگىرى ئولتۇرۇشى قارار قىلىندى . ئەمىر دائىمئەلىنىڭ نۆكىرىنىڭ سانى ئېنىق ئېسىمدە قالماپتۇ . ئەمما ، ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىنكى ، ئىككى يۈزدىن ئارتۇقراق كىشى ئۇنىڭ نۆكىرى قاتارىدا ھېسابقا كىرگەن بولغىيدى .

يەنە بىرى بارلاس تەبىقىسىنىڭ سەردارى ئەلى مىرەك مىرزا بولۇپ، تاغامنىڭ جىيەنى ئىدى. ئۇنىڭ نەچچە ئوغلى، نەچچە ئىنىسى بار ئىدى. بىر ئوغلى مۇھەممەد مىرزا، ئۇنىڭ ئەھۋالى كېيىن زىكىر قىلىنغۇسى.

يەنە موغۇلنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن بىرقانچە كىشى بار، ئۇ ۋاقىتتا ئۇلاردىن ياشتا چوڭ كىشى يوق ئىدى. موغۇل ئۇلۇسى ئارىسىدا ھەممە ئىشنىڭ تۆرۈ ـ تۈزۈكى (قانۇن ـ قائىدىسى)نى ئۇلاردىن سورايتتى، كېڭەش ۋە مەسلىھەتتە ھەممىگە ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە تەدبىرلىرى يارايتتى ۋە ياقاتتى. ئۇ كونا ياشلىق پېشقەدەملەردىن بىرى ئەلى مىرەك مىرزا ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، كاكا بەگ، قاراباش مىرزا، سەييىد ئەلى ئاغا، ئاللاھ قۇلى كوكۇلداش، ئەبدۇلئەزىز مىرزا قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇ جامائەتنىڭ ھەممىسىدىن ياشتا ئەڭ چوڭى ئەلى [مىرەك] مىرزا، قېرىلىق زەئىپلىكى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ پۈتكۈل روھىي ۋە جىسمانىي كۈچىگە تەسىر يەتكەنىدى، ئەمما شىجائەت قۇۋۋىتى يەنىلا ئۆزگەرمىگەنىدى. شۇنچە ئىنىلىرى ۋە ئوغۇللىرى بار تۇرۇقلۇق، ئەمىرلىك ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئۆزى ئارىلىشىپ ئىشلەيتتى، جەڭ ـ ئۇرۇشلاردا قىرغىن ۋە چاپقۇن قىلاتتى. ئۇنىڭ نۆكىرىنىڭ سانىمۇ ئەمىر دائىمىلىرىنىڭ نۆكىرىنىڭ سانىغا يېقىن ئىدى. يەنە بىرى ھاجى مىرزا بولۇپ، شىجائەتلىكلىكى بىلەن تونۇلغان، ئۇنىڭ يۈزدىن ئوشۇقراق نۆكىرى بار ئىدى.

يەنە بىرى يارقى① تەبىقىسى بولۇپ، ئۇنىڭ پېشۋاسى ۋە پېشقەدىمى ئەمىر كاكا ئىدى، بىراق ئۇ بەكمۇ ياشىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن تەن قۇۋۋىتى ئۇرۇش ۋە قارشىلىق قىلىشقا يار بەرمەيتتى. ئۇ ھەممە زۆرۈر ئىشلارنى مىر قەنبەرگە تاپشۇرغانىدى. بۇ يارقى

---

① بۇ سۆز موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە ۋە پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «بارقى» دېيىلگەن.

تەبىقىسىدىن بىرقانچە مۆتىۋەر ئەمىرلەر قۇندۇزدىن خان بىلەن بىللە ئەندىجانغا كەلگەن ۋە ئەندىجاندىكى جەڭ - ئۇرۇشلاردا ئۆلۈپ ھېچقايسىسى قالمىغان، ئۇلارنىڭ ئەمىلى مىرقەنبەرگە قالغانىدى. ئۇنىڭ مەقسۇد، ھافىز ۋە تۇلەك قاتارلىق ئىنىلىرى خاننىڭ خىزمىتىدە ئىدى. مىر قەنبەرنىڭ ئادەملىرى ھاجى مىرزىنىڭكىدىن كۆپرەك ئىدى، ئېنىق سانى ئېسىمدە قالماپتۇ.

يەنە بىرى ئوردۇبېگى تەبىقىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سەردارى قاراباش مىرزا ئىدى، ئۇنىڭ نامى قىرسالىلار قاتارىدا تىلغا ئېلىنىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە قېرىنداشلىرىدىن تونۇلغانراقلىرى گەداي مىرزا، سەبۇر مىرزا، مۇھەممەدھاجى مىرزا ۋە مۇھەممەدۋەلى مىرزا قاتارلىقلار ئىدى.

يەنە بىرى ئىتارچى تەبىقىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغى بىشكە مىرزا ئىدى. ئۇنىڭ قابىل ئوغۇللىرى بار، ئىنىلىرى ۋە ئادەملىرىنىڭ سانى يۈزگە يېقىن كىشى ئىدى.

يەنە بىرى كۇنچى تەبىقىسى بولۇپ، بۇ تەبىقىنىڭ ئەمىرلىكى شۇ كۈنلەردە مىر جاناكەگە تەۋە ئىدى. مىر شەرىم مىرزا، قۇلنەزەر مىرزا، مىر مەزىد، مىرزا جەكەلەر تېخى كەلمىگەن. جاناكە مىرزىنىڭ ئادەملىرى بىشكە مىرزىنىڭكىدىن كۆپرەك ئىدى.

يەنە بىرى چۇراس[1] تەبىقىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سەردارى مۇنكە بەگ ئىدى. ئۇ شىجائەتتە ئۆز تەڭتۇشلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى، يۈزدىن ئارتۇقراق ئادىمى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىنىسى بابا سارىغ مىرزا بولسا قارا قۇلاق مىرزا ۋە مىرزائەلى تاغايلارنىڭ ھەمتاۋىقى بولۇپ، ئۇلاردا بار خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇنىڭدىمۇ بار، ئۇنىڭ ئادىمىمۇ مۇنكە بەگنىڭكىدىن كەم ئەمەس. ئۇنىڭ ئىنىسى شەھباز مىرزا بولۇپ، ئۇمۇ ھېچ ئىشتا

---

① چۇراس — خەنزۇچە نەشرىدە «جاراس» (Jaras) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن).

ئاكىسىدىن كەم ئەمەس .

يەنە بىرى بەگچەك تەبىقىسى بولۇپ ، بۇ جامائەتنىڭ ئۇلۇغى مىر ئەييۇب ئىدى . ئۇنىڭ ئەھۋالى بابۇر پادىشاھنىڭ ۋە ئەبدۇللاخاننىڭ ۋەقەلىرى بايانىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۇلدى . مىر ئەييۇب موغۇل گۇرۇھىنىڭ مۆتىۋەر ۋە مەشھۇر ئەمىرلىرىدىن بولۇپ ، بۇ ئون ئىككى يىللىق پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قەيەردىلا بولسۇن ، ئەمىرلىك ۋە سەردارلىق مەرتىۋىسىگە ئىگە بولۇپ كەلگەنىدى . ھەقىقەتەن ئەمىرلىك مەنسىپىگە لايىق ۋە مۇناسىپ ، تۇرلۇك ياخشى سۇپەت ۋە خىسلەتلەرگە ئىگە كىشى ئىدى ، ئىككى يۈزگە يېقىن نۆكىرى بولسا كېرەك . ئۇنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد بەگ ناھايىتى ياۋاش ، ئەدەپلىك ، ئالىي نەسەبلىك ئېسىل كىشى ئىدى ، چۇنكى ئۇنىڭ ئانىسى تىرمىز سەييىدلىرىدىن ئىدى .

ئۇلاردىن يەنە بىرى سۇلتانئەلى مىرزا بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەھۋالى يۇقىرىدا خاننىڭ ۋەقەلىرى بايانىدا زىكىر قىلىندى .

يەنە بىرى يادىگار مىرزا ، ئۇ نەچچە مۇددەتكىچە خاننىڭ مۇلازىمىتىدە بولۇپ ، كېيىن خىزمەتنى تاشلاپ ھەج قىلىش شەرىپىگە ئېرىشتى . كېيىن قايتىپ كېلىپ يەنە خاننىڭ خىزمىتىدە بولدى . خان ئۇنىڭغا ئىلتىپاتلارنى قىلدى ، كېيىن يەنە ھەجگە كەتتى . ئىككىنچى نۆۋەت ھەجنى ئادا قىلىپ كەلگەندىن كېيىن خىلۋەتتە ئولتۇرۇپ تىنچ - ئامانلىقتا ئۆتىۋاتىدۇ ، ھېچ كىشى بىلەن ئىشى يوق ، ھېچكىمگە ئازار يەتكۈزمەيدۇ . يەنە بىرى نەزەر مىرزا ئىدى . بۇ كىشىلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ يۈزدىن ئازراقتىن نۆكىرى بار .

يەنە بىرى مىرزا مۇھەممەد ، مىر ئەييۇب كېلىشتىن ئىلگىرى بەگچەكنىڭ ۋە تۇمەننىڭ ئەمىرلىكى شۇنىڭغا تەۋە ئىدى . مىرئەييۇب كەلگەندىن كېيىن ئەمىرلىكنى مىر ئەييۇبقا تاپشۇردى . چۇنكى ، مىر ئەييۇب بولسا مىرزا مۇھەممەدنىڭ ئاكىسى ، شۇڭا ئۇنىڭغا تەۋە بولۇپ بويسۇنۇشنى زۆرۈر تاپتى .

ھالبۇكى ، ئۇنىڭ ھەممە جەھەتتە مىر ئەيىۋبتىن كەم يېرى يوق ، ئۇنىڭ نۆكەرلىرى مىر ئەيىۋبنىڭ كىشىلىرىدىن كۈچلۈكرەك ئىدى .

يەنە بىرى بەگمۇھەممەد مىرزا ، خاننىڭ كابۇلدىكى ۋاقتىدىكى ۋەقەلىرىنىڭ باياندا زىكىر قىلىنغان مۇھەممەد ئاتلىق ھېلىقى ياش مۇشۇ بەگمۇھەممەد ئىدى . ئۇ شۇنداق شىجائەتلىك يىگىت ئىدىكى ، ياشلار ئارىسىدا ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ تولۇق قورال - جابدۇقلۇق يۈز كىشىسى بار ئىدى . چۇراس تەبىقىسى بىلەن بەگچەك تەبىقىسىنىڭ ئارىسىدا يۇقىرى - تۆۋەن ئولتۇرۇش مەسىلىسىدە تولا ئىختىلاپلار بولدى . ياشقا چوڭ ئەمىرلەرنى يىغىپ ، ئۇلاردىن كۆپ سوراپ - دېرەكلەپ بۇ مەسىلىنى ئېنىقلىدى . ئاخىر شۇنداق ئايان بولدىكى ، ئۇلار : «ھەربىر خاننىڭ زاماندا بۇ ئىككى تەبىقىدىن قايسىسى ئىلتىپاتقا ئىگە بولغان بولسا ، شۇ يۇقىرىدا ئولتۇرغان ، يۇقىرى ياكى تۆۋەن ئولتۇرۇش خانلارنىڭ ئىنايىتى ۋە ئىلتىپاتىغا باغلىق بولغان» دېيىشتى . شۇنىڭدىن كېيىن خان يارلىق چۈشۈرۈپ : «ھازىرچە مەن ھېچقايسىڭلارغا يۇقىرى - تۆۋەن جاي تەيىنلىمەيمەن . ھەر يىلى بىر تەبىقە يۇقىرىدا ئولتۇرسۇن ، يەنە بىر يىلى يەنە بىر تەبىقە يۇقىرىدا ئولتۇرسۇن ، شۇنداق نۆۋەت بىلەن ئولتۇرۇڭلار . يەنە ئاراڭلاردىن كىمنىڭ شىجائىتى زىيادە بولسا ، شۇ يۇقىرى ئولتۇرسۇن» دەپ قارار قىلدى . ئۇ ئىختىلاپ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قېلىۋاتىدۇ . ئەمما ، ئېنىق ۋە مۇقىم ئورۇن تەيىنلەنمىدى .

نامى زىكىر قىلىنغان بۇ جامائەتنىڭ ھەممىسى ئەمىرلەر ۋە قوشۇن ئىگىلىرى ئىدى . يەنە بىر مۇنچە جامائەت بار ، گەرچە ئۇلار ئەمىر ۋە ئەمىرزادىلەردىن بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ گۇرۇھلىرى ۋە تەۋەلىرى بار ئىدى . موغۇل قوۋمىدىنمۇ بىر جامائەت بار بولۇپ ، ئۇلار بۇ ئون ئىككى يىللىق قالايمىقانچىلىق جەرياندا مۇھىم ئىشلارغا دۇچ كېلىپ ، كۆپ

تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ھاسىل قىلغانىدى . كېڭەش ۋە مەسلىھەت ۋاقتىدا ، ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە تەدبىرلىرىنى ھەممەيلەن ماقۇل كۆرەتتى ۋە ياقتۇراتتى ، شۇلاردىن بىرى ئەلى باھادىر ئىدى . يۇقىرىدا ئۇنىڭ ئەھۋالى ، خانغا قىلغان خىزمەتلىرى ۋە ۋاپادارلىقى تولۇق بايان قىلىپ ئۆتۈلگەنىدى . يەنە بىرى بەگقۇلى بولۇپ ، شاھبېكخاننىڭ زامانىدا نام چىقارغانىدى . [بابۇر] پادىشاھ كۆلىمەلىكتە ئۇبەيدۇللاخاندىن يېڭىلىپ سەمەرقەندتىن چېكىنگەندە ، بۇ بەگقۇلى ئۈچ مىڭ كىشىنى باشلاپ خاننىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەنىدى . ئۇ ھېسابقا ئۇستا كىشى ئىدى . يەنە بىرى ئىسھاق باھادىر بولۇپ ، شىجائەتلىكلىكى ۋە كېڭەشچىلىكى بىلەن تونۇلغان مەشھۇر كىشى ئىدى . يەنە ياركا باھادىر[1] ، پوتاچى[2] باھادىر ، قارا جۇنغال[3] ، شەئبان سۇلتاكا بولۇپ ، توقتە قۇلى[4] ، ئۇزۇن ساقال توقتە قۇلى [ۋە بادانغىر[5]] قاتارلىقلار بار ئىدى . بۇ جامائەتنىڭ ھەربىرى بىردىن قوۋمنىڭ سەردارى بولۇپ ، ھەممىسى ئىش كۆرگەن ، تەجرىبىلىك كىشىلەر ئىدى .

يەنە بىرى تۇمەن باھادىر بولۇپ ، قالۇچى قوۋمىنىڭ باشچىسى ۋە شۇ زاماننىڭ مۆتىۋەر سەردارلىرىدىن ئىدى . ئۇنىڭ بەزى ئەھۋاللىرى خاننىڭ ئاخىرقى ۋەقەلىرىنىڭ بايانىدا زىكىر قىلىنغۇسى . يەنە بىرى مەلىكئەلى باھادىر بولۇپ ، قارلۇق قوۋمىنىڭ

---

[1] خەنزۇچە نەشرىدە «مەلىك باغادۇر» (Melik — baghadur) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .

[2] بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە ، پارسچە بىرىنچى ، ئىككىنچى نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان . تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «تۇماچى» دېيىلگەن .

[3] بۇ ئىسىم تاشكەند رۇسچە نەشرىدە يوق ، پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا «جۇنقال» دېيىلگەن ، قالغان ئىككى نۇسخىدا «جۇنغال» ئېلىنغان .

[4] بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان ، تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە يوق ، پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا «نىلتاكار توقتە قۇلى» دېيىلگەن ، ئىككىنچى نۇسخىدا «بىلتاكار توقتەقولى» دېيىلگەن .

[5] بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسى بىلەن تاشكەند رۇسچە نەشرىدە يوق ، پارسچە بىرىنچى نۇسخىسىدا «بادانغىر» ، ئىككىنچى نۇسخىدا «يادانغىر» دېيىلگەن .

سەرداری ، شجائەتلىك كىشى ئىدى . يەنە بىرى قۇلبكە بولۇپ ، مەكرىت قوۋمىنىڭ سەرداری ئىدى . يەنە بىرى شۇنقارچى گۇرۇھىنىڭ سەرداری ئۇمەر شەيخ ئىدى . بۇلار ھەممىسى قوۋمى ۋە جامائىتى بار كىشىلەر ئىدى .

يەنە بىرمۇنچە جامائەت بار ، ئۇلارنىڭ قوۋمى ياكى جامائەتلىرى يوق ، ئۆزلىرى تەنها . ئەمما ، كۆپلىگەن ئۇرۇش مەيدانلىرىدا شىجائەتلەرنى كۆرسىتىپ ، باھادىرلىق بىلەن [زاماندا شلىرى ئارىسىدا] تونۇلغاندى . ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ [باھادىر نامى بىلەن باغلىق بولغان خىزمەتلىرى ۋە ئۇرۇشلاردا قىلغان] ئىشلىرى ئۆز نۆۋىتىدە بىر - بىرلەپ بايان قىلىنغۇسى . ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ ئىسمى مۇنۇلاردىن ئىبارەت : مىدەكە باھادىر ، ئەبدۇلۋاھىد باھادىر ، خۇدايقۇلى باھادىر شىقاۋۇل ، يۇسۇف باقاۋۇل ، مۇھەممەدئەلى تۇمەن ، كىشكۈي[1] دىۋانە ، دانەقۇلى ، قارا دانەقۇلى ، شەيخ نەزەر ياساۋۇل ، باراكا ياساۋۇل ، ھەقنەزەر دىۋانە ، ئەلى قۇرچى ، شاھمىرەك قەلەندەر[2] ، بابا قۇلان[3] ، تەڭرىبەردى ، باي تىشە ، ھەقنەزەر قوغۇچى ، جەباك مىراخور[4] ، پالىچە مىراخور ، بەرمەزىد مەنكىش ، سوقار قالۇچى ، سوقار ئۇخسى ، بابۇرىن[5] ، ئارۇق مىرزا ۋە بۇلاردىن باشقا نەچچىلىگەن باتۇرلار بار ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ زاماندا بارماق

---

① بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان ، پارسچە بىرىنچى ، ئىككىنچى نۇسخىلاردا «كىشكىشوي» دېيىلگەن ، تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «كىكشۈي» دېيىلگەن .

② بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان ، پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا «مىرەك قەلەندەر» ، پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «مىركەبىر قەلەندەر» دېيىلگەن .

③ بۇ ئىسىم پارسچە بىرىنچى ، ئىككىنچى نۇسخىلاردا «بابا قۇلاغان» ، تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «بابا قۇلاگان» دېيىلگەن .

④ بۇ ئىسىم پارسچە بىرىنچى ، ئىككىنچى نۇسخىلاردا ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «پاك مىراخور» دېيىلگەن .

⑤ بۇ ئىسىم پارسچە بىرىنچى ، ئىككىنچى نۇسخىلاردا «بارىن ئارزۇق مىرزا» ، تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «بارىن ئارزۇق مىرزا» دېيىلگەن .

بىلەن سانغۇدەك كىشىلەر ئىدى . ئۇلارنىڭ ھەربىرى رۇستەمى داستاننى زال چاغلىق نەزىرىگە ئالمايتتى ، ئىسفەندىيارى روينتەننى ئوت ـ خەستىن زىيادە كۆرمەيتتى . ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ ئىسمىلا زىكىر قىلىندى . ئەگەر بۇنىڭدىن ئارتۇق بايان قىلساق ، سۆز ئۇزىراپ كېتىپ مەقسەت يىراقتا قالىدۇ .

## قىرىق تۆتىنچى باب

# سۇلتان سەئىدخاننىڭ كاشغەردە مىرزا ئەبابەكرى لەشكىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقى

لەشكەرنىڭ تەرتىپى ئەنە شۇنداق تۈزۈلدى ، ئۇلار ياسال (سەپ) تۈزۈپ ئۇچبۇرخان دۆۋىسىدىن يۈرۈپ كەتتى . بېيىت :

تۈزۈپ سەپ جەھاندارنىڭ لەشكەرى ،
ئەدۇۋ سارى ئەزم ئەتتى چۇن سەرسەرى .
ئەدۇۋ قەسدىگە جۇملە بەل باغلابان ،
قىلىپ تىز ئالماس بىرلە سىنان .
كى گەرد ئۆرلەپ ئول دەشتدىن ئەبردەك ،
زەمىن ئالتەۋ سەككىز ئولدى فەلەك .

مىرزا ئەبابەكرى لەشكىرىنىڭ ئەمىرلىرى خاننىڭ لەشكىرىنى يىراقتىن كۆرۈپ ئون بەش مىڭ كىشى دەپ چاغلاشتى . تەجرىبىلەردىن مەلۇمكى ، لەشكەر دېگەننىڭ سانى قىياس بىلەن چاغلىغاندەك چىقمايدۇ . پەقەت ساناپ باققاندىلا ، ئاندىن مەلۇم

بولىدۇ . بېيىت :

كىشىكىم ئاڭا يەتسە ۋەھمۇ ھەراس ،
بىرىن يۈز ، يۈزىنى مىڭ ئەتكەي قىياس .

خان جاھان پېشۋاسى بولغان خاجەنىڭ نۇرلارغا تولغان مۇبارەك مازارلىرىغا يەتتى ، ئاندىن دۆلەت ۋە بەختىيارلىق تىزگىنىنى تۈمەن سۇيى تەرىپىگە قارىتىپ تارتتى . كاشغەردىن ئىككى فەرسەڭ يىراقتىكى سەرمەن ئاتلىق يەردە تۈمەن سۇيىنىڭ كېچىكى بار ئىدى ، خان شۇ تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلىپ تۈمەندىن ئۆتتى . سوغۇلۇق[1] ئاتلىق جايدا مىرزا ئەبابەكرىنىڭ بىر بېغى بار بولۇپ ، ئىمارەتلىرى ناھايىتى ئېسىل ياسالغانىدى ، خان شۇ يەرگە چۈشتى . بەزى ئەمىرلەر لەشكەرلىرى بىلەن كاشغەر قەلئەسىگە يېقىن باردى . ئۇلار دۈشمەن قەلئەنى مۇداپىئە قىلىپ تاشقىرىغا چىقماس ، دېگەن گۇمان بىلەن قەلئەگە يېقىنلىشىپ ، ئۇنىڭ مۇستەھكەملىكىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ بارغانىدى . لېكىن ، قارشى تەرەپ قەلئەدىن چىقىپ ياسال تۈزۈپ تۇرغانىكەن . بېيىت :

سىپاھى بەيابان قۇمىدىن فۇزۇن ،
مىسالى نەھەڭگانى دەريايى خۇن .

ئەمىرلەر يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۇرۇشقا قول سوزدى . بەزى شىجائەتلىك ياشلار ئۇرۇش كۆڭلىرىنى ئىشرەت كېچىسى چاغلايتتى ، ئۇرۇش ناغرىسىنىڭ ساداسىنى داپ ۋە چەڭ مۇزىكىسىدەك ھېس قىلاتتى . بېيىت :

---

① بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان . پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا «سوغۇنلۇق» ، ئىككىنچى نۇسخىدا «سوغۇقلۇق» ؛ تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «سۇگۇنتۇق» دېيىلگەن .

هەمە شىرى دىل قۇۋۋەتى مىسلى بەبر ،
ئىدى نەيزەسىدىن خەراشىدە ئەبر .
هەمە خەيل كىينەكۇشۇ رەزمسار ،
بەهادۇر جەهان سوزۇ دۇشمەن گۇداز .

ئەلقىسسە ، بارغان ئەمىرلەر لەشكەرلىرى بىلەن دۇشمەنگە تاشلاندى . ئۇلار بىر ـ بىرلىرىگە نەيزە ۋە شەمشەرلەرنى ئۇرۇپ ، شىددەتلىك ئۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى . نە ئۇنىڭغا خەتەر ، نە بۇنىڭغا زەپەر ئاشكارا بولماي ئەنە شۇنداق تۇتۇشىۋاتاتتى . قەلئە ئىچىگە تۇلكىدەك يوشۇرۇنۇۋالغان دۇشمەنلەر ئەركەك شىردەك بولۇشۇپ ، توساتتىن ئاتلىق ۋە پىيادىلەر بىلەن بىراقلا قەلئەدىن چىقىپ ئۇرۇشقا چۇشتى . بۇ تېخى پەلەك شاهىنشاھى (قۇياش ) ئۆزىنىڭ ئالتۇن كەبى نۇرلۇق ئاياغلىرىنى ئەمىنىيەت تەختىگە ئۇستىگە قويمىغان چاغ ئىدى ، تاكى ئۇ ئەمىنىيەت ئەۋجىدىن زاۋاللىق پەگاهىغا چۇشكەن مەھەلگە قەدەر جەڭگۇجىدەل داۋام قىلدى . ئۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىۋاتقان ئەمىرلەردىن بەزىلىرى خانغا : «قارشى تەرەپ قەلئە ئىچىدىن تۇزلەڭلىك يەرگە چىقتى . ئەگەر دەرهال غالىب لەشكەرلەرنى ئىبىرىپ يىتىپ كەلسىلە ، بۇ ناهايىتى غەنىيمەت پۇرسەتتۇر . مۇبادا كۇن كەچ بولۇپ ئۇلار قەلئەگە كىرىپ كەتسە ، بۇنىڭدىن كېيىن قەلئەدىن چىقمايدۇ» دەپ مەلۇم قىلىپ كىشى ئەۋەتتى . بۇ خەۋەر خانغا يەتتى . بېيىت :

چۇ دۇشمەندىن ئاگاهلىق تاپتى شاھ ،
تۇزەتتۇردى ئايىنى زەبتى سىپاھ .
چەرىك خەيلىغە بەردى تەرتىبى ساز ،
هەمە جەڭگى جۇيانۇ دۇشمەن گۇداز .
رەۋان بولدى دۇشمەن سارى فەۋجۇ فەۋج .
كى تۇشكەن كەبى بەهرى ئەئزەمغە مەۋج .

ئەلقىسسە، خان لەشكىرىنى ئەنە شۇنداق تەرتىپ بىلەن تۈزۈپ يۈرۈش قىلدى. بۇ يولنىڭ ئېگىز ـ پەس يەرلىرى كۆپ ئىدى، ياسال تۈزۈپ يۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، جەۋانغار ئەمىرلىرىگە: «ئالدىن ماڭسۇن، غول ئارقىدىن بارسۇن» دەپ يارلىق چۈشتى. بارانغار ئەمىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەتىگەندە كېتىپ بولغانىدى. قوشۇن يېقىنلاشقاندىن كېيىن خان يارلىق چۈشۈرۈپ: «ياسال ئاستا بارسۇن، مەن ئاۋۋال بېرىپ ئەھۋالنى كۆرۈپ باقاي» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن خان ئىلگىرىلەپ يېتىپ كەلدى. جەۋانغار ياسالىمۇ ئالىلىبۇرۇن يېتىپ كېلىپ ئۇرۇش قىلىۋاتقانىدى. خاننىڭ غالىب ئاتلىق گۇرۇھىمۇ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا تېخىمۇ كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە چەكسىز شاد ـ خۇراملىق ھاسىل بولدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خاننىڭ مۇبارەك قەدىمىگە ئىنتىزار ئىدى. بۇ نۇسرەت قۇچقۇچى ئەسكەرلەر خاننى كۆرۈپلا ھەر تەرەپتىن بىراقلا ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەنگە تاشلاندى. بېيىت:

تۈزۈپ تىرى بارانلىق ئەتمەك فەننىن،
قىلىپ پارە ـ پارە ئەدۇۋ جەۋشەننىن.
ئۇرۇپ خەيلى ئەئداغە شەمشىرۇ تىر،
چىقارىپ ئۇلار جانىدىن مىڭ نەفىر.
تۇرالماي ھەمە دۈشمەن ئەتتى فەرار،
كى شىر ئالدىدا تۈلكەگە نې قەرار؟

دېمەك، غول قوشۇن يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ئالدىن كەلگەن لەشكەرلەر دۈشمەنلەرنى قاچۇردى. خاجە ساقىئەلى[1] دېۋانى ئالىي مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلى

① بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە ۋە پارسچە بىرىنچى، ئىككىنچى نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «خاجە سەفى ئەلى» دېيىلگەن.

خوراسان ئۇيغۇرلىرىدىن ئىدى ، ھەمىشە شىجائەت قوللىرىنى ھىممەت ياقىسىدىن ئاجراتمايتتى . ئۇ ئادەملىرى بىلەن بالدۇر يېتىپ كەلگەندى ، خاننىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، ھەممىدىن ئىلگىرى دۈشمەن لەشكىرىنىڭ مەركىزىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ ئۇرۇشقا كىرىپ كەتتى . ئۇ شىجائەت قوللىرىدىن ئېھتىيات تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۇرۇش دەرياسىغا غەرق بولۇپتۇ . شۇ ئەسنادا سەرمەن ئېرىق دېگەن بىر چوڭ ئېرىقنىڭ ئىچىدە بىر پىيادە ئوقياچى كامانغا ئوقنى بەتلەپ تۇرغانىكەن . خاجە ساقىئەلى ئېتىنى ئېرىقتىن پەرۋاسىز سەكرىتىپ ئۆتۈپ ، ئېرىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى دۈشمەنلەرگە شەمشەر ئۇرماقچى بولغاندى ، ئېرىق ئىچىدە [ئوقنى بەتلەپ تۇرغان] پىيادە خاجە ساقىئەلىنىڭ كۆزىگە بىر ئوق ئاتتى . ئوق شۇنداق تەگدىكى ، ئۇنىڭ گەدىنىدىن تېشىپ چىقتى . [خاجە ساقى ئەلى] شۇ يەردىلا ئاتتىن يىقىلدى .

شۇ ئەھۋال ئۈستىدە دۈشمەن يېڭىلدى ، ئۇلار خاننىڭ باھادىرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقەت قىلالماي قاچتى . ھەممە لەشكەر يېتىپ كەلمەي تۇرۇپلا ئىلگىرى كەلگەن جامائەت قوغلاپ يۈرۈپ ، تاكى دەرۋازىغا يېتىپ بارغۇچە ئۇلارنىڭ ئۆلۈكىدىن دۆۋە قوپاردى . پۈتكۈل ئالەم مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى بولغان بۈيۈك تەڭرىنىڭ ئىنايىتى ۋە ئىلتىپاتى بىلەن بىر سائەت ئىچىدە بۇ قەدەر ياراغ ـ جابدۇقلۇق زور لەشكەر ھالاكەتلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ بىر دۆۋە تۇپراققا ئايلاندى . قۇتۇلۇپ قالغانلىرى بار جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چېكىپ ئاران دېگەندە قەلئەگە كىرىۋالدى ۋە دەرۋازىنى تاقاپ ، ھالى خاراب ، باغرى كاۋاپ ھالەتتە قەلئەگە بېكىندى .

بۇ كېچە خان شۇ يەرگە يېقىن بىر جايغا چۈشتى . دۆلەت سۈبھىسى نۇسرەت ئۇپۇقىدىن كۆرۈنۈپ ، تۈن كۆنگە ئالمىشىش بىلەنلا [خان] يەنە ياسال تۈزۈپ قەلئەگە يېقىن باردى . كۆردىكى ، ئۇ يەردە بىرمۇنچە يالغۇز ـ ياياق ئەسكەردىن باشقا ھېچ نەرسە يوق

ئىدى ، شۇڭا قايتىپ كېلىپ توقساق[1]قا چۈشتى . ئەتىسى قارا تازغۇن سۇيىدىن ئۆتۈپ ياڭىھىسار تەۋەسىدىكى تېرەك[2] ئاتلىق يەرگە چۈشتى . [خان] بۇ مەنزىلدە يۈك - تاق ۋە تەئەللۇقاتلىرىنى «ئاستا كېلىڭلار» دەپ قالدۇرۇپ قويۇپ ، ياڭىھىسار قەلئەسىگە يېقىن باردى . ياڭىھىسار خەلقى قەلئەدىن چىقمىدى ، بىر نەچچىلىگەن پىيادىلەر قەلئەنىڭ تېشىدا — سېپىل تۈۋىدە تۇرغان بولسا كېرەك . يۇقىرىدا ئىسمى زىكىر قىلىنغان مىدەكە باھادىر ئۇ پىيادىلەرگە ھۇجۇم قىلدى . ئۇلار بېرىپ قارىسا دۈشمەنلەر مۇستەھكەم ئورۇندا تۇرغانىكەن ، بىر سائەت تۇرۇپ بېقىپ ئارقىسىغا ياندى .

خان نەچچە كۈنگىچە ئۇ چېگرادا ۋاقىتلىق ماكانلىشىپ تۇردى . خان مىرزا ئەبابەكرى ياركەندتىن لەشكەر ئېلىپ كېلىدۇ ، دەپ پەرەز قىلغانىدى . تاكى ئىككى ئاي مۇددەت ئۆتتى ، مىرزا ئەبابەكرىدىن ھېچ ئەسەر بولمىدى . شۇ ۋاقىت ئىچىدە مىرزا ئەلى تاغاي ، ھاجى مىرزا ۋە يەنە بىر جامائەتتىن بىر نەچچە كىشى ئايرىلىپ چىقىپ ، سارىغقول تاغلىرى تەرىپىگە بېرىپ چاپقۇن قىلىپ ، مال - مۈلۈك ، قوي ۋە ھەددۇھېسابسىز ئولجىلارنى ئېلىپ كەلدى . شۇ كۈنلەردە يەنە مۇھەممەد قىرغىز كېلىپ خاننىڭ مۇبارەك ئاياغلىرىنىڭ توپىسىنى كۆزىگە سۈرمە كەبى سۈرتۈپ ، خاننىڭ ئىنايەت ۋە ئىلتىپاتلىرىغا ئېرىشىپ ئابرۇي تاپتى . ئۇ «ياركەندكە بېرىپ مىرزا ئەبابەكرىنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ كېلىمەن» دەپ خاندىن رۇخسەت تىلىدى . خانمۇ ماقۇل كۆرۈپ رۇخسەت بەردى ۋە بىرنەچچە مۆتىۋەر كىشىلەرنى ھەمراھ قىلىپ بىللە ئەۋەتتى . مۇھەممەد قىرغىز ياركەندكە يۈرۈش قىلىپ كەلدى

---

① بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان . پارسچە بىرىنچى ، ئىككىنچى نۇسخىلاردا ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «توقۇزئاق» دېيىلگەن .

② بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان ، پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا «باۋىرەك» ، ئىككىنچى نۇسخىدا «ياۋىرەك» دېيىلگەن.. تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «بۇريا تېرەك» دەپ ئېلىنغان .

ۋە ياركەندكە ئىككى فەرسەڭ يىراقلىقتىكى ئارسلانباغ ئاتلىق جاينى چاپقۇن قىلىپ، بىر مۇنچە ئولجا ئېلىپ قايتىپ كەلدى ھەمدە: «مىرزا ئەبابەكر لەشكەر يىغىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋېتىپتۇ، پۇقرا ۋە دېھقانلارغا ئات، قورال ـ ياراغلارنى بېرىپ لەشكەر قىلىپ تۇرغۇزۇۋېتىپتۇ، لېكىن كارغا يارىغۇدەك لەشكەر يىغالماپتۇ» دېگەن ئىنىق خەۋەرنى كەلتۈردى. خان بۇ ئۈچۈرنى ئاڭلاپ ياركەندكە يۈرۈش قىلدى.

## قىرىق بەشىنچى باب

# سۇلتان سەئىدخاننىڭ ياركەندكە يۈرۈش قىلـ غانلىقى ۋە بۇنىڭغا ئالاقىدار بەزى ھېكايەتلەرنىڭ بايانى

مۇھەممەد قىرغىز مىرزا ئەبابەكرنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن بارلىق چارە ـ تەدبىر ئىگىلىرى بىردەك: «ياركەندكە بارايلى، ئەگەر مىرزا ئەبابەكر چىقىپ ئۇرۇش قىلسا، تېخى ياخشى. مۇبادا قەلئەدىن چىقمىسا، ياركەند تەۋەسىدە ئەسۋاب ـ ئەسلىھە ۋە ئاش ـ ئوزۇقلار ناھايىتى تولا، ياركەند قەلئەسىنى تولۇق مۇھاسىرە قىلغىلى بولىدۇ. ياركەند ئىشغال قىلىنسىلا كاشغەر ۋە ياڭىھىسارمۇ جەڭگۈجېدەلسىزلا قولغا كىرىدۇ» دېگەن مەسلىھەتكە كېلىشتى، خانمۇ بۇ مەسلىھەتنى لايىق كۆرۈپ پۈتكۈل لەشكىرى بىلەن ياركەند تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى. ئۇلار ياڭىھىساردىن ئون فەرسەڭ يىراقتىكى سۆكەت ئاتلىق كەنتكە يېتىپ كەلدى. بۇ يەرگە مىر ئەييۇب ۋە بەزى خالايىقلار قېچىپ كەلگەندى، ئۇلارنىڭ ئەھلى ئاياللىرى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك

كىشىلىرى يوق ئىدى . ئۇلارغا قاراتىگىن[1] تەرەپكە قېچىش تەشۋىشى چۈشكەندى ، ئەمما بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قېلىپ ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى قاچالمىدى . بىرنەچچە كىشى ئايرىلىپ قارا تېگىن ۋە ھىسار تەرەپكە كەتتى . شۇ سۆز ئۈستىدە مىدەكە باھادىر : «كاتتا بەگنىڭمۇ قېچىش نىيىتى بار» دەپ مەلۇم قىلدى . بۇ كاتتا بەگ بۇ كىتابنىڭ بېشىدىراق تىلغا ئېلىنغان مىر ئەھمەدقاسىم كوھبەرنىڭ ئىنىسىدۇر . مىر ئەھمەدقاسىم تاشكەندنى تاشلاپ كەتكەن چاغدا كاتتا بەگ سايرامدا ئىدى ، بىر يىل سايرامنى مۇھاپىزەت قىلدى . [بابىر] پادىشاھ كابۇلغا كەتكەندىن كېيىن كاتتا بەگنىڭ ھېچ تەرەپتىن ئۈمىدۋارلىقى قالمىدى . شۇڭا ، ئۇ ئاخىر سايرامنى قاسىمخانغا بېرىشكە ۋەدە قىلىپ ، قاسىمخاننى تاشكەند ئۈستىگە كەلتۈردى . بۇ ھېكايەت يۇقىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتۈلگەنىدى . كاتتا بەگ قاسىمخاننىڭ خىزمىتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئەندىجانغا — خاننىڭ ھوزۇرىغا كەلدى ، تاكى مۇشۇ ۋاقىتقىچە خاننىڭ خىزمىتىدە ئىدى . شۇڭا ، بارلىق ئەمىرلەر مىدەكە باھادىرنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ : «ئۇنىڭ قېچىشى راست ، چۈنكى ئۇ بابۇر پادىشاھنىڭ مۇلازىملىرىدىندۇر . ئۇنىڭ قاچىدىغان ئەلپازى بار ، شۇڭا ھەقىقىي ئەھۋال ئېنىقلانمىغۇچە كاتتا بەگنى قاماپ قويۇش كېرەك» دېيىشتى ، ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى بۇ پىكىرنى قۇۋۋەتلەپ قارار قىلىشتى . خان ئەمىرلەرگە : «مەن كاتتا بەگكە كېپىللىك قىلىمەن . ئەگەر ئۇ قېچىپ كەتسە ، مەن ئۇنىڭغا زامىن بولۇپ كېپىللىك قىلاي» دېدى . خان شۇنىڭدىن كېيىن كاتتا بەگنى چاقىرتىپ كېلىپ : «سەن توغرۇلۇق بىر قىسما ھېكايىلەرنى قىلىشىۋاتىدۇ . سەن مەرد ـ مەردانە كىشىسەن . سېنىڭ قېچىشىڭ مۇناسىپ ئەمەس ، مەن ئەمىرلەر ئالدىدا سەن ئۈچۈن

---

① بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان ، پارسچە بىرىنچى ، ئىككىنچى نۇسخىلاردا «قايىرتېگىن» دېيىلگەن .

كېپىل بولدۇم . ئەگەر بۇ مۇھىم پەيتتە ھەمدەملىك قائىدىسىنى بەجا كەلتۈرسەڭ ، سېنىڭ مۇراد ۋە خاھىشىڭ ھەرقانداق نەرسىدە بولسا ، ئۇنى سەندىن ئايىمايمەن . ئەگەر قېچىپ كېتىپ ئەمىرلەر ئالدىدا مېنى خىجالەتچىلىكتە قويساڭمۇ ، سېنىڭ ئىختىيارىڭ» دېدى . كاتتا بەگ بۇ سۆزگە جاۋاب بېرىپ : «مەن بۇنداق مۇھىم ئىش ۋاقتىدا قېچىپ كېتىدىغان ئۇ دەرىجىدە نامەرد ئەمەسمەن» دېدى ، بۇنىڭدىن زىيادە مۇبالىغە سۆزلەرنى سۆزلىمىدى . شۇ سۆز بىلەنلا سۈكۈت قىلدى ، خاننىڭ خىزمىتىنى قىلىپ يۈرىۋەردى .

ئەلقىسسە ، ئۇلار بۇ ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن ياركەندكە بېرىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدى . ئەتىسى شەرق شاھى (قۇياش) ئۆزىنىڭ ئالتۇن تۇغىنى جىلۋىلەندۈردى . ئۇلار يەنە قايتىپ ياڭىھىسارغا يۈرۈش قىلدى . بېيىت :

مىنىپ فەتھ رەخشىگە ، بولدى رەۋان ،
سەئادەت قەرىنۇ زەفەر ھەمئىنان .
رىكابىدا مەردانى تۇران زەمىن ،
قىلىپ جۇملە دۈشمەن سارى قەسدى كىن .
سالىپ جۇملە ئەبرۇلارىغە گىرىھ ،
بېرىپ سۇ سىنانىغە ، ياسىغە زىھ .

كۈن چۈش بولغان ۋاقىتتا ئۇلار ياڭىھىسار قەلئەسىگە يېقىنلاپ باردى . بۇ چاغدىكى ناھايىتى ياخشى بىر تاسادىپىيلىق شۇ بولدىكى ، كاشغەردە قالغان لەشكەرلەر خاننىڭ ياركەندكە يۈرۈش قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپلا ياڭىھىسار ئەمىرلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا كىشى ئەۋەتىپ : «بۇ يەردىكى بەزى ئەمىرلەر تەشۋىشلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ . بۇ يەردە پاراكەندە ۋە ھەمدەمسىز لەشكەرلەرلا قالدى . ئەگەر [ياڭىھىساردىكى] كاشغەرلىكلەردىن بىرمۇنچە كىشى ئۆيىۋاقلىرى بىلەن بىللە كۆچۈرۈلۈپ كاشغەرگە ئەۋەتىلسە ، بۇ يەردە پۇت تىرەپ تۇرغىلى بولاتتى» دېيىشتى . ياڭىھىسار ئەمىرلىرى بۇ

سۆزنى مۇۋاپىق ۋە پايدىلىق ھېسابلاپ ، [ئۇ يەردىكى] كاشغەر خەلقىدىن نۇرغۇن كىشىنى ياشىھىساردىن ئەھلى ئاياللىرى بىلەن بىللە كۆچۈرۈپ كاشغەرگە ماڭدۇرغانىدى . بۇ خالايىقنىڭ ھەممىسى ياشىھىسار قەلئەسىدىن چىقىپ ، ياشىھىسار ئېقىنىنىڭ سۇيىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى ، دەل شۇ چاغدا خان لەشكەرلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى . بېيىت :

يېتىپ كەلدى شىرانى خەيلى موغۇل ،
كى سۇندىلار ئول جەمئ قەتلىغە قول .
قىلىپ غارەت ، ئەيلەپ ھەممە زىرى دەست ،
ئېتىپ جۇملە سەرۋەرلەرىن يەرگە پەست .

كاشغەرگە كېتىۋاتقان بۇ نۇرغۇن كىشىلەر خاننىڭ غالىب لەشكەرلىرىگە ئولجا بولۇپ ئەسىرگە چۈشتى ، بۇ چاغدا خان يېتىپ كەلدى . ئەمما ، ياشىھىسار خەلقى ھەممىسى پىيادە بولۇشۇپ ، يارلىق ۋە ئېگىز - پەس ، مۇستەھكەم يەرلەرگە بېكىنىپ مەردانە ئۇرۇش قىلىشقا ھازىرلانغانىدى . خان يېتىپ كەلگەن ھامانلا كاتتا بەگ ئېتىنى ئالدىغا ماڭغۇزۇپ مىدەكە باھادىرغا قاراپ : «ئاشۇ كۈنى مېنى قاچىدۇ ، دېدىڭ . مەرد بولساڭ ، بۈگۈن كەلگىن ، قايسىمىز قاچىدىكەنمىز ، بۈگۈن مەلۇم بولسۇن» دەپ ھەيۋەت بىلەن نەرە تارتتى . مىدەكە باھادىرمۇ شىجائەتلىك پالۋان ئىدى ، «نەچچە يىللاردىن بېرى مۇشۇنداق كۈننىڭ كېلىشىنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم» دېدى ئۇمۇ ئېتىنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ . بۇ ئىككى باھادىر دۈشمەنگە قاراپ ئېتىلدى . بېيىت :

ئەدۇۋغە قىلىپ ھەملە بۇ ئىككى يار ،
بىرى رۇستەمۇ بىرسى ئىسفەندىيار .

ئۇلارنىڭ بارىدىغان يولى تار ئىدى . يولنىڭ بىر تەرىپى

ياڭىھسار ئېقىنى، بۇ سۇ تازا ئۇلغايغان مەزگىل بولۇپ، ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇراتتى، يەنە بىر تەرىپى ئېگىز يار ئىدى. دېمەك، بۇ يەردە ئۈچ ئاتلىق تەستە ماڭغۇچىلىك يول بار، ئۇ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا پىيادە كىشى ئۆتكىلى بولغۇدەك قىلىپ ئىشىك ئورنىتىلغانىدى. ساۋۇت كىيگەن نۇرغۇن پىيادە كىشىلەر ئۇ ئىشىكنىڭ ئىچىدە تۇراتتى، بىرنەچچە پىيادە ئوق ئېتىش ئۈچۈن ئىشىكتىن تاشقىرىغا چىققانىدى، بۇ ئىككى باھادىر ھۇجۇمغا ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ پىيادىلەرمۇ ئىشىكنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى. كاتتا بەگنىڭ ئېتى مىدەكە باھادىرنىڭ ئېتىدىن ئۆتۈپ كەتتى. مىدەكە باھادىر ئېتىغا ھەرقانچە قامچا ئۇرۇپ باققان بولسىمۇ، ئىلگىرى ئۆتەلمىدى. كاتتا بەگ ئۇلارغا يېقىنلاپ بېرىش بىلەنلا ئۇ پىيادىلەر كاتتا بەگنىڭ ئېتىغا ئوق ئاتتى. ئوق شۇنداق تەگدىكى، ئات شۇ يەردىلا يىقىلدى، كاتتا بەگ ئېتىدىن ئايرىلدى. ئۇ يەر يانتۇلۇق بولغاچقا، ئات دومىلاپ سۇغا چۈشۈپ كەتتى. كاتتا بەگ پىيادە قارشى تەرەپتىكى پىيادىلەرگە ئېتىلدى، ئۇلار ئىشىك ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغانلىقتىن، كاتتا بەگنىڭ شەمشىرى ئۇلارغا يەتمىدى. ئارقىسىدىن مىدەكە باھادىر يېتىپ كېلىپ: «رەھمەت ساڭا، باھادىرلىق شۇنچىلىك بولار. ئەمدى يانغىن!» دېدى. كاتتا بەگ ئۇنىڭغا: «تاكى سەن يانمىغۇچە مەن يانمايمەن!» دېدى. مىدەكە باھادىر قارىسا سېپىل ئۈستىدىن ئوق يامغۇردەك يېغىۋېتىپتۇ. ئەگەر بۇنىڭدىن ئارتۇق جۈرئەت قىلىدىغان بولسا، ھەر ئىككىلىسى نابۇت بولغۇدەك. شۇڭا، مىدەكە بالدۇر ئارقىسىغا ياندى. ھەر ئىككىلىسى خاننىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلدى، خان كاتتا بەگنى ماختاپ ئىلتىپاتلارنى قىلدى. خالايىق مىدەكە باھادىرغا تاپا ـ تەنە قىلىشتى. مىدەكە باھادىر ئۇلارغا: «دۈشمەنگە زەربە بېرىش ئۈچۈن ئورۇن تارلىق قىلدى، كاتتا بەگنىڭ ئەسەبىيلىكى تۇتقانلىقتىن جاھىللىق قىلدى. ئەگەر مەنمۇ جاھىللىق قىلىدىغان بولسام، ھەر ئىككىلىمىزگە ئۆلمەكتىن باشقا ئىش يوق ئىدى.

شۇڭا ، بۇ ئەسەبىيلىكنى ئۇنىڭغا قويدۇم ، نەتىجىدە ئىككىلىمىز سالامەت قالدۇق »دېدى . مىدەكە باھادىرنىڭ بۇ ئۆزرىسىنى بەزىلەر لايىق تاپتى ، بەزىلەر قوبۇل قىلمىدى .

شۇنىڭدىن كېيىن ياڭىھىسار مەھەللىسىدە ھەربىر كىشى ئۆزىگە لايىق بىر ئورۇننى ئىگىلەپ جايلاشتى . بۇ ۋەقە بولۇپ نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مىر ئەييۇب تەپلىك ئىستىسقا كېسىلى بىلەن ۋاپات بولدى . كېسىلىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە خان ئۇنى كۆرگىلى بارغاندى ، مىر ئەييۇب خانغا : «بابۇر پادىشاھنىڭ تۇز ھەققىنى ساقلىيالمىدىم ، ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدەمدە تۇرالمىدىم . ماۋۇ تۇرغان بىر توپ توڭغۇزلار ۋە تىلسىزلارنىڭ تەرغىباتى تۇپەيلىدىن ۋەدەمنى بۇزدۇم » دەپ موغۇل سەردارلىرىنى ئىشارەت قىلدى . چۇنكى ، ھىساردا شۇلارنىڭ كۇشكۇرتۇشى بىلەن مىر ئەييۇب بابۇر پادىشاھتىن يۈز ئۆرۈگەندى . ئۇ يەنە خانغا : «مېنى ۋەدە ۋە قەسەمنىڭ ھەققى تۇتتى . مانا ھازىر قورسىقىم تاراق - تاراق قىلىۋاتىدۇ . ئاشۇ يامان قىلمىشنىڭ جازاسى جېنىمغا يېتىۋاتىدۇ . بۇ تۇرۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كۆزۈمگە توڭغۇز ۋە ئېيىقتەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ » دېدى . **رۇبائىي :**

تا مۇمكىندۇر قىلمە قەسەم ، قاچقىل تېز ،
ھەق تىغى دۇرۇيەسىغە سەن قىلمە ستىز ،
ناچار زەرۇرەتدىن ئەگەر قىلساڭ ئەھد ،
تا جانىڭۇ بار ، سىناردىن ئەتكىل پەرھىز .

مىر ئەييۇب ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەنسەپ ۋە مەرتىۋىسى ئۇنىڭ قېرىندىشى مۇھەممەد بەگكە تاپشۇرۇلدى .

شۇ كۈنلەردە ھەربىر كۈن ئۇرۇشتىن خالىي ئەمەس ئىدى . ھەربىر كىشىنىڭ كۆڭۈل خەزىنىسىدە شىجائەت جاۋاھىراتلىرى يوشۇرۇنغان بولسا ، بىر - بىرلەپ ئاشكارا بولۇۋاتاتتى . شۇ جۈملىدىن مىدەكە باھادىر ، ئەبدۇلۋاھىد باھادىر ، خۇداقۇلى ئىشقاۋۇل (شاقاۋۇل ) ، مۇھەممەدئەلى تۇمەن قاتارلىقلار ھەممە

زاماندا شلىرى ئارىسىدا گەۋدىلىك كۆزگە كۆرۈندى . باشقا باھادىرلار بىر نۆۋەت ياكى ئىككى - ئۈچ نۆۋەت شىجائەت كۆرسەتتى . ئەمما ، بۇ تۆت پالۋان ناگان - ناگان بەزى كۈنلىرى ئۇرۇش قىلمايتتى ، كۆپىنچە كۈنلىرى بۇلار ئۇرۇش قىلىپ مەردلىك - مەردانىلىكنى تولۇق بەجا كەلتۈرەتتى ، بۇلار ئۇرۇش قىلىپ مەردلىك ۋە مەردانىلىك قىلمىغان ئۇرۇش ئاز كۆرۈلگەندى .

دېمەك ، مىرزا ئەبابەكرىنىڭ كەلمەيدىغانلىقى مەلۇم بولدى . شۇنىڭدىن كېيىن ھەممەيلەن بىردەك : «ياڭىھىسار قەلئەسىگە قاتتىق ھۇجۇم قىلىش كېرەك» دېيىشتى . ھەممەيلەننىڭ پىكرى شۇنىڭغا قارار تاپقاندىن كېيىن يۇقىرىدا موغۇلنىڭ ئاددىي خەلقى ئىچىدىكى مۆتىۋەرلەر قاتارىدا ئېتى تىلغا ئېلىنغان خاجە ئەلى باھادىرنى ياركەند چۆلىنىڭ چېگرىسىدىكى مەنزىلدە قاراۋۇل بولۇپ مىرزا ئەبابەكرىنىڭ خەۋىرىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا ئەۋەتتى . «ئەگەر ياڭىھىسار قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان مەزگىلدە مىرزا ئەبابەكرى كېلىپ قالسا ، خاجە ئەلى باھادىر دەرھال خەۋەر يەتكۈزسۇن ، بىز ئۇنىڭ چارىسىنى قىلايلى» دەپ خاجە ئەلى باھادىرنى ماڭدۇردى .

## قىرىق ئالتىنچى باب

# [كاشغەر خانلىقىنى ئىشغال قىلىشنىڭ ئاچقۇچى بولغان] ياڭىھىسار قەلئەسىنىڭ ئېلىنغانلىقىنىڭ بايانى

ياڭىھىسارنى ئىشغال قىلىش كاشغەر مەملىكىتىنى ئىشغال قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ئىدى ، بۇ ئەھۋال مۇنداق بولۇپ ئۆتتى :

تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 920 ـ يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى[1] ئىدى . ياغىنسار قەلئەسىنىڭ ئەتراپى مۇلجار[2] قىلىپ تەقسىم قىلىندى ، خان قەلئەگە يېقىن بىر يەرگە چۈشتى . شۇ قەدەر يېقىن ئىدىكى ، ئەگەر سېپىلدىن ئوق ئاتسا ، خان چۈشكەن يەرنىڭ تۆپىسىدىكى يارغا يېتەتتى . مۇلجارنىڭ تەقسىملىنىشى مۇنداق بولدى : شىمال تەرەپتىن مۇلجار ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . چۈنكى ، قەلئەنىڭ شىمال تەرىپى چوڭقۇر يار ، لەخمە كولاشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق ئىدى . شۇ سەۋەبتىن قەلئەنىڭ شىمال تەرىپى مۇلجارغا كىرگۈزۈلمىدى . قەلئەنىڭ كۈنپېتىش تەرەپتىكى بىرىنچى بۇرجى[3]نى خان ئۆزى باشلىق قول باھادىرلار — ئۇلار ھەمىشە خاننىڭ مۇلازىمىتىدە بولاتتى ، ھېچقايسى قوشۇنغا تەۋە ئەمەس ئىدى — مۇلجار قىلىپ ئالدى . يەنە شۇ كۈن ئولتۇرۇش تەرىپىدىن خاننىڭ بىر يېنىدا قەلئەنىڭ يەنە بىر بۇرجى پەقىر مۇھەممەدھەيدەرگە قارار تاپتى . پەقىرنىڭ ئوڭ يېنىمدا بىر بۇرجنى مىرزا ئەلى تاغاي ، قۇتلۇق مىرەك مىرزا ۋە بەھرىكە مىرزىلار بىر لەخمىگە شېرىك بولۇپ مۇلجار قىلىپ ئالدى . بۇلارنىڭ يېنىدىن بىر بۇرجنى بابا سارىغ مىرزا ۋە شەھباز مىرزىلار ئالدى ھەمدە بەھرىن[1] جامائىتى بىلەن بىللە بىر لەخمىگە مەسئۇل بولدى ، مىرزا مۇھەممەد بەگ بىلەن بەگمۇھەممەد [بەگ] بىر لەخمىگە شېرىك بولدى . بۇلارنىڭ يېنىدا بىر بۇرج بولۇپ ، جەنۇب تەرەپكە مايىل ئىدى ، ئۇنى جانەكە مىرزا[5] ۋە بىشكە مىرزالار مۇلجار قىلىپ ئالدى . جەنۇب تەرەپتە بىر لەخمىنى مۇنكە بەگ

---

① ھىجرىيە 920 ـ يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى مىلادىيە 1514 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ .

② مۇلجار — ئورۇن ، مۆلچەر ، ھەربىي نىشان .

③ بۇرج — قەلئە تاملىرىنىڭ ئۈستىدىكى مۇنار .

④ بەھرىن — باشقا تارىخىي كىتابلاردا «بارىن ، باغارىن» دەپمۇ ئېلىنغان (مۇھەررىردىن ) .

⑤ جانەكە مىرزا — خەنزۇچە نەشرىدە «جەنكە مىرزا» (Janka Mirza ) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن ) .

مۇلجار قىلىپ ئالدى . ئۇنىڭ يېنىدىن بىر لەخمىنى مىر ئەييۇبنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان مىر مۇھەممەد تالىلىۋالدى . ئۇنىڭ يېنىدا مىر قەنبەر ، ئەلى مىرەك بارلاس ، بۇلارنىڭ يېنىدا مىر دائىمئەلى ، ئۇنىڭ يېنىدا قارا قۇلاق مىرزا ، ئۇنىڭ يېنىدا سەييىدمۇھەممەد مىرزا مۇلجار ئالدى . قەلئەنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىمۇ شىمال تەرىپىگە ئوخشاش ئېگىز يار ئىدى . ئۇ تەرەپكىمۇ كۈچ ئىشلىتىلمىدى .

بەش كېچە ـ كۈندۈز تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى . ھەرقايسى ئەمىرلەر ئۆز مۇلجارلىرىنىڭ لەخمىسى ئۈچۈن پۈتكۈل ۋۇجۇدى ، بار كۈچى بىلەن كىرىشىپ ، بارلىق سايە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىشتى . ھەزرىتى خانغا قارار تاپقان لەخمىدىكى باھادىرلارنىڭ قاتتىق تىرىشچانلىقى ۋە ھەزرىتى خاننىڭ دۆلەت ـ ئىقبالىنىڭ بەرىكىتىدىن بەشىنچى كۈنى قەلئەنىڭ بۇ بۇرجى پەلەك بۇرجىدەك راۋان بولدى ، ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان بۇ بۇرج يەر بىلەن يەكسان بولدى . ئەمما ، سېپىلنىڭ ئەسلىي قىسمىدىن ئازراق قېپقالدى . بۇ كۈنى ھەممەيلەن ھەسسىلەپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى . ھەممە لەخمىلەر شۇ دەرىجىگە يەتتىكى ، ئازراق كۈچىسىلا سېپىل يىقىلغۇدەك ھالغا كېلىپ قالدى . ھەممە بۇرجلاردىن مۇستەھكەمرەك بىر بۇرج بار ئىدى ، ئۇنىڭغا جانەكە مىرزا بىلەن بىشكە مىرزا مەسئۇل بولۇپ لەخمە ئۇرۇۋاتاتتى . ئۇلار تەگدىن تاكى ئاتمىش گەز چوڭقۇرلۇقتىچە كولىدى .

شۇ ئەھۋال ئەسناسىدا خاجە ئەلى باھادىرنىڭ كىشىلىرى ئەلىكە ئاتلىق بىر سەردارنى يەنە بىرنەچچە سەردارلار بىلەن بىللە تۇتۇپ ئېلىپ كەلدى . بۇ ئەلىكە ياڭىھىسار قەلئەسىنىڭ ئەمىرى ئەمىن دارۇغەنىڭ ئوغلى ئىدى . ئەمىن دارۇغە مىرزا ئەبابەكرىنىڭ مۆتىۋەر كىشىلىرىدىن ئىدى ، شۇڭا ياڭىھىسار قەلئەسىنىڭ مۇداپىئەسىگە ئالاقىدار زۆرۈر ئىشلارنى پۈتۈنلەي ئەمىن دارۇغەگە تاپشۇرغانىدى .

بۇ ئەلـكەنى تۇتۇپ كېلىش ۋەقەسى مۇنداق يۈز بەرگەنىدى :
مىرزا ئەبابەكر ياشىھسارغا بېرىپ خاننىڭ لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈش نىيىتىدە ياركەندتە نۇرغۇن لەشكەر ۋە ساناقسىز ئەسلىھەرلەرنى تەييار قىلغانىدى . ئۇ لەشكەرلىرى ئىچىدىن بىرقانچە كىشىنى تاللاپ قىزىلدا قاراۋۇللۇق قىلىپ تۇرۇشقا ئەۋەتكەن ، ئۇلارغا ياشىھسارنىڭ ئەھۋاللىرى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ كېلىشنى تاپشۇرغانىدى ۋە شۇنىڭغا قاراپ بىر پىكىرگە كەلمەكچى ئىدى . يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان ۋەلى بەگنىڭ ئىنىسىنى بۇ بىر توپ جامائەتكە سەردار قىلىپ ئەۋەتكەنىدى .
بۇلار قىزىلغا يېتىپ كەلدى ـ دە ، «موغۇلنىڭ قاراۋۇلىمۇ بۇ يەردە ئىمىش» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى . ئۇلارنىڭ چۈشكەن يېرىنى ئېنىقلاپ شۇ كېچىسى خاجە ئەلى باھادىرغا شەبىخۇن[1] ئۇردى ، بۇ ۋاقىتتا خاجە ئەلى باھادىر باشلىق ھەممە لەشكەرلەر تازا ئۇخلاۋاتقانىدى . ناغرا ـ دۇمباق ، سۇرەن ـ چۇقان ۋە نەرە ـ غوۋغا سادالىرى كۆتۈرۈلگەندە ئۇيقۇدىن ئويغىنىشتى .
**رۇبائىي :**

كېچە ئېردى قەتران مەسەللىك سىپاھ ،
نەسەييارە پەيدا ، نە يەردىن نە ماھ .
نە دۈشمەن پەدىدار ئېردى نە دوست ،
بىرى بىرسىدىن يىرتىشۇر ئېردى پوست .
[سەدا چەكتى بۇ كېچە شەمشەر ، كەمان ،
كېسىپ ئالدى پىل قۇيرۇقىن ئارسلان] .

بەس ، بۇلار ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ساراسىمىگە چۈشۈپ ھوشلىرىنى يوقىتىپ قويۇشتى ، ھەممىسى ئەقىل ـ ئىدراكلىرىدىن

---

① شەبىخۇن — كېچىدىكى تۇيۇقسىز ھۇجۇم ، تۈندىكى باسقۇن .

ئايرىلىپ ئۆز ـ ئۆزىدىن ۋە خالايىقتىن بىخەۋەر بولۇپ ئىلاجسىز ۋە ئىختىيارسىز قىچىشقا يۈزلەندى. مىسرا :

يىقىلىپ ـ قوپۇپ قاچتىلار ھەر تەرەف.

پەقەت خاجە ئەلى باھادىرلا ھىممەت تىزگىنىنى قولدىن بەرمىدى، جۈرئەت ئېتەكلىرىنى مەھكەم تۇتتى، يۈگۈرۈك ئاياغلىرىنى مۇقىملىق ئورنى ئۈستىگە قويدى. ئۇ قاچماستىن بەرقارار تۇرۇپ ئۆزىگە تەۋە كىشىلەرنىڭ ئېتىنى بىر ـ بىرلەپ چاقىراتتى، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ خاجە ئەلى باھادىرنىڭ تەۋەلىرىدىن بىرنەچچە كىشى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا يىغىلدى، ئۇلارمۇ ئۆزىنىڭ تەۋەلىرى ۋە دوستلىرىنىڭ ئىسمىنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن بىر ـ بىرلەپ چاقىرىشقا باشلىدى. قېچىپ كېتىۋاتقان بىرمۇنچە جامائەت بىر يەرلەرگە بارغاندا ھوشلىرىغا كەلدى، دىققەت قىلغانىدى، قۇلاقلىرىغا دوستلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلىنى توختىتىپ يۈرەكلىنىپ ئارقىسىغاياندى ۋە خاجە ئەلى باھادىرنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار قاراڭغۇ كېچىدە بىر ـ بىرلىرىگە ئوق ئېتىشاتتى. قاراڭغۇ كېچە يورۇق تاڭغا ئالماشتى، تۇتۇشۇۋاتقان ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنى ئېنىق كۆردى. شۇنىڭدىن كېيىن دۈشمەن ئۆزىنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى سەزدى. چۈنكى، پىر ئەلى بەگنىڭ تەۋەسىدىكىلەر يۈز كىشى، خاجە ئەلى باھادىرنىڭ تەۋەسىدىكىلەر ئۈچ يۈز كىشى ئىدى. كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىدىن بىخەۋەر ئۇرۇش قىلغانىدى. پىر ئەلى بەگ قاراپ كۆردىكى، قېچىپ قۇتۇلۇش نامەردلىكتۇر، ھىممەت بىلەن ئۆلۈش مەردانىلىكتۇر، شۇڭا ئۇ يەرگە يېقىن يەردە بىر باغ بار ئىدى، شۇ باغقا بېكىندى.

جاھاننى يورۇتقۇچى قۇياش تېخى تولۇق كۆتۈرۈلۈپ بولماي

تۇرۇپلا ئۇ جامائەتنىڭ ئۆمۈر قۇياشى زاۋاللىق مەنزىلگە يېتىپ قالدى. ئۇ يۈز كىشىدىن ئىككى كىشى ئىلگىرى قېچىپ كەتكەندى، شۇلارلا قۇتۇلۇپ قېلىپ مىرزا ئەبابەكرگە خەۋەر ئېلىپ باردى، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى يوقىتىلدى. مەزكۇر ئەلىكەنى ياركەند ئەھۋاللىرىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئۆلتۈرمەي، ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ بېشىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ ياردار ھالەتتە خاننىڭ غالىب دەرگاھىغا ئەۋەتتى. چۈش ۋاقتى بولغاندى، ئەلىكەنى خاننىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىشتى. ئەلىكەدىن مىرزا ئەبابەكرنىڭ ئەھۋاللىرى ۋە ياركەندنىڭ خەۋىرىنى سورىدى، ئەلىكە مۇنداق دېدى: «مىرزا ئەبابەكر بارلىق لەشكىري ئەسلىھەلەرنى تەييارلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. ھەممە كىشىلەرگە مەلۇمكى، مىرزا ئەبابەكرنىڭ ئات، قورال ـ ياراغ، دۇبۇلغا ـ قۇياق ۋە باشقا ھەربىي ئۈسكۈنىلەر، ئۇرۇش ئەسۋابلىرى جەھەتتە ھېچقانداق كەم ـ كۈتىسى يوق. بەلكى ئۆزىنىڭ لەشكىرىدىن يۈز ھەسسە كۆپ لەشكەرلەرگە يەتكۈدەك ئەسۋاب ۋە ئەسلىھەلىرى تەقمۇتەق تەيياردۇر. ئەمما، ئۆزلىرىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ۋە پەتھى نۇسرىتى بىلەن سەلتەنەت ئاساسىنى ۋە ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئۇلىنى بەرپا قىلغان لەشكەر باشلىقلىرى، داڭلىق ئەمىرلەر ۋە مەردانە پالۋانلارنى ئۇ ئۆزى يوقلۇق پەردىسى ئىچىگە يوللىۋەتتى. مانا ئەمدى ئۇ لەشكەر تەييارلاۋاتىدۇ، پۈتكۈل دېھقانلار ۋە شەھەر ـ بازارلاردىكى كاسىپ پۇقرالار ئارىسىدىن ئادەم تاللاپ لەشكەر قاتارىغا ئېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلاردىن بىرىنى ئەمىر، بىرىنى ۋەزىر، يەنە بىرىنى ساھىب تەدبىر (مەسلىھەتچى) قىلىپ تەيىنلەۋاتىدۇ. ئۆمرى ئىچىدە چۆمۈچ دەستىسى ۋە ئۇماچ قاچىسىدىن باشقا نەرسىنى قولىغا ئېلىپ باقمىغان بۇ پۇقرالار ئەمدى قايسى قوللىرى بىلەن شەمشەر سېپىنى تۇتالىسۇن؟ قايسى قوللىرى بىلەن تەدبىر تىزگىنلىرىنى تۇتالىسۇن؟ گەرچە مىرزا

ئەبابەكر بۇ ئىشقا كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ ، ئەمما شۇنى ئېنىق بىلىمەنكى ، ئۇنىڭ مۇرادى ھاسىل بولمايدۇ ، ئۇنىڭ بۇ بۇزۇق خىيالى ئەمەلىيەت ئالىمىگە پەيدا بولالمايدۇ . »

ئەلىكە شۇ سۆزلەرنى دەپ مىرزا ئەبابەكرنىڭ ياغىمىسارغا كەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ تولا مۇبالىغىلەرنى قىلدى ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھېچكىم ئىشەنمىدى . ھەممەيلەن : «بۇ ھازىر بالا ـ قازا قاينىمىدا چۆكۈپ كېتىۋاتىدۇ ، شۇڭا مۇشۇ ۋاستە بىلەن نىجاتلىق ساھىلىغا چىقىۋېلىشنى كۆزلەپ خۇشامەت ئېتىكىگە قول سوزۇۋاتىدۇ » دەپ گۇمان قىلىشتى .

نامازشام ۋاقتى بولغانىدى . خاجە ئەلى باھادىرنىڭ كىشىلىرى يەنە بىر ئادەمنى تۇتۇپ ئېلىپ كەلدى . ئۇلار : «بۇ قېچىپ كېلىپتۇ . مىرزا ئەبابەكر زور قوشۇننى تەييارلاپ ياركەندتىن چىقىپ ، ياركەندتىن ئىككى فەرسەڭ يىراقلىقتىكى يەرگە كېلىپ چۈشۈپتۇ . مەن شۇ يەردىن قېچىپ كەلدىم ، دەيدۇ» دېدى . بۇ سۆزگىمۇ بەزىلەر ئىشەنمىدى ، «بۇ مىرزا ئەبابەكرنىڭ ھىيلىسى بولۇشى مۇمكىن . ئۇ مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ياغىمىسار مۇھاسىرىسىنى كەينىگە سۈرۈپ ، ۋاقىتنى سوزۇش ئۈچۈن بۇ ئىشنى قىلغان بولسا كېرەك» دەپ گۇمان قىلىشتى . شۇڭا ، ئۇ ئادەمنى قىيىن ـ قىستاققا ئالدى . شۇ قەدەر قىينىدىكى ، ئۇ ئادەم قىيناقتا ئۆلدى ، ئەمما يۇقىرىدا دېگەن سۆزدىن باشقا سۆزنى قىلمىدى ، ئاندىن ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىشتى . شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئەمىرلەر مەسلىھەت قىلىپ : «بۈگۈن كېچە مۇھاسىرىسىنى قويۇپ تۇرۇپ ، ھەممە لەشكەرلەرنى ئېلىپ بېرىپ مىرزا ئەبابەكرنىڭ يولىنى توسايلى ، ئۇلار بىلەن ياغىمىسار لەشكەرلىرى قوشۇلماستا ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلايلى» دېيىشتى . ئۇلار بۇ سۆزنى خانغا مەلۇم قىلدى ، خان پەرمان قىلىپ : «مەن مۇشۇ

يارنىڭ تۆپىسىدە ئولتۇرىمەن . ئەگەر مىرزا ئەبابەكرى يېتىپ كەلسە ، بىر ئوقنى قەلئە تەرەپكە ، بىر ئوقنى مىرزا ئەبابەكرى تەرەپكە ئاتىمەن . تاكى مۇشۇ يەردە ئۆلسەم ئۆلىمەنكى ، بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق يەرگە بارمايمەن . باشقىلار نېمىنى خالىسا ، ئۆزىنىڭ ئىختىيارى » دېدى . ئەمىرلەر خاندىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەممىسى ئەدەپ تىزلىرىنى يەرگە قويۇپ ئەرز قىلدى : «ئەگەر مىڭ جېنىمىز بولسىمۇ ، ھەممىسى خاننىڭ ئاياغ ئاستىدىكى تۇپراقتا پىدا بولسۇن . ئۆز ۋۇجۇدىنى خاننىڭ شەرەپلىك ۋۇجۇدىدىن ياخشىراق كۆرىدىغان ، ئۆزىنىڭ خالاسلىقىنى خاننىڭ خالاسلىقىدىن ئەلا بىلىدىغان قانداق ھىممەتسىز ئىكەن ئۇ ؟ ! » ئۇلار شۇنداق دەپ ھەممىسى خۇشال - خۇرام لەخمە ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى .

ئالتىنچى كۈنى پەلەك پادىشاھى قۇياش غالىبىيەت ۋە بەختىيارلىقىنىڭ ئالتۇن بايرىقىنى كۆتۈرۈپ ئالەمنى يورۇق ۋە روشەن قىلدى . تاڭ سەھەردە خان ئۆزى ئاتقا مىنىپ ھەرقايسى مۇلجارلارغا باردى ، خان كۆڭۈللەرنى مايىل قىلغۇچى سۆز گۆھەرلىرىنى ئەمىرلەر ۋە لەشكەرلەرنىڭ تىرىشچانلىق قۇلاقلىرىغا سالاتتى ، جان - دىل بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلارغا نۇرغۇن ۋەدىلەر بىلەن مېھرىبانلىقلارنى يەتكۈزەتتى ، سۇسلۇق ۋە بىپەرۋالىق قىلىۋاتقانلارغا سىياسەت قامچىسى بىلەن ئۇرۇپ ئەدەپ بېرەتتى . خان شۇ يوسۇندا قەلئە ئەتراپىنى ئايلىنىپ تاغامنىڭ مۇلجارىغا يېتىپ كەلدى ، شۇ ئەسنادا قەلئە ئۈستىدىن بىر كىشىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى . قۇلاق سالغاندى ، ئۇ كىشى : «سەييىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ مۇلازىملىرىدىن بىر كىشى كەلسۇن ، ئېيتىدىغان سۆزۈم بار ! » دەۋاتاتتى ، شۇڭا بىرەيلەننى ئەۋەتتى . ئۇنىڭغا سىپىل ئۈستىدىكى كىشى : «كوكۇلداش مىرزا ئەلى سەييىد باھادىر بۇ يەردە بولسا ، شۇ كىشى كەلسۇن ! » دېدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئەۋەتتى . بىر پەستىن كېيىن ئەلى سەييىد

[باھادىر] قايتىپ كېلىپ مۇنداق بايان قىلدى : «ئەمىن دارۇغە مۇنداق دەۋاتىدۇ : ‹سەييىدمۇھەممەد مىرزا ئەبابەكىر مىرزىنىڭ قېرىندىشىدۇر . مەن ئاتا - بوۋامدىن تارتىپ ئۇلارنىڭ چاكار ۋە خىزمەتكارلىرىنىڭ پۇشتىمەن . گەرچە قىرىق يىلدىن بېرى مىرزا ئەبابەكىردىن ۋە جان ۋەھىمىسىدىن بىردەممۇ ئامانلىق تاپالمىغان بولساممۇ ، لېكىن ئۈچ ئايدىن بېرى تۇز ھەققىنى دەپ جېنىمنى ئالىقىنىمغا ئېلىپ تىرىشىۋاتىمەن . ئۇ قانچىلىگەن ئەمىرلەرنى ئۆلتۈردى ، قالغانلىرىنى خىلمۇخىل ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە دۇچار قىلدى . بەزىلىرىنى ئاختا قىلدى ، بەزىلەرنىڭ قول - پۇتلىرىنى كەستى ، بەزىلەرنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلدى . دېمەك ، ھەركىمنى بىر بالا - قازاغا مۇپتىلا قىلدى . ئۇنىڭ بۇنداق قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ، يەنە تۇزنى ھالال يېيىشنىڭ شەرتلىرىنى تولۇق ئادا قىلدىم ، ئەمدى پىچاق سۆڭەككە يەتتى . ئەگەر پەقىر قۇللىرىنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىپ جان ۋە مېلىمغا ئامانلىق بەرسە ، ئىلتىپات ۋە ئىنايەتلەر بىلەن ئىززەتلىسە ، سەييىدمۇھەممەد مىرزىنى [كېپىل بولۇشقا] بۇيرۇسۇن . مەن قەلئەنى تاپشۇرۇپ بېرىپ ، ئۆزۈم مۇلازىملار قاتارىدا ئاشۇ پەلەك كەبى يۈكسەك دەرگاھنىڭ خىزمىتىنى قىلىمەن › »دېدى .

سەييىدئەلى[1] ئەمىن دارۇغەنىڭ بۇ سۆزىنى خاننىڭ شەرەپلىك قۇلاقلىرىغا يەتكۈزگەندىن كېيىن خان خۇشال - خۇرام بولۇپ سەييىد ئەلىنى يەنە ئەۋەتتى . خان : «پەرمان شۇكى ، ئىلتىماسىڭنى قوبۇل قىلدىم . ھەرقانداق مۇراد - مەقسىتىڭ بولسا ، ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە زىيادە ئىلتىپات ۋە ئىنايەتلەر بىلەن سېنى ئەزىز قىلىمەن» دېدى . سەييىدئەلى بۇ خۇش خەۋەرنى [ئەمىن] دارۇغەگە يەتكۈزدى .

---

① بۇ ئىسىم قوليازمىدا باشتا «ئەلى سەييىد» دېيىلگەندى . باشقا نۇسخىلاردىمۇ «ئەلى سەييىد» دەپ ئېلىنغان ، بۇ يەردە يۇقىرىقىدەك ئېلىنىپتۇ .

## قىرىق يەتتىنچى باب

# مىرزا ئەبابەكرىنىڭ تەلىيى يېنىپ، ھەممە ئىشلىرىنىڭ زىيانغا يۈزلەنگەنلىكى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك دەسلەپكى ۋەقەلەرنىڭ بايانى

بىلىش كېرەككى، مىرزا ئەبابەكرىنىڭ مۇنداق ئادىتى بار ئىدى: ئۇ رەڭگارەڭ مۇشكۇل قائىدە - تەرتىپلەرنى تۈزگەنىدى. ئەگەر بىر كىشىدىن ئاشۇ تەرتىپ جەھەتتە ئازراقلا خاتالىق سادىر بولۇپ قالغۇدەك بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن باشقا ئىشقا زارى بولمايتتى. ئۇنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن يەنە بىر جامائەتنىڭ قەستىگە چۈشەتتى - دە، ئۇنىڭ نارەسىدە باللىرى ۋە ھامىلدار ئاياللىرىنىمۇ تىرىك قويماسلىققا ئۆز - ئۆزىگە قارار قىلاتتى. ئۇ جامائەتتىن ھەرقايسىسىنى چوڭدىن تاكى سۈت ئېمىدىغان باللىرىغىچە ھەر بىرىنى شۇنداق ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە دۇچار قىلاتتىكى، ئۇلار ھەر كۈنى ئۆلۈمنى مىڭ قېتىم ئارزۇ قىلاتتى. قىسقىسى، مىرزا ئەبابەكرىنىڭ بۇ خىل قىلمىش - ئەتمىشلىرى يۇقىرىدىمۇ بايان قىلىپ ئۆتۈلگەنىدى. بۇ تولۇقلىمىدىن مەقسەت شۇكى، مىرزا ئەبابەكىر ئاخىرقى چاغلاردا پۈتكۈل ئەسكەر ۋە لەشكىري ئىشلارنى مىر ۋەلىگە تاپشۇردى، بارلىق مۈلكىي ۋە رەئىيەت ئىشلىرىنى شاھدانە كوكۇلداشقا تاپشۇردى. ھەممە ئەمىرلەر ئارىسىدا ئەڭ ئۇلۇغى ۋە ئىشەنچلىكى مۇشۇ ئىككى كىشى ئىدى، شۇڭا بۇ ئىككىيلەن كۆپتىن - كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، مەملىكەت ئىنتىزامى ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى

كامالەتكە يەتكۈزگەندى .

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ، مىر ۋەلى ئاقسۇ ۋە موغۇلىستاندىن موغۇل ۋە قىرغىزنى شۇ قەدەر تازىلىۋەتتىكى ، كاشغەردىن ئىككى - ئۈچ ئايلىق يىراقلىقتىكى جايلارغىمۇ قىزغىز ۋە موغۇللار كېلەلمەيتتى . پۈتكۈل موغۇل چالىش ۋە تۇرپاندا ئارام تاپقاندى ، قىرغىزلار ئىسسىقكۆلنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەندى . يەنە فەرغانە ۋىلايىتىدىن ئۆزكەند ، ئوش ، مادۇ ، [چەگرەك ، ئەندىجاننىڭ يۇقىرى قىسمى] قاتارلىق مۆتىۋەر يۇرتلارنى تولۇق تەۋەلىككە كىرگۈزگەن ، قايىرتېگىن ۋە بەدەخشان ئەتراپلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشغال قىلىپ تىزگىنلىگەن ، بەلۇر ۋە تىبەت چېگرىلىرىدىن تاكى كەشمىرغىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە تەۋە قىلغاندى . بۇ ئىشغالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى مىر ۋەلىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە سەۋەبكارلىقى بىلەن قولغا كەلگەندى .

تۇتلۇق ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى تاغام سەيىدمۇھەممەد مىرزا مىر ۋەلى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەقەززا قىلدى ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ سۇلھى ۋە مەسلىھەتنى ئارىغا سالماقچى ئىدى . بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مىر ۋەلى كۆڭلىدە : «بۇلار تەڭلىك ۋە ئىلاجسىزلىقتا قېلىپتۇ . بەلكىم بىر يېقىنلىشىش بىلەن سەيىدمۇھەممەد مىرزىنى تۇتۇپ ، مىرزا ئەبابەكرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارسام ، ھېچ خىزمەت بۇنىڭدىن ئۇلۇغ بولماس ، مىرزا ئەبابەكر مەندىن كۆپ خۇرسەن بولار» دېگەن خام تەمەگە چۈشتى . ئۇ مۇشۇ ئۈمىد بىلەن كۆرۈشۈشكە رازى بولدى . ئىككى سەپ ئارىسىدا بىر ئورۇن ھازىرلاندى ، ھازىرلانغان ئورۇنغا ھەر ئىككىلا تەرەپتىن ئىكككيلەن بىرنەچچە كىشى بىلەن بىللە كېلىپ كۆرۈشتى . تاغام ئەمىرلەر ئارىسىدا مىر ۋەلىگە خىتاب قىلىپ ، بىر قانچە سۇلھى ئارىلاش گەپلەرنى ئارىغا سالدى ، ئاندىن تاغام مىر ۋەلى بىلەن كەلگەن ئەمىرلەرگە قاراپ : «مېنىڭ مىر ۋەلىگە

بىر قانچە سۆزۇم بار ، سىلەر قوپۇڭلار » دېدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئەمىرلەر قوپۇپ چىقىپ كەتتى ، مىر ۋەلى تەنها قالدى . تاغام باياتىن ئەمىرلەرنىڭ ئالدىدا ئېيتقان مىرزا ئەبابەكرىدىن شەپقەت ئىلتىماس قىلىش مەزمۇنىدىكى سۆزلەرنى يەنە بىر قېتىم تەكرار ئېيتتى . بۇ سۆز تۈگىگەندىن كېيىن ھەرقايسىسى ئۆز مەنزىللىرىگە يېنىشتى . بۇ ۋەقەدىن كېيىن تۆتلۈق ئۇرۇشى بولدى . بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن مىر ۋەلى بىلەن ھەمراھ بولۇپ بارغان ئەمىرلەردىن «پالان يەردە سەييىدمۇھەممەد مىرزا بىلەن مىر ۋەلى كۆرۈشتى» دېگەن سۆز مىرزا ئەبابەكرگە ئاڭلاندى . مىرزا ئەبابەكر ئەمىرلەردىن : «كۆرۈشكەندە نېمە سۆزلەر ئارىغا چۈشتى ؟ » دەپ سورىدى . ئەمىرلەر تاغامنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى بايان قىلىشتى ، ئاندىن يەنە : «بىزنىڭ ئالدىمىزدا سەييىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ دېگەن سۆزلىرى مۇشۇ . كېيىن بىزنى قوپۇرۇۋېتىپ خىلۋەتتە بىرمۇنچە سۆزلەرنى قىلىشتى ، ئۇنى ئاڭلىمىدۇق . نېمە دېگەنلىكىنى بىلمەيمىز » دېدى .

مىر ۋەلى تۆتلۈق ۋەقەسىدىن كېيىن مىرزا ئەبابەكرنىڭ ھۇزۇرىغا قايتىپ كەلدى . مىرزا ئەبابەكر ئۇنىڭدىن : «سەييىدمۇھەممەد مىرزا خىلۋەتتە ساڭا نېمە گەپلەرنى ئېيتتى ؟ » دەپ سورىدى . مىر ۋەلى تاغامنىڭ ئېيتقان ھەربىر سۆزىنى تولۇقى بىلەن بايان قىلدى . مىرزا ئەبابەكر : «بۇ سۆزلەرنى ئەمىرلەرنىڭ ئالدىدا ئاشكارا دەپتىكەن ، يەنە خىلۋەتتە مۇشۇ سۆزنى تەكرار قىلىشنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر ؟ » دېدى ۋە بۇنىڭدىن ئارتۇق ھېچنېمە دېمىدى . لېكىن ، شۇنىڭدىن باشلاپ : «بۇ سەييىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ خىلۋەتتە دېگەن گەپلىرىنى ماڭا ئېيتمىدى ، ئېھتىمال سەييىدمۇھەممەد مىرزا بىلەن بىرلىشىپ مېنىڭ قەستىمگە چۈشكەن بولسا كېرەك » دەپ گۇمان قىلىپ مىر ۋەلىدىن چۆچۈشكە باشلىدى . شۇنىڭدىن كېيىن مىر ۋەلىنى بارلىق تاۋابىئاتلىرى بىلەن تۇتۇپ قازىققا سالدى ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئاختا قىلدى .

ھەمراھ بولۇپ بارغان ئەمىرلەرگىمۇ : «سىلەر نېمىشقا قوپۇپ چىقىپ كېتىپ، ئۇنىڭغا خىلۋەت ھازىرلاپ بەردىڭلار ؟ !» دەپ گۇناھ ئارتىپ ھەممىسىنى ناكار قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە تۇرلۇك ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى سالدى .بېيىت :

كىشىكىم ئانىڭ بەختى بولسا سىياھ ،
نە ئىشغە قەدەم قويسە بولغاي تەباھ .
چۇ يۇز قويسە ھەريان قەزاۋۇ قەدەر ،
خىرەدمەندلەر بولغۇسى كورۇ كەر .

مىر ۋەلى ئەنە شۇنداق بالا ـ قازاغا دۇچار قىلىندى . بۇ ئىش مىرزا ئەبابەكىر دۆلىتىنىڭ زاۋاللىقىغا يۈزلىنىشىگە سەۋەب بولدى .

يەنە شاھدانە كوكۇلداش مەملىكەت، رەئىييەت، خەزىنە ۋە ئىقتىسادقا مەسئۇل ئىدى . ئۇمۇ ئۆز ئىشىدا تىرىشچانلىق ۋە ئەستايىدىللىقنى كامالەتكە يەتكۈزگەنىدى . شۇنداق ئىشلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ قوينى شۇقەدەر كۆپەيتكەنىدىكى، سان ـ ساناقتىن، ھەددۇھېسابتىن تاشقىرى ئىدى . كاشغەر پەتھى قىلىنغاندا پەقىر مۇھەممەدھەيدەر يېشىم كىچىك بولغاچقا، دۇنياۋى ئەسۋابلار ۋە مال ـ مۈلۈك، بايلىق دېگەنلەرگە كۆڭۈل قويمىغانىدىم، شۇ سەۋەبتىن ئولجا ـ غەنىيمەت ئېلىشقىمۇ قىزىقمىدىم . شۇنداق بولسىمۇ قوينىڭ تولىلىقىدىن ماڭا ئون بەش مىڭ قوي تەگدى، ئېھتىمال ئۇ چاغدا مەندىنمۇ ئازراق ئولجا ئالغان كىشى يوق ئىدى بولغاي . ئۇ ۋاقىتتا مىرزا ئەبابەكرنىڭ ماللىرىنى ئولجا ئېلىشتا مەيلى خاننىڭ ئۆز لەشكىرى بولسۇن ياكى خاننىڭ لەشكەرلىرىگە قوشۇلغان مىرزا ئەبابەكرنىڭ لەشكەرلىرى بولسۇن ۋەياكى كاشغەر ۋىلايىتىنىڭ پۇقرالىرى بولسۇن، ھەممىسى تەڭ باراۋەر ئىدى . مۇشۇنىڭدىنلا قانچىلىك مال ـ مۈلۈكلەر يىغىلغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا، يەنە مال ـ چارۋا، باغۋاران، زىرائەت ۋە خەزىنىلەر يۇقىرىدا قىسقىچە

بايان قىلىپ ئۆتتۇلگەنىدى . مۇشۇنچىۋالا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بىر كىشىدە بولۇشىنى ئەقىل قوبۇل قىلمايدۇ ، بۇلارنىڭ ھەممىسى شاھدانە كوكۇلداشنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن يىغىلغانىدى . [مىرزا ئەبابەكىر] مىر ۋەلىگە زەربە بەرگەندىن كېيىن شاھدانەدىنمۇ خەۋپسىرەشكە باشلىدى . ئۇ : «شاھدانەنىڭ كۆڭلىگە ‹مىر ۋەلى مەرتىۋە جەھەتتە مەندىن يۇقىرى ئىدى ، ئۇنىڭغا بۇنداق زەربە بەردى ، مېنىمۇ بىر بالاغا دۇچار قىلغۇسىدۇر› دېگەن ئەندىشە چۈشكەن بولۇشى مۇمكىن ، شۇڭا ئۇ مەندىن ۋەھىمە قىلىپ قەستىمگە چۈشۈشى مۇمكىن» دەپ گۇمان قىلىپ بۇ ۋەھىمە بىلەن شاھدانە كوكۇلداشنى تۇتۇپ قاماققا ئالدى . ھالبۇكى ، بۇ خىل گۇمانلار نە شاھدانەنىڭ ، نە باشقا خالايىقنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقماس ئىدى . شاھدانە كوكۇلداشقا : «سەن خەزىنىگە ئېلىنىغان ئەسلىھە ۋە مال ـ مۈلۈكلەرنى تولۇق يىغماپسەن ، مۆلچەرلىگەندىن كەم چىقتى» دەپ گۇناھ ئارتتى . دىۋانخانىدا ئۇنىڭ ساقىلىنى يۇلۇپ ، يۇلدۇردى ۋە ئاختا قىلدۇردى . جاراھىتى ساقايغاندىن كېيىن ئۇنىمۇ قازىقتا ئىشقا سالدى .

مىر ۋەلى بىلەن شاھدانەنىڭ ئورنىغا ئىككى يارىماس ۋە پەسكەش كىشىنى تەيىنلىدى . مال ـ مۈلۈك ۋە ئەسلىھەلەر شاھدانەنىڭ ۋاقتىدىكىدىنمۇ كۆپرەك يىغىلغىلى تۇردى ، ئەمما لەشكىري ئىشلار زىيانغا ۋە نۇقسانغا قاراپ يۈزلەندى . چۈنكى ، مىر ۋەلىدەك قابىلىيەتلىك سەرداردىن نەچچە يىلدا بىرى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ .

شۇ ۋەقە ئەسناسىدا خاننىڭ ئەندىجاندىن كاشغەرگە قاراپ يۈرۈش قىلغانلىق خەۋىرى ئاڭلاندى . شۇڭا ، كاشغەر قەلئەسىنى يەتتە كۈن ئىچىدە بىنا قىلدۇردى . بۇ ۋەقە يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇلدى . ئاندىن يەنە خاننىڭ كاشغەرگە يەتتە كۈنلۈك يىراقلىقتىكى ئاتباشى دېگەن جايغا يېتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر كەلدى ، مىرزا ئەبابەكىر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كاشغەردىن

ياڭىھىسارغا باردى . ياڭىھىسار قەلئەسىگە ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە ھەربىي ئەسلىھەلەرنى ھەددىھېسابسىز كۆپ تولدۇرۇپ بەردى ھەمدە بىر نەچچە كىشىگە تولۇق ئىشەنچىسى بار ئىدى ، ئۇلارنى ياڭىھىسار قەلئەسىگە قويدى . ئۇلار ئەمىن دارۇغە ، جان ھەسەن قارلۇق ، قۇلى ئىتارچى ، ئەجمەكە ئاختە ، جانىبېك ئاختە ، [مىر ۋەلى] ، شاھدانە ۋە مۇھەممەد [بېك] قاتارلىقلار ئىدى . گەرچە ئۇ بۇلاردىن بەزىسىنى ئۆزى كاردىن چىقارغان بولسىمۇ ، بۇ قېتىم ھەرقايسىسىغا تولۇق ئات ـ ياراغ بەردى ۋە : «ئەگەر سىلەردىن يەنە ئىخلاس ۋە ئېتىقاد ئايان بولسا ، سىلەرنى قايتا ئىلتىپات بىلەن پەرۋىش قىلىمەن» دېدى . شۇ ئەسنادا خاننىڭ تۇشكۇگە يېتىپ كەلگەنلىك خەۋىرى يېتىپ كەلدى ، شۇڭا بۇلارغا بىر نەچچە ۋەسىيەتلەرنى قىلىپ ئۆزى ياركەندكە ماڭدى . ياڭىھىسار خەلقىگە : «مەن ياركەندكە بېرىپ لەشكەر باشلاپ كېلىمەن» دەپ ۋەدە بېرىپ ياركەندكە كەتتى . ئۇ ياركەندكە كەلگەندىن كېيىن لەشكەر تەربىيىلەشكە كىرىشتى ، ئات ، قورال ـ ياراغ ، مال ـ مۈلۈك ۋە باشقا ئەسلىھەلەر تولۇپ تېشىپ تۇراتتى . ئۇستاد ئابدال شەيخ كامالەتكە يەتكەن ئۇستىلاردىن بولۇپ ، ھەممە ئىش ۋە تۈرلۈك ھۈنەرلەردە تەڭداشسىز ئىدى . مىرزا ئەبابەكرى ئابدال شەيخنى مىر ۋەلىنىڭ ۋە شاھدانەنىڭ ئورنىغا تەيىنلىگەنىدى .

پەقىر ئابدال شەيختىن ئاڭلىغانىدىم ، ئۇ : «مىرزا ئەبابەكرىنىڭ جىبەخانىسىدا ئاتمىش مىڭ جىبە[1] [ۋە ئون ئىككى مىڭ كىچىم[2]] بار ئىدى» دېگەنىدى . باشقا ئەسۋاب ۋە ئەسلىھەلىرىنى مۇشۇنىڭغا قاراپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ . گەرچە ئۇنىڭ قورال ـ ياراغ ۋە ئەسلىھەلىرى شۇ قەدەر ھەددىھېسابسىز بولسىمۇ ، لېكىن سىپاھىلىرىنى تۈگەشتۈرۈپ

① جىبە — جەبە دەپمۇ ئاتىلىدۇ . تۆمۈردىن توقۇپ ياسالغان ئۇرۇش كىيىمى ، ساۋۇت .

② خەنزۇچە نەشرىگە ئاساسەن تولۇقلاندى (مۇھەررىردىن) .

بولغانىدى . يۇقىرالار ئىچىدىكى ھۆپىگەرلەر ، باغۋەنلەر ۋە دېھقانلاردىن تاللاپ تەربىيىلەۋاتاتتى . ئۇلار ئىچىدىن قايسىسى ئەسكەرلىكتە ياخشىراق بولسا ، ئۇنىڭغا بىر ئات قويۇپ يۈز ياكى ئىككى يۈز كىشىگە سەردار قىلغانىدى . ئەسكىرىي ئىشلاردا ناقىسراق بولغانلارنى يەككە لەشكەر قاتارىغا ئېلىپ ، ئۇلارغا ئات ۋە قورال - ياراغلار بېرەتتى . بېيىت :

يىللار ئۆتكەيكىم ، يېتىپ تاشقا قۇياشدىن تەربىيەت ،
بولغۇسى لەئلى بەدەخشان ياكى ئەقىقى يەمەن .
نەچچە ئايدا ئابۇگىلدىن پەنبەدانە ئۇنگۇسى ،
شاھىدىغە ھۇللە بولغاي ، يا شەھىدىغە كەفەن .
كۇنلەر ئۆتكەي تاكى پۈشتى مىشدىن بىر مۇشتى پەشم ،
زاھىدىغە خىرقە بولغاي يا ھىمارىغە رەسەن .
قەرنلەر بولغايكى تا بىر گۆدەكى تەبئى سەلىم ،
ئالىمۇ دانا بولۇر يا شائىرى ساھىب سۇخەن .
ئۆمرلەر ئۆتكەيكى بۇ گەردۇنى گەردان بىر كېچە ،
ئاشىقىغە ۋەسل بەرگەي يا غەرىبىغە ۋەتەن .

پۈتكۈل ئۆمرىنى ئەسكىرىي ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزگەن نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بار ، شۇلار ئىچىدىن پەيدا بولىدىغان يۈرەكلىك ئەر يۈزگە يەتمەيدۇ . ئۇلاردىن سەردارلىق مەرتىۋىسىگە يېتەلەيدىغانلىرى يا چىقالايدۇ ، يا يوق ، بولۇپمۇ ئۆمرى ئىچىدە چۆمۈچ دەستىسىدىن باشقىسىنى قولىغا ئېلىپ باقمىغان كىشىلەر دەرھاللا شەمشەر دەستىسىنى قانداقمۇ تۇتالىسۇن ؟ بېيىت :

ئۇرۇش كۈنىنىڭ ھەيبەتى سەفكە سالۇر رۇستەخىز ،
مەرد ئىلكىن سىندۇرۇر قەبزەئى شەمشىرى تىز .

فەلاخۇن[1] دا تاش ئېتىپ زىرائەتتىن قۇشقاچ ئۈركۈتۈپ

① فەلاخۇن — ئىچىگە تاش سېلىپ ئاتىدىغان قورال .

يۈرگەن كىشلەر كامانىنىڭ كىرىچىنى دەماللىققا قانداق تۇتالايدۇ ۋە دۈشمەنگە قانداق ئوق ئاتالايدۇ؟ بېيىت:

كېرەكدۇر كەماندار بولسە كەمان،
بىلىپ تارتىبان ئوقنى قىلغاي رەۋان.
ئوتتۇز - قىرق يىل چەكسە رەنجۇ ئەلەم،
كەمانۇ كەماندار بولغاي بەھەم.

دائىم ئارپا - بۇغداي تېرىشتىن باشقا ھۈنىرى ۋە لوبىيا، باقلى (باقلا، دادۇر)نىڭ خىيالىدىن باشقا پىكىر - خىيالى يوق كىشلەر بۇ زاماندا مەملىكەت تەدبىرى ۋە لەشكەر تەرتىپىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرالىسۇن؟ بېيىت:

رەمۇزى مۇلكۇ جەھاندارلىقنى بىلگۇسى شاھ،
گەدا بۇ رەمزى نىھاندىن نىچۇك بولۇر ئاگاھ.

ئۇنىڭ ئادىمىنىڭ تولىلىقىنىڭ ھېچ كەم - كۇتىسى يوق، ئەمما ھەقىقىي ئادەم كەم ئىدى. ئۇ لەشكىرىي ئەسلىھەلىرىنىڭ ۋە قورال - ياراغلىرىنىڭ تولۇق ۋە تولىلىقىدىن مەمنۇن ئىدى، ئەمما لەشكەرلىرى سەرداردىن ئايرىلغانىدى.بېيىت:

چۇ مەرد ئولماسە، ھەربە بىكاردۇر،
كى جىسىم ئىچرە جان يوقسە، بىكاردۇر.

ئادەتتىكى پۇقرالار ۋە بازارچىلار ئېسىل ۋە يۇگۈرۈك ئاتلارغا مىنىپ، ئالتۇن يالىتىلغان ئۇرۇش كىيىملىرىنى كىيىپ، ئۆزلىرىنى داڭدار سەردارلاردىن بولدۇق، دەپ گۇمان قىلىشىپتۇ، شىجائەت ۋە مەردانىلىكنى ئوڭاي ۋە ئاسان چاغلاپتۇ.بېيىت:

نە ھەر كىشىكى كىيەر كەج كۇلاھۇ تۇند يۈرۈر،
كۇلاھدارىيۇ ئايىنى سەرۋەرى نى بىلۇر.

قىسقىسى، مىرزا ئەبابەكر مۇشۇنداق لەشكەرنى توپلاپ كاتتا قوشۇن بىلەن ياركەندتىن چىقتى ۋە ئىككى فەرسەڭ يەرگە كېلىپ چۈشتى، ئاندىن لەشكىرى ئىچىدىن نەچچە كىشىنى ئىلغاپ ئاۋۋال يولغا سالدى. ئۇلار كېلىپ قىزىلدا خاجە ئەلى باھادىر بىلەن ئۇچراشتى. يەنە يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ياڭىھىسار قەلئەسىگە لەخمە قېزىپ تۇرغان ۋاقىتتا، خاجە ئەلى باھادىرنىڭ ئادەملىرى بىر كىشىنى خانىنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇ كىشى قىيىن - قىستاق ئاستىدا ئۆلدى. ئۇ كىشىمۇ راست سۆزلىگەنىدى، چۈنكى ئۇ مىرزا ئەبابەكر ياركەندتىن چىقىپ ئىككى فەرسەڭ يەرگە كەلگەندە قاچقانىدى. كۆرگەنلىرىنى ئېيتىپ شۇ سۆز بىلەن ئۆلدى.

ئەلقىسسە، مىرزا ئەبابەكر ياركەندتىن ئىككى فەرسەڭ يىراقتىكى يەرگە كېلىپ چۈشكەندىن كېيىن لەشكەرلىرىنى بىر ياسال قىلدۇرۇپ كۆرمەكچى بولدى، لېكىن ھەرقانچە ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، ياسال تۈزەلمىدى. چۈنكى، بۇلار ياسال - سەپلىرىنى گويا خامان ھەيدىگەنگە ئوخشاش ئىش، دەپ گۇمان قىلاتتى. تۇغنى ئوتتۇرىدا تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلىشەتتى. ئوڭنى سولدىن، سولنى ئوڭدىن پەرقلەندۈرەلمەيتتى. ئاتلىرى چاققانلىق ۋە شاشلىق قىلسا، ئۇلار گاھ ئاتنىڭ بوينىغا، گاھ ساغرىسىغا چۈشۈپ قالاتتى ۋە جان ۋەھىمىسىگە چۈشۈپ ئاتنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تارتىپ ئاتنى توختىتاتتى. بىر قىسىملىرى ئاتنى، كاماننى بىر يەرگە، ئوقنى يەنە بىر يەرگە تاشلاپ ئۆزىنى يەرگە تاشلايتتى.

مىرزا ئەبابەكر ئۆز لەشكىرىنىڭ بۇنداق چاققانلىقى، چەۋەندازلىقى، كاماندازلىقى ۋە مەرگەنلىكىنى كۆردى. «بۇنىڭدەك لەشكەر بىلەن قوغۇن ئوغرىلاشقا بېرىشمۇ خەتەرلىك» دەپ ئۈمىدسىزلەندى ۋە مەغلۇبىيەتتىن خەۋپسىرەپ مەيۈسلەندى - دە،

قايتىپ كېتىپ قېچىشىنىڭ خىيالىغا چۈشتى . شۇ ئەسنادا خاننىڭ ياغىيسارنى ئىشغال قىلغانلىق خەۋىرى ئاڭلاندى . كاشغەر خەلقى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، ئۇلارمۇ كاشغەر قەلئەسىنى تاشلاپ كېتىپ قالغاندى . بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مىرزا ئەبابەكرنىڭ ئۆرە تۇرغۇدەك ماجالى قالمىدى . بېيىت :

نە خۇشدۇر قۇتۇلماق قاچىپ باش ئالىپ ،
نە سۇد ئۆلسەكى پەھلەۋانلىق قىلىپ .

مىرزا ئەبابەكر ئىشنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ۋە قېچىش ۋاقتى كەلگەنلىكىنى كۆردى . شۇ ھامان خەزىنىگە كىردى ـ دە ، ئىبسىل توقۇلما ، نەپىس ماتا ، گۆھەر ـ ياقۇت ، پىروزا قاتارلىق جاۋاھىرات ، ئالتۇن ـ كۈمۈش ، ھەر خىل نەق پۇل ۋە باشقا بايلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ مەملىكەتتىن ئىبارەت بۇ كېلىنچەكنى ئۈچ تالاق قىلدى . ياركەند ۋىلايىتىنى چوڭ ئوغلى جەھانگىر مىرزىغا تاپشۇرۇپ ئۆزى بەدەر كەتتى . مىسرا :

يوقتۇر يەنە كەلمەككىكى ، كەتتىڭ ، كەتتىڭ .

جەھانگىر مىرزا پۈتكۈل ئۆمۈر بويى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا قورقۇنچ ۋە ئەندىشە بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەنىدى . ئۇ ھۆكۈمەت ئۈستىدە ئولتۇرۇپلا تۇزۇم ۋە ئىنتىزاملىرى بۇزۇلغان بۇنداق مەملىكەتنى قانداقمۇ تەرتىپكە سالالىسۇن ؟ شۇنداقتىمۇ ئۇ شۇ قەدەر تىرىشچانلىق ۋە ھىممەت كۆرسەتتىكى ، ئاتىسى كەتكەندىن كېيىن بەش كۈنگىچە ساقلاپ تۇردى . ئاتىسىنىڭ خېلى يىراققا ئۇزاپ كەتكەنلىك خەۋىرى كەلدى ۋە خان لەشكىرىنىڭ يېقىنلاشقانلىق داغدۇغىسى ئاڭلاندى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇمۇ خەزىنىدىن قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە مال ـ ئەشيالارنى ئالدى ، قالغىنىنى خالايىققا ئومۇمىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ : «ھەر كىشى

خالىغىنىچە ئالسۇن !» دەپ پەرمان قىلدى . موغۇلدىن ۋەھىمە ۋە قورقۇنچىسى بار كىشىلەر جەھانگىر مىرزا بىلەن بىللە قاچتى ، قالغان خەلق خەزىنىدە قالغان مال ـ ئەشيالارنى ئېلىشقا باشلىدى ، ھەممىسىنى بۇزۇپ ـ چېچىپ ئىسراپ قىلدى .

جەھانگىر مىرزا كېتىپ تۆت كۈندىن كېيىن خاجە ئەلى باھادىر ئۈچ يۈز[1] كىشى بىلەن ياركەندكە يېتىپ كەلدى . ئۇ باھادىر كېلىپ ئىككى كۈندىن كېيىن خان يېتىپ كەلدى . بۇ ۋەقە پات يېقىندا بايان قىلىنغۇسى .

ئەلقىسسە ، جەھانگىر مىرزا تىبەت يولىنىڭ چېگرىسى بولغان سانجۇغا باردى .

مىرزا ئەبابەكىر ياركەندتىن چىقىپ خوتەنگە باردى . ئۇ خوتەندە تۇرۇشىنىمۇ مۇۋاپىق كۆرمەي قاراڭغۇ تاغقا يېتىپ بارغان ۋاقىتتا ، كەينىدىن موغۇل لەشكەرلىرى يېتىپ باردى . مىرزا ئەبابەكىر يولىنىڭ تار ئىكەنلىكىنى ، مۇنچە ئېغىر يۈك بىلەن قېچىشنىڭ مۈشكۈل ۋە ئىمكانىيەتسىزلىكىنى كۆردى ـ دە ، شۇنىڭ بىلەن ئوتتا كۆيدىغان توقۇلما بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىگە ئوت قويدى . مىرزا ئەبابەكرنىڭ خەزىنىچىلىرىدىن ئاڭلىشىمچە ، توققۇز يۈز قېچىرغا ياكى توققۇز قاتار قېچىرغا پۈتۈنلەي دىبا ، كىمخاب ۋە تەتىللا كىيىملەر يۈكلەنگەنىدى ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىگە فەرەڭنىڭ ، خىتاينىڭ ۋە رۇمنىڭ ئالتۇن ئىشلىتىلگەن ئېسىل ماتالىرى ئىدى . كۆپىنچە ئالتۇن زىننەتلىك كىيىملەرگە پۈتۈنلەي گۆھەر ـ ياقۇت ، مەرۋايىتلار بىلەن بېزەك ۋە زىننەت بېرىلگەنىدى ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈردى . ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىلار ، ياسىداق ئالتۇن تاجلار ، خۇرجۇنلاپ ئالغان تىللا رىگ (قۇم ئالتۇن )لەرنىڭ ھەممىسىنى قاراڭغۇ تاغ ئىچىدە ئېقىپ تۇرۇۋاتقان ئاقتاش (ئاققاش ، يەنى يۇرۇڭقاش ) دەرياسىغا تاشلىدى .

---

① خەنزۇچە نەشرىدە «ئۈچ مىڭ» دېيىلگەن (مۇھەررىردىن ) .

توپچاق ئات ۋە قىچىرلارنى ئۆلتۈردى ، ئاندىن تىبەت يولىغا قاراپ يۈردى .

ئۇ تىبەتكە باردى . مىرزا ئەبابەكىر تىبەتتە تەييار قىلدۇرۇپ قويغان قەلئەلەر ۋە ئوزۇقلۇقلارنىڭ ھەممىسىنى خەلق تاشلاپ تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەندى . تىبەت كۆپپارلىرىمۇ ئىتائەتتىن چىققاندى ، شۇ سەۋەبتىن تىبەتتە تۇرۇشقىمۇ ئامال تاپالمىدى .

بۇ تەتۈر پەلەك جاپا - مۇشەققەت دەرياسىنى دولقۇنلاتسا ، خۇدا ساقلىسۇنكى ، ھەرقانچە قىلغان بىلەن تۈتۈۋالسا ، نىجاتلىق ساھىلىغا چىقىۋالغۇدەك بىرەر پارچە تاختايمۇ قولغا چىقمايدۇ .

قىسقىسى ، مىرزا ئەبابەكىر قىرىق سەككىز يىل مۇددەت ئىچىدە پۈتكۈل تىرىشچانلىقىنى مال - مۈلۈكلەر ئۈچۈن سەرپ قىلدى . بېيىت :

قارا قىلدى نامە ، قىلىپ فىئلى شەر ،
يوق ئېردى گۇناھىن پۈتۈگۈنچە يەر .

ئۇ شۇ قەدەر كۆپ مال - مۈلۈكلەرنى يىغدىكى ، ئۇنى بايان قىلىشقا قەلەم ئاجىزدۇر . بېيىت :

ئىدى فىكرى ئالەمدە قىلماق مەقەر ،
كېتەرنىڭ غەمىدىن ئىدى بىخەتەر .

ئۇ گەرچە كۆرۈنۈشتە ئاخىرەتنىڭ گەپلىرىنى قىلاتتى ، ئاخىرەتنىڭ ئارزۇسىنى قىلىدىغاندەك ئىدىيۇ ، لېكىن ئەمەلىيەتتە قىلغان ھەربىر ئىشى بىلەن گويا ئۆزىگە دوزاختىن بىر دەرۋازىنى ئېچىپ ، جەننەتتىن بىر ئىشىكنى ياپاتتى . مىرزا ئەبابەكىرنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرى ۋە رەزىل ئىشلىرىنىڭ دەلىل ۋە مىساللىرى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەندى . دېمەك ، شۇ خىل قىلمىش -

ئەتمىشلىرىنىڭ شۇملۇقى ئاخىر مۇشۇنداق نەتىجىنىي بەردى، ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئاخىرىنى ۋە كۆرىدىغان ئاقىۋىتىنى مۇشۇنداق هالەتكە يەتكۈزدى. ئاقىۋەتتە تىبەتتە تۇرۇشنىڭ چارىسىي ۋە ئىلاجىنى تاپالمىدى، ئۇ هاياتلىقتىن بىزار بولۇپ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلدى. بىللە كۆچكەنلەرنى ۋە ئەهلى ئاياللىرىنىي تىبەتتە قالدۇرۇپ، ئۆزى ئارقىغا يېنىشنى قارار قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن خاننىڭ هوزۇرىغا بارىمەن. ئۇنىڭ مېنى قەهرى - زەهرى بىلەن ئۆلتۈرىدىغانلىقى ئېنىق. ئەگەر شۇنداق ئەهۋال يۈز بەرسە، مېنىڭ جەسىتىمنى ئاتامنىڭ گۆرىستانىدا دەپنە قىلىڭلار. مەن سەييىدمۇهەممەد مىرزا ۋە مۇهەممەدهەيدەر مىرزىلارغا تۇغقانلىق هەققىنى ئادا قىلمىغان بولساممۇ، لېكىن ئۈمىدىم زوركى، ئۇلار سىلەرگە سىيلە - رەهىم قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىر مەقسەت ۋە بىر تەقدىر بىلەن مېنى ئۆلتۈرمىسە، بىرەر چارە - تەدبىر قىلارمەن.» ئۇ ئاشۇنداق ۋەسىيەتلەرنى قىلغاندىن كېيىن زىمىستان قىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىبەتتىن خاننىڭ هوزۇرىغا قاراپ ماڭدى. ئوتتۇرا يولغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئالدىغا بىرمۇنچە مۇلازىملىرى ئۇچرىدى. ئۇلارنى تاغام: «تىبەت خەلقى مىرزا ئابابەكرىنى تۇتۇپ ئەۋەتسۇن. ئەگەر تۇتۇپ ئەۋەتمىسە، تىبەتنى ئۇستۇن - ئۈستۈن قىلىمىز» دەپ ۋەهىمە سېلىپ تىبەتكە ئەۋەتكەنىدى.

مىرزا ئەبابەكرى ئۇلار بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ئۇلاردىن ئەهۋالنى سورىدى. ئۇلار: «بىزنى سىزنى تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى» دەپ بىرقانچە يالغان ۋەدىلەرنى ئىزهار قىلىپ تولۇق تەسەللى بەردى. مىرزا ئەبابەكرى بۇنىڭغا ئىشەنمىدى ۋە مۇنداق دېدى: «مېنىڭ سىلەرگە ئىلتىماسىم شۇكى، مېنى خاننىڭ ۋە سەييىدمۇهەممەد مىرزىنىڭ ئالدىغا سالامەت ئېلىپ بېرىڭلار. هەرنېمە قىلسا، شۇلار قىلسۇن.» ئۇلار باشتا دېگەن سۆزنى تەكرارلاپ نۇرغۇن مۇبالىغىلەرنى قىلدى. كۆن كەچ

بولدى، خۇپتەن نامىزىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن مىرزا ئەبابەكر ئۇيقۇغا كەتتى. «ئۇيقۇ ئۆلۈمگە يېقىن» دېگەن ماقال ئۇنىڭ ئەھۋالىغا ماس كەلدى. مىرزا ئەبابەكر غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتقىنىدا، بۇ كىشىلەر: «ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ خانىنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بارساق، كاتتا خىزمەت كۆرسەتكەن بولىمىز» دەپ مەسلىھەتلەشتى ـ دە، ئۇنىڭ بېشىنى كەستى. گەرچە مىرزا ئەبابەكر ئۆلۈمگە لايىق بولسىمۇ، ئەمما بۇ كىشىلەر ئۇنىڭ تۇزىنى يېگەن مۇلازىملىرى ئىدى. تۇز ھەققىنى ساقلىمىدى، مۇشۇنداق ۋاپاسىزلىق، تۇزكورلۇق ۋە ھارامتاماقلىق قىلدى. بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى پات يېقىندا بايان قىلىنغۇسى.

بۇلار مىرزا ئەبابەكرنىڭ بېشىنى كېسىپ ياركەندكە ياندى، چوڭ ـ كىچىك ھەممە زۇلۇم تارتقۇچىلار ئۇنىڭ كۈلپەتلىرىدىن قۇتۇلدى. بېيىت:

ئانداغ ئۆلگىلىكىم، قۇتۇلغايسەن خەلايىقدىن تەمام،
ھەيف ئەگەر ئۆلسەڭ، قۇتۇلدۇق دېسە سەندىن خاسۇئام.

يەنە شۇنداق ئېيتىلىدۇكى، ئادىلنىڭ ئۆلگەنلىكى ياخشىلارغا ئۆلۈم، يامانلارغا ھاياتلىقتۇر؛ زالىمنىڭ ئۆلگەنلىكى يامانلارغا ئۆلۈم، ياخشىلارغا ھاياتلىقتۇر. بېيىت:

زالىم چۇ كەتتى، قالدى يامان ئاتى پايدار،
ئادىل گەر ئۆلدى، ياخشى ئاتى قالدى يادگار.
قارۇنكى ئۆلدى، بار ئىدى قىرىق ئۆي خەزىنەسى،
نۇشىرۋاننى ئۆلدى دېمە، ياخشى ئاتى بار.

**رۇبائىي:**

ھېچكىمگە بۇ دەھرى دۇن ۋەفا ئەيلەمەگەي،
ھەرگىز كىشىگە غەيرى جەفا ئەيلەمەگەي.

گەر كەلسە قولۇڭدىن ئەلگە سەن ياخشىلىق ئەت .
بۇ دەھر يامانلىق ئەتكەلى ئەرزىمەگەي .

توغرا يولغا ئىگە بولغان كىشى ھەرقانداق ئىشقا ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر سالىدۇ ، ئۇلار پايدىلىق ئىشلارغا قەدەم قويىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن تولۇق تەجرىبە ھاسىل قىلىدۇ ، ياخشى ئىشلارغا يۈزلىنىدۇ ، دۇنيا ۋە دىن ئۈچۈن ئەيىب - نۇقسان كەلتۈرىدىغان ئىشلاردىن ئېھتىيات قىلىشنى ۋە ئۆزىنى تارتىشنى زۆرۈر دەپ بىلىدۇ . شۇ ئارقىلىق بۇ ئالەمدە ياخشى نامغا ، ئاخىرەتتە نىجاتلىق ۋە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولىدۇ . رۇبائىي :

سەندىنكى ، ئەي ، لەرزەدە بۇ ئەھلى جەھان ،
ئەيلەر ئىدى قۇللۇغۇڭنى ھەر خوردۇ كەلان .
بۇ ۋەقتى ۋەفاتىڭدە ، تەئەممۇل قىلكىم ،
ئۇل ئەيش ئىلە ئىشرەتىڭ قاياندۇر بۇ زەمان .

## قىرىق سەككىزىنچى باب

# كاشغەرنىڭ ئىشغال قىلىنغانلىقىنىڭ بايانى

ياغىيىسارنىڭ قانداق ئىشغال قىلىنغانلىقى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلدى . ئۇنىڭدىن كېيىن كاشغەرنى ئىشغال قىلىش پىكىرلىرى قىلىنىۋاتاتتى . ئۈچىنچى كۈنى خەۋەرچى يېتىپ كەلدى - دە : «كاشغەر ئەھلى شەھەرنى تاشلاپ ھەممىسى تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كەتتى ، شەھەر خالىي قالدى» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى . شۇڭا ،

خاننىڭ مۇبارەك كۆڭلى كاشغەر تەرەپتىن تولۇق خاتىرجەم بولدى . شۇنىڭدىن كېيىن دۆلەت ئايىغىنى غەلىبە ۋە نۇسرەت ئۇزەڭگىسىگە قويۇپ ياركەند تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى ، تولۇق نۇسرەت ۋە بەخت ـ سائادەت بىلەن ئىلگىرىلىدى . ئالدىدا خاجە ئەلى باھادىرنى ماڭدۇردى . بېيت :

كى جۇنبىشغە كەلدى زەمىنۇ زەمان ،
مەگەركىم زەمىن بولدى چۇن ئاسمان .
جەھاننى قارا قىلدى گەردى سىپاھ ،
ئەمەس ئېردى خۇرشىد پەيدا نە ماھ .

ياڭىھىساردىن يۈرگەندە دەسلەپكى مەنزىل سايلىق[1] ئىدى . شۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن بۇ غالىب قوشۇن لەشكەرگاھ قۇرۇپ توختىدى . شۇ كۈنى : «مىرزا ئەبابەكرى ياركەندنى ئوغلى جەھانگىر مىرزىغا تاپشۇرۇپ ئۆزى خوتەنگە كەتتى» دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى . بۇ خەۋەر ئاڭلانغاندىن كېيىن قوشۇن ناھايىتى تېزلىكتە ئىلگىرىلىدى ، ئۇلار قىزىلغا يېتىپ كەلگەندى . يەنە : «جەھانگىر مىرزىمۇ ياركەندنى تاشلاپ كەتتى ، خاجە ئەلى باھادىر ياركەندكە كىردى» دېگەن خەۋەر ئاڭلاندى .

دېمەك ، تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 920 ـ يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ ئاخىرى[2] خان ياركەندكە قەدەم تەشرىپ قىلىپ خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ ، سۆدەك سۆزۈك تىغلىرىنىڭ سۈيى بىلەن زۇلۇم ئوتىنى ئۆچۈردى . بۇ غەلىبىنىڭ شادلىقى بىلەن زۇلۇم چەككۈچىلەر ھال تىللىرىدا مۇنداق نىدا قىلدى :

[بېيت :]

① خەنزۇچە نەشرىدە «ساتلىق» (Satlik ) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن ) .

① ھىجرىيە 920 ـ يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ ئاخىرى مىلادىيە 1514 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنلىرىگە توغرا كېلىدۇ .

ئەي قەددى زىبايىغە شايىستە بۇ شاھى قەبا ،
شاھلىق تاجىغە زاتىڭدىن يېتىپ زىيبۇ بەھا .
تىيرە ئەيلەر ئىدى ئالەمنى ستەمنىڭ زۇلمەتى ،
سالماسە گەر لەمئەئى تىغىڭ جەھان ئىچرە زىيا .

خان شەھەرگە كىرىشتىن ئىلگىرى ، مىر دائىمئەلىنى ۋە بەگمۇھەممەدنى خوتەننىڭ ھۆكۈمىتىگە مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتتى . ھاجى مىرزا ، سۇلتانئەلى مىرزا ، قارا قۇلاق مىرزا ، نەزەر مىرزا ، مىر قەنبەر ، مىرزا ئەلى تاغاي ۋە بەگقۇلى مەكرىت قاتارلىق بۇ يەتتە سەردار شجائەت مەيدانى كوھىقاپىدا گوياكى يەتتە باشلىق دىۋىدەك پالۋانلار ئىدى . بۇلارنى مىرزا ئەبابەكرىنى قوغلاپ تۇتۇشقا ئەۋەتتى ، بۇلار مىرزا ئەبابەكرىنى تېزلىك بىلەن قوغلاپ كەتتى . خاننىڭ مۇبارەك خاتىرى بۇ مۇھىم ئىشلاردىن ئازاد بولغاندىن كېيىن كۆپچىلىككە رۇخسەت ۋە ئاممىۋى يارلىق قىلىپ : «ھەركىمنىڭ ئولجا ئالىدىغان خىيالى بولسا ، بېرىپ ئولجا ئېلىشقا مەشغۇل بولسۇن !» دەپ بۇيرۇدى . شۇنىڭدىن كېيىن پۈتكۈل لەشكەرلەردىن كىمكى ئولجا ئېلىشقا مايىل بولسا ، شۇ ھامان يۈرۈپ كەتتى . بېيىت :

ھەمە ئەل رەۋان بولدىلار كىنەخاھ ،
بولۇپ بار ئىقبالى ئەۋنى ئىلاھ .

يەنە بەزى ئەمىرلەر بار بولۇپ ، ئولجا ئېلىش ئۇلارنىڭ شەنىگە مۇناسىپ ئەمەس ئىدى .ئۇلار خاننىڭ مۇلازىمىتىدە قالدى .

خان بۇ ئىشلاردىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن سائادەت ۋە غالىبىيەت بىلەن ياركەند شەھىرىگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ ئەرك[1] كە چىقتى . ئەرك ئۈستىدە شۇ قەدەر ئالىي ئىمارەتلەر بار ئىدىكى ،

---

① ئەرك — ئىچكى قەلئە ، پادشاھنىڭ شەھەر ئىچىدىكى قورغىنى ياكى سارىيى .

ھەر ئىمارەتتە نەچچىلىگەن ئۆي ۋە ھۇجرىلار بولۇپ، ئۇنىڭ تولىلىقىدىن ئەقىل ھەيران قالىدۇ. ئۇ ئىمارەتلەرنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن ھوجرىلار بولۇپ، ئۇنىڭدا خىتاينىڭ نەپىس ماتالىرى، كىرمانىنىڭ زىلچىلىرى، دۇبۇلغا ـ قۇياق، ئىگەر ـ توقۇم، ئوقيا ۋە پادىشاھلارغا كېرەكلىك ئەسۋاب ـ ئەسلىھەلەرنىڭ ھەممىسى تولۇپ تېشىپ تۇراتتى. مىرزا ئەبابەكرى ئۇلارنى بۇ يەرگە يوشۇرۇپ قويغانىكەن، بۇلاردىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىكەن. قالغىنىنى جەھانگىر مىرزا قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ئېلىپ، قېلىپ قالغانلىرىنى ئۆزى بار ۋاقتىدا خالايىقنى تالان ـ تاراج قىلىشقا قويۇپ بەرگەنىكەن. پۈتكۈل خالايىق ئومۇمىي تالان ـ تاراجغا كىرىشتى، ئۇلار تاكى خاجە ئەلى باھادىر يېتىپ كەلگۈچە تالان ـ تاراجغا مەشغۇل بولدى. خاجە ئەلى باھادىر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن تالان ـ تاراجدىن ئېشىپ قالغان نەرسىلەرنى مۇھاپىزەت قىلغانىدى. خان خاجە ئەلى باھادىردىن يەتتە كۈن كېيىن يېتىپ كەلدى ۋە خانمۇ ئومۇم خالايىققا تالان ـ تاراج قىلىشقا ئىجازەت بەردى. نەق پۇل ۋە قىممەتلىك بۇيۇملار خان كېلىشتىن بۇرۇنلا تالان ـ تاراج قىلىنىپ بولغانىدى، قالغان ئەشيالار ئۆي ۋە ھويلىلاردا تولۇپ تېشىپ تۇراتتى.

مىرزا ئەبابەكرىنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى تاكى ئىككى ئايغىچە تالان ـ تاراج قىلىشتى. يەنىلا كوچىلاردا ۋە ئۆيلەردە ساۋۇت ۋە مال ـ مۈلۈكلەر تولا بولۇپ، خەلققە ئۇنى ئېلىشقا پۇرسەت يوق ئىدى. بېيت:

بەقەدرى زەرۇرەت كېرەك مالۇ گەنج،
زەرۇرەتدىن ئارتۇق ئېرۇر دەردۇ رەنج.
تولا ـ ئازىدىن سەن ۋەفا ئىستەمە،
بۇ ۋەيرانە ئىچرە بەقا ئىستەمە.
ئەگەر مالى قارۇن قولۇڭغە كېلۇر،
يېگەندۇر سېنىڭ، ئۆزگە جۇملە قالۇر.

كۆڭلىم جەھاندىن قىلۇرسەن خىرام ،
كېتەرسەن ، بولۇر مال تاراجى ئام .
بولۇر خەلق مالىڭ بىلە كامىياب ،
ساڭادۇر ۋە لېكىن ھېسابۇ ئەزاب .

شۇنداق قىلىپ مىرزا ئەبابەكرى ئۆزىنىڭ قىرىق سەككىز يىل ئىچىدە بار مېھنەت ، ھەممە مۇشەققەتلەر بىلەن يىغىپ ، بېخىللىق ۋە خەسىسلىك بىلەن ساقلىغان بۇ مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئاخىر يۈز مىڭ ھەسرەت ۋە نادامەتلەر بىلەن تاشلاپ كەتتى . خان بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىردەمدە بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا تالان ـ تاراجغا بەردى . خالايىق ئۇ مال ـ مۈلۈكلەرنى ئىككى ئاي ئىچىدە پاكپاكىز يىغىشتۇرۇپ تۈگەتتى . ئىلگىرىكىلەرنىڭ : «بەختىيار كىشى شۇكى ، يەپ ئۆلدى ، بەختسىز كىشى شۇكى ، يىمەي قويۇپ كەتتى» دېگىنىدەك ئىش بولدى . بېيىت :

ئانچە ئول ئۆمىر ئىچرە سامان ئەيلەدى ،
لەھزەئى ئانى پەرىشان ئەيلەدى .

ئىككى ـ ئۈچ ئايدىن كېيىن ھەر تەرەپكە تارقىغان لەشكەرلەر غەنىيمەتلەر بىلەن سالامەت يېتىپ كەلدى ، ئۇلار ھەرقايسىسى تاپقان ئولجىلىرىنى پىشكەش قىلىپ ئېلىپ كەلدى . ئەمما ، خان خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى موغۇل ئادىتى بويىچە شۇ لەشكەرگە تەقسىم قىلىپ بەردى . قاراڭغۇ تاغدىن يېنىپ كەلگەن بەزى ئەمىرلەرنىڭ ئېلىپ كەلگەن پىشكەشلىرى پەقىرنىڭ خاتىرەمدە بار . ئۇلار ئالتۇن ـ كۈمۈش جابدۇقلار ۋە قاچا ـ قۇچىلاردىن باشقا ، يەنە ئەندىجان پاتمىنىدا بىر پاتمان تىللا رىگ پىشكەش قىلدى ، ئەندىجاننىڭ بىر پاتمىنى ئاتمىش تۆت چارەك ، ھەر چارىكى تۆت يۈز مىسقالدۇر . باشقا ئەشيالارنى مۇشۇنىڭغا قاراپ قىياس قىلماق كېرەك .

# قىرىق توققۇزىنچى باب

## مىرزا ئەبابەكرىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بارغان ئەمىرلەر ئەھۋالىنىڭ بايانى

خان توققۇز ئەمىرنى خوتەنگە ماڭدۇرۇپ، ئۇلاردىن ئىككىسىنى خوتەننىڭ ھۆكۈمىتىگە مەسئۇل قىلغان ۋە يەتتە ئەمىرنى مىرزا ئەبابەكرنى قوغلاپ تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدى. بۇلار قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ تېزلىكتە يۈرۈپ خوتەنگە باردى. پۈتكۈل خوتەن ئەھلى ئەمىرلەرنىڭ ئىستىقبالىغا چىقتى ھەمدە خەزىنىلەردىكى ۋە ئامبارلاردىكى بارلىق مال - مۈلۈكلىرىنى، چارۋىلىرىنى ئەمىرلەرگە تاپشۇردى. ئەمىر دائىمئەلى ۋە مىرەك مۇھەممەد بۇيرۇق بويىچە خوتەندە قېلىپ، مەملىكەت ۋە رەئىيەتنى ئىدارە قىلىشقا مەشغۇل بولدى. قالغان يەتتە سەردار قاراڭغۇ تاغقا قاراپ، گويا يەتتە باشلىق دىۋىدەك يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار قاراڭغۇ تاغقا يېتىپ كېلىپ كۆردىكى، مىرزا ئەبابەكر قاراڭغۇ تاغدىن ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇنى قوغلاپ يېتىشنىڭ ئامالى قالماپتۇ. ئەمما، بارلىق مال - مۈلۈك ۋە خەزىنىلەرنى تاشلاپ كەتكەنىدى. ئۇلار كۆردىكى، توپچاق (ئات)لارنىڭ ھەربىرى بېيىت:

ئىدى باد رەفتارۇ ھامۇن نەۋەرد،
بەھادۇرغە يار ئېردى روزى نەبەرد.
كى جەۋلان قىلۇر ئېردى مەئشۇقەدەك
يېتەلمەس ئىدى باد ئېتىپ تېز تەك.

مۇشۇنداق ياخشى توپچاقلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈپ تاشلاندى. غان، ئۆلۈكنىڭ تولىلىقىدىن يول توسۇلۇپ قالغانىدى. مال ـ مۈلۈك، ماتالارنى ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى يۈكلەپ ماڭغان قېچىرلارنىمۇ قويماي ئۆلتۈرگەنىدى. بۇنىڭ ئېنىق سانى خاتىرەمدە قالماپتۇ، توققۇز يۈز قېچىر ياكى توققۇز يۈز قاتار قېچىر بولسا كېرەك. ئۇلار بۇ يەرگە يەتكەندە كۆردىكى، ئېسىل ماتالار ۋە ئىگىنلەرگە ئوت قويۇۋېتىپ كېتىپتۇ، بۇ يەردە نەچچە خامان كۈل ھاسىل بولۇپتۇ. ئۇلار بۇ كۈللەرنى ئاختۇرۇپ ئالتۇن بېزەكلىك كىيىملەر ۋە ئالتۇن ئىشلىتىپ توقۇلغان ماتالاردىن ئايرىلىپ، كۈل ئىچىدە قالغان ئالتۇنلارنى تېپىۋېلىشتى. قارىسا جاۋاھىرلارنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپتۇ، ئەمما ياقۇت ھېچقانداق ئۆزگەرمەپتۇ. فىروزا قارا بولۇپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى رەڭگى مۇتلەق قالماپتۇ. لەئل پارچە ـ پارچە بولۇپ كېتىپتۇ ۋە رەڭگىمۇ بەكلا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. مەرۋايىت پۈتۈنلەي كۆيۈپ كۈل بولۇپ، كۈلدىن ھېچ پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قاپتۇ، بىجادە[1] نىڭ رەڭگىمۇ بەكلا ئۆزگىرىپ ھېچ گۈزەللىكى قالماپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئەمىرلەر كۈل ئاختۇرۇپ بولغاندىن كېيىن قاراڭغۇ تاغ كۆۋرۈكىنىڭ ئۈستىگە باردى. كۆردىكى، خۇرجۇن بىلەن دەرياغا تاشلانغان تىللالار سۇنىڭ تېگىدە شولا چېچىپ تۇرۇپتۇ، ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىلارمۇ سۇنىڭ قەرىدە گوياكى ئايدەك جىلۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ قاچىلارنى ۋە تىللالارنى ئېلىشقا شۇنچە ئۇرۇنۇپ باقتى. قارىسا ئۇ يەرگە سۇ ئېگىز تاش ئۈستىدىن چۈشۈپ جۇش ئۇرۇپ قايناپ تۇرۇپتۇ، ئادەمزاتنىڭ ئۇ سۇغا كىرىش ئىمكانىيىتى يوق. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر كىشى بىردىن ئۇزۇن

[1] بىجادە — قىزىل رەڭلىك بىر خىل گۆھەر تاش.

ياغاچ تاپتى ، ياغاچنىڭ ئۈچىغا قۇللاپ بېكىتتى . ئاندىن نەچچە ياغاچنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ سالغاندى ، ناھايىتى تەسلىكتە سۇغا يەتتى . لېكىن ، مىرزا ئەبابەكر خەزىنىسىنى سۇغا تاشلايدىغان چاغدا : «كىشىلەرنىڭ تىللالارنى ئېلىشى قىيىن بولسۇن ئۈچۈن خۇرجۇنلارنى يىرتىپ تاشلاڭلار !» دەپ بۇيرۇغانىدى . شۇڭا ، بىرقانچە خۇرجۇننى پارە - پارە قىلىپ تىللانى سۇغا تۆكتى . ئەمما ، خۇرجۇنلار پۈتۈنلەي كۆندىن تىكىلگەن بولغاچقا ، ئۇنى يىرتىپ بولغۇچە ۋاقىت قىستاپ قالدى . ئىنتايىن ئالدىراشچىلىق ۋە ئىزتىراپ تۈپەيلىدىن قالغان خۇرجۇنلارنى يىرتىشقا ئۈلگۈرەلمەي ، ئىلاجسىز شۇ پېتىچە سۇغا تاشلىغانىدى . بۇ ۋەقەدىن نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئەمىرلەر يېتىپ كەلدى . ئۇلار ياغاچلارنى سۇ تېگىگە يەتكۈزۈپ ، قۇللاپنى خۇرجۇنغا ئىلىندۇرۇپ تارتاتتى ، خۇرجۇنلار سۇدا ئۇزاق تۇرۇپ چىرىگەنلىكتىن يىرتىلىپ قۇللاپتىن ئاجراپ چىقىپ كېتەتتى . ئۇلار ئىچىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ تەلىيى ئوڭ كېلىپ خۇرجۇن يىرتىلماي تىللا بىلەن چىقاتتى . ھەربىر خۇرجۇننى بىر قېچىر كۆتۈرەتتى . ئالتۇن - كۈمۈش قاچىلاردىن تۇتقۇچى بارلىرىنى پۈتۈنلەي قۇللاپ بىلەن ئىلىندۇرۇپ ئالدى ، تۇتقۇچى يوق قاچىلارنى ۋە خۇرجۇنلاردىن ئاجراپ سۇغا تۆكۈلگەن تىللالارنى ھېچقانداق ئامال بىلەن زادى ئالالمىدى . دېمەك ، ئۇنىڭ يۈز ھەسسىسىدىن بىر ھەسسىسىنى بۇلار ئالدى ، قالغانلىرى سۇدا قالدى . شۇنداقتىمۇ مۇشۇ ئالغان ئەشيالىرى بىلەن ھەممىسى باي ۋە زەردارلاردىن بولۇپ مەمنۇنىيەت بىلەن قايتىپ كەلدى . بارغانلارنىڭ ھەربىرى چاغلىغىنىدىن نەچچە ھەسسە زىيادە مال - مۈلۈك ۋە بايلىقلار بىلەن كەلدى . ھازىرغىچە موغۇلنىڭ بارلىق مال - ئەسۋابلىرى ئاشۇ خەزىنىنىڭ مېۋىسىدۇر .

# ئەللىكىنچى باب

# مىرزا ئەبابەكرى پەرزەنتلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ بايانى

ۋاقىتىكى، زامانىنىڭ ھاتىمى ۋە جاھانىنىڭ ھاكىمى ھەزرىتى سۇلتان سەئىدخان ياركەند تەختىدە ئورۇنلىشىپ ھەممە زۆرۈر ئىشلارنى بىجىرىپ تاماملىدى. شۇ چاغدا خانغا: «مىرزا جەھانگىر ئاتىسىنىڭ كەينىدىن تىبەتكە بارماپتۇ، سانجۇ چېگرىسىدا تۇرۇۋېتىپتۇ» دەپ مەلۇم قىلىشتى. شۇڭا، خان تاغامغا: «قېرىندىشىڭىزنىڭ ئوغلىنى ئېلىپ كەلگەيسىز» دەپ يارلىق قىلدى. تاغام بۇيرۇققا بىنائەن سانجۇغا باردى، جەھانگىر مىرزا گوياكى بەخت ـ دۆلەتكە ئوخشاش تاغامنىڭ ئىستىقبالىغا كەلدى. ئۇ ناھايىتى سولغۇن ھالدا مۇنداق ئەرز قىلدى: «روشەن ۋە ئاشكارىدۇركى، پەقىر ئاتامنىڭ سەلتەنىتى زامانىدا ھەمىشە ئاتامنىڭ غەزىپى ۋە سىياسىتىنىڭ قورقۇنچىسىدىن تىترەپ ۋە چۆچۈپ، خىلۋەت بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا ئۆمۈر ئۆتكۈزگەنىدىم، جان ۋەھىمىسىدىن باشقا ھېچقانداق پىكىر كۆڭلۈمگە كەچمەيتتى. بۇ مۇددەت ئىچىدە بىر سائەتمۇ ئاراملىق ۋە پاراغەت كۆرمىگەنىدىم، ھەمىشە سوزۇلۇشچان قوللىرىمنى پىنھانلىق ئاستىدىن چىقىرالمايتتىم، تەمەيىم كۆزىنى مەملىكەت، مەنسەپ ۋە ھۆكۈمەت ھۆسنىگە ئاچمايتتىم، دائىم نامۇرادلىق جامىدا سىياسەت زەھىرىنى ئىچەتتىم. ۋاقىتىكى، ئاتامنىڭ دۆلىتىنىڭ ئۆلى ۋەيرانلىققا يۈزلەندى، ھەشەمەت بىناسى خان لەشكىرىنىڭ

زىلزىلىسىدىن گۇمۇرۇلدى . شۇ چاغدا مېنى خىلۋەت بۇلۇڭىدىن چىقاردى ـ دە ، ھۆكۈمەت تەختىدە ئولتۇرغۇزدى . پەقىر قىرىق ئىككى يىللىق ئۆمرۈم ئىچىدە تەجرىبە ئايغىنى پىنھانلىق ئېتىكىدىن چىقارماپتىمەن ، دائىم ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ شەربىتىنى خەۋپ ـ خەتەر قەدەھىدە ئىچىپتىمەن . بۇ ھۆكۈمەتنىڭ بىر نەپەسچىلىكمۇ پۇرسىتى قالمىغان تۇرسا ، ئۇنىڭغا مەن قانداقمۇ باش بولالايمەن . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاتامنىڭ ئادىتى شۇنداق ئىدىكى ، ھەر دائىم پەرزەنتلىرىدىن بىرەرسىنى ئۆلتۇرسە ، مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا : ‹بۇ ئۆلتۇرگەن ئوغلۇم شىجائەتلىك ، قابىل ۋە غەيۇر ياش ئىدى ، ئەگەر ئۇنى ئۆلتۇرمىسەم ، ئۇ ماڭا شىرۇيە ئاتىسى خۇسرەۋگە ، ئەبدۇللەتىف مىرزا ئاتىسى مىرزا ئۇلۇغبەگكە قىلغان مۇئامىلىنى قىلاتتى › دەيتتى . مەن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن جېنىمنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قابىلىيەتسىزلىك ، بوشاڭلىق ۋە غەيرەتسىزلىك قىلىشقا كىرىشەتتىم . ھەممىگە مەلۇمكى ، قىرىق ئىككى يىل ئىچىدە سۇسلۇق ، قابىلىيەتسىزلىك ۋە جۇرئەتسىزلىكتىن بۆلەك ئىش بىلەن شۇغۇللىنىپ باقمىغان تۇرسام ، ئاتام ئۆزى ۋەيران قىلىپ قويغان بۇنداق بىر پۇرسەتلىك سەلتەنەتكە قانداق باش بولالايمەن ؟ قانداقمۇ ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمەن ؟ … ئاتامنىڭ قىلغان كارى ـ بارىدىن ھېچبىرىدىن خەۋىرىم يوق ، مەندىن ھېچكىمگە زۇلۇم ۋە تەئەددى يەتكەن ئەمەس . خەلققە ھەر نېمە يەتكەن بولسا ، ئاتامدىن يەتكەندۇر . ‹بىر گۇناھكار ئادەم باشقا ئادەمنىڭ گۇناھىغا جاۋابكار ئەمەس (بىر ئادەمنىڭ گۇناھى بىلەن باشقا بىر ئادەم جازاغا تارتىلمايدۇ ) ›[1] دېگەن كەرەملىك ئايەتنىڭ ھۆكۈمى بىلەن ماڭا گۇناھ قويمىغايلا ، ئاتامنىڭ گۇناھى بىلەن مېنى گۇناھكار قىلمىغايلا . مەن خاننىڭ ھۇزۇرىغا باراي ، قالغان ئۆمرۈمنى

---

① «قۇرئان كەرىم» ، 6 ـ سۇرە ئەنئام ، 164 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى .

خاننىڭ خىزمىتىدە ئۆتكۈزەي» دەپ ناھايىتى ئاجىزلىق ۋە شىكەستىلىك بىلەن يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئىزھار قىلدى.

تاغام ئۇنىڭغا تولۇق تەسەللى بېرىپ خەزىنە، مال ـ مۈلۈك ۋە چارۋا ـ مال پېشكەشلىرى بىلەن بىللە خاننىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ جەھانگىر مىرزا ئىسان بۇغاخاننىڭ قىزىدىن تۇغۇلغان ئوغۇل ئىدى، ئىسان بۇغاخاننىڭ كىچىك ئىنىسى يۇنۇسخان سۇلتان سەئىدخاننىڭ بوۋىسى ئىدى. مىرزا ئەبابەكر ئاقسۇنى ئالغان ۋاقتىدا، ئاقسۇ ئالاچەخاننىڭ پايتەختى ئىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ئالاچەخاننىڭ تۆتىنچى قىزى خەدىچە سۇلتان خانىم مىرزا ئەبابەكرنىڭ قولىغا تۇتقۇن بولۇپ قالغانىدى. مىرز ئەبابەكر خەدىچە سۇلتان خانىمنى ئەتىۋارلاپ ۋە ئېھتىرام بىلەن ساقلاپ، بالاغەت مەزگىلىگە يەتكەندە ئوغلى جەھانگىر مىرزىغا ئېلىپ بەرگەنىدى. بۇ خەدىچە سۇلتان خانىم مۇشۇ چاغدا خان بىلەن دىدارلاشتى، خان خەدىچە سۇلتان خانىم بىلەن ئاتىمۇ بىر، ئانىمۇ بىر تۇغقان ئىدى.

ئەلقىسسە، خان جەھانگىر مىرزىغا ناھايىتى كۆپ ئىلتىپات ۋە ئىنايەتلەرنى قىلىپ، ئۇنى ئەزىز ۋە مۆكەررەم تۇتتى. مىسرا:

پۇتۇلمەسلەر ساڭا ھەرگىزكى بىرەۋنىڭ گۇنەھىن.

خان ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ قىلغان گۇناھلىرى ۋە قەبىھ قىلمىشلىرىنى ئەلتۆكۈس كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىپ، جەھانگىر مىرزىنى ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ مەرتىۋىسىگە چىقاردى، ئۇنىڭغا: «خەدىچە سۇلتان خانىمنى ئالاھىدە كاتتا توي قىلىپ بەرمەك كېرەك» دەپ ۋەدە قىلىپ يارلىق چۈشۈردى.

شۇ زىمىستاننىڭ ئاخىرىدا ياڭىھىساردا بىر كېچىسى جەھانگىر مىرزىنى پۇتكۈل مۇلازىملىرى بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈپتۇ، كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكى ھېچ مەلۇم بولمىدى. خالايىق گۇمان بىلەن بۇ

ۋەقەنى خىلمۇخىل كىشىلەرگە باغلاپ قىياس قىلىشتى . تەڭرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر .

مىرزا ئەبابەكرنىڭ پەرزەنتلىرى كۆپ ، نەچچىلىگەن قابىل پەرزەنتلىرىنى ئۆزى ئازاب ۋە ئوقۇبەتلەر بىلەن ئۆلتۈرگەن ، قالغانلىرىنىڭ چوڭى جەھانگىر مىرزا ئىدى . ئۇنىڭ ئەھۋالى يۇقىرىدا زىكىر قىلىندى . ئۇنىڭ يەنە سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئىبنى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ قىزىدىن ئىككى ئوغلى بار ئىدى . بىرىنىڭ ئېتى تۇرانگىر مىرزا ، يەنە بىرىنىڭ ئېتى بوستانگىر مىرزا ئىدى . مىرزا ئەبابەكر ئۆلتۈرۈلگەن زىمىستان ئاخىرلىشىپ باھار مەزگىلىدە تىبەتكە كىشى ئەۋەتىلىپ ، ئۇنىڭ ئەھلى ئاياللىرى ئالدۇرۇپ كېلىندى . مىرزا ئەبابەكرنىڭ ھەرەمى خانزادە بېگىمنى تاغام يەڭگە قاتارىدا نىكاھىغا ئالدى . تۇرانگىر مىرزا خاننىڭ مۇلازىمىتىدە ئىدى ، ئاقىۋەت سۇغا چۆكۈپ ئۆلدى .

ئەمما ، بوستانگىر مىرزا تىبەتتە ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ ياركەندكە كەلمەي ، كەشمىرگە بېرىپ كەشمىردىن ھىندىستانغا باردى . بۇ ۋاقىتلاردا بابۇر پادشاھ تېخى ھىندىستاننى ئالمىغانىدى . بوستانگىر مىرزا ھىندىستاندىن قېچىپ كابۇلغا باردى . گەرچە بوستانگىر مىرزا پادىشاھنىڭ تاغىسىنىڭ قىزىنىڭ ئوغلى بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ ئاتىسى مىرزا ئەبابەكرنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ يامانلىقى تۈپەيلىدىن بابۇر پادشاھ ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلمىدى . ئۇ كابۇلدا تۇرالماي بەدەخشانغا — مىرزاخاننىڭ ھۇزۇرىغا ئىلاجسىز باردى . مىرزاخان بوستانگىر مىرزىنىڭ ئاتىسى بىلەن بىر تۇغقان ئىدى ، مىرزاخانمۇ مىرزا ئەبابەكرنىڭ ئاداۋىتى تۈپەيلىدىن تۇغقانلىقتىن يۈز ئۆرۈدى . شۇڭا ، ئۇ يەردىنمۇ قېچىپ ئۆزبېك شەيبانىخان تەرەپكە باردى . سۆيۈنچەكخان ئۇنى : «بۇ بىر ئادەم بالىسى ، ئۇنىڭغا ئىلتىپات ۋە ياخشىلىق قىلىش بىزنىڭ بويىنىمىزدىكى زۆرۈرىيەت» دەپ

ئىززەت ـ ئىكرام قىلىپ ئوبدان مۇھاپىزەت قىلدى . بوستانگىر مۇشۇ كۆنلەرگىچە ئەندىجان ۋە تاشكەندتە ئىززەت ۋە ئىكرام بىلەن تۇرۇۋېتىپتۇ ، ئۇ قابىلىيىتى ۋە ياخشى خىسلەتلىرى بىلەن مەشھۇر .

## ئەللىك بىرىنچى باب

# سۇلتان سەئىدخاننىڭ كاشغەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىنكى ئەھۋالىنىڭ بايانى

بىلمەك كېرەككى ، خاننىڭ دەريادەك كەڭ خاتىرى مەملىكەت ۋە دۆلەت ، ھۆكۈمەت ۋە سەلتەنەت ئىشلىرىدىن خاتىرجەم بولدى . كۆڭلى ئىنئام ۋە ئېھسانغا مايىل ، قوللىرى ساخاۋەت ۋە مەرھەمەتكە مەپتۇن بولدى . نەزم :

دىل ئەگەر دەرياۋۇ قول كاندۇر دېگىل ،
ئول سەخا ئەھلى دىلىيۇ ئىلكى بىل .

بولۇپمۇ ئۇرۇش ـ سوقۇش مەزگىلىدە مەردانىلىك كۆرسەتكەن ، يۇقىرىدا ئىسمى زىكىر قىلىنىپ ئۆتكەن پالۋانلارغا ئىنئام قىلىشنىڭ چەك ـ چېگرىسى قالمىدى . بېيىت :

ئۇلارغا سەلاھۇ ياراغۇ سۇپەر ،
قەباھايى ئەتلەس ، كەمەرھايى زەر .
ئەتا ئەيلەدى خانى ھاتەم نىشان ،

بەھار ئەبرى يەڭلىغ بولۇپ زەر فىشان .
سىپەھگە ئەگەر سىيمۇ زەر بەرسە شاھ ،
بېرۇر جەڭگى ۋەقتىدە باشىن سىپاھ .

شۇنداق قىلىپ خاننىڭ ئىنئام - ئېھسان بۇلۇتىدىن پۈتكۈل سىپاھ ۋە لەشكىرى تولۇق قانغۇچە سۇ ئىچتى . خاننىڭ ئادالەت نۇرلىرىنىڭ شولىسىدىن دېھقان ۋە رەئىيەت بېشىدىكى زۇلۇم قاراڭغۇلۇقى شۇنداق كۆتۈرۈلدىكى ، بېيىت :

بۇ رەڭ سالدى ئالەمگە زىللى كەرەم ،
كى زالىمغە رۇستەم قىلالماس ستەم .
چۇ ئەدلىڭ زەماندا ئەي شەھسەۋار ،
قىلالماس جەفا كىمسەگە روزگار .

ھەر تەرەپكە بارىدىغان يوللار خەۋپ - خەتەردىن شۇ قەدەر خالىي ۋە ئامانلىق بولدىكى ، ئەگەر بىر خوتۇن كىشى بىر ئاياق ئالتۇننى بېشىدا قويۇپ سەپەر قىلغان تەقدىردىمۇ ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق خەتەر يەتمەيدۇ ، دەپ تەمسىل قىلىناتتى . بۇ زامان ئۆزىنىڭ ھال تىلى ۋە ماقال سۆزلىرى بىلەن بۇ بېيىتنى ئوقۇماقتا ئىدى . بېيىت :

تەشتى زەررىن بىلە بىر تەن بارادۇر شەرق ئىلە غەرب ،
كى ئانىڭ ھەيبەتى دەفئ ئەتتى جەھاننىڭ خەتەرىن .

ئۇنىڭدىنمۇ ئاجايىپراق ياخشى ئەھۋال شۇكى ، ئەگەر بىر خوتۇن بىر تاۋاق ئالتۇننى يول ئۈستىدە قويۇپ ، ئۆزى يىراق يەرگە بېرىپ خېلى سائەتلەردىن كېيىن قايتىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ ، تاۋاقتىكى ئالتۇننى كەم - كۈتىسىز تولۇق تېپىپ ئالالايدۇ . بېيىت :

كىشى ئۆرسە بىر يىل سەفەرگە قەدەم ،
ئاڭا يەتمەگەي خەۋفۇ رەنجۇ ئەلەم .

پۈتكۈل مەملىكەت نىزامى ۋە دۆلەت ئىنتىزامى مەزكۇر سىپاھ ۋە رەئىيەتلەر بىلەن شۇنداق بەرقارار بولدىكى ، پۈتكۈل خالايىقنىڭ يۈزىگە ئەيش - ئىشرەت ۋە پاراغەت دەرۋازىسى ئېچىلدى . بېيىت :

ئەيشۇ راھەت ئىشكىن جۇملەگە ئاچتىڭ ، ئەي شاھ ،
دەۋلەت ئىشكىن ساڭا ئاچقان ھەمە دەم لۇتفى ئىلاھ .

ھەممە خەلق ھەرقايسىسى ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا ئىشرەت شارابىنى شادلىق قەدەھلىرىدىن ئىچىشكە مەشغۇل بولدى . بېيىت :

ھەر كىشى قىلدى گۇشەدە تەرەبىي ،
كاسەسى سافۇ بادەسى ئەنەبىي .

بولۇپمۇ ھەزرىتى خان ئۆزىنىڭ ھال تىلى بىلەن بۇ سۆزنى ئېيتاتتى :
بېيىت :

تەنىم تۇفراغى تەركىبى ئىمىشدۇر بادە لايىدىن ،
يېتەر كۆڭلۈمگە جەمئىيەت شەرابى غەمزەدايىددىن .

ھەزرىتى خان ئەتىگەنلىك جامدىن تىنىق مەينى بىر تامچە قالدۇرماي سۈمۈرمىگۈچە سەھەر تىن تارتماس ۋە سۈبھى ھەرگىز نەپەس چىقارماس ئىدى ، ھەزرىتى خان قۇياش كەبى پىيالىسىنى ئايلاندۇرمىغۇچە ئالتۇن لىباسلىق قۇياش ھەرگىز پەلەك بەزمىگاھىدا دەۋر قىلمايتتى ، ھەزرىتى خان بەزمە تۈنىدە ئەيش -

ئىشرەتنىڭ بىللۇر جامىنى ياقۇت رەڭلىك شاراب جەۋھەرلىرى بىلەن تولدۇرمىغۇچە ھېچبىر كېچە ھىلالىنىڭ كۈمۈش كاسىسى شەپەقنىڭ گۈل رەڭ شارابى بىلەن تولماس ئىدى . بېيىت :

بولماغۇم بىر لەھزە خالىي بەزمى ئىشرەتدىن مۇدام ،
يوقتۇرۇر كۆڭلۈمدە فىكرى مالۇ زەر ، ھاسىل كەلام .

ئومۇمەن ، پۈتكۈل خالايىق ، خۇسۇسەن خاننىڭ خاس مەھرەملىرى مەيخورلۇق بىلەن كېچىنى كۈندۈزگە ، كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاشتۇرماقتا ئىدى ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ كەلگەن ۋە كەتكەن خەۋىرى بىلىنمەيتتى . ئۇلارنىڭ بۇ ھايات كەچمىشىدىن خەۋىرى ۋە بۇ زامانە ئەھۋاللىرىدىن سېزىمى يوق ئىدى . بېيىت :

كويۇڭدا مەست بولۇپ كەلدىمۇ مەجنۇن كەتتىم ،
بىلمەدىم مەنكى نېچۈك گۈلشەن ئىدىم ، چۈن كەتتىم .

مەيخورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىش شۇ دەرىجىگە يەتتىكى ، كىشىلەر ھوشيارلىقنى ئار ـ نومۇس بىلەتتى ، مەستلىكنى ناھايىتى ئەتىۋارلىق ھېسابلايتتى . بۇ خىل نالايىق قىلىق تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 920 ـ يىلى رەجەپ ئېيىدىن[1] باشلىنىپ ، تاكى تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 928 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى بولغۇچە[2] ئۈزۈلمەي داۋام قىلدى . ئۇنىڭدىن كېيىن خانغا ئەزەل مۇۋەپپەقىيەتى ۋە ئەبەدىي بەرقارار تەڭرىنىڭ ئىنايىتى يار ـ يۆلەك بولۇپ ، مەيخورلۇق قىلمىشىغا چىن كۆڭلىدىن توۋا قىلدى . بۇ ۋەقە خۇدا خالىسا پات پۈرسەتتە بايان قىلىنغۇسى .

---

① ھىجرىيە 920 ـ يىلى رەجەپ ئېيى مىلادىيە 1514 ـ يىلى 8 ـ ئايلارغا توغرا كېلىدۇ .
② ھىجرىيە 928 ـ يىلى مىلادىيە 1522 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا توغرا كېلىدۇ .

## ئەللىك ئىككىنچى باب

# ئەمىن [خاجە] سۇلتانىنىڭ تۇرپاندىن [سەئىد] خانىنىڭ مۇلازىمىتىگە كەلگەنلىكىنىڭ بايانى

شۇ قىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەمىن خاجە سۇلتان كەلدى. بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: يۇقىرىدا سۇلتان ئەھمەدخانىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ سانى ھەققىدىكى باياندا ئەمىن خاجە سۇلتانىنىڭ خان بىلەن ئاتىمۇ بىر، ئانىمۇ بىر قان - قېرىنداش ئىكەنلىكى ئەسكەرتىپ ئۆتۈلگەنىدى. سۇلتان ئەھمەدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئاقسۇ مىر جەبباربەردىنىڭ قارشىلىق قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن مىرزا ئەبابەكرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىردى، سۇلتان ئەھمەدخانىنىڭ ھەممە پەرزەنتلىرى ئۆز ئۇلۇسى بىلەن تۇرپان ۋە چالىشقا كەتتى.

مەنسۇرخان ئاتىسىنىڭ ئورنىدا پادشاھ بولدى، ئىنىلىرى ھەممىسى مەنسۇرخانىنىڭ خىزمىتىدە، ئەمىن خاجە سۇلتانمۇ مەنسۇرخانىنىڭ خىزمىتىدە ئىدى. ئەمىن خاجە سۇلتان ياشلىق مەزگىلىگە يەتكەندە، پىتنە - پاساتچىلار ئۇنى پادشاھلىق ھەۋىسىگە دالالەت قىلدى. ياشلىق غۇرۇرى تۈپەيلىدىن ئەمىن خاجە سۇلتاندىمۇ ئاكىسىغا قارشى باش كۆتۈرۈپ چىقىش ئارزۇسى پەيدا بولدى ۋە پىتنە - پاسات پەيدا قىلىشقا باشلىدى. مەنسۇرخان نەچچە مۇددەتكىچە ئۇنىڭغا نەزەر سالماي ئۆتكۈزۈۋەتتى ۋە بارلىق

نەسىھەتلەرنى قىلىپ باقتى . ئەمما ، ئەمىن خاجە سۇلتاننىڭ بۇ ئارزۇ ئىستىكى پەسەيمىدى ، ئاخىر مەنسۇرخان ئەمىن خاجە سۇلتاننى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى . ياراكا ئاتاكا خاننىڭ ئىشەنچلىك كىشىسى ئىدى . ئەمىن خاجە سۇلتاننى ئۆلتۈرۈشكە شۇ بەل باغلاپ مەنسۇرخاننىڭ ئالدىدىن ئېلىپ چىقتى - دە ، ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ ئۆلتۈرمەي [گەمىدە] مەخپىي ساقلىدى . ئەمما ، خالايىق ئارىسىدا ئەمىن خاجە سۇلتاننى ئۆلتۈردۈم ، دەپ گەپ تارقاتتى .

نەچچە مۇددەتلەر ئۆتكەندىن كېيىن خاننىڭ مىرزا ئەبابەكرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ ، كاشغەر ۋىلايىتىنى ئىشغال قىلغانلىق خەۋىرى ئاڭلاندى . مەنسۇرخان ئەمىن خاجە سۇلتاننى ئۆلتۈرگىنىگە كۆپ پۇشايمان قىلىپ ، ھەددىدىن زىيادە ئەپسۇس ۋە نادامەتلەرنى چەكتى . مەنسۇرخاننىڭ پۇشايمان قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ، ياراكا ئاتاكا مەنسۇرخانغا ئەرز قىلدىكى :

بېيىت :

«قەتل قىلماق تىرىكنى دۇر ئاسان ،
لېك مۇشكىل ئۆلۈككە جان بەرمەك .

دېگەن مەزمۇنغا ئەمەل قىلىپ ، ئالىي يارلىققا خىلاپلىق قىلىپ ، ئەمىن خاجە سۇلتاننى ئۆلتۈرمەي مەخپىي ساقلىغانىدىم» دېدى . مەنسۇرخان بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ ، تولىدىن - تولا خۇشال - خۇرام بولدى . ياراكا ئاتاكاغا ئىلتىپاتلار ئەيلەپ ، ئەمىن خاجە سۇلتاننى ئالدۇرۇپ كېلىپ ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى . ئەمىن خاجە سۇلتان باباجاق سۇلتاننىڭ قېشىغا كەلدى . باباجاق سۇلتان مەنسۇرخان بىلەن ئاتا بىر ، ئانا بىر قان - قېرىنداش ، باباجاق سۇلتان ئۇ ۋاقىتلاردا كۇسەن ۋە باي دىيارلىرىدا ئىدى . چۈنكى ، كۇسەن ۋە باينى مىرزا ئەبابەكرى ۋەيران قىلىپ نەچچە مۇددەتكىچە

خارابە هالەتتە قالغانىدى ، باباجاق سۇلتان كېلىپ ئۇ يەرلەرنى ئاۋات قىلىپ ئورۇنلاشقانىدى . ئۇ تاكى هازىرقى كۈندىمۇ شۇ يەردە تۇرۇۋاتىدۇ .

شۇنداق قىلىپ ئەمىن خاجە سۇلتان باباجاق سۇلتاندىنمۇ رۇخسەت ئېلىپ كاشغەر تەرەپكە يۈزلەندى . ئەمىن خاجە سۇلتاننىڭ كېلىدىغان خەۋىرى ئاڭلاندى ـ دە ، خانغا يېڭى جان ۋە چەكسىز شادلىق هاسىل بولدى . خان هال تىلى بىلەن بۇ سۆزنى ئېيتتى :

بېيىت :

لەهزە ـ لەهزە گۈل كېلۇر بۇ باغدىن ،
كەلگۈسى بىهراقراغى بىهراقدىن .

شۇ كۈنلەردە ئاڭلىغانىدىمكى ، خان بۇ بېيىتنى تەكرار ـ تەكرار ئوقۇيتتى :

[بېيىت]

ئىككى شەھ مۇهرە ئەگەر قويسە بىرى بىرسگە پۇشت ،
دۇشمەنىدىن يەتمەگەي هېچ زەمان زەربەتۇ مۇشت .

دېمەك ، خان ئەمىن خاجە سۇلتاننىڭ ئىشلىرىنىڭ زىبۇزىننەتلىرىگە ئىمكانىيەت چېگرىسىدىن تاشقىرى ئەهمىيەت بەردى ۋە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى ، چەكسىز شەپقەت ۋە تەربىيەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ئاياغلىرىنى پەلەكتەك يۈكسەك تەختكە چىقاردى ، جۈملىدىن خان ئۆزى ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا چىقتى ، ئۇنىڭ هەممە ئۆي ئەسۋابلىرىنى خان ئۆزىنىڭكى بىلەن ئوخشاش قىلىپ راستلىتىپ بەردى . ئۇلار بۇ قىشنى سۆهبەت ۋە ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزدى .

باهار ۋاقتى بولدى . ئەمىن خاجە سۇلتانغا شاهانە زىياپەتلەرنى

بېرىپ مېھماندارلىق قىلدى . پۈتكۈل موغۇل قوۋمىدىن كىشى ئىلغاپ ، دۇغلات مىرزىلىرىدىن ئەمىر جەببارىبەردىنىڭ ئىنىسىنىڭ ئوغلى بەگسارىغ مىرزىنى ئۇلۇسبېگى قىلىپ ئۇنىڭغا قوشۇپ بەردى . بارانغار ئەمىرلىرىنىڭ ئۇلۇغى مۇنكە بەگ — ئۇنىڭ ئەسلىمىسى كاشغەر ياسالىدا بايان قىلىندى — نى ، مىر ئەييۇب بەگچەكنىڭ ئىنىسى نەزەر مىرزىنى ۋە ھەممە موغۇل قوۋمىدىن ئادەم تالالاپ ، ئۇنىڭغا بىرقانچە ئاتاقلىق ئەمىرلەرنى قوشۇپ ئەمىن خاجە سۇلتاننى ئاقسۇغا ئەۋەتتى .

ئاقسۇنى مىرزا ئەبابەكرى ئىشغال قىلغان چاغدا ، ئۇ يەردىكى ھەممە پۇقرالارنى كاشغەرگە كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەتكەنىدى ، ئەمدى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆچۈرۈپ ئاقسۇغا ئېلىپ كەلدى . تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 921 ـ يىلىنىڭ بېشى[1] ئەمىن خاجە سۇلتان ئاقسۇغا باردى[2] .

مىرزا ئەبابەكرى ئاقسۇنىڭ ھەممە تاۋابىئاتىنى ۋەيران قىلىپ ، پۇقرالىرىنى كاشغەرگە كۆچۈرۈپ ئۇچتا بىر مەھكەم قەلئە ياساپ شۇ يەردە لەشكەر توختاتقانىدى ۋە ئازراق تېرىقچىلىقمۇ قىلدۇر-غانىدى . خان كاشغەرنى ئالغان ھامان ئۇچقا كىشى ئەۋەتىپ ، ئۇ يەرنى مىرزا ئەبابەكرى ۋاقتىدىكىدەك ئىدارە قىلدۇرغانىدى . ئەمىن خاجە سۇلتان بېرىپ ئالدى بىلەن ئۇچقا چۈشتى . ئۇچتا بۇ يەرگە تەۋە جايلارنىڭ ھەممىسىنى تېرىقچىلىققا كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئىككىنچى يىلى ئاقسۇغا بېرىپ ، ئاقسۇ قەلئەسىنى ئىلگىرىكى تەرزدە بىنا قىلدۇردى . ئەمىن خاجە سۇلتاننىڭ قالغان ئەھۋالاتى ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىنغۇسى .

---

① ھىجرىيە 921 ـ يىلىنىڭ بېشى مىلادىيە 1515 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنلىرىگە توغرا كېلىدۇ .

② بۇ سۆز موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە «باردى» دېيىلگەن . پارسچە نۇسخىلاردا «رەفت» (ماڭدى ، يۈردى ) دېيىلگەن .

## ئەللىك ئۈچىنچى باب

# سۇلتان سەئىدخان بىلەن مەنسۇرخاننىڭ ئارىسىدا كونا كۆڭۈل ئاغرىقى بار بولسىمۇ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ مەنسۇرخانغا ئۆزرىخاھلىق قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىپ مۇلاقات بولۇشقانلىقى

ئۇلۇغلۇق ۋە بۈيۈكلۈك ئىگىسى بولغان ھەزرىتى تەڭرى ھەرقانداق زاتنى باشتا ياراتقان چاغدا ياخشى سۈپەت، يېقىملىق ئەخلاق بىلەن سۈپەتلەپ ياراتقان بولسا، ھەرقانداق چاغدا ئۇ زاتتىن ياخشىلىقتىن ئۆزگە ئىش سادىر بولمايدۇ. ئەگەر ھەممە خەلق ئۇنىڭغا يامانلىق قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇ زات ئۇ يامانلىقنىڭ بەدىلىگە ياخشىلىق قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ خىل خىسلەت ئۇنىڭ تۇغما سۈپىتى بولغاچقا، ئىختىيارسىز ھالدا شۇ تەرەپكە قەدەم باسىدۇ. بېيىت:

ئاڭا نې ئىختىيارۇ قۇدرەتدۇر،
ھەق ئېرۇر فائىل، ئول ئېرۇر مەجبۇر،
چۈنكى بەرگى دەرەختۇ شاخى شەجەر،
بادسىز تەبرەگەيمۇ شامۇ سەھەر.

ئۇنداق بولمىغاندا، ئىنسانچىلىق تەقەززاسى يامانلىققا ياخشىلىق قىلىشقا چىدىمايدۇ، كۆڭۈل ئەيىنكىنى ئاداۋەت

كىرلىرىدىن پاك تۇتۇشقا تاقەت قىلالمايدۇ . بۇ ۋەقەنىڭ بايان قىلىنماقچى بولغان تەپسىلاتى بۇ مەزمۇنغا ھەقىقىي دەلىلدۇر .
بۇ كىتابنىڭ باش قىسمىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ، خان قېرىندىشى بىلەن موغۇلىستاندا قىرغىزلار بۇ ئىككىيلەننىڭ مۇلازىمىتىدە ئىدى ، شۇ ئارقىلىق تىرىكچىلىكى تەمىنلىنىپ ئۆتۈۋاتاتتى . بېيىت :

كى لىباسۇ مەتائۇ ئاتۇ خېچىر ،
ئانداكى بار ئىدى قەلىلۇ كەسىر .

ئۇلار ھەر ھالدا ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىگە ۋە ئامانلىقىغا خۇشال ئىدى . قىسقىسى ، مەنسۇرخان ئۇلار ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ كەلدى ، چارۇن چالاق دېگەن جايدا ئۇچرىشىپ قاتتىق ئۇرۇش قىلدى . ئاخىر بۇ ئىككىيلەن يېڭىلدى ، شۇ سەۋەبتىن موغۇلىستاندا تۇرالمىدى . قارىسا ئالەم يۈزىدە بۇلار بارغۇدەك ھېچ ئامان - ئېسەنلىك پاناھ جاي يوق ، ئىلاجسىز بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى فەرغانە ۋىلايىتىگە بېرىپ شاھىبېكخاننىڭ قولىغا تۇتقۇن بولدى . خاننىڭ ئىنىسى خەلىل سۇلتان ئاخسى دەرياسىدا غەرق بولۇپ تەڭرى رەھمىتىگە ئېرىشتى . خان قاماقتا چۈشتى ، ئاخىر قېچىپ قەلەندەر سۈرىتىدە كابۇلغا باردى . بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق بايان قىلىپ ئۆتۈلدى .
دېمەك ، خاننىڭ بېشىغا كەلگەن غەم - ئەلەم ۋە بالا - كۈلپەتلەرنىڭ ھەممىسىگە مەنسۇرخان سەۋەبچى بولدى . بېيىت :

ئەدۇۋ بولسە بەرادەرگە بەرادەر ،
ھەممە دۇشمەندىن ئولدۇر سەختۇ ئەبتەر .

ئاقىۋەتتە خاننىڭ دۆلەت ئاساسى ۋە سەلتەنەت شان - شەۋكىتى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى ، لەشكىرى ساناقسىز ، پۈتۈنلەي

تىغ ـ نەيزىلەر بىلەن قوراللانغان قورقماس باھادىرلىرى ، ئالىي مەرتىۋىلىك داڭدار باتۇرلىرى سانسىز ۋە ھېسابسىز بولدى .
بېيىت[1] :

لەشكەرى ، لەشكەركەشكىم فەتھۇ نۇسرەت كەلدى تەرك ،
نې يەقىن ۋاقىف بۇ لەشكەر تۇلى ئەرزىدىن نە شەك ،
نەيزەسىنىڭ نەۋكىدىن ۋەھشەتدەدۇر رۇيى سەمەك ،
ئاتلارىنىڭ نەئلىدىن قورقۇپ جىبە كېيىمىش سەمەك .

خانىنىڭ بۇ كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە شەۋكەت دەبدەبىسىدىن ئەتراپ ۋىلايەتلەردىكى خانلارنىڭ كۆڭلىگە قىياس قىلغۇسىز ۋەھىمە پەيدا بولغانىدى ، بولۇپمۇ مەنسۇرخان نەچچە يىللاردىن بېرى مىرزا ئەبابەكردىن قورقۇپ قېچىپ تۇرپان ۋە چالىشنىڭ بۇلۇڭلىرىدا يۈرگەنىدى . مانا خانىنىڭ بۇ شان ـ شەۋكەت ۋە ئۇلۇغلۇق داغدۇغىسى ئالەمگە بىر بولدى . مەنسۇرخاندا يا خان بىلەن ئۇچراشقۇدەك ماجال يوق ، يا ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلغۇدەك تىنچ ـ ئامان جاي يوق ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ كېچىۋاتقان ئەھۋالىغا قارىتا بۇ مىسرانى ئوقۇماقتا ئىدى :
مىسرا :

ئەفسۇسكى يول بەنددۇر ئالتە تەرەفىمدىن .

مەنسۇرخانىنىڭ بۇ قورقۇنچىسى ئۈستىگە يەنە بىر مۇھىم مەسىلە شۇ بولدىكى ، ئەمىن خاجە سۇلتانمۇ بېرىپ خانغا قوشۇلدى ، مەنسۇرخاندىن كۆرگەن جاپا ۋە زۇلۇملارنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلىپ ، خانىنىڭ كۆڭلىدىكى [كونا] جاراھىتىنى قايتىدىن تاتىلىدى . خانىنىڭ بارگاھى ھۇزۇرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان

[1] سۆز موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان ، پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا «رۇبائىي» ، پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «نەزم» دېيىلگەن .

بارلىق دۆلەت ئەركانلىرى ۋە مەملىكەت ئۇلۇغلىرى مەنسۇرخان ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ بېرىپ تۇرپاننى ئىشغال قىلىپ، مەنسۇرخاندىن يەتكەن بىۋاپالىقلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلار ھەممىسى بىردەك پىكىرگە كېلىپ خانغا مۇنداق ئەرز قىلدى: «شۇ چاغدا مەنسۇرخان قۇۋۋەت تاپقاندى، شۇ قەدەر جەبىر - جاپالارنى قىلدىكى، ئۇنى بايان قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ پۇرسەت تاپسىلا شۇنداق مۇئامىلىلەرنى قىلغۇسىدۇركى، ئۇنى دەپ بولغىلى بولمايدۇ. قىسقىسى، ئېھتىياتچانلىق يولى شۇكى، ئەمدى ئۇنى بىر ھۇجۇم بىلەنلا يوقىتىپ كۆڭۈلنى ئۇنىڭدىن تىندۇرۇش كېرەك.»

ھەممە ئەمىرلەر ۋە ئۇلۇغلار ئەنە شۇنداق سۆزلەرنى دەپ، ئوخشاش تەلەپپۇزدا ۋە بىردەك مەزمۇندا ئەرز بايان قىلىشىپ گەپنى شۇ يەرگە يەتكۈزدى. ئەمما، ياخشىلىققا ئادەتلەنگەن ھەزرىتى خان مۇنداق يارلىق قىلدى: «توغرا، بۇ ئالەم بىر مۇكاپاتتۇر. بىراۋغا بىر نۆۋەت كەلسە، يەنە بىراۋمۇ بىر ۋاقىتلار كېلىپ قۇدرەت تاپقۇسىدۇر. ئەمما، ئىنساپ شۇكى، كىچىكلەرنىڭ ئادىتى ئىتائەت، چوڭلارنىڭ ئىشى ئىنايەتتۇر. ئەگەر كىچىكلەر ئىتائەتتە كەمچىلىك سادىر قىلسا، چوڭلارنىڭ كىچىكلەرگە ئەدەپ بېرىشى زۆرۈردۇر. بىز شۇ چاغدا مۇخالىپلىق قىلىشقاندا كۆرۈنۈشتە بىزنىڭ تەرىپىمىز ھەقلىق كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ھەقىقەتتە بىزنىڭ ئىشىمىز ناتوغرا، قۇسۇر ئۆزىمىزدە ئىدى. چۈنكى، مەنسۇرخان بىزنىڭ ئاتىمىز ئورنىدىكى ئۇلۇغ ئاكىمىزدۇر. شۇ ۋاقىتتا بىز ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، ئىتائەت قىلىشتا خاتا قىلغانىدۇق، شۇڭا ئۇنىڭ چوڭلۇق سۈپىتى بىلەن بىزنى ئەدەپلىشى لازىم ئىدى. ئەمدىلىكتە پاك ۋە بۈيۈك تەڭرى بۇ خەزىنە، دەپىنىلەرنى ۋە شاھانە ئەسلىھەلەرنى ئاتا قىلىپ، ماڭا كۈچ - قۇدرەت بەردى. شۇڭا، ئاشۇ خاتالىقلىرىمغا كەچۈرۈم

سوراپ ئۆزرىسىنى ئادا قىلىدىغان ۋاقتىم كەلدى . ئەمدى ئۇ قۇسۇرلىرىم ئۈچۈن ئۆزرە سوراپ گۇناھىمنى تىلىشىم ، ئاشۇ بىئەدەپلىكىمنىڭ خىجالىتىنى لايىق خىزمەتلەر بىلەن تۈگىتىشىم كېرەك . بېيىت :

كەرەم كۆرگىلۇ لۇتفى فەرۋەردىگار ،
گۇنەھنى قىلۇر بەندە ئول شەرمىسار .

ھازىر مەنسۇرخان ئاتىمىزنىڭ ئورنىدا . بىز ئاتىمىزنىڭ خىزمىتىنى قىلالمىغان ۋە ئاتا ئارزۇسىغا قانمىغان بولساقمۇ ، ئەمدى ئاكىمىزنىڭ خىزمىتىنى قىلىشىمىز ۋە ئاتىمىزغا قانمىغان ھەسرىتىمىزگە ئۇنىڭ جامالى بىلەن تەسەللى بېرىشىمىز كېرەك . »

خان شۇنداق دەپ مەنسۇرخاننىڭ ھۇزۇرىغا ئەلچىلەرنى ئارقىمۇئارقا ئەۋەتىپ مۇنداق ئەرز قىلدى : «ئۆزلىرىدىن بىزگە يەتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىزنىڭ نالايىقلىقىمىزدىن يەتكەندى . ئەگەر بىزدىن نالايىق ئىش سادىر بولمىغان تەقدىردىمۇ ، ئۆزلىرىدەك ئاتا ئورنىدىكى ئاغىمىز بىزدەك كىچىك ئىنىلىرىگە ھەرقانچە كەم ئىلتىپاتلىق قىلغان ، ھەرقانچە غەزەپ ۋە سىياسەت قىلغان تەقدىردىمۇ ، ئاغىمىزنىڭ ھۆكۈمىگە بويۇنتاۋلىق قىلىشقا ۋە بىئەدەپلىك يولىغا قەدەم قويۇشقا بىزنىڭ نېمە ھەددىمىز بولسۇن ؟ بېيىت :

سېنىڭكى دەردۇ غەمىڭ يارى ناگۇزىرىمدۇر ،
ئەگەر جەفا قىلۇر ئېرسەڭمۇ دىلفەزىرىمدۇر .

ئىلتىماسىم شۇكى ، ئىلگىرى مېنىڭدىن ئۆتكەن ھەممە نۇقسانلارنى ئەپۇ پەردىسى بىلەن ياپقايلا ، سائادەتلىك كۆڭۈل ئەينەكلىرىگە ئولتۇرغان بارلىق ئاداۋەت توزانلىرىنى يوق قىلغايلا ۋە پەقىر بەندىنىڭ ئاياغلىرىنى ئۆپۈش سائادىتىگە يېتىشىمگە ،

پىراقلىرى كېچىسىدە قاراڭغۇ بولغان كۆزۈمنى جامالىرى قۇياشنىڭ نۇرى بىلەن يورۇق قىلىشىمغا ئىجازەت بەرگەيلا. چۈنكى، بۇ ئىشتا نۇرغۇن پايدا ۋە ھېسابسىز مەنپەئەت ھاسىل بولغۇسىدۇر. ئۇ پايدىلار جۈملىسىدىن بىرى شۇكى، ئەگەر مەن خىزمەتلىرىگە مۇشەررەپ بولسام، قىلغان خاتالىقلىرىمنىڭ ئۇۋال نىجاستى ئەمەللىرىم ئېتىكىنى بۇلغاپ قويغان بولسا، ھەزرەتلىرىنىڭ رىزالىقلىرى سۈيى بىلەن يۇيۇلۇپ پاك بولغۇسىدۇر. يەنە بىرى شۇكى، تەڭرىگە شۈكرى، بۇ غالىبىيەتتىن دوستلار شاد ـ خۇرام، دۈشمەنلەر خارۇزار ۋە زەبۇن بولدى. ئەگەر ھەزرەتلىرى بىلەن كۆرۈشۈش نېسىپ بولسا، دوستلارنىڭ خۇشاللىقى ۋە دۈشمەن ئەھۋالىنىڭ پاراكەندە ھەم پەرىشانلىقى تېخىمۇ يۇقىرى چەككە يەتكۈسىدۇر، بىزگە يامانلىق كۆزلىگۈچى ھەسەتخورلارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەت بىلەكلىرىگە شىكەستلىك، تىرىكچىلىك قۇياشىغا زاۋاللىق يەتكۈسىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا پايدىلىرىمۇ كۆپتۇركى، ئۇنى بايان قىلىشقا ئېھتىياج يوق.
بېيىت:

مەلاھەت بىرلە ھۆسنۈڭ ئىتتىپاق ئەيلەپ جەھان ئالدى،
كىم ئەيلەپ ئىتتىپاق ئاخىر جەھاننى ئالماين قالدى.»

خان ئەنە شۇنداق مۇۋاپىق مەزمۇن ۋە يېقىملىق سۆزلەر بىلەن ئۆزرىنامىلەرنى يېزىپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئەلچىلەر ئەۋەتتى.

بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يېتىپ بارغان ئەلچىلەر نۇرغۇن تۆھپە ـ پىشكەشلەر ۋە ھېسابسىز ئېسىل ھەدىيەلەرنى مەنسۇرخاننىڭ نەزىرىدىن ئۆتكۈزدى. بۇ مەنسۇرخاننىڭ لېۋىگە جان، تىلىغا ئىمان كېلىپ تۇرغان ۋاقىتلار ئىدى، بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ قايتىدىن يېڭى جان تاپتى ۋە چەكسىز شادلاندى.

قىسقىسى، ئەلچىلەر قايتار ۋاقتىدا ئىككى خاننىڭ ئۇچرىشىدىغان جايىنى قارار قىلىشتى، ئۇچرىشىش ئۈچۈن ھەر ئىككىلا خان ئىككى تەرەپتىن يولغا چىقتى.

## ئەللىك تۆتىنچى باب

# مەنسۇرخان ئەھۋالىنىڭ قىسقىچە بايانى

سۆزنىڭ مۆرىتى مەنسۇرخاننىڭ بايانىغا يەتتى، شۇڭا مەنسۇرخاننىڭ ئەھۋاللىرىنى قىسقىچە ئېيتىپ ئۆتۈش لايىق كۆرۈندى.

بىلمەك كېرەككى، مەنسۇرخان بولسا سۇلتان ئەھمەدخان ئىبنى يۇنۇسخاننىڭ چوڭ ئوغلىدۇر. سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئاكىسى سۇلتان مەھمۇدخانغا شۇنداق ۋەقەلەر دۇچ كەلدىكى، ئۇنىڭ بايانى ئالدىنقى كىتابتا قىسقىچە زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگەنىدى. تەپسىلاتى خۇدا خالىسا «تارىخى ئەسل»دە بايان قىلىنغۇسى. خۇلاسە شۇكى، سۇلتان مەھمۇدخان يۇنۇسخاننىڭ ۋاقتىدىكى كونا ئەمىرلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا خانغا خۇشامەت قىلىپ، ئۇنىڭ تەبىئىتىگە مۇۋاپىق مۇلازىمەت قىلىدىغان بىر نەچچە پەسكەش ئادەملەرنى ئۆستۈرۈپ، ئەمىرلىك ۋە سەردارلىق مەرتىۋىسىگە كۆتۈردى، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى شۇلارغا تاپشۇردى. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەقىل ۋە رايىنىڭ سۇسلۇقى تۈپەيلىدىن سۇلتان مەھمۇدخاننى ۋەسۋەسىگە سېلىپ شۇ دەرىجىگە يەتكۈزدىكى، ئۇنىڭ كونا دوستلىرى خار ۋە زەبۇن بولدى، يەنى ئۆزبېك ـ قازاق ۋە چاغاتايىيلار پادىشاھلىرى قەدىم زامانلاردىن بېرى ئۇلار بىلەن دوست ۋە تەرەپدار بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇلارغا مۇخالىپلىق قىلىپ، قەدىمىي دۈشمەنلەرنى ئۆزلىرىگە يېڭى دوست

قىلدى . ئۇلارنى ھەقىقىي كۆڭلىدىن دوست بولدى ، دەپ گۇمان قىلىپ ئۇلارغا ھەمكارلاشتى ، يەنى شاھىبېكخان كونا دۇشمەن ئىدى ، سۇلتان مەھمۇدخان ئۇنىڭ بىلەن دوست بولدى . شاھىبېكخان سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ياردىمى بىلەن چاغاتايىلار پادىشاھلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ ماۋەرائۇننەھرنى ئالدى . ئۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان مەھمۇدخاننى يوقىتىشنىڭ ۋە تاشكەندنى ئېلىشنىڭ قەستىگە چۈشتى . بېيىت :

ئۆزۈم تاپتىم ئۆزۈمگە بۇ بەلانى ،
نېچۈك تاپقۇم ئۆزۈم ئەمدى دەۋانى .

شۇنداق ئېيتىپتۇركى :
بېيىت :

دېدى ئوغلى رۇستەمگە چۈن زالى پىر ،
كى ھېچ ۋەقت دۇشمەننى كۆرمە ھەقىر .
ئەدۇۋ بولسە دەفئ ئەيلە تاپقاندا دەست ،
ۋەگەرنە ساڭا بەرگۇسىدۇر شىكەست .

سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ بۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ قېرىنداشلىق مېھىر - مۇھەببىتى جۇش ئۇردى ، ھىممەت قوللىرى مېھىر - شەپقەت ياقىسىدىن تۇتتى . تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 907 - يىلى[1] سۇلتان ئەھمەدخان سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ خىزمىتىگە راۋان بولدى . ئۆز ئورنىدا چوڭ ئوغلى مەنسۇرخاننى پۈتكۈل چالىش ، تۇرپان ، باي ، كۇسەن ، ئاقسۇ ۋە موغۇلىستاندا مۇستەقىل پادىشاھ قىلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۆزى تاشكەندكە باردى . ئۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن ۋەقەلەر يۇقىرىدا تولۇق بايان قىلىپ ئۆتۈلگەندى .

---

① ھىجرىيە 907 - يىلى مىلادىيە 1501 — 1502 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

سۇلتان ئەھمەدخان تاشكەندتە يېڭىلىپ كېسەل بولۇپ ، ئۆز پايتەختى ئاقسۇغا قايتىپ كەلدى . مەنسۇرخان ئاتىسىنىڭ ئىستىقبالىغا چىقتى . سۇلتان ئەھمەدخان شەھەرگە كىردى ، ئۇنىڭ كېسەللى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى . مەنسۇرخاننى تۇرپانغا ئەۋەتتى .

مەنسۇرخان تۇرپاندا ئىدى ، ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتتى . مەنسۇرخان تۇرپاندىن ئاقسۇغا كەلدى . ئەمما ، سۇلتان مەھمۇدخان ئاقسۇنىڭ پادىشاھلىقىنى سەل چاغلاپ ، ئاقسۇنى تاشلاپ موغۇلىستانغا كەتتى . بېيىت :

تاغا قاچتى ، ئۇقباغە كەتتى پەدەر ؛
بولۇپ مۇلك بىگانەدىن شورۇ شەر .
مۇسەللەت بولۇپ خەسم قىلدى جەفا ،
پەرۇ بالىن ئاچتى ئۇقابى بەلا .

مەنسۇرخان ئاقسۇدا ئورۇنلاشتى ، ئەمىر جەبباربەردى ئۇچتا ئىدى . بۇ ئەمىر جەبباربەردى دۇغلات قوۋمىدىن بولۇپ ، سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئۇلۇسبېگى ئىدى ، خاننىڭ ھۇزۇرىدا ئېتىبارلىق ۋە يېقىن ئادىمى ئىدى . ئۇ ھەقىقەتەن شۇ مەرتىۋىگە لايىق مەرد ، دانىشمەن ، ئەقىل ۋە تەدبىرلەردە ، مەملىكەت نىزامى ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا تەڭداشسىز كىشى ئىدى . بېيىت :

كى بىر تەدبىر ئىلە لەشكەر سىنىپدۇر ،
كى بىر شەمشىر يۈز باشنى كېسىپدۇر .

بىلمەك كېرەككى ، بۇنداق پىتنە دولقۇنلىرى قاينام ھاسىل قىلغان كۈنلەردە بۇنىڭدەك قابىل كىشى كارغا كېلىدۇ ، ئۇنىڭ ئەقىل ۋە تەدبىرى بىلەن تۈگۈنلەر يېشىلىدۇ . ئەمما ، ئادەت شۇكى ، مىراسخورلار مىراس مالىنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ ، شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئاتىلىرىدىن قالغان كونا ساداقەتمەن كىشىلەرنىڭ

قەدرىنىمۇ بىلمەيدۇ . مەنسۇرخانمۇ ئەمىر جەبباربەردىنى ئۆلتۈرۈش قەستىگە چۈشتى . ئۇ ئەمىر جەبباربەردى ماڭا قەست قىلىدۇ ، ئۇنى ئۆلتۈرمىسەم سەلتەنەت مەندە قارار تاپمايدۇ ، دەپ گۇمان قىلىپ بۇ غەلەت گۇمانغا ئەگىشىپ كەتكەنىدى . ئەمما ، بۇ گۇمانى خاتا ئىدى . ئەكسىچە ئۇنىڭ سەلتەنىتىنىڭ بەرقارارلىقى ۋە دۆلىتىنىڭ مۇستەھكەملىكى ئەمىر جەبباربەردى بىلەن ئىدى .

ئەمىر جەبباربەردى بۇ سىرلاردىن خەۋەر تېپىپ ، قانچە نالە ـ زار قىلىپ باقتى ۋە ئۆزىگە بولغان زىيانكەشلىكنى يوق قىلىشقا ھەم مەنسۇرخاننىڭ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا شۇنچە كۆپ تىرىشچانلىق ۋە پىداكارلىقلارنى كۆرسەتتى . لېكىن ، مەنسۇرخانغا يەنىلا ياقمىدى . ئەمىر جەبباربەردى تاكى ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلمىگۈچە مەنسۇرخاننىڭ خاتىرجەم بولمايدىغانلىقىنى بىلدى . شۇڭا ، ئۆز جېنىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا چارە ـ تەدبىرلەر قىلىشنىڭ پىكرىگە چۈشتى ۋە مىرزا ئەبابەكرنىڭ ھۇزۇرىغا كىشى ئەۋەتىپ ئۇنى تەكلىپ قىلدى . ئەمىر جەبباربەردى ئەۋەتكەن كىشى يېتىپ بېرىشى بىلەنلا مىرزا ئەبابەكر ئوتتۇز مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن چاقماق چاقىقاندەك تېز يېتىپ كەلدى . ئەمىر جەبباربەردى قول ئىلكىدە بارنىڭ ھەممىسىنى پىشكەش قىلىپ ، مىرزا ئەبابەكرنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكۈزۈپ ياردەم ۋە مەدەت بېرىش يوسۇنلىرىنى ئادا قىلدى . مەنسۇرخان تۇرپانغا راۋان بولدى ، قالغان خەلق بىرمۇنچە ئەمىرلەر بىلەن ئاقسۇ قەلئەسىگە بېكىندى . مىرزا ئەبابەكر ئۇرۇش بىلەن ئاقسۇ قەلئەسىنى ئالدى ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەمىر جەبباربەردىگە لەشكەر بېرىپ باي ۋە كۇسەنگە ئەۋەتتى . بۇلار بېرىپ باي ۋە كۇسەننى بۇلاپ ، پۈتۈن خەلقنى كۆچۈرۈپ ئاقسۇغا ئېلىپ كەلدى . باي ۋە كۇسەن شۇ قەدەر ۋەيران قىلىندىكى ، ئۇ يەردە ئاۋاتلىقنىڭ ئىزناسىمۇ قالمىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئەمىر جەبباربەردى مىرزا ئەبابەكرگە مۇنداق ئەرز قىلدى : «شەرەپلىك خاتىرىڭىزگە روشەن بولسۇنكى ، ئەمدى مەندە موغۇل

خانلىرىنىڭ ئىشىگە بارغۇدەك يۈز قالمىدى. چۈنكى، مەن ئۇلارغا ھېچكىم قىلمىغان يۈزسىزلىكنى قىلدىم، ئۇلارنىڭ بارلىق تەختۇتاجى، مال ـ مۈلكى ۋە ئائىلە، بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ھەممىسىنى يوقلۇق شاملىغا سورۇۋەتتىم. سىزگە سادىقلىق يۈزىسىدىن پەقىرنىڭ كۆڭلىگە شۇنداق پىكىر كېلىۋاتىدۇكى، ئەمدى باي، كۇسەن ۋە ئاقسۇنى ۋەيران قىلىش، خەلقنى كاشغەرگە كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېتىش، ئۇچىنى بىر توپ لەشكەر بىلەن مۇھاپىزەت قىلىش كېرەك. پەقىرنىڭ ئۆيۋاقى ۋە ئەھلى ئايالىم سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە كاشغەرگە بارسۇن، ماڭا رۇخسەت بەرگەيسىز. مەن چالىشقا ۋە تاغلارغا بېرىپ خەلقنى كۆچۈرۈپ كېلىپ مۇلازىمىتىڭىزگە يەتكۈزگەيمەن. شۇنداق قىلىپ موغۇل خانلىرىنىڭ ئىشىنى تولۇق تاماملىغان بولاي ۋە ئۇلاردىن كۆڭۈلنى خاتىرجەم قىلاي.»

ئەمىر جەبباربەردىنىڭ بۇ چارە ـ تەدبىرى مىرزا ئەبابەكرگە ناھايىتى ياقتى. شۇڭا، ئەمىر جەبباربەردىنى قويۇپ ئۇنىڭ ئائىلىسىنى پۈتكۈل موغۇل خەلقى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى. ئەمىر جەبباربەردى ئەھلى ئايالىنى ئۆز جېنىنىڭ سەدىقىسى قىلدى، ئىككى ئوغلىدىن باشقا ھەممە ئائىلىسىنى كاشغەرگە ئەۋەتتى. [بېيىت:]

سالىپ تاشلادىم ئالدىغە مەن لىباس،
ئىگىن قالسە قالسۇن، بولاي مەن خەلاس.

ئەمىر جەبباربەردى بۇ تەدبىر بىلەن ئۆزىنى مىرزا ئەبابەكردىن ئاجراتتى. مىرزا ئەبابەكر پۈتكۈل شەھەر، ئايماق، سەھرا ۋە تاغلىقلارنى خالايىقتىن خالىي قالدۇرۇپ، شەھەرنى ھۇۋقۇشقا، كەنتنى چۇغۇندەككە تاشلاپ بېرىپ، ھەددۇھېسابسىز دەپىنە ـ دۇنيا، چارۋا ۋە مال ـ مۈلۈك ئەشيالارنى ئېلىپ ھەيۋەت ـ ھەشەمەت بىلەن كاشغەرگە ماڭدى، ئەمىر جەبباربەردىگە بىرمۇنچە

لەشكەرنى قالدۇرۇپ كەتكەنــــدى . ئەمـــــر جەبباربەردى ئۇ لەشكەرلەردىن ئايرىلىپ موغۇلىستانغا كەتتى ، مىرزا ئەبابەكرنىڭ لەشكىرى كاشغەرگە كەتتى .

شۇنىڭدىن كېيىن مەنسۇرخان ئەمىر جەبباربەردىگە قەست قىلغىنىغا پۇشايمان قىلدى . مۇنداق بىر قابىل كىشى بولماي تۇرۇپ ، مەملىكەتنى ئىدارە قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدى . شۇڭا ، ئەمىر جەبباربەردى قېشىغا كىشى ئەۋەتىپ تولىدىن ـ تولا ئۆزرىخاھلىقلارنى ئېيتىپ ، ئۇنى ئۆز ھوزۇرىغا تەكلىپ قىلدى . مەنسۇرخاننىڭ ئانىسى ئەمىر جەبباربەردىنىڭ قېرىندىشى ئىدى ، ئەمىر جەبباربەردى بىلدىكى ، مەنسۇرخان ئۆز قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ نىزا ۋە ئاداۋەتلەرنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىپتۇ ، شۇڭا بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ بارمىسا ياخشى بولمىغۇدەك . شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزرىخاھلىقنى كەسكىن دەلىل ، ۋەدە ۋە قەسەملەر بىلەن تەكىتلەپ ۋە مۇستەھكەملەپ ، ئاندىن مەنسۇرخاننىڭ ھوزۇرىغا راۋان بولدى .

سۆز بۇ يەرگە يەتكەندە مۇنۇ ھېكايىنى يېزىش مۇۋاپىــق كۆرۈندى . بۇ بىر مەشھۇر نەقىل : ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، تەلھەك تېرمىزدا ۋاپات بولۇپتۇ . ئۇ ۋاپات بولۇش ۋاقتىدا : «مېنى تۆت يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا دەپنە قىلىڭلار ، قەبرەمنى ئېگىز قاتۇرۇڭلار ، ئۇنىڭغا خۇشخەت (ھۆسنخەت ) بىلەن : ‹قەبرەم بېشىغا كەلگەن ھەرقانداق كىشى مېنىڭ روھىمغا دۇئا قىلسا ، ئۇ دۇئا قىلغۇچىغا لەنەت ؛ ئەگەر دۇئا قىلمىسا ، ئاتىسىغا لەنەت بولسۇن › دەپ يېزىپ قويۇڭلار » دەپ ۋەسىيەت قىلغانىكەن . بۇ يەردىكىلەر كۈلۈشۈپ : «كىشى بۇ ئىككى لەنەتتىن قانداق قۇتۇلار ؟ » دېيىشـــــپتۇ . قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى شۇكى ، ئۇ كىشى تېرمىزغا بارمىسۇن ۋە تەلھەكنىڭ قەبرىسىگە يولۇقمىسۇن .

موغـۇل پادىشـاھلىرى بىلەـن دۇغلات ئۇلۇغلىـرىنىـــــڭ ئەھۋاللــرىمۇ مۇشۇ ۋەقەگە ئوخشايدۇ . ئۇلار ئەگەر ئەمـــــر

جەبباربەردى مەنسۇرخانغا قىلغان مۇئامىلىدەك ئىش تۇتۇپ ئۆز جانلىرىنى قۇتقۇزسا، ئۇلارنى «ئەجەب تۇزكورلۇق ۋە ئەقىدىسىزلىك قىلدى» دەيدۇ. ئەگەر تاغامدەك تۇز ھەققىنى ساقلاپ، ئەقىدە - ئىخلاس قىلىپ تاۋاپ قىلىش يۈزىسىدىن مەرھۇم خاننىڭ قەبرىسى ئۈستىدە ماتەمدار بولۇپ نالە - زار قىلىپ ئولتۇرسا، بېشىنى شۇ يەردىلا كېسىدۇ ۋە «ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزالمىدى، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمىدى، ئەجەب نامەرد ئىكەن» دەيدۇ. كىمكى موغۇل خانلىرىنىڭ مۇلازىمىتىدە بولسا، ئاقىۋەتتە تاپىدىغان نەتىجىسى شۇ بولىدۇكى، نامەردلىك ئاتىقىنى كۆتۈرىدۇ ياكى تۇزكور دېگەن ھاقارەتكە دۇچار بولىدۇ. بۇ ئىككى ئاتاقتىن خالاس بولىمەن دېگەن كىشى موغۇل خانلىرىنىڭ مۇلازىمىتىدە بولماسلىق ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە يېقىن يولىماسلىق كېرەك، بۇنىڭ چارىسى مانا شۇ. ئانامنىڭ قېرىندىشى، مېنىڭ تاغام سۇلتان مەھمۇدخان — تەڭرى ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىنى نۇرلۇق قىلغاي — بۇ تۈركىي بېيىتنى ناھايىتى ياخشى ئېيتقانىكەن:

بېيىت:

ئالەم ئەھلى بىرلە ئالەمدىن ۋەفا تاپماس كىشى،
ئەي خۇش ئول ئازادەكىم، ئالەم بىلە يوقتۇر ئىشى.

بۇ مۆرىتىدە بۇ بېيىتمۇ ناھايىتى مۇۋاپىقتۇر:

بېيىت:

ئاشنالىق قىلاسەن، گاھ - گاھى قىلغۇڭ جەڭ،
ئاشنالىق بىلە دۇشمەنلىكىڭ ھەر ئىككىسى تەڭ.

ئەمما، مەنە گۆھىرى موغۇل خانلىرىنىڭ قۇلاق سەدىپىدە تۇرمايدۇ، بەلكى بۇ گۆھەرلەرنىڭ ئورنىغا ئېشەك مونچىقىنى ياقتۇرىدۇ، قۇلاق سەدىپىنى ئېشەك مونچىقى بىلەن زىننەتلەيدۇ.

مەسنەۋى :

جامى ، بۇ ۋەئزى تەلخ دەرسەن چەند ،
خەلقنى زەممى ئەيب ئېتەرسەن چەند .
چەرخ كارىكى مەكر ئىلە فەندۇر ،
باشىڭا چەۋرۇلۇر تۇگۇرمەندۇر .
كىشى سەندەك بۇ دەھردە ھەمە ھال ،
قىلمادى ئاق تۇگۇرمەن ئىچرە ساقال ،
تۇرمە ، گەرد ئاستىدا ، قوپۇپ كەتكىل ،
كۆز ياشىڭنىڭ سۇيىدە غۇسل ئەتكىل .

تەڭرىگە تەشەككۇر ۋە مىننەتدارلىقلار بولسۇنكى ، ھازىر مەن ئۇلاردىن يىراق بىر بۇرجەككە كېلىپ چۈشتۈم ، ئەمدى ئۇلارنى ئەسلەش ۋە يادلىنىشتىنمۇ يىراقراق بولغان ئەلا .

ئەسلىي ھېكايەتنىڭ ئاخىرى شۇكى ، مەنسۇرخان تۇرلۇك چارە ـ ئاماللار بىلەن ئەمىر جەبباربەردىگە تەسەللى بېرىپ ئۇنى ھۇزۇرىغا ئېلىپ باردى . ئەمىر جەبباربەردى بارغاندىن كېيىن خاننىڭ زۆرۈر ئىشلىرى تەرتىپكە چۈشتى . مەنسۇرخان يېڭىلگەن ۋاقىت تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 910 ـ يىلى[1] بولغان چاغ ئىدى . تاكى (ھىجرىيە ) 922 ـ يىلى[2] بولغۇچە مەنسۇرخان چالىش ۋە تۇرپاندا ئىدى ، بۇ مۇددەت ئىچىدە كۆپ ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتتى . قىسقىسى ، ئۇ كۈنلەردە [مەنسۇرخاننىڭ] قېرىنداشى ئۇنىڭغا قارشى چىقتى ۋە موغۇل قوۋمىدىن ھەر كىشى ئۆز ئالدىغا پىتنە ـ پاسات ۋە قالايمىقانلىق تۇغدۇرۇشقا باشلىدى . شۇ سەۋەبتىن ئارلات نەسلىدىن بولغان مۆتىۋەر ئەمىرلەرنى مەنسەپتىن چۈشۈرۈۋەتتى ، قىرغىزلارنى ھىيلە بىلەن قولغا كەلتۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆلتۈردى . بىر قېتىم قالماقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ، قالماقلارنى يېڭىپ غەلىبە ۋە نۇسرەت تاپتى . بۇ

---

① ھىجرىيە 910 ـ يىلى مىلادىيە 1504 — 1505 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .
② ھىجرىيە 922 ـ يىلى مىلادىيە 1516 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ .

ۋەقەلەردىن كېيىن مەنسۇرخاننىڭ ئىش - كۈشلىرى تولۇق تەرتىپكە چۈشۈپ يۈرۈشۈشكە باشلىدى، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەمىر جەبباربەردىنىڭ ئەقىل - تەدبىرلىرى بىلەن بولغانىدى. ئاخىردا باباجاق سۇلتان ئايرىلىپ چىقىپ ئۆز تەۋەلىرى بىلەن كۈسەنگە كەلدى، مەنسۇرخان ئارقىسىدىن كېلىپ مۇھاسىرە قىلدى. ئەمما، ئۇنىڭ مەقسىتى باباجاق سۇلتاننى قولغا چۈشۈرۈش ئەمەس ئىدى، شۇڭا سۈلھى قىلىش تەكلىپىنى ئارىغا سالدى. باباجاق سۇلتان ئۇنىڭغا: «ئەمىن خاجە سۇلتانمۇ قېرىندىشىڭىز ئىدى، ئۇنى يات كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈردىڭىز. قايسى ئىشەنچ بىلەن سىز بىلەن مۇرەسسە قىلىمەن؟!» دېدى. مەنسۇرخان خىجالەت بولۇپ ئەمىن خاجە سۇلتاننى ئۆلتۈرگىنىگە پۇشايمان قىلدى. چۈنكى، مەنسۇرخان ئەمىن خاجە سۇلتاننى پىتنە پەيدا قىلىدۇ، دەپ ئۆلۈمگە بۇيرۇپ ياراكا ئاتاكاغا تاپشۇرغان، ئۇ ئۆلتۈرمەي ساقلىغانىدى. شۇ چاغدا ياراكا ئاتاكا مەنسۇرخاننىڭ پۇشايمان قىلغانلىقىنى سېزىپ: «مەن ھۆكۈمىڭىزگە خىلاپلىق قىلىپ، ئەمىن خاجە سۇلتاننى ئۆلتۈرمەي ساقلىغانىدىم» دەپ مەلۇم قىلدى. مەنسۇرخان ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئەمىن خاجە سۇلتاننى ئالدۇرۇپ كېلىپ باباجاق سۇلتانغا تاپشۇرۇپ مۇرەسسە قىلىپ ياندى.

ئەمىن خاجە سۇلتان باباجاق سۇلتاندىن رۇخسەت ئېلىپ كاشغەرگە كەلدى، بۇ ئەھۋال يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلدى. باباجاق سۇلتان كۈسەندە قالدى، تاكى بۈگۈنگىچە كۈسەندە تۇرۇۋاتىدۇ.

بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن خاننىڭ مەنسۇرخان ھۇزۇرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئىتتىپاقلاشقانلىقى، مەنسۇرخاننىڭ تۇرپاندىن كۈسەن ۋە بايغا كەلگەنلىكى، مىر جەبباربەردىنى ئالدىن خاننىڭ ئىستىقبالىغا ئەۋەتكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئاربات سەھراسىدا كۆرۈشكەنلىكى قاتارلىق ۋەقەلەر پات يېقىندا بايان قىلىنغۇسى.

## ئەللىك بەشىنچى باب

# ئىسكەندەر سۇلتانىنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ بايانى

تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 921 ـ يىلى جۇمادىيەل ـ ئاخىر ئېيى① ئىدى ، بەخت ـ دۆلەتنىڭ مۇبارەك بېغىدا خانلىق دەرىخى مۇراد مېۋىسىنى بەردى ، ئۈمىد دېھقىنى ئارزۇ ئۇرۇقىنى «ماڭا بىر پەرزەنت ئاتا قىلغىن»② دېگەن ئايەتنىڭ ئېكىنزارىغا تېرىغانىدى ، «بىز ھەقىقەتەن ساڭا (پەرىشتىلەر ئارقىلىق) بىر ئوغۇل بىلەن خۇشخەۋەر بېرىمىز»③ دېگەن ئايەتتە ئېيتىلغاندەك ھوسۇلنى كۆرسەتتى . بېيىت :

كىرامى گەۋھەرى دەريايى شاھى ،
چەرداغى رەۋشەنى نۇرى ئىلاھى .

ئۇلۇغلۇق ۋە سەلتەنەت بېغىدا يېڭى كۆچەت باش چىقاردى ، خانلىق دەرىخى سۇلتانلىقىنىڭ يېڭى مېۋىسىنى كۆرسەتتى ، يەنى بىر پەرزەنت دۇنياغا كەلدى . خانىنىڭ مومىسى شاھبېگىم تەرەپتىن نەسەبى ئىسكەندەر زۇلقەرنەينگە يېتەتتى ، شۇڭا تەۋەررۈك بىلىپ بۇ پەرزەنتنىڭ ئېتىنى ئىسكەندەر دەپ ئاتىدى . شۇ دەۋرنىڭ پازىل كىشىلىرى ئىسكەندەر سۇلتانىنىڭ تەۋەللۇتى ئۈچۈن تارىخلارنى ئېيتىشتى . شۇلار جۈملىسىدىن بولغان مەۋلانا مۇھەممەد شىرازى

① ھىجرىيە 921 ـ يىلى جۇمادىيەل ـ ئاخىر ئېيى مىلادىيە 1515 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىدۇ .

② «قۇرئان كەرىم» 19 ـ سۈرە مەريەم ، 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى .

③ «قۇرئان كەرىم» 19 ـ سۈرە مەريەم ، 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى .

بۈيۈك ئالىملاردىن بولۇپ، پۈتكۈل ئىلىملەردە ماھىر، تېبابەت ئىلمىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىدە بىردەك كامىل ئۇستا تېۋىپ ئىدى. ئۇ زات ئوتتۇز يىلدىن بېرى موغۇل خانلىرىنىڭ مۇلازىمىتىدە ناھايىتى لاياقەتلىك خىزمەتلەرنى قىلغان، خانىنىڭ سەلتەنەتى زامانىدا ئۇ سەدرى سۇدۇر (باش ۋەزىر) بولغانىدى. مەۋلانا مۇھەممەد شىرازىنىڭ بەزى ئەھۋاللىرى پات يېقىندا بايان قىلىنغۇسى. شۇ مەۋلانا مۇھەممەد «شاھ ئىسكەندەر فەر» (شاھ اسكندر فەر[1] — ئىسكەندەر پادىشاھىنىڭ شان ـ شەۋكىتى) دېگەن تارىخنى تاپقانىدى. تەقۋادار ۋە پەزىلەتلىك [خاجە] نۇرىددىن ئەبدۇلۋاھىد تەھۇرى قازى — ئۇنىڭ ئەھۋالىمۇ كېيىن بايان قىلىنغۇسى — «نەخلى ئىرەم» (نخل ارم[2] — جەننەت كۆچىتى) دېگەن تارىخنى تاپقانىدى. بەزى پازىللار «لەشكەرشىكەن» (لشكرشكن[3] — لەشكەرنى يەڭگۈچى) دېگەن سۆزنى تارىخ ئۈچۈن تاپتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر نەچچە تارىخلارنى تاپقانىدى، ئەمما يۇقىرىقىلاردىن ئۆزگىسى ئېسىمدە قالماپتۇ.

تولا مەيخورلۇق قىلغان سەۋەبتىن ئاشۇ كۈنلەردە خانىنىڭ شەرەپلىك مىزاجىدا ناھايىتى ئاجىزلىق يۈز بەردى. شۇڭا، خان تەبىئىتىنى كۆچەيتىش ئۈچۈن ھاۋالانماقچى بولۇپ موغۇلىستانغا باردى. خان بىر مەزگىلدىن كېيىن موغۇلىستاندىن قايتىپ كېلىپ، ماڭا مۇنداق پەرمان قىلدى: «سەن ماڭا گوياكى پەرزەنتىمنىڭ ئورنىدا سەن. خانلىق سەدىپىمنىڭ يېگانە گۆھىرى بولغان سىڭلىمنى ساڭا نىكاھلاپ بەردىم. بۇنىڭدىن ئۈمىدىم شۇ ئىدىكى، سىلەردىن بىر پەرزەنت ۋۇجۇدقا كەلسە، ئۇنىڭ ئوڭ

---

① بۇ سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنگەندە 921 دېگەن سان، يەنى ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ تۇغۇلغان يىلى، يەنى ھىجرىيە 921 ـ يىلى (مىلادىيە 1515 ـ يىلى) كېلىپ چىقىدۇ.

② بۇ سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنگەندە، ھىجرىيە 921 ـ يىلى ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ تۇغۇلغان تارىخى كېلىپ چىقىدۇ.

③ بۇ سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنگەندە، 920 دېگەن رەقەم كېلىپ چىقىدۇ. ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ تۇغۇلغان تارىخىنى ئىپادىلەشكە بۇنىڭدا بىر يىل كەم قالىدۇ.

كۆزى مېنىڭ جامالىم بىلەن يورۇسا ، سول كۆزى سېنىڭ يۈزۈڭ بىلەن روشەن بولسا ، بىر ئوغۇل ئىككى ئاتىغا باغلانسا ، ئىككى ئاتا بىر ئوغۇلغا شادلانسا دەيتتىم . بۇ ئۈمىدىمنىڭ نەتىجىسى تېخىچە كۆرۈلمەي تۇرۇۋاتىدۇ . ئەمدى سەن بۇ يېڭى پەرزەنتىمنى ئۆزۈڭگە پەرزەنتلىككە قوبۇل قىلغىن ، مېنىڭ سەندىن كۈتكەن ئۈمىدىم مەندىن يۈزەگە چىقسۇن . ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭدىن پەرزەنت ۋۇجۇدقا كەلسە ، بۇ پەرزەنتكە قېرىنداش بولسۇن ، ئەگەر پەرزەنتىڭ بولمىغان تەقدىردىمۇ ، پەرزەنتكە ئېھتىياجىڭ چۈشمىسۇن .»

خان شۇنداق دەپ ماڭا ۋە سىڭلىسىغا بۇ قەدەر ئىلتىپات ۋە ئىنايەتلەرنى قىلىپ بۇ سۆزنى ئارىغا سالدى ، بىز ئىككىلىمىز جان ـ دىلىمىز بىلەن قوبۇل قىلدۇق . شۇنداق قىلىپ توي جابدۇقلىرى ۋە سوۋغا ـ سالامغا كېرەكلىك لازىمەتلىكلەرنى تەييارلاشقا كىرىشتۇق . ئىسكەندەر خاننىڭ ئەھۋاللىرىمۇ كېيىن بايان قىلىنغۇسى .

## ئەللىك ئالتىنچى باب

# ئاقسۇنى قايتا قۇرۇش ۋەقەسىنىڭ [ۋە مەنسۇر-خان بىلەن سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەلچى ئەۋەتىشىپ سۈلھى قىلىشقانلىقىنىڭ[1]] بايانى

ۋاقتىكى ، ئەمىن خاجە سۇلتاننى ئاقسۇغا ئەۋەتكەندىن كېيىن شۇ يىلى باھاردا ئەمىن خاجە سۇلتان ئاقسۇنى قايتا قۇرۇشقا

---

① خەنزۇچە نەشرىگە ئاساسەن تولۇقلاندى (مۇھەررىردىن) .

كىرىشتى . شۇ ۋاقىتلاردا خـان بىلـە [مەنسۇرخاننىڭ] ئارىلىرىدا [مۇھەببەت يۈزىسىدىن] ئەلچىلەر يۈرۈشۈپ تۇراتتى .

ياز ۋاقتى بولغانىدى ، مەي ئىچىش بىلەن ئارتۇقچە مەشغۇل بولغانلىقتىن ، خاننىڭ شەرەپلىك مىزاجىدا زەئىپلىك ۋە توسالغۇ كۆرۈلدى ، ئاخىر قىزىتما ۋە تىـــترەك پەيدا بولدى . مەۋلانا مۇھەممەد شىرازى ئىقتىدارلىق ئالىم ۋە ئۇستا تېۋىپ بولۇپ ، ئۇ ئۆزىنىڭ شەرەپلىك ئۆمرىنى پۈتۈنلەي مۇشۇ خانـــدانىنـــىڭ خىزمىتىگە سەرپ قىلغانىدى . ئۇ خاننىڭ مۇبارەك تومۇرلىرىنى تۇتۇپ كۆرگەندىن كېيىن : «بۇنىڭ ئىلاجى شۇكـــى ، ھاۋا ئالماشتۇرۇش كېرەك» دېدى ، شۇڭا خان موغۇلىستاننىـــڭ كاشغەرگە يېقىن چېگرىسىغا قاراپ يولغا چىقتى . ئەمما ، خان كاشغەر خەلقىدىن تېخى [خاتىرجەم] ئەمەس ئىدى ، شۇ سەۋەبتىن پەقىرنى ياركەندتە قويۇپ كەتتى . پەقىر يۇرت ئىشىدا قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە ئىدارە قىلدىم .

كۈز پەسلىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا ، خان موغۇلىستاندىن قايتىپ كەلدى . خاننىڭ شەرەپلىك مـــزاجـــدا يۈز بەرگەن زەئىپلىكلەر موغۇلىستاننىڭ جەننەت كەبى ھاۋاسىنىڭ يېقىملىق-لىقى تۈپەيلىدىن مۆتىدىل ھالەتكە كېلىپ ، ساغلام بەدەن بىلەن ياركەند تەختىگاھىغا قەدەم تەشرىپ قىلدى .

## ئەللىك يەتتىنچى باب

# ھەزرىتى مەۋلانا مۇھەممەد قازىنىڭ ۋاپاتىنىڭ بايانى

بىلمەك كېرەككى ، مۇۋەپپەقىيەتكە باشلىغۇچى يېتەكچىمىز ، خىزمەتچىمىز ، خوجىمىز ۋە ئىگىمىز ھەزرىتى مەۋلانا مۇھەممەد

قازى — ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولغاي — نىڭ كامالەتكە يەتكەن ئەھۋاللىرى بۇ يەرگە يەتكۈچە نەچچە جايدا بايان قىلىپ ئۆتۈلدى. يۇقىرىدا ئەسلىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ھەزرىتى مەۋلانا ئاخسىدا ۋە ئاخسى تەۋەسىدە كۆڭلى قەيەرنى خالىسا شۇ يەردە تۇراتتى. ئۇنىڭ شەرەپلىك خىزمەتلىرىنىڭ بەرىكىتىدىن كۆپلىگەن خەلقلەر بەھرىمەن بولاتتى. ئۇ جايدا ئۇنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتلىرى پەيدا بولدى، ئۇلارنىڭ ھەر قايسىلىرى غارايىب ئەھۋاللارغا ۋە ئاجايىپ ھالەتلەرگە مۇشەررەپ بولغاندى. بېيىت:

فىل - مەسەل نەچچە مىڭ ۋەلى مۇردە،
نەفەسى ئىلكىدە زارۇ ئەفسۇردە.
يۇرسە مەھفىللەرى ھەرىمىندە،
بولغۇسى مۇردە دىللارى زىندە.

خان ئاخسىدىن چىققان ۋاقتىدا ھەزرىتى مەۋلانا ئاخسىدا قالغاندى. سۈيۈنچەكخان كەلگەندىن كېيىن ھەزرىتى مەۋلانانىڭ مۇلازىمەتلىرىگە كېلىپ، ئۇ زاتنىڭ تاشكەندكە قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى ئىلتىماس قىلدى. ھەزرىتى مەۋلانا ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ تاشكەندكە باردى. ئاز مۇددەتتىن كېيىن ئۇ زاتنىڭ مۇقەددەس ئۇۋۇسىدىكى روھ قۇشلىرى بۇ ئالەمدىن پەرۋاز قىلدى. بېيىت:

قەدەمنى يۆتكەدى بۇ تەڭگىنادىن،
يېتىشكەچ مۇژدەئى فۇسھەت سەردادىن.
كى ئۇنسى قالماغاچ دەيرى فەناغە،
بەقا مىھرابىدا تۇردى دۇئاغە.

ئۇ زاتنىڭ مۇبارەك روھلىرىنىڭ لاچىنى پاكلىق ئالىمىنىڭ ئەۋجىدە پەرۋاز قىلىپ، بېھىشتە مەڭگۈلۈك ئۇۋۋا تۇزدى ۋە ئەبەدىيلىك كۆھقاپىنىڭ سۇمۇرغلىرى قاتارىدا ئورۇنلاشتى —

ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت ۋە مەغپىرەتلەر بولغاي .

ئۇ ھەزرەتنىڭ مۇرىت ۋە مۇخلىسلىرى ئۇنىڭ ۋاپات بولغان تارىخى ئۈچۈن «نەقدى خاجە ئۇبەيدۇللا» (نقد خواجە عبيدالله[1] — نەق خاجە ئۇبەيدۇللا ) دېگەن سۆزنى تاپتى . ئۇ زاتنىڭ شەرەپلىك ئۆمرى ئاتمىشتىن ئۆتۈپ ، تېخى يەتمىشكە يەتمىگەندى ، بۇ ئالەمدىن كۆچۈپ كەتتى . ئۇ زات پۈتكۈل زاھىر ئىلىملەردە كامىل ۋە باتىن ئىلىملىرىدە مۇكەممەل ئىدى ، ئۇ مۇبارەك زات بولسا پۈتكۈل پەرىشتە سۈپەتلىرىنىڭ مۇجەسسەمى ۋە پەزىلەتلەرنىڭ يىغىندىسى ئىدى . ناھايىتى پايدىلىق مۆتىۋەر تەسنىفاتلىرى (يازغان كىتابلىرى ) بار ، شەرەپلىك «رىسالە»لىرى تەرىقەت ئەھلى ئۈچۈن ئەمەل قىلىنىدىغان دەستۇردۇر . شۇ جۈملىدىن «سىلسىلەتۇل ـ ئارىفىن» ئىنتايىن يېقىملىق كىتاب . ئۇ كىتابنىڭ تەرتىپىنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ يېزىپتۇ . بىرىنچى قىسمى شەيخ بولماق ئەدەپلىرى ۋە مۇرىت بولماق شەرتلىرىنىڭ بايانى ؛ ئىككىنچى قىسمى ھەزرىتى خاجە ئۇبەيدۇللا ئەھرار[2] — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ ئەھۋاللىرى ، مەجلىسلىرى ۋە مۇبارەك تىللىرى بىلەن ئېيتىلغان ھەقىقەتلەر ۋە مەرىپەتلەرنىڭ بايانى ؛ ئۈچىنچى قىسمى بىر قىسىم ئۇلۇغ زاتلار ھەققىدىكى غارايىب سۆزلىرى ، ئاجايىپ ھېكايىلەر ۋە ئاشكارىلانغان كارامەتلەرنىڭ بايانىدۇر . «سىلسىلەتۇل ـ ئارىفىن» ناملىق بۇ كىتابنىڭ تەرىپ ـ تەۋسىپلىرىنى بايان قىلىشتا تىل ئاجىز ۋە كەمتۈكتۇر . پۈتكۈل سۈلۈك ئەھلىنىڭ ھۇزۇرىدا مەقبۇللۇققا ئېرىشكەن بۇ كىتاب تەخمىنەن ئەللىك جۇزۇي

---

① بۇ سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنگەندە ، ھىجرىيە 922 ـ يىلى (مىلادىيە 1516 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ) ، يەنى مەۋلانا مۇھەممەد قازىنىڭ ۋاپات بولغان تارىخى ھاسىل بولىدۇ .

② خەنزۇچە نەشرىدە «ھەزرەت ئىشان» (Hazrat Ishan ) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن ) .

ئەتراپىدا بار .
ئۇ زاتنىڭ بۇنىڭدىن باشقا تەسنىف قىلغان رىسالىلىرىمۇ بار . مەجلىسلەردە پەقىر ھېيىنقماستىن بەزى مەسىلىلەرنى مەۋلانادىن سورىغانىدىم ، مەۋلانا ئۇ مەسىلىلەرنىڭ جاۋابىنى نۇرغۇن پايدا - مەنپەئەتلىرى بىلەن بىللە كىتابقا كىرگۈزگەنىكەن . ئەمما ، پەقىرگە ئىلتىپات قىلىپ كىتابىدىن بەرگۈدەك پۇرسەت بولمىغانىدى . ھەزرىتى مەۋلانا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوغلى مەۋلانا قۇتبىددىن ئەھمەد ئۇ شەرەپلىك رىسالىنى پەقىرگە ئەۋەتىپ بەرگەنىدى . تەۋەررۇك بىلگىنىم ئۈچۈن ئۇ رىسالىنىڭ سۆزلىرىنى بۇ كىتابقا نەقىل قىلىپ كىرگۈزىمەن . پەقىر ئىقتىدارسىز ۋە كۈچ - قۇدرەتسىز بەندە شۇنى جەزملەشتۇرۇپ بىلىمەنكى ، بۇ كىتابىم غەپلەت قەلىمى ۋە نادانلىق سىياھى بىلەن پۈتۈلگۈسىدۇر ، ئۆتكۈر كۆزلۈك زاتلارنىڭ نەزىرىدە قەدىرى ۋە ئېتىبارى يوقتۇر . ئۈمىدىم شۇكى ، بەلكىم مۇشۇ شەرەپلىك رىسالىنىڭ بەرىكىتىدىن بۇ كىتابمۇ قەلبى ئويغاق زاتلارنىڭ ھۇزۇرىدا مەنزۇر ۋە مەقبۇل بولۇپ قالسا كېرەك . پەقىر كەمىنىنىڭ قەلىمىم بايانلىرىدىكى ئەيىب ۋە قۇسۇرلارنى بۇ رىسالىنىڭ ھۆرمىتى توپەيلىدىن ئەپۇ قىلغاي . تەۋبە قىلىمەنكى ، بۇ كىتابىمدا مەندىن ھەرقانداق خاتالىق ۋە نۇقسان سادىر بولغان بولسا ، ئەيىبلەرنى ياپقۇچى ھەزرىتى تەڭرىتائالا بۇ شەرەپلىك رىسالىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىنىڭ ھۆرمىتىدىن كەچۈرگەي . **مۇناجات :**

ئىلاھا ، ئىلاھا ، خەتا ئەيلەدىم .
نىتەي ئەفۋىڭە ئىتتىكا ئەيلەدىم .
ئىلاھا ، ئېرۇرمەن بەسى شەرمىسار ،
ئېرۇرمەن تەھى دەستۇ ئۈمىدۋار .

ھەزرىتى مەۋلانانىڭ ئۇلۇغلۇق ۋە ئارتۇقلۇق ئىگىسى ، بۇيۇكلۇك بىلەن يادلانغۇچى ۋە پارلاقلىقى بىلەن ئاتالغۇچى جانابى

تەڭرىنىڭ رەھمىتى دائىرىسىگە يېتىشكەنلىكىدىن ئىبارەت جانىنى ئۆرتىگۈچى خەۋەر يېتىپ كەلگەن مەھەل شۇنداق ۋاقىت ئىدىكى ، بۇ چاغ خانىنىڭ مىزاجىدا زەئىپلىك پەيدا بولۇپ ، موغۇلىستانىنىڭ ئاتباشى ئاتلىق يېرىگە يۆرۈپ كەتكەن ، پەقىرنى مەملىكەتنى ئىدارە قىلىپ تۇرۇشقا ياركەندتە قويۇپ كەتكەن كۈنلەر ئىـــدى . بۇ قورقۇنچلۇق خەۋەرنى ئاڭلىغان مۇخلىسلارنىڭ جان ۋە دىللىرىغا ئوت تۇتىشىپ ، بۇ ماقالنى ئېيتىشتى :

بېيىت :

دەرداكى ، پاكبازى جەھان كەتتى دەھىردىن ،
ئانداغكى پاك كەلدى ، چۇنان كەتتى دەھىردىن .

بۇ ئەلەمدىن كۆزلەر ياشلاندى . ئۇ كۈنلەردە بۇ بېيىت تەكرار قىلىناتتى :

بېيىت :

كۆزۈم چەشمەسى ئانچە ياش تۆكتىكىم ،
ئانىڭ قەئرىدە قالمادى قەترە نەم ،
نېچۈك يىغلايالغاي ئىدى كۆز ، ئەگەر
مەدەد بەرمەسە بۇ يۈرەك قانى ھەم .

شۇ كۈنلەرنىڭ پاراغەت سۇبھىسى پۇرقەت كېچىســـــگە ئالماشتى . بۇ دەرد ـ ئەلەم ئوتلىرى شولا چېچىپ تۇرۇۋاتاتتى ، بۇ مۇبارەك رىسال يېتىپ كەلدى . ھال تىللىرىمىز بۇ ماقالنى ئېيتتى :

بېيىت :

ئۆفسەم ئەگەر ئانىڭ قەلەمى مۇشكبارىنى ،
ئەيلەي ھەمايىل دىلۇ جان يادگارىنى .

ئۇ شەرەپلىك ۋە مۇبارەك رىسالىنى تەۋەررۇك ۋە سۆيۈنچە بىلىپ سۆزمۇسۆز ئەينەن نەقىل قىلىندى .
ئۇ شەرەپلىك رىسالە بۇدۇر :

بىسمىللاھىر - رەھمانىر - رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ
ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

پۈتكۈل مەدھىيە ۋە ماختاشلار بىر تۈركۈم ئۇلۇغ ناتىقلار ۋە كەشپىيات ئەھلىلىرىنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ھەقىقەت ۋە مەرىپەت شامالىلىرىنىڭ پۇراقلىرىنى تارقىتىپ، باشلىرىنى ھەسرەت قورشىۋالغان، تېنىنى غەم - قايغۇ كىشەنلىگەن كىشىلەرنى بىخۇدلۇق ۋە مەھرۇملۇق تۈنلىرىنىڭ ھالاكىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ھىدايەت ۋە ئۈمىد - ئىشەنچ نۇرلىرى بىلەن زىننەتلىگەن تەڭرىگە خاستۇر .
تەڭرىتائالا ئىنسانلارغا ۋە جىنلارغا ئومۇمىي ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئايەتنىڭ ئېنىق گۇۋاھلىقى ۋە «قۇرئان»نىڭ دەلىللىرى بىلەن توغرىلىغان، تەڭرىنىڭ رەھمىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ھەمراھلىرىغا، بارلىق ئىلىم ئەھلىلىرىگە ۋە ئىمان ئىگىلىرىگە دۇئا - سالاملار بولسۇن .
شۇنىڭدىن سوڭرە ئېيتىلىدۇكى، نامسىزلىق بۇلۇڭىنىڭ خىلۋەتلىرىدە ئولتۇرغۇچى بۇرھانىددىن ئوغلى مۇھەممەد، تونۇلغان ئاتلىرى مۇھەممەد قازى بىر كۈنى مەجلىستە جەمشىد ھەشەمەتلىك ۋە فەرىدۇن كەبى قەدىرلىك پادىشاھزادە، بەختىيارلار خاقانى، دىندارلار قوشۇنىنىڭ شاھىنشاھى، ئىززەت ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ يۈكسەك ئاسمانى، بەخت - ئىقبال دەرىخىنىڭ مېۋىسى، بۈيۈكلۈك جاھانىنىڭ جېنى، ۋىلايەت جېنىنىڭ جاھانى، زەئىپلەرنىڭ يار - يۆلىكى، ئالىملارنىڭ تەربىيىچىسى، سەلتەنەت ئىشلىرىنىڭ دانىشمىنى، دوستلارنى كۈلدۈرگۈچى، دۈشمەنلەرنى

كۆيدۇرگۈچى ، تەڭرىنىڭ دىندارلار مەملىكىتىدىكى سايىسى مۇھەممەدھەيدەر ئىبنى مۇھەممەدھۇسەين كۆرەگان — تەڭرى ئۇنىڭ مەملىكىتــــى ۋە سەلتەنىتىنى ئۇزۇن قىلغاي ، مۇخلىسلىرىغا ياخشىلىق ۋە ئېھسانلىرىنى زىيادە قىلغاي — نەزم :

بىھەققى نەبىيۇ ، بىسىررى ۋەلىي ،
كى بولغاي قەۋى بەختى ، قەدرى ئۇلى .
فەلەك دەۋرىدىن بۇ ئۇلۇغ خاندان ،
زەۋالۇ فەنا كۆرمەگەي ھىچ زەمان .
ھەمە شەھلەر ئولغايكى فەرمان بەرى ،
زەمانە مۇتىئۇ فەلەك چاكەرى .
ئاتا رۇھى بۇ ئوغلىدىن ھەرزەمان ،
بىھىشت ئىچرە بولغاي بەسى شادمان .
كى تا بۇ جەھان باردۇر ئول نىكنام ،
جەھان ئىچرە تاپقاي بەقا ، ۋەسسەلام .

ئۇنىڭ ئەرزىگە بىنائەن «سەلتەنەت ئەھلى ۋە ھۆكۈمەت ئەربابلىرىنىڭ ئەدەپ - ئەخلاق ۋە يوسۇنلىرى بايان قىلىنغان بىر رىسالە رەتلەپ يېزىلدۇ» دەپ ۋەدە بېرىلگەنىدى . شۇ سەۋەبتىن گۇناھى كەبىرە (چوڭ گۇناھ)نىڭ بايانى ، ئالىملار ۋە ئارىپلارنىڭ سۆزلىرى بويىچە سەلتەنەتنىڭ شەرتلىرى ھەققىدە ھاجەتمەنلىك قەلىمى بىلەن بىر نەچچە قۇر يېزىلدۇ . ئۇ ھەزرەتنىڭ چەكسىز ئىلتىپاتلىرى ۋە پايانسىز شەپقەتلىرىدىن ئۈمىد شۇكى ، بۇ دەرۋىشانە تۆھپىگە پادشاھانە مەرھەمەت قىلىپ ، ئەيىبلەرنى ياپقۇچى ۋە غايىبلارنى كۆرگۈچى رىزا كۆزلىرى بىلەن نەزەر سالغاي ، مۇخلىسلىرىنىڭ خارۇزار قەدەملىرىگە ۋە ئەيىبلىك قەلەملىرىگە ئەپۇ خېتىنى يازغاي . پاك ۋە بۈيۈك تەڭرى ئۇ جاھاننى ئىدارە قىلغۇچى ئەزىز ۋۇجۇدنى زاماننىڭ ئاپەتلىرى ۋە پالاكەتلىرىدىن ، ھادىسلەرنىڭ بەختسىزلىكلــــرىدىن ئامان - ئېسەن ئاسرىغاي ، كۆڭلەر تولپارى ۋە ھايات دۇلدۇلى ئۇنىڭغا رام بولغاي ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققى - ھۆرمىتىدىن ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ ئاپتىپى ۋە

يارسازلىق سايىسى ئاجىز ۋە زەئىپ پۇقرالارنىڭ، دەرۋىشلەر ۋە پېقىرلارنىڭ بېشىدىن كەم بولمىغاي. پەيغەمبەرلەر خوجىسىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىدىن ئامىن!

بىلمەك كېرەككى، ھەقىقىي پادىشاھ ئۆز دۆلىتىنىڭ پارلاق بولغانلىقىغا قانائەت قىلمايدۇ. چۈنكى، بۇ دۆلەت ئەمەس، نۆۋەتتۇر. ئەگەر كىشى ئادالەت ۋە ياخشىلىق قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان ھەمدە بۇ قاراڭغۇ ئالەمدىن ئىمان دۆلىتى بىلەن مەڭگۈلۈك بېھىشكە بارغان بولسا، دۆلەت ئەنە شۇدۇر. بۇ سۆزنىڭ چەك ـ چېگرىسى ۋە ھەددۇپايانى يوقتۇر.

ئەمدى گۇناھ كەبىرەنىڭ بايانى ۋە سەلتەنەتنىڭ شەرتلىرى سۆزلىنىدۇ.

بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىنكى، كەشپۇكارامەت ئەربابلىرى بولغان ئالىملار ۋە كۆرۈپ مۇشاھىدە قىلغان ئارىپلارنىڭ ئېتىقادلىرى مۇنداق:

ئىنسان گۇرۇھىنىڭ يارىتىلىشىدىكى غەرەز پۈتكۈل ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان تەڭرىنىڭ مۇھەببىتىدىن ئىبارەت. بەندە بۇ ئالەمدىن كەتكەندە پاك ۋە مۇقەددەس تەڭرىنىڭ دوستلۇق ۋە مۇھەببىتىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ بارالىسا، بۇنىڭدىن ئۇلۇغراق ۋە شەرەپلىكرەك ھېچقانداق دۆلەت بولماس. ئادىمىزاتنىڭ كۆڭلى بىر زېمىنغا ئوخشاش بولۇپ، بۇ زېمىن گۇناھ ئەخلەتلىرىدىن پاك بولغاندىلا، ئاندىن تەڭرىتائالا مۇھەببىتىنىڭ ئۇرۇقلىرىنى تىكىشكە لايىقلاشقان بولىدۇ. دېمەك، جانابى ئەھەدىيەت ھۇزۇرىغا يېتىشكە ئىشتىياق باغلىغان تەلەپكارلارغا زۆرۈر ۋە لازىم ئەمەل شۇكى، ئۇلار كۆڭۈل مەيدانىنى گۇناھ خەس ـ خەشەكلىرىدىن پاك قىلىشقا جان ۋە دىللىرى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسەتسۇن، دىللىرىدا ھەقىقىي مۇھەببەت ئۇرۇقلىرىنى رىيازەت ۋە مۇشەققەت سۇلىرى بىلەن سۇغىرىپ پەرۋىش قىلسۇن. شۇ ئارقىلىق ئۇ مۇھەببەت كۈندىن ـ كۈنگە كۆچىيىپ، ئىشق مەرتىۋىسىگە يەتسۇن ۋە مەشۇقتىن باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي كۆيۈپ يوق بولۇپ كەتسۇن. مەسنەۋى:

ئىشق ئېرۇر ئول شۇئلەكىم، ئۇرسە ئەلەم،
قىلغۇسى مەئشۇق غەيرىنى ئەدەم.

شاد بول ، ئەي ئىشق ، خۇش سەۋدايىمىز ،
ئەي تەبىبى جۇملە ئىللەتھايىمىز .
ئەي دەۋايى نەخۋەتۇ نامۇسىمىز ،
ئەي سەن ئەفلاتۇنۇ جالىنۇسىمىز .

ئەي ئەزىز بىلىگىنكى ، گۇناھ كەبىرە ھەققىدىكى قاراشلار ئوخشاش ئەمەس . بەزىلەر ھەزرىتى پەيغەمبەر — تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — دىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ : گۇناھ كەبىرە يەتتىدۇر ، بىرىنچىسى ، تەڭرىتائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش — تەڭرى ئۇنداق گۇناھتىن ساقلىغاي ؛ ئىككىنچىسى ، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ؛ ئۈچىنچىسى ، بىر پاك مۇسۇلماننى يامان تىل بىلەن ھاقارەتلەش ، يەنى ئىپپەتلىك كىشىنى زىناخور دەپ تۆھمەت قىلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ ؛ تۆتىنچىسى ، يېتىمنىڭ مېلىنى ناھەق يەۋېلىش ؛ بەشىنچىسى ، سۇدخورلۇق قىلىش ، بۇنى ربا (جازانىخورلۇق) دەپمۇ ئاتايدۇ ؛ ئالتىنچىسى ، غازات ۋاقتىدا بىر مۇسۇلمان ئىككى كۇپپاردىن قېچىش ؛ يەتتىنچىسى ، ئاتا - ئانىنى نارازى قىلىش ، يەنى ئۇلارغا ئازار بېرىش ۋە پەرمانلىرىغا بويسۇنماسلىق .

بەزى ئۇلۇغلارنىڭ ئېيتىشىچە ، گۇناھ كەبىرە شۇكى ، شەرىئەت ئىگىلىرى ئۇنىڭغا بىر چەك - چېگرا بېكىتمىگەن ، ئەمما بۇ سۆز شۇنىڭغا يېقىنراقتۇركى ، بۇنداق گۇناھ توغرىسىدا ئېنىق ئاگاھلاندۇرۇش بار .

بۇنىڭدىن باشقا ، يەنە نەچچە تۈرلۈك تەبىرلەر ئېيتىلغان . ئەمما ، مۇشاھىدە ئەربابلىرى ۋە تەڭرى ئەھلىلىرىنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بولغان شەيخ ئەبۇتالىب مەككىينىڭ سۆزلىرى تەڭرى ئەۋلىيالىرىنىڭ ئارىسىدا ئەڭ كۈچلۈك دەلىل بولۇپ ئېتىبارغا ئېرىشكەن ، ئۇ پۈتكۈل سۇلۇك ئەھلىنىڭ ھۇزۇرىدا گوياكى قەتئىي ھۆكۈمدۇر . ئۇ زاتنىڭ «قۇۋۋەتۇل - قۇلۇب» (كۆڭۈللەر قۇۋۋىتى) ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە يازغانلىرى شۇنچە ئىنچىكىلەپ تەھقىقلىنىپتۇ ۋە بارلىق كامىل ئەۋلىيالار بۇنىڭغا قوشۇلۇپتۇ ، بۇلار تۆۋەندىكىچە :

گۇناھ كەبىرە ئون يەتتە ، ھەر كىشى بۇ ئون يەتتە تۈرلۈك گۇناھ

كەبىرەدىن ئۆزىنى تارتسىلا ، بۇنىڭدىن تاشقىرى گۇناھلارنىڭ ھەممىسى گۇناھ سەغىرە (كىچىك گۇناھ) بولۇپ ، تەكرىتائالا ئۇنى مەغپىرەت قىلغۇسىدۇر .

بۇ ئون يەتتە گۇناھتىن تۆتى كۆڭۈلگە تەئەللۇقتۇر ، بىرىنچىسى ، تەڭرىتائالاغا شىرىك كەلتۈرۈش — ئۇنىڭدىن خۇدا ساقلىغاي ؛ ئىككىنچىسى ، ھەرقانچە گۇناھى كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ ، خۇدايىتائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىش ؛ ئۈچىنچىسى ، تائەت ـ ئىبادىتى ھەرقانچە تولا بولغان تەقدىردىمۇ ، خۇدايىتائالانىڭ غەزىپىدىن خاتىرجەم بولۇش ؛ تۆتىنچىسى ، گۇناھنى ھالال دەپ بىلىش .

يەنە تۆتى تىلغا تەئەللۇقتۇر . بىرىنچىسى ، يالغان ئېيتىش ؛ ئىككىنچىسى ، يالغان قەسەم قىلىپ ناھەقنى ھەق ، ھەقنى ناھەق قىلىپ كۆرستىش ؛ ئۈچىنچىسى ، ئىپپەتلىك كىشىگە تۆھمەت قىلىش ؛ تۆتىنچىسى ، سېھىر ـ ئەپسۇن قىلىش .

يەنە ئىككىسى قولغا تەئەللۇقتۇر . بىرىنچىسى ، ئوغرىلىق قىلىش ؛ ئىككىنچىسى ، ناھەق قان تۆكۈش .

يەنە ئۈچى قورساققا تەئەللۇقتۇر . بىرىنچىسى ، ھاراق ئىچىش ؛ ئىككىنچىسى ، يېتىمنىڭ مېلىنى ناھەق يەۋېلىش ؛ ئۈچىنچىسى ، سۈد (جازانە)خورلۇق قىلىش .

يەنە ئىككىسى خاس ئورۇندىكى ئەزاغا تەئەللۇقتۇر . بىرىنچىسى ، زىنا قىلىش ؛ ئىككىنچىسى ، لەۋۋاتە قىلىش (ھايۋانلار بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىش) .

يەنە بىرى ئاياغقا تەئەللۇق ، ئۇ بولسىمۇ غازات ۋاقتىدا بىر مۇسۇلمان ئىككى كۇپپاردىن قېچىش .

يەنە بىرى پۈتكۈل بەدەنگە تەئەللۇق ، ئۇ بولسىمۇ ئاتا ـ ئانىسىغا ئازار بېرىش ، ئۇلارنىڭ پەرمانىغا بويسۇنماسلىق .

ھەر كىشى بۇ ئون يەتتە تۈرلۈك گۇناھتىن ساقلانسا ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سالامەت بولغۇسىدۇر ۋە قىيامەت ئازابلىرىدىن نىجات تاپقۇسىدۇر . بۇنىڭدىن باشقا گۇناھلارنىڭ ھەممىسى سەغىرە گۇناھلاردۇر ، دېيىلگەن . بۇ

سۆز ئېگىلەشكە ئاسانراق.

بەزى بۈيۈك ئارىپلار ئېيتىپتۇكى، كىشى جۈمە نامىزىنى ئادا قىلسا، يەنە بىر جۈمەگىچە قىلغان گۇناھ سەغىرىسىگە بەدەل بولغۇسىدۇر. قاچانكى كۆڭۈل مەيدانى گۇناھ ئەخلەتلىرىدىن پاك ۋە ئۆزگىلەرنىڭ مەشغۇلاتىدىن خالىي بولغاندا، ئاندىن ئۆزىدە لاياقەت پەيدا قىلغۇسى، شۇندىلا ھەقىقىي مۇھەببەت سۇلتانى كۆڭۈل تەختىگاھىدىن ئورۇن ئېلىپ، «شۈبھىسىزكى، پادىشاھلار بىرەر شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرسە، ئۇنى خاراب قىلىدۇ»[1] دېگەن كەرىملىك ئايەتنىڭ ھۆكمى بويىچە بۇ كۆڭۈل مەملىكىتىنىڭ ئىلگىرىكى تەرتىپ - ئىنتىزاملىرىنى يوق قىلىپ، بەندىلىك مەنزىلىدە ئورۇنلاشقۇسى ۋە نىزام - تەرتىپلەرنى تۈزگۈسىدۇر. شۇندىلا غەيرىنىڭ زەخمىتىدىن خالىي ھالدا مەھبۇب ۋىسالى مۇيەسسەر بولغۇسىدۇر.

ئەگەر بىرەر كىشىگە خۇدايتائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە ھۆكۈم يۈرگۈزۈش نېسىپ بولسا، شۇنى بىلسۇنكى، پادىشاھلىقنىڭ شەرتلىرى بار، تاكى شۇ شەرتلەرنى بەجا كەلتۈرمىگۈچە دىن ۋە دۇنيادا سەلتەنەت ئىشى تەرتىپكە چۈشمەيدۇ. ئۇنىڭ گەدىنىدە پۇقرالارنىڭ ھەققى بار: پادىشاھلار تاكى ئاشۇ پۇقرالارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغۇچە ئاخىرەت ئازابىدىن نىجاتلىق تاپالمايدۇ. بۇ شەرت ۋە ھەق - ھوقۇقلارنى قىسقىچە ئەسكەرتىپ، بۇلارنىڭ ھەقىقىتىگە ئىشارەت قىلىنىدۇ.

پادىشاھلىقنىڭ ئون شەرتى باردۇر:

بىرىنچى شەرتى شۇكى، ھەرقانداق ئىشتا بىراۋ ئۈستىدە ھۆكۈم چىقارماقچى بولسا، ئۇ ھاكىم ياكى پادىشاھ ئالدى بىلەن ئۆزىنى بىر پۇقرا تەسەۋۋۇر قىلىپ، يەنە بىراۋنى ئۆزىگە ھاكىم دەپ پەرەز قىلسۇن. مەسىلەن، ئۇ ھاكىمدىن ئۆزى ھەققىدە چىقىرىلغان ھەرقانداق ھۆكۈمنى ئۆزىگە نىسبەتەن راۋا كۆرمىسە، ئۇنداق ھۆكۈمنى پۇقرالار ھەققىدىمۇ راۋا كۆرمىسۇن.

ئىككىنچى شەرت شۇكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشنى

---

[1] «قۇرئان كەرىم»، 27 - سۈرە نەمل، 34 - ئايەتنىڭ باش قىسمى.

ھەممە تائەتلەردىن ئەۋزەل بىلسۇن . بۇ ھەقتە مۇنداق ھەدىس بار : ھەزرىتى پەيغەمبەر — تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — مۇنداق دېگەن : «بىر مۆمىن بەندىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش پۈتكۈل ئادەم ۋە پەرىلەرنىڭ تائەت ـ ئىبادىتى بىلەن باراۋەردۇر . » دېمەك ، مۇسۇلمان پادىشاھ شۇكى ، ئۇ ھەمىشە مۇسۇلمانلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشقا تەييار تۇرسۇن ؛ قاچانكى بىر مۇسۇلماننىڭ داد ئېيتىپ ئىشىكىدە ئىنتىزار بولۇپ تۇرغانلىقىنى بىلسە ، تاكى ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلمىغۇچە ، پەرزدىن باشقا ئىبادەتكە مەشغۇل بولمىسۇن ؛ ئۆز نەپسىنىڭ راھىتىنى كۆزلەپ مۇسۇلمانلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشتا سەل قاراشنى ياكى كېچىكتۈرۈشنى راۋا كۆرمىسۇن .

ئۈچىنچى شەرتى شۇكى ، يېمەك ۋە كىيمەكتە ھەزرىتى خۇلەفائى راشىددىن[1] — تەڭرى ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولغاي — نىڭ خىسلەت ۋە ئادەتلىرىگە ئەگەشسۇن ؛ نەپسىنى لەززەتلىك تائاملارنى يېيىشكە ، نەپس ۋە قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيىشكە ئادەتلەندۈرمىسۇن . شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ھەزرىتى ئەلى — تەڭرى ئۇنىڭ تۆپەيلىدىن ياخشىلىق ئاتا قىلغاي — خەلىپىلىك تەختىگە ئولتۇرغان كۈنى بازارغا باردى ۋە بىر كۆڭلەكنى ئالدى . ئۇ كۆڭلەكنىڭ يېڭىدىن قولىنىڭ ئۇچىدىن ئارتۇقىنى ، ئېتەك تەرىپىدىن ئوشۇقىدىن زىيادىسىنى كېسىۋەتتى . ئەسھابلار : «نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلدىلا ؟ » دەپ سورىغانىدى . ھەزرىتى ئەلى مۇرتەزا جاۋاب بېرىپ : «پاكلىققا يېقىنراق ، تەۋازۇغا (سالام ـ سائەتكە ، كەمتەرلىككە ) لايىقراق ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئىقتىدا قىلىشى (ئەگىشىشى )غا قولايراق بولۇشى ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم » دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن .

تۆتىنچى شەرتى شۇكى ، ھۆكۈم ۋە سوراق ۋاقتىدا خالايىققا سىلىق ، مۇلايىم ، مۇرەسسە ، مادارا ۋە مەرھەمەت بىلەن سۆزلىسۇن ، سەۋەبسىز ۋە زۆرۈرىيەتسىز قاتتىق ـ يىرىك گەپ قىلمىسۇن ؛ داد ئېيتقۇچىلارنىڭ

---

[1] خۇلەفائى راشىددىن — توغرا يول تۇتقان خەلىپىلەر . ئەبۇبەكر ، ئۇمەر ، ئۇسمان ۋە ئەلى قاتارلىق تۆت خەلىپىنى كۆرسىتىدۇ .

ئەرزىنىڭ تولىلىقىدىن، سۆزلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن مالال بولمىسۇن؛ ئاجىزلار ۋە مىسكىنلەر بىلەن تولا سۆزلىشىشتىن ئار ـ نومۇس قىلمىسۇن. شۇنداق نەقىل قىلىنىدۇكى، مەئمۇن خەلىپىنىڭ زامانىدا بىر كىشىدىن گۇناھ سادىر قىلىپ قېچىپ كەتكەنىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشىنىڭ ئىنىسىنى تۇتۇپ، مەئمۇن خەلىپىنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىشتى. خەلىپە ئۇنىڭغا پەرمان قىلىپ: «قېرىندىشىڭنى تېپىپ بەرگىن، ئەگەر قېرىندىشىڭنى تېپىپ بەرمىسەڭ، ئۇنىڭ ئورنىدا سېنى ئۆلتۈرىمەن!» دېدى. ئۇ كىشى: «ئەي مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، ئەگەر سىزنىڭ ئەمىرلىرىڭىزدىن بىرەرسى بىر كىمنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلسا، سىز ‹ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرمەي قويۇپ بەرگىن› دەپ بۇيرۇق ئەۋەتسىڭىز، ئۇ ئەمىر ئۇ كىشىنى قويۇپ بېرەرمۇ ياكى قويۇپ بەرمەسمۇ؟» دەپ سورىدى. خەلىپە: «ئۇنى قويۇپ بەرمەسلىككە نېمە ھەددى بار؟ ئەلۋەتتە قويۇپ بېرىدۇ!» دېدى. ئۇ كىشى: «ئۇنداق بولسا، مەن شۇنداق ھۆكۈمنى يەتكۈزىمەنكى، مېنى قويۇپ بېرىشكە پەرمان بېرىلگەن. چۈنكى، شەرەپلىك ‹قۇرئان›دا تەڭرىتائالا: ‹ھېچبىر ئادەم بىراۋنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ›[1] دېگەن» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەئمۇن خەلىپە: «بۇنى قويۇپ بېرىڭلار، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆججىتىنى تېپىپتۇ ۋە ئالەم پەرۋەردىگارى بولغان تەڭرىنىڭ ھۆكۈمىنى كەلتۈرۈپتۇ» دەپ ئۇ كىشىنى قويۇپ بەردى.

بەشىنچى شەرتى شۇكى، خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئىستەپ ھۆكۈمدە سۇسلۇق قىلمىسۇن، يۈز ـ خاتىر قىلمىسۇن؛ كىشىنىڭ خۇشاللىقىنى كۆزلەپ شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلمىسۇن ۋە ھەققە تاجاۋۇز قىلمىسۇن. بىلسۇنكى، ھۆكۈمەتنىڭ خاسىيىتى ۋە ئادالەتنىڭ نىشانى شۇكى، مەملىكەت ئەھلىنىڭ يېرىمى ھەمىشە ھۆكۈمدارىدىن نارازى بولىدۇ. چۈنكى، ئىككى كىشى دەۋا قىلىشسا، جەزمەن بىرىنىڭ سۆزى ھەق، بىرىنىڭ سۆزى ناھەق بولىدۇ. سۆزى ھەق بولغىنى مۇرادى ھاسىل بولۇپ خۇشال بولسا، سۆزى ناھەق

[1] «قۇرئان كەرىم»، 35 ـ سۈرە فاتىر، 18 ـ ئايەتنىڭ باش قىسمى.

بولغىنى غەرىزىگە يېتەلمەي نارازى بولىدۇ. دېمەك، ئادالەتنىڭ نىشانى شۇكى، پۇقرالارنىڭ يېرىمى ھۆكۈمداردىن نارازى بولىدۇ، چۈنكى ئادىل ھۆكۈمداردىن ھەممە خەلقنىڭ خۇشال بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ھۆكۈمەت ئەھلى غەرەزسىز ۋە مايىللىقسىز ھۆكۈم قىلسۇن، خالايىقنىڭ خۇشال بولۇشى ياكى خاپا بولۇشىنى ئويلاپ ئولتۇرماي، تەڭرىتائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدىسۇن. چۈنكى، پاك ۋە بەرھەق تەڭرى رازى بولسا، خالايىقمۇ رازى بولغۇسىدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر — تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — مۇنداق دېگەن: «كىمكى تەڭرىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئادەملەرنى نارازى قىلسا، ئۇنىڭدىن تەڭرى رازى بولىدۇ. بەندىلەرمۇ رازى بولىدۇ.»

ئالتىنچى شەرتى شۇكى، ھاكىمىيەتنىڭ خىيىمخەتىرىنى بىلمەي يۈرمىسۇن، مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشتا غاپىل بولمىسۇن. جەزمەن شۇنى بىلسۇنكى، ئەمىرلىك ۋە ھۆكۈمدارلىق مەنسىپى تەڭرىتائالانىڭ پەزلىدۇر. شۇنىڭ سەۋەبىدىن مەڭگۈلۈك سائادەت ۋە ئەبەدىي ياخشى نام - ئاتاق ھاسىل بولغۇسىدۇر. بۇ زاماندىكى پادىشاھلار ۋە ھۆكۈمدارلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ ئالەمنىڭ ۋاقىتلىق دۆلىتىگە مەغرۇرلىنىپ، نەپسى ۋە ھاۋايىھەۋەسلىرىنىڭ سىرتمىقىغا كىرىپ دىنلىرىنى بەربات قىلىۋاتىدۇ، نام - ئاتاق ۋە ئابرۇي قوغلىشىپ، ئىمانلىرىغا زەئىپلىك ۋە نۇقسان يەتكۈزىدۇ، ئىمان - ئىسلامنى قولدىن بېرىپ قويۇۋاتىدۇ، ئاللا بۇنى زادىلا ئىستىمەيدۇ. ئۇلار ئىختىيار تىزگىنلىرىنىڭ ئۆز قوللىرىدا ۋاقتىدا جىددىي تىرىشچانلىق كۆرسەتسۇن؛ بۇ دۇنيادىكى دۆلىتى ئاخىرەتلىك سائادىتىگە ئۇرۇق بولسۇن؛ ئادالەتكە ۋە خەير - ئېھسانغا قۇدرىتىنىڭ يار بەرگەنلىكىنى غەنىيمەت بىلسۇن. خەۋەرلەردە ئېيتىلىشىچە، بىر ئادىل ھۆكۈمدارنىڭ بىر كۈنلۈك ئادالىتىنى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ ئىبادىتىگە سېلىشتۇرۇلسا، باراۋەر كەلگۈسىدۇر. شۇڭا، بۇ ئۇلۇغ سائادەتتىن مەھرۇم قالماسلىق ئۈچۈن سايە - سەۋەب قىلسۇن ۋە تىرىشچانلىق كۆرسەتسۇن.

يەتتىنچى شەرتى شۇكى، دىندار ۋە پەرھىزكار ئالىملار بىلەن كۆپ سۆھبەتلەشسۇن. گەرچە بۇنداق ئالىملار بۇ ئەسىردە كەم تېپىلسىمۇ، مۇبادا

شۇنداق ئالىم مەۋجۇت بولسىلا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى غەنىيمەت بىلسۇن؛ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتداش بولۇشقا ھېرىسمەن بولسۇن؛ ئۇنىڭ پەندۇنەسىھىتىنى ئاڭلاشنى سائادەت دەپ بىلسۇن؛ دىيانەتسىز ئالىملار ھەقىقەتتە نادان ۋە دەججال كەبى كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن ئۆزىنى تارتىشنى ۋاجىپ (زۆرۈر) دەپ بىلسۇن؛ سالىھ كىشىلەر قىياپىتىگە كىرىۋالغان پاسىقلار بىلەن ئارىلىشىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەشنى ئۆزىگە لازىم دەپ بىلسۇن. شۇنداق نەقىل قىلىنىدۇكى، شەقىق بەلخى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — گە خەلىپە ھارۇن رەشىد: «ئەي شەيخ، ماڭا بىر پەندۇنەسىھەت قىلغىن» دېدى. شەيخ ئېيتتىكى: «ئەي مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، خۇدايىتائالانىڭ بىر سارىيى بار، ئۇنى دوزاخ دەپ ئاتايدۇ. سېنى شۇ سارايغا دەرۋازىۋەن قىلىپتۇ، ساڭا ئۈچ نەرسە ئاتا قىلىپتۇ، شۇ نەرسە بىلەن خالايىقنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىسەن. ئۇ ئۈچ نەرسىنىڭ بىرى مال ـ دۇنيا، بىرى شەمشەر، يەنە بىرى قامچىدۇر. مال بىلەن پېقىر ۋە موھتاجلارنى تەڭلىكتىن قۇتقۇزغايسەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەڭلىك تۈپەيلىدىن گۇناھ ۋە ھارام تەرەپكە قەدەم باسمايدۇ. زالىملارنى شەمشەر بىلەن توسقايسەن، پاسىقلارنى قامچا بىلەن ئەدەپلىگەيسەن. ئەگەر شۇنداق قىلساڭ، ھەم ئۆزۈڭ نىجات تاپىسەن، ھەم خالايىقنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرگەن بولىسەن. ئەگەر بۇ ئىشلارغا خىلاپلىق قىلساڭ، ھەممىدىن ئىلگىرى سەن دوزاخقا بارىسەن، قالغانلار سېنىڭ ئارقاڭدىن بارغۇسىدۇر.»

سەككىزىنچى شەرتى شۇكى، ئۆزىنى تولىمۇ ئۇلۇغۋار تۇتۇۋېلىپ، خالايىقنى ئۆزىگە كۆڭۈلسىز قىلمىسۇن؛ بەلكى ئادالەت، ئېھسان ۋە مېھىر ـ شەپقەت بىلەن ئاجىزلارنى ۋە قول ئاستىدىكى پۇقرالارنى ئۆزىگە دوست ۋە مايىل قىلسۇن. پەيغەمبىرىمىز — تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — مۇنداق دېگەنىكەن: «پادىشاھلارنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى ۋە ئەڭ ياخشىسى شۇكى، ئۇلار خالايىقنى ئۆزىگە دوست تۇتىدۇ ۋە پېقىرلارنى، ئاجىزلارنى دۈشمەن تۇتمايدۇ. ھۆكۈمدارلارنىڭ ئەڭ يامىنى شۇكى، ئۇلار پېقىر ـ مىسكىنلەرنى دۈشمەن تۇتۇپ، باي ۋە مال ـ مۈلكى بارلارنى دوست تۇتىدۇ.»

توققۇزىنچى شەرتى شۇكى، كەركىدان سۈپەتلىك زالىم ئەمەلدارلارنى خەلق ئۈستىگە باشلىق قىلىپ قويمىسۇن. ئەگەر ئەمەل ـ مەنسەپ ئىگىلىرىنىڭ بىرەرسىدىن زۇلۇم ۋە خىيانەت كۆرۈلۈپ قالسا، ئۇنىڭغا شۇنداق سىياسەت ۋە جازا قوللانسۇنكى، باشقىلارغىمۇ ئىبرەت بولسۇن؛ سىياسەت ئىشىدا بوشاڭلىق قىلمىسۇن؛ مەنسەپدارلارنى سىياسەت ۋە نەسىھەت بىلەن باشقۇرسۇن.

ئونىنچى شەرتى ئەقىل ـ پاراسەتتۇر. ھۆكۈمدار ئۈچۈن زۆرۈر نەرسە شۇكى، ۋەقە ـ ھادىسىلەرگە چوڭقۇر ئويلىنىش بىلەن نەزەر سالسۇن ۋە ھەر ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئېنىق ئايرىسۇن؛ ئۇ ۋەقەنىڭ نەتىجىسى، تەسىرى ۋە ئاقىۋىتىگە ئۆتكۈر كۆزى بىلەن نەزەر سالسۇن؛ ئەگەر روشەن ۋە ئاشكارا ئىش بولسا، شەرىئەت ھۆكۈمى بويىچە كەسكىن بىر تەرەپ قىلسۇن؛ ئەگەر ئۇ مەخپىي ۋە مۇھىم ئىش بولسا، كىشىنىڭ [سۆزى] بويىچە ئىش كۆرمەستىن، پاراسەت نۇرى بىلەن [ئېنىقلاپ] بىر تەرەپ قىلسۇن. چۈنكى، ھادىسىلەر ھەددۇھېسابتىن تاشقىرى تولىدۇر.

بىلگىنكى، مۆمىن پۇقرالارنىڭ پادىشاھ زىممىسىدە بىر نەچچە تۈرلۈك ھەقلىرى بار، پادىشاھ ۋە ھۆكۈمدارلار ئۈچۈن ئۇ ھەقلەرنى ئادا قىلىش ۋاجىپتۇر.

بۇ ھەقلەر شۇكى، ھاكىمىيەت ۋە سەلتەنەت تۈپەيلىدىن ھېچبىر مۇسۇلمانغا تەكەببۇرلۇق قىلمىسۇن. شۇنى بىلسۇنكى، بەرھەق ۋە پاك تەڭرىتائالا تەكەببۇرلارنى ۋە جەبىر قىلغۇچى زالىملارنى دۈشمەن تۇتقۇسىدۇر.

يەنە بىرى شۇكى، ئاۋامنىڭ بىر ـ بىرى ھەققىدە يەتكۈزگەن سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىسۇن. چۈنكى، ئۇ ئاخىر پۇشايمان كەلتۈرگۈسىدۇر، بولۇپمۇ ھەسەتخور، غەرەزلىك كىشىلەر بىر ـ بىرىگە ھەسەت قىلىشىپ، يامان غەرەزلەر بىلەن كېلىپ پادىشاھقا بىر ـ بىرلىرىنى يامان، دەپ چېقىمچىلىق قىلىشىدۇ. بۇنداق ھەسەتخورلار ۋە غەرەزگويلارنىڭ سۆزىنى زىنھار ئاڭلىمىسۇن. چۈنكى، ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ سىرلىرىنى يوشۇرۇپ، ئەيىبلىرىنى ئاشكارا قىلىشىدۇ. شۇنداق نەقىل قىلىنىدۇكى، مۆمىنلەرنىڭ

ئەمىرى ھەزرىتى ئەلى — تەڭرى ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ياخشىلىق ئاتا قىلغاي — نىڭ ھۇزۇرلىرىدا بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ يامانلىقىنى سۆزلەشكە باشلىدى . ھەزرىتى ئەلى — تەڭرى ئۇنىڭ تۆپەيلىدىن ياخشىلىق ئاتا قىلغاي — شۇ ھامان ئۇ كىشىگە : «بۇ سۆزۈڭنى ئېنىقلايمەن . سۆزۈڭ راست بولسا ، گەپ توشۇپ سۇخەنچىلىك ۋە چېقىمچىلىق قىلغانلىقىڭ تۆپەيلىدىن سېنى دۈشمەن بىلىمەن ؛ يالغان بولسا ، يالغانچىلىق قىلغان گۇناھىڭ ئۈچۈن سېنى جازالايمەن ؛ ئەگەر دەرھال توۋا قىلسىڭ ، بۇنىڭدىن كېيىن چېقىمچىلىق قىلىشنى ۋە سۇخەنچىلىك قىلىشنى تاشلىساڭ ، سېنى ئەپۇ قىلىمەن» دېدى . ئۇ كىشى دەرھال توۋا قىلدى .

يەنە بىرى شۇكى ، ئەگەر بىر مۇسۇلمانغا ھەرقانداق گۇناھى تۆپەيلىدىن غەزەپ قىلماقچى بولسا ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئالدىرىمىسۇن ، تەخىر قىلسۇن ؛ ئەگەر شەرىئەت ئىشى بولسا ، كەينىگە سۈرمىسۇن ؛ ئەگەر دۇنيا ئىشى بولسا ، غەزەپلەنگەندىن ئەپۇ قىلغىنى ئەلاراقتۇر . خەۋەردە شۇنداق دېيىلدۇكى ، كىمكى بىراۋنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلسا ، قىيامەت كۈنى تەڭرىتائالا ئۇ كىشىنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلغۇسىدۇر . نەقىل قىلىنىشىچە ، ئەزىز ۋە مېھرىبان تەڭرى ھەزرىتى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي ئەۋەتىپ : «ئەي يۇسۇف ، سەن قېرىنداشلىرىڭنى ئەپۇ قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن سېنىڭ ئېتىڭنى يۇقىرى قىلدىم» دېگەنىكەن . نەزم :

ئۇزالدى گەرچە سۆز ، ئەمما ھەنۇز باقىيدۇر ،
ھەدىسى دىلبەرۇ ئەفغانى ئاشىقۇ مەئشۇق .

**رۇبائىي :**

دىل دېدى ماڭا ئىلمى لەدۇن بولدى ھەۋەس ،
تەئلىم ئەت ئەگەر سەندە ئېرۇر دەست ئىلە رەس .
دېدىمكى : «ئەلىف» ، دېدى : «يەنە» ، دېدىم : «ھېچ» ،
ئۆيدە كىشى گەر بولسە ، بىر ھەرف ئاڭا بەس .

## ئەللىك سەككىزىنچى باب

# سۇلتان سەئىدخاننىڭ مەنسۇرخان بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ۋە كۆڭۈللىرىدىكى كىر - غۇبارلارنىڭ يوقالغانلىقى

بىلمەك كېرەككى، شۇ قىشتا خان موغۇلىستاندىن يېنىپ ياركەندكە قايتىپ كەلدى. بۇ قىشنى ياركەندتە ئەيش - ئىشرەت ۋە خۇرسەنلىك بىلەن ئۆتكۈزدى. كاشغەر بىلەن تۇرپاننىڭ ئارىلىقى ئوتتۇرا ھال مېڭىشتا ئىككى ئايلىق يول بولغاچقا، ئارىدا ئەلچىلەر بېرىپ - كېلىپ ئۇچرىشىدىغان ئورۇننى بېكىتىپ بولغۇچە بىر يىل ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. تاكى تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 922 - يىلى مۇھەررەم ئېيى[1] يېتىپ كەلگەندىلا، ئاندىن سۇلتان سەئىدخان ئاقسۇغا قاراپ يۈزلەندى. نەزم:

چۇ بەھرى ئىنايەتغە يۈزلەندى جۇش،
سىپەھ جامى ئىنئامنى قىلدى نۇش.
سىپەھدارلارغە ساچىپ سيمۇ زەر،
بېرىپ خىلقەتى خاسۇ زەررىن كەمەر.

ئەلقىسسە، خان ياركەندتىن يېتۈك ئۇلۇغۋارلىق ۋە تولۇق ھەيۋەت - ھەشەمەت بىلەن ئاتلىنىپ كاشغەرگە يۈردى.

خان كاشغەرگە يېتىپ كەلگەن چاغدا پەقىر ئاتتىن يىقىلىپ،

---

① ھىجرىيە 922 - يىلى مۇھەررەم ئېيى مىلادىيە 1516 - يىلى 2 - ئايغا توغرا كېلىدۇ.

قولۇم جەينىكىمدىن چىقىپ كېتىپ ئېغىر ياربدار بولدۇم . خان كاشغەردە مەن ئۇچۇن نەچچە كۈن توختاپ ساقلىدى . قولۇمنىڭ ئاغرىقى خېلىلا پەسەيگەندىن كېيىن خان ئاتلاندى ، پەقىر كاشغەردە قالدىم . بىر نەچچە كۈندىن كېيىن قولۇم ساقايدى ، شۇ هامان تېزلىكتە يۈرۈپ جايدۆبە[1] دېگەن يەردە خانغا يېتىشتىم . خان مەنزىلمۇمەنزىل يۈرۈپ ئۇچقا يەتتى . نەزم :

قايۇ مەنزىلكى قىلساڭ يولنى مۇشكىن ،
مۇنەۋۋەر بولغاي ئول خۇرشىد ئايىن .
قايۇ جانىبغە يۈز قويساڭ بەتەقدىر ،
رىكابىڭ سۇبهىدەك بولغاي جەهانگىر .

ۋاقتىكى ، خان ئۇچقا يېتىپ كەلدى . شۇ كۈنلەردە ئەمىن خاجە سۇلتان ئۇچتا ئىدى ، چۈنكى تېخىچە ئاقسۇ ئاۋاتلاشمىغانىدى . ئەمىن خاجە سۇلتان خاننىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ، غەلىبە ۋە مۇۋەپپەقىيەت كەبى خاننىڭ ئىستىقبالىغا كەلدى ۋە پىشكەشلەرنى خاننىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزدى . نەزم :

قىلىپ قۇللۇق تىلى بىرلە دۇئاسىن ،
دېدى مىڭ تىل بىلە مەدهۇ سەناسىن .
كى دائىم يارىڭ ئولسۇن بەختۇ ئىقبال ،
ئەدۇۋ بولسۇن هەمە مەنكۇبۇ پامال .

ئەمىن خاجە سۇلتان خاننى قۇتلۇق ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى ، خانمۇ قوبۇل قىلىپ ئەمىن خاجە سۇلتاننىڭ ئۆيىگە بەخت - ئامەت كەبى كىرىپ كەلدى . خان ئۇ يەردە خۇسرەۋلەرچە ئولتۇرۇش ۋە

---

① بۇ ئىسىم موللا مۇهەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان ، پارسچە بىرىنچى ، ئىككىنچى نۇسخىلاردا ، مۇهەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «جايتۆبە» دېيىلگەن .

شاھانە تويلارنى تۈزۈپ بەزمىدىن بوشىغاندىن كېيىن نەزم :

چىقىپ ئاندىن رەۋانە بولدى شادان ،
غۇبارى قىلدى ئەلنى ئەنبەر ئەفشان .

ئاقسۇدىن يۈرۈپ جام ئاتلىق ئورۇندا چۈشكۈن قىلدى ، مەنسۇرخانمۇ تۇرپاندىن يۈرۈپ ئاربات[1]قا يېتىپ كەلگەندى . جام بىلەن ئارباتنىڭ ئارىلىقى يەتتە فەرسەڭ يولدۇر . شۇ چاغدا مەنسۇرخان تەرەپتىن مىر جەبباربەردى كېلىپ خاننىڭ مۇلازىمىتى شەرىپىگە ئېرىشتى ۋە ئىككى خاننىڭ كۆرۈشۈش تەرتىپىنى مۇنداق بېكىتىشتى : ئىككىلا تەرەپتىن لەشكەرلەر سەپ تۈزۈپ تەق بولۇپ تۇرسۇن ، ئىككىلا تەرەپ بىر - بىرىگە گۆرۈ ئۈچۈن كىشى ئەۋەتسۇن ، ئۇنى لەشكەرلەر ئىچىدە ساقلىسۇن . ئىككى خانغا ھەربىرىگە ئوتتۇزدىن كىشى ھەمراھ بولسۇن ۋە ئىككى سەپ ئوتتۇرىسىدا ئىككى خان بىر - بىرلىرى بىلەن كۆرۈشسۇن .

ئۈچىرىشىش تەرتىپى ئەنە شۇنداق قارار قىلىنغاندىن كېيىن خان پەقىر مۇھەممەدھەيدەرنى ئۆزى تەرەپتىن گۆرۈ ئۈچۈن مەنسۇرخانغا ئەۋەتتى ، مەنسۇرخان بىلەن بىللە كېلىدىغان ئوتتۇز كىشىنى ساناشقا ئەزىزبەردى ئاغانى تەيىنلىدى .

پەقىر مەنسۇرخاننىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ بارغىنىمدا ، مېنى تۈرلۈك مېھىر - شەپقەت ، ئىلتىپات - مەرھەمەتلەر بىلەن ئەزىزلىدى ۋە ئەتىۋارلىدى ، يۇقىرى ئىززەت - ئېكراملار بىلەن ھۆرمەتلىدى . نەزم :

چۇ سۇبھ ئولدى مەشرىق سارىدىن ئەيان ،
زۇھۇر ئەيلەدى شاھى گىتى سىنان .
ئالىپ تىغى زەر بىرلە زەررىن سۇپەر ،
جەھان مۇلكىن ئالدى ھەمە سەر بەسەر .

---

[1] بۇ ئىسىم تېھران نەشرىدە «رەبات» دېيىلگەن .

ۋاقىتىكى ، مەشرىق شاھى پەلەك تەختى ئۈستىگە چىقىپ ، شەۋكەتلىك قەدەملىرى بىلەن پۈتكۈل ئالەمنى ئۆز نۇرلىرىنىڭ تەۋەلىكىگە كىرگۈزدى ۋە ئالاچىپار پەلەكنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىك ئىختىلاپىنى تۈگەتتى ، [كېچە بىلەن] يۇلتۇزنىڭ قارىمۇ قارشىلىقىنى يوق قىلدى . مەنسۇرخان سەپەر ئايغىنى يارىشىش ئۈزەڭگىسىگە قويۇپ خان تەرەپكە راۋان بولدى ، لېكىن مەنسۇرخاننىڭ كۆڭلىدە تېخىچە ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ بار ئىدى . شۇ سەۋەبتىن ئىمكان بار ئېھتىيات قىلىشنى زۆرۈر تېپىپ لەشكەر بىلەن بىللە يۈردى . باباجاق سۇلتان ۋە شاھ شەيخ مۇھەممەد سۇلتان ئىككىسى مەنسۇرخان بىلەن ئاتا بىر ، ئانىمۇ بىر قان - قېرىنداش ئىدى . يېقىنلاشقاندا مەنسۇرخان ئۇلارنى چاقىرىپ ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئېھتىيات قىلىش ، ھوشيار تۇرۇش ھەققىدە كۆپ تەكىتلەپ ، ئاندىن يەنە راۋان بولدى . لېكىن ، ئەزىزبەردى ئاغا يول ئۈستىدە تۇرۇپ ئوتتۇز كىشىنى ساناپ ئۆتكۈزدى ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق بىر كىشىنىمۇ ئۆتكۈزمەي ھەممىسىنى ياندۇردى .

مەنسۇرخان تەرەپتىنمۇ مەنسۇرخاننىڭ ئانىسى ساھىبدەۋلەت بېگىم — ئۇ مىر جەبباربەردىنىڭ ھەمشىرىسى ئىدى — ۋە مەنسۇرخاننىڭ ھەمشىرىسى ماھىم خانىم ئىككىسىنى گۆرۈ ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدى ، خانمۇ ئوتتۇز كىشى بىلەن كەلدى . ئىككى لەشكەر قارارگاھلىرىدا سەپ تۈزۈپ تۇرۇشتى ، ئىككى سەپ ئوتتۇرىسىدا سايىۋەنلەر تىكىلدى . مەنسۇرخان ئىلگىرى كېلىپ زېمىن ۋە زامانغا دۆلەت سايىسىنى سالغۇچى ھۇمايغا ئوخشاش يۈرۈپ سايىۋەن ئىچىگە كىردى - دە ، خانلىق مەجلىسىنىڭ تۆرىدە ۋە جاھاندارلىق تەختى ئۈستىدە ئورۇن ئېلىپ ئولتۇردى .نەزم :

ئاياغ چۈن قويدى زەررىن تەخت ئۈزە ئول ،
جەھانى تەختىگە باش قويدى بىلكۈل .

مەنسۇرخان كەلگەندىن كېيىن خان يېتىپ كېلىپ تۆۋەن مەرتىۋىدىكى ئەمىرلەر ئاتتىن چۈشىدىغان يەردە ئاتتىن چۈشۈپ، نەزم :

بەس رەۋان بولدى نەخلى سەرۋى رەۋان،
باشىدىن تا ئاياغى رۇھى رەۋان.

مەنسۇرخاننىڭ ھۇزۇرىغا يېقىن يېتىــپ كەلدى، موغۇل قائىدىسى بويىچە تىزلىنىپ تەزىم قىلىدىغان جايغا كەلگەندە، خان تەزىم قىلىشقا مەشغۇل بولدى. گەرچە مەنسۇرخان خاننىڭ چوڭ ئاكىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىززەت - ئىكرام يولىنى تۇتۇپ قامىتىنى رۇسلاپ، خاننىڭ ئالدىغا كېلىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈش-تى. نەزم :

تۇتۇپ تۇھفە دۇررۇ گۆھەر تاجى زەر،
بەسى خىلئەتى خاسۇ زەررىن كەمەر.
نەچە ئەسبى تازىيۇ سىيمىن لىجام،
نەچە تىغى ھىندىيۇ زەررىن بەنام.

دېمەك، بۇنداق پادىشاھتىن بۇ مەرتىــۋىدىكــى سۇلتانغا قانچىلىك مىقداردا تۆھپە ۋە پېشكەش لايىق ۋە مۇۋاپىق بولسا، خان ئۇنىڭدىن زىيادىرەك پېشكەشلەرنى مەنسۇرخاننىڭ نەزەرىدىن ئۆتكۈزدى. مىر جەبباربەردى پاساھەتلىك تىل بىــلەن تۆرىلەر قائىدىسىدە خاننىڭ پېشكەشلىرىنى مەنسۇرخانغا مەلۇم قىــلدى، مەنسۇرخانمۇ ئۇ تۆھپە ۋە پېشكەشلەرنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىپ ئالدى. خان تەزىم قىلىپ ئېھتىرام قوللىرىنى ئەدەپ كۆكسى ئۈستىگە قويۇپ ئۆرە تۇردى. مەنسۇرخان خاننى تەكلىپ قىلىپ يېنىــــدا ئولتۇرغۇزۇپ : «گەرچە مەن ســـــىزدىن ياشتا چوڭ

بولسامۇ ، لېكىن مەرتىۋە جەھەتتىن سىز ئاتامنىڭ ئورنىدىسىز . بۇنچىۋالا تەۋازۇ قىلىشىڭىزنىڭ نېمە كېرىكى ؟ » دېدى . خان يەنە تەزىم قىلىپ تەۋازۇ بىلەن ئۆرە تۇردى ، مەنسۇرخان يەنە تەكلىپ قىلىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى . نەزم :

قەرىن بولدى ئىككى شەھى دىن پەناھ ،
قىران ئەيلەگەندەك قۇياش بىرلە ماھ .

مەنسۇرخان سۆز باشلاپ : «تۇراقسىز پەلەكنىڭ قايىنامىلىرىدا ئۇرۇش ۋە ئىنقىلاب كۆنلىرىنى قانداق ئۆتكۈزدىڭىز ؟ » دەپ سورىدى . خان يەنە تەزىم قىلىدىغان يەرگە بېرىپ ، تەۋازۇ بىلەن تىزلىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى : « ھەرقانداق بەختسىزلىكنىڭ ئاخىرى ئىستىقبال بولسا ، جۇدالىق ئازابىنىڭ ئاخىرى ۋىسالغا ئۆرۈلسە ، ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى ھالاۋىتى ئىلگىرىكى ئازابلىرىنى يوق قىلىۋېتىدۇ ،نەزم :

ئول تەلخكى ھەجر ئىچرە كۆردۈك ،
يۈز زەھر ھەرارەتىن سۈمۈردۈك .
چۇن ئاقىبەتى ۋىسال بولغاي ،
ئول بادە ھەمە ۋىسال بولغاي .

پاك ۋە بۈيۈك تەڭرىگە تەشەككۈرلەر بولسۇنكى ، نەچچە يىللاردىن بېرى تارتقان غېرىبلىق ، كۈلپەت ۋە رەنج ـ مۇشەققەتلەر بۇ بىر دەملىك شەرەپلىك سۆھبەتلىرى نېمىتىنىڭ ھالاۋىتى ۋە خۇرسەنلىكى بىلەن ئۇنتۇلدى . زامان ئىنقىلابلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن كۆڭۈل ئەينىكىگە ئولتۇرۇپ قالغان رەنج ۋە مالاللىق چاڭ ـ توزانلىرىنىڭ ھەممىسى يوقالدى . »
ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن سەلتەنەت ئىنتىزامى ۋە مەملىكەتنىڭ

مۇھىم ئىشلىرى توغرىسىدا كۆپ سۆزلەرنى ئارىغا سېلىشتى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن بىرلىشىش، مۇھەببەت ئالاقىسىنى خالىس داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەشنى ئەھدۇپەيمانلار بىلەن تەكرار تەكىتلىشىپ پۈتۈشتى. دېمەك، بۇ سۆھبەت ئاخىرلاشقۇچە كۈنمۇ شامغا يېقىنلاشتى. مەنسۇرخانمۇ خانغا، نەزم:

نەچە ئەسبى نىكۇ شەكلۇ خۇش ئەندام،
ئاڭا سەرسەر يېتىشمەي ئۇرسە گەر گام.
چۇ سالسە سايەسىنى تازيانە،
كېلىپ تەك سەھنى مەيدانى زەمانە.
بەرابەر ئالدىدا تاغ ئىلە ھامۇن،
ئىنان ئەمرىدىن ئۇلماي لەھزە بىرۇن.

دېمەك، قانچىلىگەن شاش ئاتلارنى، نەپىس زەر توقۇلمىلارنى، كۆمۈش ئەسۋابلارنى ۋە شاھانە لىباسلارنى ئىلتىپات قىلدى. ئۇلار خوشلىشىدىغان چاغدا بىر - بىرلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ، ھەربىرلىرى ئۆز ئىگىنلىرىنى بىر - بىرلىرىگە كىيدۈرۈشتى. ئاتلىرىنىمۇ ئۆزئارا مىندۈرۈشۈپ، مۇرادلىرى كۆلگەن، ئارزۇلىرىغا يەتكەن ھالدا بىر - بىرلىرىدىن ئايرىلىپ، ھەر بىرلىرى ئۆز لەشكەرگاھلىرىغا قاراپ راۋان بولدى.

مەنسۇرخان لەشكەرگاھىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن پەقىر مۇھەممەدھەيدەرنى چاقىردى. مەنسۇرخان ياسالگاھتىن تاكى ئالىي ئوردىغا بارغۇچە بولغان ئارىلىقتا پەقىر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ، خان بىلەن كۆرۈشكەندىن باشلاپ تاكى خوشلاشقانغىچە بولغان ئارىلىقتا بولغان ۋەقەلەرنى خۇددى يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك پەقىرگە بايان قىلىپ، ۋىسال ئابىھاياتىنىڭ لەززىتىنى تەرىپلىدى ۋە: «ئىشتىياق تەشنالىقى ۋە پىراق ئاچلىقى بۇنچىلىك ۋىسال شەربىتى ۋە مۇشۇنچىلىك نېسىۋە بىلەن

پەسەيمىدى » دېدى .نەزم :

نەچە دەم ئالاي دەپ ئىدىم كام ئىلە ،
تۇتۇلدى ، دەرىغاكى ، راھى نەفەس .
دەرىغاكى ، خانى ۋىسالىدا ھەم ،
يېدىم لۇقمەئى ، دېدىلەر : ئەمدى بەس .

ئۇ تاكى ئالىي ئوردىغا يەتكۈچە ئاشۇ ئەھۋاللارنى بايان قىلىپ بەردى . ئالىي ئوردىغا چۈشكەندىن كېيىن كىچىنىڭ بىرىنچى قىسمىدىن يېرىم ھەسسە ئۆتكەندى ، مەنسۇرخاننىڭ ھۇزۇرىدىن پەقىرنى چاقىرغىلى كىشى كەلدى . بېرىپ مۇلازىمىتىگە مۇشەررەپ بولدۇم . بۇنداق ئۇلۇغ خاندىن سادىر بولۇشقا مۇناسىپ ۋە لايىق بولغان تۈرلۈك ئىلتىپات ـ ئىنئاملارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ ، پەقىرگە چەكسىز مەرھەمەت ۋە ئىنايەتلەرنى كۆرسىتىپ ، ئاندىن رۇخسەت ـ ئىلتىپات قىلدى .

مەنسۇرخاننىڭ ھۇزۇرىدىن چىقىپ خاننىڭ بارگاھىغا يەتتىم . خانمۇ مەنسۇرخاننىڭ دېگەن سۆزلىرىنى ۋە ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلدى ، بۆلۈنۈش تەسىرى بىلەن تارتقان قىيىنچىلىقلارنى ئىزھار قىلىپ ئۆتتى . بۇ ئىككى خاننىڭ ئارىسىدا ھاسىل بولغان سۈلھى ۋە بىرلىك ئۈچۈن بارلىق لەشكەر ھەم پۇقرالار ، بەلكى پۈتكۈل خالايىق خۇشال ۋە خاتىرجەم بولدى . ئۇلار تولۇق ئەمىنىيەت ۋە پاراۋانلىق ئىچىدە ئىككىلا خاننىڭ دۆلىتى ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا مەشغۇل بولدى . خاننىڭ مۇلازىمىتىدىكى پازىل كىشىلەر بۇ سۈلھى ئۈچۈن تارىخلارنى ئېيتىشتى . شۇلاردىن بىرى بۇ تارىخنى «دۇ لەشكەر بە ـ نىشات» (ئىككى قوشۇن شادلاندى)① دېگەن

① بۇ سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنگەندە 922 بولىدۇ ، يەنى ھىجرىيە 922 ـ يىلى (مىلادىيە 1516 ـ يىلى) كېلىپ چىقىدۇ .

سۆزدىن چىقاردى . پەقىرنىڭ خاتىرەمدە مۇشۇ تارىخ ساقلىنىپ قاپتۇ ، باشقىلىرى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپتۇ .

## ئەللىك توققۇزىنچى باب

# سۇلتان سەئىدخاننىڭ سۇلھى ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ ياندانلىقى ، بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن باباجاق سۇلتاننىڭ خاننىڭ مۇلازىمىتىگە كەلگەنلىكى

بىلمەك كېرەككى ، خان سۇلھدىن پارىغ بولۇپ ياركەندكە يۈزلەندى . سوغتاش دېگەن جاي ئۆچتىن كاشغەر تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتىكى يەردۇر . خان ئاشۇ يەرگە كەلگەندە قوشۇندىن ئايرىلىپ ، ئىلغار قىسىم بىلەن بىللە ئىلگىرىلەپ يۈرۈپ ئالتە كۈندە ياركەندكە يەتتى . بەزمە ئەھلى ۋە نەغمە ئەربابلىرى يىغىۋاشتىن ئىشرەت ئاھاڭلىرىنى تۈزدى ، ئەيش - ئىشرەت ناۋالىرىنى پاراغەت مۇقاملىرىغا توغرىلىدى .نەزم :

ساقىيا ، بادە كەتۈرگىل [قەدەھۇ] پەيمانە ،
چۈن كېلىپ شاھ مەقام ئەيلەدى دەۋلەتخانە .

يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك ، ھەر كىشى ئۆز ھالىغا يارىشا ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى ، مىسرا :

گۇشەئى باغدا دۇر مەۋسۇمى گۇلدا ھەركىم .

خاننىڭ سەپەردىن يېنىپ ياركەندكە قايتقان مەزگىلى شۇنداق مەھەل ئىدىكى، تۆتىنچى پەلەك شاھى سەلتەنەت تەختىنى سەۋر[1] ئۆيىدە ئورۇنلاشتۇرغانىدى، گۈل كېلىنچەكلىرى زېمىن خىلۋەتخانىسىدىن باش چىقارغانىدى، بۇلبۇللار گۈل ئىشتىياقىدا سايراشماقتا ئىدى. نەزم:

چۇن بەردى لالەلەرغە لەبى جويبار بار.
بولدى كەمالى شەۋقدە بۇلبۇل ھەزار زار.
شەمئى جەمالى شاھىدى گۈل سۇبھى ۋەقتىدە،
بۇلبۇلنى كۆيدۇرەرگە ئىدى ھەر كەنار نار.

گۈل پەسلى تولۇق يېتىپ كەلدى. خاننىڭ ياركەندتە سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغىنىدىن تاكى بۇ مەزگىلگىچە ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەنىدى. بۇ مۇددەت ئىچىدە خان قىش ـ ياز ياركەند ئەركى ئىچىدە ئولتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. بۇ يىل خاننىڭ مۇبارەك كۆڭلى ھەممە ئەتراپلاردىن ۋە يېقىن ـ يىراقتىكى ھەممە جايلاردىن خاتىرجەم بولدى. شۇڭا، بۇ بېيىتنىڭ مەزمۇنىغا ئەمەل قىلىپ، نەزم:

لالەئى خۇدروي گەر كۆرسەتسە يۈز،
سەھنى بوستانۇ لەبى جۇي ئىستەگىل.
بەزم قىل بىر مەھۋەشى گۈلرۇي ئىلە،
بىر لەبى شىرىن بىلە زارىڭ دېگىل.

خان شەھەردىن گۈلباغقا يۈردى، چۈنكى گۈلباغ مىرزا ئەبابەكرىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆردىغان يېقىملىق ئىمارىتى ئىدى. نەزم:

---

① سەۋر — قەدىمكى ئاسترونومىيە چۈشەنچىسى بويىچە ئاسماندىكى ئون ئىككى بۇرجنىڭ ئىككىنچىسى، تۆتىنچى ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.

قىلدى چەمەندە فاختەلەر زەمزەمە ئەدا ،
قۇمرى تۈزەتتى فەردەئى ئۇششاقدا نەۋا .

چۈنكى ، باھار كۆنلىرىنىڭ مۆتىدىل مىزاجى تومۇز ھارارىتىنىڭ تەسىرىدىن ئىسسىققا ئۆزگەردى . بۇ ھارارەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن دەرەخ سايىلىرىنىڭ شىپاخانىلىرىغا بارماقتىن باشقا چارە قالمىدى . شۇ سەۋەبتىن خان گۈلباغقا بېرىپ ، باغۇبوستانلاردا سايىدىن بەھرە ئېلىپ لەززەتلىنىۋاتاتتى .
لەشكەرلەر ۋە پۇقرالارنىڭ ھەممىسى تىنچلىق ، ئاسايىشلىق ۋە پاراۋانلىقتا ئىدى ، ئوردا ئەئيانلىرى ۋە دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغۋارلىق ۋە شان ـ شەۋكەت ئىچىدە ئىدى . شۇڭا ، ھەر باشتا بىر سەۋدا ، ھەر سەۋداغا بىر باش پەيدا بولدى . پۈتكۈل ئەمىرلەر كېچەش ئۈچۈن خاننىڭ بارگاھىغا يىغىلىپ مۇنداق ئەرز قىلدى : «ئەي ئالىي مەرتىۋىلىك سۇلتان ، ئەي پەلەكتەك قۇدرەتلىك خان ، ھالا بۇگۈنكى كۈنلەردە بۈيۈك ۋە ئەزىز تەڭرىنىڭ ئىنايىتى ۋە ياردىمى بىلەن دۆلەت بىلىكىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى دۈشمەنلەرنى جازالاشقا يېتەرلىك ، لەشكەر ۋە ھەربىي ئەسلىھەلىرىمىز رەقىبلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلىشقا تەق ۋە تەييار . ھەزرىتىڭىز مۇشۇنداق پەيتتە دۈشمەندىن ئىنتىقام ئالمىسىڭىز ، قاچان ئالىسىز ؟ ئەگەر مۇشۇنداق چاغدا رەقىبلەرنى يوقاتمىسىڭىز ، قاچان يوقىتىسىز ؟ نەزم :

مىفتاھى تەفەززۇل بىلە گەر فەتھ ئېشىكىنى ،
بۇ ۋەقتدە سىز ئاچماساڭىز ، كىم ئاچا ئالغاي ؟ »

ھەممە ئەمىرلەر شۇنداق دەپ بۇ ئەرزنى ئىزھار قىلىشتى . شۇنداق قىلىپ خاننىڭ كونا ئارزۇ ـ ئىستىكى يېڭىلاندى . خاننىڭ «قوشۇن يىغىلسۇن ، ئەسكەرلەر تەق بولسۇن !» دېگەن مەزمۇندىكى بويسۇنۇش زۆرۈر بولغان ئالىي يارلىقى چۈشۈرۈلدى ، خاننىڭ بېجىرىش شەرت بولغان ئالىي پەرمانى بىلەن قوشۇن

يىغىلدى . يازنىڭ ئاخىرىدا سەپەر تىزگىنىنى ئەندىجان تەرەپكە قاراپ تارتىپ ، سۆيۈنچەكخان بىلەن تازا بىر ئۇرۇش قىلىش ئاھاڭىنى تۈزدى . پۈتكۈل قوشۇننىڭ ئالدى ـ ئارقىسىنى كاشغەردە جەملەپ ، كاشغەردىن ھەممە قوشۇن بىلەن بىراقلا يۈرۈش قىلدى . تويۇنباشى دېگەن يەرگە كەلگەندە ، خاننىڭ شىكار قىلىش ھەۋىسى قوزغالدى ، شۇ كۈنى يارلىق يەتكۈزۈلدى . ئەتىسى جەرگە تۈزۈپ شىكارغا قەدەم قويدى . نەزم :

كىرىپ بىشەگە مىسلى غەررەندە شىر ،
قىلىپ جۇستىجۇ چۈن ھۈنەربەر دەلىر .
چۇ ئول سەيدگاھغە گۈزەر قىلدى شاھ ،
مۇئەنبەر بولۇپ گەردىدىن سەيدگاھ .
شىكار ئىچرە بولغاچ زەفەرگە قەرىن ،
بولۇپ سەيددىن خالىي ئول سەر زەمىن .

شىكاردىن قول يىغقاندىن كېيىن ئۇ يەردىن كۆچۈپ چادىر- كۆلنىڭ جەنۇب تەرىپىگە كېلىپ لەشكەرگاھ قۇردى ، ئۇ يەرگە «باباجاق سۇلتان خاننىڭ خىزمىتىگە كېلەر ئىمىش» دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى .

بىلمەك كېرەككى ، باباجاق سۇلتان مەنسۇرخان بىلەن ئاتا بىر ، ئانىمۇ بىر قان ـ قېرىنداش ، مەنسۇرخاننىڭ قوشۇنىغا سەردار ئىدى . شۇ سەۋەبتىن خاننىڭ مۇلازىمەت شەرىپىگە ئېرىشەل- مىگەنىدى . كۆز ۋاقتىدا مەنسۇرخانغا : «ئاغامىنىڭ مۇلازىمىتىگە بارمىسام ئەدەپسىزلىك بولىدۇ» دەپ ئەرز قىلغانىدى . شۇنىڭدىن كېيىن مەنسۇرخان رۇخسەت بەرگەنىدى . باباجاق سۇلتاننىڭ پايتەختى باي ۋە كۇسەندە ئىدى . ئۇ يەردىن يۈرۈپ كاشغەرگە كەلگەندە ، خاننىڭ ئەندىجانغا يۈرۈش قىلىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ، تېزلىكتە يۈرۈپ چادىركۆلدە يېتىشۋالدى .

خان باباجاق سۇلتاننىڭ كېلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ ، بىر

تۇغقانلىق مېھىر ـ مۇھەببىتى جۇش ئۇرۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن تېزرەك كۆرۈشۈش تەشنالىقى قوزغالدى . گەرچە باباجاق سۇلتان خاندىن ياشتا كىچىك بولسىمۇ ، كۈچلۈك مېھىر ـ مۇھەببەت تۇپەيلىدىن ئىستىقبالىغا چىقىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ، قېرىنداشلارچە ئىلتىپاتلار ۋە ئاتىلارچە تاپشۇرۇقلار بىلەن باباجاق سۇلتاننى ئەزىزلىدى . خاننىڭ گۆھەر چاچقۇچى تىللىرى بۇ بېيىت مەزمۇنىنى سۆزلىمەكتە ئىدى :

**نەزم :**

ئەي قەدەمىڭ يېتىپ دېدى دەۋلەتۇ بەخت : مەرھابا ،
گۈل يۈزۈڭ ئىشتىياقىدىن پىرەھەن ئەيلەدى قەبا .

خان : «بۇ مەھەلدە كۆڭلۇم دۈشمەندىن ئىنتىقام ئېلىشقا يۈزلەندى . ئەمما ، بۇ ئىشقا قېرىندىشىمنى تەلەپ قىلىش تولىمۇ قىيىن ئىدى . خۇداغا شۈكرى ، ئارىمىزدىكى ئىخلاس ۋە ئېتىقادنىڭ مۇستەھكەملىكى شاراپىتىدىن شۇنچە ئارزۇ ۋە مۇددىئالىرىمىز جاپا ـ مۇشەققەتسىزلا مۇيەسسەر بولدى . ھازىر بۇ قېرىندىشىمنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى غەلىبە ۋە نۇسرەتنىڭ باشلىنىشىدۇر » دېدى .

ئاغا ـ ئىنى ئىككىيلەن گويا غەلىبە ـ نۇسرەت كەبى يانمۇ يان بولۇپ ئەندىجانغا يۈرۈش قىلدى . ئۇلار ئارپەيازىغا يېتىپ كەلدى ، ئۇ يەردە قۇلۇن ئوۋلاشقا مەشغۇل بولدى . شۇ قەدەر كۆپ قۇلۇن ۋە بۇغىلارنى ئوۋلىدىكى ، ئۇلارنىڭ قان ۋە ئىچ ـ باغىرلىرى بىلەن سەھرا يىرتقۇچلىرى ۋە ھاۋا قۇشلىرى بىر ـ بىرلىرىگە توي بېرىشتى ، جەڭسىز ، جېدەلسىز نەچچە ۋاقىتقىچە مېھماندارلىق قىلىشتى .نەزم :

قۇلانۇ بۇغى چەرمىكىم سەر بەسەر ،
كى ئالتۇن باشاقدىن بولۇپ مىسلى زەر .

شەھەنشەھ قىلىپ سەيدكە ئوق رەۋان ،
خەتا كەتمەيىن ئاتغان ئوق بىگۇمان .

بىر خۇش ھاۋالىق جاي بار ئىدى . ئۇنىڭ پاكىزلىقى ئالدىدا بېھىش بېغى خىرە ئىدى . ھاۋاسىنىڭ يېقىملىقلىقىدىن گوياكى جەننەت قۇشلىرى تۈزلۈك نەغمە - ناۋالار بىلەن مەستۇمۇستەغرەق ئىدى . شىكار ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئاشۇ يەردە بىر كاتتا بەزمە تۈزۈلدى ، باباجاق سۇلتان ۋە ئەمىن خاجە سۇلتاندىن ئىبارەت بۇ ئىككى قېرىنداش خانىنىڭ مۇلازىمىتىگە يىغىلىپ شۇنداق بىر ئولتۇرۇش تۈزدىكى ، نەزم :

تۈزۈلدى ئەجەب جەشنى فەرخۇندە پەي ،
مۇھەييا مۇغەننى ، سۇراھىيۇ مەي .
زىھى جەشنى ئالىيكى خۇرشىدۇ ماھ ،
تەماشا قىلۇر ئېردى ئول جەشنگاھ .

ۋاقتىكى ، بۇ خۇسرەۋلەرچە بەزمە ۋە شاھانە ئولتۇرۇش ئاخىرلاشتى . باباجاق سۇلتان تاغامنى ۋاستە قىلىپ مۇنداق ئەرزنى يەتكۈزدى : «ئاشۇ باھاردا پەقىر بىر ئۆزرىلىك ئىش تۈپەيلىدىن ئامالسىز ئىدىم . يىل - يىللاردىن بىرى ئارزۇ - ئارمان قىلىپ كەلگەن مۇلازىمەت دۆلىتىگە شۇ سەۋەبتىن مۇيەسسەر بولالمىدىم . ئۇ پۇرسەت ئۆتۈپ كەتتى ، ئەمدى دۆلەتنىڭ تايانچى بولغان پايتەخت ياركەندكە بېرىشىم ئەدەپ يوسۇنىدا مۇۋاپىق كۆرۈندى . شۇ يەردە خانىنىڭ مۇلازىمىتىگە مۇشەررەپ بولاي ، دەرگاھىنىڭ تۇپرىقىنىڭ سۈرمىسى بىلەن قاراڭغۇ كۆزۈمگە روشەنلىك يەتكۈزەي ، دېگەن ئارزۇ بىلەن كاشغەرگە يېتىپ كەلگىنىمدە ، ئەندىجان تەرەپكە يۈزلەنگەنلىكىڭلارنى ئاڭلاپ ، دەرھال تېز سۈرئەتتە يېتىپ كەلدىم ، لەشكەر ۋە ئۇرۇش ئەسۋابلىرىنىمۇ تەييار قىلماي كەلدىم . ئەرزىم شۇكى ، بۇ قېتىم ئەندىجانغا لەشكەر تارتىشنى كېيىنگە سۈرگەي .

كېلەر يىلى ئەسكەرلەر ۋە ئەسلىھەلەرنى تولۇقلاپ، ئۇ تەرەپتىكى سۇلتانلار ۋە لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى خانىنىڭ مۇلازىمىتىگە ئېلىپ كېلىمەن. ئۆزۈممۇ خىزمەتتە شۇنداق جان پىدالىق قىلىمەنكى، خانىنىڭ پەلەكتەك يۈكسەك ئاستانىسىدە جاھان شاھلىرى ۋە زامان خانلىرى بىلەن تەڭلىششىنى ئۆزىگە ئار بىلگۈدەك خىزمەتكارلىرىنىڭ بار ئىكەنلىكى دوست ۋە دۈشمەنلەر-نىڭ ھەممىسىگە ئوچۇق - ئاشكارا بولغۇسى. بۇ ئەرزىم قوبۇل قىلىنسا، كۆڭۈلدىكىدەك بولغىنى. ئەگەر خان غالىب ئۈزەڭگىسى-نىڭ تىزگىنىنى ئەندىجان تەرەپتىنياندۇرمىسىمۇ، پەقىر خانىنىڭ نۇسرەتلىك ئۈزەڭگىسى يېنىدا پەرمانبەردارلىق ۋە جان پىدالىق كەمىرىنى بېلىمگە قۇللار كەبى مەھكەم باغلىدىم.»

باباجاق سۇلتانىنىڭ بۇ ئەرزى خانىنىڭ مۇبارەك سەمىگە يەتتى. خان پەرمان قىلىپ: «نەچچە يىللاردىن بېرى بۇ ئەزىز قېرىندىشىم بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسىدا بىقارار ئىدىم. تەڭرىگە تەشەككۇرلەر بولسۇنكى، مانا ھازىر پۈتكۈل ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى بۇ ئارزۇ - ئارمىنىمغا يەتكۈزدى. بۇ ئۇلۇغ نېمەتنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى بۇ قېتىم مۇشۇ يەردىن قايتايلى. بىر نەچچە كۈن ۋىسال شارابىنى راھەتلىنىپ سۈمۈرۈپ، ئەزىز ئۆمرىمىزنى ئۇلپەتلىشىپ سۆھبەت بىلەن خۇشال ئۆتكۈزەيلى. كېلەر يىلى بۇ ئەزىز قېرىندىشىم ئېيتقان يوسۇندا قوشۇن ۋە ھەربىي ئەسلىھەلەرنى تولۇق تەييار قىلىپ، ئاندىن يۈرۈش قىلايلى. چۈنكى، بۇ شەرەپلىك پۇرسەت شۇنداق ئەزىز ۋە غەنىيمەتتۇركى، ھازىر ئۇنى زايە قىلىۋەتسەك، ھېچقانداق چارە بىلەن ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدۇ. ئەمما، ئەندىجانغا ھازىر بارمىساق، بۇنىڭ ھېچبىر خاتاسى يوق، چۈنكى دۈشمەن ئۆز ھالى بىلەن تۇرۇپ تۇرىدۇ. خۇدا خالىسا قاچانلا يۈرۈش قىلساق بولىۋېرىدۇ» دېدى ۋە ئارپەيازىدىن سەپەر تىزگىنىنى كاشغەر تەرەپكە ياندۇردى.

باباجاق سۇلتان خانىنىڭ مۇلازىمىتىدە ياركەندكە كەلدى،

نەچچە كۆن شاھانە بەزمىلەر ۋە خۇسرەۋچە مەشرەپلەر تۈزۈلدى . باباجاق سۇلتانغا كۆپ ئىنئام ، نۇرغۇن تارتۇقلارنى ئىلتىپات قىلىپ ، ئۇنى شاھانە ئىنايەتلەر بىلەن مۇمتاز ۋە ئەزىز قىلدى ، ھەممە ئەمىرلەر ئۆز ھالىغا يارىشا خىزمەت رەسىملىرى ۋە پىشكەش قائىدىلىرىنى بەجا كەلتۈردى .نەزم :

زىھى جەشنى ئالىي يازىپ بالۇ پەر ،
كىيىپ بەخت خىزمەتكە باغلاپ كەمەر .
فەزايى زەمان جۇملە تاجۇ كۇلاھ ،
بەستى زەمىن پۇر ئەمىرۇ سىپاھ .
جەھان ئەرسەسى خەيلى ئەشرافدىن ،
بولۇپ ئىردى پۇر جۇملە ئەترافدىن .

دېمەك ، مېھماندارچىلىقتىن پارىغ بولغاندىن كېيىن باباجاق سۇلتان ئۆز ئورنىغا قايتىشقا رۇخسەت ئېلىپ ، سەپەر تىزگىنىنى شۇ تەرەپكە قايتۇردى . بۇ ۋەقە مەزكۇر تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 922 ـ يىلى كۆزدە بولۇپ ئۆتتى .

ئاتمىشىنچى باب

## سۇلتان سەئىدخاننىڭ سارىغ ئۇيغۇرغا جازا يۈرۈشى قىلغانلىقى ۋە يەنە ئۇ جازا يۈرۈشىدىن يېنىپ كەلگەنلىكى ھەمدە ئۇنىڭ سەۋەبىنىڭ بايانى

بۇ قىش يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان تەرىقىدە ئەيش ـ ئىشرەت ۋە بەختىيارلىق بىلەن ئۆتتى . باھار ۋاقتى كېلىپ تۆتىنچى پەلەك

سۇلتانى ھەمەل[1] بۇرجى مەرتىۋىسى ئۇستىگە ئاياغ قويۇپ سەۋر[2] تەختى ئۇستىدە بەرقارار بولدى . دەل ـ دەرەخ ئەلەمدارلىرى گۈل ـ چېچەك بايراقلىرىنى نۇرلۇق زېمىن سەھنىسىدە بىراقلا كۆتۈردى . دەرەخ ئەلەملىرىنىڭ تۇۋىدە سەبزە[3] لەشكەرلىرى سەپ تۈزدى ، بۇلۇت ئەسكەرلىرى ھەسەن ـ ھۈسەن يالىرىدىن يامغۇر ئوقلىرىنى ياغدۇردى ، شەبنەم تامچىلىرى يوپۇرماقلار ئۇستىدە گۈمبەز شەكلىنى ھاسىل قىلىپ يالتىرىدى ، ھەربىر گىياھ ئۇستىدە يامغۇر تامچىلىرى دۇبۇلغا شەكلىدە جىلۋىگەر بولدى ، [تاڭ شامىلى ۋە سۇبھى ھاۋاسى ھەر نەپەستە سەپ تۈزۈپ يارقىن دەرەخلەر ۋە يۇمران مايسىلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈردى .] بۇ سەۋەبتىن ھەربىر بەدەن روھلاندى ، ھەر كۆڭۈلدە شادلىق ھاسىل بولدى .[ نەزم :

نىشەستە گۈل زى غۇنچە دەر ئىمارى ،
بەفارقەش نارۋەن دەر تاجدارى .
سەبا جەئدى بىنەفشە تاب دادە ،
گىرىھ ئەز تۇررەئى سۇنبۇل كۇشادە .

(گۈل ـ غۇنچە تەختىدە ئولتۇردى ، دەل ـ دەرەخلەر تاجلىرىنى كىيدى .
تاڭ شامىلى بىنەپشە چاچلىرىنى ئەشتى ، سۇمبۇل چاچلىرىنىڭ چىگىچلىرى يېشىلدى . )]

دېمەك ، غازىلار ۋە مۇجاھىدلارنىڭ ئالىي شان ـ شەرىپى ۋە يۈكسەك مەرتىۋىسى كىتاب ھۆكۈمى ۋە سۈننەت يوسۇنىدا شۇ

---

① ھەمەل — قەدىمكى ئاسترونومىيىدىكى ئون ئىككى بۇرجنىڭ بىرىنچىسى . بۇ بۇرج قوي شەكلىدە تەسەۋۋۇر قىلىنغان ۋە قۇياش ئۇنىڭغا 3 ـ ئايدا كىرىدۇ ، دەپ قارالغان .
② سەۋر — قەدىمىي ئاسترونومىيىدە ئاسماندىكى ئون ئىككى بۇرجنىڭ ئىككىنچىسى ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان يۇلتۇزلار ئۆكۈز شەكلىدە تەسەۋۋۇر قىلىنغان ، 4 ـ ئايغا توغرا كېلىدۇ .
③ سەبزە — مايسا ، كوكات ؛ يېشىللىق ، يېشىل رەڭ .

دەرىجىدە ھەقىقىي ۋە مۇقەررەر قىلىنغانلىقى، بۇ ھەقتە ئىسپات، ھۆججەت، ئىككىلىنىش ۋە دەلىل كەلتۈرۈشنىڭ مۇتلەق ھاجىتى يوق. [«سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللا يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ئاللا ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ.»[1]] شۇڭا، خاننىڭ ئالىي ھىممىتى ۋە رىغبىتى جازا يۈرۈشى قىلىش پىكرىگە سەرپ قىلىناتتى ۋە مەشغۇل بولاتتى، شەرەپلىك خاتىرى جازا يۈرۈشى قىلىشقا مايىل ئىدى ۋە شۇنىڭغا كۆشىش قىلاتتى. بۇ ھەقتە ئەمىرلەر بىلەن كېڭەشتى، ئاخىر شۇنداق پىكىرگە كېلىشتىكى، خوتەن بىلەن خىتاي ئارىسىدا بىر كۆپپارلار بولۇپ، ئۇلارنى سارىغ ئۇيغۇرلار دەپ ئاتايتتى، شۇلارنىڭ ئۈستىگە لەشكەر تارتىش قارار قىلىندى. خان ھېسابسىز لەشكەرلەر ۋە ئۇلۇغ شەۋكەتلىك ئەمىرلەر بىلەن ياركەندتىن يۈردى، خوتەنگە يەتكەندە خاننىڭ شەرەپلىك مىزاجىغا بىر ئاز ساقسىزلىق ئارىلاشتى. غازات ئىسلام ئەركانى (تۈۋرۈكلىرى)دىن بىر رۇكن (تۈۋرۈك) بولۇپ، فەرزى كىفايە[2] دۇر. خان بۇ پەرزنى ئۆزى ئادا قىلماقچى بولغانىدى، لېكىن شەرەپلىك مىزاجى يار بەرمىدى. ئىلاجسىز بىر قىسىم ئەمىرلەرنى جازا يۈرۈشكە بېرىشقا تەيىنلەپ، فەرزى كىفايەنى ئادا قىلدى ـ دە، ئۆزى ياركەندكە قايتىشقا يۈزلەندى. ئەمما، سەپەر ئۈستىدە ھەر كۈنى تاڭ ئېتىش بىلەنلا ئالتۇن قەدەھلەر ئالەمنى يورۇتقۇچى قۇياشتەك ئايلاندۇرۇلاتتى، تاكى زاۋال ۋاقتى بولغۇچە مەستلىك يۇقىرى چەككە يېتەتتى؛ كۈن كەچ بولۇش بىلەنلا خان مەستلىك ئۇيقۇسىدا سېزىمنى يوقىتاتتى؛ جاننى كۆيدۈرگۈچى خۇمار بىلەن ئويغىنىپ، يەنە ھىلال ئاينى قىزغاندۇرغۇچى ئالتۇن جاملارنى شەپەقنى رەشك ئوتىدا كۆيدۈرگۈچى گۈل رەڭلىك شارابلار بىلەن ئايلاندۇراتتى. دېمەك، ئاشۇ مۇددەت ئىچىدە ھوشيارلىقنىڭ

[1] «قۇرئان كەرىم»، 2 ـ سۈرە بەقەرە، 190 ـ ئايەت.

[2] فەرزى كىفايە — ئىسلام شەرىئىتى بويىچە بىرەر قوۋم ئىچىدىن بىر قىسىم ئادەم بېجىرسە، شۇ قوۋم ئىچىدىكى ھەممە كىشىنىڭ زىممىسىدىن ئادا بولىدىغان پەرز.

ئىسمىمۇ مىڭە سەھىپىلىرىدىن ئۆچۈپ كەتكەنىدى ، ھوشسىزلىق ساقچىسى ئەقىل ـ ئىدراك كارخانىسىغا تاجاۋۇز ۋە تەئەررۇز قوللىرىنى سوزغانىدى . [خان] كۆپىنچە ۋاقىتلاردا كىچىنى كۈندۈزدىن ، كۈندۈزنى كىچىدىن پەرقلەندۈرەلمەيتتى .نەزم :

كويۇڭدا مەست كىلىپ ئىردىمۇ مەجنۇن كەتتىم ،
خەبەرىم يوقكى ، نىچۇك كەلمىش ئىدىم ، چۇن كەتتىم .

شۇنداق قىلىپ [خان] بىر نەچچە كۈندە ياركەندكە يىتىپ كەلدى . شۇ يىلى كۈزدە قىرغىزلار ئۇستىگە لەشكەر تارتتى . ساربغ ئۇيغۇر ئۇستىگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا بارغان ئەمىرلەر ختاي بىلەن خوتەن ئارىسىدىكى جايلاردا ئىككى ئاي تۇرۇپ قىدىرىپ كۆرگەن بولسىمۇ ، ئۇ كۈپپارلاردىن نام ـ نىشان تاپالمىدى ، شۇڭا ئولجا ـ غەنىيمەتلەرنى ئىلىپ ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلدى .

## ئاتمىش بىرىنچى باب

# خاننىڭ قىرغىز ئۇستىگە لەشكەر تارتقانلىقى ۋە مۇھەممەد قىرغىزنىڭ قولغا چۈشكەنلىكىنىڭ بايانى

كاشغەرنىڭ ئىشغال قىلىنغانلىقى بايانىدا ئىيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك ، مۇھەممەد قىرغىز موغۇلىستاندىن چىقىپ كىلىپ ، شۇ ئۇرۇش مەيدانلىرىدا مۇناسىپ خىزمەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈپ ئولجا ـ غەنىيمەتلەرنى كۆپ ئالغانىدى . خانمۇ ئۇنىڭغا كەمەر ، شەمشەر ، مەي شىشىلىرى ۋە ئالتۇن پىيالىلەرنى ئىنئام قىلىپ ،

شاهانه ئىلتىپاتلار بىلەن ئەزىزلەپ رۇخسەت بېرىپ قايتۇرغانىدى . نەزم :

قىلىپ لۇتفۇ ئىنئام ئاڭا بىگەران ،
كەمەرھايى شاھىيۇ تىغى سىنان .
قەبايى مۇزەھھەب ، لىباسى ھەرىر ،
ھەمە تەبئى خاھۇ ، بەسى دىلپەزىر .

دېمەك ، مۇھەممەد قىرغىز مەمنۇنىيەت ۋە مۇۋەپپەقىيەت بىلەن موغۇلىستانغا كەتتى ، بارلىق قىرغىزلار ئۇنىڭغا تەۋە ۋە قاراشلىق بولدى . مۇھەممەد قىرغىز تۈركىستان ، تاشكەند ۋە سايرامغا بېرىپ ئالتوپىلاڭ چىقىرىپ ، شۇ يەردىكى شەيبانىي سۇلتانلىرىنى تەڭلىكتە قويغانىدى . ئۇ ئاخىر تۈركىستان ئۈستىگە بېرىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ ياندى . كۆچۈمخانىنىڭ ئوغلى ئۇبەيدۇللا سۇلتان ئۇ ۋاقىتلاردا تېخى خان بولمىغانىدى[1] ۋە تۈركىستانغا ھاكىم ئىدى ، ئۇ دەرھال مۇھەممەد قىرغىزنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى . قوغلاپ شەھەردىن بىرمۇنچە يىراقلاشقاندا ، مۇھەممەد قىرغىز توساتتىن ئارقىسىغا يېنىپ يۈزمۇيۈز بولۇپ ئۇرۇشقا كىرىشتى ـ دە ، بىر پەستىلا ئۇبەيدۇللا سۇلتاننى قولغا چۈشۈردى . بىر كۈن تۇتۇپ تۇرۇپ ئەتىسى ھۆرمىتىنى ساقلاپ ، ئۇبەيدۇللا سۇلتاننى تۈركىستانغا ماڭدۇرۇۋەتتى . بىر نەچچە ئېسىل ئات ۋە ياراملىق قورال ـ جابدۇقلارنى خانغا پىشكەش ۋە سوۋغات سۈپىتىدە ئەۋەتىپ : «ئەگەر سۇلتانلاردىن بىرەرسى مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپ قالسا ، ئۇنى قويۇپ بېرىمەن ، دەپ ئەھدە قىلغانىدىم . مانا ئۇبەيدۇللا سۇلتاننى قويۇپ بېرىپ شۇ ئەھدىمگە ۋاپا قىلدىم . ئۈمىدىم شۇكى ، خان ئەپۇ قىلغاي» دەپ ئۆزرە ئېيتتى . بۇ خەۋەر خانغا يەتتى ، خان ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن

---

① ئۇ مىلادىيە 1540 ـ يىلى تەختكە چىققان ، لېكىن ئالتە ئايلا ھۆكۈم سۈرگەن (مۇھەررىردىن ) .

غەزەپلەندى . بۇ ۋاقىت تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 923 ـ يىلى[1] كۈز پەسلى ئىدى ، خان موغۇلىستانغا بىرىپ مۇھەممەد قىرغىزنىڭ ئەدىپىنى بىرىش ئۈچۈن لەشكەر تارتتى . نەزم :

ئۇرۇپ مەۋج ، دەريا كەبى قوزغالىپ ،
زەمىنۇ زەمانغە ئەلالا سالىپ ،
چۇ دۈشمەنلەر ئەتسە ئەلەمگە نەزەر ،
بولۇپ ماتەم ئەھلى كەبى خۇن جىگەر .

خان كاشغەردە لەشكەرنى جەملەپ يۈرۈش باشلىدى ، خاجە ئەلى باھادىر بۇ لەشكەردە يەزەك[2] ئىدى . موغۇل تىلىدا قاراۋۇلنى «يەزەك» دەپ ئاتايدۇ . ئۇلار كافىر يارى[3] دىگەن يەرگە يەتكەنىدى ، ئەمىر خاجە سۇلتان ئاقسۇدىن سارىغ ئات[4] يولى بىلەن يىتىپ كىلىپ ، بۇ غالىب لەشكەرنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىنى ئىتىقاد كۆزلىرىگە سۈرمە قىلدى .

كىچىسى پىكىر ـ تەدبىر ئىگىلىرى شۇنداق مەسلىھەت قىلىشتىكى ، خان بارسقائۇن[5] يولى بىلەن كىرىدىغان ، ئەمىر خاجە سۇلتان جاۋقۇ يولى بىلەن كىرىدىغان بولدى . ئەمىر خاجە سۇلتان جاۋقۇ يولى بىلەن ماڭدى ، خان بارسقائۇن يولى بىلەن راۋان

---

① ھىجرىيە 923 ـ يىلى مىلادىيە 1517 ـ يىلىغا توغرا كىلىدۇ .

② يەزەك — كىچە قاراۋۇلى ، قورۇقچى ، جىسەكچى .

③ كافىر يارى — بۇ سۆز موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە ، پارىسچە بىرىنچى نۇسخىدا ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە يۇقىرىقىدەك ئىلىنغان . پارىسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «كافىربازى» ، مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «كافىر يازى» دىيىلگەن .

④ سارىغ ئات — بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئىلىنغان ، تاشكەند رۇسچە نەشرىدە ۋە پارىسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «سارىغ ئات ئاخۇرى» دىيىلگەن ؛ پارىسچە بىرىنچى نۇسخىدا «سارىغ ئاب ئاخۇرى» دىيىلگەن . مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «ئات ئاخۇرى» دىيىلگەن .

⑤ بارسقائۇن — بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە ۋە پارىسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «بارسقائۇن» دىيىلگەن ، پارىسچە بىرىنچى نۇسخىدا ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «بارسقۇن» دىيىلگەن . مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە ئىككى يەردە «پارسقائۇن» ، بىر يەردە «فارسقائۇن» دىيىلگەن .

بولدى . بارسقائۇن جىلغا يولىدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقاندا ، خاجە ئەلى باھادىر قىرغىزلاردىن ئىككى كىشىنى تۇتۇپ ئەۋەتتى . ئۇلار ئارقىلىق «مۇھەممەد قىرغىز تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىللە بارسقائۇن جىلغىسىنىڭ ئاغزىدا — ئىسسىقكۆل لېۋىدە بىخەۋەر ياتار ئىمىش » دېگەن خەۋەر ئېنىقلاندى .

كاشغەردىن ئىسسىقكۆلگىچە بىر ئايلىق يولدۇر . شۇ كۈنى تېز سۈرئەتتە يۈرۈپ نامازدىگەردە جىلغا ئېغىزىغا يېقىن فۇجرە[1] دېگەن يەرگە كېلىپ چۈشتى . خان بىرنەچچە مۆتىۋەرلەر بىلەن بېرىپ ، ئۇلارنىڭ ئاقئۆيلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ ياندى . نەزم :

مىھر قۇرسى پاتىپ سىياھىغە ،
كىردى يۇنۇس دەھانى ماھىغە .

تاۋاچىلار : «ھەر ئون كىشىدىن ساۋۇت كىيگەن تۆت كىشى غول قوشۇندا قالسۇن ، ئالتە كىشى چاپقۇن قىلىشقا بارسۇن » دەپ جار سالدى . ھەممە كىشى ئۇرۇش ۋە چاپقۇنغا تەييارلاندى . تەڭ كېچە بولغاندى ، مولجار تەرىقىسىدە [ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى] راۋان بولدى .

ۋاقتىكى ، سۇبھى سادىقنىڭ تۆمۈر كىيىملىك ياسالى نۇر چاچتى ، شەرق سۇلتانى قۇياش بايرىقىنى كۆتۈردى ، ئۇ تۇتاش كەتكەن سەھرادا ياسال[2] تۈزۈلدى . بېكىتىلگەن قارار بويىچە ھېچكىم بىر قەدەمنى ئىلگىرى يۆتكىمەي : «... گاسلاردۇر ، ... گاچىلاردۇر »[3] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ تۇرۇشتى . بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن [ ئېھتىيات بىلەن نەزەر سېلىنغاندى ،] ھەممە

① فۇجرە — بۇ ئىسىم تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «ھەجەر» دېيىلگەن .
② ياسال — سەپ تارتىش ، ئۇرۇش سېپى تۈزۈش .
③ «قۇرئان كەرىم» ، 2 ـ سۈرە بەقەرە ، 18 ـ ئايەت ؛ 6 ـ سۈرە ئەنئام ، 39 ـ ئايەت .

لەشكەر بىر - بىرىگە تۇتىشىپ - قوۋۇشۇپ بولۇپتۇ . شۇ ۋاقىتتا ئالىي ئەلەمنىڭ تۇۋىدىن بىردىنلا كاناي - سۇناي ئاۋازى چىقىشقا باشلىدى ، چاپقۇنغا بەلگىلەنگەنلەر شۇ هامان سەۋر - تاقەت تىزگىنلىرىنى بىراقلا قويۇۋەتتى .نەزم :

غۇبار ئۇلدى غەبراۋۇ بەس تۇتى ئەۋج ،
جەهان جۇملە دەريا بولۇپ ئۇردى مەۋج .
سىپەھ گەردى ئاسارىدىن ئافتاب
نىهان بولدى ياپقان مەسەللىك سەهاب .
جەهانغە پۇر ئولدى فىغانۇ خۇرۇش ،
غەرىۋ ئۇرلەدى تۇشتى لەشكەرگە جۇش .

دىمەك ، چاپقۇنغا تەيىنلەنگەنلەر دۈشمەنلەر ئۈستىگە گوياكى بوراندەك باستۇرۇپ باردى . غولدا قىلىشقا بەلگىلەنگەنلەر هەممىسى توپلىشىپ ، چاپقۇنچىلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈش قىلدى .

چاشگاه ۋاقتى بولغان مەهەلدە ، خاجە ئەلى باهادىرنىڭ ئىنىسى[②] خانغا نۇرغۇن خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى يۇقىرىدا ئەسكەرتىپ ئۆتۈلگەن تەكە [باهادىر] مۇهەممەد قىرغىزنى باغلاپ خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى . خان پەرمان قىلىپ :«تۆرە قائىدىسى بويىچە سېنى ياساققا يەتكۈزۈش لازىم ئىدى . ئەمما ، شەپقەت ۋە كەرەم يۈزىسىدىن خۇنۇڭنى ئۆزۈڭگە بەردىم» دېدى . شۇنىڭ بىلەن ، مۇهەممەد قىرغىزنى باغلاپ تاغامغا تاپشۇردى .

لەشكەرلەر يىلقا ، قوي ۋە تۆگىلەرگە باي بولدى ، ئەسىرگە چۈشكەن قىرغىزلارنى قويۇپ بەردى . نەزم :

---

② بۇ سۆز پارسچە نۇسخىلاردا «بەرادەرى خاجە ئەلى» (خاجە ئەلىنىڭ قېرىندىشى ) دېيىلگەن ، موللا مۇهەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە «خاجە ئەلى باهادىرنىڭ ئىنىسى» دېيىلگەن . مۇهەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «خاجە ئەلى باهادىرنىڭ ئاغىسى» (ئاكىسى ) دېيىلگەن .

ئادەت ئولدۇركى ئەگەر مەملەكەتنى فەتھ ئولسە ،
مال غارەت بولۇبان ، قالغۇسى ئۆي جا بەرجا .
جاننىڭ ئىقبالىنى كۆرگىل بۇ ئۇلۇغ فەتھ ئىچرە ،
مالۇ ئۆي ، ئۆي ئىگەسى جۇملەسى بولدى يەغما .

خان تولۇق بەختىيارلىق ۋە غەلىبە ـ نۇسرەت بىلەن بىر نەچچە كۈن تۇردى ، ئاندىن پاراغەت بىلەن كاشغەر دىيارىغا قاراپ يۈردى . ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى تەڭرىنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقتا ساقلىشى بىلەن قىشنىڭ ئاۋۋىلىدا كاشغەرگە كېلىپ چۈشتى .

## ئاتمىش ئىككىنچى باب

# يۇنۇسخاننىڭ قىزى دەۋلەتسۇلتان خانىمنىڭ بەدەخشاندىن كاشغەرگە كەلگەنلىكى

بىلمەك كېرەككى ، سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ باياندا يۇنۇسخان پەرزەنتلىرىنىڭ كىچىكى دەۋلەتسۇلتان خانىم ئىكەنلىكى ئەسكەرتىپ ئۆتۈلگەندى . ئۇ تاشكەند ۋەيرانچىلىقى مەزگىلىدە شاھىبېكخاننىڭ ئوغلى تىمۇر سۇلتانغا چۈشكەندى . بابۇر پادىشاھ سەمەرقەندنى ئالغان ۋاقتىدا دەۋلەتسۇلتان خانىم پادىشاھقا قوشۇلدى ، چۈنكى پادىشاھ دەۋلەتسۇلتان خانىمنىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلى ئىدى . بابۇر پادىشاھ كابۇلغا كەتكەن چاغدا ، دەۋلەتسۇلتان خانىم پادىشاھتىن ئايرىلىپ بەدەخشاندا — مىرزاخان-نىڭ قېشىدا قالغانىدى . چۈنكى ، مىرزاخانمۇ دەۋلەتسۇلتان خانىمنىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلى ئىدى ، شۇڭا مىرزاخان دەۋلەتسۇلتان خانىمنى ئانىسىنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ ناھايىتى ئەزىزلەيتتى ۋە تەۋەررۇك بىلەتتى .

خان ئاقسۇدىن يېنىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ مۇبارەك كۆڭلىگە دەۋلەتسۇلتان خانىمنى ئېلىپ كېلىش ھەۋىسى چۈشتى، چۈنكى دەۋلەتسۇلتان خانىم خاننىڭ ئاتىسىنىڭ سىڭلىسى ئىدى. شۇڭا، نەپىس ماتالار، ئۈنچە - جاۋاھىرلار ۋە ئالتۇن - كۈمۈش قاچىلاردىن سوۋغات راسلاپ، دەۋلەتسۇلتان خانىمنى تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتتى.

ۋاقتىكى، خان مۇھەممەد قىرغىز ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى، ئاشۇ كۈنلەردە خانىم بەدەخشاندىن چىقىپ ياركەندكە چۈشكەندى. دېمەك، خان ئۇ سەپەردىن يېنىپ كېلىپ خانىمنىڭ جاھانغا زىننەت بولغۇچى جامالىغا مۇشەررەپ بولدى ۋە خانىمنىڭ قالغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ — ئۇلارنىڭ ھەربىرى پەقىرگە ھاما ۋە خالە بولاتتى — ھەممىسى خانىمنىڭ مۇبارەك دىدارىغا مۇشەررەپ بولدى.

خانىم تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خاننىڭ ھۇزۇرىدا ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئۆتتى. ئاخىرقى ئەھۋالى خاننىڭ كېيىنكى ئەھۋاللىرىنىڭ بايانىدا زىكىر قىلىنغۇسى.

## ئاتمىش ئۈچىنچى باب

# ئەمىن خاجە سۇلتاننىڭ [ۋە شاھمۇھەممەد سۇلتاننىڭ] تويى بولغانلىقىنىڭ بايانى

ئەمىن خاجە سۇلتان تۇرپاندىن كەلگەن ۋاقتىدا، خان تاغامنىڭ قىزىنى ئەمىن خاجە سۇلتان ئۈچۈن سۆز سالدۇرغانىدى. تاغاممۇ بۇ ئىشنى چىن كۆڭلىدىن خالاپ ۋە بەخت - سائادەت

بىلىپ ، شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ توي جابدۇقى ۋە تەييارلىقىغا مەشغۇل بولۇپ كېلىۋاتاتتى . بۇ قىشتا شۇ تويىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى . شاھمۇھەممەد سۇلتان سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئوغلى — سۇلتانمۇھەممەد سۇلتاننىڭ پەرزەنتى ئىدى ، ئۇنىڭ بوۋىسى ۋە ئاتىسىنى شاھىبېكخان شېھىت قىلغان ۋاقىتىدا ، شاھمۇھەممەد سۇلتان كىچىك بالا ئىدى . ئۆزبېك ئەمىرلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا رەھىم قىلىپ ، ئۇنى يوشۇرۇپ ساقلىغانىدى . [بابۇر] پادىشاھ كابۇلدىن قۇندۇزغا كەلگەن ۋاقىتىدا ، ئۇ ئۆزبېك شاھمۇھەممەد سۇلتاننى قاچۇرۇپ قۇندۇزغا ئەۋەتكەنىدى . [شاھمۇھەممەد سۇلتان ئۇ يەردە پادىشاھقا قوشۇلدى ،] شۇ ۋاقىتتىن تاكى پادىشاھ كابۇلغا يانغۇچە شاھمۇھەممەد سۇلتان پادىشاھنىڭ مۇلازىمىتىدە ئىدى . پادىشاھ كابۇلغا قاراپ يولغا چىققاندا ، شاھمۇھەممەد سۇلتان پادىشاھتىن رۇخسەت ئېلىپ ، خاننىڭ مۇلازىمىتىدە بولۇش ئۈچۈن كاشغەرگە كەلگەنىدى . ئۇ كەلگەندە كاشغەر ئىشغال قىلىنغىنىغا بىر يىل بولغانىدى . خان شاھمۇھەممەد سۇلتاننى ئۆز پەرزەنتى ئورنىدا كۆرۈپ ، ئىنىسى باباجاق سۇلتاندىن ۋە ئوغلى رەشىد سۇلتاندىنمۇ ئەزىزرەك ۋە مۆھتەرەمرەك كۆرەتتى .

تاغامنىڭ قىزىنى ئەمىن خاجە سۇلتانغا بېرىدىغان چاغدا ، خاننىڭ كۆڭلىدە ئۆز سىڭلىسى خەدىچە سۇلتان خانىمنى — شاھمۇھەممەد سۇلتانغا نىكاھلاپ بېرىش ئارزۇسى پەيدا بولدى . چۈنكى ، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغىنىدەك ، [مىرزا ئەبابەكرىنىڭ ئوغلى] جەھانگىر مىرزىنى باشباشتاق كىشىلەر ئۆلتۈردى ، ئۆلتۈرگۈچى ھېچ مەلۇم بولمىدى . خەدىچە سۇلتان خانىم ئۇنىڭدىن قېلىپ تاكى مۇشۇ ۋاقىتقىچە خاننىڭ مېھرىبانلىق ھۇجرىسىدا تۇرۇۋاتاتتى ، شۇڭا بۇ ئىككى تويىنى بىراقلا ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولدى . ئوردا خادىملىرى ۋە ئالەمپاناھ بارگاھىنىڭ مۇلازىملىرى تويىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىۋەتتى . بۇ تويدا ئەمىرلەر ئارىسىدا تولا گەپ - سۆزلەر بولدى ، شۇڭا قەدىمىي رەسىم - قائىدىلىرى

بويىچە ھەممە مەنسەپ ئىگىلىرىگە ئۆز مەرتىۋىلىرىگە لايىق ئورۇن ۋە ئىززەت ـ ئىكراملار تەيىنلەندى . نەزم :

ۋىساقى مۇدەۋۋەر مىسالى سىپىھر ،
سىپىھرىكى پۇرماھۇ ناھىدۇ مىھر .
ئىچى ـ تاشى ئالتۇن ـ كۈمۈش بىرلە غەرق ،
مۇرەسسەئ جەۋاھىر بىلە تا بەفەرق .

ئالىي مەتىۋىلىك ئەمىرلەر ، شىجائەت نىشانلىق سەردارلار ۋە پەلەكتەك ئىقتىدارلىق خاقانلار يىغىلىپ بەزمە تۈزدى . نەزم :

تۈزەلدى ئەجەب بەزمى فەرخۇندە پەي ،
ھەمە شادكام ئەيلەبان نۇشى مەي .
بولۇپ ئەيش بىرلە ھەمە كامكار ،
كى ئىلكىدە پەيمانە ، ياندا يار .

كېچىلىرى ئالاھىدە زاتلار ۋە خاس ئەرbablar شۇنداق مەخسۇس بەزمىلەردە بولاتتىكى ، ئۇ بەزمىنىڭ زوق ـ شوخىدىن پەلەك ئايۋانى ئۈستىدە زۆھرە يۇلتۇزىمۇ ئۇسسۇلغا چۈشەتتى ، ئاسمان كۈنگۈرىسىدە نۇرلۇق ئايمۇ ئۇ بەزمىنى تاماشا قىلىپ ھەيران قالاتتى .ئۇلار تاتلىق قىلىقلىق ساقىيلار قولىدىن ئاچچىق شارابلارنى گويا تاتلىق شەربەتنى ئىچكەندەك ئىچىپ ، فەرھاد كەبى بىھۇش بولۇشۇپ بىر ـ بىرلىرىنىڭ ئاياغلىرىغا باش قويۇشاتتى . نەزم :

ھەۋا بولدى بۇ دەۋردىن ئابنۇس ،
زەمىن دىلبەر ئاغزى كەبى جايى بۇس .
جەھاندارى ساھىبقىران كامران ،
بولۇپ ئەبرى باران كەبى زەر فىشان .
زەرۇ گەۋھەرۇ جامەۋۇ شاھۋار ،

ئەتا قىلدى ھەددىن فۇزۇن، بىشۇمار.
نەچە كۈن بۇ رەڭ تۈزدى بەزمى شەھى،
كى ھەر كۈندە بىر گەنجىن ئەتتى تەھى.

نەچچە مۇددەت ئاشۇنداق ئەيش - پاراغەت بىلەن بەزمە تۈزۈشتى، نەچچە كۈندىن كېيىن خۇتبە سەرەمجانلىرى تەييار بولدى، ئاندىن بىر ئالىي مەجلىس تۈزۈلدى. بۇ مەجلىسكە ئۇلۇغ ئەكابىرلار، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئەربابلار، دۆلەت ئەركانلىرى ۋە سەلتەنەت كاتتىلىرىنىڭ ھەممىسى ھازىر بولدى. ئالدى بىلەن ئىپپەت داستىخىنىدىكى نېمەتنى، يەنى تاغامنىڭ قىزىنى ئەمىن خاجە سۇلتانغا ئەقدى نىكاھ قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پاكلىق ئاسمىنىنىڭ قۇياشى، ئىپپەت ۋە بۈيۈكلۈك مەملىكىتىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغۇچى، يەنى پەقىرنىڭ ھاممامنىڭ قىزى، خاننىڭ ئاتا بىر، ئانىمۇ بىر سىڭلىسى خەدىچە سۇلتان خانىمنى شاھمۇھەممەد سۇلتانغا ئەقدى نىكاھ قىلدى. خانلىق سەدىپىنىڭ بۇ ئىككى بۈيۈك مەرۋايىتىنى، خاقانلىق كانىنىڭ بۇ ئىككى گۆھىرىنى نىكاھ رىشتىسىگە تىزدى. ئۇلۇغ ئەكابىرلار، ئەزىز ئەربابلار ياخشى تىلەكلەر بىلەن بىراقلا دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، «فاتىھە» ۋە «ئىخلاس»نى راستچىل تىللىرى بىلەن ئادا قىلدى. ئۇلۇغ ئاياللار ۋە كەرەملىك خاتۇنلار تويلۇق سوۋغات ۋە لاۋازىماتلارنى تەقدىم قىلىش يوسۇنلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشتى.

شۇ كۈنلەردە پەقىر بىر ئىمارەت بىنا قىلدۇرغانىدىم. ئۇ ئىمارەتنى ياساش، زىننەتلەشتە ئىمكانىيەتنىڭ يار بېرىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنىدىم. شائىرلار ۋە پەزىلەت ئەھلىلىرى ئۇ ئىمارەتنىڭ قۇرۇلۇش تارىخىنى نەچچە خىل سۈرەتتە ئىپادە قىلىشقانىدى. ئۇ تارىخلاردىن مۇشۇ بىرى يادىمدا قېلىپتۇ:

**رۇبائىي:**

ئىن خانەكى مىدەھەد زى فىردەۋس خەبەر،
دەر رۇيى زەمىن مىسالى ئۇ نىست دىگەر.

تەئرىخى بەنايى ئىن خۇجەستە مەنزىل ،
ھەردۇ شۇدە «بادەۋلەتى مىرزا ھەيدەر »[1] .

(پىردەۋس جەننىتىدىن خەۋەر بەرگۇچى بۇ قەسىرنىڭ يەر يۈزىدە يەنە باشقا مىسالى يوقتۇر .
بۇ مۇبارەك مەنزىلنىڭ بىنا قىلىنىش تارىخى شۇكى ، ھەر ئىككىسى مىرزا ھەيدەرنىڭ دۆلەتمەنلىكىدىن بولغاندۇر . )

بۇ [ئىككى] توي ھەققىدىمۇ شائىرلار تارىخلارنى ئېيتقانىدى ، بىراق ئېسىمدە قالماپتۇ .

## ئاتمىش تۆتىنچى باب

# خان بىلەن مىرزاخاننىڭ ئوتتۇرىسىدا جېدەل ـ ماجىرا يۈز بەرگەنلىكى ، شۇ قىشتىن كېيىنـ كى يازدا خاننىڭ بەدەخشانغا لەشكەر تارتقانلىقىنىڭ بايانى

بىلمەك كېرەككى ، خاننىڭ بەدەخشانغا لەشكەر تارتىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى : يۇقىرىدا مىرزا ئەبابەكرنىڭ ۋەقەلىرى بايانىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ، مىرزا ئەبابەكر خۇسرەۋ شاھنىڭ ئاخىرقى زامانلىرىدا بەدەخشان ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ بېرىپ ، بەدەخشاننىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى ھەزارەلەردىن

[1] «بادەۋلەتى مىرزا ھەيدەر » (بادولت ميرزا حيدر ) دېگەن سۆزلەردىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنگەندە ، ھىجرىيە 923 ـ يىلى (مىلادىيە 1517 ـ يىلى ) غا توغرا كېلىدۇ .

سارىغچوپان ، غۇند ، پەرۋاز ، يەسار[1] ، سەرھ[2] ، [شۇە] شىغنان قاتارلىق جايلارنى قولغا كىرگۈزگەندى ، خۇسرەۋ شاھ بۇ ھەقتە بىرەر پىكىر - تەدبىر قىلغۇچە ئارىدا شاھبېكخان باستۇرۇپ كەلدى . شاھبېكخان خۇسرەۋ شاھنىڭ مەملىكىتىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن مىرزاخان ئۆزبېكلەرنىڭ ئەندىشىسى بىلەن ھەيران بولۇپ يۈرەتتى ، ئۇ مىرزا ئەبابەكرنىڭ تەۋەلىكىگە زادىلا چېقىلالمايتتى . شۇڭا ، بۇ چاغدا تەڭگىبالادىن تاكى سارىغچوپانغىچە بولغان جايلار كاشغەر دىۋانى (ھۆكۈمىتى ، مەھكىمىسى )غا تەۋە بولغانىدى . نەزم :

چۇ دۇشمەنگە دۇشمەن بولۇر مۇشتەغىل ،
ساڭا دوست ئىلە يەتكەي ئارامى دىل .

دېگەندەك ، مىرزاخان ئۆزبېكنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن قالغانلىقتىن ، ئون ئىككى يىل مۇددەتتىن بېرى تەڭگىبالادىن سارىغچوپانغىچە بولغان جايلار بەدەخشاننىڭ تەۋەلىكىدىن چىقىپ ، كاشغەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەۋە بولۇپ كېلىۋاتاتتى . خان كاشغەرنى ئىشغال قىلغاندا ئۇ ۋىلايەتنىمۇ كاشغەر مەملىكىتى قاتارىدا ئەمىرلەرگە تەقسىم قىلىپ بەردى . يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن مىر مۇھەممەد بەگنى ئۇ ۋىلايەتكە نامزات قىلىپ بەلگىلىدى . ئەمما ، بەدەخشاننىڭ ھەزارەلىرىدىن بىر ھەزارە بولغان ۋەخان «مىرزاخانغا تەۋە بولساق» دەپ ئەرز قىلىشتى ، مىرزاخانمۇ ھېچبىر ئويلىشىپ ئولتۇرمايلا ئۇ ۋىلايەتكە ئىگىدارچىلىق قىلدى . مىرزاخاننىڭ مۇددىئاسى مۇنداق ئىدى : بۇ ۋىلايەت ئەسلىدە بەدەخشاننىڭ تەۋەلىكىدە ،مۇشۇ ھەزارەلەرنىڭ ھەممىسى ئومۇملاشتۇرۇپ بەدەخشان دەپ ئاتىلىدۇ . مىرزا ئەبابەكر بۇ ۋىلايەتنى زورلۇق بىلەن ناھەق ئىگىلىۋالغان . ئەمدى مىرزا ئەبابەكرنىڭ

[1] يەسار — خەنزۇچە نەشرىدە «يارخ» (Yarkh) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .
[2] سەرھ — خەنزۇچە نەشرىدە «پاسار» (Pasar) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .

ئىشى بىر تەرەپ بولدى ، شۇڭا بۇ ۋىلايەتمۇ ئۆز ئەسلىگە ياندى ، مىسرا :

ھەممە نەرسە يانار ئۆز ئەسلىگە .

خاننىڭ سۆزى مۇنداق ئىدى : مىرزا ئەبابەكرىنىڭ كۈچلۈك چاڭگىلى تۇپەيلىدىن بۇ ۋىلايەت ئەسلىي رىشتىسىدىن ئۈزۈلۈپ ، كاشغەرنىڭ دىۋانىغا قوشۇلغانىدى . مۇتلەق پادىشاھ بولغان ھەزرىتى تەڭرى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇق ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن مىرزا ئەبابەكرگە تەئەللۇق مەملىكەتلەرنى شەمشەر زەربىسىنىڭ ۋە باتۇر شىرمەردلەرنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن بىزنىڭ تەختى تەسەررۇپىمىزغا كىرگۈزدى . ئەگەر سەن ھامامىنىڭ ئوغلى ۋە قېرىنداشلىق ئەدەپ ـ قائىدىسىنى ساقلاپ بۇ ۋىلايەتنى ئىگىلىمەكچى بولساڭ ، ئالدى بىلەن كاشغەرنى ئىشغال قىلغانلىقىمنى مۇبارەكلەپ كىشى ئەۋەتىشىڭ كېرەك ئىدى . ئاندىن : «مېنىڭ ئاجىزلىقىم ۋە مىرزا ئەبابەكرىنىڭ غالىبلىقى تۇپەيلىدىن بەدەخشانغا تەئەللۇق بولغان بۇ ۋىلايەت بەدەخشاندىن ئايرىلىپ كاشغەر دىۋانىغا قوشۇلغانىدى . ئەمدى ئۇ ئەزىز قېرىندىشىمنىڭ مەرھەمەت ۋە ئىنايىتىدىن ئىلتىماسىم شۇكى ، قەدىمدىن بەدەخشانغا تەۋە بولغان شۇ ۋىلايەتنى ماڭا ئىلتىپات قىلغايلا ...» دەپ ئىلتىماس قىلىشىڭ لازىم ئىدى . ئەگەر سەن مۇشۇ يوسۇندا ئادىمىيلىك ۋە ئەدەپ ـ قائىدىلىك يولنى تۇتقان بولساڭ ئىدى ، قېرىنداشلىق يۈز ـ خاتىرىسىدىن ئۇ ۋىلايەتنى ئەلۋەتتە ساڭا بەرگەن بولاتتىم . مەن ئىشغالىيەت قولۇپىنى جاھاننى ئاچقۇچى تىغ ئاچقۇچلىرى بىلەن ئاچقان مەملىكەتنى سېنىڭ بۇنداق يولسىزلارچە ئىگىلىشىڭ رەسىم ـ قائىدىدىن تاشقىرىغا چىققىنىڭ ، ئۇچىغا چىققان ئەدەپسىزلىكىڭ ئەمەسمۇ !

بۇنداق سۆزلەر ئىككى تەرەپتىن نەچچە نۆۋەت ئارىغا چۈشتى . ئاخىر ئىش شۇ يەرگە بېرىپ يەتتىكى ، شۇ يىلى يازدا خان

بەدەخشان ئۈستىگە ئاتلاندى . مىرزا ئەبابەكرىنىڭ بىر ئوغلىنى خان ئۆز ئوغلى ئورنىدا پەرۋىش قىلىۋاتاتتى ، بۇ سەپەر مەزگىلىدە ئۇ قېچىپ كەتتى . خالايىق ئاغزىدا : «مىرزا ئەبابەكرىنىڭ ئوغلى سۆيۈنچەكخان قېشىغا كېتىپتۇ . ئۇنىڭ غەرىزى خاننىڭ بەدەخشانغا ئاتلانغانلىقىنى سۆيۈنچەكخانغا بىلدۈرۈپ ، ئۇنى كاشغەرگە كېلىشكە دالالەت قىلىش ئىمىش» دېگەن گەپ - سۆزلەر تارقالدى ، بۇ سۆزلەر خەلق ئارىسىدا خېلى كەڭ تارقىلىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن خان مېنى بۇ قېتىمقى سەپەردىن توختىتىپ قويۇپ كەتتى . پەقىر كاشغەردە قېلىپ بۇ چېگرانىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى تۇتۇشقا مەشغۇل بولدۇم . مىرزا ئەبابەكرىنىڭ ئوغلىنى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بارغانلار تۇتۇپ ئۆلتۈردى .

خان بەدەخشانغىچە بېرىپ ئۇ چېگرىغا قاتتىق زىلزىلە سالدى ، مىرزاخان ئاجىز ۋە ئىزتىراپلىق ھالەتكە چۈشۈپ قەلئەئى زەفەرگە بېكىندى . ئۇ قىلغان نالايىق ئىشى ئۈچۈن ھەسرەت بارماقلىرىنى نادامەت چىشلىرى بىلەن چىشلىمەكتە ئىدى . خان مىرزاخاننىڭ ئۆزىگە ۋە مەملىكىتىگە قاتتىق تەگلىك ۋە مۇشكۇلچىلىك يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا رەھمى كەلدى ، شۇڭا پەقەت كىچىكلىك مېھىر - شەپقەت تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا ھېچقانداق دەخلى - تەرۇز يەتكۈزمەي ياندى . شۇنىڭدىن كېيىن مىرزاخان ئۆزىنى چاغلىدى ۋە ئۆز ئەندىزىسىنىڭ سىرتىغا قەدەم قويمىدى . شۇ ۋاقىتتىن تاكى ھازىرغىچە ئۇ ۋىلايەت كاشغەر دىۋانىغا تەۋە بولۇۋاتىدۇ .

بۇ ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدا بىر قىسىم رەزىل ئادەملەر تۈپەيلىدىن سوغۇقچىلىق ۋە كىر - غۇبارلار پەيدا بولدى . شۇ ۋاقىتتىن تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بۇ ئىككىيلەن ئارىسىدا بېرىش - كېلىش ئادەتتىكىچىلا قىلىندى . چۈنكى ، ساق ۋە قىزغىن قەدىمىي ئالاقىلەرگە بۇ داغ پەيدا بولغاندىن كېيىن بۇ سوغۇقچىلىقنىڭ تەسىرى تولۇق كەتمىدى . ئەمما ، مىرزاخانغىمۇ ، خانغىمۇ ئۇ ۋىلايەت ئاخىر ۋاپا قىلمىدى . نەزم :

بۇ جەھاندۇر مىسالى مۇردارى ،
ئاندا قۇشلار ئېرۇر ھەزار ـ ھەزار .
تالاشىپ بۇ ئاڭا سالۇر چاڭگال ،
رەشك ئېتىپ ئول مۇڭا ئۇرار مىنقار .
ئاخىر ئول قۇش ھەمە كېتەر بىر ـ بىر ،
ھەممەسىدىن قالدۇركى بۇ مۇردار .

قىسقىسى ، خان بەدەخشاندىن تولۇق ئىززەت ۋە ئۇلۇغلۇق بىلەن ياندى ، ئولجا ـ غەنىيمەتلەر بىلەن پايتەخت ياركەندكە ساق ـ سالامەت كېلىپ ئەيش ـ ئىشرەت ۋە بەزمە ـ سۆھبەتكە مەشغۇل بولدى .

## ئاتمىش بەشىنچى باب

# سۇلتان سەئىدخاننىڭ مەنسۇرخان بىلەن ئىككىنچى نۆۋەت كۆرۈشكەنلىكى

بىلمەك كېرەككى ، مەنسۇرخاندا ھامىمىسى دەۋلەتسۇلتان خانىمغا خىزمەت قىلىپ ، ئاتىسىدىن جۇدا بولغانلىق دەرد ـ ئەلەملىرىگە ئۇنىڭ مۇبارەك دىدارى ئارقىلىق شىپالىق تېپىش زوق ـ ئىشتىياقى كۆچەيدى ، خانمۇ بۇ مۇددىئاسىنى قوبۇل قىلدى . ئۇلار ئالدىنقى قېتىم كۆرۈشكەن ئورۇندا ، ئاشۇ قېتىمقىدەك يوسۇندا ئۇچراشتى ۋە يېڭى ئەھدۇپەيمانلارنى قىلىشىپ ، مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئالاقىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ ، شۇ يەردىن ھەرقايسىسى ئۆز پايتەختلىرىگە ياندى .

بۇ ۋەقە بولغاندا تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 926 ـ يىلى[1] بولغانىدى، شۇنىڭدىن تاكى تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 928 ـ يىلى[2] بولغۇچە خاننىڭ مۇبارەك تۇرمۇشى ۋە خالايىقنىڭ ئەھۋالى ئەلا دەرىجىدىكى پاراغەت ۋە مەمۇرچىلىق ئىچىدە ئۆتتى. بۇ ئۈچ يىل ئىچىدە بۇ كىتابقا يازغۇدەك ۋەقە كۆرۈلمىدى.

## ئاتمىش ئالتىنچى باب

# بابۇر پادىشاھنىڭ [كابۇلغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى] ۋەقەلەر، [ئۇنىڭ ئىنىسى سۇلتان ناسىر مىرزىنىڭ ئۆلۈمى ۋە ئەمىرلەر بىلەن بابۇر پادىشاھنىڭ ئارىسىدىكى ئارازىلىقلارنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ[3]] بايانى

ۋاقتىكى، بابۇر پادىشاھ كابۇلغا ئۆتۈپ كەتتى ۋە ئىنىسى سۇلتان ناسىر مىرزا ۋاپات بولدى، ئەمىرلەر بابۇر پادشاھ بىلەن قارشىلاشتى. بۇ ۋەقەلەر يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ پادشاھ قۇندۇزدىن كابۇلغا ئۆتۈپ كەتتى ۋە ئىنىسى سۇلتان ناسىر مىرزا كابۇلنى بويسۇندۇردى، دېگەن يەرگە يەتكەنىدى. تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 920 ـ يىلى[4] بولغانىدى، سۇلتان ناسىر مىرزا مەينى

---

① ھىجرىيە 926 ـ يىلى مىلادىيە 1519 — 1520 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
② ھىجرىيە 928 ـ يىلى مىلادىيە 1521 — 1522 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
③ خەنزۇچە نەشرىگە ئاساسەن تولۇقلاندى (مۇھەررىردىن).
④ ھىجرىيە 920 ـ يىلى مىلادىيە 1514 — 1515 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ۋاقىت موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ نۇسخىسىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. باشقا نۇسخىلاردا 921 ـ يىلى دېيىلگەن، بۇ مىلادىيە 1515 — 1516 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

كۆپ ئىچىۋەرگەنلىكتىن كېسەلگە دۇچار بولۇپ، ئاز مۇددەتتىن كېيىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى، ئۇ ھال تىلى بىلەن بۇ ماقالىنى ئېيتتى:

**نەزم:**

مەي خۇماردىن قاچانكىم كۆڭلۇمە يەتسە ئەلەم،
نۇش ئېتەي مەي ئانچەكىم، قىلسۇن ۋۇجۇدۇمنى ئەدەم.

غەزنەين [غەزنە] ناسىر مىرزىدىن قالدى. ئەمىرلەر ئارىسىدا شۇ دەرىجىدە نىزا ۋە قارشىلىق پەيدا بولدىكى، نەيزە ـ شەمشەرگە قول سۇنۇشقۇچە بېرىپ يەتتى. پادىشاھنىڭ مۇلازىمىتىدە قالغان موغۇل ئەمىرلىرى ھەممىسى ياغى (دۈشمەن) بولدى. مەسىلەن، مىر شىرەم پادىشاھنىڭ تاغىسى ئىدى[1] ۋە ھەممە ئۆمرىنى پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇنىڭ ئىنىسى مىر مەزىد جەكە، قۇلنەزەر، چاغاتايىيلار ئەمىرلىرى ۋە تاجىك ئەمىرلىرىدىن بىر نەچچە ئەمىر، مەۋلانا [بابا] بەشاغەرى ھەمدە ئۇنىڭ قېرىنداشى بابا شەيخ قاتارلىقلار. مەۋلانا بابا بەشاغەرى سەمەرقەندنىڭ بەشاغەر قەلئەسىدىن ئىدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا شۇ قەدەر مەرھەمەت قىلغانىدىكى، پادىشاھ ماۋەرائۇننەھرنى ئىشغال قىلغان چاغدا سەمەرقەند، ئۆرەتۆپە ۋە كوھىستان ھۆكۈمىتىنى مەۋلانا بابا بەشاغەرىگە ئىنئام قىلغانىدى. يەنە ئەھۋالى يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان مىر ئەھمەد قاسىم ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى كاتتا بەگ — بۇلارنىڭ بىرى تاشكەند ھاكىمى، يەنە بىرى سايرام ھاكىمى

① موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قولىيازمىسىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، پارسچە بىرىنچى، ئىككىنچى نۇسخىلاردا ۋە تېھران نەشرىدە «تاغايى ۋالىدەئى پادشاھ بۇد» (پادىشاھنىڭ ئانىسىنىڭ تاغىسى) دېيىلگەن. مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدىمۇ «پادىشاھنىڭ ئانىسىنىڭ تاغىسى ئىدى» دېيىلگەن.

ئىدى ۋە مەقسۇدئەلى گۆرگ[1] ، سۇلتانئەلى[2] ، چوناق ۋە باشقىلار . بۇلار ھەممىسى مۆتىۋەر ئەمىرلەر ۋە ئىشەنچ قىلىنغان سەردارلار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ مېڭە پەردىلىرى ئىچىدە شەيتان ئورۇنلاشتى ، ساغلام ئەقلى ئورنىغا پەس ۋە ناچار تەبىئەتنىڭ مەھسۇلى بولغان تەكەببۇرلۇق ، مەغرۇرلۇق ، يامانلىق يەرلەشتى ، شۇڭا ئۇلار ئىسيان ۋە توپىلاڭ قىلىش يولىنى تۇتۇپ ، مىر ئەييۇبتىن قالغان تەۋقى لەنەت (لەنەت ھالقىسى)نى بويۇنلىرىغا سالدى .

قىسقىسى ، بۇ ئەمىرلەر پادىشاھتىن يۈز ئۆرۈپ بىر نەچچە نۆۋەت ئۇرۇش ۋە پاراكەندىچىلىكلەر بولدى . ئاخىر ئۇلار بىلەن پادىشاھنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بەردى . ئىككى سەپ لەشكىرى ئۇچرىشىدىغان چاغدا ، ئەمىر قاسىم قاۋچىنىنىڭ ئوغلى ئەمىر قەنبەرئەلى قۇندۇزدىن نۇرغۇن جەڭگىۋار لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى . شۇنداق قىلىپ ياغى بولغانلار يېڭىلدى ، «ھەقىقەت ئېگىلىدۇ ، سۇنمايدۇ ، ناھەقلىق ئېگىلمەيدۇ ، سۇنىدۇ» دېگەن ماقالىدىكىدەك بولدى .

دېمەك ، ئۇ ياغىلارنىڭ بەزىلىرى تۇتقۇن بولۇپ جازالىرىنى تارتتى ، بەزىلىرى شەرمەندىلىك ۋە خارۇزارلىق بىلەن قېچىپ كاشغەرگە كەلدى . شۇلاردىن بىرى مىر شىرەم بولۇپ ، خان مەنسۇرخان بىلەن بىرىنچى قېتىم ئۇچراشقاندىن كېيىن ئۇ بالا - چاقىلىرى بىلەن خاننىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ خىجالەتچىلىك ۋە ئازابلىنىش ئىچىدە يۈردى . مىر مەزىد بولسا مەئىشەت جەھەتتە قىسىلغانلىقتىن ، ئۇلجا - غەنىيمەت ئۈمىدىدە تىبەتكە باردى ۋە ئۇ يەردە بېشىغا تاش تېگىپ ئۆلدى . مىر شىرەمۇ خىجالەتچىلىك تۈپەيلىدىن خاننىڭ ھۇزۇرىدا تۇرالماي ، يەنە پادىشاھنىڭ ئالدىغا يېنىپ باردى . لېكىن ، پادىشاھ مۇرۇۋۋەتلىك ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق

① مەقسۇدئەلى گۆرگ — خەنزۇچە نەشرىدە «مەقسۇد كەرەك» (Maksud Karak) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .

② باشقا نۇسخىلاردا «سۇلتانقۇلى» دېيىلگەن .

بولغاچقا، ئۇنىڭ نالايىق ئىشلىرىغا غەزەپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئىلگىرى كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنىڭ ھەققى ئۈچۈن ئۇنىڭغا شەپقەت ۋە ئىنايەت نەزەرلىرىنى سېلىپ ئىززەت ۋە ئىكرام بىلەن كۆرۈشتى. نەزم:

ئەيكى دەرماندەلەرى پەناھىسەن،
جۇرم ئېلىنىڭكى ئۇزرخاھىسەن.

ئۇ مىر شىرەمۇ ئاشۇ كۈنلەردە باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. پادىشاھ كابۇلدا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن قەندەھارغا يۈرۈش قىلدى. قەندەھار يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، زۇننۇن ئارغۇننىڭ ئوغلى شاھبەگنىڭ قولىدا ئىدى، قەندەھار مۇھاسىرە قىلىندى. شاھبەگ ئاخىر قەندەھاردىن قېچىپ سۇۋى تەرەپكە بېرىپ تەتتە[①]، [ئۇچە] ۋە بەكەرەنى ئالدى. ئۇنىڭ ئەھۋالى ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىنغۇسى.

پادىشاھ قەندەھاردىن ھىندىستانغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئۇ يەردە نەچچە قېتىم ئۇرۇش ۋە تالاشلارنى قىلىپ ياندى. ئۇ ۋاقىتتا ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ ئوغلى ئىبراھىم سۇلتان ھىندىستانغا پادىشاھ ئىدى. پادىشاھ ئاخىر پانىپەت دېگەن يەردە ئۇنىڭغا قارشى سەپ تۈزدى. ئىبراھىم سۇلتاننىڭ لەشكىرى بىرلەك (يۈز مىڭ) تىن ئارتۇقراق ئىدى، پادىشاھ ئون مىڭ لەشكەر بىلەن ئىبراھىم سۇلتاننى يەڭدى. بۇ غەلىبىدە پادىشاھ لەشكەرلىرىنىڭ قولىغا شۇ قەدەر كۆپ خەزىنىلەر چۈشتىكى، رۇمدىن تاكى خىتايغىچە بولغان پۈتكۈل ئالەم ئۇ خەزىنىدىن بەھرىمەن بولدى. بۇ نەپىس ئالتۇن توقۇلمىلار، خىتاينىڭ زەرلىك ئەتلەسلىرى چىن مەملىكىتىدىمۇ

① بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا ۋە مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «تەببە» دېيىلگەن، پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «تەبتە» دېيىلگەن، تاشكەنت روسچە نەشرىدە «تەتتۇ» ئېلىنغان.

كەم تېپىلاتتى. بۇلار ھىندىستاندا ئۇلاغ - ئۇلاغلىرى بىلەن پادىشاھ لەشكەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشتى. بۇنىڭ تەپسىلاتى پات يېقىندا بايان قىلىنغۇسى.

## ئاتمىش يەتتىنچى باب

# قىرغىزلارنىڭ ۋە موغۇلىستاننىڭ تىزگىنلەنگەنلىكى، رەشىد سۇلتاننىڭ دەسلەپكى سەلتەنىتى ۋە ئۇنىڭ موغۇلىستانغا ئورۇنلاشقانلىقىنىڭ بايانى

تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 928 - يىلى[1] بولغانىدى، خان قىرغىزلارنى تولۇق تىزگىنلەش ئۈچۈن موغۇلىستانغا لەشكەر ئەۋەتىش رىجىسىنى تۈزدى، بۇ ئىشنىڭ بىرنەچچە سەۋەبى بار ئىدى. بىرىنچى سەۋەب شۇكى، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەنىدەك، تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 923 - يىلى[2] مۇھەممەد قىرغىز تۇتقۇن قىلىندى. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇ كۆچۈمخاننىڭ ئوغلى ئۇبەيدۇللاخاننى ئۇرۇشتا قولغا چۈشۈرۈپ، يەنە قويۇپ بېرىپ خانغا ناماقۇل ئۆزرىلەر ئېيتىپ كىشى ئەۋەتكەنىدى، خان شۇ سەۋەبتىن ئۇنى تۇتقانىدى. بەش يىلدىن بېرى ئۇ قاماقتا ئىدى. شۇڭا، قىرغىز تائىپىسى باشسىز قېلىپ، تۈركىستان، سايرام، ئەندىجان ۋە ئاخسى ۋىلايەتلىرىگە بېرىپ، مۇسۇلمانلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ ئالتوپىلاڭ سالماقتا ئىدى. گەرچە بۇ يەرلەر شەيبانىيلارغا

① ھىجرىيە 928 - يىلى مىلادىيە 1521 — 1522 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
② ھىجرىيە 923 - يىلى مىلادىيە 1517 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

تەۋە ، شەيبانىيلار خاننىڭ كونا دۈشمىنى بولسىمۇ ، لېكىن خان گۈزەل ئەخلاقلىق ۋە دىنپەرۋەر بولغانلىقتىن ، قىرغىزلارنىڭ بۇ ئىشلىرىغا دەرغەزەپ بولۇپ ، مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىدىن بۇ بالا ـ قازانى يوقىتىپ ، بۇ ئالەمدە ياخشى ئاتاق ، ئاخىرەتتە ساۋاب دەرىجىلەرنى ھاسىل قىلماقچى بولدى .
يەنە بىر سەۋەب شۇكى ، كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ، جان پىدالىقلىرى ۋە شجائەتلىكى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن خاجە ئەلى باھادىر ئۆزىنىڭ تۇغما تەبىئىتى تۈپەيلىدىن موغۇلىستانغا بەكمۇ مايىل ئىدى ، ئۇ ھەمىشە شەھەردىن نەپرەتلىنىپ موغۇلىستاننىڭ چۆل ۋە سەھرالىرىغا ئىنتىزار بولۇپ يۈرەتتى . خاننىڭ ئىنىسى خەلىل سۇلتاننىڭ ئوغلى بابا سۇلتاننى خاجە ئەلى باھادىر پەرۋىش قىلىپ تەربىيىلەپ كېلىۋاتاتتى ، ئۇ خانغا ئىلتىماس قىلىپ : «تەڭرىگە تەشەككۈركى ، موغۇل ئۇلۇسىنىڭ چارۋا ـ ماللىرى دۆلىتىڭىزنىڭ بەرىكىتىدىن كۆپىيىپ شۇ دەرىجىگە يەتتىكى ، كاشغەر مەملىكىتىنىڭ يايلاقلىرى ئۇنىڭغا تارلىق قىلىۋاتىدۇ . خالايىق يايلاق تالىشىپ جېدەل ـ ماجىرا قىلىۋاتىدۇ . ئەگەر يارلىق بېرىلسە ، پەقىر بەندىڭىز بابا سۇلتاننى ئېلىپ موغۇلىستانغا بارسام ، پۈتكۈل موغۇلىستاننى تىزگىنلەپ قىرغىزلارنىڭ ئىشىنى سەرەمجانلاشتۇرسام خالايىق يايلاق تەڭقىسلىقىدىن قۇتۇلاتتى ، مۇسۇلمانلار قىرغىزلارنىڭ ئاپىتىدىن ئارام تاپاتتى» دەپ ئەرزىنى تۈگەتتى .
خاجە ئەلى باھادىرنىڭ ئەرزى خاننىڭ رايىغا مۇۋاپىق چۈشتى ، خان بۇ ھەقتىكى مەسلىھەتنى بارلىق ئەمىرلەرنىڭ ئارىسىغا سالدى ، ئەمىرلەرمۇ سۆز ۋە مۇددىئا جەھەتتە خاجە ئەلى باھادىرنىڭ مەسلىھىتىنى بىردەك مۇۋاپىق كۆردى . لېكىن ، تاغام — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — ئارىدىن قوپۇپ مۇنداق ئەرز قىلدى : «ئەي ئالىي شەۋكەتلىك خان ، يۈكسەك مەرتىۋىلىك سۇلتان ، بۇ ئەسلىدە مۇۋاپىق مەسلىھەت بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ يەرگە بابا سۇلتاننى ئەۋەتىش مۇۋاپىق ئەمەس . چۈنكى ، ئەسلىدىلا موغۇل

ئۇلۇسىنىڭ موغۇلىستانغا بەكمۇ مەيلى بار . موغۇلىستان تىزگىنلەنگەندىن كېيىن بارلىق موغۇللار موغۇلىستانغا بېرىشقا تەقەززا بولىدۇ . بابا سۇلتان موغۇلىستانغا بارسا ، موغۇللارنى موغۇلىستانغا بېرىشتىن توسىساق ، بابا سۇلتاننىڭ كۆڭلى ئاغرىيدۇ . ئەگەر ئۇلارنى توسمىساق ، ھەممە موغۇل موغۇلىستانغا كېتىپ قالىدۇ . بۇ سەۋەبتىن ئارىغا سوغۇقچىلىق ۋە كۆڭۈلدە كىر - غۇبار پەيدا بولماي قالمايدۇ . لېكىن ، رەشىد سۇلتاننى موغۇلىستانغا ئەۋەتسەك ھېچقانداق ئەھۋال يۈز بەرمەيدۇ . چۈنكى ، رەشىد سۇلتان سىزنىڭ ئوغلىڭىزدۇر ، ئۇ قانچە كۈچەيگەن تەقدىردىمۇ سىزگە ئىتتىر كەلمەيدۇ . ئەگەر موغۇللارنىڭ موغۇلىستانغا بېرىشىنى چەكلىسىڭىز ، رەشىد سۇلتان ئىتتىر ئالمايدۇ ، ئىتتىر ئالغان تەقدىردىمۇ ھېچۋەقەسى يوق . چۈنكى ، ئۇ ئۆز پەرزەنتىڭىزدۇر .»

تاغام شۇنداق دەپ ھەممە ئەمىرلەرنىڭ رايىغا قارشى چىقىپ ، رەشىد سۇلتاننىڭ ئىشلىرىنىڭ راۋاجى ئۈچۈن بۇ ئەرزنى خانغا مەلۇم قىلدى . بۇ مەسلىھەت تېخى بىر يەرگە قارار تاپماي تۇرۇۋاتقاندى . خاجە ئەلى باھادىر شارابنى تولا ئىچكەنلىكتىن ، پۇتكۇل تومۇر ۋە پەيلىرى كۆيۈپ ۋاپات بولدى . ئاشۇ سەۋەبلەر بىلەن موغۇلىستاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى رەشىد سۇلتانغا تاپشۇرۇش قارار قىلىندى . ھالبۇكى ، ئاشۇ كۈنلەردە پەقىرنىڭ سەييىدلەر سەييىدى خاۋەندزادە مۇھەممەد ئەرھەڭنىڭ قىزىدىن بولغان سىڭلىم بابا سۇلتانغا نىكاھلاپ بېرىلگەندى . لېكىن ، تاغام كۈچلۈك دۆلەتپەرۋەرلىكى تۈپەيلىدىن ئۆز كۈيئوغلىنىڭ تەرىپىنى ئالماي ، بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى رەشىد سۇلتانغا مۇقەررەر قىلدى . بۇ سەۋەبتىن بابا سۇلتاننىڭ تاغامدىن كۆڭلى ناھايىتى ئاغرىدى . تاغام ئۇنىڭ كۆڭلى ئاغرىغىنىغىمۇ قارىماي ، رەشىد سۇلتاننىڭ راۋاجى ئۈچۈن ئەنە شۇنداق چارە - تەدبىرلەر بىلەن رەشىد سۇلتاننى شۇ دەرىجىگە يەتكۈزدىكى ، ئۇنىڭ تەپسىلاتى پات پۇرسەتتە زىكىر قىلىنغۇسىدۇر .

سۆز بۇ يەرگە يەتتى . ئەمدى گەپ ـ سۆزلەرنىڭ يوشۇرۇن ۋە چالا قالماسلىقى ئۈچۈن موغۇلىستاننىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىيرەك بايان قىلىش لازىم بولدى . چۈنكى ، موغۇلىستاننىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ھېچبىر كىتابتا يوق ، پەقەت ئانچە ـ مۇنچە تەخمىنىي بايانلارنى كەلتۈرۈپلا قويغان بولسا كېرەك . بەزى تارىخ كىتابلىرىدا موغۇلىستاننىڭ بەزى شەھەرلىرىنىڭ ئېتى بار ، ھېكىملەر ۋە ئالىملار «سۈۋەرى ئەقالىم» (جاھان ئىقلىملىرىنىڭ ئورۇنلىرى ) ۋە «تەئرىفى بۇلدان» (شەھەرلەرنىڭ تەرىپلىرى ) ناملىق كىتابلاردا قىسقىچە بايان قىلىنىپتۇ ، ئەمما ئۇلار موغۇلىستاننىڭ ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەرسىز بولسا كېرەك . ئۇلار ئۆز چۈشەنچىلىرىدە ھەقىقەتكە يېتىپ يازغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى پەقىر تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتىمەن .

## ئاتمىش سەككىزىنچى باب

# دىۋاننىڭ باشقۇرچىسى ، جاھاننىڭ يېگانىسى ھەزرىتى خاجە ئەلائىددىن مۇھەممەد [ئەتائۇل ـ مۇلك] جۇۋەينى موغۇلىستاننىڭ تەرىپلىرىنى «تارىخى جاھانگۇشاي»دا مۇنداق بايان قىلغانىكەن ، ئۆز ئەينى بويىچە بايان قىلىندى

«تارىخى جەھانگۇشاي» (جاھاننى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ تارىخى )دا شۇنداق بايان قىلىنىپتۇكى ، تاتارنىڭ تۇرغان ، چوڭ بولغان ۋە تۇغۇلغان يېرى تېرىقچىلىق قىلىنمايدىغان يەر ئىدى .
[خۇددى مۇنۇ ئايەتتە ئېيتىلغىنىدەك : «ئەي پەرۋەردىگارىمىز ،

ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمى (بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم هاجەر) نى ناماز ئوقۇسۇن (ساڭا ئىبادەت قىلسۇن) دەپ سېنىڭ هۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادى (يەنى مەككە)غا ئورۇنلاشتۇردۇم. پەرۋەردىگارىمىز، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن.»[1]] ئۇ يەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى، توغرىسى (كەڭلىكى) ۋە چۆگرىسى (ئايلانمىسى) يەتتە - سەككىز ئايلىق يولدۇر، شەرق تەرىپى خىتاي ۋىلايىتىگە تۇتىشىدۇ، غەرب تەرىپى ئۇيغۇر ۋىلايىتىدۇر. شىمال تەرىپى قاراقورۇم[2] ۋە سالىنگاي[3]غا تۇتاش، جەنۇب تەرىپى تاڭغۇت[4]قا تۇتاشتۇر.

بۇ تۆت تەرەپ چېگرا «[تارىخى] جەهانگۇشاي»دا يېزىلغان بولۇپ، هازىرقى زاماندا بۇلاردىن خىتاي ئېنىق ۋە مەلۇملۇق. ئۇيغۇر ۋىلايىتىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكى ۋە قايسى يەر ئىكەنلىكى هازىرقى كۈندە مەلۇم ئەمەس، ئۇنى هېچ كىشى بىلمەيدۇ. قاراقورۇم ۋە سالىنگايمۇ هازىر نامەلۇم، قاراقورۇم ۋە سالىنگاي ئاتلىق يەردىن هازىر هېچ نام - نىشان مەلۇم ئەمەس. تاڭغۇتنىڭ ئېتى موغۇل تارىخلىرىدا كۆپ زىكىر قىلىنغان بولۇپ، چىڭگىزخان دەسلەپكى ئىشغالىيەت يۈرۈشلىرىدە تاڭغۇتقا لەشكەر تارتىپ بېرىپتۇ. ئوكتاي (ئۆگەدەي) خاقانمۇ مەملىكەتلەرنى

---

① «قۇرئان كەرىم»، 14 - سۈرە ئىبراهىم، 37 - ئايەت.

② بۇ ئىسىم پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا ۋە مۇهەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «قاراقىر»، پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا ۋە تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «قاراقىز» دېيىلگەن. موللا مۇهەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان.

قاراقورۇم — هازىرقى موڭغۇلىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئورقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان.

③ سالىنگاي — يەنە سەلەڭگە، سېلىنگا دەپمۇ ئاتىلىدۇ، قاڭغاي تېغىنىڭ شىمالىدىن باشلىنىپ بايقال كۆلىگە قۇيۇلىدىغان موڭغۇلىيىدىكى ئەڭ چوڭ دەريا (مۇهەررىردىن).

④ تاڭغۇت — تانغۇت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. هازىرقى چىڭخەي، شىنزاڭ رايونىنى كۆرسىتىدۇ (مۇهەررىردىن).

ئىشغال قىلىش ئۈچۈن نەچچە يەرلەرگە كىشى ئەۋەتكەن ، شۇ يەرلەرنىڭ بىرى تاڭۇتتۇر . تارىخ كىتابلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن مەلۇمكى ، تاڭۇت ئۇلۇغ ۋىلايەت بولۇپ ، شۇ زاماندا ئۇ ۋىلايەتنىڭ شىدەرقۇ ئاتلىق پادىشاھى بولغانىكەن . كۆپ ئورۇنلاردا بايان قىلىنىشىچە ، شىدەرقۇنىڭ سەككىز يۈز مىڭ لەشكىرى بار ئىكەن . ئۇ ئۇلۇغ خاقانغا ، يەنى چىڭگىزخانغا ئەلچى ئەۋەتىپ : «پۈتكۈل تەۋەلىرىم ، ھەيۋەت ـ ھەشەمىتىم ۋە لەشكەرلىرىم بىلەن بىرىپ چىڭگىزخان بىلەن قوشۇلىمەن» دەپ قارار قىلىپتۇ ، ئەمما بىر ئايلىق مۆھلەت سوراپتۇ . بۇ ۋاقىتلاردا چىڭگىزخان ئاغرىق ئىدى ، شۇڭا ئۇ پەرزەنتلىرىگە ۋە ئەمىرلىرىگە ۋەسىيەت قىلىپ : «بۇ كۈنلەردە مەن ئۆلۈپ كېتىپ قالسام ، شىدەرقۇ كەلسە ئۇنى سىلەر تۇتۇۋالغۇچە مېنىڭ ئۆلۈمىمنى مەخپىي تۇتۇڭلار» دەپ تاپىلىدى . چىڭگىزخان ۋاپات بولدى . شىدەرقۇ سەككىز يۈز مىڭ لەشكىرى بىلەن كېلىپ چىڭگىزخاننىڭ لەشكىرىگە قوشۇلدى . ئاندىن شىدەرقۇنى لەشكەرلىرى بىلەن پاراكەندە قىلدى . بۇ نەقىل «مەجمەئۇت ـ تەۋارىخ»تىن ئېلىنغاندۇر . ئەمما ، بۇ زاماندا تاڭۇتنىڭ قەيەردە ، قايسى جايدا ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس ئىدى .

موغۇلىستاندا نەچچىلىگەن شەھەرلەر بولغانىكەن ، ئۇلارنىڭ ئاتلىرى مۆتىۋەر كىتابلاردا زىكىر قىلىنغان ، ئۇ شەھەرلەر تولا تەرىپلەنگەن . شۇلار جۈملىسىدىن بىرى بالاساغۇن شەھىرى[①]دۇر . «سۇۋەرەل ـ ئەقالىم» (ئىقلىملارنىڭ ئورۇنلىرى ) نامىلىق كىتابتا قاراختاي شەھەرلىرىدىن خانبالىق شەھىرى بايان قىلىنىپتۇ ۋە موغۇلىستان شەھەرلىرىدىن بالاساغۇننىڭ ئېتى زىكىر قىلىنىپتۇ ، باشقا شەھەرلەرنىڭ ئېتىنى ئاتىماپتۇ . مۆتىۋەر تارىخ كىتابلىرىدا كەلتۈرۈلۈشىچە ، بالاساغۇن ئەفراسىياب تۈرك تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان شەھەرلەردىن بىرى بولۇپ ، ناھايىتى كاتتا قىلىپ

① بالاساغۇن شەھىرى — بالاساغۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى توقماق شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى چۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن ) .

قۇرۇلغان، دېيىلىدۇ. «مەجمەئۇت ـ تەۋارىخ»تا شۇنداق نەقىل قىلىنىدۇكى، بالاساقۇن تاكى قاراختاي زامانىغىچە ئەفراسىياب نەسلىنىڭ قولىدا ئىدى. گۇرخان قاراختاي بالاساقۇننى ئەفراسىيابنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئىلىكخاندىن ئالدى ۋە ئۇنى پايتەخت قىلدى، بالاساقۇن تاكى توقسان بەش يىلغىچە قاراختاينىڭ پايتەختى بولدى. جەيھۇن دەرياسىنىڭ بۇ تەرىپىدىكى بارلىق شەرق مەملىكەتلىرىنىڭ باج ـ خىراجلىرى بالاساقۇنغا كېلەتتى. موغۇللار بالاساقۇننى «قاربالىغ» دەيدۇ. «سۇراھ لۇغەتى»نىڭ تۈزگۈچىسى «مۇلھاقاتۇس ـ سۇراھ» (سۇراھ لۇغەتىگە تولۇقلىما) ناملىق ئەسىرىدە: «ئاتام بالاساقۇننىڭ فازىل (ئالىم)لىرىدىن ئىدى»دەپ ئېيتقان. «مۇلھاقاتۇس ـ سۇراھ»تا ھەربىر شەھەردىكى فازىللارنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن. سەمەرقەندتە ئۇندىن ئازراق فازىللارنى ساناپ ئۆتكەن، ئەمما بالاساقۇندا شۇنچە كۆپ كاتتا زاتلار ۋە فازىللارنى بايان قىلغانكى، بىر شەھەردە، بىر دەۋردە شۇنچىۋالا كۆپ فازىلنىڭ بولغانلىقىنى ئەقىل قوبۇل قىلالماي قالىدۇ. ئەمما، ھازىرقى زاماندا بالاساقۇندىن ھېچ يەردە نام ـ نىشان يوق. «تارىخى مەجمەئۇل ـ ئەنساب» (بارلىق نەسەبلەرنىڭ تارىخى) ناملىق كىتابتا: «بالاساقۇننى موغۇللار ئالمالىق دەيدۇ» دېيىلگەن①. ئەمما، قاربالىغ ئاتلىق جاينىڭ بارلىقى ھېچ يەردە بىلىنمىدى.

كىتابلاردا ئەسكەرتىلگەن شەھەرلەردىن يەنە بىرى تىراز② دۇر. «موغۇللار تىرازنى ‹ياڭى› دەيدۇ» دەپ نەقىل كەلتۈرۈلگەن. موغۇلىستاندا «ياڭى» ئاتلىق يەر بار. ياڭى خەلقى ماۋەرائۇننەھردە ناھايىتى كۆپ، ئۇلارنى «ياڭالىغ» دېيىشىدۇ.

① بۇ بىر جۈملە «تارىخى رەشىدىي»نىڭ باشقا نۇسخىلىرىدا ئۇچرىمىدى. بۇ جۈملىدىكى «ئالمالىق»سۆزى كېيىنكى جۈملىدىكى مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن «قارابالىغ» بولۇشى كېرەك ئىدى، كۆچۈرگۈچىنىڭ سەۋەنلىكى بىلەن «ئالمالىق» دېگەن سۆزگە ئالمىشىپ قالغان بولسا كېرەك.

② تىراز — ھازىرقى قازاقىستان تەۋەسىدىكى جامبۇل تەۋەسىدە (مۇھەررىردىن).

ئەمما، «ياغى» دەپ ئاتالغان ئۇ باياۋاندا نەچچىلىگەن شەھەرلەرنىڭ ئىزنالىرى ساقلانغان بولۇپ، ئۇ يەردە گۈمبەز، مۇنار، خانىقاھ، مەدرىسلەرنىڭ ئىزنالىرى، بەلگىلىرى بار. بىراق، ئۇ [كونا] شەھەرلەر ئارىسىدا «ياغى» دېگەن شەھەرنىڭ قايسى ئىكەنلىكى ۋە قالغان شەھەرلەرنىڭ ئېتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس.

يەنە مەشھۇر شەھەرلەردىن بىرى ئالمالىغ[①] بولۇپ، هازىرقى كۈندىمۇ ئۇنىڭ ئورنى ئېنىق، تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ قەبرىسى شۇ يەردە. ئۇ يەردە ئاجايىپ بىر شەھەرنىڭ ئىزناسى بار. تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ گۈمبىزى ناهايىتى ئېگىز ياسالغان بولۇپ، كۆپ هۈنەرلەر ئىشلىتىلگەن، باشتىن - ئاياغقىچە كاھىشلانغان ۋە كىتابەلەر پۈتۈلگەن بولۇپ، بىر مىسراسى ئېسىمدە قېلىپتۇ. مىسرا:

«ئىن يادگار سىفەتى ئۇستاد شېئىرباف.»[②]

بۇ مەزمۇندىن مەلۇم بولىدۇكى، بۇ شېئىرنى يازغان ئۇستاز ئىراق زېمىنىدىن بولسا كېرەك. چۈنكى، ئىراق زېمىنىدا توقۇمىچى (باپكار)نى «شېئىرباف» دەيدۇ. ئېسىمگە كېلىشىچە، ئۇ ئىمارەتنىڭ تارىخىنى يەتتە يۈز ئاتمىشتىن[③] بىر نېمە زىيادە قىلىپ يېزىلغان.

موغۇلىستاندا شەھەرلەر ناهايىتى كۆپ. بەزى ئىمارەتلەر

---

① ئالمالىغ — چاغاتاي خان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى پايتەخت قىلغان جاي. ئورنى هازىرقى قورغاس ناهىيىسىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن).

② بۇ مىسرا موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. پارسچە بىرىنچى، ئىككىنچى نۇسخىلاردا ۋە تېھران نەشرىدە «ئىن بارگاھ سەنئەتى ئۇستاد شېئىرباف» (بۇ ئىمارەت توقۇمىچى ئۇستازنىڭ هۈنىرى) دېيىلگەن. مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «ئىن بارگاھ سىفەتى شېئىرباب» دېيىلگەن.

③ بۇ تارىخ موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە ۋە پارسچە بىرىنچى، ئىككىنچى نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، تاشكەنت رۇسچە نەشرىدىمۇ شۇنداق ئېلىنغان. مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «يەتتە يۈز ئاتمىش بىرىنچى» دېيىلگەن. هىجرىيە 760 - يىلى مىلادىيە 1358 — 1359 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

ناھايىتى كاتتا ۋە مۇستەھكەم ئىكەن، ئۇنىڭدىن نىشانىلەر ساقلىنىپتۇ. بەزى يەرلىرى ئۆز پېتى تۇرۇپتۇ، بەزىلىرى بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ. چۇ[1] دېگەن بىر ئورۇندىكى بىر يەردە بىر كاتتا شەھەرنىڭ خارابىسى بار. بىرقانچە يەردە مۇنارلار، گۈمبەزلەر ۋە مەدرىسلەر تۇرۇپتۇ. ئۇ شەھەرنىڭ ئېتىنى ھېچ كىشى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن موغۇللار ئۇنى «مۇنارە» دەپ ئاتاپتۇ. يەنە ئۇ يەردە بىر گۈمبەز بىلەن تاشتىن ياسالغان بىر لەۋھە بار، ئۇ لەۋھەگە نەسخ خېتى بىلەن مۇنداق سۆزلەرنى ئويۇپتۇ: «بۇ ئۇلۇغ ئىمام، ھەقىقەت ۋە كامالەت ئەھلىنىڭ پېشۋاسى، ئاقىللارنىڭ ۋە يېقىملىق نەقىلچىلەرنىڭ يېتەكچىسى، ئاساسىي ۋە تارماق ئىلىملەرنىڭ باشچىسى ئىمام مۇھەممەد فەقىھ بالاساغۇنىينىڭ مەقبەرىسىدۇر؛ بۇ كىشى يەتتە يۈز ئون بىرىنچى يىلى[2] ۋاپات بولغان. پۈتۈكچى: ئۆمەر خاجە ھەدداد (تۆمۈرچى)». چۇ دېگەن يەر موغۇلىستان تەۋەسى ئىچىدە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى بىر ئايلىق يول، ئۇنىڭ ئىچىدە بۇنىڭغا ئوخشاش شەھەرلەر ناھايىتى كۆپ.

يەنە موغۇلىستاندا «يۇمغان»[3] ئاتلىق مەشھۇر يەر بار، ئۇ يەردە بىر گۈمبەر بار، ئۇنىڭ يېرىمى ۋەيران بولۇپتۇ. بۇ گۈمبەزنىڭ كىتابەسىدە: «شاھ [جەلىل[4]] ئىبنى قۇسەم ئىبنى ئەبباس ...» (ئەبباس ئوغلى قۇسەمنىڭ پەرزەنتى شاھ جەلىل ...) دېگەن سۆزلەرلا ساقلىنىپ قېلىپتۇ، قالغان قىسمى ۋەيران بولۇپتۇ. بۇ گۈمبەز شۇ كىشىنىڭ مەقبەرىسىمۇ ياكى بۇ

---

① بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا، مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «جۇد» ئېلىنغان، پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «چۇد» دېيىلگەن.

② ھىجرىيە 711 ـ يىلى مىلادىيە 1311 — 1312 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

③ يۇمغان — خەنزۇچە نەشرىدە «يۇمغال» (Jumghal) دېيىلگەن. ئۇ ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى نارىن دەرياسى ۋادىسىدىكى بىر شەھەر بولسا كېرەك (مۇھەررىردىن).

④ بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قولىيازما نۇسخىسىدا يوق. پارسچە بىرىنچى، ئىككىنچى نۇسخىلاردا ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «خەلىل» دېيىلگەن.

سۆزلەر باشقا مۇناسىۋەت بىلەن يېزىلغانمۇ؟ بۇنى بىلگىلى بولمايدۇ ، تەخرى ئەڭ ياخشى بىلگۇچىدۇر .

پۇتكۇل موغۇلىستان ئىچىدە ئاشۇنىڭغا ئوخشاش خارابە ئىزلىرى ۋە بەلگىلىرى ناھايىتى كۆپ ، لېكىن بۇ شەھەرلەردىن ھېچقايىسىنىڭ ئېتى مەلۇم ئەمەس .

«مىفتاھ»نىڭ مۇئەللىپى مەۋلانا سەككاكىنىڭ قەبرىسى كاتتا گۇمبەز بولۇپ ، قول①نىڭ ئايىغىدىن چىقىپ كېلىدىغان [تىكە دەرياسى②نىڭ لېۋىگە جايلاشقان ، ئۇ يەردە ئاشۇ گۇمبەزدىن باشقا ھېچ نەرسىنىڭ ئىزناسى يوق . ئۇ يەر ئەسلىي شەھەر ئىدى ، شەھەر ۋەيران بولۇپ گۇمبەزدىن باشقا نەرسىدىن ئەسەر قالمىغانمۇ ياكى چاغاتايخان مەۋلانا سەككاكىنى ئۇ يەردە ئۆلتۈرۈپ قەبرىسى ئۈستىگە بۇ ئىمارەتنى سالدۇرغانمۇ؟ ئاللا ئۆزى بىلىدۇ . مەۋلانا سەككاكىنىڭ ھېكايىسى تارىخ كىتابلىرىدا زىكىر قىلىنغان .

موغۇلىستان چېگرىسى ئىچىدە قەدىمىي تارىخ كىتابلىرىدا زىكىر قىلىنغان نەرسىلەردىن مۇشۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسىنىڭ ئىز ـ دېرىكى يوق ، چۈنكى ئۇ ۋاقىتتىكى جايلارنىڭ ئېتىنى ھازىر ھېچ كىشى بىلمەيدۇ .

ھازىر موغۇلىستان دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ يەرنىڭ ئۇزۇنلۇقىمۇ ، توغرىسى (كەڭلىكى)مۇ يەتتە ـ سەككىز ئايلىق يولدۇر . ئۇنىڭ شەرق تەرىپى قالماق زېمىنى بىلەن تۇتاش بولۇپ ، ئۇ تەرەپنى بارسكۆل③ ، ئەمىل① ۋە ئەرتىش③ دەپ ئاتايدۇ؛ شىمال تەرىپى

---

① ھازىرقى ئىسسىقكۆلنى كۆرسىتىدىغان بولسا كېرەك (مۇھەررىردىن) .

② ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىدىن باشلىنىپ شەرققە قاراپ ئاقىدىغان تېكەس دەرياسى بولسا كېرەك (مۇھەررىردىن) .

③ بارسكۆل — ھازىرقى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ باركۆل ناھىيىسى تەۋەسى (مۇھەررىردىن) .

④ ئەمىل — ھازىرقى شىنجاڭدىن باشلىنىپ قازاقىستاندىكى ئالاكۆلگە قۇيۇلىدىغان ئەمىل دەرياسى (مۇھەررىردىن) .

⑤ ئەرتىش — ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىدىن شىمالغا ئېقىپ سىبىرىيە ئارقىلىق شىمالىي مۇز ئوكيانغا قۇيۇلىدۇ (مۇھەررىردىن) .

كۆكچە دېڭىز ، بومىلىش ۋە قاراتال[①]غا تۇتىشىدۇ ؛ غەرب تەرىپى تاشكەند ۋە تۈركىستاندۇر . جەنۇب تەرىپى فەرغانە ۋىلايىتى ، كاشغەر ، ئاقسۇ ، چالىش ۋە تۇرپانغا تۇتىشىدۇ . بۇ تۆت تەرەپ چېگرىدىن پەقىر جەنۇبىي چېگرىدىكى يەرلەرنىلا كۆردۈم . تاشكەندتىن ئەندىجانغىچە ئون كۈنلۈك يول ، ئەندىجاندىن ئاقسۇغىچە ئون بەش كۈنلۈك يول ، ئاقسۇدىن چالىشقىچە يىگىرمە كۈنلۈك يول ، چالىشتىن تۇرپانغىچە ئون كۈنلۈك يول ، تۇرپاندىن بارسكۆلگىچە ئون بەش كۈنلۈك يولدۇر . بارسكۆل موغۇلىستاننىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدۇر . ئۇنىڭ جەنۇب تەرەپتىكى چېگرىسى ئوتتۇرا هال مېڭىشتا ئۈچ ئايلىق يول بولۇپ ، توقسان مەنزىل بولىدۇ ، قالغان ئۈچ تەرەپ چېگرىسىنى پەقىر كۆرمىدىم . كۆرگەن خەلقلەرنىڭ بايانلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە ، ئۇ ئۈچ تەرەپ چېگرىنىڭ هەربىرى بۇ جەنۇب تەرەپ چېگرىدىن ئۇزۇن ئوخشايدۇ . بۇ هەممە زېمىن يەتتە ـ سەككىز ئايلىق يولدۇر . ئۇنىڭ تاغ ۋە سەھرالىرىنىڭ كۆپىنچىسى ناهايىتى پاكىز ۋە خۇش هاۋالىق . پەقىر ئۇنىڭ گۈزەللىكى ۋە ياخشىلىقلىرى هەققىدە هەرقانچە ئويلىغان بولساممۇ ، ئۇنى شەرھلەشكە سۆز يېتىشمىدى . ئۇنىڭ تاغ ۋە سەھرالىرىدىكى گۈللەر هەددۇهېسابتىن تاشقىرى بولۇپ ، ئۇ گۈللەرنىڭ ئىسمىنى هېچكىم بىلمەيدۇ ، بۇ گۈللەر موغۇلىستاندىن باشقا يەرلەردە يوق . ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم جايلىرىنىڭ ياز پەسلىدىكى هاۋاسى تولۇق مۆتىدىل ، شۇڭا بىرقات كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە يەنە كىيىم كىيىش خۇشياقمايدۇ . ئەمما ، بەزى جايلىرىنىڭ سوغۇقى مۆتىدىللىك چېكىدىن هالقىغان دەرىجىدە كۈچلۈك .

موغۇلىستاندا جەيهۇندەك ئۇلۇغ دەريالار كۆپ . مەسىلەن ، ئىلى ، ئەمىل ، ئەرتىش ، چۆپلەك ۋە نارىن قاتارلىقلار ، بۇ

---

① قاراتال — شەرقىي شىمال تەرەپتىن بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدىغان بىر دەريا (مۇھەررىردىن) .

دەريالارنىڭ جەيھۇن دەريالىرىدىن كەم يېرى يوقتۇر . بۇ دەريالارنىڭ كۆپىنچىسى كۆكچە دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ .

كۆكچە دېڭىز موغۇلىستان بىلەن ئۆزبېكىستان ئارىسىدا پاسىل بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر كۆل . ئۇ كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى سەككىز ئايلىق يول ، توغرىسى (كەڭلىكى) بەزى يەرلىرىنىڭ قىياسەن ئوتتۇز فەرسەڭ[1] دۇر . قىش كەلگەندە كۆكچە دېڭىزدا مۇز تۇتىدۇ ، ئۆزبېكلەر مۇز ئۈستىدىن تېزلىك بىلەن يۇرۇپ ئىككى كېچە - كۈندۈزدە موغۇلىستانغا ئۆتىدۇ . زېمىستان ئاخىرلىشاي دېگەندە ، يەنە ئاشۇنداق سۈرئەت بىلەن يۇرۇپ ئۆزبېكىستانغا كېتىدۇ . ئەمما ، زېمىستاننىڭ ئاخىرىدا ئۆتۈش خەتەرلىك ، چۈنكى بەزىدە مۇز سۇنۇپ يۈز ، ئىككى يۈز ئۆيلۈك كىشى مۇز ئاستىغا چۈشۈپ كېتىدۇ . كۆكچە دېڭىزنىڭ سۈيى تاتلىق ، شۇنچىۋالا دەريالار كۆكچە دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ ، ھېچ يەرگە ئايغى چىقمايدۇ . ئايغى چىقىدىغىنى بۇ كۆلگە قۇيۇلىدىغان نەچچىلىگەن دەريالاردىن پەقەت بىرىنىڭ سۈيىچىلىكلا بولۇپ ، ئۆزبېكىستانغا چىقىدۇ . ئۇنى «ئەتىل»[2] دەپ ئاتايدۇ ، ئۇنىڭ سۈيى قۇلزۇم[3]غا قۇيۇلىدۇ .

موغۇلىستاننىڭ ئاجايىباتلىرىدىن يەنە بىرى ئىسسىقكۆل[4] بولۇپ ، كۆكچە دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان سۇلارنىڭ مىقدارىچە سۇ ئىسسىقكۆلگىمۇ قۇيۇلىدۇ . بۇ ئىسسىقكۆلنىڭ دائىرىسى يىگىرمە كۈنلۈك يولدۇر . ئىسسىقكۆلنىڭ سۈيىنىڭ ھېچ يەرگە ئايغى چىقمايدۇ ، چۈنكى ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى تاغدۇر . ئىسسىقكۆلگە كىرىۋاتقان مۇشۇنچىۋالا سۇلارنىڭ ھەممىسى تاتلىق ۋە لەززەتلىك

---

① فەرسەڭ — «فەرسەخ»مۇ دېيىلىدۇ . ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى ، بىر فەرسەڭ 6.24 كىلومېتىرغا توغرا كېلىدۇ .

② ئەتىل — ھازىرقى رۇسىيىنىڭ ياۋروپا قىسمىدىكى دەريا ، ۋالداي ئېگىزلىكىدىن باشلىنىپ كاسپى دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ (مۇھەررىردىن) .

③ قۇلزۇم — ياۋروپا ،ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى كاسپى دېڭىزى بولسا كېرەك (مۇھەررىردىن) .

④ ئىسسىقكۆل — ھازىرقى قىرغىزىستان تەۋەسىدىكى تەڭرىتاغ ئارىسىدىكى كۆل (مۇھەررىردىن) .

سۇ بولسىمۇ ، كۆلگە كىرىش بىلەنلا شۇ دەرىجىدە ئاچچىق بولىدۇكى ، ئۇنىڭدا مۇتلەق تاھارەت ئالغىلى بولمايدۇ ، ئەگەر ئۇنىڭدىن كۆزگە ياكى ئېغىزغا بىرەر تامچە كىرىپ كەتسە ئېچىشتۇرىدۇ . لېكىن ، ئۇ سۇ ناھايىتى ساپ ۋە پاكىز بولۇپ ، ئۇنى چىنە ياكى كاسىغا ئالسا ، ئۇنىڭ ئەسلا دۇغى كۆرۈنمەيدۇ . ئۇنىڭ ئەتراپىدا ناھايىتى گۈزەل ۋە يېقىملىق دەل ـ دەرەخلەر ، گۈل ـ چېچەكلەر بەك كۆپ ، ئىنتايىن خۇش ھاۋالىق . تاغ ۋە سەھرالىرىدا كېيىكلەر ، رەڭگارەڭ قۇشلار ۋە ھەر خىل جانىۋارلار تولا ، موغۇلىستان ئىچىدە ئۇنىڭدەك خۇش ھاۋا جاي كەم .

لېكىن ، تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 916 ـ يىلى[1]دىن بۇيان قىرغىزلارنىڭ زىيان ـ زەخمىتى تۈپەيلىدىن ھېچبىر موغۇل موغۇلىستاندا تۇرالمىدى . يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ، تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 928 ـ يىلى[2] بولغاندا خاننىڭ ئالىي ھىرىسمەنلىكى ۋە ھىممىتى موغۇلىستاننى تىزگىنلەشكە ئىشلىتىلدى . تۆۋەندە تەپسىلاتى زىكىر قىلىنغۇسىدۇر .

## ئاتمىش توققۇزىنچى باب

# ئەسلىي ھېكايەتنىڭ داۋامى

بىلمەك كېرەككى ، خاننىڭ يۈكسەك ھىممىتى ۋە ئالىي ھېرىسمەنلىكى دائىم ئىككىلا سائادەتمەن كۆزلىرىنىڭ ئۇ دۇنيالىق ئالىي دەرىجىلەر بىلەن يورۇق ۋە بۇ ئالەملىك يۈكسەك مەرتىۋىلەر بىلەن روشەن بولۇشىنى مەقسەت قىلاتتى . ھەرقانداق كىشىدە

---

① ھىجرىيە 916 ـ يىلى مىلادىيە 1510 — 1511 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .
② ھىجرىيە 928 ـ يىلى مىلادىيە 1521 — 1522 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

يوكسەك تۇغما تەبىئەت ۋە مۇبارەك ئىرسىي قابىلىيەت بولسا، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ بىرى بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالمايدۇ. ھەر كىشى بۇ دۇنيادا ياخشى نام قالدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشسا، ئۇنىڭ شاراپىتى بىلەن ئۇ ئالەمنىڭ يۇقىرى دەرىجىسىنى كۆزلەيدۇ. بۇ ئىككى دۆلەت پۈتكۈل خالايىقنى ئادالەت بىلەن ئارام تاپقۇزۇش، توپىلاڭ ۋە بالا ـ قازالارنى غەزەپ ۋە سىياسەت بىلەن تەرتىپكە كىرگۈزۈش ئارقىلىق مۇيەسسەر بولغۇسى.

بۇ مۇقەددىمىدىن مەقسەت شۇكى، ئادالەت يوسۇنىدا ئۇلارغا كېيىل بولۇش خانىنىڭ زىممىسىدە بولغان بۇ خالايىقنىڭ مال ـ چارۋىلىرىنىڭ سانى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، كاشغەرنىڭ تاغ ۋە ياپلاقلىرى تارلىق قىلدى. شۇڭا، خالايىقنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن خانىنىڭ كۆڭلىگە موغۇلىستاننى تىزگىنلەش ھەۋىسى چۈشتى. يەنە قىرغىزلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىمان ئەركانلىرىدىن ئۇزاقتا ۋە دىيانەت ئەمەللىرىنىڭ سىرتىدادۇر. تۈركىستان، شاش ۋە فەرغانە ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭلىرى تۈپەيلىدىن پەرىشان ۋە پاراكەندە ئىدى. گەرچە ئۇ ۋىلايەتلەر ئۆزبېك شەيبانىيلارنىڭ تەۋەلىكىدە بولۇپ، خان بىلەن ئۆزبېك شەيبان كونا دۈشمەن بولسىمۇ، ئەمما خانىنىڭ ھېسسىياتىدا ئىسلامنى ھىمايە قىلىش ۋە مۇسۇلمانلارغا مېھىر ـ شەپقەت قىلىش تۇيغۇسى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، قىرغىزلارنىڭ ئۇ مۇسۇلمانلارغا ئازار ۋە كۈلپەت يەتكۈزگەنلىكى خانغا بەك ئېغىر كېلەتتى. خان ھەمىشە ھېچبىر مۇسۇلمانغا زىيان، ھېچبىر كۈپپارغا پايدا يەتمىسە، بەلكى مۇسۇلمانلار مەنپەئەتلەنسە، كۈپپارلار دەپئى قىلىنسا، دەپ ئارزۇ قىلاتتى. بۇ ئالەمنىڭ ياخشى نامى ۋە ئاخىرەتنىڭ تەييارلىقىنى مۇشۇ ئىككى ئىشتىن ئۈمىد قىلاتتى، ئاللا ياخشى ئەجىر بەرگەي. نەزم:

ئىلاھاكى، بۇ خانغە قىلغىل ئەتا،
ئىنايانۇ ئەلتافى بىئىنتىھا.

کی ئەدلی بىلە ئالەم ئاباد ئېرۇر ،
خەلايىق ئەمىنۇ دىلى شاد ئېرۇر .
ئانىڭ جۇملە جۇرمىنى بەرباد قىل ،
ھەمە خەيرى ئەئمالىن ئاباد قىل .
ئەزىز ئەيلەدىڭ چۇن بۇ دۇنيا ئارا ،
ئەزىز ئەت ئانى داغى ئۇقبا ئارا .

مىرزا ئەلى تاغاي ، خاجە ئەلى باھادىر ۋە باشقا كۆپ سانلىق ئەمىرلەر بابا سۇلتان تەرەپتە تۇرۇپ ، قىرغىــزلارنىــڭ ۋە موغۇلىستاننىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنىــڭ بابا سۇلتانغا تەئەللۇق بولۇشى ئۈچۈن سەۋەبكارلىق قىلاتتى . چۈنكى ، بابا سۇلتاننىڭ ئاتىسى خەلىل سۇلتان قىرغىزلارنى ئىدارە قىلغانىدى ، شۇڭا ئۇلار بۇ ئىشقا بابا سۇلتان ئەڭ ھەقلىق ۋە مۇناسىپ دېيىشەتتى . پەقەت يالغۇز تاغاملا رەشىد سۇلتان تەرەپدارى بولۇپ ، خاننىڭ ئوغلى بولغان رەشىد سۇلتاننى بۇ مۇھىم ۋەزىپىگە ئىگە بولۇشنى ئۇنىڭغا مۇقەررەرلەشتۈردى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن نۇرغۇن تىرىشچانلىق ۋە سەۋەبكارلىقلارنى كۆرسەتتى . گوياكى مىسرا :

بەلايى راست قىلدىم مەن ئۆزۈمگە ،

دېگەن مەزمۇن شۇ بولدىكى ، يامانلىق ئويلىــغانلار ئەزىز ۋە ئەتىۋارلىق بولۇپ ، دۆلەتنى ئويلىغانلار قەدىرسىز ۋە خارۇزار بولدى .

قىسقىسى ، تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 928 ـ يىلى ھەزرىتى خان رەشىد سۇلتاننى تۇرلۇك شاھانە ئىلتىــپاتلار ، ھەر خىــل جاھاندارلىق ئەسلىھەلىرى بىلەن ئىززەت ـ ئىكراملارغا ئىگە قىلدى ، مىرزا ئەلى تاغاينى ئۇلۇسبېگىلىك مەنسىپىگە تەيىنلىدى ؛ مۇھەممەد قىرغىزنى قىرغىزلارنىڭ ئەمىرى قىلىپ بەلگىلىدى ۋە

قاماقتىن چىقىرىپ رەشىد سۇلتانغا قوشتى ؛ موغۇللارنىڭ ھەربىر گۇرۇھىدىن ئېتىبارلىق ئەمىرلەر ۋە رۇستەم سۇپەت باھادىرلارنى ئىلغاپ ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلدى . نەزم :

سىپاھى ئىدى بىھىسابۇ شۇمار ،
ھەمە تىغدارانۇ خەنجەرگۇزار .

خانلىق مەرتىۋىسىنى تەنتەنە قىلغۇچى ئەسۋابلار ۋە سۇلتانلىق سەلتەنىتىنىڭ دەبدەبىسىنى نامايىش قىلغۇچى ئەسلىھەلەر جۇملىسىدىن تۇغ ، ناغرا ، كاناي ، ئەلەم ۋە باشقا زۆرۈر كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەييار قىلدۇرۇپ بەردى ؛ لەشكەرلەرگە زىياپەت بەردى ۋە ھەممىسىنى تۈرلۈك ئىلتىپاتلار بىلەن ئەزىز ۋە مۆھتىرەم قىلدى . خان جاھاندارلىقتا ئاساس ۋە ھۆكۈمدارلىقتا سەۋەب بولغۇچى ۋەز - نەسىھەتلەرنى راۋان ۋە پاساھەتلىك ئۇسۇللار بىلەن بايان قىلدى .نەزم :

تەلەب قىلماغىل غەيرى نامى نىكۇ ،
كى باقىي قالۇر دەھرى فانىيدا بۇ .
نىيەت ئەيلەسەڭ ھەر نېچۈك ئىش ئەگەر ،
رەئىييەت سەلاھىغە قىلغىل نەزەر .
بۇ سۆزلەرنى مەندىن ئىشىت ، ياد قىل ،
بولۇر بەخت يارىڭ ، دىلىڭ شاد قىل .

بۇ پەندۇنەسىھەت جاۋاھىرلىرى رەشىد سۇلتاننىڭ قۇلىقىغا ئورۇنلاشمايتتى ، گوياكى مۇنۇ مىسرادا ئېيتىلغىنىدەك ، مىسرا :

رىندلەرگە يەل ئېرۇر پەندۇ نەسىھەت قىلماق ،

ھەر ھالدا ئاشۇ پەندۇنەسىھەت تۈگىگەندىن كېيىن ھەممە ئەمىر ۋە لەشكەرلەرنىڭ يۈرۈش قىلىشىغا رۇخسەت بېرىلدى . رەشىد

سۇلتان ماڭار ۋاقتىدا خان پەقىر مۇھەممەدھەيدەرگە پەرمان قىلىپ : «سەن رەشىد سۇلتانىنىڭ بىلىگە شەمشەر ۋە تەركەش باغلاپ ئېتىغا مىندۈرگىن ، بۇ ئۇنى مۇبارەكلەش بولسۇن . ئۇ ساڭا شاگىرت بولسۇن ، سەن ئۇنىڭغا ئۇستاز بولغىن» دېدى . نەزم :

كىمگەكىم ئوق ئاتىشنى ئۆرگەتتىم ،
مېنى ئاخىر نىشانە ئەيلەدى ئول .

ئۇنىڭغا گۈزەل ۋە مۇلايىم ئەخلاق ۋە شىددەتلىك ئۇرۇش ئەسۋابلىرى ھەققىدە شۇنچە تەلىم بەرگەنىدىم . مىسرا :

دۇرۇستىيۇ نەرمى بەھەم خۇب ئېرۇر .

روھنى قۇۋۋەتلەندۈرگۈچى مۇفەررىھمۇ دورىلارنىڭ ئاچچىقلىقى بىلەن شېكەرنىڭ تاتلىقلىقى ئارىلاشمىسا ، مىزاجغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ . ئەمما ، بۇ بايان قىلىنغان ئىككى خىل مەزمۇندىن ئالدىنقىسىنى يېقىن تۇغقانلارغا ، كېيىنكىسىنى ياتلارغا ئىشلەتتى .نەزم :

ھەر تەرەپ نەچچە سەبۇكەش باردۇرۇر بۇ دەيرئارا ،
تەگدى ئەمماكىم سەبۇيۇمغە مېنىڭ سەڭگى جەفا .

قىسقىسى ، رەشىد سۇلتان يۇقىرى دەبدەبە ۋە ھەيۋەت - ھەشەمەت بىلەن يولغا راۋان قىلىندى ، خانمۇ كاشغەرگىچە ئۇزىتىپ باردى .نەزم :

رەۋان بولدى شەھزادەئى كامكار ،
رەفىقى بولۇپ ئەۋنى پەرۋەردىگار .

ئۇلار موغۇلىستانغا بارغاندىن كېيىن مۇھەممەد قىرغىز ئىلگىرى يۈردى . قىش يېقىنلاشقاندا موغۇلىستان سەھراسىغا يېتىپ باردى ، قىش بولغاندا قۇچقار[1]دا قىشلىدى .

## يەتمىشىنچى باب

# خاننىڭ تەۋبە ۋە پۇشايمان قىلغانلىقىنىڭ بايانى

خاننىڭ تەۋبە ۋە پۇشايمان قىلغانلىقى ئەپۇچان ، ئۇلۇغ ، قۇدرەتلىك ۋە نۇقسانسىز بولغان ھەزرىتى تەڭرىنىڭ ئىلتىپات ۋە مەرھەمەتلىرىنىڭ باشلىنىشى ئىدى . رەھىم - شەپقەتلىك ھەزرىتى پەرۋەردىگار ئىلتىپات ھۆكۈمى بولغان مۇقەددەس قۇرئاندا : «ئاللاغا سەمىمىي تەۋبە قىلىڭلار»[2] دەپ پەرمان قىلغان . مېھرىبان ئاللانىڭ ئەنە شۇ بويسۇنۇش زۆرۈر بولغان پەرمانىنىڭ ھۆكۈمى بويىچە مۆمىنلەرگە تەۋبە لازىم ۋە زۆرۈردۇر . «تەۋپىق ئەزىز نەرسە ، ئۇ ئەزىز بەندىلەرگىلا بېرىلىدۇ» دېگەن ھۆكۈمنىڭ تەقەززاسى بىلەن بۇ سائادەت ھەرقانداق قولى قىسقا كىشىگە مۇيەسسەر بولمايدۇ . ئەگەر ئۇ سائادەتمەن كىشىنى تەقدىر ھىدايىتى ۋە ئەزەل مۇۋەپپەقىيىتى قوللىغان بولسا مۇيەسسەر بولار . نەزم :

---

[1] قۇچقار — ھازىرقى مەركىزىي ئاسىيادىكى چۇ دەرياسىنىڭ باش ئېقىنلىرىنىڭ بىرى (مۇھەررىردىن) .

[2] «قۇرئان كەرىم» ، 66 - سۈرە تەھرىم ، 8 - ئايەتنىڭ باش قىسمى .

ئەيكى ، فەزلىڭ دەستىگىرىدۇر ، ماڭا بول دەستىگىر ،
ئۆز ئۆزۈمدىن سىير بولدۇمەن ، ماڭا بول دەستىگىر .
تا قاچانغە تەگرۇ تەۋبە قىلغامەن ، سىندۇرغامەن ،
بەرگۈچى ، سىندۇرغۇچى سەنسەن ، ماڭا بول دەستىگىر .

ئەگەر ھەرقانداق بەختىيار كىشىگە بۇ سائادەت نېسىپ بولسا ،
بۇ تەڭرى دەرگاھىنىڭ زور مۇھەببىتى ۋە كاتتا ئىنايىتىدۇر .
نەزم :

بۇ كۇشايىشدۇر ، ئانى بىلمەيىن ئەتمە كەج گۇمان ،
يەك قەبۇلۇمىزدۇر ئۇلكىم ، سىنى تارتادۇر بۇ يان .

خانىنىڭ مۇبارەك ئەھۋالى بۇ ھالغا مۇۋاپىق ۋە بۇ ماقالغا لايىق
بولۇپتۇ .

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ، شارابخورلۇقتا خانىنىڭ
رىغبىتى شۇ دەرىجىدە ئۇستۇن ئىدىكى ، مەسىلەن ، چۈشىدە
ھوشيارلىقنى چۈشىسىمۇ ، «تەبىر چۈشىنىڭ ئەكسىچە بولۇر»
دېگەن ماقالنى ئۆز ئەھۋالىغا لايىق دەپ قاراپ ، ئۇ چۈشكە
مەستلىك تەبىرىنى بېرەتتى ، نەزم :

ئىچكۇچە جامى ئەجەل كۆڭلۈمدە ئول ساقىيدۇرۇر ،
تولغۇچە پەيمانىم ، ئول ساقى بىلە باقىيدۇرۇر .

خانىنىڭ بۇ ئادەتنى تاشلىشى ھەرگىز كىشىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا
كەلمەيتتى . ئەمما ، مېھرىبان تەڭرىنىڭ ئاتا قىلغان مۇۋەپپەقىيىتى
ۋە پاك پەرۋەردىگارنىڭ بەخش ئەتكەن ھىدايىتى يېتىش بىلەنلا ،
سائادەت قوللىرى پاسىقلىق ياقىسىنى پارە - پارە قىلدى ، خان
پۈتكۈل ئىچىملىكتىن تەۋبە قىلدى . نەزم :

هەزار شۈكرىكى ، قىلدى غەفۇر ئانى مەغفۇر ،
ئوقۇدى «تۇبۇ ئىلەللاھى»[1]نى لەبى ھۇر .

بۇ تەۋبە بارلىق مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچىشتىن قىلىنغان بولۇپ ، تېخى تولۇق تەۋبە ئەمەس ئىدى . بارلىق مەنئى قىلىنغان قىلمىشلاردىن قىلىنغان تەۋبە ئاندىن تولۇق ۋە مۇكەممەل تەۋبە بولىدۇ . بۇ تەۋبەنىڭ تارىخى «تۇبۇ ئىلەللاھى تەۋبەتەن» (توبوالى الله توبه — تەڭرىگە تەۋبە قىلىڭلار ) دېگەن ئايەتنىڭ «تەۋبە» سۆزىدىكى ئاخىرقى ئىككى ھەرپ «بە» ۋە «ھى»نى كىرگۈزمەي ھېسابلىغاندا ھاسىل بولاتتى[2] . خان بۇ ۋەقەدىن يەتتە يىل كېيىن تەۋبىنى تولۇقلىدى . يەنى ھەزرىتى مەخدۇم — تەڭرى ئۇنىڭ قەبرىسىنى نۇرلۇق قىلغاي — نىڭ ھوزۇرىدا تەۋبە قىلىپ ، پۈتكۈل نەھيى قىلىنغان (توسۇلغان ) ئىشلاردىن ياندى . بۇ ۋاقىتقا نىسبەتەن «تۇبۇ ئىلاللاھى تەۋبەتەن» دېگەن ئايەت تولۇق ھالەتتە تارىخ بولدى[3] ، بۇ ئاجايىپ مەنە ۋە غارايىپ لەتىپىدۇر .

بۇ ئىچچام بايانىنىڭ تەپسىلاتى شۇكى ، رەشىد سۇلتان موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلغان شۇ باھارنىڭ ئاخىرقى زىمىستانىدا خان ياڭىھىساردا ئىدى . تاغام خاننىڭ مۇلازىمىتىدە بىللە ئىدى ، پەقىر ياركەندتە ئىدىم . خان بۇ ئىشنى ماڭا كۆپ قېتىم سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى : «سەييىدمۇھەممەد مىرزا بىلەن ياڭىھىساردا ئىدۇق ، بىر كېچە مەيخورلۇق قىلدۇق . تۈن ئاخىرلاشقاندا خاتىرەمگە يەتتىكى ، نەزم :

---

① «قۇرئان كەرىم» ، 66 ـ سۈرە تەھرىم ، 8 ـ ئايەتنىڭ باش قىسمى .

② «قۇرئان كەرىم» ، 66 ـ سۈرە تەھرىم ، 8 ـ ئايەتتىكى بۇ ھەرپلەرنىڭ سانى ئەبجەد ھېسابى بويىچە جەملىنىپ ، ئۇنىڭدىن «ب» ۋە «ھى» ھەرپلىرىنىڭ ۋەكىللىك سانى چىقىرىۋېتىلسە ، ھىجرىيە 928 ـ يىلى (مىلادىيە 1421 — 1422 ـ يىللىرى ) كېلىپ چىقىدۇ .

③ بۇ ئايەت ئەبجەد ھېسابى بويىچە ھىجرىيە 935 ـ يىلى (مىلادىيە 1428 — 1429 ـ يىللىرى )نى ئىپادىلەيدۇ .

تۈن مەستۇ سەھەر مەستۇ ھەمە كۈندە خۇمار ،
ئەۋقاتى شەرىف تۈرفە زايىئ كېچەدۈر .

ئەمدى ھوشيار بولىدىغان ۋاقتىڭ يەتتى . بۇ نالايىق قىلىقلىرىڭنى تاشلىغىن ، ئالەمنىڭ پەرۋىشچىسى بولغان تەڭرىنىڭ دەرگاھىدا بەندىلىك كەمىرىنى بېلىڭگە مەھكەم باغلىغايسەن . بۇ نىيەت كۆڭلۈمدىن ئۆرۈن ئالدى ، يەنە ئىككىلىنىپ : «بۇ خىياللىرىم مەستلىكنىڭ ئالامىتى بولسا كېرەك ، ھالبۇكى بۇ ئەيش - ئىشرەتسىز ھاياتلىقتىن نېمە لەززەت ، نېمە ھوزۇر بولسۇن ؟ » دەپ ئويلاپ مۇشۇ خىيال بىلەن ئۇيقۇغا كەتتىم . بىر چاغدا خۇماردىن يىلاندەك تولغانغان ھالەتتە ئويغاندىم ، خۇمارنى بېسىش ئۈچۈن شاراب تەلەپ قىلغاندىم ، ھازىر قىلىشتى . شۇ چاغدا كېچىدىكى نىيىتىم ئېسىمگە چۈشتى . دەرھال سەييىد- مۇھەممەد مىرزىنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا : «بۇ مەيخورلۇقتىن كۆڭلۈمگە مالاللىق يەتتى . تەۋبە قىلىشنى خالايمەن » دېدىم . شۇ چاغدا سەييىدمۇھەممەد مىرزا زار - زار يىغلىغانچە سۆز باشلىدى : «ئەي ساھىبقىران سۇلتان ، ئەي سائادەت نىشانلىق خان ، بۇ دۇنيادا ھېچبىر پايدىسى ، ئاخىرەتتە ھېچبىر ياخشىلىقى بولمىغان ، بەدەنىنىڭ ساغلاملىقىغا ئۇنىڭدىن تۆرلۈك زىيانلار ۋە ئەقلىنىڭ پاكىز ئەينىكىگە شۇنىڭدىن يۈز قىسما كىر ۋە توزانلار يېتىدىغان ، ئىسلام دىنىدا ھارام قىلىنغان ، خالايىق ئارىسىدا يامان ئاتاقىقا سەۋەبچى بولىدىغان بۇنداق ئادەتنى تاشلاش لازىم ، بەلكى زۆرۈردۇر . بۇنداق نالايىق قىلىق ۋە يېقىمسىز ئادەت بىلەن شۇغۇللىنىش ھەزرىتىڭىزگە قانداقمۇ لايىق كەلسۇن ؟ ! كۆڭلۈم سىزنى بۇ قىلىقتىن توسۇشقا كۆپ قېتىم مايىل بولغان ، تىلىم بۇ ئەرزىمنى سەمىڭىزگە سېلىشقا ھەمىشە تەلەپكار بولغان بولسىمۇ ، لېكىن مۇۋاپىق ۋاقىت بولمىغانلىقى ۋە ئەدەپ قاراۋۇلىنىڭ يول بەرمەسلىكى تۈپەيلىدىن ، ئاغزىمغا سۈكۈت تامغىسىنى بېسىپ يۈرۈۋاتقاندىم . مانا ھازىر تەڭرىنىڭ ئىنايىتى

ۋە تەقدىرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بۇ ياخشى نىيەتنى مۇبارەك كۆڭلىڭىزگە سېلىپتۇ. مۇبارەك بولسۇن، پۈتكۈل ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى ھەققى، بۇ جەھەتتە تەخىر قىلماڭ، بۇ ئىشنى كەينىگە تارتماڭ، بۇنداق سائادەت ۋە بەخت ـ دۆلەتنى قولدىن بەرمەڭ، دېدى ۋە تەۋبە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ ناھايىتى كۆچەپ تەكىتلىدى. شۇڭا، دەرھال چىن كۆڭلۈمدىن تەۋبە قىلدىم، مەجلىس ئەھلىگە رۇخسەت بەردىم. ھەر قايسىسى بىر تەرەپكە بېرىپ بۇ ئىشقا ئۆزلىرى مەشغۇل بولۇشتى، مەن ئۆزۈم تەۋبە قىلىپ بۇ نالايىق ئادەتنى تاشلىدىم. نەزم:

بىرى غايىب ئۆزدىن، بىرى نىم مەست،
بىرىسى غەزەل قېچىرىپ مەيپەرەست.
مۇغەننى سالىپ ھەر تەرفدىن خۇرۇش،
كى ساقى ئۇرۇپ ھەر تەرەف باڭى نۇش.»

خان بۇ ۋەقەنى پەقىرگە ئەنە شۇنداق بايان قىلاتتى. تاغامنىڭ يەسەۋىيە شەيخلىرىنىڭ تەرىقىتىگە كىرگىنىگە نەچچە مۇددەت بولغانىدى. شۇڭا، تەقۋادارلىق، سالىھلىق يولىنى تۇتقانىدى. خاننىڭ بۇ ئادەت ۋە قىلىقىدىن ناھايىتى مالال ۋە پەرىشان بولۇپ يۈرۈۋاتاتتى. خان بۇ مەسلىھەتنى ئارىغا سالغاندا، تاغام خاننى تەۋبە قىلىش يولىغا ھەددۇھېسابسىز ۋە چەكسىز تەرغىب قىلدى، خانمۇ تەقدىر سائادىتىنىڭ ياردىمى بىلەن دەرھال تەۋبە قىلىپ، مەجلىس ئەھلىنىڭ ھەربىرىگە: «ئەمدى ھەرقايسىڭلار بىر تەرەپكە بېرىپ ئۆز ئەھلىڭلار بىلەن بەزمە تۈزۈڭلار، بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ بىلەن بۇنداق بەزمە تۈزۈش ئۈمىدىنى ئۈزۈڭلار!» دەپ پەرمان قىلدى ـ دە، بەزمە ـ سۆھبەت ئەسۋابلىرىنى سۇندۇردى. نەزم:

ئۈزۈپ، سىندۇرۇپ چەڭ ئىلە تارنى،
بەدەر قىلدىلار ئەھلى مەيخارنى.

كى مەيخانەۋۇ كۇفنى سىندۇردىلار ،
كەدۇلارغە جۇملە شىكەست ئۇردىلار .

دېمەك ، تەقۋادارلار جەلپ قىلىندى ، پاسىقلار نائۇمىد بولدى ، سالىھلار تائىپىسى ئەزىز ۋە مەقبۇل ، ئالىملار پىرقىسى مۆھتىرەم ۋە سۆيۈملۈك بولدى ؛ زاھىتلار ۋە ئىبادەت قىلغۇچىلار كەرەملىك تەڭرىتائالا ھۇزۇرىغا شۈكۈر - سانا ئېيتىشقا مەشغۇل بولدى ؛ دېھقانلار ۋە پۇقرالار ھاجەتمەنلىك يۈزلىرىنى يەرگە قويدى ، دۇئا قوللىرىنى ئاسمانغا كۆتۈردى . خان ئۆتكەن ئۆمرىنى شارابخورلۇق بىلەن كەچۈرگىنىگە پۇشايمان قىلىپ ، كېچە - كۈندۈز «ئەستەغفۇرۇللاھ» (ئەي تەڭرىم ، كەچۈرگەيسەن) ۋە «تەۋبۇن ئىلەيھى» (تەۋبە قىلدىم) دېگەن سۆزنى تىلىدا تەكرارلايتتى . نەزم :

جەۋانىكى مەست ئېردى پىندارىدىن ،
قارىلار كەبى قاچتى ئەغيارىدىن .

ئەنبىيالارنىڭ خاتىمىسى بولغان ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆجىزىلەرنى بايان قىلغۇچى تىلى بىلەن گۆھەرلەر چېچىپ ئېيتقان : «ئادەملەر ئۆز پادىشاھلىرىنىڭ دىنىغا ئەگىشىدۇ» دېگەن شەرەپلىك ھەدىسنىڭ تەقەززاسى بىلەن ، پۈتكۈل خالايىقتا تەۋبە قىلىش مايىللىقى ۋە ئىبادەت يولىغا كىرىش قىزغىنلىقى كۆچەيدى . مەيخانا ئىشىكى ئېتىلدى ، مەسچىت دەرۋازىسى ئېچىلدى . سالىھلىق دەۋەتلىرى زېمىندىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى ، مېھرىبان تەڭرىنىڭ رەھمىتى ئاسماندىن زېمىنغا چۈشكىلى تۇردى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھۆرمەتكە لايىق ئائىلىسىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتىدىن بۇنىڭ ئەجىر - ساۋابىنى پاك ۋە مۇقەددەس تەڭرى ئاشۇ خاننىڭ جەننەتكە سازاۋەر پاكىز روھىغا گۈزەل چېھرە بىلەن ئاتا قىلغاي ۋە ئۇ ئالەملىك مەرتىۋىسىنى ئەلا دەرىجىگە يەتكۈزگەي .

## يەتمىش بىرىنچى باب

# خاننىڭ سەلتەنەتنى تاشلاپ دەرۋىش بولماقچى بولغانلىقى ۋە بۇنىڭغا مۇۋەپپەق بولالمىغانلىقى، بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ بايانى

ۋاقتىكى، خان تەۋبە قىلىش شەرىپىگە ئېرىشىپ «ئاللا ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ»[1] دېگەن ئايەتتىكى شەرەپلىك زاتلار قاتارىغا كىردى، ئۇنىڭدىن كېيىن موغۇلىستانغا چىقتى ۋە قۇچقاردا رەشىد سۇلتان بىلەن كۆرۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزى قۇچقاردا قېلىپ رەشىد سۇلتاننى ئەمىرلىرى ۋە مۇھەممەد قىرغىز بىللە موغۇلىستاننىڭ ھەممە ئەتراپىنى تىزگىنلەپ، چېچىلىپ كەتكەنلەرنى يىغىشقا ئەۋەتتى. خان كۆڭلىنى پۈتكۈل قىرغىزلاردىن خاتىرجەم قىلدى، باھار ۋاقتىدا خان كاشغەرگە يېنىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى خان موغۇلىستاننى تىزگىنلەش ئۈچۈن موغۇلىستانغا كېلەتتى، ئىككىنچى يىلى باھار ۋاقتىدا خان يەنە كۆچۈپ چىقتى، كۆپىنچە موغۇل ئۇلۇسمۇ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كۆچۈپ بېرىۋاتاتتى. قىشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە خان ئەھلى ئايالىنى موغۇلىستاندىكى قۇچقاردا قويۇپ ئۆزى ياركەندكە قايتتى.

بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى:

خان تەۋبە قىلغاندىن كېيىن سوپىلارنىڭ كىتابلىرىنى تولا مۇتالىئە قىلاتتى، سۆزلىرىگە كۆپ دىققىتىنى، ئوي - پىكرىنى

---

① «قۇرئان كەرىم»، 2 - سۇرە بەقەرە، 222 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سەرپ قىلاتتى ۋە ئۇنىڭدىن ئىنتايىن تەسىرلىنەتتى ، جۈملىدىن [ئۇلارنىڭ خوجىسى] ھەزرىتى شەيخ [ئەبۇلقاسىم] جۇنەيد باغدادى — ئۇ ئەزىزنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — «تەزكىرەتۇس ـ سالىھىن» (سالىھلار ھەققىدە ئەسلىمە) ناملىق كىتابىدا ئېيتقان : «ئاللانىڭ قوشۇنلىرىدىن بولغان قوشۇن» دېگەن لەتىپىنى كۆرۈپ ، خاندا چوڭ تەسىرات پەيدا بولدى . خان ھەمىشە تەسەۋۋۇف كىتابلىرىنى كۆرۈشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى ، سوپىلارنىڭ نازۇك سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنىغا يېتەتتى .

بىر كۈنى ھەزرىتى خاجەئى بۇزرۇك [بەھائىددىن نەقشىبەندى] — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — نىڭ «مەقامات» لىرىنى مۇتالىئە قىلىپ كۆرۈۋاتاتتى . ھەزرىتى خاجەئى بۇزرۇك مۇنداق دېگەنىدى : «ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا جېنىم قۇلىقىغا شۇنداق بىر نىدا كەلدىكى : ‹ئەي بەھائىددىن ، بۇ يولغا قانداق كىرىسەن ؟ بۇ كىرمەك مەن ئېيتقان بويىچە كىرمەكتۇر . › مەن بۇ نىداغا جاۋاب بېرىپ : ‹ئۇنداق ئەمەس ، مەن ئېيتقان بويىچە بولسۇن › دېدىم . دېمەك ، نەچچە نۆۋەت شۇنداق نىدا كەلدى ، مەنمۇ ئاشۇ جاۋابنى بېرەتتىم . ئاخىردا : ‹شۇنداق بولسۇن › دەپ خىتاب كەلدى ، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يولدا تىرىشچانلىق قىلدىم . »

خان «مەقامەت» ئىچىدە بۇ ئاجايىپ ھېكمەتنى كۆردى ، بىللە ئولتۇرغان كىشىلەر : «ھەزرىتى خاجەئى بۇزرۇكنىڭ ھىممەت ۋە شىجائەتلىرى ئاجايىپ يۇقىرى ئىكەن» دېيىشتى . خان بولسا : «ھەزرىتى خاجەئى بۇزرۇكنىڭ ئاجىزلىقى ۋە موھتاجلىقى ئاجايىپ زىيادە ئىكەن» دېدى . بىللە ئولتۇرغانلار ھەيران قىلىپ بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى شەرھلەپ بېرىشنى ئۆتۈندى . خان بايان قىلىپ : ‹ئۇنداق ئەمەس ، مەن ئېيتقان بويىچە بولسۇن › دېگىنى ، يەنى مەن بىر ئاجىز بەندىمەن ، بۇ يولغا پاك ۋە بۈيۈك تەڭرىنىڭ پەرمانى بويىچە كىرىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن . ئەگەر ئۆز قۇدرىتىمنىڭ يەتكىنى بويىچە كىرسەم قوبۇل بولىدىغان بولسا كىرەلەيمەن ، ئۇنداق بولمىسا ئىنتايىن ئاجىز بولغانلىقىم ئۈچۈن

بۇ يولغا كىرەلمەيمەن، دېگەنلىك بولىدۇ» دېدى.

بۇ سۆزلەرنى قىلىشتىن مەقسەت شۇكى، سوپىلار — تەڭرى ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي — نىڭ سۆزلىرىنىڭ تېگىگە خاننىڭ پەمى ناھايىتى بەك يېتەتتى ۋە خان بۇ جەھەتتە كۆپ تەسىر پەيدا قىلاتتى.

خان تەسەۋۋۇپ كىتابلىرىنى كۆرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئېنىق بىلدىكى، تاكى بىر كامالەتكە يەتكەن پىرنىڭ خىزمىتىدە بولمىغۇچە بۇ سائادەتكە مۇيەسسەر بولغىلى بولمايدىكەن: شۇڭا، خاننىڭ دۇنيادىن ۋە سەلتەنەت ئىشلىرىدىن كۆڭلى سوۋۇدى، كۆڭلى دۇنيادىن پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى. كۆپ ۋاقىتلاردا خىلۋەتتە ئولتۇرۇپ پېقىرلىق تەرىقىتىنىڭ سۇلۇكلىرى ھەققىدە سۆھبەتكە مەشغۇل بولاتتى، ھەر خىل كىشىلەرنى سۆھبىتىگە قاتناشتۇرمايتتى.

خاننىڭ سۆھبەتداشلىرىدىن بىرى تاغام — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — ئىدى. ئۇ يەسەۋىيىيە تەرىقىتىگە كىرگەن بولۇپ، ئاشۇ سىلسىلە بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى، شۇبھىلىك غىزالاردىن پەرھىز قىلاتتى. خان كۆپ ھاللاردا تاغام بىلەن ھەمسۆھبەت بولاتتى. خاننىڭ يەنە بىر سۆھبەتدىشى — خاننىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى شاھمۇھەممەد سۇلتان بولۇپ، خاجە ھىرىنىڭ كۈيئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلىمىسى يۇقىرىدا قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتۈلگەندى. پەقىر مۇھەممەدھەيدەرگىمۇ سىپىنىڭ ئاخىرىدا ئورۇن تېگەتتى، ئۇ سۆھبەتكە كىرەلەيدىغان بۇنىڭدىن ئارتۇق كىشى يوق ئىدى.

خالايىق بۇ ھەقتە ھەر قىسما پىكىرلەرنى قىلاتتى، ھەر خىل تەبىرلەرنى ئېيتىشاتتى: «خاننىڭ بۇ سۆھبىتىگە بۇ تۆتەيلەندىن باشقا ھېچ كىشى قاتناشتۇرۇلمىدى، ئېھتىمال خان بۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىۋاتسا كېرەك» دەپ گۇمان قىلىشاتتى. نەزم:

مەن غەمىنىڭ بىرلە، ۋەلې خەلق گۇمان ئەيلەركىم،
ئۆزلەرىدەك مەگەر ئەندىشەئى ئالەم قىلامەن.

ئاخىردا مەسلىھەت شۇنىڭغا قارار تاپتىكى، خان ياركەندكە قايتىپ قېرىندىشى ئەمىن خاجە سۇلتاننى ئاقسۇدىن ئېلىپ كېلىپ پادىشاھلىققا ئولتۇرغۇزماقچى، پۈتكۈل ئۇلۇسنى ئۇنىڭغا تاپشۇرماقچى بولدى. خان خىلۋەتتە يەككە - يېگانە ئىبادەتكە مەشغۇل بولماقچى بولدى، تەڭرىتائالا بىر مۇكەممەل پىرى كامىلنىڭ خىزمىتىگە يەتكۈزگەي، دەپ كېڭەشتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھەج سەپىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كېتەرلىك جابدۇقلارنى تەييارلاپ قويغانىدى، يەنە قالغان زۆرۈر لازىملىق سەپەر ئەسۋابلىرىنى تەييار قىلىپ ھەمراھلارنى تاللىماقچى بولدى. تاغام ھاياتلا بولىدىكەن، خاننىڭ خىزمىتىدە بولىدىغان بولدى. شاھمۇھەممەد سۇلتان بىلەن پەقىرمۇ خاننىڭ مۇلازىمىتىدە بولىدىغان بولدۇق. شۇنداق نىيەت قىلىنىپ قارار قىلىندى.

شۇ ئەسنادا ھەزرىتى خاجە مۇھەممەد ئەبدۇللا ئىبنى ھەزرىتى ناسىرىددىن ئۇبەيدۇللا ئەھرار — تەڭرى ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي — نىڭ ئوغلى ھەزرىتى خاجە مۇھەممەديۇسۇف سەمەرقەندتىن كاشغەرگە قەدەم تەشرىپ قىلدى، بۇ خۇش خەۋەر موغۇلىستانغا ئاڭلاندى. ھەزرىتى خاجە مۇھەممەد يۇسۇف ناھايىتى سالىھ ۋە پەرھىزكار ئىدى. خاندا ئۇ زاتنىڭ خىزمىتىگە بېرىش ئىشتىياقى كۈچەيدى، خان ئۇ زاتنىڭ خىزمىتىدە مەقسەت - تەلەپلىرىم مۇيەسسەر بولار، دېگەن ئۈمىدتە ئىدى. خان شۇ ئۈمىدتە قوچقاردىن راۋان بولدى ۋە زىمىستاننىڭ ئاخىرىدا ياركەندكە كېلىپ ھەزرىتى خاجە مۇھەممەديۇسۇفنىڭ مۇلازىمەت شەرىپىگە ئېرىشتى.

خان دۇنيانى تەرك قىلىش، پەقىرلىق ۋە يەككە - يېگانىلىك يولىغا كىرىش مەقسىتىنى خاجەگە بايان قىلدى. خاجە ئېيتتىكى: «سوپىلىقنىڭ ئۇلۇغلىرى بۇ ھەقتە نۇرغۇن سۆزلەرنى ئېيتىپتۇ. شۇنداق ئېيتىپتۇكى:

نەزم:

سەرىرى ھۆكۈمەت ئۆزە شاھ بول ،
ىىھانىڭدا دەرۋىشى ئاگاھ بول .

يەنە بۇ يەردە شۇنداق ئېيتىپتۇكى :
مىسرا :①

باشىڭغە تاج قوي ، ئۆچاڭغە ئەلەم .

چۈنكى ، سەلتەنەت ۋە پادىشاھلىق بولسا تەڭرىتائالاغا يېقىنلىشىشنىڭ ئەڭ چوڭ ۋاستىسى ۋە ئەڭ يېقىن يولىدۇر . لېكىن ، پادىشاھلار سەلتەنەتنى شەھۋانىي لەززەتنىڭ ئەسۋابى ۋە شەيتانىي ئەمەللەرنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالغان . پادىشاھلار بىر سۆز بىلەنلا شۇنداق ساۋاب تاپىدۇكى ، دەرۋىشلەر ئۆمۈر بويى تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ ئۇنداق ساۋابقا مۇيەسسەر بولالمايدۇ . تەڭرىگە يېقىنلىششقا سەلتەنەتتىن يېقىن يول يوق . بۇنىڭ شەرتى شۇكى ، سەلتەنەت ئىگىسى دەرۋىشلىك ۋە گۇشەنىشىنلىكمۇ قىلسۇن ، بىر پىرى كامىلنىڭ مۇلازىمىتىدە بولسۇن . شەيخ نەجمىددىن كۇبرا مۇنداق دېگەنىكەن : ‹ئەگەر مۇرىت چىن ئەخلاقلىق بولسا ، ھەقىقىي ئىرادىسى بولسا ، ئۇ مۇرىت مەشرىقتە ، پىرى مەغرىبتە بولغان تەقدىردىمۇ ، تەڭرىتائالا ئۇ پىرنى تارتىپ - تارتىپ ئىختىيارسىز ھالدا ئۇ مۇرىتنىڭ قېشىغا كەلتۈرىدۇ . ئەگەر مۇرىتنىڭ تەلىپى ھەقىقىي بولمىسا ، گەرچە ئۇ پىرى بىلەن بىر ئۆيدە تۇرسىمۇ ، مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ ۋە بۇ سائادەتكە مۇيەسسەر بولمايدۇ . › مەن ئۆزۈمدە قانچىلىك بار بولسا ،

① بۇ موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان . پارسچە بىرىنچى ، ئىككىنچى نۇسخىلاردا «بېيىت :
تاج بەر سەرنەۋۇ ئەلەم بەردۇش ،
دەر ئەمەل كۇش ھەرچە خاھى پۇش .»

(بېشىڭدا ئەگەر تاج ، ئۆچاڭدا ئەلەم ،
لېكىن بول ئىبادەت بىلەن بارچە دەم . ) دېيىلگەن .

ئۇنى ئايىمايمەن ، مەندە ئۆز كۆڭلۇمدىن بىر سۆز چىقىرىپ دېگۇدەك لاياقەت يوق . ئەمما ، ئاتام ھەزرىتى خاجە مۇھەممەد ئەبدۇللا ماڭا بىر نەچچە قۇر خەت پۇتۇپ بەرگەندى ، ئۇنى سىزگە ھەدىيە قىلىمەن .»

[ھەزىرىتى خاجە] شۇنى ئېيتتى ـ دە ، ئۇ پۇتۇكنى چىقىرىپ خانغا بەردى . ئۇ خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى : «تەرىقەتكە تەلەپكار بولغۇچىلارنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتلىرى شۇكى ، بىرىنچىدىن ، تاماقنى ئاز يېيىش ؛ ئىككىنچىدىن ، گەپنى ئاز قىلىش ؛ ئۇچىنچىدىن ، ئۆزلۇكنى ئاز ئويلاش ، يەنى مەنمەنلىكنى ئاز قىلىش .»

خانغا شۇنچىلىك پەندۇنەسىھەت يېتەرلىك بولۇپ تەسەللى تاپتى ، ئادالەت ۋە ياخشىلىق يولىنى تۇتتى ، بۇ ئىشقا قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە مەشغۇل بولدى .

شۇنىڭدىن كېيىن ھەزرىتى شەيخ نەجمىددىن كۇبرانىڭ سائادەت نىشانلىق سۆزلىرى راست چىقتى . بۇ ۋەقە بولۇپ بىر مەزگىلدىن كېيىن ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — كەلدى ، خاننىڭ تەلەپ قىلغان مەقستى مۇيەسسەر بولدى . بۇ كۇنلەردە خاجە تاجىددىن تۇرپاندىن كەلدى .

## يەتمىش ئىككىنچى باب

# خاجە تاجىددىننىڭ ئەھۋالىنىڭ بايانى

بىلمەك كېرەككى ، ھەزرىتى خاجە تاجىددىن ھەزرىتى مەۋلانا ئەرشىددىننىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىدى . ھەزرىتى مەۋلانا ئەرشىددىن بولسا مەۋلانا ھافىزىددىن كەبىر بۇخارىنىڭ ئىنىسى بولمىش

ھەزرىتى مەۋلانا شۇجائىددىن مەھمۇدنىڭ ئەۋلادى ئىدى . مەۋلانا ھافىزىددىن كەبىر بولسا مۇجتەھىدلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولۇپ ، مەۋلانا شۇجائىددىننى چىڭگىزخاننىڭ پاراكەندىچىلىكى مەزگىلىدە بۇ ۋىلايەتكە ئېلىپ كەلگەنىدى . مەۋلانا ئەرشىددىن بولسا مەۋلانا شۇجائىددىننىڭ نەسىللىرىدىن بولۇپ ، موغۇل تائىپىسى ئۇلارنىڭ ھىدايەتكە يېتەكلىشى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرگەنىــــدى . بۇ ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى خۇدا خالىسا «تارىخـــى ئەسل»دە بايان قىلىنغۇسى .

خاجە تاجىددىننىڭ ئەسلي ئېتى خاجە ئۇبەيدۇللا ئىدى . خاجە ئۇبەيدۇللا بولسا خاجە ئەبدۇللا بۇشىرئابادىنىڭ مۇرىتى ، ئەزىز ۋە سالىھ كىشى ئىدى . خاجە تاجىددىن ئاتىسىنىڭ خىزمىتىــــدە ماۋەرائۇننەھرگە باردى ۋە ئۇ يەردە مەۋلانا ئەلى غەرران تۇسىنىڭ ئالدىدا ئىلىم تەھسىل قىلغانىدى ، مەۋلانا ئەلى غەرران ھەزرىتى ئىشاننىڭ ئېتىقادمەنلىرىدىن بولغاچقا ، ھەزرىتى ئىــشاننىــــڭ سۆھبەتلىرىگە مۇشەررەپ بولغانىدى . پەقىر خاجە تاجىــددىندىن ئاڭلىغانىدىم ، ئۇ زات مۇنداق دېگەنىدى : «بىر كۈنى ھەزرىتى خاجە ئەھرار — ئۇنىڭ سىرلىــــرى مۇقەددەس بولغاي — نىـــڭ سۆھبەتلىرىدە ئىدىم . بۇ مەجلىسكە قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسىگە نەزەر قىلدىم ۋە مۇلاھىزە قىلىپ بىلدىمكى ، بۇ مەجلىستە مەندىن باشقا بۇ سۆزگە مۇناسىپ كىشى يوق ئىكەن . شۇنىسـى ئايان بولدىكى ، ئۇ نەسىھەتنى ماڭا قىلىۋېتىپتۇ . دەرھال قۇلاق سالدىم ، ئۇ نەسىھەتنىڭ مەزمۇنى شۇنداق ئىدىكى ، بۇنىڭدىن كېيىن پەرھىز قىلىشىم ۋە شۇبھىلىك تائاملاردىن يىراق بولۇشۇم كېرەك ئىكەن . شۇ كۈندىن تاكى بۈگۈنگىچە بۇ ئىشنى ئۆزۈمگە ئادەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن ، كىشىنىڭ تائامىنى يېمەيمەن .»

دېمەك ، خاجە تاجىددىن نەچچە مۇددەت ھەزرىتى ئىشاننىڭ مۇلازىمەتلىرىدە بولغاندىن كېيىن ئىجازەت ئېلىپ تۇرپان تەرەپكە ياندى . سۇلتان ئەھمەدخان — ئاللا ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىنى نۇرلۇق

قىلغاي — ئۇنى ئەزىزلىدى ۋە ھۆرمەت قىلدى . ئۇ زاتنىڭ پەرزەنتىنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاشلا ئىززەت ۋە ھۆرمەت قىلاتتى .

## يەتمىش ئۈچىنچى باب

# خاننىڭ خاجە تاجىددىننى تۇرپانغا ياندۇرغانلىقى ، [سەئىدخاننىڭ] قازاق ئۆزبېكنىڭ خانى [تاھىر] خان بىلەن دوست بولۇشقانلىقىنىڭ [ۋە ئاشۇ كۈنلەردە بولۇپ ئۆتكەن باشقا ئەھۋاللارنىڭ] بايانى

خاجە تاجىددىن تۇرپاندىن كەلگەندە خان خاجەگە مۇناسىپ تەزىم ۋە ئىكرام يوسۇنلىرىنى بەجا كەلتۈردى ، بىر يىل ياركەندتە تۇرغۇزدى ، ئۇنىڭدىن كېيىن مەمنۇنىيەت ۋە ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن تۇرپانغا قايتتى .

كېيىنكى قىش مەزگىلىدە ، رەشىد سۇلتان بېرىپ قالماقلارنى چاپقۇن قىلىپ ، قالماقلارنىڭ باران تالىش[1] ئاتلىق سەردارىنى ئۆلتۈرۈپ ، غازىلىق شەرىپىگە ئېرىشىپ قايتتى ۋە قوچقاردا قىشلىدى . خانمۇ كۆچمەي ئۆزى بېرىپ رەشىد سۇلتانغا قوشۇلدى .

يۇقىرىدا قازاق خانلىرىنىڭ بايانىدا ئىسمى زىكىر قىلىنغان تاھىرخان قىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېتىپ كەلدى . ئاردا كۆپ قېتىم ئەلچىلەر بېرىپ - كېلىشىپ ، ئۇنىڭ خاننىڭ خىزمىتىگە كېلىشى

---

① بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قولىيازمىسىدا «باران تالىش» دەپ ئېلىنغان . پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا «ياران تايش» ، پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «ياران تايشى» ، تېھران نەشرىدە «باران تايش» دېيىلگەن .

قارار قىلىنغانىدى . خانىنىڭ ھامىسى سۇلتانىنىگار خانىم ئۇنى خانىنىڭ ھۇزۇرىغا يەتكۈزىدىغان بولغانىدى . بۇ سۇلتانىنىگار خانىمنىڭ ئەھۋالى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ، ئۇ سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ تۆتىنچى قىزى ئىدى . سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇد مىرزا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇ جانىبېكخاننىڭ ئوغلى ئەدىك سۇلتان قازاقلا بارغانىدى . بۇ خانىمنىڭ سۇلتان مەھمۇد مىرزىدىن مىرزاخان ئاتلىق بىر ئوغلى بار بولۇپ ، بەدەخشانغا پادىشاھ ئىدى ، تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 917 ـ يىلى[1] كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى . ئۇنىڭ ئوغلى سۇلەيمان شاھ مىرزا بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئاتىسىنىڭ ئورنىدا بەدەخشاندا پادىشاھتۇر .

سۇلتانىنىگار خانىم ئەدىك سۇلتانغا نىكاھ قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن بىر قىز يۈزى كۆردى . ئۇنى مۇشۇ كۈنلەردە رەشىد سۇلتانغا نىكاھ قىلدى ، بۇ ئەھۋال كېيىن بايان قىلىنغۇسى .

قاسىمخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن خانلىق تاھىرخانغا تەۋە بولدى . تاھىرخان بولسا ئەدىك سۇلتاننىڭ ئوغلى ئىدى . ئۇ سۇلتانىنىگار خانىمنى شۇ قەدەر ئەزىزلەيتتىكى ، تۇغقان ئانىسىدىنمۇ ئارتۇقراق كۆرەتتى . [سۇلتانىنىگار] خانىم ئۇنىڭدىن كۆپ مىننەتدار بولدى ۋە مۇنداق سۆزنى ئارىغا سالدى : «ھەرقانداق ئەھۋالدا سەن مېنىڭ پەرزەنتىمسەن ، سەن تۇرغان يەردە باشقا پەرزەنتىم ئېسىمگە كەلمەيدۇ ، ئۇنى ئارزۇمۇ قىلمايمەن . ئەمما ، مەن ئەمدى قېرىدىم ، دەشت ـ سەھرالاردا يۈرگۈدەك ماغدۇرۇم قالمىدى . شۇڭا ، مېنى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ھۇزۇرىغا يەتكۈزۈپ قويساڭ ، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا

---

[1] ھىجرىيە 917 ـ يىلى مىلادىيە 1511 — 1512 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ . لېكىن ، ئىنگلىزچىسىغا تەرجىمە قىلغۇچى رۇس ئەرەبچە رەقەم Ashrun—20 بولسا Ashr—10 دەپ خاتا ئوقۇلغان . توغرىسى 927 ـ يىلى (مىلادىيە 1521—1522 ـ يىللىرى ) ئىدى ، دەپ تەھلىل قىلىپ ئىزاھلىغان (مۇھەررىردىن ) .

ئۇنىڭ شەھرىدە تۇرۇپ ئامان - ئېسەنلىك ئاياغلىرىنى خاتىرجەملىك ئېتەكلىرى ئىچىگە تارتىپ كۈن ئۆتكۈزسەم، كۆڭلۈم شۇنى خالاپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزبېكستاندا ماڭغىتلارنىڭ دەستىدىن سېنىڭ ئىشىڭ روناق تاپمايۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇداخىلىسى تۈپەيلىدىن سېنىڭ تەۋەيىڭ ئون لەك (بىر مىليون)دىن تۆت لەك (تۆت يۈز مىڭ)غا چۈشۈپ قالدى. ئەگەر مەن ئۇ يەرگە بارسام، موغۇل خانلىرى بىلەن سېنىڭ ئوتتۇراڭدا بىر ئامال قىلىپ دوستلۇق ئورناتسام، بەلكىم ماڭغىتلارنىڭ بالا - قازاسىدىن ئامان بولساڭ، سېنىڭ ئىشلىرىڭغا پايدىلىقتەك تۇرىدۇ.»

بۇ سۆز تاھىرخاننىڭ رايىغا مۇۋاپىق كەلدى، شۇڭا موغۇلىستان چېگرىسىغا كېلىپ دوستلۇق لايىھىسىنى ئارىغا سالدى ۋە ئۆزى قۇچقارغا كېلىپ خانغا مۇلازىمەت قائىدىسىنى ئادا قىلدى.

خان ھاممىسىنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلىپ تاھىرخانغا ئورنىدىن تۇردى ۋە مۇنداق دېدى: «گەرچە ساڭا ئورنۇمدىن تۇرۇشۇم تۆرە قائىدىسى بويىچە ناتوغرا بولسىمۇ، لېكىن سەن بۇزرۇكۋار ھاممامنى ماڭا يەتكۈزدۈڭ، مېنى كۆپ مىننەتدار قىلدىڭ. بۇ ياخشى ئىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئورنۇمدىن تۇرمەن.»

خان ئورنىدىن تۇردى، تاھىرخانمۇ ئۆز قائىدىسى بويىچە يەرگە باش ئۇرۇپ كېلىپ خان بىلەن كۆرۈشتى، خانمۇ تاھىرخاننى تۈرلۈك شاھانە ئىلتىپاتلار بىلەن ئەزىز ۋە ھەر خىل خانلارچە تارتۇقلار بىلەن مەرتىۋىلىك قىلدى. تاھىرخاننىڭ سىڭلىسى [سۇلتاننىگار] خانىمنىڭ قىزى ئىدى، ئۇنى رەشىد سۇلتانغا نىكاھلاپ بەردى. ئۇ ھازىرمۇ رەشىد سۇلتاننىڭ ھەرىمىدە بولۇپ، پەرزەنتلىرى بار. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئەھۋالى ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىنغۇسى.

خان ياندىغان ۋاقتىدا مۇھەممەد قىرغىزنى تۇتۇپ باغلاپ كاشغەرگە ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، مۇھەممەد

قىرغىزدىن ئازراق قارشىلىق كۆرۈلگەنىدى ، ئۇ ئۆزبېكلەرگە ئىلتىجا قىلماقچى بولغانىدى . شۇڭا ، ئۇ بۇ قېتىم قامالغانچە تاكى خان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئاندىن قاماقتىن خالاس بولدى . خان خالايىق تىنچلىنارمىكىن ، دېگەن نىيەتتە پەقىر مۇھەممەدھەيدەرنى موغۇلىستاندا قويۇپ قايتتى . پەقىر ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسامۇ ، قىرغىزلار تىنچىماستىن قېچىپ ، موغۇلىستاننىڭ ئېرىقى چېتىگە بېرىپ تاھىر سۇلتانغا قوشۇلدى ، بەزىلىرى قېلىپ قالدى .

بۇ يىلى خان بىر پەرزەنت يۈزى كۆردى .

## يەتمىش تۆتىنچى باب

# سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوغلى سۇلتان ئىبراھىمنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ بايانى

تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 930 ـ يىلى شەۋۋال ئېيى[1] ئىدى .

نەزم :

چەراغى سەئاداتۇ ئەنۋارى جاھ ،
دەرەخشان يۈزىدىن چۇخۇرشىدۇ ماھ .
سەرىرى شەرەف ئۆزرە قويدى قەدەم ،
زېھى ئەختەرى سەئدۇ بۇرجى كەرەم .

---

① ھىجرىيە 930 ـ يىلىنىڭ شەۋۋال ئېيى مىلادىيە 1524 ـ يىلى 8 ـ ئايغا توغرا كېلىدۇ .

ئۇ خاندانلىق كۆكنىڭ قۇياشىدىن ۋە سەلتەنەت ئاسمانىنىڭ تولۇن ئايىدىن چىققان نۇر شولىلىرى سائادەت ۋە دۆلەتنىڭ شەرەپ بۇرجىنى يورۇتتى ، ئۇنىڭغا سۇلتان ئىبراھىم دەپ ئات قويۇلدى ، ئۇنى ھەزرىتى خاجە مۇھەممەديۇسۇف «پەرزەنتىم» دەپ ئاتىدى ، بابا سارىغ مىرزا ئۇنىڭ ئاتابېگى قىلىپ تەيىنلەندى . بابا سارىغ مىرزىنىڭ ئەھۋالى كاشغەر ياسالىنىڭ بايانىدا زىكىر قىلىنغانىدى .

سۇلتان ئىبراھىم تۇغۇلغاندا تۆرلۈك ھەشەمەتلىك توي - مەرىكىلەر ئۆتكۈزۈلدى . ئىلگىرىمۇ ، كېيىنمۇ ئۇنداق كاتتا مەرىكە بولۇپ باقمىغان بولغىيدى . خانىمىزمۇ ئۆز پەرزەنتلىرى ئىچىدە ئۇنىڭغا مۇھەببىتى زىيادە ئىدى ، ئۇنى ھەممە پەرزەنتلىرىدىن بەكرەك ئىززەتلەيتتى ۋە ھۆرمەتلەيتتى .

ئۇنىڭ تۇغۇلغان تارىخىنى پەزىلەت ئىگىلىرى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئىپادىلەشتى ، شۇ جۈملىدىن پەقىر مۇھەممەد- ھەيدەر بۇ تارىخنى مۇنداق نەزم بىلەن ئىپادە قىلغانىدىم :

**رۇبائىي :**

ئەز رەۋزە گۇلى بەباغى دىل ئامەدەئەست ،
شەھزادەئى تۈركان چىگىل ئامەدەئەست .
زىللۇللاھ ئەگەر بەگۇيەمەش نىست ئەجەب ،
تەئرىخى ۋىلادەتەش چۇ «زىلل»[1] ئامەدەئەست .

(جەننەتتىن بىر گۇل كۆڭۈل بېغىغا كەلدى ، گوياكى تۈرك شاھزادىسى چىگىل ئارىسىغا كەلدى .

ئۇنى «تەڭرىنىڭ سايىسى» دېسەم ئەجەبلەنمەڭ ، چۈنكى ئۇنىڭ تۇغۇلغان تارىخىمۇ «سايە» دەكلا كەلدى . )

---

① «زىلل» (ظل — سايە ) دېگەن سۆزنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنگەندە ، ھىجرىيە 930 - يىلى (مىلادىيە 1524 - يىلى )غا توغرا كېلىدۇ .

بۇ سۇلتان ئىبراھىمنىڭ قالغان ئەھۋالى ئۆز مەھەلىدە بايان قىلىنغۇسى .

## يەتمىش بەشىنچى باب

# خاننىڭ ئەندىجانغا ئىككىنچى نۆۋەت بارغانلىقىنىڭ بايانى

ۋاقتىكى ، باھار شەھەرىستانىنى نورۇز قەدىمى ئۇچۇن رەڭمۇ رەڭ گۇللەر بىلەن زىننەتلىدى . [ «ئاللا بىر نەرسىگە ۋۇجۇدقا كەل دېسە ، دەرھال ۋۇجۇدقا كېلىدۇ .»[1] ] ھاۋايىھەۋەس گۇلشىنىنىڭ بۇلبۇللىرى داستان ئېيتىشقا باشلىدى ، مەسلىھەتچىلەر رەشىد سۇلتاننىڭ ئىشلىرىنى مۇستەھكەملەشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى . شۇڭا ، سۇلتان سەئىدخان ياركەندتىن موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلدى . كاشغەرگە يېتىپ بارغاندا ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن ئەندىجان تەرەپتىن قەدەم تەشرىپ قىلىپ يېتىپ كەلدى ، خان ئۇنىڭ پايىبۇسلۇق شەرىپىگە ئېرىشتى . ھەزرىتى خاجە ئۆتۈپ ياركەندكە كەلدى ، خان موغۇلىستانغا كەتتى ، يازنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىقكۆلگە يېتىپ باردى . شۇ ئەسنادا «قالماقلار موغۇلىستان چېگرىسىغا يېقىن كېلىپتۇ» دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى ، خان : «ئاللا يولىدا جىھاد قىلغانلار»[2] ھەققىدىكى

---

① «قۇرئان كەرىم» ، 6 ـ سۈرە ئەنئام ، 73 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى .

② «قۇرئان كەرىم» ، 2 ـ سۈرە بەقەرە ، 28 ـ ئايەتنىڭ ؛ 8 ـ سۈرە ئەنفال ، 74 ـ ئايەتنىڭ ۋە 9 ـ سۈرە تەۋبە ، 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى .

كەرەملىك دەلىلىنىڭ ھۆكۈمىگە ئەمەل قىلىپ ، بەختىيارلىق ئاياغ- لىرىنى سائادەت ئۈزەڭگىسىگە قويۇپ ، جىھاد ۋە ئۇرۇش نىيىتىدە قالماق تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلدى . ئىسسىقكۆلدىن ئون كۈن يول يۈرۈپ قابى قالار ئاتلىق يەرگە يەتكەندى . كاشغەردىن — تاغام قېشىدىن ئادەم كېلىپ : «سۆيۈنچەكخان ئۆلۈپتۇ ، ئۆزبېك سۇلتانلىرى باشسىز قېلىپتۇ ، ئىنتىقام ئېلىشقا بۇنىڭدىن ئوبدان پەيت تېپىلماس . نەچچە ۋاقىتلاردىن مۇشۇنداق پۇرسەتكە ئىنتىزار ئىدۇق» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى .

تاغامنىڭ كاشغەردە قېلىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى : شۇ باھاردا ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقى سەۋەبىدىن يەرگە يېشىل ئوت - چۆپلەرنى سېلىنچا قىلىپ سېلىپ ، ئۇ ئوت - چۆپلەر ئۈستىگە مۇز سۇيىنى سېپىپ ، يالىڭاچ پېتى ئۇنىڭ ئۈستىدە يېتىپ ئۇخلىغانىكەن . ئويغىنىپ قارىسا لەقۋا (پالەچ) بولۇپتۇ ، تىلىغمۇ تۇسالغۇ پەيدا بولۇپتۇ . شۇ كۈنلەردە خان موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلىپ كاشغەرگە يېتىپ كەلگەندى ، ھەزرىتى خاجە ئەندىجاندىن كەلدى . نەزم :

زىھى ، بۇ كەلمەكىڭگە بەخت مەرھابا قىلدى ،
چۇ كۆردى پاك يۈزۈڭنى مەلەك دۇئا قىلدى .
نەخۇش بۇ كەلمەكىڭ ئولدى ماڭا مەسىھ سىفەت ،
كى بىر نەفەسدە ھەمە دەردىمە دەۋا قىلدى .

«كېسەلنىڭ ساقايغۇسى كەلسە ، تېۋىپ ئۆزى كېلەر» دېگەن ماقال بار ، بۇ ئىش تاغامنىڭ تەلىيىنىڭ ئوڭلۇقى ئىدى . ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن ئۆزىنىڭ مەسىھا سۈپەتلىك كۆڭلىنى تاغامنىڭ كېسىلىگە دەۋا قىلىشقا يۈزلەندۈردى . شۇ سەۋەبتىن تاغام موغۇلىستانغا بارالماي كاشغەردە قالغانىدى . سۆيۈنچەكخاننىڭ

ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ ، تاغام خانغا كىشى ئەۋەتكەنىدى .

قابى قالاردا بۇ خەۋەر خانغا يېتىش بىلەنلا خان تېزلىكتە قايتتى .

خاننىڭ ئەھلى ئايالى ئىسسىقكۆلدە ئىدى . شۇڭا ، ئىسسىقكۆلگە كېلىپ ، ئاندىن قانقا ئۇلاڭ[1] بىلەن ئەندىجانغا يۈرۈش قىلدى . نەزم :

لەشكەرى بىشۇمارۇ ئەندازە ،
ئەيلەبان كىينە رەسمىنى تازە .
نالەئى كەرنايۇ نەققارە ،
زۇھرەنىڭ كۆڭلىن ئەيلەدى پارە .
لەشكەر ئېرۇر مىسلى مۇرۇ مەلەخ ،
گەرم رەۋلىقدە ئاتەشى دەۋزەخ .

ئۇلار يەســى داۋاندىن ئۆتۈپ ئۆزكەندكە باردى ، تاغامىمۇ كاشغەر لەشكىرى بىلەن يېتىپ كەلدى . نەزم :

ھەمە فۇلادىۋەش ، ئاھەنىن خاي ،
كىينەسى دىۋەبەندۇ قەلئە كۇشاي .

ئۆزكەند قەلئەسى ناھايىتى مۇستەھكەم قەلئە ئىدى ، ئاسانلىق بىلەن ئىشغال قىلىنىدى ، ئاندىن مادۇ[2]غا كەلدى . پۈتكۈل فەرغانە ۋىلايىتىدە مادۇدەك مۇستەھكەم قەلئە يوق . شۇنداق بولسىمۇ كۈچتۈڭگۈر سىپاھلار ئۇنى ئاسانلىق بىلەن پەتھى قىلدى ، ئاندىن

---

① موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قولىيازمىسىدا يوقىرىقىدەك ئېلىنغان ، پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا ۋە تېھران نەشرىدە «قونغار ئۇلاڭ» ، پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «قونقار ئۇلاڭ» ، تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «قوچقار ئۇلاڭ» دېيىلگەن .

② مادۇ — خەنزۇچە نەشرىدە «ئۇچا» (Ucha ) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن ) .

ئوشقا كەلدى . ئوش ناھىيىسىدىكى ھەممە ئالىملار ، كاسىپلار ، پۈتكۈل خالايىقلار بىلەن كېڭىشىپ ئۆزبېك سۆيۈنچەكخان ئۆلدى ، ئەمدى ئۆلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ بىرەر ئىشقا قەدەم قويۇشىغا مەلۇم مۇددەت كېرەك . ئۇنىڭغىچە ئەندىجاننى ئېلىپ قەلئەنى قوغداش تەييارلىقلىرىنى قىلايلى ، ئۆزىمىز تاغ ئىچىدە ئورۇنلىشايلى ، ئۆزبېكلەر تاغ ئىچىگە كىرىپ بىزنى يوقىتىشقا ئاجىز كېلىدۇ . شۇڭا ، قەلئەنىمۇ مۇھاسىرە قىلمايدۇ ، دەپ قارار قىلىشىپ ئەندىجانغا يۈرۈش قىلدى . خاننىڭ ئەندىجانغا يۈزلەنگەنلىك خەۋىرى ئاڭلانغان ھامان شەيبانىي ئۆزبېكلەر ھېچ لايىھەمۇ تۈزمەي ، مەسلىھەت ۋە تەرەددۇتمۇ قىلماي ئالدىن يۈرۈش باشلىدى ۋە [يەتتىنچى كۈنى ھەر تەرەپتىن گوياكى پاشا ۋە چۈمۈلىدەك پەيدا بولۇشقا باشلىدى .] شۇڭا ، [بۇ ئىشقا پۇرسەتمۇ بولمىدى ،] قەلئەنى قوغداش ئىشلىرىمۇ رەتكە چۈشمىدى . خان ئىلاجسىز پۈتكۈل خالايىقنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ ياندى . بۇ يۈرۈشتە خاننىڭ لەشكىرى يىگىرمە بەش مىڭ كىشى ئىدى ، ئۆزبېك لەشكىرى يۈز مىڭدىن كۆپرەك ئىدى . نەزم :

كى بولغۇنچە تەدبىر ئىلە كار ھەل ،
ئەدۇ بىرلە بىھۇدە قىلمە جەدەل .

خان كۆچۈرۈپ ئېلىپ ماڭغان خەلقنى كاشغەرگە ئەۋەتىپ ، ئۆزى موغۇلىستانغا قاراپ راۋان بولدى ، چۈنكى ئۇ يەردە ئەھلى ئاياللىرى قالغانىدى . موغۇلىستاننىڭ ئوتلۇغ ئاتلىق بىر مەشھۇر جايى بار ، خان شۇ يەردە ئەھلى ئايالى بىلەن ئۇچراشتى . خان شۇنىڭدىن كېيىن رەشىد سۇلتاننى موغۇلىستاندا قويۇپ ، ئۆزى ئەھلى ئايالىنى ئېلىپ كاشغەرگە كەلدى . بۇ قېتىممۇ كاشغەردە ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن — ئاللا ئۇنى ئامان قىلغاي — نىڭ

مۇلازىمەت شەرىپىگە ئېرىشتى . بۇ ۋەقە بولۇپ ئۆتكەندە تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 931 ـ يىلى[1] بولغانىدى .

## يەتمىش ئالتىنچى باب

# خاننىڭ موغۇلىستانغا يەنە بىر نۆۋەت[1] بارغانلىقى ۋە موغۇل ئەھلىنى كاشغەرگە ئېلىپ كەلگەنلىكى ھەم ئاشۇ كۈنلەردە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى

رەشىد سۇلتان موغۇلىستاندا قېلىپ ، شۇ زىمىستاندا قۇچقاردا قىشلىدى .

تاھىرخان ئۆزبېكىستاندا ئىدى . ئۇ يەردە بىر نەچچە ۋەقەگە دۇچ كېلىپ ئىلاجسىز موغۇلىستانغا كەلدى ۋە قۇچقارغا يېقىن كېلىپ ئورۇنلاشتى . قىرغىزلارنىڭ يېرىمى ئۇنىڭغا قوشۇلدى ، تاھىرخان قىرغىزلارغىمۇ ئۆز ئەتراپىـــدا ئورۇن بەردى . شۇ سەۋەبتىن رەشىد سۇلتان ئۇنىڭدىن چۆچۈپ ۋە ئەندىشە قىلىپ ، شۇ قىشتا قۇچقاردىن قېچىپ ئاتباشىغا باردى . بۇ خەۋەر خاننىڭ مۇبارەك قۇلىقىغا يەتتى ـ دە ، شۇ زىمىستاننىڭ ئاخىرىدا ئاتباشىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى ، ئاتباشىنىڭ قاتىلىشى (قوشۇلۇشــى )دا رەشىدخان بىلەن كۆرۈشتى ۋە خالايىققا تەسەللى بەردى . ئۆزبېكلەر

---

① ھىجرىيە 931 ـ يىلى مىلادىيە 1524 — 1525 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .
① بۇ سۆز خەنزۇچە ۋە قازاقچە نەشرىدە «ئاخىرقى قېتىم» دېيىلگەن .

موغۇلىستاننىڭ شەرقىدىكى خان[1] ۋە كۆڭەس[2] دەپ ئاتىلىدىغان يەرلەرگە كەتتى.

رەشىد سۇلتاننىڭ تەۋەلىكىدە قالغان بىرمۇنچە قىرغىزلارمۇ رەشىدخاندىن ئايرىلىپ قۇچقاردا قالغانىدى، ئۇلارنىڭ غەربىيمۇ ئۆزبېكلەرگە قوشۇلغان قىرغىزلارغا قوشۇلۇش ئىدى. شۇڭا، خان پەقىرنى رەشىد سۇلتانغا ھەمراھ قىلدى. بىز بېرىپ يۇمغان ۋە قۇچقاردىن قىرغىزلارنى كۆچۈرۈپ ئاتباشىغا ئېلىپ كەلدۇق. خان پۈتكۈل خەلقنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كاشغەرگە كەتتى. خەلقنى تەرتىپكە سېلىش ۋە تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن پەقىرنى موغۇلىستاندا قالدۇرۇپ قويدى. تاكى خان قايتىپ كەلگۈچە پەقىر رەشىد سۇلتان بىلەن بىللە ئىدىم. خان كاشغەردىن كېلىپلا: «بۇزرۇكۋار ھامام سۇلتاننىڭگار خانىمنى ئېلىپ كەلگىن، ئۇ تاھىرخان بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ۋاستە بولۇپ سۇلھى ۋە دوستلۇق ئورناتسۇن» دەپ پەقىرنى كاشغەرگە بېرىشقا بۇيرۇدى. پەقىر خاننىڭ پەرمانىغا بىنائەن ياركەندكە بېرىپ، خانىمنى موغۇلىستانغا ئېلىپ باردىم. خان ئاقساي[3]دا ئىدى. پەقىر يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى «قىرغىزلار ئۆزبېكلەردىن ئايرىلىپ

---

① بۇ سۆز موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ قوليازمىسىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، تېھران نەشرىدە «خاس» دېيىلگەن، «قاش» سۆزىنىڭ خاتا كۆچۈرۈلۈشى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، باشقا نۇسخىلارنىڭ ھەممىسىدە «قاش» دېيىلگەن (قاش — پولكىنور داۋاندىن باشلىنىدىغان، ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي تارماق ئېقىنى بولغان قاش دەرياسى بولۇشى مۇمكىن — مۇھەررىردىن).

② بۇ يەر ئىسملىرى موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قوليازمىسىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا «خاس ۋە كۆڭەس» دېيىلگەن؛ پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «قاش ۋە كۇنگەس» دېيىلگەن؛ تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «خاس ۋە كۇنكەش» دېيىلگەن (كۆڭەس — ھازىرقى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى كۇنەس دەرياسى بولۇشى مۇمكىن — مۇھەررىردىن).

③ ئاقساي — ھازىرقى دون دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ ئوڭ تارماق ئېقىنى بويىدىكى قورغان بولسا كېرەك. خەنزۇچە نەشرىدە «ئاق قۇماس» (Ak Kumas) دېيىلگەن. «ئاق قۇماس» تالاس دەرياسى بىلەن چۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى «ئاققۇم» بولۇشى مۇمكىن (مۇھەررىردىن).

كېتىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغانىكەن. خان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قىرغىزلارنى بويسۇندۇرۇشنى لايىق كۆرۈپ، ئاقسايدىن ئاتلىنىپ بىر مەنزىل ماڭغاندا رەشىد سۇلتانغا كېسەل تېگىپتۇ. ھەزرىتى خاجە ئۇ يەردە ئىكەن، ئۇ زاتنىڭ مەسىھا نىشانلىق نەپەسلىرىنىڭ بەرىكىتىدىن [رەشىد سۇلتان] ئۇ كېسەلدىن ئۈچ كۈن ئىچىدە ساقىيىپ كېتىپتۇ.

پەقىر خانىمنى خاننىڭ مەنزىلگاھىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئىلغار قوشۇننى ئېلىپ لەشكەر تەرەپكە يۈزلەندىم. خان ئۇ مەنزىلدىن راۋان بولىدىغان كۈنى پەقىر يېتىپ باردىم ـ دە، ھەزرىتى خاجەئى نۇرەنىنىڭ ئۇزەڭگىلىرىنى سۆيۈشكە ۋە خاننىڭ خىزمىتى شەرىپىگە ئېرىشتىم. ھەزرىتى خاجە ئۇ مەنزىلدىن تولۇق ئىززەت ۋە ئىكرام بىلەن ياندى. خان يۈرۈشنى باشلىدى، قىرىق كۈنلۈك يولنى ئون ئىككى كۈندە بېسىپ تۈگەتتى.

ئۇ ئىچچام سۆزنىڭ تەپسىلاتى شۇكى، خان ئاققۇباش[1]قا يېتىپ كەلدى، پەقىرنى بەش مىڭ كىشى بىلەن رەشىد سۇلتانغا قوشۇپ قىرغىزلار ئۈستىگە ئەۋەتتى. قىرغىزلار ئارىشلار[2]دا ئىكەن. ئۇ يەرگە بېرىپ كۆردۇقكى، قىرغىزلارنىڭ ئوتاغ ۋە مەنزىللىرى تۇرۇپتۇ. بۇنىڭدىن قىرغىزلارنىڭ بۇ يەردىن كۆچۈپ قېچىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى، تاشلاپ كەتكەن بەزى ئەسۋابلىرىنى كۆردۇق. قىرغىزلار بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزدىن خەۋەر تاپتى بولغاي، دەپ گۇمان قىلىشتۇق. بىر مۇنچە ۋاقىت يۈرگەندۇق، بىر مۇنچە ئۆلۈكنىڭ ياتقانلىقىنى ۋە ئوق تېگىپ ياتقان بىر مۇنچە ئاتلارنى كۆردۇق. ئۇ ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن ئىزدەپ يۈرۈپ يېرىم جان ياتقان بىر كىشىنى تاپتۇق. ئۇنىڭدىن

---

① پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا «ئاق قۇباس»، پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «ئاق قاياس» دېيىلگەن، تېھران نەشرىدە «ئاق قوماس»، تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «ئاق قۇياش» دېيىلگەن.

② خەنزۇچە نەشرىگە ئاساسەن تولۇقلاندى. «ئارىشلار» سارى دەرياسىنىڭ غەربىدىكى ئارىسكۆل بولۇشى مۇمكىن (مۇھەررىردىن).

ئىنقىلاپ بىلدۈقكى، باباجاق سۇلتان كۇسەندىن كېلىپ قىرغىزلار ئۇستىگە چاپقۇن قىلىپتۇ. بىز كېلىشتىن ئىلگىرى ئۈچ كۈن قاتتىق ئۇرۇش قىلىپتۇ، ئاخىر باباجاق سۇلتان يېڭىلىپ قايتىپتۇ. قىرغىزلار ئەھلى ئاياللىرىنى ئۆزبېكلەر تەرەپكە ئەۋەتىۋېتىپ، ئۆزلىرى باباجاق سۇلتاننى قوغلاپ كېتىپتۇ. لەشكەرلەر ئۇنىڭدىن يىراقراق بارغاندى، قىرغىزنىڭ يۈز مىڭغا يېقىن قويىنى تېپىپ ئېلىپ كەلدى. قىرغىزلار بىلەن ئۆزبېكلەر قوشۇلۇۋالغاچقا، بۇنىڭدىن ئارتۇق چېقىلماي خاننىڭ ھوزۇرىغا يېنىپ كەلدۇق. چۈنكى، ئەسلىي مەقسەت ئۆزبېكلەرگە تېگىش قىلىش بولماستىن، قىرغىزلارنى تەرتىپ ئىچىگە كىرگۈزۈش ئىدى. شۇ سەۋەبتىن لەشكەرلەر ئاشۇ جايدىن ياندى ۋە بۇ قېتىمقى لەشكىرىي يۈرۈشكە «قوي چېرىكى» دەپ ئات قويۇشتى.

تاھىرخاننىڭ شۇ كۈنلەردە ئىككى يۈز مىڭ ئادىمى بار ئىدى. ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ قۇياشى زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەنگەن، ئون لەك لەشكىرىدىن ئىككى لەك ئادەم قالغاندى. ئەمما، ئۇنىڭ ئىشغالىيەت سىياستى يەنىلا كۈچلۈك ئىدى، شۇ سەۋەبتىن مەملىكەت ۋە ۋىلايەتلەرنىڭ سۇلتانلىرى ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە مۇقىم تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەبۇلقاسىم سۇلتان ئاتلىق بىر ئىنىسى بولۇپ، خالايىق تاھىرخاننىڭ ئىشغالىيەت سىياستىنى شۇنىڭدىن كۆرەتتى. شۇڭا، خالايىق بىراقلا ھۇجۇم قىلىپ ئەبۇلقاسىم سۇلتاننى ئۆلتۈردى. ئاندىن پۈتكۈل خەلق شۇ دەرىجىدە چېچىلىپ كەتتىكى، پەقەت تاھىرخان ئۆزى ۋە ئوغلىدىن بۆلەك كىشى قالمىدى، بۇ ئىككىيلەن ئىلاجسىز بېرىپ قىرغىزلارغا قوشۇلدى. بۇ خەۋەر خانغا كاشغەردىكى ۋاقتىدا ئاڭلاندى.

خاننىڭ كاشغەرگە كېلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، موغۇللار خانغا: «قىرغىزلار ئۆزبېكلەر بىلەن قوشۇلۇپ بىر بولدى. ئۆزبېكنىڭ مۇددىئاسى موغۇلىستاندا ئورۇنلىشىش. ئۆزبېكلەر كۆپ، شۇڭا بىز ئۇلارغا تاقابىل تۇرالمايمىز، بۇ قىشتا بۇ يەردە

تۆرۈشمىز خەتەرلىك» دەپ ئەرز قىلدى. موغۇللارنىڭ بۇ ئىلتىماسىنى خان لايىق تېپىپ، رەشىد سۇلتان بىلەن پۈتكۈل موغۇل ئەھلىنى كاشغەرگە كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەلگەنىدى. بۇلار كاشغەردىكى ۋاقتىدا، ئۆزبېكلەرنىڭ ۋەيران بولغانلىق خەۋىرى ئاڭلاندى. لېكىن، باھار ئاخىرلىشىپ قالغان ۋاقىت بولغاچقا، موغۇللارنىڭ موغۇلىستانغا بېرىشى قىيىن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن موغۇللار قىشتا كاشغەردە قالدى. باش باھار يېقىنلاشقان چاغدا تاھىرخان قىرغىزلار بىلەن كېلىپ، خان ئاتباشىدا قويۇپ كەلگەن قىرغىزلارنى، ۋە موغۇل ئەھلىنىڭ موغۇلىستاندا قالغان يىلقىلىرىنى بىللە ئېلىپ كەتتى.

## يەتمىش يەتتىنچى باب

# بابا سۇلتاننىڭ قاچقانلىقىنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ئەھۋالىنىڭ بايانى

بابا سۇلتاننىڭ نامى يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگەنىدى. ئۇ خاننىڭ قېرىنداشىنىڭ ئوغلى بولۇپ، تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 914 ـ يىلى① ئۇنىڭ ئاتىسى [سۇلتان خەلىل سۇلتان]نى [ئاخسىدا] جانىبېكخان رەھمەت سۇيىگە غەرق قىلدى. ئۇ چاغدا بابا سۇلتان كىچىك ئىدى، خان ئەندىجاننى ئالغاندىن كېيىن بابا سۇلتان خاننىڭ خىزمىتىدە بولدى. خان ئۇنى شۇ قەدەر ئەزىزلەپ ئەتىۋارلايتتىكى، خاننىڭ ئوغۇللىرىمۇ بابا سۇلتانغا ھەسەت

---

① بۇ ھادىسە يۈز بەرگەن ۋاقىت، يەنى ھىجرىيە 914 ـ يىلى (مىلادىيە 1508 ـ يىلى)غا توغرا كېلىدۇ.

قىلاتتى .

خاجە ئەلى باھادىر بابا سۇلتاننى موغۇلىستانغا ئېلىپ بېرىش زۆرۈرىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويغان چاغدا ، تاغام ئۇ مەسلىھەتنى ئۆزگەرتىپ موغۇلىستانغا رەشىد سۇلتاننى ئەۋەتىشنى قارار قىلدى ، شۇ سەۋەبتىن بابا سۇلتان كۆپ ئازار يېدى . خان ھەرقانچە ئىلتىپات ۋە مادارا قىلسىمۇ ، بابا سۇلتاننىڭ كۆڭۈل كىرى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتاتتى . چۈنكى ، رەشىد سۇلتاننىڭ شان ـ شەۋكىتى ئاشقانسېرى ، بابا سۇلتاننىڭ ھەسەت تومۇرلىرى تېخىمۇ قاتتىق سوقاتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادىمي شەيتانلار ھەممە يەردە بار ، خالايىقنىڭ كۆڭۈل سەھنىلىرىگە ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقلىرىنى چېچىش ئۇنداق كىشىلەرگە ئادەت بولۇپ كەتكەن ، ئاشۇ تائىپىلەردىن بىر نەچچەيلەن بابا سۇلتاننى ۋەسۋەسىگە سېلىپ ، ئىتتىپاقسىزلىق ۋە قارشىلىشىش تەرىپىگە كۈشكۈرتۈپ سەئيى ـ ھەرىكەتلەرنى قىلىشتى ، ئۇلار ھەممە پىكىر ـ خىياللارنى قىلىشتى ، لېكىن قېچىشتىن باشقىنى لايىق كۆرمىدى .

مەزىد ئاتلىق يەزىد خۇيلۇق بىر ئادەم بار ئىدى . باشتا خان ئۇنىڭغا كۆپ ئىلتىپاتلارنى قىلغانىدى ، ئەمما ئۇ ئۆز ئەملىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى ، شۇ سەۋەبتىن ئۇنى مەنسەپتىن يىراقلاشتۇرغانىدى . شۇڭا ، مەزىد ئۆزىنىڭ كاشغەردە تۇرۇشىنى دىشۋار كۆرەتتى ، ئۇمۇ بابا سۇلتاننىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ۋەسۋەسىگە سېلىشقا باشلىدى . بابا سۇلتان ياشلىق غۇرۇرى تۈپەيلىدىن يەنە كېلىپ بىلمىسىز ، نادان بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئەقىل نەسىھەتچىسىنىڭ يۈزىگە غەپلەت پەردىسى تارتىلىپ قالغانىدى . شۇڭا ، ئۇ مەزىدنىڭ بۇزۇق ۋە يارىماس ۋەسۋەسىلىرىنى ھەق ۋە راست ، دەپ گۇمان قىلاتتى .

مەزىدنىڭ مەسلىھەتى مۇنداق ئىدى : «سىزدەك قابىل سۇلتان كاشغەردەك كىچىك يۇرتقا زايە كېتىسىز . ئىسست ، پۈتكۈل ئالەم ياخشى ۋە قابىل پادىشاھقا موھتاجدۇر . ئەگەر سىز ھەرقانداق

ۋىلايەتكە بارىدىغان بولسىڭىز ، مىڭلارچە مىننەتدارلىق بىلەن جان - دىلىدىن خۇشال بولۇپ سىزنى پادىشاھلىققا كۆتۈرىدۇ ، شۇ جۈملىدىن [سۇلتان] ئۇۋەيس جۇتتەلان ۋە ھىساردا قابىل پادىشاھ تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن ئىلاجسىز ئۆزى سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرۇپتۇ ، ئۇ ھېچ كىشىگە تەۋە بولماپتۇ . ئەگەر سىز ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بارسىڭىز ، سىزنى پادىشاھ قىلىدۇ ۋە ئۆزى باشلاپ بېرىپ پۈتكۈل بەدەخشاننى ئالىدۇ . يەنە نەچچىلىگەن ئىشلارنى قىلىدۇكى ، ئۇنىڭ تەپسىلاتى بايان قىلىنسا ، شەرھى ئىچىگە سىغمايدۇ . كاشغەر ۋە موغۇلىستاننىڭ پادىشاھلىقىغا سېلىشتۇر-غاندا ، ماۋەرائۇننەھر ۋە خوراساننىڭ پادىشاھلىقى ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ۋە مۆتىۋەردۇر . »

مەزىد داۋاملىق ئەنە شۇنداق مەسلىھەتلەرنى ئارىغا سېلىپ ، بابا سۇلتاننى قايمۇقتۇرۇپ بۇ سۆزگە ماقۇل قىلدى . ئۇنىڭ سۆزى بىلەن يەنە نەچچەيلەن قايمۇقۇپ بابا سۇلتاننى كۇشكۇرتۇپ ، شۇ يىلى قىشتا ياركەندتىن قاچتى . خان ئارقىسىدىن قوغلىمىدى ۋە : «مەندىن ياخشىراق كىشىنى تاپسا ، مۇبارەك بولسۇن . ئۇنداق بولمىسا ، يەنە يېنىپ كېلەر » دېدى .

بابا سۇلتان شۇ قاچقانچە سۇلتان ئۇۋەيسنىڭ قېشىغا باردى ، ئاندىن بەدەخشانغا باردى . بەدەخشانغا بارغاندىن كېيىن بىلدىكى ، ئۇ مەسلىھەتلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ ئىكەن ، ئۇ شەيتان سۈپەتلىك كىشىلەر ئۆز مەنپەئەتلىرىنى كۆزلەپ ئاشۇنداق تەدبىر كۆرۈشكەنىكەن . شۇڭا ، بابا سۇلتان قاچقىنىغا پۇشايمان قىلىپ يەنە كاشغەرگە يېنىپ كەلدى . ئەمما ، خان ئۇنىڭغا كاشغەردە تۇرۇشقا ئىجازەت بەرمىدى . بۇ ئەھۋال پات يېقىندا بايان قىلىنغۇسى .

[بابا سۇلتان ئامالسىزلىقتىن ھىندىستانغا باردى ، ئۇ يەردىمۇ مەملىكەتنىڭ تىزگىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلمىدى . بابۇر پادىشاھ ھىسار ۋە فىرۇزەنىڭ ئاتاقلىق قەلئەسى بولغان روھتەكنى] بابا

سۇلتانغا بەردى ، ئەمما بابا سۇلتان نالايىق ئىشلارغا قەدەم قويدى . شۇڭا ، ئۇ كۇنلەردە ئىسھال (ئىچ سۈرۈش) كېسىلىگە دۇچار بولدى ۋە بۇ ئىسھال كېسىلى سوئىلمەزاج (مىجەز بۇزۇلۇش)قا ئۆزگىرىپ ، شۇ كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى . بۇ تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 937 ـ يىلى[1] بولغان چاغ ئىدى ، بۇ ۋاقىتتا ئۇ يىگىرمە تۆت ياشتا ئىدى .

خان بابا سۇلتاننى كىچىك ۋاقتىدا ناھايىتى ئەزىزلەيتتى ، ھېچ ئۇستاز ئۇنىڭغا بىرەر ھەرپ سۆزلىيەلمەيتتى ، شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئىلىم ئىگىلەش شەرەپلىرىدىن مەھرۇم قالغانىدى . بېيىت :

بەردى مەكتەبكە ئوغلىنى بىر شاھ ،
قىلغالى ئىلىم رەمزىدىن ئاگاھ .
بەردى ئىلكىگە تەختەئى سىيمىن ،
ئاڭا قىلدى بۇ نۇكتە تەرقىمىن .
يەتكۈرۈر مىھر ئاتاۋۇ جەبر ئۇستاد ،
ئېرۇر ئول مىھردىن بۇ جەبر زىياد .

دېگەن مەزمۇن بابا سۇلتاننىڭ شەنىگە مۇۋاپىق كەلدى . ئەمما ، ئۇنىڭ تەبىئىتى ئىقتىداردىن خالىي ئەمەس ئىدى ، ياي بىلەن ئوقنى ئوبدان ئاتاتتى ، خۇش مۇئامىلە ئىدى . دەسلەپكى چاغلاردا پەقىر بىلەن تولۇق بىرلىك ۋە چوڭقۇر ئېتىقاد بىلەن دوستلۇق ئورناتقانىدى ، سەپەردە خۇددى بىر قوش بولۇپ ئۇچاتتۇق ، ئورۇنلاشقاندىمۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىر ئۆيگە چۈشەتتۇق . چۈنكى ، ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ سىڭلىسى مەندە ، مېنىڭ سىڭلىم ئۇنىڭدا ئىدى ، شۇ سەۋەبتىن ھەرقانداق چاغدا تۈزۈت قىلماستىنلا بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ـ كېلىشىپ ئۆتەتتۇق . تاغامدىن ئاشۇ ئىش سادىر بولغاندىن كېيىن ئارىدا كۆڭۈلسىزلىك پەيدا بولدى .

---

[1] ھىجرىيە 937 ـ يىلى مىلادىيە 1530 — 1531 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

بابا سۇلتانغا خان بىلەن قارشىلىشىش ۋەسۋەسىسى چۈشتى ، پەقىر قانچە نەسىھەتلەرنى قىلدىم ، قوبۇل قىلمىدى . شۇنىڭدىن كېيىن بىر - بىرىمىز بىلەن بولغان ئىلگىرىكى بىرلىكىمىز قالمىدى .
بابا سۇلتان بەدەخشانغا قېچىپ بېرىپ يەنە قايتىپ كەلگەن چاغدا ، خان پەقىرنى بابا سۇلتاننى قايتۇرۇشقا يارلىق چۈشۈرۈپ ئەۋەتتى . كۆرۈشكەندىن كېيىن بابا سۇلتان ھەددۇھېسابسىز ئۆزرە ئېيتىپ كەچۈرۈم سورىدى ، كۆپتىن - كۆپ پۇشايمان ۋە نادامەتلەرنى ئىزھار قىلىپ : «ئىسىت ، سېنىڭ چىن سۆزلىرىڭ ۋە بەرھەق نەسىھەتلىرىڭنى قوبۇل قىلماي بەدخاھلارنىڭ يالغانچىلىقلىرىغا ، ۋەسۋەسىلىرىگە ئالدىنىپتىمەن ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىپتىمەن . شۇڭا ، بۇ قاتتىق كۈنلەر بېشىمغا كەلدى» دەپ بۇ رۇبائىينى ئېيتتى :
بېيىت :

گەر مەن گۇنەھى رويى زەمىن كەردە ستەم ،
لۇتفى تۇ ئۇممىدەستكى گىرد دەستەم .
گۇفتىكى بەۋەقتى ئەجز دەستى كەرەم ،
ئاجىز تەر ئەزىن مەخاھكى ئەكنۇن ھەستەم .

تەرجىمىسى :

پۈر قىلدىم ئەگەرچە دەھرگە كوھى گۇناھ ،
لۇتفۇڭ ئەجەب ئېرمەسكى ماڭا بولسە پەناھ .
دېدىڭ : ساڭا ئەجز ۋەقتىدە رەھىم ئەتكۈم ،
رەھىم ئەيلەكى ، ئەھۋالىم ئېرۇر ئەسرۇ تەباھ .

ئەمما ، ئىش ۋاقتىدىن ئۆتكەندى ، شۇڭا ئۇ ئۆزرە - تەقسىرلەرنىڭ پايدىسى بولمىدى ، نەزم :

چۇ فۇرسەت بار ئىدى ، بىكار يۈردۈڭ ،
مەھەل ئۆتتى ، نە سۇد ئەمدى نەدامەت .

بۇ قېتىم ئۇنى روھى سۇنغان ۋە دەردمەن ھالەتتە كۆرۈپ ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئاشۇ ھالەتتە تۇرسا ، دەپ ئۇمىد قىلغانىدىم . لېكىن ، ھىندىستانغا بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭ خۇي - ئەپئالى بەكلا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ ، ئاشۇ پەسكەش بەدخاھلارنىڭ سۆھبىتى تەسىرى بىلەن سالىھلىقى بۇزۇلۇقلا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ . نەزم :

تۇتمە سۇھبەت يامان بىلەن زىنھار ،
ۋەقىنا ، رەببەنا ، ئەزابەننار .

بابا سۇلتانىنىڭ جىنازىسىنى روھتەك (روھەك )تىن بەدەخشانغا ئېلىپ كېلىپ ، شاھمۇھەممەد سۇلتان ۋە بابا سۇلتانىنىڭ مومىسى تەرەپتىكى بوۋىسى بولمىش سۇلتانمۇھەممەد بەدەخشىنىڭ گۇمبىزىدە دەپنە قىلدى .

## يەتمىش سەككىزىنچى باب

# شاھمۇھەممەد سۇلتانىنىڭ زىكرى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى ئەھۋالىنىڭ بايانى

شاھمۇھەممەد سۇلتان بولسا سۇلتانمۇھەممەد سۇلتانىنىڭ ئوغلى ، سۇلتانمۇھەممەد سۇلتان بولسا سۇلتان مەھمۇدخان ئىبنى يۇنۇسخانىنىڭ ئوغلىدۇر .
شاھىبېكخان سۇلتان مەھمۇدخاننى ھەممە پەرزەنتلىرى بىلەن

بىللە شىبھىت قىلغان ۋاقتىدا شاھمۇھەممەد سۇلتان تېخى كىچىك ئىدى . شاھىبېكخاننىڭ ئەمىرلىرىدىن بىر ئەمىرنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كەلدى ، شۇڭا ئۇنى ئۆلتۈرمەي پىنھان ساقلىدى . شاھىبېكخان ئۆلتۈرۈلۈپ بابۇر پادىشاھ ماۋەرائۇننەھرنى ئىشغال قىلغان ۋاقتىدا ، ئۇ ئەمىر شاھمۇھەممەد سۇلتاننى قاچۇرۇپ ، بابۇر پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى . شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ شاھمۇھەممەد سۇلتان بابۇر پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە ئىدى . ئۆزبېكلەر بۇ يەرنى قايتىدىن ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن بابۇر پادىشاھ كابۇلغا كەتتى . شاھمۇھەممەد سۇلتان بەدەخشاندا — مىرزاخاننىڭ قېشىدا قالغانىدى ، كاشغەر ئىشغال قىلىنغان چاغدا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خاننىڭ مۇلازىمىتىگە كەلدى . خان :

نەزم :[①]

ئاتاسىزغە سال مەرھەمەت سايەسىن ،
قىلىپ لۇتف ، تۇتغىل بىيىك پايەسىن .
چۇ كۆرسەڭ يەتىمى سەرئەفكەندەنى ،
ھەرام ئەيلە فەرزەندىگە بۇسەنى .

دېگەن مەزمۇن بويىچە شاھمۇھەممەد سۇلتاننى ئۆز پەرزەنتىدىنمۇ ئەزىزرەك كۆرەتتى ، دائىم ئۇنىڭغا ئاتىلىق نەزىرى ۋە شەپقىتىنىڭ سايىسىنى سالاتتى . شاھمۇھەممەد سۇلتانمۇ خاننىڭ خاس ھۇزۇرىدا پەرزەنت قاتارىدا ھەمىشە ھازىر ئىدى . ئۇ بالاغەتكە يەتكەندە خان تۇغقانلىق زەنجىرىنى مەھكەم ۋە مەرھەمەت ئالاقىسىنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئاتا بىر ، ئانىمۇ بىر قان - قېرىنداش سىڭلىسى خەدىچە سۇلتان خانىمنى شاھمۇھەممەد سۇلتانغا نىكاھلاپ بەردى .

پەقىر بىلەن شاھمۇھەممەد سۇلتاننىڭ ئارىسىدا مېھىر -

① بۇ سۆز پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا «مەسنەۋى» دېيىلگەن .

مۇھەببەت ۋە دوستلۇق ئالاقىسى شۇ قەدەر چىڭ باغلاندىكى ،
نەزم :[1]

مەن بولۇپ جانانۇ جانان بولدى مەن ،
گويىيا بىر روھ بولدۇق ئىككى تەن .

كۆپ ۋاقىتلاردا بىر - بىرىمىز بىلەن سۆھبەتداش بولاتتۇق . شاھمۇھەممەد سۇلتان ، بابا سۇلتان ۋە پەقىر توققۇز يىل مۇددەت ئىچىدە خاننىڭ مۇلازىمىتىدە بولدۇق ، گوياكى «سەئىد» (سعيد) دېگەندىكى «سىن» (س) ھەرپىنىڭ چىشلىرىدەك ھەرگىز خىزمەتتىن ئايرىلمايتتۇق ، ھېچ سائەتتە ھېچبىر سەۋەب بىلەن مۇلازىمەتتىن يىراقلاشمايتتۇق . دىن ۋە دۇنيالىقتىن ھەر قايسىمىزنىڭ ھەر قانداق نەرسىسى بولسا ، ئۇنىڭغا يالغۇز ئىگىدارچىلىق قىلمايتتۇق ، ئۇ گوياكى بىز ئۈچۈن ئورتاق مۈلۈك ئىدى . ئەگەر بىر - بىرىمىزگە مىننەت قىلغۇدەك ئىش سادىر بولسا ، ئۇ خىل مىننەتنىڭ مەزمۇنى ھېچقايسىمىزنىڭ خاتىرىمىزنىڭ ئەتراپلىرىغىمۇ يېقىن بولمايتتى . ئەگەر ئۆزرە ئېيتىشقا تېگىشلىك بىرەر ۋەقە يۈز بەرگەن تەقدىردىمۇ ، ئۆزرىنىڭ مەزمۇنى كۆڭۈل سەھىپىسىگە پەيدا بولمايتتى . ھەرقانداق ئىش سادىر بولسا ، بىر - بىرىمىزدىن رازى ئىدۇق ، ھەر جەھەتتە بىر - بىرىمىزگە مىننەتدار ئىدۇق . خۇددى دوستلۇقنى تەرىپلەپ مۇنداق ئېيتىلغىنىدەك :
نەزم :[2]

ئۆزرە ئايغالى قويماغاي چۇ بەرسەڭ ئازار ،
لۇتۇف ئەتكەي ، مىننەت ئەتمەگەي ئول ئىزھار .

---

① بۇ سۆز پارچە بىرىنچى ، ئىككىنچى نۇسخىلاردا ۋە مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «بەيت» دېيىلگەن .
② بۇ سۆز پارچە ئىككىنچى نۇسخىدا «رۇبائىي» دېيىلگەن .

يار ئىستەر ئېسەڭ ئۇشبۇ سىفەت تاپىغىل يار ،
مۇنداغ ئەمەس ئېرسە ، يار تۇتمە زىنھار .

ھەقىقەتەنمۇ توققۇز يىل ئىچىدە ئەنە شۇنداق مېھىـــر - مۇھەببەت تىكلەنگەن ۋە مۇستەھكەملەنگەنىدى . ئەمما ، ئوچۇق ۋە روشەنكى ، بۇ قىلىقـــى سەت تەتۈر پەلەك ھەققىـــدە مۇنداق ئېيتىلغىنىدەك :

**نەزم :**

مىھر ئېتەر دىلبەرۇ ئەمما ۋەفا قىلماغۇسى ،
مىھرىگە بەرمە كۆڭۈل ، غەيرى جەفا قىلماغۇسى .
ئىزدەمە ھەجر ، بىلۇرسەنكى ، ۋەكىلانى سىپىھر ،
قويماغاي ۋەسل ئېتىبان تاكى جۇدا قىلماغۇسى .

ئۇچرىشىش ۋە ئالاقە رىشتىلىرىنى چىگىتقان دوستلار ئىچىدە ئۇزۇلۇش ۋە ئايرىلىش خەنجىرىدىن يارىدار بولمىغان بىرىمۇ يوق ، بىر - بىرى بىلەن دوست بولغانلار ئىچىدە شەپقەتسىز پەلەكنىڭ ئاپىتى تۇپەيلىدىن جۇدالىق زەنجىرىگە گىرىپتار بولمىغانلار زادىلا يوق . **نەزم :**

كۆڭۈل قايانغەكى بەرسەم ، ئەسىرى ھىجرانمەن ،
ۋىسال كىمگەكى تاپسام ، جۇداۋۇ نالانمەن .

بۇ ماقالىنى تەستىـــقلايدىغان ئەھۋال ۋە بۇ دەۋاغا گۇۋاھ بولىدىغان ھالەت شۇكـــى ، بابا سۇلتان قاچقاندىن كېيىـــن شاھمۇھەممەد سۇلتانغىمۇ شۇ قىشتا ئاجايىپ بىر ئىش دۇچ كەلدى . بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق :

بابا سەيىد ئاتلىق بىر كىشـى بار بولۇپ ، ئۇ مـــىرزا بەگچەكنىڭ ھامىسىنىڭ ئوغلى ئىدى . شاھمۇھەممەد سۇلتاننىڭ كۆڭلىگە ئۇنىڭ مۇھەببىتى چۈشتى . بابا سەيىد بولسا ئۆزىنىڭ

تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان ، چېكىدىن ئاشقان ، پاكلىق لىباسلىرىنى غۇنچىدەك پارە - پارە قىلغان ، مالامەت تىكەنلىرىدىن گۈل كەبى قورقۇمسىز ۋە بىپەرۋا يىگىت ئىدى . شاھمۇھەممەد سۇلتان بىلەن بابا سەييىدنىڭ ئارىسىدا مۇھەببەت زەنجىرى مەھكەم باغلانغانىدى ، كېيىن شاھمۇھەممەد سۇلتاننى نۇرغۇن تىرىشچانلىق ۋە ئۇرۇنۇشلار بىلەن پاكلىق ۋە تەقۋادارلىق يولىغا دالالەت قىلدىم . ئەمما ، شاھمۇھەممەد سۇلتان :

مىسرا :

ئەلۋىدا ، ئەي زۇھدۇ تەقۋا ، ئەلفىراق ، ئەي ئەقلۇ دىن .

دېگەندىن ئۆزگە جاۋاب بەرمەيتتى ۋە بابا سەييىدتىن كۆڭۈل ئۈزمەيتتى ، كۈندىن - كۈنگە بەتقىلىقلىققا قاراپ ھەرىكەت قىلاتتى . نەزم :

بولدى يەنە سەيرى چەمەن ئارزۇ ،
جىلۋەئى ئول سەرۋى سۈمەن ئارزۇ .
تەۋبە قىلىپ ئېردىمۇ كەلدى بەھار ،
بولدى يەنە تەۋبە شىكەن ئارزۇ .

خان بىلەن پەقىر قانچە نەسىھەت قىلدۇق ، پايدىسى بولمىدى . ئۇنىڭ مۇتىدىللىكتىن ھالقىپ كەتكەن ئىشلىرى بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى . ئاخىر شاھمۇھەممەد سۇلتاننى قوغلاشتىن باشقا چارە قالمىدى . نەزم :

چۈن نەسىھەت بىلە تۈزەلمەسە كار ،
بەس ھەقارەتكە يول تاپار ناچار .

شاھمۇھەممەد سۇلتاننى بابا سەييىد ۋە بىر قانچە مۇلازىملىرى بىلەن قاراتېگىن تەرەپكە ماڭدۇردى . ئەمىرلەردىن مۇھەممەد بارلاس ، ئەمىر جاناكا قاتارلىق ئىككى ئەمىرنى بۇلارنى قاراتېگىنكە

ئاپىرىپ قويۇش ئۇچۇن قوشۇپ بەردى . ئەمما ، ئەمىر جاناكا يولدا بارغۇچە قارشىلىشىپ ، شاھمۇھەممەد سۇلتاننى باشقا بىر تەرەپكە ئېلىپ بارماقچى بولدى ، شۇ سەۋەبتىن ئەمىر مۇھەممەد ئەمىر جاناكانى تۇتۇپ باغلىدى . بابا سەييىد شاھمۇھەممەد سۇلتاننى ئەمىر جاناكانى قۇتقۇزۇشقا تەرغىب قىلدى ، ئۇ : «ئەمىر جاناكا سىزگە ساداقەتمەنلىك قىلىپ بۇ مېھنەتكە مۇپتىلا بولدى ، شۇڭا ئەمىر مۇھەممەدتىن ئۇنى زورلۇق بىلەن ئاجرىتىپ ئالغايسىز» دېدى . شاھمۇھەممەد سۇلتان بۇ سۆزگە ئالدىنىپ قايتىپ كەلدى . تەڭ كېچە بىلەن ئۇلار تۇرغان جايغا يەتتى . ئۇلارمۇ ئاشۇنداق ئەندىشە بىلەن مۇكەممەل قوراللىنىپ تۇرۇشقانىدى . سۇلتان كېلىپ : «ئەمىر جاناكانى قويۇپ بېرىڭلار !» دەپ ۋارقىرىدى . بۇلارمۇ ۋارقىراپ : «ھەر قانداق كىشى بولساڭ ئارقاڭغا يانغىن ، بولمىسا ئوق ياغدۇرىمىز !» دېدى . سۇلتان ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئىشىتتى ، لېكىن ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى . «كېچە دېگەن زالىم پادىشاھقا ئوخشاش» دېگەندەك ئۇ كىشىلەر ئوق ئېتىشقا باشلىدى . راست دېگەندەك بىر ئوق كېلىپ شاھمۇھەممەد سۇلتاننىڭ كۆكرىكىگە تېگىپ تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى ، ئۇ شۇ ھامان ھەققە جان تاپشۇردى .

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قاتتىق سۈرەن - چۇقان پەيدا بولدى . ئۇلاردىن بەزىلىرى ، خۇسۇسەن «ھەرقانداق كىشى بولساڭ ئارقاڭغا يانغىن ، بولمىسا ئوق ياغدۇرىمىز» دېگەن كىشىلەر قېچىپ كەتتى ، بەزىلىرىگە خان نۇرغۇن ۋەدىلەر بىلەن تەسەللى بەردى .

بۇ ئەھۋال يۈز بەرگەندە ، بابا سۇلتان خۇتتەلان ۋە قۇندۇزغا قېچىپ بېرىپ پۇشايمان قىلىپ يېنىپ كەلدى . خان پەقىرنى بابا سۇلتاننى قايتۇرۇۋېتىشكە بۇيرۇدى ، پەقىر بېرىپ ئۇنىڭ يول ئوزۇقى ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلىرىنى تەييارلاپ بېرىپ يولدىن ياندۇردۇم . بۇ ۋەقە يوقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتتى .

شاھمۇھەممەد سۇلتاننىڭ خوتۇنى خاننىڭ سىڭلىسى ئىدى ، سۇلتاننىگار خانىم ۋە دەۋلەتسۇلتان خانىملار ھەم خاننىڭ ھامىسى

ھەم شاھمۇھەممەد سۇلتاننىڭ ئاتىسىنىڭ ھاممىسى ئىدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى خانغا : «شاھمۇھەممەد سۇلتاننى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدىڭىز ،نېمىشقا ئۇنى بىگۇناھ ئۆلتۈردىڭىز ؟ !» دەپ ھۇجۇم قىلىپ خاننى تولا تەڭلىككە سالدى . خان نەچچە خىل قەسەملەرنى قىلىپ : «مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان ئەمەسمەن ، بۇ ۋەقەدىن خەۋىرىم يوق» دېدى .

ئۇلار بىردەك : «ئۇنداق بولسا ، مۇھەممەدنى بىزگە بېرىڭ ، شاھمۇھەممەد سۇلتاننىڭ ئورنىدا ئۇنىڭدىن قىساس ئالىمىز !»

خانمۇ مۇھەممەدتىن قىساس ئېلىشقا رازىلىق بەردى . مۇھەممەد بولسا ماڭا ۋە تاغامغا ئىلتىجا قىلدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھەممەد بارلاس رەشىد سۇلتاننىڭ مۇلازىمى ئىدى . رەشىد سۇلتانمۇ تاغام بىلەن پەقىرنى ئىزدەپ تولا تەكىتلەپ : «ئەلۋەتتە مۇھەممەدنىڭ خالاسلىقى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ سايە - سەۋەب قىلغايسىزلەر» دەپ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىلتىماسلار قىلدى .

شۇڭا ، پەقىر ئۇنىڭ تەرەپدارى بولدۇم ، خالىي ئورۇندا خانغا شۇنچە كۈچەپ ئەرز قىلدىم : «سىزنىڭ قېرىنداشلىرىڭىز بولمىش سۇلتانلارنىڭ ھەممىسى كەتتى . ھازىر ئۆز قېرىندىشىڭىز بولغان مۇشۇ بىر سۇلتانلا قالدى . ئەگەر مۇھەممەدنى ئۆلتۈرسىڭىز ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئازار يەيدۇ ، پەقىر كەمىنىمۇ ئازار يەيمەن ، چۈنكى مۇھەممەد بىلەن تۇغقانچىلىقىم بار» دەپ بۇ ھەقتە خانغا كۆپتىن - كۆپ ئىلتىجا قىلىپ يالۋۇردۇم . شۇڭا ، خان ئۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشنى ماڭا تاپشۇردى ۋە : «سېنى بۇ ئىشتا ساھىب ئىختىيار قىلدىم ، خاھى قىساس ئالغىن ، خاھى قويۇپ بەرگىن ، ئىختىيار سەندە» دېدى .

ئەمما ، يۇقىرىدا ئىسمى زىكىر قىلىنغان خانىملارنىڭ بەزىسى ئانامنىڭ سىڭلىسى ، بەزىلىرى ئاتامنىڭ سىڭىللىرىنىڭ قىزلىرى ئىدى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردەك ماڭا يۈزلەندى ۋە تەنە ، تەنبىھ ۋە ھاقارەتلەرنى قىلىپ : «ئۇ بارلاسنىڭ ساڭا بولغان

تۇغقانچىلىقىنىڭ قانچىلىك تايىنى بار ئىدى؟ ئۇنىڭ تۇغقانچىلىقىنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلىمەن دەپ مۇنچىۋالا مۇھىم ئىشقا كىرىشمەيۋاتىسەن؟ قىساس ئالماسلىقنى ئىختىيار قىلىۋاتامسەن؟ مۇھەممەد بارلاسقا سىپلىشتۇرغاندا شاھمۇھەممەد سۇلتاننىڭ ساڭا بولغان تۇغقانچىلىقى نەچچە دەرىجە زىيادە ئەمەسمۇ؟ مۇھەممەد بارلاس گەرچە ئاتاڭنىڭ ئانىسى بىلەن بىر تۇغقان بولسىمۇ، لېكىن شاھمۇھەممەد سۇلتان ئۆزۈڭنىڭ ئاناڭ بىلەن بىر تۇغقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە شاھمۇھەممەد سۇلتان سېنىڭ دوستۇڭ ھەم سۆھبەتداش ئاغىنەڭ ئىدىغۇ؟! يەنە تېخى ئاتاڭنىڭ ئىنىسىنىڭ قىزى خەدىچە سۇلتان خانىم ئۇنىڭ خوتۇنى تۇرسا، ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ سىڭلىسى، تاغىسىنىڭ قىزى سېنىڭ نىكاھىڭدا تۇرسا! خوش، شاھمۇھەممەد سۇلتان بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا مۇشۇنچىۋالا تۇغقانچىلىق ھەققى ۋە ئالاقىسى بار تۇرۇقلۇق، مۇھەممەد بارلاسنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى ساقلىساڭ، ئۇنىڭدىن قىساس ئالماي ئۇنى قويۇپ بېرىشنى خالىساڭ، بۇ راۋامۇ؟!» دەپ خانىملار شۇنچىۋالا تەنە ۋە مالامەتلەرنى ياغدۇرۇشقان بولسىمۇ، لېكىن پاك تەڭرىنىڭ ئىرادىسى ۋە پەلەكنىڭ قىسمىتى شۇنداق ئىكەن، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ بۇ ھەق سۆزلىرىنى رازىلىق قۇلىقى بىلەن ئىشىتمىدىم. ھەق ئىشتىن يۈز ئۆرۈپ باتىل (ناھەق) تەرەپكە قەدەم قويدۇم، يەنى مۇھەممەد بارلاستىن قىساس ئېلىشقا رازىلىق بەرمەي مۇھەممەدنى تاغامغا تاپشۇردۇم. تاغام ئۇنى كاشغەر تاغلىرىدا قاچۇرۇپ ساقلىدى، مۇشۇ سەۋەبتىن پەقىر بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم ئارىسىدا كۆڭۈل ئاغرىقى پەيدا بولدى. كۆڭۈلدىكى بۇ كىر - غۇبارلار نەچچە مۇددەتلەردىن كېيىن ئاندىن يوقالدى.

دېمەك، مۇشۇنداق مۇشكۈل قىيىنچىلىقلار بىلەن مۇھەممەد-نى خانىملارنىڭ قولىدىن خالاس قىلىپ، تاغامغا ۋە تاغامنىڭ ئەۋلادىغا نىسبەتەن بىر جاللاتنى پەيدا قىلدىم. مىسرا:

ئۆز ئىلكىم بىرلە تاپتىم بىر بەلايى..

ئەي تەڭرىم، تەۋبە قىلدىم، يەنە تەۋبە قىلدىم. ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن، ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن. مەن بۇ ناھەق ئىشنى قىلدىم، شۇڭا پاك ۋە ئۇلۇغ تەڭرىم بىزگە دەل شۇ مۇھەممەدنى كۇشەندە قىلدى. ناھەق ئىشنىڭ ھەقىقەتەن زىياندىن ئۆزگە نەتىجىسى يوقتۇر. مۇھەممەدنى پەقىر ۋە تاغام ئۆلۈمدىن خالاس قىلغاندۇق، بۇ مۇھەممەد تاغامنى، ئۇنىڭ ئەۋلادىنى ئۆلتۈرۈشتە ۋە پەقىرگە زىيانكەشلىك قىلىشتا ھېچ كەم - كۇتىسىنى قويمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى زالىمغا ياردەم بەرسە، خۇدايتائالا ھامان ئاشۇ زالىمنى شۇ كىشىگە كۇشەندە قىلىدۇ» دېگەنىدى.

بېيىت:

يامانغە ياخشىلىق قىلماق بىتەھقىق،
ئېرۇر ياخشىغە قىلغاندەك يامانلىق.

ئەي تەڭرىم، سېنىڭدىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە شۇ ئىش خۇسۇسىدا سېنىڭ پاناھىڭغا سىغىنىمەنكى، ھەر قانداق ئىش بۇ دۇنيالىقنىڭ مەسلىھىتىدە مۇۋاپىق بولسىمۇ، لېكىن ھەقىقەتتە ئۇ ئىش ئاخىرەتلىك ئۇچۇن زىيانلىق بولسا، ئۇ ئىشنى ماڭا قىلدۇرمىغايسەن. شۇ ھەقتە سېنىڭدىن تەۋپىق تىلەيمەنكى، سېنىڭ رازىلىقىڭ بولمىغان ھەرقانداق ئىشنى تاشلىغايمەن، ھەممە ئىشلىرىمدا باتىلنىڭ ئورنىدا ھەقىقەتنى بەرپا قىلىپ بەرگەيسەن، زالىملارغا يانتاياق بولۇشتىن ۋە ئۇنىڭ يامانلىقلىرىدىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، مۇسۇلمانلارغا يار - يۆلەكتە بولىدىغان ۋە ئۇلارغا كۈچ - قۇۋۋەت يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغايسەن، سالىھلار بىلەن دوست بولۇشقا، ئۇلارنى دوست تۇتۇشقا نېسىپ قىلغايسەن. مۆمىنلەرگە يار ۋە ياخشى كىشىلەرگە يېقىن قىلغايسەن، زالىملارنىڭ يامان قىلمىشلىرىدىن يىراق

قىلغايسەن ، غاپىللارچە ئۇيقۇغا كېتىشتىن توسقايسەن . ئەي چەكسىز مېھرىبان تەڭرىم ، ماڭا رەھىم - شەپقەت قىلغايسەن .

## يەتمىش توققۇزىنچى باب

# رەشىد سۇلتانىنىڭ پەقىر بىلەن بەلۇرغا ئۇرۇش ئۇچۇن بارغانلىقى

ۋاقتىكى ، شاھمۇھەممەد سۇلتانىنىڭ ۋەقەسى يۈز بەردى ، شۇ سەۋەبتىن ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدا كۆڭۈلسىزلىك پەيدا بولدى . شۇ يىلى قىشتا خان رەشىد سۇلتان بىلەن پەقىرنى بەلۇر[1]غا ئۇرۇشقا بۇيرۇدى ، بىزمۇ ئاشۇ كۈنلەردە بىر قانچە كۈن بولسىمۇ ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن يىراق بولىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن خۇش بولۇپ ، تېزلىكتە ئۇرۇشقا يۈرۈش قىلدۇق .

بىلمەك كېرەككى ، بەلۇر بولسا كۇپپارلار يۇرتىدۇر . ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى تاغ خەلقىدۇر ، ھېچبىرىنىڭ دىن ۋە مەزھىپى يوق ، ئۇلار ھېچ ئىشتىن پەرھىز قىلمايدۇ ۋە ئۆزىنى تارتمايدۇ ، كۆڭلى قايسى ئىشنى خالىسا ۋە نېمە خۇشياقسا شۇنى قىلىدۇ .

بەلۇرستانىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپى كاشغەر ۋە ياركەند ۋىلايىتىگە ، شىمال تەرىپى بەدەخشانغا ، غەرب تەرىپى كابۇلغا ، جەنۇب تەرىپى كەشمىر دىيارىغا تۇتاشتۇر . ھەممە بەلۇرستانىنىڭ ئىچى ۋە تۆت ئەتراپى تۆت ئايلىق يول بولۇپ ، ئۇنىڭ ھەممىسى تاغ ، جىلغا ۋە تار يەرلەردىن ئىبارەت . مۇبالىغە يۈزىسىدىن پۈتكۈل

---

[1] بەلۇر — بولۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ھازىرقى كەشمىرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بالتىستان (مۇھەررىردىن ) .

بەلۇرىستاندا بىر فەرسەڭمۇ تۈز يەر يوق دېيىشكە بولىدۇ.
بەلۇر خەلقى كۆپ خەلق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچ كەنتى بىر - بىرى بىلەن ئىتتىپاق ئەمەس، ئارىسىدا داۋاملىق قىرغىنچىلىق بولۇپ تۇرىدۇ، جېدەل - ماجىرالار ئۇزۇلمەي داۋام قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇرۇشلىرى كۆپىنچە مۇنداق يوسۇندا بولىدۇ: ئايال ۋە ئاجىزلىرى ئىمارەت ۋە تېرىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، ئەرلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ سۇلھى - سالا قىلىدۇ. ئۇلار ئەگەر تاماق يەيدىغان ۋاقتى بولسا، بىر - بىرلىرىگە ھىيلە ئىشلەتمەستىن ئۇرۇشنى توختىتىدۇ ۋە بىر - بىرلىرىدىن ئايرىلىپ ئۆيلىرىگە كېلىپ، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن يەنە كېلىپ ئۇرۇش قىلىدۇ. نامازدىگەر ۋاقتى بولسا، يەنە خوتۇنلىرى ئارىغا كىرىپ سۇلھى قىلىدۇ ۋە ئەتە ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلىشىپ ئۆيلىرىگە يېنىشىدۇ. گاھىدا سۇلھى بىر يەرگە قارار تاپماي قالىدۇ، بۇنداق ۋاقىتتا كېچە تاڭ ئاتقۇچە ئۆيلىرىنى مەھكەم تاقاپ ئۇخلىماي تەييار تۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممە ئۆمرى ئەنە شۇ تەرىقىدە ئۆتىدۇ. ئۇلارنىڭ يايلاقلىرى ئاز بولغاچقا، چارۋىلىرىمۇ كەم، ئاز - ئازدىن قوي ۋە ئۆچكىلىرى بار، ئۇلارنىڭ يۇڭىنى كىيىم قىلىشىدۇ. جۇملىدىن ياغ ۋە سۈت قىلغۇدەك كالىلىرىمۇ بار، ئۇنىڭدىن زىيادە چارۋىسى يوق. ھەربىر جىلغىنىڭ قوۋمىنىڭ زۇۋانلىرى باشقىچە بولۇپ، ھېچقايسىلىرى بىر - بىرىنىڭ تىلىنى بىلىشمەيدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدا ھەمىشە ئۇرۇش ۋە دۈشمەنلىك بار. شۇڭا، ئۆمرىلىرى ئىچىدە ئاشۇ جىلغىدىن بۆلەك يەرنى كۆرمەي ئۆتىدۇ.
ئەمما، بەلۇرىستاندا ئوبدان باغلار ۋە ياخشى مېۋىلەر تولا، بولۇپمۇ ئانارى ئوبدان ۋە كۆپتۇر. بىر خىل ئانار بار ئىكەن، مەن ئۇنداق ئانارنى بەلۇرىستاندىن باشقا جايدا كۆرمىدىم. ئۇنىڭ دانىلىرى ناھايىتى سۈزۈك ۋە پاكىز، تاتلىق ۋە تەمлиكتۇر. ئۇ يەردە ھەسەلمۇ تولا..

دېمەك ، شۇ زىمىستاندا بىز بەلۇردا ئىدۇق ، قاتتىق ئۇرۇشلار يۈز بەردى ، غەلىبە ۋە نۇسرەت بىز تەرەپتە ئىدى . تاكى باھار ۋاقتىغىچە تۇرۇپ ، ئاندىن ساق - سالامەت سارىغچوپانغا كېلىپ ئولجا - غەنىيمەتلەرنى ئايرىدۇق ، مىڭدىن كۆپرەك ئەسىر بار ئىدى .

تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 934 - يىلى باش باھاردا[1] خانىنىڭ خىزمىتىگە يېتىپ كەلدۇق . شۇ يىلى يازدا سۇلتانىنىگار خانىم — ئۇنىڭ ئېتى بۇ كىتابنىڭ بىر قانچە يېرىدە زىكىر قىلىندى — بەزگەك كېسىلى بىلەن ۋاپات بولدى . تەڭرى ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگەي . پەقىر ئۇنىڭ ۋاپاتى تارىخىنى «خۇلدەش » (خلدش — جەننىتى )[2] دېگەن سۆزدىن چىقارغانىدىم .

## سەكسىنىنچى باب

# خانىنىڭ بەدەخشانغا ئىككىنچى نۆۋەت بارغانلىقى ، ئۇنىڭ تەپسىلاتى ۋە ئاشۇ كۈنلەردە دۇچ كەلگەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى

تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 936 - يىلى[3] بولغانىـــدى ، بابۇر پادىشاھ ھۇمايۇن مىرزىنى ھىندىستانغا ئېلىپ كەتتى . بۇنىڭ

---

① ھىجرىيە 934 - يىلىنىڭ باش باھارى مىلادىيە 1528 - يىلغا توغرا كېلىدۇ .

② «خۇلدەش» (خلدش ) دېگەن سۆزنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنگەندە ، ھىجرىيە 934 - يىلى (مىلادىيە 1528 - يىلى )غا توغرا كېلىدۇ .

③ بۇ يىلنامە بۇ يەردە 936 دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان . باشقا بارلىق نۇسخىلاردا ۋە بۇ قـولـيـازمىنىڭ سەل تـۆۋىنىدە 935 دېيىلگـەن . ھىجرىيـە 935 - يىلـى مىلادىيە 1528 — 1529 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

تەپسىلاتى شۇكى، مىرزاخان ئىبنى سۇلتان مەسئۇد مىرزا ئىبنى ئەبۇسەئىد مىرزا بەدەخشانغا پادىشاھ ئىدى. ئۇ ۋاپات بولدى، ئۇنىڭ سۇلەيمان شاھ ئاتلىق بىر نارەسىدە ئوغلى قالدى. بابۇر پادىشاھ سۇلەيمان شاھنى ئۆز ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەتتى، بەدەخشاننى چوڭ ئوغلى ھۇمايۇن مىرزىغا بەردى. تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 935 ـ يىلى بولغۇچە ھۇمايۇن مىرزا بەدەخشاندا ئىدى.

ۋاقتىكى، بابۇر پادىشاھ ھىندىستاننى ئىشغال قىلىپ، مەملىكىتىنى دۈشمەن خەس ـ خەشەكلىرىدىن پاكلاندى. شۇ ۋاقىتلاردا بابۇر پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرىدىن ھۇمايۇن مىرزا ۋە كامران مىرزا قاتارلىق ئىككىسى ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغانىدى. بابۇر پادىشاھ ھۇمايۇن مىرزىنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ بەدەخشانغا كىشى ئەۋەتتى. ئۇنىڭ خىيالى پەرزەنتلىرىدىن بىرى ھەمىشە خىزمىتىدە بىللە بولسا، ناۋادا تەقدىر خەۋەرچىسى ئۆلۈم ئۈچۈرىنى يەتكۈزسە ئىزىنى باسقاي، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ھۇمايۇن مىرزىنىڭ ھىندىستانغا كېلىشىنى تەلەپ قىلغانىدى.

بەدەخشان ئەھلى ھۇمايۇن مىرزىغا مۇنداق ئەرز قىلدى: «بەدەخشان ئۆزبېكلەرگە يېقىندۇر، ئۆزبېكلەرنىڭ بەدەخشانغا كونا ئاداۋىتى بار. ئەگەر ئۆزبېكلەر بەدەخشانغا قەست قىلسا، ئەمىرلەر ئۇنى يوقىتىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ.»

ھۇمايۇن مىرزا: «ئېيتقىنىڭلارنىڭ ھەممىسى راست. لېكىن، ئاتامنىڭ بۇيرۇقىغا بويۇنتاۋلىق قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئەمما ئىنىلىرىمدىن بىرەرسىنى تېز ۋاقىت ئىچىدە ئەۋەتەرمەن» دېدى. ھۇمايۇن مىرزا شۇنداق دەپ خەلققە تەسەللىي بېرىپ ھىندىستانغا قاراپ يولغا چىقتى.

ھۇمايۇن مىرزا كەتكەندىن كېيىن خالايىق مەيۇسلەندى، شۇڭا سۇلتان ئۇۋەيس باشلىق پوتكول بەدەخشان ئەمىرلىرى خاننىڭ پەلەكتەك يۈكسەك بارگاھىغا تېزلىكتە كىشى ئەۋەتتى ۋە مۇنداق

ئەرز قىلدى : «ھۇمايۇن مىرزا ھىندىستانغا كەتتى ، بۇ ۋىلايەتنى پەقىر ئەلىگە تاپشۇردى . پەقىر ئەلى ئۆزبېكنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن ، شۇ سەۋەبتىن بەدەخشاندا خاتىرجەملىك ھاسىل بولمايدۇ . ئەگەر پالان ۋاقىتقىچە يېتىپ كەلسىلە ، ياخشى بولغىنى ، بولمىسا ئۆزبېكلەرگە تەۋە بولماي ئىلاجىمىز يوق . چۈنكى ، ئۆزبېكلەر بىزگە يۈزلەنسە ، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا قۇدرىتىمىز يەتمەيدۇ . شۇڭا ، ئۇلار يۈرۈش قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارغا تەۋە بولساق ، بۇ خالاس بولۇشىمىزغا سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن . يەنە بىر جەھەتتىن بەدەخشان ۋىلايىتى خانىنىڭ مومىسى شاھبېكەم تەرەپتىن خانىنىڭ مىراسىدۇر ، مۇشۇ كۈنلەردە بۇ مىراسقا خاندىنمۇ ھەقلىق ۋە مۇۋاپىق كىشى يوقتۇر . »

ئۇلار شۇنداق دەپ نۇرغۇن مۇبالىغىلەر بىلەن ئەرز ۋە ئىلتىجا قىلدى . خان ئەگەر ئۆزى بارمىسا بەدەخشان ئۆزبېككە تەۋە بولۇپ كېتكۈدەك ، دەپ جەزملەشتۇرۇپ ، تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 936 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ[1] ئاۋۋىلىدا بەدەخشانغا يۈرۈش قىلدى ، رەشىد سۇلتاننى ياركەندتە قالدۇرۇپ قويدى . بۇنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى ، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ، تاھىرخان تەنھا قالدى ، زىمىستاندا قىرغىز ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىكلىرى پاراكەندە بولدى . خان ئالىي ھىممەتلىك قىلىپ ئۇنىڭغا ھېچقانداق چېقىلمىدى ، شۇڭا نەچچە مۇددەتكىچە قىرغىزلار ئىچىدە يۈردى . يەنە [يىگىرمە] ، ئوتتۇز مىڭ ئۆزبېك ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى ، تاھىرخان قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ھەر تەرەپكە تاجاۋۇز قوللىرىنى سوزۇشقا باشلىدى . شۇڭا ، خان ئېھتىيات يۈزىسىدىن رەشىد سۇلتاننى كاشغەر ۋىلايىتىدە قالدۇرۇپ قويۇپ ، ئۆزى بەدەخشانغا يۈرۈش قىلدى . سارىغچوپانغا يەتكەندە ، خان پەقىرنى ئالدىن

---

[1] ھىجرىيە 936 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئاۋۋىلى مىلادىيە 1529 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ .

ماڭدۇردى ، ئۆزىمۇ پەقىرنىڭ كەينىمدىن راۋان بولدى .

پەقىر بەدەخشانغا بېرىپ ئاڭلىدىمكى ، ھۇمايۇن مىرزا كابۇلدىن ئىنىسى ھىندال مىرزىنى ئۆز ئورنىغا بەدەخشانغا ئەۋەتىپتۇ ، ھىندال مىرزىنىڭ بەدەخشانغا كېلىپ ئورۇنلاشقىنىغا ئون بەش كۈن بولۇپتۇ . بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پىكىر قىلدىمكى ، ھازىر جەدى پەسلى ، قىش ۋاقتى ، قايتىش مۇشكۇل ۋە دىشۋاردۇر . شۇڭا ، ئىلاجسىز قەلئەئى زەفەرگە كەلدۇق . ھەرقانچە سۇلھى سۆزلىرىنى ئارىغا سېلىپ باقتۇق ، «بەدەخشاننىڭ بەزى ۋىلايەتلىرىنى بىزگە بېرىڭلار ، قىشنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ۋىلايىتىڭلارنى ئۆزۈڭلەرگە قايتۇرۇپ بېرىمىز ، خانمۇ قايتىپ كېتىدۇ» دەپ كۆچەپ تەكىتلىدۇق . ئەمما ، ئۇلار بىزنىڭ بۇ سۆزىمىزگە ئىشەنمەي ، بۇنى ھىيلە ـ مىكىر دەپ گۇمان قىلىشتى . ئاخىر ئىشىمىز ئۇرۇشقا قارار تاپتى . خان يېتىپ كەلگۈچە پەقىر قەلئەئى زەفەرنىڭ ئەتراپىنى تالان ـ تاراج قىلىپ ، مال ـ مۈلۈك ، چارۋا ۋە دۇنيالىق ھەممە نەرسىلەرنى يىغدۇردۇم .

نەچچە كۈندىن كېيىن خانمۇ يېتىپ كەلدى ـ دە ، قەلئەئى زەفەرنى مۇھاسىرە قىلدى . پەقىرنىڭ دەخلى ـ تەرۇزۇم يەتمەي قالغان جايلارنىمۇ خاننىڭ لەشكەرلىرى پايمال قىلدى .

قىش پەسلى ئاخىرلاشتى . ئۇ ئەمىرلەر خاننىڭ خىزمىتىدە بولمىغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزرىلەر ئېيتىپ : «ئەگەر ھىندال مىرزا كەلمىگەن بولسا ئىدى ، ئەلۋەتتە خاننىڭ مۇلازىمىتىگە باش قوياتتۇق» دېيىشتى . خان ئۇلارغا : «بابۇر پادىشاھ بىلەن مۇخالىپلىق قىلىشىم ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ، سىلەر ‹ئەگەر كەلمىسىلە ، ئۆزبېككە تەۋە بولىمىز › دەپ تولا ئىلتىجا قىلىپ كىشى ئەۋەتتىڭلار . ئەگەر ئۆزبېكلەر بەدەخشاننى ئىشغال قىلىۋالسا ، بىزگىمۇ ، بابۇر پادىشاھقىمۇ توسالغۇ بولاتتى . شۇ سەۋەبتىن مەن كەلگەنىدىم . ئەگەر ئىش ئاشۇنداق بولسا ، ھەركىم ئۆز ئورنىغا قايتسۇن .» خان شۇنداق دەپ قەلئەئى زەفەردىن

كاشغەرگە قاراپ يۈزلەندى .
خاننىڭ بەدەخشانغا كەلگەنلىكى ھىندىستاندا بابۇر پادىشاھقا ئاڭلاندى . ئۇنىڭ كۆڭلى ناھايىتى ئەلەملىك بولۇپ ، بۇ ھەقتە كۆپ پىكىر يۈرگۈزۈپ ئويلانغاندىن كېيىن بەدەخشانغا سۇلەيمان شاھ مىرزىنى ئەۋەتىپ ، ھىندال مىرزىنى ھىندىستانغا قايتۇرۇپ كەتتى . ئاندىن خانغا مەكتۇپ يېزىپ : «ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا نەچچە تۇرلۇك ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ھەق - ھوقۇقلىرى ۋە ئالاقىلىرى بار تۇرۇقلۇق ، بۇ ئىش ئەجەب سادىر بولۇپتۇ . شۇڭا ، مەن ھىندال مىرزىنى ھىندىستانغا ئېلىپ كېتىپ ، بەدەخشانغا سۇلەيمان شاھ مىرزىنى ئەۋەتتىم . ئەگەر مىراس ھوقۇقىنى ئىزدىسىلە ، مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا تۇرۇۋاتقان سۇلەيمان شاھ مىرزا ئۆزلىرىگىمۇ پەرزەنت ھۆكۈمىدىدۇر ؛ شۇڭا ئۇنىڭغا شەپقەت قىلىپ بەدەخشاننى شۇنىڭغا بەرسىلە ياخشى بولىدۇ . ھازىر مەن ئۆز زىممەمدىن ساقىت قىلىپ مىراسنى ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇردۇم ، قالغىنىنى ئۆزلىرى بىلۇرلا» دېگەن سۆزلەرنى بايان قىلىپ ئەۋەتتى . ئەمما ، سۇلەيمان شاھ مىرزا بەدەخشانغا يېتىپ كېلىشتىن خېلى مۇددەت ئىلگىرى خان قايتىپ بولغانىدى . شۇڭا ، ھىندال مىرزا پادىشاھنىڭ ھۆكۈمى بويىچە بەدەخشاننى سۇلەيمان شاھ مىرزىغا تاپشۇرۇپ ، ئۆزى ھىندىستانغا كەتتى . شۇ ۋاقىتتىن تاكى بۈگۈنگىچە سۇلەيمان شاھ مىرزا بەدەخشاندا تۇرۇۋاتىدۇ .
خان بەدەخشاندىن يېنىپ باش باھار پەسلىدە ياركەندكە يېتىپ كەلدى ، تاغام يولدا كېسەل بولۇپ قالغانىدى . كاشغەرگە يېتىپ كەلگەندە ، نەچچە قىسما كېسەلگە دۇچار بولدى ، ھەم ئىسسىقا ، ھەم زىققە ۋە بەزگەك كېسلى ئۈزلۈكسىز قوزغىلىپ تۇراتتى . شۇ ۋاقىتتىكى كامىل تېۋىپلاردىن ، مەسىلەن ، جانابى خاجە ئەبدۇلۋاھىد تەھۇرى ، قازى شەمسىددىن ئەلى تەبىب[1] ۋە

① بۇ ئىسىم باشقا نۇسخىلاردا «قازى شەمسىددىن ئەلى كەرتەبىب» دېيىلگەن .

باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئاجىز بولدى . كېسەلنىڭ شىددىتى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى ، ساقىيىشىنىڭ ئۈمىدى قالمىدى . شۇ ھالەتتە تۇرغاندا ھەزرىتى مەخدۇمى خاجەئى نۇرەن — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — تۇرپاندىن كەلدى .

ھەزرىتى خاجەنىڭ تۇرپانغا بارغانلىقىنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى : مەنسۇرخان ھەزرىتى خاجەگە ئىلتىجا قىلىپ : «ئەگەر سائادەت كەلتۇرگۇچى قەدەملىرىنىڭ بەرىكىتىدىن بۇ مۇخلىسلارنى بەھرىمەن قىلسىلا ، كاتتا بەخت ۋە ئۇلۇغ دۆلەتتۇر . گەرچە بىز بەندىلەرنىڭ بېشىمىز بىلەن قەدەم ئېلىپ بېرىپ ئاستانىلىرىنى سۆيۈپ تاۋاپ قىلىش شەرىپىگە ئېرىشىشىمىز جايىز بولسىمۇ ، بىراق بۇ دۆلەتنىڭ بىزگە مۇيەسسەر بولۇشى ئۆزرىلىك ۋە مۇشكۇلدۇر . شۇ سەۋەبتىن بېيىت :

ئىنايەت ئەيلەكى يەتمەس كەمالىڭا نۇقسان ،
ۋەلېك بولغۇسى بىزلەرگە تۇرفە ئىززۇ شەرەف .

دېگەن بېيىتنىڭ ھۆكمى بويىچە ئىلتىماسىمىزنى قوبۇل قىلغايلا » دەپ تولىدىن ـ تولا تەكىتلەشلەر بىلەن ئىلتىماس قىلغانىدى . شۇ سەۋەبتىن ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن تۇرپانغا بېرىپ ، ئۇ جايدىكى ئىشتىياق سەھراسىدا چاڭقىغان مۇخلىسلارنى ۋىساللىرى زىلالىغا قاندۇرۇپ كاشغەرگە قايتىپ كەلگەنىدى . بېيىت :[1]

سىنىڭ بۇ كەلمەكىڭە [بەخت] مەرھەبا قىلدى ،
چۇ كۆردى پاك يۈزۈڭنى مەلەك دۇئا قىلدى[2] .

---

① بۇ سۆز پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «نەزم» دېيىلگەن .
② بۇ شېئىر موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قولىيازمىسىدا مۇشۇ ئىككى بېيىت بىلەنلا كۇپايىلەنگەن . پارسچە بىرىنچى ، ئىككىنچى نۇسخىلاردا يەنە «چەگۇيەمەنكى چەخۇش ئامەدى مەسىھ سىفەت ، بەيەك نەفەس ھەمە دەردى مەرا دەۋا كەردە» (تەرجىمىسى : مەسىھ سۈپەت نەقەدەر خۇش كەلدى دەپ نە ئېيتاي ، بىرلا نەپەس بىلەن ھەممە دەردىمگە داۋا قىلدى ) دېگەن مىسرالار بار .

تاغامنىڭ ئەھۋالى شۇ يەرگە يەتكەندىكى ، ئارقا ـ ئارقىدىن خۇدىنى يوقىتاتتى ، بىھوش بولاتتى ، تۆۋەنكى ئەزالىرىدىن زەرداپ ئېقىپ تۇراتتى . ھەزرىتى ئىشان كەلگەندىن كېيىن تاغامغا يۈزلەندى . ئاز مۇددەتتىن كېيىن كېسىلنىڭ شىددىتى سەل قايىتتى ، ئۇ ھەرقانداق چارە قوللانسا ھەممىسى مەنپەئەت قىلدى . ھەقىقەتەن بۇ تېبابەت ئەمەس ، بەلكى كارامەت ، ئەۋلىيالىق قۇۋۋىتى ئىدى . چۈنكى ، كېسەل شۇ دەرىجىگە يەتكەندىكى ، بەدەن تەبىئىتى ئاجىزلاپ ھالسىزلىنىپ كەتكەنلىكتىن ، دورىنى قوبۇل قىلغۇدەك قۇۋۋەت ۋە قۇدرەت قالمىغانىدى . دېمەك ، .ھەزرىتى خاجەنىڭ بۇ ئىشلىرى ئادەتتىن تاشقىرى ئەھۋال ئىدى .

شۇ ئەسنادا ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن بىلەن ئۇنىڭ كىچىك ئىنىسى ھەزرىتى خاجە مۇھەممەديۇسۇفنىڭ ئارىسىدا كۆڭۈل ئاغرىقى پەيدا بولدى ، بۇ كۆڭۈل ئاغرىقى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىۋاتاتتى . بىر كۈنى پەقىر ھەززىتى خاجەئى نۇرەننىڭ مۇلازىمەتلىرىگە باردىم . ھەزرىتى خاجە مۇھەممەديۇسۇف ھەزرىتى خاجەئى نۇرەننىڭ سۆھبەتلىرىدە ئولتۇرۇۋاتقانىكەن . ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن غەزەپ بىلەن ئولتۇرغانىكەن ، پەقىر كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن ئېيتتىكى : «ئەي مۇھەممەديۇسۇف ، سەن نېمە ئۈچۈن مۇنداق ئىشلارنى قىلىسەن ؟ ئەگەر سەن ئاتامنىڭ مۇرىتى بولساڭ ، مەن بۇۋىمىز خاجە ئەھرار قۇددىسە سىررۇھۇنىڭ مۇرىتىمەن . ئۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە بىر قانچە تۈرلۈك لاياقىتىم بىلەن سەندىن ئۈستۈن تۇرىمەن ، سەن مېنىڭ چوڭ ئوغلۇم بىلەن ئېمىلداشسەن . بۇ بارلىق پەزىلەتلىرىم بىر تەرەپتە تۇرسۇن ، مەن ھەزرىتى رەسۇل سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ تەربىيەتكەردىسىمەن . سېنىڭ مەن بىلەن قارشىلىشىدىغانغا نېمە ھەددىڭ بار ؟ !» ھەزرىتى خاجە مۇھەممەد يۇسۇف : «مېنىڭمۇ ئانھەزرەتنىڭ تەربىيەتتە مەدەت بېرىشىدىن

ئۇمىدىم بار» دېدى، شۇنىڭ بىلەن خاجەئى نۇرەن: «ئەي مۇھەممەدىيۇسۇف، سەن ۋە مەن بۇ ئىشىمىزنى ئانھەزرەتكە ئەرز قىلايلى، ئىككىمىز ھەققىدە ئانھەزرەت ھۆكۈم چىقارسۇن، شۇنىڭغا رازى بولامسەن؟» دېدى. ھەزرىتى خاجە مۇھەممەدىيۇسۇف: «ئارى، رازىمەن!» دېدى.

خاجەئى نۇرەن: «مەنمۇ رازى!» دېدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھېچ سۆز قىلىشمىدى، سۆھبەت شۇ سۆز بىلەن تامام بولدى. ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن شۇ كۈنى بەدەخشانغا قاراپ يۈزلەندى. ئاندىن بىر كىشى كېلىپ: «ھەزرىتى خاجە مۇھەممەدىيۇسۇف كېسەل بولۇپ قالدى. سىلەرنى چاقىرىدۇ» دېدى، پەقىر دەرھال باردىم. قارىسام قىزىتمىسى بار ئىكەن. ھەزرىتى خاجە مۇھەممەدىيۇسۇف ماڭا: «مەن بىلىمەن، خاجە خاۋەند مەھمۇد نەچچە مۇددەتتىن بېرى ماڭا تىكىلىپ تۇرۇۋالدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھەزرىتى رىسالەتپاناھ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام)تىن ماڭا كۆپ مەرھەمەتلەر يېتىپ تۇراتتى. ئەمدى نىمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئۇ مەرھەمەتلەردىن ئەسەرمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ماڭا ئېنىق مەلۇم بولدىكى، بۇ كېسەلدىن خالاسلىق تاپالمايمەن. خاجە خاۋەند ماڭا قېرىنداش، ھەم ئاتا ئورنىدا ئىدى. ماڭا مۇنچە شىددەت بىلەن تىكىلىپ تۇرۇۋالمىغان بولسا بولاتتى. بىر تۇغقانچىلىق مېھىر - شەپقىتىنىمۇ تاشلىدى، ئىسىت، مىنىڭ ئىسىت!» دەپ مۇشۇنداق سۆزلەرنى كۆپ سۆزلىدى ۋە بىر قانچە ھېكايەتنى بايان قىلدى. ئاندىن تاۋابىئاتلىرىنى پەقىرگە ھاۋالە قىلدى ۋە تۆگە يۈگىدىن توقۇلغان بىر ئۆزبېكچە كىيىم، بىر بەلۋاغنى يادىكار تەرىقىسىدە ئىنايەت قىلدى.

پەقىر بۇ سۆزلەرنىڭ تاقابىلىدە ئۇنىڭ مەنىسىنى ياخشىلىققا جورۇپ بىر مۇنچە سۆزلەرنى ئېيتتىم، لېكىن قوبۇل قىلماستىن: «ساقايماسلىقىم ئېنىق، بۇنىڭدا ھېچ شەك - شۈبھە يوق» دېدى. ئالتىنچى كېچىسى كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. تارىخنىڭ

(ھىجرىيە) 937 ـ يىلى[1] سەپەر ئېيىنىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى ئىدى[2]، ئۇ زاتنىڭ پاكىز روھى پاكلىق بارگاھى تامان كۆچتى. ئۇنىڭ روھى رەھمەتكە ۋە مەغپىرەتكە ئېرىشكەي، پەقىر خاجە مۇھەممەدىيۇسۇفنىڭ ۋاپات تارىخىنى «تايىرى بىھىشتىي»[3] (جەننەت قۇشى)[4] دېگەن سۆزدىن چىقاردىم.

شۇنىڭدىن كېيىن خان پەقىرنى ھەزرىتى خاجەئى نۇرەنىنىڭ مۇلازىمىتىگە ئەۋەتتى. پەقىر ئارقىسىدىن يېتىپ بېرىپ ئۇ زاتنى قايتىشقا تەكلىپ قىلدىم، ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن ئىلتىپات ۋە ئىنايەت قىلىپ ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلدى ۋە قايتىپ كەلدى. خان ئىستىقبالىغا چىقىپ بېشىنى ھەزرىتى خاجەنىڭ قەدەملىرىگە قويۇپ ئۆزرە ـ تەقسىرلەر ئېيتىپ كۈتۈۋالدى. خان ھەزرىتى خاجە مۇھەممەدىيۇسۇفنىڭ ھازىسىنى ئېچىپ، ھەزرىتى خاجەئى نۇرەنىنىڭ مۇلازىمەتلىرىدە سەدىقە، نەزىر ئاش ۋە خەتمىقۇرئانلار بىلەن ئۇزاتتى.

ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن ياكەندىن ئاقسۇغا بېرىشنى نىيەت قىلغانىدى، خانمۇ ھەزرىتى خاجەئى نۇرەنىنىڭ مۇلازىمىتىدە بولۇپ ياكەندىن ئاقسۇغا بىللە باردى. شۇ قىشتا ئۇلار ياكەندىن ئاقسۇدا بولدى، پۈتكۈل مۇرىت ـ مۇخلىسلار ھەزرىتى خاجەنىڭ مۇلازىمىتىدە ئىدى. ئۇلار ھەزرىتى خاجەدىن ئاجايىپ ھالەتلەر ۋە غارايىب ئىشلارنى كۆرەتتى، خان ھەمىشە ھەزرىتى خاجەنىڭ سۆھبەتلىرىدە ئىدى.

---

① بۇ قولىيازمىدا «ئالتە» دەپ يېزىلىپ قالغان، باشقا نۇسخىلارنىڭ ھەممىسىدە «يەتتە» دېيىلگەن. شۇڭا، ئىزاھتا تۈزىتىپ ئېلىندى.

② ھىجرىيە 937 ـ يىلى سەپەر ئېيىنىڭ 14 ـ كۈنى مىلادىيە 1530 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

③ بۇ سۆز موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قولىيازمىسىدا «تاھىر» (پاك، پاكىز) دەپ يېزىلىپ قالغان، باشقا نۇسخىلارنىڭ ھەممىسىدە «تايىر» (قۇش، ئۇچقۇچى) دېيىلگەن، تۈزىتىپ ئېلىندى.

④ «تايىرى بىھىشتىي» دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنگەندە، ھىجرىيە 937 ـ يىلى (مىلادىيە 1530 ـ يىلى)غا توغرا كېلىدۇ.

## سەكسەن بىرىنچى باب

# خان بىلەن ئەمىن خاجە سۇلتاننىڭ ئوت-تۇرىسىدا ئارازلىق پەيدا بولغانلىقىنىڭ بايانى

بىلمەك كېرەككى، بۇ ۋەقەنىڭ جەريانى ئۇزۇن، ئۇنى تەپسىلى بايان قىلساق، ئەسلىي مەقسەت يىراقتا قالىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، قەشقەر ياسالى ھەققىدىكى باياندا ئىسمى زىكىر قىلىنغان مىرزا ئەلى تاغاي تاغامغا قارىتا تولىدىن - تولا ھەسەت قىلاتتى، لېكىن ئۇنى ئاشكارا بىلىندۇرمەيتتى. ئۇ ھەرقانداق تىرىشچانلىق بىلەن ئۇرۇنۇشلارنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن خاننىڭ ھۇزۇرىدا ئۇنىڭ غەممازلىقى (چېقىمچىلىقى)دىن ھېچبىر نەتىجە چىقمىدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، خان تاغامنىڭ قىزىنى ئەمىن خاجە سۇلتانغا نىكاھ قىلىپ ئېلىپ بەرگەنىدى، ئەمىن خاجە سۇلتاننىڭ تاغامنىڭ قىزىدىن دۇنياغا كەلگەن قابىل پەرزەنتلىرى بار ئىدى. ئەمىن خاجە سۇلتان بىلەن تاغامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۇغقانلىق زەنجىرى تاكى قىيامەتكىچە داۋام قىلغۇدەك دەرىجىدە مۇستەھكەم باغلاندى.

مىرزا ئەلى تاغاينىڭ كۆڭلىگە: «خان بىلەن سەييىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھېچقانداق ھىيلە - مىكىرلەر بىلەن ئىتتىپاقسىزلىق سېلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمدى ئەمىن خاجە سۇلتان بىلەن خاننىڭ ئارىسىدا بىر ھىيلە بىلەن تەپرىقىچىلىك چاڭ - توزانلىرىنى ئۆرلىتەي، ئىھتىمال مۇشۇنىڭ ئۆزى

مەقسەتلىرىمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن . چۈنكى ، ئەگەر سەيىدمۇھەممەد مىرزا كۆيئوغلى تەرەپتە تۇرسا ، خاندىن يىراقلىشىشىغا توغرا كېلىدۇ . شۇنداق بولسا كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولغىنى . ئەگەر خان تەرەپنى ياقلىسا ، ئەمىن خاجە سۇلتاندىن ئاتلىق مېھىر ـ شەپقەت كۆزىنى يۇمۇشقا مەجبۇر بولىدۇ . ئەگەر شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ، مىرزىنىڭ ئابرۇيى تۆۋەنلەيدۇ» دېگەن خىيال يەتكەن بولسا كېرەك . بۇ پىتنە ـ پاساتلار رىجىسىنى تۈزۈپ ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ نۇرغۇن تەييارلىق ، مۇقەددىمە ، ئاساسىي ھەرىكەت ۋە خاتىمە ھەرىكەتلىرىنىڭ تەرتىپ ۋە تۈزۈلۈشلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئەمەلگە ئاشۇرغانىدى . نەتىجىدە زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن ئەمىن خاجە سۇلتان خاندىن ، خان ئەمىن خاجە سۇلتاندىن ئەندىشە قىلىدىغان ، ۋەھىمە قىلىشىدىغان بولۇشتى .

بۇ تەپسىلاتنىڭ قىسقارتىلمىسى شۇكى ، خان ئەندىجان ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ بارغان ۋاقتىدا ، مىرزا ئەلى تاغاي ئايرىم پۇرسەتتە ئەمىن خاجە سۇلتانغا :«مەن سىزگە بولغان ساداقەت يۈزىسىدىن شۇنى ھېس قىلىۋاتىمەنكى ، خاننىڭ سىزگە بولغان رايى ئۆزگىرىپ قاپتۇ . ئۇنىڭ خاھىشى شۇكى ، سىزنىڭ ئورنىڭىزغا ئوغلى رەشىد سۇلتاننى تەيىنلىمەكچى ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنى ئۇنىڭغا بەرمەكچى . شۇڭا ، سىز ئېھتىيات بىلەن ئۇچۇر ئىگىلەپ ئۆز ئىشىڭىزنىڭ غېمىنى قىلغايسىز . مېنىڭ ساداقەت يۈزىسىدىن بۇ سۆزنى دېگەنلىكىمگە ئىشىنىپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغايسىز» دەپتۇ . ئاندىن خانغا يەنە :«ئەمىن خاجە سۇلتان ئۆزلىرىدىن ھېچبىر سەۋەبسىزلا ئەندىشە قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ . ئۇ دۈشمەنلەرگە ئىلتىجا قىلىپ ، بىرەر پىتنە ـ پاساتنى تېرىشى مۇمكىن» دەپتۇ . لېكىن ، خان ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ئىشەنمەپتۇ . مىرزا ئەلى تاغاي : «ئەگەر بۇ سۆزۈمگە ئىشەنمىسىلە ، سىناپ كۆرسىلە . ئەمىن خاجە

سۇلتان بۇ يىل پالان ئىشنى قىلسا ، مېنىڭ سۆزۈم راست ، قىلمىسا يالغان بولسۇن» دەپتۇ . ئاندىن ئۇ ئەمىن خاجە سۇلتانغا مەخپىي گەپ يەتكۈزۈپ : «ھازىر ئەڭ ياخشى مەسلىھەت شۇكى ، پالانى ئىشنى قىلغايسىز» دەپتۇ .

ئەمىن خاجە سۇلتان تولىمۇ ساددا بولغانلىقى ، يەنە كېلىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەقلىقى ۋە ئەقىلسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئۇ ئىشنى قىلىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ، مىرزا ئەلى تاغاي خانغا ئەرز قىلىپ : «مەن خانغا ئەمىن خاجە سۇلتان بۇ يىل پالان ئىشنى قىلىدۇ ، دەپ ئەرز قىلغانىدىم . ئۇ سۆزۈم راست چىقتى ، ئىشنىڭ نىشانىسى بىلىندى» دەپتۇ .

خان ئەندىجانغا يۈرۈش قىلغان ۋاقىتتىن تاكى بۇ كۈنلەرگىچە ئالتە يىل ۋاقىت ئۆتتى ، بۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇ بۇنداق ھىيلە - مىكىرلەرنى تەكرار - تەكرار ئەمەلگە ئاشۇردى . بۇنداق ئالامەتلەر راست چىقىۋەرگەنلىكى ئۈچۈن ئەمىن خاجە سۇلتانغا قارىتا خاننىڭ كۆڭلى پۈتۈنلەي ئۆزگەردى .

تاغام بىلەن پەقىر ئەمىن خاجە سۇلتانغا نۇرغۇن تاپا - تەنىلەرنى قىلاتتۇق ، «نېمە ئۈچۈن پالان - پالان ئىشلارنى قىلدىڭىز ؟» دەپ مالامەت قىلاتتۇق . ئەمىن خاجە سۇلتان بۇنىڭغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەرمەيتتى ، يەنە شۇنداق ئىشلارنى قىلاتتى . بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبى ھېچ مەلۇم بولمايتتى ، ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلەلمەيتتۇق . ئىش ئاخىرىدا مەلۇم بولدىكى ، ھەممىسى مىرزا ئەلى تاغاينىڭ ئىشلىرى ئىكەن .

مىرزا ئەلى تاغاي خاننىڭ كۆڭلىدە ئەمىن خاجە سۇلتانغا قارىتا نالايىق ئۆزگىرىش پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلدى - دە ، مۇنداق ئەرز قىلدى : «ئەمىن خاجە سۇلتاننىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشى پىتنە - پاساتلارغا سەۋەب بولغۇسى ، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ ئورنىغا رەشىد سۇلتاننى قويغايلا ، ئەمىن

خاجە سۇلتانغا بەدەخشان تەرەپتىن بىرەر ۋىلايەتنى بەرگەيلا ، دۆلەت ئۈچۈن مۇشۇ ئىش مۇۋاپىقتۇر . ئەمما ، مەن مىرزىلارنىڭ مېنىڭدىن كۆڭۈل ئاغرىتىشىدىن قورقىمەن . ئەگەر مىرزىلار رازى بولىدىغان بولسا ، بۇ ئىش خاننىڭ دۆلىتىگە تولىمۇ پايدىلىق تۇردۇ . بۇ سۆزنى مىرزىلارغا ئېيتىش تولىمۇ مۇشكۈل . »

ئۇ «مىرزىلار» دەپ تاغام بىلەن پەقىرنى دەۋاتاتتى . خان بۇ كېڭەشنى ئاۋۋال پەقىرگە سالدى . مەن خانغا : «سىز ئۇنى يۈتكەشنى لايىق كۆرسىڭىز ، مەن رازى بولمايدىغانغا نېمە هەددىم . سىزنىڭ باشقا خىزمەتكارلىرىڭىزدىن ئەمىن خاجە سۇلتاننىڭ نېمە ئۈستۈنلۈكى بار ؟ چۈنكى ، ئۇنىڭ ئۆزى تۇغقانلىق جەھەتتە هەزرىتىڭىز بىلەن ئوخشاش . گەرچە تاغامنىڭ قىزى ئۇنىڭ نىكاھىدا ۋە ئۇنىڭدىن پەرزەنتلىرى بار بولسىمۇ ، لېكىن هامامنىڭ قىزى هەزرىتىڭىزنىڭ هەرەمىدە بۇ ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق دەرىجىسى تۇغقانچىلىقتا ئوخشاش ۋە تەڭ - باراۋەر ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر . ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغىنى شۇكى ، پەقىر خىزمىتىڭىزدە بولۇۋاتقىلى يىگىرمە ئۈچ يىل بولۇپتۇ ، ئاتىلارچە تۈرلۈك ئىلتىپات ۋە قېرىنداشلارچە ئىنايەتلەر بىلەن قەرنلەردىن بېرى ئالاھىدە ئەزىزلىدىڭىز . شۇنداق تۇرۇپ مەن نېمە دەپ ئەمىن خاجە سۇلتاننى جانابىڭىز بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويىمەن ؟ قايسى ئىش دۆلىتىڭىزگە پايدىلىق بولسا ، شۇنى قىلىش كېرەك » دېدىم . ئۇنىڭدىن كېيىن خان بۇ سۆزنى تاغامغا سالدى . تاغام : «خاننىڭ ئالەمگە زىننەت بەرگۈچى كۆڭلىگە ئېنىق ئايانكى ، پەقىر هەممە جەھەتتە سىزگە سادىقمەن ، خاندىن بىر پەس ئايرىلىپ تىرىكچىلىك قىلىشنى ئۆلۈمدىن يامانراق بىلىمەن . ئەمىن خاجە سۇلتاندىن سىزنىڭ دۆلەت - ئىقبالىڭىزغا توسقۇنلۇق يېتىدىغان بولسا ، مېنىڭ ئۇنىڭغا يۈز - خاتىر قىلىشىم هەرگىز مۇمكىن ئەمەس . هازىر گەرچە ئۇنىڭ هەزرىتىڭىزنىڭ دۆلىتىگە توسالغۇ

بولىدىغانلىق ئالامىتى ماڭا مەلۇم بولمىسىمۇ، ئەمما ھەزرىتىڭىزنىڭ ياخشىلىقىغا باشلىغۇچى ئوي - پىكرىڭىز ھېچقاچان خاتا كەتكەن ئەمەس. مەن ھەزرىتىڭىزنىڭ رايىغا ئىقتىدا قىلىمەن ۋە ھەرقانداق ئىشنى مۇۋاپىق ۋاقتىدا ئالدى بىلەن بەجا كەلتۈرىمەن» دېدى. بۇ سۆز تامام بولغاندىن كېيىن خان ئېيتتىكى: «رەشىد سۇلتاننى ئاقسۇغا ئەڭ ياخشىسى مىرزا ھەيدەر ئېلىپ بارسۇن، ئەمىن خاجە سۇلتاننى بۇ يەرگە ئەۋەتسۇن ھەم رەشىد سۇلتاننى تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇ ۋىلايەتنىڭ ئىشلىرىنى ئىزىغا چۈشۈرۈپ، رەشىد سۇلتاننىڭ تىزگىنىگە كىرگۈزۈپ بېرىپ كەلسۇن.» تاغام: «يارلىق قانداق بولسا، شۇ بويىچە بولسۇن» دېدى.

پەقىرمۇ پەرماننى باش ۋە كۆزۈم بىلەن قوبۇل قىلدىم. ئىككىنچى كۈنى ئاقسۇغا قاراپ يۈردۇق.

ئۈچقا يېتىپ كەلگەندۇق، كاشغەر ياسالدا نامى زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگەن شاھباز مىرزا ئىستىقبالىمىزغا كەلدى. ئۈچتىن ئۆتتۇق، ئەمىن خاجە سۇلتاننىڭ تەۋەلىكىدىكى پۈتكۈل خەلق ئىستىقبالىمغا كەلدى. ئەمىن خاجە سۇلتان ھەرقانچە كىشى ئەۋەتىپ: «ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ۋە يار - بۇرادەرچىلىك يۈز - خاتىرىسىنى تاشلاپ يۈزسىزلىك قىلىۋاتىسىز. نېمە بولدى، ئاخىر ئىككىمىلەن بىر كۆرۈشسەك، نېمە بولىدۇ؟» دېدى. ئەمما، پەقىر قوبۇل قىلمىدىم. مەن: «كۆرۈشكىنىمىزنىڭ بىرەر پايدىسى بولغان بولسا ئىدى، كۆرۈشكەن بولاتتىم. بەس، پايدىسىز ئىشقا قەدەم قويغاننىڭ ھېچ مەنىسى يوق» دېدىم. ئادەم تەيىنلەپ ئۇنىڭ سەپەر لازىمەتلىكلىرىنى تەييار قىلدۇرۇپ، ئىشەنچلىك كىشىلەرنى ھەمراھ قىلىپ يولغا سالدىم. ئاندىن ئاقسۇنىڭ پۈتكۈل سىپاھ ۋە پۇقرالىرىغا تەسەللى بېرىپ، ئۇلارنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇ دىيارنىڭ سىپاھ ۋە پۇقرالىرىنىڭ تەلەپلىرىنى

ۋە رەشىد سۇلتانىنىڭ كونا مۇلازىملىرىنىڭ ئىش - كۈشلىرىنى لايىقىدا ئورۇنداپ بەردىم . ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ دەپتەرلىرىنى راست قىلىپ ئېنىقلاپ ، ھەر ۋىلايەتنى ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ تەقسىم قىلىپ بەردىم . مۇشۇ يول بىلەن پۈتكۈل خالايىق تەسەللى تاپتى .

پەقىر ئالتە ئايغىچە ئاقسۇدا تۇردۇم ، ھەممە ئىش رەشىد سۇلتانىنىڭ كۆتكىنىدەك بولدى . ئۇ پەقىرنىڭ خىزمەتلەردىكى قاتتىق تىرىشچانلىقىمنى ، مۇھەببەت ۋە ئېتىقادىمنىڭ مۇستەھكەملىكىنى كۆردى ۋە بىلدى . شۇڭا ، رەشىد سۇلتانمۇ نەچچە يىلدىن بىرى پەقىرگە مەھكەم باغلاپ كەلگەن مۇھەببەت زەنجىرىنى بۇ مۇددەت ئىچىدە شۇ قەدەر مۇستەھكەم قىلدىكى ، بۇ ئالتە ئاي ئىچىدە بىر - بىرىمىزدىن بىر دەممۇ ئايرىلمايتتۇق ، ئارىمىزدا زەررىچە ئېغىرچىلىق ۋە تەكەللۇپ يوق ئىدى . ئۇ قىلغان ھەرقانداق ئىشنى پەقىر ياقتۇراتتىم ، مەن قىلغان ھەرقانداق ئىشنى ئۇ جان - دىلى بىلەن قوبۇل كۆرەتتى . كونا دوستلىرىم بولمىش شاھمۇھەممەد سۇلتان ۋە بابا سۇلتانلارنىڭ جۇدالىقى تۈپەيلىدىن كۆڭلۈمدە پەيدا بولغان دەرد - ئەلەملەرگە رەشىد سۇلتانىنىڭ دوستلۇقى بىلەن شىپالىق ھاسىل قىلاتتىم . ئاشۇ كۈنلەردە ئۇ : «گەرچە ئىلگىرى موغۇلىستاندا موغۇل قائىدىسى بويىچە ھەزرىتى خانىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا دوستلۇق ئېتى ئالماشتۇرۇلغان ، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە ئاتلىرىمىزنى مىندۈرۈشكەن بولساقمۇ ، لېكىن ئۇ دوستلۇقىمىز قەسەم ۋە ئەھدىلەر بىلەن مەھكەم تەكىتلەنمىگەنىدى . ئەمدى بۇ كونا دوستلۇقىمىزنى يېڭىلاپ ، ئۇنى ئەھدۇقەسەملەر بىلەن تەكىتلەپ مۇستەھكەملەشنى خالايمەن» دېدى ، پەقىرمۇ جان ۋە دىلىم بىلەن قوبۇل قىلدىم . ئاندىن مۇنداق يوسۇندا ئەھدۇپەيمان قىلىشتۇق ، پەقىر : «مادامىكى خان ھاياتلا بولىدىكەن ، خانىنىڭ مۇلازىمىتىدە بولۇشۇم زۆرۈر . خانغا تەقدىر ھۆكۈمى بىلەن قازايۇ

قەدەر يەتكەن ۋاقتىدا ، سىزدىن باشقا كىشىگە ئىتائەت قىلمايمەن . سىزنى خانغا ئوخشاش بىلىمەن» دەپ ئەھدە قىلدىم . ئەبدۇررەشىد سۇلتان : «ئەگەر خاندىن كېيىن قالساق ، سىزنى خاننىڭ ئورنىدا ئۇلۇغ ئاغا دەپ بىلىمەن . گەرچە مەرىكە سورۇنلىرىدا ماڭا خانلىق مەرتىۋىسىدە مۇئامىلە قىلىسىڭىزمۇ ، لېكىن خىلۋەتتە سىزگە ھازىر قانداق ئىززەت ۋە ئېھتىرام بىلەن مۇئامىلە قىلغان بولسام ، ئاشۇ چاغدىمۇ شۇنداق قىلىمەن . ئىززەت - ھۆرمەت جەھەتتە خان سىزگە قىلغاندىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق قىلىمەن . تاغىڭىز ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزغا قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە ياخشىلىق قىلىمەن . سىز ھەرقانداق ئىشنى مۇۋاپىق كۆرۈپ مەسلىھەت بەرسىڭىز ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىمەن» دەپ ئەھدە قىلدى . ئىككىمىز ۋەدە - قەسەمىيادلار بىلەن ئەھدۇپەيمانىمىزنى مۇستەھكەم قىلىشتۇق . نەزم :

ئەي دىلبەرى بىۋەفاكى ، باغلادىڭ ئەھد ماڭا ،
ئول ئەھد نەتىجەسى ئىكەن جەۋرۇ جەفا .
ئەي دىلبەرىم ، ئايتقىل ماڭا بەھرى خۇدا ،
ئول ئەھد قايان كەتتى ، قايان قالدى ۋەفا .

بۇ ئىشلار تامام بولغاندىن كېيىن ئۇ ماڭا ئىجازەت بەردى ، خاننىڭ مۇلازىمىتىگە قايتىپ كەلدىم . خان بۇ ۋاقىتتا ياڭىھىساردا ئىكەن . ئۇ ماڭا تولا ئىلتىپات ۋە ئىنايەتلەر قىلدى ، ئادەتلەنگەن تۇرالغۇم ياركەندتە ئىدى ، ئۇ يەرگە بارغىلى قويمىدى . شۇ يەردىنلا تويۇنباشى دېگەن يەرگە شىكار قىلىش ئۈچۈن باردۇق . شىكارگاھقا يەتكەندە رەشىد سۇلتانمۇ ئاقسۇدىن يېتىپ كەلدى ، شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى قېتىم شىكار قىلغاندۇق ، خاننىڭ كونا كېسلى قوزغىلىپ قالدى . چۈنكى ، خان ھەرقانداق چاغدا يەللىك نەرسىلەرنى يېسە ياكى مەيدە (ئاشقازان) ۋە قورسىقىغا سوغۇق

ئۆتسە ، قۇلىنچى كېسلى قوزغىلاتتى . ئېھتىمال كېيىنكى قېتىملىق شىكاردا خاننىڭ قورسىقىغا ۋە مەيدىسىگە سوغۇق ئۆتكەن بولسا كېرەك ، ئۇ كېسلى قوزغالدى . شۇنداق قاتتىق تۇتتىكى ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچقاچان بۇنداق شىددەتلىك تۇتمىغانىدى . شۇ ھامان تاغامنى ئېلىپ كەلگىلى كاشغەرگە ئادەم ماڭدى ۋە تېۋىپلەرنى ئېلىپ كېلىپ داۋالاتتى . داۋالاش مۇۋاپىق كەلگەنلىكتىن ، خاننىڭ كېسلى خېلى يېنىپ ساقىيىشىنىڭ ئالامىتى كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى ، تاغام يېتىپ كەلدى .

خان بۇ نۆۋەت بۇ كېسىلىدىن كۆپ ۋەھىمە ۋە ئەندىشە قىلىپ رەشىد سۇلتاننى چاقىرتتى ۋە مۇنداق دېدى : «بۇ كېسىلىمدىن قورقىمەن . بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ بۇ كېسەل بەزىدە قوزغىلاتتى ، نەچچە يىللار بولغانىدى ، ھەر يىلى بىر قېتىم تۇتاتتى . بۇ يىل ئىككى نۆۋەت قوزغالدى . شۇڭا ، رەشىد بىلەن سەييىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ ئارىسىدا ئەھدۇپەيمان بارلىققا كېلىشىنى ئىستەيمەن . مىرزا ھەيدەر بىلەن ئالايتەن ئەھدىلىشىشىنىڭ ھاجىتى يوق . چۈنكى ، موغۇلىستاندا ئۆزۈم ئارىدا تۇرۇپ ئىككىسىنى بىر - بىرى بىلەن دوست قىلغانىدىم . يەنە بۇ نۆۋەت ئاقسۇدا ئەھدۇپەيمانلار قىلىشىپ دوستلۇق ئالاقىسىنى تولۇق مۇستەھكەملىشىپتۇ . » خان شۇنداق دەپ تاغام بىلەن رەشىد سۇلتاننى سۆز بېرىشىپ ۋەدىلىشىشكە دەۋەت قىلدى .

خاننىڭ ئىستىبداتىنىڭ يۇقىرىلىقى ، ئىپادىلەشكە ماھىرلىقى ۋە نۇتۇق - پىتىكلىرىنىڭ نىشانىسى شۇكى ، بۇ مەزمۇننى تۈركىي تىل بىلەن مۇنداق ئىپادىلىدى : «ئەي سەييىدمۇھەممەد مىرزا ، ئەگەر ماڭا بىرەر ۋەقە يۈز بېرىپ قالسا ، رەشىدنى مېنىڭ ئورنۇمدا كۆرگەيسىز ، رەشىدمۇ مىرزىنى ماڭا ئوخشاش دەپ بىلگەي» دېدى . بۇ ئىنچىكە سۆزنىڭ يېقىملىقلىقى ۋە مەنىسىنىڭ كۆپلۈكىنى ئويلاش ۋە تەپەككۇر قىلىش بىلەن ھېس قىلغىلى بولىدۇ ، بۇ

سۆزنى پەزىلەت ئىگىلىرى نەچچە تۈرلۈك شەرھلەشتى .

دېمەك ، خان رەشىد سۇلتان بىلەن تاغامنى ۋەدىلىشىشكە بۇيرۇدى . ئۇ سۆزلەرنى تولۇق بايان قىلساق ، سۆز ئۇزىراپ مالالىنقا سەۋەب بولغۇسى .

خان شۇ زىمىستاندا ياڭىھسار دا قىشلىدى ، پەقىر ياركەندكە كەتتىم . مەن ئاقسۇدىن كەلگەن ۋاقتىمدا كۆرگەنىدىمكى ، خان ھەزرىتى خاجەئى نۇرەنگە مۇرىت بولۇپ ، خاجەلەر تەرىقىتى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانىكەن .

## سەكسەن ئىككىنچى باب

# سۇلتان سەئىدخاننىڭ بۈيۈك ئەۋلىيا ۋە يېتەكچى ، دىن ۋە مىللەتنىڭ يالقۇنى ھەزرىتى شىھابىددىن مەھمۇد ، يەنى تونۇلغان نامى خاجە خاۋەند مەھمۇدقا مۇرىت بولغانلىقىنىڭ تەپسىلاتى

بىلمەك كېرەككى ، خاجە مۇھەممەديۈسۈف ۋەقەسىدىن كېيىن پەقىر ھەمىشە خاننى خاجەئى نۇرەنگە مۇرىت بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ كېلىۋاتاتتىم . خان : «سەلتەنەت ئىشىنى تاشلاپ سەپەرگە چىقىپ ، بىر كامىل مۇرشىدنى تېپىپ شۇنىڭغا خىزمەت قىلسام دەيتتىم . پاك ۋە بۈيۈك تەڭرىتائالا ئۆزىنىڭ ئىلتىپاتى ۋە ئىنايىتى بىلەن ھەزرىتى خاجەئى نۇرەننى ھېچقانداق سەيى سەۋەبسىزلا بىزگە يەتكۈزۈپ بەردى . ئەمما ، ئۆزۈمنى ھەرقانچە

دەڭسەپ كۆرسەممۇ، ئۆزۈمدە ھەزرىتى خاجەدىن ئىلتىماس قىلغۇدەك لاياقەتنى تاپالمايۋاتىمەن. شۇڭا، شۇنداق نىيەتكە كەلدىمكى، ئالدى بىلەن ئەخلاقىمنى ئۆزگەرتىپ سۈپەتلىرىمنى ياخشىلاشقا تىرىشىمەن، ئۆزۈمنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە شۇنىڭغا لايىقلاشتۇرىمەن. قاچانكى، مەن ئاشۇ لاياقەتنى ھازىرلىسام، ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن مېنى ئىلتىماس قىلدۇرمايلا ئۆزلىرى ئىنايەت نەسىمىنى ئىلتىپات قىلغۇسىدۇر. ئەگەر مەندە لاياقەت بولمىسا، ئىلتىماس قىلغىنىمنىڭمۇ پايدىسى يوق. تەڭرىتائالا خاجەئى نۇرەننى ماڭا سەيى سەۋەبسىزلا يەتكۈزدى، ئەمدى بۇ شەرەپلىك ئىشنىمۇ ماڭا نېسىپ قىلار دېگەن ئۈمىدتىمەن. ئەگەر بۇ بەخت ـ سائادەت ماڭا مۇيەسسەر بولسا، كۆڭلۈمدىكى ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشقان بولاتتى» دەيتتى. پەقىر ئاقسۇغا باردىم، نەچچە ئايدىن كېيىن خاندىن پەقىرگە بىر نىشان باردى. ئۇ ئاقسۇنىڭ ئىش ـ كۈشلىرى ھەققىدە پۈتۈلگەن يارلىق ئىكەن. خان ئۇ نىشاننىڭ ئەتراپىغا ئۆز قولى بىلەن يېزىپتۇ. نەزم:

«بىيتۇ دەر سىينە نەفەسرا چەگۇزەر،
دەر دىلەم غەيرتۇ كەسرا چەگۇزەر.

(سەنسىز كۆكسۈمدە نەپەس نە قىلار،
كۆڭلۈمدە سەندىن ئۆزگە كىشى نېمە قىلار؟)

مەقسەت قىلغان ئۇ ئىشنى ھەزرىتى خاجە ماڭا ئەسلا ئىلتىماس قىلدۇرماستىن ئىلتىپات قىلدى، ئۇ بۇرادەرگە مەلۇم بولسۇن.» ئۇ نىشان ھازىرمۇ پەقىردا بار، بۇ سۆزلەرنى ئاشۇ نىشاندىن نەقىل قىلىپ يازدىم.

دېمەك، پەقىر ئاقسۇدىكى ۋاقتىمدا ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن خاننى مۇرىتلىققا قوبۇل قىلىپ، ئاندىن بەدەخشان يولى بىلەن

ھىندىستانغا قاراپ سەپەر قىلغانىكەن. پەقىر بۇ ئۇمۇمىي ۋىدالىشىش شەرىپىدىن مەھرۇم قالدىم.

سۆز بۇ يەرگە يەتتى. بىرقانچە قائىدىگە بىنائەن ئەمدى خاجەئى نۇرەننىڭ سىلسىلىلىرىنىڭ زىكرى ۋە ئەھۋاللىرىنىڭ تەپسىلاتىنى بايان قىلىشىم زۆرۈر ۋە لازىم كۆرۈندى.

بىرى، ئەسلىي سۆز، يەنى بۇ كىتابنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بۇ تەزكىرە بىلەن تېخىمۇ روشەن ۋە ئاشكارا بولغۇسى. چۈنكى، بۇ كىتابنىڭ شاراپىتى ۋە لاتاپىتى مەلۇملۇقكى، ئەگەر ئۇنىڭدا ئاللانىڭ ئەۋلىيالىرىنىڭ زىكرى تىلغا ئېلىنمىسا، ئۇنىڭ قانچىلىك قەدىر - قىممىتى بولار؟ سودىگەرلەرمۇ كاسات ماتالىرىنى بىر ۋىلايەتكە ئېلىپ بارماقچى بولسا، بۇ ماتالىرىنىڭ ئارىسىدا بىرەر يېقىملىق ماتانىڭ بولۇشى ئۈچۈن تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، خېرىدارلار بۇ يېقىملىق ماتا تۈپەيلىدىن ئۇ كاسات ماتالارنىمۇ سېتىۋالىدۇ. نەزم:

قىل قەبۇل ھەممەنىڭ تىفەيلى بىلەن،
ئەي مېنىڭ، ھەممەنىڭ ئىلاھى سەن.

يەنە بىرى، ئاللا يولىدىكى ئۇلۇغ زاتلارنىڭ كىتابلىرىدىن كۆرۈشۈمچە، قىيامەت كۈنى ئەڭ ئاخىرىدا پۈتكۈل خالايىقلاردىن بېھىشكە كىرىدىغىنى بېھىشكە، دوزاخقا كىرىدىغىنى دوزاخقا بارىدۇ، شاپائەت ئەھلى گۇناھكارلارغا شاپائەت قىلىدۇ. ئېھتىمال ھېچكىم شاپائەت قىلالمايدىغان، ئۇنىڭدا شاپائەتكە سەۋەب ۋە نىجاتلىققا باھانە بولغۇدەك ھېچبىر ئىش - ئەمەل بولمىغان بىرەر كىشىمۇ چىقىپ قالىدۇ. بۇ چاغدا مىننەتسىز ئىلتىپات قىلغۇچى ۋە ئىللەتسىز ئىنايەت قىلغۇچى ھەزرىتى تەڭرىتائالا: «ئەي گۇناھكار بەندە، پانىي دۇنيادىكى مېنىڭ دوستلىرىمدىن

بىرەرسىنىڭ ئىچىنى بىلەمسەن؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ بەندە: «ئارى، ئەي خۇداۋەندە، پالان - پالان بۇزرۇكنىڭ ئىچىنى بىلىمەن» دەيدۇ. شۇ هامان ئۇ مېھرىبان ئاللا دەرگاھىدىن شۇنداق پەرمان كېلىدۇكى: «ئەي بەندە، بارغىن، بېهىشكە كىرگىن. ساڭا ئاشۇ دوستلىرىمنىڭ ئىچىنىڭ بەرىكىتىدىن بېهىشنى نېسىۋە قىلدىم.»

دېمەك، پەقىرمۇ هەر خىل باهانە ۋە هەر خىل يوللار بىلەن ئاشۇ بۇزرۇكلەرنىڭ ۋە هەق - رەهمىتىگە ئېرىشكەن زاتلارنىڭ زىكرىنى قىلىمەن، ئېهتىمال ئۇلارنىڭ تۇپەيلىدىن تەڭرىنىڭ رەهمىتىگە مۇۋەپپەق بولارمەن. نەزم:

ياماﻧﻼرغە مەهشەردە هەيىي كەرىم،
بېرۇر ياخشىلار هۇرمەتىدىن نەئىم.

شەيخ ئەبۇ ئەلى دەققاق — تەڭرى ئۇنىڭغا رەهمەت قىلغاي — ئۆزىنىڭ مۇناجاتلىرىدا: «ئەي تەڭرىم، ئەگەر مەن مەغپىرەت ۋە رەهمەتكە لايىق بولمىسام، ماڭا دوستلىرىڭنىڭ قاتارىدا بېهىشتىن جاي بەرمىسەڭ، ئۈمىدىم كۆكسىگە رەددىيە قوللىرى بىلەن ئۇرۇپ دوزاخقا ئەۋەتسەڭ، هاسا بىلەن رىدانى قولۇمدىن ئېلىۋالما، چۈنكى هاسا بىلەن رىدا سوپىلار سۈرىتىدىكى دوستلىرىڭنىڭ كىيىمىدۇر. مەن ئاشۇ هاسا ۋە رىدا بىلەن بىللە دوزاخقا باراي ۋە ئۇنىڭدا كۆيەي، گەرچە ئۇ دوستلىرىڭنىڭ سۈپەتلىرى دەرىجىسىگە يېتەلمىسەممۇ، هەرهالدا ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرىدە بولۇشتىن مەهرۇم قىلمىغايسەن. رۇبائىي:

كويۇڭدا يۈرۈر نەچچە تۈمەن ئەهلى هەۋەس،
كىم تاپقاي ئىكىن ۋىسالىڭغا دەست ئىلە رەس.

ئولكىم ئانى تاپتى دەۋلەتى تاپتى ئەزىم ،
ھەم تاپماغان ئەلگە تاپماغان داغى بەس .

دېمەك ، مەن ئۇلار جۇملىسىدىن بولالمىساممۇ ، ھەرھالدا ئۇلارنى ئەسلەيدىغانلاردىن بولاي . ئەي پاك تەڭرىم ، بۇ سۆزنى خاتا قىلدىم . ئۇ بۇزرۇكلەرنىڭ ئېتىنى تىلغا ئېلىش ۋە ئۇلارنى ئەسلەش بىلەن كۆڭلۈمنى خۇشال قىلىمەن .رۇبائىي :

جاناكى ، ۋىسالىڭ ماڭا مەتلۇب ئېرۇر ،
ئول يوقسە ، خەيالىڭ ماڭا مەرغۇب ئېرۇر .
گەر دەۋلەتى ۋەسلىنى تاپالماس جانىم ،
ئاتىڭنى تىلىم دەركى ، بۇ ھەم خۇب ئېرۇر .

يەنە بىرى شۇكى ، كۈنلەر دەپتىرىنىڭ ۋاراقلىرى چۇرۇكلەشكۈسى ، ئۆتكەنلەر ئەھۋاللىرىنىڭ ئەسلىمىسى كۆڭۈللەر سەھىپىسىدىن يوقالغۇسىدۇر . دېمەك ، سۇلتانلار ۋە خاقانلاردىن نام ـ نىشان قالمىغۇسىدۇر . ۋاقتى كەلگەندە خەلق پالان خاقان بۇزرۇكلەر سېپىگە قوشۇلغانىكەن دېگەننى بىلسە ، شەكسىزكى ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە مەقبۇل بولغۇسى . مانا شۇ مەقبۇللۇقنىڭ ئۆزى ئۇلۇغ خۇدا خالىسا مەغپىرەتكە سەۋەب بولۇپ قېلىشىدىن ئۈمىد بار .
يەنە بىرى شۇكى ، كېيىنكى كىشىلەر ئۆتكەنلەرنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سالسا ، ئېھتىمال ئۇلارغا ئوخشاش يول تۇتۇپ ئاللاتائالانىڭ ئەۋلىيالىرىدىن بىرەر بۇزرۇكۋارغا مۇرىت بولۇشقا تىرىشقاي . ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى سەۋەبىدىن ئەگەشكۈچىگىمۇ ، يولباشچىغىمۇ ساۋاب ھاسىل بولغۇسى ۋە بۇ كىتابنى يازغۇچى ۋە كۆچۈرگۈچىگىمۇ مەنپەئەت يەتكۈسى ، ئەي ئالەمنىڭ پەرۋىشچىسى تەڭرى ، ئامىن ! »

## سەكسەن ئۈچىنچى باب

# ھەزرىتى [شىھابىددىن] خاجە خاۋەند مەھمۇدنىڭ ئەھۋاللىرى ۋە نەسەب- لىرىنىڭ زىكرى

بىلمەك كېرەككى، بۇ كىتابنىڭ ھەرقانداق يېرىدە «ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن» دېگەن سۆز كەلسە، بۇنىڭدىن مەقسەت ھەزرىتى خاجە خاۋەند مەھمۇدتۇر — تەڭرى ئۇنىڭغا سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلغاي. ئۇلارنىڭ مۇبارەك ئاتلىرى شىھابىددىن مەھمۇدتۇر، ئىنتايىن ئۇلۇغلاپ ئېھتىرام تۇپەيلىدىن «خاجە خاۋەند» دېگەن ئىسىم بىلەن تونۇلغاندۇر. بۇ ئىسىمنى ھەزرىتى ئىشان خاجە ئەھرار — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — قويغانىكەن. چۈنكى، ھەزرىتى ئىشاننىڭ ئاتىلىرىنىڭ ئىسمى مەھمۇدتۇر، بوۋىسىنىڭ ئىسمى شىھابىددىندۇر. ھەزرىتى خاجە خاۋەند مەھمۇد بولسا خاجە مۇھەممەدئەبدۇللانىڭ ئوغلىدۇر. خاجە مۇھەممەدئەبدۇللانىڭ مەشھۇر لەقەملىرى «خاجەكە» بولۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ بىلىملىك ۋە تەقۋادار كىشىسى ئىدى. تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 908 - يىلى[1] فەرغانە ۋىلايىتىدە ئالەمدىن ئۆتتى، مۇبارەك جەسىتى فەرغانىدىن تاشكەندكە ئېلىپ كېلىندى. خاجە مۇھەممەدئەبدۇللا ئەۋلىيالارنىڭ يېتەكچىسى، مۇرشىدلارنىڭ قىبلىسى، تەڭرى دەرگاھىغا يېقىن زات ھەزرىتى خاجە ناسىرىددىن

---

[1] ھىجرىيە 908 - يىلى مىلادىيە 1502 — 1503 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

ئۇبەيدۇللا ئەھرار — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ پەرزەنتىدۇر . بۇ كىتابنىڭ ھەرقانداق يېرىدە «ھەزرىتى ئىشان» دېگەن سۆز كەلسە ، بۇ سۆز خاجە ئەھرارنى كۆرسىتىدۇ .

پەقىر ھەزرىتى خاجەئى مەخدۇمى نۇرەننىڭ گۆھەر تۆككۈچى تىلىدىن ئاڭلىغانىدىم ، ئۇ زات مۇنداق دېگەنىدى : «بوۋام ھەزرىتى خاجە ئۇبەيدۇللا ئالەمدىن ئۆتكەندە ، مەن يىگىرمە يەتتە ياشتا ئىدىم .» يەنە ئۇ زاتتىن ئاڭلىغانىدىم ، مۇنداق دېگەنىدى : «سەمەرقەندكە تەۋە شەھرىسەبزدە بىر باغ بار ، ئۇ باغدا بىر تۈپ ئۇجمە دەرىخى بار . ئۇ ئۇجمە دەرىخىگە ھەزرىتى بەھائۇل - ھەق ۋەددىن نەقشبەندى — ئۇ ئەزىز زاتنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — يۆلىنىپ ئولتۇرغانىكەن ، [ھەزرىتى ئىشان ئۇ باغنى شۇنىڭ ئۈچۈن تەۋەررۇك بىلىپ سېتىۋالغانىدى .] ئۇ دەرەخنىڭ ئالدىدا بىر كۆل بار ، بىر كۈنى كىچىسى كۆل لېۋىدە [ھەزرىتى ئىشان مېنى ۋە خاجە ئەبدۇلھادىنى زىكىرگە سالدى .] ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن يەنە مۇنداق دېگەنىدى : «ھەزرىتى ئىشاننىڭ ھاياتلىق زامانلىرىدا ماڭا مەئدە ئاغرىقى چاپلاشتى . ئاغرىقىم شۇ دەرىجىگە يەتتىكى ، ماۋەرائۇننەھرنىڭ تېۋىپلىرى داۋالاشقا ئاجىز كەلدى . شۇڭا ، كېسىلىمنى داۋالىتىش ئۈچۈن ئاخىر خوراسانغا باردىم . شەيخۇلئىسلام ، خەلقىنىڭ پەخرى ھەزرىتى مەخدۇمى ئەبدۇررەھمان جامى — ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولسۇن — مېنى ئۆزىنىڭ ھويلىسىغا چۈشۈردى ، مەن كۆپ ۋاقىتلاردا ئۇ زاتنىڭ خىزمىتىدە بولاتتىم . ئۇ زاتنىڭ رىسالىلىرىدىن نەچچە رىسالىنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئوقۇپ ئۆتكۈزدۈم .»

ھەزرىتى مەخدۇمى نۇرەننىڭ رىسالىلىرى بولسا شۇنىڭ داۋامىدۇر . پەقىر بۇ رىسالىدىن شۇنى پەملىدىمكى ، ئۇ زات ھەزرىتى مەۋلىۋى جامىدىن كۆپ تەربىيەتلەرنى تاپقانىكەن . ئۇ زاتنىڭ بۇ كىتابقا نەقىل قىلىنىدىغان رىسالىسىدىن مەلۇم بولىدۇكى ، خاجەئى نۇرەن كۈندىلىك زۆرۈر كىتابلارنى ئوقۇپ

ئۆتكۈزگەنكەن .

ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن ھەزرىتى ئىشان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىراققا باردى ، ئۇ يەردە قازى مىرزا ھۇسەين يەزدى ۋە مىر سەدرىددىننىڭ سۆھبەتلىرىدە كۆپ بولاتتى . ئۇ يەردىن شىرازغا باردى . ئۇ مۇنداق دېگەنىدى : «شىرازدا ئالتە يىل تۇردۇم . مەۋلانا ئىمادىددىن مەسئۇد ئىراق زېمىنىدىلا ئەمەس ، بەلكى پۈتكۈل ئالەمدىكى تېۋىپلارنىڭ ئۇستازى ئىدى . ئۇنىڭدا تېبابەت ئوقۇدۇم . مەۋلانا ئىمادىددىن مەسئۇد بىلەن بىرلىكتە ‹تەجرىد › ناملىق كىتابقا شەرھى يازغاندۇق ۋە مەۋلانا جالالىددىننىڭ [ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ ،] ‹مۇئجىز › ناملىق كىتابقا مەۋلانا جالالىددىن بىلەن بىرلىكتە شەرھى يازغاندۇق . [ ئۇنى مەۋلانا ئىمادىددىن مەسئۇدنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ ئوقۇدۇق . »]

خاجەئى نۇرەن شىراز دارۇش - شىپاسىدا تېبابەت ئىلىملىرىنى توپلىغانىدى . ئۇيەردىن رۇمغا باردى ، ئۇ يەردىمۇ ئىلىم تەھسىل قىلدى . رۇمدىن مىسىرغا باردى ، ئۇ يەردىن شەرەپلىك ۋە كەرەملىك ئىككى ھەرەمنى زىيارەت قىلىش شەرىپىگە ئېرىشىپ [ ھەج قىلدى .] ئاندىن جىددەئى مۇبارەك يولى ئارقىلىق [ كېمە بىلەن] دەريادا يۈرۈپ ، گۇجەرات① يولى بىلەن ھىندىستانغا كەلدى . ئۇ يەردىن كابۇلغا كەلدى ، بۇ ۋاقىتتا بابۇر پادىشاھ كابۇلدا ئىدى ، پەقىرمۇ كابۇلدا ئىدىم . بۇ ئەھۋال يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلدى .

ھەزرىتى خاجەئى نۇرەننىڭ بۇ سەپىرى يىگىرمە ئۈچ يىل داۋام قىلغانىدى . بابۇر پادىشاھ سەمەرقەندنى ئالغاندا ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن سەمەرقەندكە كەلدى . ئاندىن تارىخنىڭ (ھىجرىيە )

---

① گۇجەرات — ھازىرقى ھىندىستاننىڭ غەربىي دېڭىز ياقىسىنىڭ شىمالىدا (مۇھەررىردىن ) .

931 ـ يىلى① كاشغەرگە كەلدى . بۇ ئەھۋال يۇقىرىدىمۇ زىكىر قىلىپ ئۆتۈلدى . ئۇ زات مۇنداق دېگەندى : «سەمەرقەندتىكى ۋاقتىمدا ، ھەزرىتى ئىشاننىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى مۇلازىملىرىدىن بولغان مەۋلانا قاسىم ئىككى ئاتنى ئېلىپ كېلىپ : ‹ھەزرىتى ئىشان پەرمان قىلىپ خاجە خاۋەند مەھمۇدقا ئېيتقىن ، بۇ ئىككى ئاتنى ئېلىپ كاشغەرگە بارسۇن دېدى › دەپ ئېيتقانىدى .»

ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن كاشغەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى تاغام لەقۋا كېسىلىگە دۇچار بولغانىدى . ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن كېلىپ داۋالىغانىدى ، ساقايدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى يىل كاشغەردە تۇردى . ئۇ زاتنىڭ سائادىتى ۋە بەرىكىتىدىن مۇخلىسلار بەھرىمەن بولدى ، ئاندىن مەنسۇرخاننىڭ ئىلتىماس قىلىشى بىلەن تۇرپانغا باردى ۋە ئۇ يەردە ئۈچ يىل تۇرۇپ ، ئۇ دىياردىكى مۇخلىسلارنى بەخت ـ سائادەت كەلتۈرگۈچى قەدەملىرىدىن مەنپەئەتدار قىلدى . خان لەشكەركەشلىك سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەن چاغدا ، تاغام ئىستىسقا كېسىلىگە دۇچار بولغانىدى . شۇڭا ، خاجەئى نۇرەن تاغامنى داۋالاش ئۈچۈن كاشغەردە تۇردى . تاغام ساقايغاندىن كېيىن ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن ياركەندكە كەلدى ، ھەزرىتى خاجە مۇھەممەديۇسۇف ياركەندتە ئىدى . ھەزرىتى خاجەئى نۇرەننىڭ ئالدىغا ئويلىغىنىدەك قارشى ئېلىپ چىقمىدى ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆڭۈلسىزلىك پەيدا بولدى . ئاخىر شۇ دەرىجىگە باردىكى ، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلدى . دېمەك ، خاجە مۇھەممەديۇسۇف ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن ياڭىھىسارغا باردى ، خانمۇ ھەزرىتى خاجەئى نۇرەننىڭ مۇلازىمەتلىرىدە شۇ قىشنى ياڭىھىساردا ئۆتكۈزدى . بۇ زىمىستاندا خاجەئى نۇرەندىن ئاجايىپ ئەھۋاللار كۆرۈلدى .

ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن تۇرپانغا بېرىشتىن ئىلگىرى ،

---

① ھىجرىيە 931 ـ يىلى مىلادىيە 1524 — 1525 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

پەقىردىن ۋە مېنىڭ يېقىنلىرىمدىن بىر قانچە خاتالىقلار سادىر بولغانىدى . شۇنداق بايان قىلىنىدۇكى ، ئاللا يولىدىكى ئەۋلىيالارنىڭ بىر ئۇلۇغ ماقاملىرىنى فۇتۇۋۋەت ، يەنى مەردانىلىك دەپ ئاتايدۇ . فۇتۇۋۋەت شۇكى ، خاتالاشقان ۋە گۇناھ قىلغانلارنى ھەرگىز خىجىل قىلمايدۇ ، ئۆزرە ئېيتىشقىمۇ ھاجەت قويمايدۇ . دېمەك ، ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن پەقىرگە كەم - كۆتىسىز فۇتۇۋۋەت قىلدى ، پەقىر دائىم ئۇ زاتنىڭ مۇلازىمەتلىرىدە ئىدىم . شۇ كۈنلەردە [بىر غەزەل يازغانىدىم . بۇ ئۈچ بېيىت شۇنىڭدىن ئۈزۈندە :

بېيىت :

ئەي خۇش ئان كەسكى دەرى مەيكەدەھا جا كەردە ،
نەقدى ھەستى گەرەۋى ساغەرى سەھبا كەردە .
فەيزى رۇھۇل - قۇدس ئەر ھەمنەفەسى مەن باشەد ،
مەن ھەم ئىن كارى تەۋانەمكى مەسىھا كەردە .
لايىقى ئەفۇ مەنەم ئەفۇچە ھاجەت بەمەلىك ،
ئەفۇ لايىق نەبۇۋەد بەرگۇنەھى ناكەردە .

(ئەي مەيخانىدا ئولتۇرغان كىشى ، ھاياتىم بايلىقى سۈزۈك شارابقا تولغان جامىڭغا گۆرۈ بولسۇن .
پاك روھلارنىڭ پەيزى ماڭا ھەمنەپەس بولدى ، مەن شۇ قەدەر كۈچ - قۇۋۋەتكە تولدۇمكى ، گويا ئىيسا پەيغەمبەرنىڭ مەدەتكارلىقىغا ئېرىشكەندەك بولدۇم .
مەن شۇ قەدەر كەچۈرۈمگە ئېرىشتىمكى ، گويا گۇناھ قىلمىغان ئادەم كەچۈرۈمگە ھاجەت بولمىغاندەكلا بولۇپ قالدىم . )

خاجەئى نۇرەننىڭ سائادەتلىك نەزىرى بۇنىڭغا چۈشكەندىن كېيىن ئۇ زاتنىڭ مۇبارەك چېھرىلىرىدە رەھىم - شەپقەت نىشانىسى پەيدا بولدى . مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا لايىق دەپ قارىمىساممۇ ، ئۇ زات ماڭا تۈرلۈك ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى] ۋە شۇ كۈنلەردە

پەقىرگە : «ھەزرىتى مەخدۇمى مەۋلىۋى ئەبدۇررەھمان جامى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇ زاتنىڭ ياتقان يېرىدىن كۆپ قولىيازمىلار چىقتى . شۇلاردىن بىرىنى سىزگە پۈتۈپ بېرىمەن» دېدى ۋە پەقىرگە پۈتۈپ بەردى . پەقىر ئۇنى شەرەپ ۋە تەۋەررۈك بىلىپ بۇ كىتابقا نەقىل قىلدىم . ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن بۇ ئىپتىخارلىق پۈتۈكنى تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 937 - يىلى رەجەپ ئېيىدا[1] ياغىھىساردا پۈتۈپ بەرگەنىدى . بۇ شەرەپلىك قولىيازمىنىڭ سۆزلىرى بۇ كىتابتا ئەينەن نەقىل قىلىندى — بۇ نۇسخىدا تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىندى :

بىسمىللاھىر - رەھمانىر - رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ
ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

«لائىلاھە» دېگەن سۆز ھىدايەت بېغىدىكى لالە كەبىدۇر ، ئۇنىڭ ئىچىدە يەككە - يېگانىلىك ئەلىپىنىڭ مىلىنى[2] ئۇنىڭ ئىچىدە سۇرمە كەبى قويۇپتۇ . ئۇ مىل ۋە سۇرمە بىلەن كور دىلغا «ئىللەللاھ»نىڭ پاناھلىقىنى كۆرۈش يېقىنلىشىپتۇ . **رۇبائىي :**

كۆر سۇرەتى «لائىلاھە ئىللەللاھ»[3] دىن ،
تۆرت ئەيلەگىل ئىككى «ھا» كەبى چەشمى يەقىن .
تا «لامئەلىق»دىن ئولغۇسىدۇر ئول ئەلەمىڭ ،
مەشھۇدغە جىلۋەگاھ ئېرۇر ئەرشى بەرىن .

---

① ھىجرىيە 937 - يىلى رەجەپ ئېيى مىلادىيە 1531 - يىلى 2 - ، 3 - ئايلار ئارىسىغا توغرا كېلىدۇ .
② مىل — كۆزگە سۇرمە تارتقاندا ئىشلىتىلىدىغان ئۇچى ئۇچلۇق ئىنچىكە تاياقچە .
③ لائىلاھە ئىللەللاھ — بىر ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوق .

«مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ»[1]نىڭ بۇلاقلىرىدا گۇۋاھلىق شارابلىرى قايناپ تۇرىدۇ، خارۇزارلىق باياۋىنىنىڭ تەشنالىــــرى ئۇ بۇلاقنىـــــڭ تامچىلىرىدىن بەھرىمەن بولغۇسىدۇر. بېيىت:

زىلالى چەشمەئى ھايى ھۇۋىيەتكىم ئەيان ئولمىش،
مۇھەممەد ئىككى مىمى چەشم سارىدىن رەۋان ئولمىش.

بۇ ئۇلۇغ كەلىمە (جۈملە) يىگىرمە تۆت ھەرپتۇر، ئۇنىڭ ھەرپ سانى بىر كېچە - كۈندۈز سائەتلىرىنىڭ سانىغا ماس كېلىدۇ. بۇ كەلىمىدىكى ھەربىر ھەرپنىڭ خاسىيىتى ۋە بەرىكىتى ھېسابسىزدۇر. بېيىت:

بىر سۆز ئېيتاي، ئىشتىمەكنى قىلساڭ ھەۋەس،
گەر ئۆيدە كىشى بار ئىسە بىر ھەرف ئاڭا بەس.

چېكىت چىۋىنگە ئوخشايدۇ، بۇ كەلىمىدە چېكىت يوق. [چۈنكى، بۇ (كەلىمىدىن ئىبارەت) ھەسەل چىۋىن تەبئەتلىك كىشىلەرنىـــڭ بۇلغىشىدىن خالىيدۇر.] بېيىت:

سۇنغىل ئەنگۇشتى شەھادەتنىكى بۇ شەھدغە بەس،
قالماغاي تاكى دىلىڭدا ھەۋەسى تەبئى مەگەس.

ۋەسسالام.

قىش ئاخىرلاشقاندا پەقىر ئاقسۇغا كەتتىم. شۇ كۈنلەردە خان ۋە خاننىڭ مۇلازىملىرىدىن كاتتا شەرەپلىك كىشىلەر ھەممە باشقا مۇخلىس - ئېتىقادمەنلەردىن ئىلتىماس قىلالىغۇدەك دەرىجىدىكى لەرنىڭ ھەممىسى ھەزرىتى خاجەئى نۇرەندىن ئىلتىماسلار قىلىپ مەنپەئەت ئالدى. شۇ ۋاقىتتا بىر قانچە پايدىلىق رىسالىلەرنى

---

[1] مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ — مۇھەممەد پەيغەمبەر ئالλانىڭ ئەلچىسى.

يازغانىكەن ، شۇلار ئىچىدىن بۇ بىر رىسالە بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلدى .

بىسمىللاھىر - رەھمانىر - رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ
ئىسمى بىلەن باشلايمەن )

ئىنسان قەلبىنى ئىمان نۇرى بىلەن يورۇتقان تەڭرىتائالاغا مەدھىيە - ماختاش ۋە تەشەككۈرلەر بولسۇن ؛ ئاللانىڭ دوستى ، بەندىلەرنى توغرا يولغا باشلىغۇچى ، ئۇلارغا توغرا يولنى ۋە ئازغۇنلۇق يولىنى بايان قىلغۇچى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ، ھەق يولغا ، دىن ۋە مۇكەممەل ئىمانغا باشلىغۇچى ساھابىلىرىگە ئاللانىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن .

شۇنىڭدىن كېيىن دانا ۋە كۆزى روشەن دوستلارنىڭ سەمىگە شۇنى بايان قىلىمىزكى ، ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام — ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالاملار بولغاي — نىڭ پەيغەمبەرلىك قەندەللىرىدىن ۋە ئاللانىڭ ئەۋلىيالىرى — ئۇلارنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ سۆزلىرىدىن تاللاپ ، بۇ ۋاراقلار يۈزىگە بىرقانچە جۈملە يېزىلدى . بۇنىڭدىن يازغۇچىغا ۋە دىققەت بىلەن ئوقۇپ چۈشەنگۈچىگە بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە ساۋاب (ياخشىلىق ) ھاسىل بولغۇسى .

تەڭرىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام — ئۇنىڭغا ئاللانىڭ دۇئا ۋە سالاملىرى بولغاي — مۇنداق دېگەن : «ئاچلىق ۋە تەشنالىقنى ئىختىيار قىلىش يولى بىلەن ئۆز نەپسىڭلارغا قارشى جىھات (كۈرەش ) قىلىڭلار .» بۇ ھەدىس ئاچلىقنىڭ پەزىلەتلىرى ۋە كۆپ يېيىشنىڭ زەرەرلىرى ھەققىدە ئېيتىلغاندۇر ، چۈنكى شەھۋەتنىڭ ھەممىسى كۆپ يېيىشتىن پەيدا بولىدۇ . شەھۋەت — مەيلى ئۇ جىسمانىي شەھۋەت بولسۇن ياكى يېمەكلىككە بولغان شەھۋەت بولسۇن — دەرۋىشنى توغرا يولدىن چىقىرىۋېتىدۇ . دەرۋىشلەر تائام يېيىشتە جەزمەن ئۇتتۇرا ھال چەكتە كۈپايە

قىلىشلىرى زۆرۈر ۋە لازىمدۇر . ساھابىلەر — ئاللا ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولغاي — ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ خوجىسى ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — دىن : «ئەي ئاللانىڭ پەيغەمبىرى ، ئادەملەر ئىچىدە ئەڭ پەزىلەتلىكى قايسى ؟» دەپ سورىدى . ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — جاۋاب بېرىپ : «ئاز يېگەن ۋە ئاز كۈلگەن ، كىيىم كىيىشتە ئەۋرەتنى ياپقۇچىلىك كىيىمگە رازى بولغان كىشى ئەڭ پەزىلەتلىك كىشىدۇر» دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە : «ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاچلىقتۇر ۋە نەپسىنى خار تۇتۇش ، ئاددىي يۇڭ كىيىملەرنى كىيىشتۇر» دېگەنىدى . بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى شۇكى ، بەندە خۇدايىتائالاغا ئاچلىق ۋە تەشنالىق ھالىتىدە ئىبادەت قىلسا ، بۇنداق ئىبادەتنىڭ خۇدايىتائالا دەرگاھىدا قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ ، چۈنكى بۇ پەيغەمبەرلەر ۋە ئەۋلىيالارنىڭ ئادىتىدۇر . يۇڭدىن توقۇلغان قوپال كىيىملەرنى كىيىش ئارقىلىق كۆڭۈلگە كۆپرەك سۇنۇقلۇق ۋە يۇمشاقلىق ھاسىل بولغۇسىدۇر . دەرۋىشلەرنىڭ تەلەپلىرى كۆڭلى سۇنۇقلۇق بولۇپ ، بۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتى يۇقىرىدۇر . مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئىمام ھۇسەين — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — مۇنداق دېگەنىكەن : «پاك ۋە ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ دەرگاھىدا ئورۇن تۇتۇش جەھەتتە سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشى شۇكى ، ئۇ كىشى دۇنيادا ئۆمرىنى ھەمىشە ئاچلىق ۋە تەپەككۇر بىلەن ئۆتكۈزگەندۇر . تەڭرى دەرگاھىدا ئەڭ يامان ، ئەڭ دۈشمەن كىشى تائامنى تولا يەيدۇ .» بۇ ھەدىستىكى تەپەككۇردىن مەقسەت شۇكى ، بۇ تەڭرىنى ياد ئېتىش ، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاش ۋە ئاخىرەتكە تەييارلىق قىلىش دېگەنلىكتۇر .

ئاچلىقنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ھەدىسلەردە ناھايىتى كۆپ ئېيتىلغان . شۇ خىلدىكى ھەدىسلەردىن بىرى ئۇسامە ۋە ھۇرەيرە — ئاللا بۇ ئىككىيلەندىن رازى بولغاي — قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلىنغان . بۇ ھەدىس شۇكى ، ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «ئادەملەر ئىچىدە قىيامەت كۈنى پاك تەڭرىتائالانىڭ رەھمىتىگە ئەڭ يېقىن كىشى

شۇكى ، ئۇ كىشى دۇنيادا كۆپىنچە ئاچلىق ۋە تەشنالىقتا ئۆتكەندۇر . چۈنكى ، ئۇ كىشى نەپسىگە قارىمۇقارشى يول تۇتقان ، نەپسىنى خار قىلغان ، نەپسىنىڭ تەقەززاسىغا بويسۇنمىغان ، يېمەك - ئىچمەكلەرگە تۆت پۇتلۇق هايۋانلاردەك هېرىسمەنلىك بىلەن يۈگۈرمىگەن . جاهاندا هەمىشە غەمكىن هالدا ۋىسال شەربىتىنى ۋە جامىنى ئۈيلىغان كىشىدۇر . ئۇنداق كىشىلەر مەخپىيدۇر ۋە هەر خىل هۈنەر - كەسىپ ئىگىلىرىدۇر ، ئۇلار ئىبادەتلىرىنى خالايىقنىڭ نەزىرىدىن يوشۇرۇن قىلىدۇ . ئەگەر ئۇلار خالايىق ئارىسىدا پەيدا بولسا ، هېچكىم ئۇلارنى تونۇمايدۇ . ئەگەر ئۇلار غايىب بولسىمۇ ، هېچكىم ئۇلارنى ئىزدەپ تاپمايدۇ ، ئۇلارنى شەهەر ۋە يۇرتلاردا هېچ كىشى تونۇمايدۇ . ئەگەر شۇنداق كىشىلەردىن بولىدىغان بولسا ۋە توغرا يولدا بولسا ، ئۇلار خالايىق نەزىرىدىن يوشۇرۇن هالەتتىدۇر . » چۈنكى ، ئاسماندىكى پەرىشتىلەر ئۇلارنى خەلقنىڭ نەزىرىدىن يوشۇرىدۇ . خەلقنىڭ راهتى دۇنيانىڭ نازۇنېمەتلىرى بىلەندۇر ، ئۇلارنىڭ راهتى بولسا پاك ۋە ئۇلۇغ تەڭرىگە ئىبادەت قىلىشتۇر . ئاۋام خەلق ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيالارنىڭ پائالىيەت ۋە ئەخلاقلىرىنى زايە قىلغۇسىدۇر . ئۇلار هەمىشە خالايىقنى مۇهاپىزەت قىلىشنىڭ تىرىشچانلىقىغا مەشغۇل . ئەگەر ئۇلار ئالەمدە بولمىسا ، زېمىن يىغلايدۇ . هەرقانداق شەهەردە ئۇلاردىن بىرەرسى بولمىسا ، پاك ۋە ئۇلۇغ تەڭرى ئۇ يەرگە رەهمەت نەزەرىنى سالمايدۇ . ئۇلار بۇ دۇنياغا ئىت تاپقا تەكالىب قىلغاندەك ، يەنى چاپلاشقاندەك چاپلىشىۋالمايدۇ . «تەكالىب» دىن مەقسەت شۇكى ، ئەنبىيالار خاتىمىسى هەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى تاپقا ئوخشاتقان . پەسكەش دۇنيانىڭ نېمەتلىرىگە ئالدانغان ، بەش كۈنلۈك ئۆمرى ئۈچۈن دۇنيانىڭ تۇراقسىز ۋە تۇتۇرۇقسىز نېمەتلىرىگە بېرىلگەن بىخەۋەر كىشىلەر گوياكى تاپقا يىقىلغان ئىتقا ئوخشاش هارام مالغا چاپلىشىۋالغان . هەزرىتى هەكىم سەنائى غەزنەۋى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — بۇ هەقتە قىتئەلەرنى ئېيتقان بولۇپ ، [تەرجىمىسى] بۇدۇر :

قىتئە :

بۇ جەهاندۇر مىسالى مۇردارى ،
ئاندا كەركەس ئېرۇر هەزار - هەزار .

بۇ بىر ئول بىرگە سالغۇسى چاڭگال ،
ئول مۇڭا ئۇرغۇسىدۇرۇر مىنقار .
ئاخىرۇل ـ ئەمر كەتكۇسى ھەممەسى ،
قالغۇسى لېك مۇنداق بۇ مۇردار .

ياخشىلار تائىپىسى شۇكى ، ئۇلار قۇرۇق نان بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ ؛ كونا ، يىرتىق ئىگىنلەرنى كىيىدۇ ، يالاڭئاياغ ، چاچلىرى چۇۋۇلغان ۋە چاڭ ـ توزانغا بۇلغانغان بولىدۇ ؛ كىشىلەر ئۇلارنى كۆرسە ، ئاغرىق دەپ گۇمان قىلىدۇ . ھالبۇكى ، ئۇلار ئاغرىق ئەمەس ، بەزىلىرى ئۇلارنى سەۋدايى دەيدۇ ۋە ئەقلىنى يوقاتقان دەپ گۇمان قىلىدۇ . ۋەھالەنكى ، ئۇلار سەۋدايىلىقتىن يىراق ۋە ئەقلىدىن ئېزىشتىن خالىيدۇر . لېكىن ، ئاۋام خەلق ئۇلارنى ئاشۇ خىل ھالەتتە كۆرۈپ ، ئۇلار ھەققىدە خاتا گۇمان قىلىدۇ . ئۇلار دۇنياغا پەشۋا ئۇرغان ، دۇنيادىن ۋە دۇنيا ئەھلىدىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىلەردۇر . ئېھتىمال ئۇلاردىن بىرەرسى دۇنيانى لازىم قىلغان تەقدىردە ، ئۇنى يا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن ، يا ئائىلە ، بالا ـ چاقىلىرىنىڭ تىرىكچىلىك مەئىشىتى ئۈچۈن لازىم قىلىدۇ ، ئەمما كۆڭۈللىرىدە دۇنيانىڭ مۇھەببىتى بولمايدۇ . دېمەك ، ئۇلارنىڭ ئەقىللىرى زاۋاللىققا ۋە نۇقسانغا يۈزلەنمەيدۇ . مەجنۇن ۋە ئەقىلسىز دەپ شۇنداق كىشىلەرنى دېسە بولىدۇكى ، ئۇلار مەككار دۇنيانىڭ مۇھەببىتىگە گىرىپتار بولۇپ ، پاك ۋە ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ مۇقەددەس دەرگاھىغا يۈزلىنىشتىن غاپىل ۋە مەھرۇم قالغان . بۇنداق كىشىلەر بۇزرۇكلەر تائىپىسىنى ئەقلىنى يوقاتقان ، دەپ گۇمان قىلىشىدۇ . ۋەھالەنكى ، ئاخىرەت دەرىجىسىنىڭ شەرەپلىرى ئاشۇ بۇزرۇكلەرگە نېسىپ بولغۇسى . ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — مۇنداق دېگەن : «ئەي ئۇسامە ، ھەر شەھەردە ۋە دىياردا ئۇلاردىن بىرەرسىنى كۆرسەڭ بىلگىنكى ، ئۇ شەھەرنىڭ ئاسايىشلىقى ئۇلارنىڭ شاراپىتى بىلەندۇر . قاچانكى ئۇلاردىن بىرەرسى بىرەر قوۋم ئارىسىدا بار بولسا ، خۇدايىتائالا ئۇ قوۋمغا ئازاب ۋە بالا ـ قازالار ئەۋەتمەيدۇ ، چۈنكى پاك ۋە بۈيۈك تەڭرى ئۇلاردىن رازى ۋە خۇشالدۇر . ئۇلارنى ئۆزۈڭگە دوست تۇتقىن ، ھەرقاچان نىجات تاپقايسەن . »

ھەزرىتى ئىيسا — ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالاملار بولسۇن — دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەنىكەن: «كۆڭلۈڭلەرنىڭ خۇدايىتائالانى كۆرۈشى ئۈچۈن جىگىرىڭلارنى ئاچ تۇتۇڭلار، بەدىنىڭلارنى يېلىڭ تۇتۇڭلار.» مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئىمام ھەسەن — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — ۋە ھەزرىتى ئائىشە سىددىق — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئانھەزرەتتىن: «ئەي ئاللانىڭ پەيغەمبىرى، جەننەتنىڭ ئىشىكىنى نېمە بىلەن ئاچقىلى بولىدۇ؟» دەپ سورىغانىدىم، ئانھەزرەت: «ئاچلىق ۋە تەشنالىق بىلەن» دەپ جاۋاب بەردى. يەنە بىر ساھابە — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئولتۇرۇشتا ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — ئۇ ساھابىگە پەرمان قىلىپ: «كەمرەك كېكىرگىن» دېگەن. تولا كېكىرىشنىڭ سەۋەبى كۆپ يېگەنلىكتىندۇر. دېمەك، بۇنىڭ مەنىسى «تائامنى ئاز يېگىن» دېگەنلىك بولىدۇ. ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «بۇ دۇنيادا قورسىقىنى توقلۇق بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ قورسىقى قىيامەت كۈنى ئەڭ ئاچ بولىدۇ» دېگەنىكەن. شۇڭا، تائام يېيىشتە ئوتتۇراھال چەكتە توختاش لازىم. بۇ مەزمۇندىكى ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ.

مۇرشىدلار تەختىنىڭ سۇلتانى ھەزرىتى خاجە بەھائىددىن نەقشبەندى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — مۇنداق دېگەن: «بىز بۇ يولدا ھەر نەرسە تاپقان بولساق، ئەھۋالىمىزنى پىنھان تۇتقانلىقتىن ۋە ھەمىشە تاھارەت بىلەن يۈرگەنلىكتىن تاپتۇق ھەم بۇ ئىشنى مۇخلىسلارغا ئۆگەتتۇق. ھەزرىتى خاجەنىڭ مۇرىتلىرىغا بۇيرۇغىنى ئىككى ئىش ئىدى. بىرىنچىسى، نەپسىنىڭ پەرمانىغا كىرمەسلىك؛ ئىككىنچىسى، ھەرقانداق مۆمىن بەندىگە ياردەم بېرىش، ئۇلارنى خاھى تىل بىلەن بولسۇن ياكى قول بىلەن بولسۇن، مۇشكۇلچىلىكتىن خالاس قىلىپ خۇشال قىلىش. بۇ يولدا ئەگەر مۇيەسسەر بولسا، ئۆزىنى مۆمىنلەرنىڭ يۈكىنىڭ ئاستىغا قويۇش، ئۇ مۇسۇلماننى ئۇ يۈكتىن خالاس قىلىش لازىم. بۇ ئەھلى تەرىقەتنىڭ ئۇلۇغ ئەسۋابى ۋە بۇ يولدا مۇراد ـ مەقسەتكە يېتىشنىڭ دەسمايىسىدۇر.

ھەزرىتى مەخدۇم [بوۋىمىز] — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر كىشى تەڭرى ئۈچۈن، تەڭرىنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن ئاللانىڭ كىتابىنى ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى پېشۋا قىلىپ، يەنى ئوڭ قولىغا بۈيۈك «قۇرئان»نى، سول قولىغا كەرەملىك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىنى ئېلىپ، بۇ زاماننىڭ پادىشاھلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مۆمىنلەرنىڭ ئاسايىشلىقى ۋە مۇھىم ئىشلىرى خۇسۇسىدا سۆز قىلسا، بۇ ھەق ۋە ئۇلۇغ تەڭرى دەرگاھىدىن يەتكەن كاتتا سائادەت بولىدۇ. بۇنىڭ ھېچقانداق نومۇسلۇق يېرى يوق. مەجازىي پادىشاھلار ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ شەرىئىتىنى خارلىسا، شەرىئەت ھۆكۈمىگە ئەمەل قىلمىسا، مانا بۇنىڭ ئۆزى نومۇستۇر.

شۇنداق نەقىل قىلىندۇكى، ئۆتكەن زاماندا ئاللا يولىدىكى ئۇلۇغ زاتلاردىن بىرى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن، پادىشاھلار ھوزۇرىغا بېرىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ھەرىكەت قىلاتتى، لېكىن قوبۇل قىلىنمايتتى. بەزى مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى ئۇنىڭغا: «پادىشاھ ئېيتقان سۆزلىرىڭىزنى قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن ئۆزىڭىزنى ئابرۇيسىز قىلىپ يۈرگىنىڭىزنىڭ ھېچ پايدىسى يوققۇ؟» دەيتتى. بۇ ئەزىز ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ: «ئەي ئەقىلسىزلەر، مۇھەممەد مۇستافا — تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ شەرىئىتى راۋاجلانسا ۋە جارى قىلىنسا، شۇنىڭ ئۆزى ئابرۇيدۇر. مېنىڭ تىرىشچانلىقىم شۇنىڭ ئۈچۈندۇر، بۇنىڭدىن باشقا ئىشنى مەن ئابرۇي دەپ بىلمەيمەن.»

بىلىش كېرەككى، دەرۋىش ئۈچۈن توغرا يول غەپلەت ئەمەس، بەلكى ئاخىرەت يولىدۇر. شۇڭا، دەرۋىش دائىم تاھارەت بىلەن يۈرۈشى ۋە ھەمىشە ئاللانى ياد ئېتىشكە مەشغۇل بولۇشى لازىم. بەلكىم تاھارەت سۇندۇرغان ۋاقىتتا زىكىر ئېيتىش ئەدەپسىزلىكتۇر. تىلدا ئەمەس، دىلدا زىكىر قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشى ئىختىيارسىز زىكىر قىلغان بولىدۇ، بۇنىڭدا كېرەك يوق. بەندە ھەمىشە تەڭرى يادى بىلەن بولسۇن. ھەزرىتى مەۋلانا جەلالىددىن رۇمى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — مۇنداق دەيدۇ: «خالايىق: «خالا جايدا، ئىستىنجا ۋاقتىدا تەڭرىتائالانىڭ شەرەپلىك

ئىسىملىرىنى ئېيتقىلى بولمايدۇ ، دېيىشىدۇ . ئەمما ، سۇلتان ئاتقا مىنگەن ھالەتتىدۇر ، ئات بىچارەدۇر ، ئاتقا ئىختىيار يوقتۇر . » بەندە ھەممە ئەيش - ئىشرەت ، لەززەت - نېمەت خۇدايىتائالانىڭ زىكرىدىن ۋە ئۇنىڭ ئاتلىرىدىن ھاسىل بولىدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك ، قالغانلارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ . بۇ مەزمۇندا ھەزرىتى مەخدۇمى كىرامى مەۋلانا ئەبدۇررەھمان جامى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — مۇنداق دېگەن :

**نەزم :**

ئەي بۇلبۇلى جان مەست زى يادى تۇ مەرا ،
ۋەي مايەئى ئۇمرەست زى يادى تۇ مەرا .
غەمھايى جەھانرا ھەمە دەر پايى فىكەند ،
زەۋقىكى دەھەد دەست زى يادى تۇ مەرا .

(ئەي سېنىڭ يادىڭ بىلەن جان بۇلبۇلۇم مەست بولدى ،
سېنى ياد ئېتىش ھاياتىم دەسمايىسى بولدى .
سېنى ياد ئېتىشنىڭ شادلىقى تۇتقاندا ، جاھان غەملىرىنىڭ ھەممىسى پايخان بولدى . )

بەندە تەڭرىنى ياد ئېتىشكە مۇۋەپپەق بولسا ، [شەرەپلىك ۋاقىتلىرىنى ئاشۇ يارانقۇچىنىڭ يادى بىلەن ئۆتكۈزسە] ، بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق قانداق خۇشاللىق ، قانداق راھەت - پاراغەت بولسۇن؟ [بۇ دۇنيادا نازۇنېمەتلەر ناھايىتى كۆپ ، لېكىن ئۇنى كۆپ ئادەملەر بىلمەيدۇ . ئاخىرەتتىكى پەزىلەت ۋە ياخشىلىقلار ، يەنى ئاشۇ چەكسىز ۋە پۈتمەس - تۈگىمەس نازۇنېمەتلەرنى كۆپلىگەن كۆزلەر كۆرەلمەيدۇ . بۇ ھەقتىكى گەپ - سۆز ، ۋەدىلەرنى ، «قۇرئان» ۋە ھەدىستە ئېيتىلغان نوتۇقلارنى كۆپ قۇلاقلار ئاڭلىمايدۇ ياكى قۇلاقتا تۇتمايدۇ . بەندە مەھمىلگە[1] ئولتۇرۇپ ، جەزبە بىلەن ئۇ سۇلتان

① مەھمىل — ئولتۇرۇپ سەپەر قىلىش ئۈچۈن تۆگە ئۈستىگە ئورنىتىلىدىغان كاجۇۋا .

تەرەپكە بېرىش ئۇچۇن ئالدى بىلەن غەشلىك ۋە خىرەلىكلەرنىڭ ، گۇناھلىق قىلمىشلارنىڭ بۇلغاشلىرىدىن ، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن پاك بولۇش زۆرۈر . بېيىت :

ھەرچە جۇز دوست بىرۇن مىكۇنەم ئەز خىلۋەتى دىل ،
كەي بۇۋەد دەر ھەرەمى شاھ مەجالى دىگەران .

(كۆڭۈل خىلۋىتىدىن دوستتىن باشقىسىنى ئىمكان بار چىقىرىۋېتىمەن ، شاھ ھەرىمىدە باشقىلارنىڭ تۇرۇشى قاچان مۇمكىن بولسۇن .)]

بەندە ئۆزىدە ئاللانىڭ زوق - ئىشتىياقىنى پەيدا قىلىشقا ھەر ۋاقىت تىرىشسۇن . بۇ بەخت - سائادەتنى قولغا كەلتۇرۇشنىڭ چارىسى شۇكى ، دائىم ئاجىز ۋە سولغۇنلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلسۇن ۋە ئۇلارنىڭ زىيارە- تىنى قوبۇل قىلسۇن . پەيغەمبەرلەر — ئاللا ئۇلارغا سالام ئەۋەتكەي — نىڭ ۋە ئەۋلىيالار — ئۇلارنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ روھلىرىدىن مەدەت تىلىسۇن ، مۆمىنلەرنىڭ كۆڭلىگە شادلىق يەتكۈزسۇن . شۇ ئارقىلىق بۇ بەخت مۇيەسسەر بولىدۇ . دېمەك ، بەندە ھەقىقىي دىلغا ئېرىشىش كېرەك . نەزم :

تەن ئەگەر بىچارەدۇر ، باشىمە كەلتۇرمەڭ تەبىب ،
ئەي ئەزىزىم ، تەن ئىشىدۇر سەھل ، فىكرى دىل قىلىڭ .
[ئەھلى دىللار ئالدىدا دەردتىن بەتەر بىدەردلىك ،
چارە تەدبىر ئەيلەبان بىر دەردلى دىل ھاسىل قىلىڭ .]

دىل ھاسىل قىلىش شۇنداق بولىدۇكى ، چىن كۆڭلىدىن تەۋبە قىلىش بىلەن ئاجىزلىق نىيىتى بىرلەشسە ، ئۇنداق كىشىدە پاك كۆڭۈل ھاسىل بولىدۇ - دە ، ئۇ كىشى تەكەببۇرلۇق ۋە مەنمەنلىكنى كۆڭلىدىن چىقىرىپ تاشلايدۇ ، ئۇنىڭ موھتاجلىقى ۋە تەۋازۇسى خۇدايىتائالانىڭ ھەممە بەندىلىرىدىن شۇنچە ئارتۇق بولىدۇ . نەزم :

تا تىرىك مۇراد قىلساڭ يوز نەۋبەت ،
بىر بار ساڭا مۇراد بولماس ھاسىل .

تەڭرىتائالانىڭ ئالدىدا ئۆزىنى شۇ قەدەر ئەرزىمەس ۋە ئاجىز بىلىش كېرەككى ، ئۆز نەزىرىدە ئۆزىدىن ئاجىزراق كىشى يوق بولسۇن . شۇ ئارقىلىق پاك ۋە بۈيۈك تەڭرى بۇ ئاجىزلىقنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭغا كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ ، ئىلتىپات ۋە رەھمەت ئىشىكىنى ئاچىدۇ . نەزم :

چۇن بەھار ئىچرە بولۇر سەر سەبزە رەڭ ،
خاك بولغىل تا گۇل ئۈنگەي رەڭ بەرەڭ .

ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — مۇنداق دېگەن : «ھەر كىشى ئاللا رىزالىقى ئۈچۈن كەمتەر بولسا ، ئاللا ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلىدۇ . ھەر كىشى تەكەببۇرلۇق قىلسا ، ئۇنى خار ۋە پەس قىلىدۇ .»
[يەنە بىرى ، ئاجىز بەندە ئۆزىنىڭ ياخشى - يامان ئەھۋالىنى خۇدانىڭ باشقا بەندىلىرى بىلمىگەنلىكتىن ، ئۇنى رەت قىلسۇن ياكى قوبۇل قىلسۇن ، بۇنىڭغا سەۋر قىلىدۇ .] چۈنكى ، [پاك تەڭرىتائالا] بەندىلىرىنىڭ سۆيەتلىرىنى ھەر خىل لىباسلار ئىچىدە يوشۇرۇن ساقلايدۇ . «مېنىڭ چېدىرىمنىڭ ئاستىدىكى ئەۋلىيالىرىمنى مەندىن باشقىلار تونۇيالمايدۇ» دېگەن ھەدىسى قۇدسى شۇلارنىڭ شەنىدە ئېيتىلغان . [يەنە بىر ھەدىس بار ، تەرجىمىسى شۇكى : «چاچلىرى چۇۋۇلغان ۋە توپا - چاڭ باسقان كىشىلەر باركى ، ئادەملەر ئۇنىڭغا ئۆز ئۆيلىرىدىن ئورۇن بەرمەيدۇ . ئۇنىڭ كىيىملىرى شۇ قەدەر كونا ، پەقەت ئەۋرەتلىرىنى يېپىپلا تۇرىدۇ ، ئۇلار ئەگەر ئاللا نامىدا قەسەم قىلسا ، چوقۇم قەسىمىگە ئەمەل قىلىدۇ .» بۇ ھەدىسمۇ شۇلار شەنىدە كەلگەن . بېيىت :

مەبىن ھەقىر گەدايانى ئىشق را ، كىن قەۋم ،
شاھانى بىكەمەرۇ خۇسرەۋانى بىكۇلەھەند .

(ئىشق يولىدىكى گادايلارنى خار كۆرمە ، بۇ كىشىلەر كەمەر باغلىمىغان پادشاھ ، تاج كىيمىگەن خاقاندۇر .)]

خۇدا ۋە خۇدانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۇزۇرىدا دۇنيا ئەسۋابلىرى بىلەن قەدىر - قىممەت تاپقىلى بولمايدۇ . پاك تەڭرىتائالانىڭ مۇنەۋۋەر بەندىلىرىنىڭ ئالدىدا زىبۇزىننەت ۋە بېزىنىشنىڭ ھېچبىر قەدىر - قىممىتى يوق . توغرا ، مال - دۇنيا خۇدا ۋە رەسۇلنىڭ خۇرسەنلىكى ئۈچۈن سەرپ قىلىنسا ، شۇنداق شەرت بىلەنكى ، ئۇ مال - دۇنيا ھالالدىن ھاسىل بولغان بولسا ، مەسىلەن ، كەسىپ - ھۈنەردىن ۋە دېھقانچىلىقتىن ھاسىل بولغان بولسا ، مەسىلەن ، زالىملارغا تۇتقۇن بولغان مىسكىن - پېقىرلەرگە ۋە دەرۋىشلەرگە سەرپ قىلىنسا ، بۇنداق مال - دۇنيا مۇبارەكتۇر .

ھەزرىتى شەيخ رۇكنىددىن ئەلائىد دەۋلە — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — مۇنداق دېگەن : «ئالەم خەلقىنىڭ غەلىتە بىر خىل ئېتىقادلىرى بار ، بۇ بولسىمۇ ئۇلار دەرۋىشلەر موھتاج ، خار ۋە تۆۋەن ئورۇندا بولۇشى كېرەك ، دەپ قارايدۇ ، دەرۋىشلەرگە مال - دۇنيا لازىم ئەمەس ، دەيدۇ . ئەمما ، پاك تەڭرىتائالا ئۆزىنىڭ يېقىن دوستلىرىنىڭ بەختىنى ، شادلىقىنى ۋە لەززەت ئېلىشىنى كۆزلەپ ، دۇنيانىڭ مۇنچىۋالا نازۇنېمەتلىرىنى يارىتىپتۇ . ئالەمنىڭ تەرتىپ - ئىنتىزامى پەيغەمبەرلەر — ئاللا ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — ۋە ئەۋلىيالار — ئۇلارنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ شەرەپلىك روھلىرى بىلەندۇر . ئالەمنىڭ يارىتىلىشىدىن مەقسەت ئۇلارنىڭ شەرەپلىك ۋۇجۇدلىرىنى يارىتىشتۇر . شۇنداق ئىكەن ، نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ موھتاج بولۇشلىرى لازىم ئىكەن؟» ئۇ ھەزرەتنىڭ بۇ سۆزلىرى بىلەن خالايىقنىڭ بوۋام خاجە ئەھرارغا قىلىدىغان ئىنكار ۋە ئېتىرازلىرى رەت قىلىنىدۇ . شەيخ يەنە : «ھەزرىتى شەيخ مەجدىددىن باغدادى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ [خانىقاغا قىلىدىغان] سەپەر خىراجىتى ئۈچۈنلا ھەر يىلى ئىككى يۈز مىڭ قىزىل دىنار سەرپ قىلىناتتى» دېگەنىدى . پاك تەڭرىتائالا بەزى مەقبۇل بەندىلىرىنى باياشاتلىق لىباسلىرى ئىچىدە پەرۋىش قىلىدۇ ، بەزىلىرىنى پېقىرلىق كىيىمى ئىچىدە پەرۋىش قىلىدۇ ۋە ئاسرايدۇ ، بۇنىڭغا ئۇ بەندىمۇ ناھايىتى رازىدۇر .

نەزم :

بۇ گۈلشەن ئىچرە مېنى سەلب قىلمە خۇدرو دەپ ،
نې نەۋئى پەرۋەرىش ئەتسە ، بولۇرمەن ئول يەڭلىغ .

دېمەك ، ھەممە پەزل ۋە كەرەم ئاللادىندۇر ، ئۇنىڭسىز بىزنىڭ قۇللۇقىمىز ۋە قىلمىشلىرىمىزدىن ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ ۋە ھېچ ئىش ئېچىلمايدۇ . ئىلتىپات ۋە ساخاۋەت ئۇنىڭ قۇدرەت قوللىرىدا بولۇپ ، ئۇ كىمنى خالىسا شۇنىڭغا ئاتا قىلىدۇ . «پەزلىنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ قولىدا بولۇپ ، [ئاللانىڭ] ئۇنى خالىغان ئادەمگە بېرىدىغانلىقىنى ، ئاللانىڭ ئۇلۇغ پەزل ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن [ئاللا شۇ سۆزنى قىلدى] .»[1]

بەندە ھەرقانچە سالىھ ئەمەللەرنى بەجا كەلتۈرگەن تەقدىردىمۇ ، ئۆزىنى تەڭرى دەرگاھىدا گۇناھكار ۋە نۇقسانلىق بىلسۇن . ئۆزىنى گۇناھكار ۋە نۇقسانلىق دەپ بىلمەسلىكتىنمۇ يامانراق ھېچ گۇناھ بولماس . شۇنداق نەقىل قىلىنىدۇكى ، بىر ياشانغان ئايال بار ئىدى ، ئىشكمۇئىشىك يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلاتتى . ئۇ قېرى ئايال ۋاپات بولدى ، كىشىلەر چۈشىدە ئۇنىڭ جەننەتكە كىرگەنلىكىنى كۆردى . ئۇنىڭدىن : «قايسى ئىشىڭ بىلەن بېھىشكە كىردىڭ ؟» دەپ سورىغانىدى ، قېرى ئايال : «مېنى خۇدايىتائالا ئۆز دەرگاھىغا چاقىردى ۋە مېنىڭدىن : ‹ئەي كەمپىر ، نېمە ئېلىپ كەلدىڭ ، قانداق ۋاستە كەلتۈردۈڭ ؟› دەپ سورىدى . مەن ئېيتتىمكى : ‹ئەي تەڭرىم ، مەن دۇنيادا ئىشكمۇئىشىك يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلاتتىم . خەلق مېنى نېمە تىلەيسەن ، نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ ؟ دەپ قوغلايتتى . ئەمدى سېنىڭ دەرگاھىڭغا كەلسەم ، سەن : ‹نېمە ئېلىپ كەلدىڭ ؟› دەۋاتىسەن . سەن ساخاۋەتلىك پادىشاھسەن ، مەندە سېنىڭ دەرگاھىڭغا كەلتۈرگۈدەك ھېچ نەرسە يوق . سەندىن ‹بۇ ئاجىزغا مۇنداق دېيىشىنىڭ نېمە كېرىكى بار دېيىشنى تىلەيمەن .› بۇ سۆزۈمدىن كېيىن تەڭرىتائالانىڭ رەھىم ـ شەپقىتى كەلدى ـ دە : ‹بۇ بەندەمنى بېھىشكە ئېلىپ بېرىڭلار ، ئۇ يەردە نېمىنى

① «قۇرئان كەرىم» ، 57 ـ سۈرە ھەدىد ، 29 ـ ئايەتنىڭ كېيىنكى يېرىمى .

خالىسا بېرىڭلار ، دەپ پەرمان قىلدى . شۇ سەۋەب بىلەن بۇ ئورۇنغا ئېرىشتىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

ئاللانىڭ ۋە ئاخىرەتنىڭ يولىغا قەدەم قويغان كىشى دۇنيا ـ تەئەللۇقاتتىن كۆڭۈلنى ئاستا ـ ئاستا سوۋۇتۇش ئۈچۈن مال ـ دۇنيالىرىغا بولغان مۇھەببەتنى ئازايتىشى كېرەك . شۇغۇللىنىشنى قارار قىلغان مەشغۇلاتنى ھەمىشە ئىزچىل داۋاملاشتۇرمىغۇچە بۇ مەرتىۋە ھاسىل بولمايدۇ . بەندە شۇنداق بولۇشى كېرەككى ، مال ـ دۇنيالىرى قانچە كۆپ بولسىمۇ ، ئۇنىڭغا مۇھەببىتى ئاز بولسۇن . مال ـ دۇنيالىرىغا مۇھەببىتى بولمىغانلىقىنىڭ نىشانىسى شۇكى ، ئەگەر بىر ئۆيدە لىق ئالتۇن ـ كۈمۈش ، جاۋاھىراتلار بولغان بولسا ، ئۇنىڭ ھەممىسىنى ئوغرى ئالسا ، ئۇ مال ـ دۇنيالىرىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلىگە قىلچە غەم ۋە دەرد ـ ئەلەملەر يەتمەيدۇ ، بەلكى شۇكۇر قىلىدۇ ، بۇنى تەقدىر ـ قىسمەت دەپ بىلىدۇ ، تەڭرىتائالانىڭ ئۇنى مال ـ دۇنيالىرىدىن ئاجرىتىشى ئۆزىگە مەشغۇل قىلىشنى خالىغانلىقى دەپ چۈشىنىدۇ . ھەزرىتى فەرىدىددىن ئەتتار — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — مۇنداق دېگەنىكەن، [تەرجىمىسى] بۇدۇر :

**مەسنەۋى :**

ئەۋۋەل ئۆزدىن دەستنى كۇتاھ قىل ،
قويغىل ئاندىن سوڭرە ، ئەزمى راھ قىل .
[تاكى بولماي ئەۋۋەلا سەن پاكباز ،
يۇرگەلى بولماس ساڭا راھى نەماز .]

دەست (قول)نى ئۆزدىن كوتا (قىسقا) قىلىشتىن مەقسەت شۇكى ، بۇ ئالدى بىلەن ئاللادىن باشقىسىنىڭ مۇھەببىتى بارا ـ بارا كۆڭۈلدىن يىراق بولۇشى ، مۇھەببەت ھامان ئۇلۇغلۇق ۋە يۈكسەك پەزىلەت ئىگىسى بولغان تەڭرى تەرەپكە بولۇشى كېرەك ، دېگەنلىكتۇر . تەڭرىنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ، مەيلى بۇيرۇلغان ياكى چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئاللانىڭ پەيغەمبىرىگە بويسۇنۇشتىن

تاشقىرىغا قەدەم قويماسلىق، دېگەنلىكتۇر. بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەممە دۆلەت ۋە سائادەتكە ئېرىششىنىڭ ۋاستىسى ئەنە شۇ.

بەندە ھەمىشە ئۆزىنىڭ ئىستېدات ۋە قابىلىيىتى ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلىشى كېرەك. گەرچە ئىستېدات ۋە قابىلىيەتنىڭ ھاسىل بولۇشى پاك تەڭرىتائالانىڭ ئىنايىتى ۋە ئاتا قىلىشىغا باغلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلۇغ تەڭرى بۇ جەھەتتە بەندىگە قىسمەن ئىختىيارنىمۇ بەرگەن. شۇڭا، مەيلى پادىشاھ ياكى گاداي بولسۇن، ھەممە كىشى ئاللاتائالانىڭ ئىشق - مۇھەببىتىگە ھازىرلىنىش ئۈچۈن پاك ئاللانى رازى قىلىشقا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم. نەزم:

ئىشق دۇررىكى بولدى ئاڭا جىلۋىگاھكىم،  
گاھى لىباسى شاھ، گاھى كىسۋەتى گەدا.

يەنە شۇنى بىلگىنكى، خۇدانىڭ ۋە خۇدانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۇزۇرىدا، تەڭرى دەرگاھىدىكى مۇنەۋۋەر بۇزرۇكلەرنىڭ نەزىرىدە ئېنىقكى، سۇنۇق، ۋەيرانە كۆڭۈللەرنى ياساشنىڭ بۇ يولدا پايدىلىرى كۆپ. نەزم:

ۋەيران كۆڭۈل ئىچىدە قويار ئىشق گەنجىنى،  
مەئمۇر ئولۇر دىلىكى، خەراب ئولدى ئول بەسى.

خۇدايىتائالانىڭ ياخشى بەندىلىرىنىڭ كۆڭلىگە تۇتىشىش ئۈچۈن بىر يول تېپىشقا ۋە ئۇلارنىڭ نەزەرلىرىنىڭ بەرىكىتىدىن مەقسەتلەرگە ئېرىشىشكە ھەرىكەت قىلماق كېرەك.
[بېيىت:

جا كۈن دەرۇن پاك زەمىرىكى، ئاقىبەت،  
زىن شىۋەئى كار قەترە بەدەردانگى كەشىد.

(پاك كۆڭۈللەر ئىچىدە ئورۇنلاشقىن،  
بۇ ئارقىلىق دەردمەنلەر ياشلىرىنى سۈرتكىن.).

ھەر بەندىنىڭ كۆڭلى ۋە ئەھۋالى بەزىدە ياخشىلار ئەھۋالى ۋە سۈپەتلىرى بىلەن ئۆتىدۇ، يەنە بەزىدە ئۇنىڭ كۆڭلى ۋە ھالىتى بەتكىردار شەيتانىنىڭ ۋە يامانلارنىڭ رەپتارى بىلەن ئۆتىدۇ. ئۇ بەندە ئالدىنقى كۆڭلى ۋە ئالدىنقى ئەھۋالدا خۇدايىتائالانى تېخى ئەستىن چىقارمىغان؛ كېيىنكى كۆڭلى ۋە كېيىنكى ئەھۋالدا ئۇ بەندە خۇدايىتائالادىن غاپىل بولغان ۋە كېچە ـ كۈندۈز ئۆزىنى يامان نىيەتلىك نەپسىنىڭ ھاۋايىھەۋىسىگە قۇل قىلغان ھالدا كۈن ئۆتكۈزگەن. بۇنداق كۆڭۈللەر ئۇچۇن تەۋبە قىلىپ تەڭرىگە ئىستىغپار ئېيتماق كېرەك.

ھېيىقمايدىغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ راھىتى ۋە ئىمكانىيىتىنى كۆزلەپ ئاچچىقلىنىشى مۇمكىن. بۇنداق ئاچچىقلىنىش بۆلگۈنچىلىك قوزغايدۇ، كۆڭۈلنى پاراكەندە قىلىدۇ، بۇنداقلار خۇدايىتائالادىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ. ئاچچىقلىنىش خۇدا ۋە رەسۇلنىڭ رىزالىقى ئۇچۇن بولسا توغرا بولىدۇ.]

تەڭرىنىڭ پەيغەمبىرى — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — مۇنداق دېگەن: «ھەر كىشى بىراۋغا بىر نەرسە بەرسە، خۇدايىتائالا ئۇچۇن بەرسە، بىراۋدىن بىر ئىشنى مەنئى قىلسىمۇ خۇدايىتائالا ئۇچۇن مەنئى قىلسا، بىراۋنى دوست تۇتسا، خۇدايىتائالا ئۇچۇن دوست تۇتسا، بىراۋنى دۈشمەن تۇتسىمۇ خۇدايىتائالا ئۇچۇن دۈشمەن تۇتسا، دېمەك ئۇ كىشى ھەقىقەتەن ئىمانىنىڭ مۇكەممەل بولۇشىنى تەلەپ قىلغان بولىدۇ.» ئەگەر بۇنى ئۆز نەپسى ۋە ھاۋايىھەۋىسى ئۇچۇن قىلسا، تەرىقەتتە ئۇ كىشىنىڭ نۇقسانلىرى كۆپ بولغان بولىدۇ. شۇڭا، ھەر قاچان بەندىلەر سۈلۈك يولىدىكى توسالغۇلاردىن ھالقىپ ئۆتۈشى كېرەك، شۇندىلا خۇدايىتائالا ئۇ بەندىلىرىگە ئاشنالىق پەيدا قىلىدۇ. خۇدايىتائالانى ياد ئېتىشنىڭ لەززىتى مۇيەسسەر بولۇپ، ئۇ بەندە دۇنيادىن ۋە دۇنيا ئەھلىدىن ئاجرىلىپ چىقىدۇ. بۇ ھالەت مۇيەسسەر بولسا جەزم قىلسۇنكى، بۈيۈكلۈك ئىگىسى بولغان ھەزرىتى تەڭرىنىڭ رەھمەت ئىشىكى ئۇنىڭغا ئېچىلىپتۇ. [ئۇ بەندە] خۇدايىتائالانى يادىغا ئېلىش ئارقىلىق خۇشال بولىدۇ. ئەگەر ئۇ مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ، تەڭرىتائالانى ياد ئېتىشتىن بىردەممۇ غاپىل بولمايدۇ. ئەگەر تەڭرىنىڭ مۇكاپاتى ۋە نېمىتى تېخى ئايان بولمىغان

تەقدىردىمۇ ، ئاخىرەتتە بۇ ئىشى بەدىلىگە ئۇنىڭغا ئاشۇنداق يۇقىرى مەرتىۋە ئاتا قىلىنغۇسى . ھەممە پەيغەمبەرلەر — ئاللا ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە سالاملارنى ئەۋەتكەي — ۋە ھەممە ئەۋلىيالار — ئاللا ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي — نىڭ ئادىتى ئاشۇنداق بولغان .

## مەنسەپنىڭ ۋە ئۇنى تەلەپ قىلىشنىڭ يامانلىقى ھەققىدە ئاللانىڭ كىتابىدىن ۋە ئاللا ئەلچىسىنىڭ سۈننەتلىرىدىن دەلىللەر كەلتۈرۈلىدۇ

مەنسەپنىڭ يامانلىقى ھەققىدە ئاللانىڭ كىتابىدىن دەلىل شۇكى ، [پاك ۋە بۈيۈك ئاللا] شەرەپلىك «قۇرئان»دا : «ئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلارغا خاس قىلدۇق . (ياخشى ) ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر »① دەپ خەۋەر بەرگەن . بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى شۇكى ، ئاللا : «بۇ ئاخىرەت ماكانىنى ، يەنى بېھىشنى بۇ دۇنيادا چوڭچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىقنى كۆزلىمەيدىغان بەندىلىرىم ئۈچۈن ياراتتىم» دېدى . بىلمەك كېرەككى ، پاك تەڭرىتائالا چوڭچىلىق قىلىش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلەشتىن بەندىلەرنى توستى . ئەگەر چوڭچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق كۆرۈلسە ، ئۇنى تولۇق چەكلەيدىغان يېتەرلىك دەلىل مانا شۇ . مەنسەپ تالىشىشتىن ۋە بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلىشتىن كۆپ ھەزەر قىلغىن ، شۇندىلا جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولىسەن . «ئاقىۋەت تەقۋادارلارنىڭدۇر .» بۇ يەردىكى ئاقىۋەتتىن مۇراد ياخشى

① «قۇرئان كەرىم» ، 28 ـ سۈرە قەسەس ، 83 ـ ئايەت .

ئاقىۋەتتۇر . ھەرقانداق بەندىنىڭ ئاقىۋىتى بار . ئۇ ياكى ياخشى ئاقىۋەت ۋە ياكى يامان ئاقىۋەت ، ئەمما ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا نېسىپ بولغۇسى .

[خۇدانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ :] «مال ۋە مەنسەپ ئىنتىپاقسىزلىقنى خۇددى سۇ گىياھنى ئۇندۇرگەندەك ئۇندۇرىدۇ» دېگەن ھەدىسى بار . بۇ يەردە مال ۋە مەنسەپنىڭ ھەقىقىتى بايان قىلىنىدۇ . [مال بىلەن مەنسەپ ئىككى مەزمۇندۇر ،] مال دېگەن سۆز ئۇلۇغ ـ ئۇششاق كىشىلەر مەنپەئەتلىنىدىغان مۈلۈكنى كۆرسىتىدۇ . مەنسەپ دېگەن سۆز كۆڭۈلنى ئىگىلەشكە قارىتىلغان بولۇپ ، ئۇ باشقىلاردىن تەزىم ۋە ئىتائەتنى تەلەپ قىلىدۇ . مەنسەپ تەلەپ قىلغۇچى مۆمىنلەرگە مەدەتكار بولۇشنى كۆزلىشى كېرەك ، شۇندىلا مەنسەپ مۇبارەك بولىدۇ ، ئۇنىڭدىن خۇدا ۋە رەسۇلمۇ رازى بولىدۇ . بۇنداق مەقسەت بولماستىن ، ئۆزىنىڭ نەپسى ۋە ھاۋايۇھەۋىسى ئۈچۈن مەنسەپ تەلەپ قىلسا ، بۇ ئاخىر ئازاب ـ ئوقۇبەتكە ۋە جازاغا ئېلىپ بارىدۇ ، ئاخىرەتتە چوڭ پۇشايمان كەلتۈرىدۇ . مەنسەپ تۇتۇش مۆمىنلەرنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن بولسا ، بۇنىڭ ھەممىسى نۇر ۋە پاكلىقتۇر ، بۇمۇ تائەت ـ ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ . بۇ سەۋەبتىن بەزى ئەۋلىيالار — ئۇلارنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — مۇنداق دېگەنىكەن : «كۆپلەپ مال تاپسام ، بۇ مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسىگە ئازراق مەنسەپ سېتىۋالسام ، بۇ مەنسەپنى ئاجىز ۋە بىچارە مۆمىنلەر ئۈچۈن ئىشلەتسەم دەيمەن .» [بېيىت :

كۈن نيەتى ھەر خەيركى گەر مانى باز ،
ئەز مۇزدى ئەمەل بمۇزدى نيەت بىرەسى .

(ھەرقانداق ياخشى نيەتنى قىلغىن ، ئەمەلگە ئاشۇرغان ھەققىڭدىن ئاۋۋال نيەت قىلغانلىقىڭنىڭ ھەققى يېتىدۇ .)]

دېمەك ، بەندە ھەرقانداق ئەھۋالدا ياخشى نىيەت قىلىشى ، كاتتا ئەجىر ـ ساۋاب تېپىش ئۈچۈن ئۇ نىيىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشى لازىم . شۇنداق نەقىل قىلىنىدۇكى ، بىر كىشى جۈمە نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىپ مەسچىتكە ماڭىدۇ ، لېكىن جۈمە نامىزىغا ئۈلگۈرەلمەي ئازابلىنىپ غەمكىن بولىدۇ . جۈمە نامىزىغا ئۈلگۈرەلمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ كىشى ياخشى نىيەت بىلەن ھەرىكەت قىلغانلىقتىن ، تەڭرىتائالا ئۇنىڭغا ئۇلۇغ ئەجىر ۋە ساۋاب ئاتا قىلىدۇ .

نەقىل قىلىنىدۇكى ، بىر كۈنى ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — بامدات ۋاقتىدا ئۇخلاپ قالغانىدى ، لەنەتكەردى شەيتان كېلىپ بامدات نامىزى قازا بولمىسۇن ، دەپ ئۇ ھەزرەتنى ئويغاتتى ، ئۇ ھەزرەت قوپۇپ نامازغا مەشغۇل بولدى . چۈنكى ، شەيتانغا مەلۇم ئىدىكى ، ئەگەر ئۇ ھەزرەت ناماز بامداتنى قازا قىلغان بولسا ، شۇنچە ئازابلانغان بولاتتى ، تەڭرىتائالا ئۇ قايغۇ ۋە ئازابنىڭ بەدىلىگە نامازنى ۋاقتىدا ئۆتىگەنىنىڭ ئەجىر ـ ساۋابىدىنمۇ ئارتۇق ساۋاب ۋە ئەجىر ئاتا قىلغان بولاتتى . شۇڭا ، لەنىتى شەيتان ئۇ ھەزرەتنى ئاشۇ ئەجىردىن مەھرۇم قالدۇرۇش ئۈچۈن ئويغاتقانىدى .

[يۇقىرىدىكى سۆزلەردىن مەنسەپنىڭ ھەقىقىتى شۇنداق مەلۇم بولىدۇكى ، ھەقىقىي مەنسەپ ئىگىسى بولغۇچى كىشى ئۆز تەۋەلىرىنىڭ ئىززەت ـ ئىكرامىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئىگىلىگەندىلا ئۆز قابىلىيىتىنى ئۆزىنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئالىرى ئۈچۈن سىرپ قىلالايدۇ . مەنسەپ ئىگىلىرى ئىچىدىكى يارىماس ، پەس كىشىلەر ئۆز تەۋەلىرىنىڭ جىسمانىي ۋۇجۇدىغا پادىشاھلىق قىلىپ ، شۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم يۈرگۈزىدۇ ، بۇلار ئۆزىنىڭ مەرتىۋە ـ نەسەب ئېتىبارى بىلەنلا مەنسەپ ئىگىسى دەپ ئاتىلىدۇ .]

مال ـ مۇلۇكلەرنىڭ ھەقىقىتى شۇكى، بۇ ئايلىنىپ تۇرىدىغان ۋە كىشىلەر مەنپەئەتلىنىدىغان مۇلۇكتۇر. ئالتۇن ـ كۈمۈش، جاۋاھىر، پۇل، خىزمەتكار، ھايۋانات، مەسىلەن، ئات، ئىشەك، كالا ۋە ئېكىنزار، كىشىلەر پايدىلىنىشقا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان باشقا نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بەندە بۇ نەرسىلەرنى پەقەت ئۆز نەپسىنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى كۆزلەپلا يىغىشقا ھەرىكەت قىلسا، ئۇ ئۆز ئۆمرىنى زايە قىلغان بولىدۇ. ئەگەر شۇنى ۋاستە قىلىپ مەنىۋى جەھەتتە يۇقىرى دەرىجىگە ئېرىشسە، ئالىم بولسا ياكى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ئۇ مال ـ مۇلۇكلەرنى تەڭرىتائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن سەرپ قىلسا، بۇنداق مال ـ مۇلۇكلەر شەرەپلىك ۋە مۇبارەكتۇر. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، قولى ئۇزۇنلۇق بىلەن دۇنيا ئەسۋابلىرىنى يىغىش، نەچچە كۈنلۈك ئۆتكۈنچى ھايات ئۈچۈن خۇدانى ئۇنتۇپ مال ـ مۇلۇكلەرنى توپلاش كاتتا ھەممەتلىك دەرۋىشلەر مۇقامىدا يوق ئىش. بېيىت:

دىلا، تا كەي دەرىن دەيرى مەجازى
كۇنى مانەندى تىفلان خاكبازى؟

(ئەي كۆڭۈل، بۇ مەجازى دۇنيادا قاچانغىچە كىچىك باللاردەك توپا ـ تۇپراق ئوينايسەن؟)

چۈنكى، بىر كىشى ھامان ئاخىرەتكە قاراپ كېتىۋاتقان تۇرۇقلۇق خۇدانىڭ رازىلىقىنى ئويلىماستىن، پۈتۈن تىرىشچانلىق بىلەن مال ـ دۇنيالارنى يىغىشقا يۈگۈرسە، ئۇنداق كىشىنى بۇ زاماندىكى توپا ئويناپ ئولتۇرغان باللارغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. سائادەتمەن ۋە يىراقنى كۆرىدىغان كىشىلەر شۇنداق بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى تېز زاۋال تاپىدىغان بۇ زامانىنىڭ ماللىرىغا ۋە مەككار دۇنيانىڭ تۇراقسىز دۆلىتىگە باغلىنىپ قالمايدۇ. ئۇلار

مۆمىنلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ، مۇسۇلمانلارنى ئاللا نەزىرىدە مەقبۇللۇققا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن شۇ قەدەر تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ ، ھەمىشە : «بۇ دۇنيا ئاخىرەتنىڭ ئېكىنزارى» دېگەن قۇتلۇق كەلىمىنى زىكىر قىلىپ تۇرىدۇ . بېيىت :

دەر مەزرەئى ئۇمر تۇخمى نىكۇئى مىكار ،
تا نامى بەر ئاۋەرى بەنىكۇ كارى .

(ھايات ئېكىنزارىغا ياخشىلىق ئۇرۇقىنى چاچقىن ،
بۇ ئىشىڭ نامىڭغا ياخشىلىق كەلتۈرسۇن . )

بەندىنىڭ قىلغان ھەرقانداق ئىشلىرىدىن مەقسەت شۇكى ، شۇ ئىشقا كىرىشكەندە ئەلۋەتتە ئۇنىڭ سەۋەبىدىن پايدىغا ئېرىشىش مۆلاھىزە قىلىنغان بولۇشى كېرەك . سۆزلىگۈچى ئاللانى كۆزلەيدۇ . بېيىت :

راھەتۇ رەنج چۇن بۇۋەد گوزەران ،
رەنج كەش خاھى راھەتى دىگەران .
زانكى باشەد بەمەزرەئى ئۇمىد
رەنجى تۇ تۇخمى راھەتى جاۋىد .

(راھەت بىلەن جاپا ئۆتكۈنچىدۇر ، مەيلى باشقىلارنىڭ راھىتى ئۈچۈن جاپا چەككىن .
بۇنىڭدىن ئۈمىد ئېكىنزارىدا سېنىڭ چەككەن جاپالىرىڭ مەڭگۈلۈك راھەتنىڭ ئۇرۇقى بولغاي . )

ئۈمىدۋار دەرۋىشلەر ۋە ئاخىرەت يولىدىكى سۇلۇك ئەھلىنىڭ ھەمىشە كۆزلەيدىغان ھوسۇللىرى دەرد ـ ئەلەم ، تەلەپ ۋە مەقسەتلىرى غەم ـ قايغۇدۇر . سۆزلىگۈچى ئاللانى كۆزلەيدۇ . بېيىت :

بەجايى ھەر سەرى مو بەر تەنى مەن باد سەد نەشتەر ،
ئەگەر خالى زىدەرَدى دوست خاھەم يەك سەرى مۇرا .

(ئەگەر دوستۇم قىلچىلىك دەردتىن خالاس بولىدىغانلا بولسا ، بېشىمنىڭ ھەربىر تۈكــى بەدىنىـــمگە يۇزلەپ نەشتەر بولۇپ سانچىلىسىمۇ رازىمەن . )

تەلەپكار ۋە موھتاج بەندىلەر شۇنداق بولۇشى كېرەككى ، بۇزرۇكۋارلارنىڭ تائىپىسىدىن بولغان ئىتلارنىمۇ ئىـــززەت ۋە ھۆرمەتتىن چەتتە قالدۇرمىسۇن . چۈنكى ، [ئەۋلىيالار پېشۋاسى ، مۇرشىدلار يېتەكچىسـى ھــەزرىتــى خاجــە بەھــائىـۇل - ھەق ۋەددىن — ئۇنىڭ سىرلىـــرى مۇقەددەس بولغاي — نىـــڭ مۇناجاتلىرىدا مۇنداق دېيىلگەن : «[مېنى] بىرقانچە [يىلغىچە] ھايۋانلارنىڭ خىزمىتى [ۋە پەرۋىشى]گە بۇيرۇدى ، ھەتتا بىر ئىتقا ئىلتىجا قىلىپ ھاجەتمەنلىكىمنى ئىزھار قىلدىم . ئۇ ئىتتىن مەن ھەققىدە قىلغان بىر مۇڭلۇق نالىنى ئاڭلىدىم - دە ، قولۇمنى كۆتۈرۈپ «ئامىن !» دېدىم . ئۇ ئىت پۈت - قوللىرىنى ھاۋاغا كۆتۈرۈپ نالە قىلىشاتتى ، ئۇنىڭ مەن ئۇچۇن تەڭرى دەرگاھىغا قاراپ نالە قىلىشاتقانلىقىنى بىلدىم .» نەزم :

ماڭا تەئن ئەتمە ، گەر ئىتنىڭ ئاياغىن سۆيسەم ، ئەي ناسىھ ،
كى ئانى دوستىنىڭ كويىدا مەن بىر كۈن كۆرۈپ ئېردىم .

پاك ۋە بۈيۈك تەڭرى پۈتكۈل ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆز دەرگاھىنىڭ موھتاجلىرى ھەققىدە مۇناجاتقا كەلتۈرۈشكە قادىر . چۈنكى ، بەندىلىرىنىڭ بىرەرسىگە تەڭرىتائالانىڭ ئىنايەت نۇرى چۈشسە ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ھەممە سەۋەبلىرىنى تەييار قىلىپ بېرىپ ، ئاشۇ باھانە بىلەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئىشىكىنى ئاچىدۇ .

ھەزرىتى خاجە ئەبۇلقاسىم گۇرگانى[1] — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ «رۇبائىيات»لىرىدىن بىرنەچچە رۇبائىي پەقىرنىڭ ھەسبى ھالىمغا مۇۋاپىق ئىدى . شۇڭا ، تەۋەررۇك بىلىپ ، بۇ ۋاراقلارغا يېزىلدى .

رۇبائىي :

ئەي سىررى تۇ دەر سىنەئى ھەر ساھىب راز ،
پەيۋەستە دەرى رەھمەتى تۇ بەر ھەمە باز .
ھەر كەسكى بەدەرگاھى تۇ ئايەد بەنىياز ،
مەھرۇم زى دەرگاھى تۇكەي كەردەد باز .

(ئەي سىررىڭە ھەق سىنەئى ساھىب راز ،
دائىم ھەمەگە رەھمەتىڭ ئىشىكىدۇر باز .
مەھرۇم قاچان يانغۇسى دەرگاھىڭدىن ،
ھەركىمكى قىلۇر دەرگەھىڭە ئەجزۇ نىياز . )

رۇبائىي :

بەر نەفسى خۇدرا چە زۇلم كەردەم بىسيار ،
بەر ئەفۋى تۇ كەردەم ئىئتىمادى غەففار .
فەرمانى تۇ ئەز خىلاف كەردەم ، لېكىن ،
بەر ۋەفقى ئىرادەتى تۇ كەردەم ھەمە كار .

(ئۆز نەفسىمە گەرچە زۇلم قىلدىم بىسيار ،
ئەفۋىڭغە قىلۇرمەن ئىئتىماد ، ئەي غەففار .
فەرمانىڭا گەر خىلاف قىلدىم ، لېكىن ،
سەن قىلغان ئۇچۇن ئىرادە ، قىلدىم ھەمە كار . )

---

[1] بۇ ئىسىم پارسچە بىرىنچى ، ئىككىنچى نۇسخىلاردا «خاجە ئەبۇلۋەفا» دېيىلگەن . تېھران نەشرىدە «ئارىپلارنىڭ ئەڭ كامىلى خاجە ئەبۇلۋەفا» دېيىلگەن .

[رۇبائىي :

ئامەد بەر مەن خەيالى ئۇ نىم شەبان ،
گۇفتەمكى : نىسار پايى تۇست ئىن دىلۇ جان .
گۇفتاچە دىلۇ جانكى تۇرا مۇلكى كۇجاست ،
ئاسان باشەد سەخاۋەت ئەز مالى كەسان .

(تۈن تەگدە ئۇنىڭ خىيالى كەلدى بۇ تامان ،
ئېيتتىم : نىسار بولسۇن قەدىمىڭگە دىلۇ جان .
ئېيتتىكى : بۇ جانۇ دىلىڭ كىمنىڭ مۇلكى ،
كىشىنىڭ مېلىدىن خەير ـ ساخاۋەت قىلماق ئاسان . )]

رۇبائىي :

ئەي رەھمەتى ۋاسىئەت پەناھى ھەمە كەس ،
لۇتفۇ كەرەمى تۇ ئۇزرخاھى ھەمە كەس .
بەر ئەفۋى تۇ ئىئتىماد دارەم ھەر چەند ،
پىشەست گۇناھەم ئەز گۇناھى ھەمە كەس .

(ئەي رەھمەتى ۋاسىئىڭ پەناھى ھەمەنىڭ ،
لۇتفۇ كەرەمىڭدۇر ئۇزرخاھى ھەمەنىڭ .
ئەفۋىڭگە كۆپ ئىئتىماد ئېتەرمەن ھەرچەند ،
يوق جۇرمۇ گۇناھىمچە گۇناھى ھەمەنىڭ . )

[رۇبائىي :

ئەي رەھمەتى كامىل تۇئەم پۇشتۇ پەناھ ،
ۋەي بادى مۇلاقاتى تۇئەم تۇشەئى راھ .
جۇز جۇرم زى مەن نامزەد ئەمرى بەزۇھۇر ،
چۇن ئەفۋى تۇ پەستى كوھى جۇرم مەنى كاھ .

(ئەي رەھمەتۇ مېھرىڭدۇر پۇشتۇ پاناھىم ،
بۇيۇكنى ئېلىپ كەلسە شامال ، قۇۋۋەتى جانىم .

ئىشىمدا گۇناھتىن ئۆزگىسى ھېچ بولمىدى سادىر ،
بىر دانە سامانمەن ، باستى تاغلارچە گۇناھىم . )]

**رۇبائىي :**

بىگانە زى ئىخلاسەمۇ ئەز تەقۋا دۇر ،
دائىم بەفەرىبى مەكرى شەيتان مەغرۇر .
سەرتا پا گۇناھۇ ئىسيانۇ فۇجۇر ،
لېكىن تۇ كەرىمىيۇ رەھىمىيۇ غەفۇر .

(ئىخلاسدىن ئىرۇرمەنكى [يىراق] ، تەقۋادىن دۇر ،
دائىم شەيتان فەرىبى بىرلە مەغرۇر .
باشتىن ئاياغىم گۇناھۇ ئىسيانۇ فۇجۇر ،
لېكىن سەنسەن كەرىم ، سەتتارۇ غەفۇر . )

[رۇبائىي :

دەر سىنەئى كەسكى دەردى پىنھانەش نىست ،
چۇن زىندە نەمايەد ئۇ ۋەلې جانەش نىست .
رەۋ دەرد تەلەب كۇن . . . . . . . . . .
دەردىستكى ھېچ گۇنە دەرمانەش نىست .

(ھەركىمنىڭ دىلىدا گەر دەردى پىنھانى يوق ،
كۆرۈنسىمۇ گەرچە تىرىك ، لېكىن جانى يوق .
يۇر ، دەردنى تەلەب قىل . . . . . . . . . .[1]
شۇنداق دەرد بولسۇنكى ، ھېچ دەرمانى يوق . )]

**رۇبائىي :**

دەرد ئەست چۇ دۇرۇ سىنەئى مەردى سەدەف ،
رۇھ ئەست چۇ بەھرۇ سۇرەتى جىسمى چۇ كەف .

---

[1] ھەممە نۇسخىلاردا بۇ يەردىكى سۆز كۆچۈرۈلمەي قالغان .

ئەز جۆنبىشى مەۋجى كەف تەلەف كەرد ، ۋەلېك ،
دەريا نىشەۋەد جۆنبىشى مەۋجى تەلەف .

(دەرد ئولدى چۆ دۆر ، سىنەئى مەرد ئولدى سەدەف ،
دەريا كەبى رۆھ ئېرۆر مىسلى كەفۆ كەف .
جۆنبىش مەۋجىدىن تەلەف بولغۇسى ، لېك ،
دەريا بولماس جۆنبىشى مەۋج ئىلە تەلەف . )

رۆبائىي :

مىسكىنۆ نامۇراديۆ دەردگۆزىن ،
با مىسكىنانۆ دەرد مەندان نىشىن .
دەرمان مەتلەبى دەرد بەجۆ ، ئەي مىسكىن ،
كانرا نەتۋانى تۆ كەي يا بىئىن .

(مىسكىن بول ، نامۇرادۆ ھەم ئەسرۆ ھەزىن ،
دەرد ئەھلى بىلە مۇساھىب ئول ، ئەي مىسكىن .
دەرمان تەلەب ئەتمە ، ئىستەگىلۆ دەردۆ ئەلەم ،
بۆ بولمايىن ئانى تاپماغۆڭدۆر بەيەقىن . )

رۆبائىي :

ھەر ناخۆشىكى دارى ئەز ھەستى تۆست ،
ئەز دىدەنى خىشۆ بەد مەستى تۆست .
مەيدانكى سەئادەتى تۆ دەر ھەردۆ جەھان ،
دەر مەسكەنەتۆ تەۋازىئۆ پەستى تۆست .

[ (غەمكىنگە ماكان بولغۇچىلارنىڭ ئۆزى سەن ،
ئەڭ قەدرى بۆيۆك ، گويا مەستانە كۆزى سەن .
مەيدانى سائادتىڭدەدۆر ھەر ئىككى جاھان ،
ئەزىزسەن ، يۆكسەكسەن ، بەخت يۆلتۆزىسەن . )]

رۇبائىي :

خۇررەم دىل ئانكى دەردى يارى دارەد ،
ۋەز شادى ھەردو كەۋن ئارى دارەد .①
نى دائىيەكى مۇلكۇ دىيارى دارەد ،
بازىلەتۇ فەقر ئىفتىخارى دارەد .

(خۇش ئۇلكى ، دىلىدا دەردى يارى بولسە ،
كەۋنەين فەرەھلىكىدىن ئارى بولسە .
نە دائىيەئى مۇلكۇ دىيارى بولسە ،
فەقرىغە بەزلەتۇ ئىفتىخارى بولسە . )

[رۇبائىي :

مادامىكى مۇشتەغىل بەكارى بەدەنى ،
مەئمۇرۇ ئەسىرۇ بەندەئى نەفسۇ تەنى .
پا بەستە بەزەنجىرى سىفەتھايى زەمىم ،
دەر قەئر چە ۋۇجۇد مۇمتەھەنى .

(بىزلەركى بەدەن ئىشىنىڭ دامىغا چۈشكەن ،
تەنىنىڭ ئەسىرى ، نەپسىنىڭ پەرمانىغا چۈشكەن .
باغلاقتا يامانلىق زەنجىرىدە پۇتلىرىمىز ،
بىز تەكتى ۋۇجۇد ئىمتىھانىغا چۈشكەن . )]

رۇبائىي :

ئىن غۇسسەۋۇ ئىن دەرد بەدەرمان نەدەھەم ،
ۋىن فەقر بەشاھى سۇلەيمان نەدەھەم .

① بۇ مىسرا پارسچە بىرىنچى ، ئىككىنچى نۇسخىلاردا بۇ رۇبائىينىڭ تۆتىنچى مىسراسى بولۇپ كەلگەن .

ئەرزان نەخەریدە ئەم ئىن فەقرۆ فەنا ،
چىزىكى گىران خەریدەم ، ئەرزان نەدەھەم .

(بۆ دەردۆ غەممنى نىگە دەرمانغە بىرەي ،
فەقرىمنى نىدىن مۆلكى سۆلەيمانغە بىرەي .
بۆ فەقرۆ فەنانى ئالماپ ئىدىم ئەرزان ،
قىيمەت ئالىپ ئىردىم ، نىگە ئەرزانغە بىرەي . )

**رۆبائىي :**

نابۆد شەۋ ، ئەي دوستكى ، بۆدەن خۆش نىست ،
فىرئەۋن سىفەت خىش ستۆدەن خۆش نىست .
چۆن ھەستىيۆ كىبريا خۆدا دارەد بەس ،
چىزىكى نىدارىش نەمۆدەن خۆش نىست .

(نابۆد بول ، ئەي دوست ، بار ئولماق خۆش ئەمەس ،
فىرئەۋن كەبى ئۆزنى ئاشۇرماق خۆش ئەمەس .
چۆن ھەستى كىبريا خۆدانىڭدۇر ، بەس ،
يوق نەرسەگە كۆسى لاف ئۇرماق خۆش ئەمەس . )

**رۆبائىي :**

بىچارەۋۆ نامۆرادۆ دىلرىشەم ،
نادانىيۆ ، ئەجزۆ ھەيرەت ئامەد كىشەم .
خۆدرا بەكۆدام خىسلەت گۆيەم دەرۋىش ،
دەرۋىش نە ، خاكپايى ھەر دەرۋىشەم .

(بىچارىمەن ، نامرات ، غىرىپ ، دىلخەستە ،
ئاجىزۆ نادان ، كىلىمەن ھەيران ـ ھەستە .
نە خىسلەت ئۇچۆن دەي ئۆزۆمنى مەن دەرۋىش ،
دەرۋىش ئەمەس ، دەرۋىشنىڭ خاكىپايىمەن پەستە . )

**رۇبائىي :**

تەدبىرۇ تەسەررۇف بەگۇزار ، ئەي دەرۋىش ،
بەگۇزارۇ بەكارى سازگار ، ئەي دەرۋىش .
زىراكى بەتەدبىرى تۇ دىگەر نەشەۋەد ،
تەقدىرۇ قەزايى كىردىگار ، ئەي دەرۋىش .

(تەتبىرۇ ئىلاج كەتتى ئۆتۈپ ، ئەي زاھىد ،
سەزمەستىلا ئىشلار كەتتى پۈتۈپ ، ئەي زاھىد .
تەقدىرى قازانىڭ ئىشىدۇر بارچە ، ئاڭا
بولماس يەنە ئۆزگە تەتبىرنى كۈتۈپ ، ئەي زاھىد .)

**رۇبائىي :**

مالۇ ھۇنەرى گەرچە نەدارەم دەر دەست ،
با فەقر بەسازەمكى مەرا فەقر خۇش ئەست .
ئەندىشە چەرا كۇنەم زى بىبەرگى خىش ،
گەر ھىچ نەدارەم چۇتۇ دارەم ھەمە ھەست .

(ئىلكىمدە يوقتۇر گەرچە مالۇ ھۇنىرىم ،
يوقسۇزلۇق كەسىپىمدۇر ، پىقىرلىق پەخرىم .
يوق بولسىمۇ ھىچ نىمەم ، مىنىڭ بارلىقىمدۇر سەن ،
يوقسۇزلۇقۇمغا شۇڭا يوق پەرۋايىمۇ پىكرىم .)

**رۇبائىي :**

چۇن مادەرى تۇ ھامىلەئى يارى تۇ بۇد ،
بىمىننەتى تۇ خۇدا نىگەھدارى تۇ بۇد .
ئان دەمكى قەلەم نەۋشىت ئاسارى تۇرا ،
ئان دەم نە تۇ بۇدىيۇ نە ئاسارى تۇ بۇد .

(يارىڭغا سىنىڭ ھامىلدار بولدى ئانا ،
مىننەتسىز ئاڭا بولدى خۇدا پۇشتۇ پانا .

سەن يوق ، سىنىڭدىن ئەسەر ھەم يوق چاغدا ،
تەقدىر قەلىمى يىزىپ قىلدى ئەسەرىڭنى بىنا . )

رۇبائىي :

بىكۇشىشى بەندە ئەقلۇ جان مىبەخشى ،
سەمئۇ بەسەرۇ نۇتقى رەۋان مىبەخشى .
كەي تالىبى رەھمەت تۇ گەردەد مەھرۇم ،
چۇن بىتەلەب ئانچە بايەد ئان مىبەخشى .

(ئادەمكە تەلەپسىزلا ئەقىل ھەم جان بەخش ئەتتى ،
كۆزنىيۇ قۇلاقنى ھەم نۇتقى راۋان بەخش ئەتتى .
قانداقمۇ لەپكارنى رەھمەتتىن ئېتەر مەھرۇم ،
كىرەكلىكنى تەلەبسىزلا بىزگە ئاسان بەخش ئەتتى . )]

ھەزرىتى مەۋلىۋى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — پەرزەنتلىرىگە ۋە مۇرىتىرىغا قىلغان ۋەسىيەتلىرىدە بۇ رۇبائىينى كەلتۇرگەنىكەن .

رۇبائىي :

پىشى تەلەبى زى ھىچ كەس پىش مەباش ،
چۇن مەرھەمۇ مۇم باشۇ چۇن نىش مەباش .
خاھىكى زى ھىچ كەس بەتۇ بەد نەرەسەد ،
بەد گۇيىيۇ بەد ئامۇزۇ بەد ئەندىش مەباش .

(گەر ئىلگىرىلىك ئىستەر ئىسەڭ پىش ئولمە ،
بول مەرھەمۇ مۇمدەككى ، چۇن نىش ئولمە .
دىسەڭ كىشىدىن زەررە يامانلىق كۆرمەي ،
بەدگويۇ بەد ئامۇزۇ بەد ئەندىش ئولمە . )

يەنە تەرىقەت يولىغا كىرگۈچىلەر چېچىلاڭغۇ كۆڭۈللىرىنى يىغىشقا ھەمىشە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشلىرى كېرەك . ھەزرىتى خاجەلەر — ئۇلارنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ مۇبارەك نەزەرلىرىدە «كۆڭۈلنى يىغىش» دېگەن شۇنىڭدىن ئىبارەتكى ، بەندە ھەمىشە پەرۋەردىگارىنى ياد ئېتىش بىلەن مەشغۇل بولۇشى لازىم . «چېچىلاڭغۇلۇق قىلماسلىق» دېگىنى پاك تەڭرىتائالانى ياد ئېتىشتىن غاپىل بولماسلىق دېگەنلىكتۇر . ھەزرىتى مەۋلىۋى رۇمى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — مۇنداق دېگەنىكەن :

**رۇبائىي :**

بەيەك لەھزە ئەزۇ دەۋرى نىشايەد ،
كى ئەز دەۋرى خەرابىھا فەزايەد .
بەھەر جايىكى باشى پىشى ئۇ باش ،
كى ئەز نەزدىكى بۇدەن مىھر زايەد .

[ (قىلىپ بەزمە ئۇنىڭ بىلەن بىرەر دەم ،
چۇۋۇلغان بەزمەلەرنى ئەيلىگىن جەم .
قەيەردە بولساڭ ، ئۇنىڭ ئالدىدا بول ،
تۇرۇپ ئالدىدا ، ئۇنى ئەيلە خۇررەم . )]

بەندە يەنە قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە جىمجىتلىق ۋە سۇكۇت قىلىشنى ئادەت قىلىشى لازىم . چۈنكى ، سۇكۇت قىلىش كۆڭۈلنى ، زېھىننى يىغىشقا كۆپ پايدىلىق . تولا سۆزلەشتىن كۆڭۈل بۆلۈنۈشكە ۋە چېچىلاڭغۇلۇققا يۈزلىنىدۇ ، شەرەپلىك نەپەسنى غەپلەت بىلەن ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن كۆپ سۆزلىمەسلىك ، يەنى چىقىۋاتقان ھەربىر نەپەس تەڭرى يادى بىلەن چىقىشى لازىم . بۇنى «ھۇزۇرى مەئەللاھ» (تەڭرىدىن ھۇزۇرلىنىش ) دەپ ئاتايدۇ . [ئۇلۇغلار — ئۇلارنىڭ سىرلىرى

مۇقەددەس بولغاي — بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن :

مەسنەۋى :

تۇرا يەك پەند بەس دەر ھەردو ئالەم ،
كى ئەز جان بەر نىسارى بىخۇدا دەم .

ئەگەر تۇ پاس دارى پاس ئەنفاس ،
بەسۇلتانى رەسانەندەت ئەزىن پاس .

[ (ساڭا ئىككى جاھاندا بىرلا پەند بەس ،
كى جان بەرگەن خۇداسىز ئالما نەپەس .

نەپەسنى كەلسە قولدىن ئاسرا ھەر دەم ،
خاقاننى قوغدىغانلەك قوغدا ھەر دەم . )]

ئەي تەڭرىم ، چىن ۋە ھەقىقىي قەدەم بىلەن تەرىقەت يولىغا كىرىپ تەلەپ ۋادىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ ، مەقسەتلەرنىڭ مەنزىلىگە ئۇلاشقان ۋە گۇمراھلارنى نىجاتلىق تەرەپكە باشلىغان زاتلارنىڭ ھۆرمىتىدىن ، ئۈمىد كېمىسىنى چېچىلاڭغۇلۇق ۋە تەپرىقىچىلىك گىردابىدىن نىجاتلىق ساھىلىغا تارتقان ، خارۇزارلىق ۋادىسىنىڭ تەشنالىرىغا ھاياتلىق بۇلىقىنى كۆرسەتكەن ئۇلۇغلارنىڭ ھۆرمىتىدىن بىز ئازغۇنلارنى نىجاتلىق يولىغا باشلىغايسەن ؛ مەھرۇملۇق ، يىراقلىق ۋە ئۈمىدسىزلىك ۋادىسىدا چاڭقىغان بىز تەشنالارغا ئۆزۈڭنىڭ رەھمىتىڭ دەرياسىدىن ۋە مەغپىرىتىڭ بۇلىقىدىن تامچە ئاتا قىلغايسەن .] «توغرا يولغا ئەگەشكەن كىشى (ئاللانىڭ ئازابىدىن) ئامان قالىدۇ ، »[1] «ئۆزىنى نەفسىنىڭ خاھىشىغا بېرىلىشتىن ، يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك ، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەتتە

[1] «قۇرئان كەرىم» ، 20 ـ سۇرە تاھا ، 47 ـ ئايەتنىڭ ئاخىرقى قىسمى .

بولىدۇ .»[①]

ھەزرىتى مەخدۇمى مەۋلىۋى ئەبدۇررەھمان جامى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — مۇنداق دېگەنىكەن :

غەزەل :

سەبۇك دەستى كۇن ، ئەي ساقى ، بىدەھ تەللى گىران مارا ،
بەخۇد دەرماندە ئىم ئەز ما زەمانى ۋارەھان مارا .
چۇنان دەر ئىشقى تۇ مەستىمۇ دەر ھۇسنى تۇ مۇستەغرەق ،
كى نې پەرۋايى جان ماندەستۇ نە فىكرى جەھان مارا .
جەمالى ئۇ نەما تا نىست كەردىم ئەز ۋۇجۇدى خۇد ،
كى ھەست ئىن نىسبەتى تۇخمى بەقايى جاۋىدان مارا .
نە دەر كەۋنەست مەنزىل ئىشق دانە دەر مەكان جامى ،
رەھى بىنما بەرۇن ئەز ئەرسەئى كەۋنۇ مەكان مارا .

(سەبۇك دەست ئولغىل ، ئەي ساقى ، كەتۇر تەللى گىران بىزگە ،
كى ئول مەي نەشئەسىدىن قويمە ئۆزلۈك بىر زەمان بىزگە .
سېنىڭ ئىشقىڭدا ئانداغ مەستمەن ، ھۇسنۇڭدا مۇستەغرەق ،
كى قالماپدۇر نە جان پەرۋاسى نە فىكرى جەھان بىزگە .
نەمايانىدۇر جەمالى بىزگە گەر نەفى ۋۇجۇد ئەتسەڭ ،
كى بۇ قۇللۇق ئېرۇر تۇخمى بەقايى جاۋىدان بىزگە .
[جاھاندا ئىشققا بار قايدا ماكانۇ مەنزىل ، ئەي جامى ،
جاھانۇ ھەم ماكاندىن تاشقىرى كۆرسەت ماكان بىزگە .)

ھەزرىتى خاجە ئىلتىپات قىلىپ ئوقۇپ بەرگەن :

دەر زىكر ئەگەرچە ھەبسى نەفەس مىكۇنەند قەۋم ،
ما ئىن نەكەردەئىم ۋەلې سەبق بەردەئىم .
زىكرى مەنەست رويى تۇ دىدەن ئەلەد - دەۋام .
ما ھەبسى نەفەس خىش بەئىن زىكر كەردەئىم .

---

① «قۇرئان كەرىم» ، 79 - سۇرە نازىئات ، 40 - ئايەتنىڭ كېيىنكى قىسمى ۋە 41 - ئايەت .

(يادىڭدا نەپەس ئېلىشىم قىيىندۇر چوقۇم ،
لېكىن بۇ ياد ئېتىشنى قىلىمەن ئۇدۇم .
ئەسلىسەملا چېھرىڭ نامايان بولىدۇ دائىم ،
سېغىنلغان نەپەسلىرىمدىمۇ سېنى زىكرى قىلغۇم .)]

## سەكسەن تۆتىنچى باب

# ھەزرىتى مەخدۇمى نۇرەننىڭ بەدەخشانغا[①] بارغانلىقى ۋە بۇنىڭغا ئالاقىدار ۋەقەلەرنىڭ زىكرى

بىلمەك كېرەككى ، باھار ۋاقتىدا خاجەئى نۇرەن[②] — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — بەدەخشان [يولى بىلەن ھىندىستان]غا قاراپ يولغا چىقتى . خان ۋىدالىشىش ئۈچۈن يەتتە ـ سەككىز كۈن يول يۈرۈپ شەھناز دەرياسى[③]غىچە باردى . ئەمما ، پەقىر ئاقسۇدا ئىدىم ، [بۇ بەختتىن مەھرۇم قالدىم .]

پەقىر ئاقسۇدىن قايتىپ كەلگەن چاغدا ، خان بۇ ئەھۋالنى نەقىل قىلىپ مۇنداق ئېيتىپ بەردى : «ھەزرىتى خاجە بىلەن ۋىدالىشىپ ئۇنىڭدىن پاتىھە (دۇئا) ئىلتىماس قىلدىم . مۇبارەك

---

① بۇ سۆز پارىسچە بىرىنچى ، ئىككىنچى نۇسخىلاردا ، خەنزۇچە نەشرىدە ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «ھىندىستانغا» ، تېھران نەشرىدە «بەجانىبى ھىند» (ھىند تەرەپكە) دېيىلگەن .

② بۇ سۆز پارىسچە بىرىنچى نۇسخىدا «ئىشان» (ئۇ) دېيىلگەن ، پارىسچە ئىككىنچى نۇسخىدا ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «مەخدۇمى نۇرەن» دېيىلگەن .

خەنزۇچە نەشرىدە «ھەزرەتى مەخدۇمى نۇرەن» (Khazrat Mahdum Nuran) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .

③ بۇ ئىسىم پارىسچە بىرىنچى نۇسخىدا «شەھباز» دېيىلگەن .

قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرگەندە ئەرز قىلىپ : ‹ئەگەر ئىلتىپات قىلسىلا ، ئاۋۋال مىرزا ھەيدەر ھەققىدە پاتىھە ئوقۇسىلا ، ئاندىن مېنىڭ ئۈچۈن پاتىھە ئوقۇسىلا ›» دېدىم . [ئۇ زات] بۇ ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلدى ۋە ئىككى نۆۋەت پاتىھە ئوقۇدى . [ئاۋۋال سەن ھەققىدە پاتىھە ئوقۇدى ، ئاندىن مەن ھەققىدە پاتىھە ئوقۇدى .] نەزم :

يار كۆزدىن كەتتى ، ئەمما قالدى دىلدا خارخار ،
قالدى يۈزمىڭ داغۇ ھەسرەتلەر يۈرەكدە يادگار .
گەرچە كەتكەن ئۆمردىن كەلمەكنى كۆز تۇتماس كىشى ،
ئۆمرلەر قالدى كۆزۈم ئانىڭ يولىدىن ئىنتىزار .»

ئاشۇ ۋاقىتتا بىللە بولغانلار شۇنداق رىۋايەت قىلىپ بەردىكى ، خان نەچچە مەنزىلگىچە ھەزرىتى خاجەگە ھەمراھ بولۇپ باردى . خاننىڭ كۆڭلى بارغانسېرى يۇمشاپ كېتىۋاتاتتى . خاجە سۆز قىلغان ۋاقىتدا خانغا شۇنداق يىغا ئولىشاتتىكى ، باھار بۇلۇتىدەك ئىختىيارسىز ياش تۆكۈپ يىغلايتتى . بۇ يىغا خانغا ھال (ئىچكى) تىللىرى بىلەن : «بۇ سەن بىلەن مېنىڭ ئايرىلىش (ۋاقتىمىز)»[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇۋاتاتتى ، [بۇنىڭدىن كېيىن يەنە دىدارلىشىش قىيامەت كۈنىگە باقى قالغان ئىدى . بېيىت :

يار قەسدى قەتلى مەن دارەد بەتىغى ئىنقىتائ ،
ھەر كەس ئەز شامى ئەجەل تەرسەد مەن ئەز روزى ۋىدائ .

(قەستلىدى يار ئۆلتۈرۈشكە ئايرىلىش تىغى بىلەن ،
يەتتى باشىمغا ئەجەل شامى پىراق كۈنى بىلەن .)]

چۈنكى ، بۇ خانغا ئاخىرقى قېتىملىق دىدارلىشىش ، يەنە ئۇچرىشىشقا زادىلا ئىشەنچ بولمىغان ئىلاجسىز ئايرىلىش ئىدى ،

---

① «قۇرئان كەرىم» ، 18 ـ سۈرە كەھف ، 78 ـ ئايەتنىڭ باش قىسمى .

ئۇنىڭ غەم ـ غۇسسىسىدىن خانغا ئاشۇنداق ئەھۋال يۈزلەنگەندى .

شۇنداق قىلىپ ھەزرىتى خاجە ھىندىستانغا كەلدى . ھىندىستاننىڭ باشلىنىشى كابۇل ۋە لاھور[1] بولۇپ ، كامران مىرزىغا تەۋە ئىدى . كامران مىرزا ھەزرىتى خاجەنى لاھوردا تۇرۇشقا تۆۋەنچىلىك بىلەن شۇنچە ئىلتىماس قىلدى . ئەمما ، ھەزرىتى خاجە : «[مەن بالدۇرلا بابۇر] پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشنى نىيەت قىلغانىدىم ، [ئەمدى بابۇر] پادىشاھ [ۋاپات بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ھۇمايۇن پادىشاھقا كۆڭۈل ئېيتىشىم ۋە ئۇنىڭ] ھۇزۇرىدا بابۇر پادىشاھقا تەزىيە بىلدۈرۈشۈم لازىم . [قايتىپ كەلگەندىن كېيىن] بۇ ئىلتىماسىڭىزنى قوبۇل قىلىمەن» دەپ ھىندىستاننىڭ پايتەختى ئەگرە[2] ۋىلايىتىگە باردى . ھۇمايۇن پادىشاھمۇ ھەزرىتى خاجەنىڭ شەرەپلىك قەدەملىرىنى تەۋەررۇك بىلىپ ، ئىنتايىن ئىززەت ۋە ئىكراملار بىلەن ئالدىغا چىقتى .

شۇ چاغلاردا شەيخ پۇل[3] ئاتلىق بىر ھىندىستانلىق پەيدا بولغانىكەن . ھۇمايۇن پادىشاھنىڭ غارابىيات ئىلمىگە كۆپ مايىللىقى بار ئىكەن ، دۇئا ـ تىلەك ۋە سېھىر ـ تەسخىر ئىشلىرىغا ھەددىدىن زىيادە قىزىقىدىكەن . شۇڭا ، شەيخ پۇل شەيخلىق لىباسىنى كىيىپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكەندە : «دۇئالار ۋە سېھىر ئىشلىرى ھەقىقىي مەقسەتلەرگە يېتىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر ، ھەتتا ھەقىقىي مەقسەتنىڭ ئۆزىدۇر» دەپ ئىپادە بىلدۈردى . پادىشاھنىڭ مىجەزىگە ئۇنىڭ سۆزى ماس كەلگەنلىكتىن ، [ھۇمايۇن پادىشاھ] دەرھال شەيخ پۇلغا مۇرىت بولدى .

ئۇنىڭ ئۇستىگە مەۋلانا مۇھەممەد پەرغەرى موللا ئىدى .

---

① لاھور — ھازىرقى پاكىستاندىكى قەدىمىي شەھەر ، شەرقىي شىمالدىكى راۋى دەرياسى ۋادىسىدا . قەدىمدە لوھاۋارانا دەپ ئاتىلاتتى (مۇھەررىردىن) .

② ئەگرە — ھازىرقى ھىندىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى شەھەر ، جۇمنە دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن) .

③ بۇ ئىسىم پارىچە بىرىنچى نۇسخىدا «شەيخ پۇھۇل» دېيىلگەن .

لېكىن ، ئۆز نەپسى ـ مەنپەئىتى ئۈچۈن باتىل ئىش بولسىمۇ ، قەدەم قويىدىغان دىيانەتسىز ، پەسكەش ئادەم ئىدى . شۇڭا ، شەيخ پۇل مەۋلانا مۇھەممەدكە پىشكەشلەرنى قىلىپ ئىلتىماسلار قىلدى . شۇ سەۋەبتىن مەۋلانا مۇھەممەدمۇ پادىشاھنى دۇئالارغا ۋە سېھىر ئىشلىرىغا تەرغىب قىلىشقا ھەرىكەت قىلدى . ئۇنىڭ بۇ خۇشامىتى پادىشاھقا خۇشياقتى ـ دە ، پادىشاھتا شەيخ پۇلغا نىسبەتەن تولۇق ئېتىقاد پەيدا بولدى . بۇ ۋەقەلەر بولۇپ نەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن پەقىر پادىشاھنىڭ مۇلازىمىتىگە باردىم ، بۇ ۋەقە كېيىن پات يېقىندا زىكىر قىلىنىدۇ . پادىشاھ ئۆزىنىڭ پىرى شەيخ پۇل ھەققىدە شۇنچە كۆپ سۆزلىگەن بولسىمۇ ، پەقىر ئۇنىڭدىن دۇئاخانلىق ۋە سېھىرگەرلىكتىن ئۆزگە بىرەر نەرسىنى ھېس قىلمىدىم . بۇنى بىر ئاللا بىلىدۇ .

[ھۇمايۇن] پادىشاھنىڭ شەيخ پۇلغا مۇرىت بولغانلىقى ئوچۇق مەلۇم بولدى . مەۋلانا مۇھەممەد ، ھەتتا پادىشاھ باشلىق ھەممە تاۋابىئاتلار ھەزرىتى خاجەنىڭ مۇلازىمەتلىرىگە بېرىشكە سۇسلۇق قىلىشۋاتاتتى . ھالبۇكى ، پادىشاھ باشلىق ھەممىلىرىنىڭ ھەزرىتى خاجەگە ئەۋلادمۇئەۋلاد مۇرىتلىق ئالاقىلىرى بار ئىدى . بۇ ۋەقەدىن كېيىن ھەزرىتى خاجەنىڭ نۇرلۇق كۆڭۈللىرى باشقىچە بولۇشقا ، [نەپرەتلىنىشكە] باشلىدى . لاھوردىن ئۆتۈش ۋاقتىدا كامران مىرزىغا : «قايتقاندا لاھورغا كېلىپ تۇرغايمىز » دەپ ۋەدە بەرگەنىدى . شۇ ۋەدىنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئەگىرەدىن كاتتا ئاۋات شەھەر — لاھورغا قاراپ يولغا چىقتى . ھۇمايۇن پادىشاھ ۋە ھەممە ۋەزىر ـ ئەمىرلىرى كۆپ يالۋۇرۇپ ئىلتىجا قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ھەزرىتى خاجە قوبۇل قىلمىدى . شۇنداق قىلىپ لاھورغا كەلدى . بۇ تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 943 ـ يىلى[1] بولغان چاغ ئىدى ، پەقىر ھەزرىتى خاجە كېلىشتىن ئىلگىرىرەك لاھورغا كەلگەنىدىم ، شۇڭا ھەزرىتى خاجەنىڭ ئاياغلىرىنى تاۋاپ قىلىش

---

① ھىجرىيە 943 ـ يىلى مىلادىيە 1536 — 1537 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

شەرىپىگە ئېرىشتىم . شۇ كۈنلەردە ھەزرىتى خاجەنىڭ گۆھەر چاچقۇچى مۇبارەك تىللىرىدىن : «چۈشۈمدە كۆردۈمكى ، بىر ئۇلۇغ دەريا پەيدا بولۇپ بىزدىن كېيىن ئەگرەدە ۋە ھىندىستاندا قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتتى ، بىز مىڭ تەشۋىش بىلەن ئاران قۇتۇلدۇق» دېگەنلىكىنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغانىدىم . ھەزرىتى خاجەنىڭ بۇ چۈش كۆرگەن ۋەقەلىرىدىن يىگىرمە يىل ئۆتكەندى ، خاجە نېمە دېگەن بولسا ، شۇ بولدى . بۇ ئىشلار كېيىن زىكىر قىلىنىدۇ .

ھىندىستان ۋەيران بولغاندىن كېيىن ھەزرىتى خاجە كاشغەر يولى بىلەن ماۋەرائۇننەھرگە قاراپ ساق ـ سالامەت يۈردى . [مۇھەممەد] پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۇنىڭ شەرەپلىك ئائىلىسىنىڭ ھۆرمىتىدىن پاك ۋە يۈكسەك تەڭرى ئۇ زاتنىڭ ئىلتىپات سايىسىنى كۆپ يىللارغىچە ھېسابسىز مۇرىت ، مۇخلىسلار ۋە ئېتىقادمەنلەرنىڭ باشلىرىغا سالغاي .

سەكسەن بەشىنچى باب

## ھەزرىتى خاجە[ئى نۇرەن] نىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلىرىنىڭ بايانى

بىر كۈنى پەقىر [ھەزرىتى خاجە]نىڭ شەرەپلىك مەجلىسلىرىدە بار ئىدىم . يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەۋلانا مۇھەممەد پەرغەرى ئەگرەدىن ، يەنى ھۇمايۇن پادىشاھ ھۇزۇرىدىن لاھورغا ئەلچىلىككە كەلگەنىدى ، ئۇمۇ بۇ مەجلىستە بار ئىدى . ھەزرىتى خاجە — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان چۈشلىرىنى بايان قىلدى . مەۋلانا مۇھەممەد نالە ـ زارلار قىلىپ ئۆزرە ۋە كەچۈرۈملەر سورىدى ھەم ھۇمايۇن پادىشاھقا بىر

مەكتۇپ ئەۋەتىشنى ئىلتىجا قىلدى . ھەزرىتى خاجە بۇ بېيىتنى ئەۋەتتى :

بېيىت :

ھۇماي ، سالماغايسەن سايەئى شەرەف ھەرگىز ،
ئوشۇل دىياردىكىم ، تۇتىئى زەغەندىن كەم .

بۇ بېيىتنى ئەۋەتكەنلىكىدە كارامەت ۋە ئاجايىپ لەتىپە بار . چۈنكى ، ھۇمايۇن پادىشاھ ئۇ دىيارغا قوزغۇلۇندىن تۆۋەن ھالەتتىكى تۇتىچىلىك سايە سالالماي سەرگەردان بولۇپ كەتتى .

يەنە بىرى ، [كاشغەر ،] ياشىمىساردىكى ۋاقتىدا رەجەپ ئېيى بولۇپ ، پەقىر روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلغانىدىم . شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەزرىتى خاجەنىڭ مۇلازىمىتىگە باردىم ۋە ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇردۇم ، بىر يەردىن تائام كەلتۈردى . پەقىر سەزدۈرمەستىن شۇ ھامان روزىنى ئۇشاتتىم ، كۆڭلۈمدە : «ئەتە قازاسىنى تۇتارمەن» دەپ نىيەت قىلدىم . ئەتىسى روزا نىيەت قىلىپ يەنە ھەزرىتى خاجەنىڭ سۆھبەتلىرىگە باردىم . بۇ كۈنىمۇ تائام پەيدا بولدى ، يەنە روزامنى ئۇشاتتىم . ئەتىسى قازاسىنى نىيەت قىلدىم - دە ، يەنە ھەزرىتى خاجەنىڭ سۆھبەتلىرىگە باردىم . ئوخشاشلا بۇ كۈنىمۇ تائام ھازىرلاندى ، لېكىن ھەزرىتى خاجە مېنىڭ ئۇلۇشۇمنى ئايرىپ قويدى ۋە : «بۇنى پالانىغا ئېلىپ قويۇڭلار ، ئۇنىڭ روزىسىنى زايە قىلىۋەرمەيلى» دېدى . ھالبۇكى ، روزا نىيەت قىلغانلىقىمدىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى .

يەنە بىرى شۇكى ، لاھوردىكى كۈنلىرىمدە ، شاھ ئىسمائىلنىڭ ئوغلى شاھ تۇھماس[1] ئىراقتىن كېلىپ كامران مىرزىنىڭ ئادەملىرىنىڭ قولىدىن قەندەھارنى تارتىۋالدى ۋە ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرىدىن بىرىگە تاپشۇرۇپ قايتتى . بۇ ۋەقەدىن

① بۇ ئىسىم پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «توھماسپ» دېيىلگەن .

كامىران مىرزىغا ناھايىتى كۆپ قىيىنچىلىق يۈزلەندى ۋە پەقىرگە : «قەندەھار تۈپەيلىدىن ناھايىتى كۆپ ئەندىشىدىمەن» دېدى ، بۇ ۋەقەنى ھەزرىتى خاجەگە مەلۇم قىلدىم . يەنە بىر كۈنى ھەزرىتى خاجەنىڭ ھۇزۇرىغا بارغىنىمدا ، ئۇ : «ھەزرىتى ئىشاننى چۈشۈمدە كۆردۈم ، ھەزرىتى ئىشان مەندىن : ‹نېمە سەۋەبتىن غەمكىن ۋە مالالدۇرسەن ؟ › دەپ سورىدى . مەن : ‹كامىران مىرزا ئۈچۈن غەم قىلىۋاتىمەن . چۈنكى ، قەندەھارنى تۈركمەنلەر بېسىۋاپتۇ ، ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشى ئېنىق ئەمەس › دەپ مەلۇم قىلدىم . ھەزرىتى ئىشان ماڭا يېقىن كېلىپ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ : ‹ھېچ غەم يېمىگىن ، بۇ ئىش ئاسانلىق بىلەن بىر تەرەپ بولىدۇ › » دېدى .

ھەزرىتى خاجە پەقىرگە بۇ بېشارەتنى بەردى ، ھەقىقەتەن ئىشنىڭ ئاخىرى ھەزرىتى خاجەنىڭ دېگىنىدەك بولدى . كامىران مىرزا قەندەھار ئۈستىگە باردى ، شاھ توھماسىنىڭ قەندەھاردا قويغان كىشىسى سۈلھى بىلەن قەندەھارنى كامىران مىرزىغا قايتۇرۇپ بېرىپ كەتتى . تۈركمەنلەردىن بۇنداق ئىشنىڭ سادىر بولۇشى ئاجايىپ ـ غارايىب ئەھۋالدۇر . ھەزرىتى خاجەنىڭ سەۋەبكارلىقى ۋە مەدىتى بىلەن مۈشكۈل ئىش ئاسانلىق بىلەن بىر تەرەپ بولدى .

يەنە بىرى شۇكى ، پادىشاھنىڭ سىڭلىسى خانزادە بېگىم كابۇلدا ئىدى . كېسەلگە دۇچار بولۇپ بىر مەكتۇپ يېزىپ ئەۋەتىپتۇ ۋە ھاۋالە قىلىپ : «مىرزا بۇ مەكتۇپنى ھەزرىتى خاجەگە بېرىپ ئۇنىڭدىن ئىلتىماس قىلسۇنكى ، ھەزرىتى خاجە مېنىڭ ئاغرىقىمنى ساقايتىشقا سەۋەب قىلسۇن» دەپ تەكىتلەپتۇ . بىراق ، ئۇ مەكتۇپقا قارىسام ، ھەزرىتى خاجەنىڭ شان ـ شەۋكەتلىرىگە مۇناسىپ پۈتۈلمەپتۇ . شۇڭا ، ئۇ مەكتۇپنى ئۆزگەرتىپ ياخشى سۆزلەر بىلەن قۇراشتۇرۇپ ئالاھىدە بىر مەكتۇپ پۈتۈپ ، ھەزرىتى خاجەنىڭ نەزەرلىرىدىن ئۆتكۈزدۈم . ھەزرىتى خاجە ماڭا : «سىز بىلەن سىردىشىشنى خالايمەن» دېدى . پەقىر ئورنۇمدىن قوپۇپ

تەزىم قىلدىم ، ئاندىن ھەزرىتى خاجە ماڭا : «خانزادە بېگىم ئۆزى پۈتۈپ ئەۋەتكەن خەتنى ماڭا بەرگەيسىز» دېدى . ھالبۇكى ، ئۇ خەتنىڭ كەلگەنلىكى ۋە مېنىڭ ئۇنى ئۆزگەرتىپ بۇ مەكتۇپنى پۈتكەنلىكىمدىن ھېچبىر ئىنساننىڭ خەۋىرى يوق ئىدى .

ھەزرىتى خاجەدىن پەقىر كۆرگەن كارامەتلەر ۋە ئاجايىپ ئىشلارنى مۇشۇ ئۈچ ـ تۆت نەقىل بىلەن بايان قىلدىم ، ھەزرىتى خاجەدىن خالايىقلار كۆرگەن ۋە نەقىل قىلغانلىرىنى زىكىر قىلمىدىم .

پەقىر كەشمىرگە ماڭغان ۋاقتىمدا — بۇ ۋەقە پات يېقىندا زىكىر قىلىنغۇسى — [خاجەئى نۇرەن] بىرنەچچە قۇر خەت پۈتۈپ پەقىرگە ئەۋەتكەنىكەن . ئۈمىدۋارمەنكى ، ئۇ مەكتۇپ پەقىرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئازادلىق خېتىم بولغۇسى . شۇڭا ، شان ـ شەرەپ ۋە تەۋەررۇك بىلىپ ، ھەزرىتى خاجەنىڭ زىكىرلىرى توغرىسىدىكى بۇ خېتىم ئاشۇ مۇبارەك خەت بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلدى . پاك ۋە يۈكسەك تەڭرى ئۆزىنىڭ ئىبادەت قىلىنغۇچى پەرۋەردىگارلىق ھەققى ھۆرمىتىدىن ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ شەرەپلىك ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھۆرمىتىدىن ئۇ زاتنىڭ بەرىكەتلىرى سايىسىنى ۋە پاك سۈپەتلىرىنى ئۇزاق يىللارغىچە نۇرغۇن مۇخلىسلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدە بەرقارار قىلغاي .ئۇ مەكتۇپ بۇدۇر :

بىسمىللاھىر ـ رەھمانىر ـ رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ
ئىسمى بىلەن باشلايمەن )

شۇنى مەلۇم قىلىمەنكى ، پەقىر ئاسىي بەندىنىڭ دەرۋىشلىك دەۋايىم يوق . چۈنكى ، كىشى دەرۋىش بولىدىغان بولسا ، دەۋا قىلىش ئۇنىڭغا ماس كەلمەيدۇ ، سۈلۈك ۋە تەرىقەتتە دەۋا بولمايدۇ . دەرۋىشلىك يولىغا قەدەم قويغان سۈلۈك ئەھلى چوقۇم بەجا كەلتۈرۈش زۆرۈر بولغان شەرتلەر بار :

بىرى ، دەرۋىش بولغۇچى خۇدايىتائالانى مەيلى تىلىدا بولسۇن ياكى دىلىدا بولسۇن ، ياد ئېتىپ تۇرۇشى كېرەك . يەنە بىرى ، ئۇنىڭ خۇلقى پاك بولۇشى كېرەك . سىلەرگە مەلۇم ، بۇ كۆڭلەردىكى ئەھۋالنى نېمە دەيمەن؟ نېمە ئۇچرىسا يەۋاتىمەن . بىزدە پاك تىل ۋە پاك خۇلق يوق ، تىلىمىز خۇدايىتائالانىڭ زىكرىدىن يىراق بولغان بىمەنە سۆزلەر بىلەن مەشغۇل . يۇقىرىقى شەرتلەرنى بەجا كەلتۈرمىگەن كىشىگە دەرۋىشلىك هارامدۇر . بۇنى دېيىشتىن مەقسىتىم شۇكى ، پەقىر دەرۋىش ئەمەسمەن ، ئەمما ھەزرىتى مەۋلىۋى رۇمى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ پەرزەنتلىرى سۇلتان ۋەلەدكە ئېيتقان ۋەسىيەتلىرىدە ئېيتىلغانچىلىك سالاھىيەت بار .

نەزم :

بەيەك لەھزە ئەزۇ دەۋرى نىشايەد ،
كى ئەز دەۋرى خەرابىها فەزايەد .
بەھەر جايىكى باشى پىشى ئۇ باش ،
كى ئەز نەزدىكى بۇدەن مىھر زايەد .

[ (قىلىپ بەزمە ئۇنىڭ بىلەن بىرەر دەم ،
چۇۋۇلغان بەزمىلەرنى ئەيلىگىن جەم .
قەيەردە بولساڭ ، ئۇنىڭ ئالدىدا بول ،
تۇرۇپ ئالدىدا ، ئۇنى ئەيلە خۇررەم .) ]

پەقىر بەندە دەرۋىشلەرنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈۋاتىمەن . مەيلى موللا ياكى دەرۋىش بولسۇن ، كىمكى دەرۋىشلەرنىڭ سۆزلىرىگە ۋە ئاللا يولىدىكى زاتلارنىڭ نەسىھەتلىرىگە ئەمەل قىلسا ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەنپەئەت تاپقۇسىدۇر . چۈنكى ، «سۆزلىگۈچىنىڭ ئەھۋالىغا ئەمەس ، سۆزىنىڭ قىممىتىگە قارا» دېگەن سۆز بار .

ھەزرىتى مەۋلىۋى ئەبدۇررەھمان جامىي ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تەكىيىسىنىڭ ئاستىدىن بىرمۇنچە قولىيازمىلار

چىقتى ، ئۇلاردىن بىرىدە مۇنداق يېزىلغانىكەن :
بەزى بەزىدە خۇدايىتائالانــى يادىغا ئالمايدىغان ھېچقانداق ئىنسان يوق ، ئۇنىڭ خۇدايىتائالانى كۆڭلىگە كەلتۈرگەنلىكى باشقا بىر ھەقىقەتتۇر . ھەرقانداق كىشى ئىرسىيەت جەھەتتە بۇ تۆت مەزمۇنغا باغلىق بولىدۇ : ئۇنىڭ بىرىنچىسى قىسمەنلىك بولۇپ ، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەنلىكىنى بىلىدۇ . ئىككىنچىسى مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقتۇر . [مەۋجۇتلۇق ئەركــى كىشىنىڭ ئۆز قولىدا ئەمەس ،] ئەگەر كىشىنىڭ ئۆز ئىختىيارى بويىچە بولغىنىدا ئىدى ، ئۇ مەڭگۈ ياشاپ يوقالمىغان بولاتتى . ئۈچىنچىسى بارلىق ئىمكانىيەتلىك (يارىتىلغان ) مەۋجۇداتلارنىڭ ئەھۋالى يۇقىرىقىدەك بولىدۇ . تۆتىنچىسى ھەر نەرسە يوقلۇقتىن بار بولغانىكەن ، دېمەك ئۇنى بار قىلغان ياراتقۇچى بار . بۇ تۆت مەزمۇن ھەربىر يارالغۇچىغا بىر ياراتقۇچىدىن دالالەت بېرىدۇ . بۇ ياراتقۇچى باشقىنىڭ ئەمەس ، بەلكى ئۆزىنىڭ زاتــى بىــلەن مەۋجۇتتۇر . [يەنە يارىتىلغان مەۋجۇداتلاردىكى ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان سەزگۈ ، ئەقىل ، ئىچكى ـ تاشقى دۇنيا ۋە باشقا بارلىق چەكسىز ـ پۈتمەس نېمەتلەرنىڭ ھەممىسى شەك ـ شۈبھىسىز يېگانە ۋە ئۇلۇغ ئاللاتائالانىڭ ئىنئامى ۋە ئېھسانىدۇر . بۇنى تونۇپ يەتكەن كىشىگە «ئادەم — ياخشىلىقنىڭ قۇلى» دېگەن ماقال بويىچە ئاللاغا بولغان بىر جەزبە (شەيدالىق ) پەيدا بولىدۇ .] شۇنىڭدىن كېيىن ئەگەر مۇلاھىزە قىلسا ، دۇچ كەلگەن ھەرقانداق نەرسە مەيلى ئۇ پايدىلىق ياكى زىيانلىــق بولسۇن ، «ھەممە نەرسە ئاللادىندۇر» دەپ ئويلاپ بۇ مۇلاھىزىنى تەكرارلاشقا كىرىشسە ، بۇ جەزبە كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىدۇ ، بارغانسېرى ئېخىمۇ كۈچىيىدۇ ۋە مۇمكىنات (يارالغۇچىــلار ) ئالىمىگە كۆڭلىنىڭ مايىللىقى ئاجىزلايدۇ ، ئاللادىن باشقىسىدىن كۆڭلى ئۈزۈلىدۇ . ئەگەر مۇلاھىزە قىلمىسا ، ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ تۇغما خۇسۇسىيىتى بويىچە لەززەتلىنىشتىن خالىــي ئەمەس .

لەززەت مايىللىقا باغلىق ، مايىللىق بولسا مۇكەممەل ۋە مەڭگۈلۈك بولۇشنى تەقەززا قىلىدۇ . چۈنكى ، كۆڭۈل ۋاقىتلىق ، يەنى يوقىلىدىغان نەرسىلەرگە باغلانسا ، ئۇ نەرسە يوقالغاندا كۆڭۈلگە قايغۇ يۈزلىنىدۇ . بىلسۇنكى ، مەڭگۈ زاۋال تاپمايدىغان ۋە ئاخىرلاشمايدىغان كامالەت ئىگىسى — ئۇلۇغ ۋە يۈكسەك پەزىلەتلىك ئاللاتائالادۇر . چۈنكى ، ھەقىقىي گۈزەللىك ، ياخشىلىق ۋە ئىزگۈلۈكنىڭ ھەممىسى ئاللاتائالاغا مۇجەسسەملەشكەن . بەندىدە زاھىر بولغان ھەرقانداق يېقىملىق ۋە سۆيۈملۈك كامالەتنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ۋە پەزىلەتلىك ئاللاتائالانىڭ گۈزەل ، كامىل ۋە تەڭداشسىز ھۆسن ـ جامالىنىڭ ۋە چەكسىز ئېھسانىنىڭ شولىسىدۇر . چۈنكى ، مۇمكىنات ئۆزىنىڭ مەلۇم چەك ـ چېگرىسىدىلا مەۋجۇت بولۇپ ، ئۇنىڭدىن ھالقىسىلا يوقىلىدۇ ، يوقىلىدىغان شەيئىدە كامالەت سۈپىتى بولمايدۇ . مۇمكىناتتا زاھىر بولغان ھەرقانداق كامالەت مۇتلەق بىسىم ھالەتتىكى كامالەت ئەمەس ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كامالەت زاۋاللىق ۋە يوقىلىش ھالىتىدىدۇر . ھەر كىشى بۇ مەزمۇننى بىلسە ، شەكسىزكى ئۇنىڭ ھەقتائالاغا جەزبىسى ۋە مايىللىقى تېخىمۇ كۈچەيگۈسىدۇر . چۈنكى ، مۇھەببەتنىڭ كۆزلەيدىغان نىشانى گۈزەللىك ۋە ياخشىلىقتۇر . بۇ ئىككىلا سۈپەت ھەزرىتى تەڭرىتائالانىڭ سۈپىتىدۇر . پاك ۋە يۈكسەك تەڭرىنىڭ كامالىتى ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ بولسا نۇقسانلىق ئىكەنلىكى ، زاۋاللىققا يۈزلىنىشنىڭ ۋە يوقىلىشنىڭ مۇقەررەر ئىكەنلىكىنى داۋاملىق مۇلاھىزە قىلىپ كەلىمەئى تەييىبە «لائىلاھە ئىللەللاھ» ، يەنى «بىرلا ئاللادىن ئىبارەت سۆيۈملۈك تەڭرىدىن باشقا ئىلاھ يوق» دېگەن كەلىمىنى مۇلاھىزە قىلىپ ، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان مەزمۇننى تەكرار ـ تەكرار مۇلاھىزە قىلسا ، كىشىنىڭ خۇدايىتائالاغا بولغان مايىللىقى ۋە تەڭرىدىن باشقىلاردىن كۆڭۈل ئۈزۈشى شۇ دەرىجىدە كۈچىيىدۇكى ، پۈتكۈل مەخلۇقاتتىن كۆڭلى تولۇق ئۈزۈلىدۇ ،

خۇدايىتائالادىن باشقىلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇيدۇ . ئەگەر كىشى بۇ مەزمۇننى بىلگەندىن كېيىنمۇ بۇ ھالەت يۈز بەرمىسە ، بۇ ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردىن بىرەرسىگە ئېتىقاد قىلمىغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر ، ياكى ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى ئىنسانىي پارلاقلىقىنىڭ يوقالغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇركى ، شۇ تۈپەيلىدىن ئۇ كىشىدە بۇ ئەھۋاللاردىن تەسىرلىنىش قابىلىيىتى يوقتۇر . خۇدا ساقلىسۇنكى ، بۇنداق تائىپە گويا چاھارپاي قاتارىدا بولۇپ ، ئۇلار «چاھارپايلارغا ئوخشاش ، ئۇلاردىنمۇ بەتتەردۇر .»[1] ئۇلار گەرچە بۇ ئالەمدىن ئىمان بىلەن كەتسىمۇ ، لېكىن تەبىئىتىدە قابىلىيەتتىن ئەسەر بولمىغانلىقتىن ئۇ ئالەمدە ئۆز ئەخلاقىغا ماس ھالدا ھايۋان سۈرىتىدە قوپىدۇ . بۇ ھەقتە ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ ئېيتقان ھەدىسلىرى بار .

مۇشۇ يەرگە كەلگۈچە ھەزرىتى مەۋلىۋى جامىنىڭ سۆزلىرىدۇر .

ئەمدى باشتا ئېيتىلغان تۆت مەزمۇندىن بايان قىلايلى . ھەزرىتى مەۋلىۋى جامى ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك «بەزىدە خۇدايىتائالانى يادىغا ئالمايدىغان ھېچقانداق ئادەم يوق . خۇدايىتائالانى يادىغا ئالماق باشقا بىر ھەقىقەتتۇر .» چۈنكى ، زىكىر قىلىشتىن مۇراد خۇدايىتائالانى ئەسكە ئېلىشتۇر . ئەمما ، بۇنىڭ بىلەنلا يېتەرلىك بولمايدۇ . چۈنكى ، مۇسۇلمانلا ئەمەس ، كاپىرمۇ خۇدايىتائالانى يادىغا كەلتۈرىدۇ . بىراق ، بۇنداق يادىغا كەلتۈرۈش بىلەنلا كىشى دەرۋىش بولالمايدۇ . ئەگەر خۇدايىتائالانى ئەسكە ئېلىش بىلەنلا دەرۋىش بولىدىغان بولسا ، بازاردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دەرۋىش بولۇشى كېرەك بولىدۇ . ھالبۇكى ، ئىش ئۇنداق ئەمەس ، چۈنكى دەرۋىشلىك يولىغا كىرگەن كىشى ئالدى بىلەن چىن دىلىدىن تەۋبە قىلىشى ، ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسىنى

① «قۇرئان كەرىم» ، 25 ـ سۈرە فۇرقان ، 44 ـ ئايەتنىڭ ئاخىرقى قىسمى .

پاكلاپ، تەرىقەت شەرتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشى ۋە بىر پىرى كامىلغا مۇرىت بولۇپ قول بېرىشى لازىم. تەرىقەتنىڭ مەشھۇر سۇلۇكلىرى ئىچىدە تەلەپكارلار ئارىسىدا ئۈچ يول بار. بۇ ئۈچ يولنىڭ بىرىنچىسى زەكات (پاكلىق) يولى، بۇ يولدا ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ سۆزلىرى بويىچە ھەممە زىكىرلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى كەلىمەئى تەييىبەدۇر. ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — بۇ ھەقتە: «زىكىرلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ‹بىر ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوق› دېگەن كەلىمىدۇر» دېگەن. ئىككىنچىسى قۇربەت (يېقىنلىق) يولىدۇر. بۇ يولغا كىرگەنلەر تەڭداشسىز تەڭرىنى ئوخشىشى ۋە مىسلى يوق دەپ بىلىپ، ئۇنى پۈتكۈل مەخلۇقلارنىڭ ئەھۋالىدىن تاشقىرى دەپ تونۇغان ھالدا ئۇنىڭ دەرگاھىغا يۈزلىنىشى كېرەك. تەڭرىگە شۇنداق يۈزلىنىش كېرەككى، پۈتكۈل ئالەمنىڭ پەرۋىشكارى بولغان تەڭرىدىن ئىبارەت پاك زاتتىن ئۆزگىسىنى ئەسكە كەلتۈرمەسلىك لازىم؛ ئەمما بۇ ئىنتايىن مۇشكۈل ئىشتۇر. بۇنداق بەخت مۇيەسسەر بولغان سائادەتمەن بەندە مۇراقىب (ئاللانىڭ يېقىن كىشىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچىسى رابىتە (ئالاقە، ۋاستە) يولىدۇر. بۇ يولدىكىلەرنىڭ چىراي - تۇرقىغا قاراپ، ئۇ كىشىنى كۆرۈش بىلەنلا تەڭرىتائالا ئەسكە چۈشىدۇ. بۇ ئاشۇ كىشىنىڭ تەڭرىتائالاغا دائىم يۈزلەنگەنلىكىنىڭ مۇبارەك پېشانىسىدىكى ئالامىتىدۇر. ئۇ كىشى تەڭرىنىڭ جاھاننەما ئەينىكى بولغاندەك ئۇنىڭغا يۈزلىنىش بىلەنلا تەڭرىتائالا يادىمىزغا چۈشىدۇ. «مۇراقىبە» (يېقىنلىق) دېگەن سۆز ۋەزىن جەھەتتە «مەفائىلە» دېگەن تۈردىكى سۆز بولۇپ، بۇ تۈردىكى سۆزلەر مەنە جەھەتتە ئىككى تەرەپلىمىلىكنى تەقەززا قىلىدۇ، يەنى بەندە تەڭرىگە مۇراقىب (يېقىن) بولسا، تەڭرىمۇ بەندىگە مۇراقىب بولغان بولىدۇ.

ئاللانىڭ يېقىن كىشىلىرى ئىچىدە يەنە بىر قىسىم كىشىلەر

باركى، كۆرۈنۈشتە ئۇلارنىڭ پىرى - يېتەكچىسى يوق، ئۇلارنى «ئۇۋەيسىي» دەپ ئاتايدۇ. ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام — تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — ئۇۋەيس قەرەنىي — ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — نى ئۆزىنىڭ ئىلتىپات ئالىقىنىدا ۋە مەرھەمەت سايىسىدە غايىۋانە تۇتۇپ پەرۋىش قىلغان. ئۇۋەيس قەرەنىي ئانھەزرەتنىڭ ھاياتلىق ۋاقىتلىرىدا بار ئىدى، ئەمما ئانھەزرەت بىلەن كۆرۈشۈش، ھەمسۆھبەت بولۇش شەرىپىگە ئېرىشەلمىگەنىدى. كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئانھەزرەت — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئۇمەر — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — گە ۋەسىيەت قىلىپ: «مەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن سىلەر بېرىپ ئۇۋەيس قەرەنىي بىلەن كۆرۈشۈڭلار، خۇدايىتائالا قىيامەت كۈنى كۆپ خەلقنى ئۇۋەيس قەرەنىينىڭ شاپائىتى بىلەن جەننەتكە كىرگۈزىدۇ» دېگەنىدى. شۇڭا، ئۇۋەيس قەرەنىيدىن كېيىن ھەرقانداق كىشى بىرەر شەيخنىڭ روھىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەۋلىيالىق مەرتىۋىسىگە يەتسە، ئۇنى «ئۇۋەيسىي» دەپ ئاتايدىغان بولدى. شۇ جۇملىدىن بايەزىد بىستامى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ كۆرۈنۈشتە پىرى ياكى مۇرشىدى يوق ئىدى، ھەزرىتى ئىمامى جەئفەرى سادىق — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نىڭ روھلىرىدىن تەربىيەت تاپقانىدى، لېكىن ھەزرىتى ئىمامى جەئفەرى سادىق — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نى كۆرمىگەنىدى. يەنە شەيخ ئەبۇلھەسەن خەرەقانى ھەزرىتى بايەزىد بىستامىنىڭ روھلىرىدىن تەربىيەت تاپقانىدى. بۇ خىل مەرتىۋە قايسى سائادەتمەن كىشىگە نېسىپ بولسا، ئۇلۇغلۇق ماقامىغا يەتكەن بولىدۇ.

شۇنداق دېيىلىدۇكى، يۈكسەك ۋە پاك تەڭرى دەرگاھىدىن ئىلتىپات قىلىنىدىغان مۇراقىبە ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرى خەلقنى يوقلۇق كۆزىدىن ۋە فانىيلىق ھۇجۇمىدىن (يوقلىشتىن) مۇھاپىزەت قىلىش. «ئاللا ھەممە نەرسىنى

كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر»[1] دېگەن كەرەملىك ئايەت بۇنىڭغا دەلىلدۇر. يەنە بىرى بەندىلەرنى قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىشلاردا كۆزىتىپ تۇرۇش. بۇلار ئەمىر ۋە نەھى (بۇيرۇلغان ۋە توسۇلغان) ئىشلار جۈملىسىدىندۇر. ئەمما، بەندە تەرەپتىن تەڭرىگە بولغان مۇراقىبە ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچىسى، پاك ۋە يۈكسەك تەڭرىنىڭ ھەممە ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئىشلىرىنى كۆرۈپ - كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئويلاش. بۇ مۇراقىبەنىڭ مېۋىسى، ھاياتلىقنىڭ سۈپىتىدۇر. بۇنى تەسەۋۋۇپتا ۋە تەرىقەت ئەھلىنىڭ ئىستېمالىدا «مۇراقىبەتۇل - مۇراقىبە» (يېقىنلىقنىڭ يېقىنلىقى) دەپ ئاتايدۇ. ئىككىنچىسى، قۇۋايى زاھىرى (تاشقى ئىقتىدار) ۋە ئەقلىنى مەخلۇقاتقا سەرپ قىلىشتىن مۇھاپىزەت قىلىش. ئۈچىنچىسى، كۆڭۈلنى پاك ۋە يۈكسەك تەڭرىدىن باشقىسىدىن مۇھاپىزەت قىلىش بولۇپ، بۇ كۆڭۈلگە ئاللادىن باشقىسىنىڭ پىكرى مۇتلەق يول تاپالمىسۇن، دېگەنلىكتۇر.

بۇ يەردىكى مۇراقىبەدىن مەقسەت شۇكى، تەرىقەت ئەھلى ئۇنىڭ ئىش - ئەمەللىرىگە مەشغۇل بولۇپ، ئاشۇ مەرتىۋىنى ھاسىل قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بەزىلەر «كەلىمەئى تەييىبە»نى جەھرە (يۇقىرى ئاۋاز) بىلەن ياكى خۇفىيە (مەخپىي، يوشۇرۇن) تەكرار ئوقۇيدۇ، بەزىلەر «كەلىمەئى تەييىبە»نى تولۇق ئوقۇيدۇ. ئۇلارنىڭ دەلىلى شۇكى، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى سىددىق — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — بۇ ھەقتە: «مەن ئالدىنقى كەلىمە (جۈملە)نى ھەرگىز ئىككىنچى كەلىمىدىن ئايرىپ ئېيتمىدىم» دېگەنىكەن. شۇڭا، بىزنىڭ خاجەلىرىمىز بۇ كەلىمىنى تولۇق ئېيتىشنى ئىختىيار قىلغان. تەرىقەت ئەھلى يۇقىرىدا بايان قىلغان مەزمۇنلارغا ئەمەل قىلمىسا بولمايدۇ، تەرىقەت ئەھلىنىڭ نەزىرىدە بايان قىلماقتىن ئەمەل قىلماق ئەلادۇر. شۇنداق بىر تەمسىل

---

① «قۇرئان كەرىم»، 33 ـ سۈرە ئەھزاب، 52 ـ ئايەتنىڭ ئاخىرقى قىسمى.

باركى ، شېكەرنىڭ ئىسمىنى ھەرقانچە ئاتىغان بىلەن تاكى شېكەرنى يېمىگۈچە ئېغىز تاتلىق بولمايدۇ .

يەنە بىلمەك كېرەككى ، خۇدايىتائالا بەندىلىرىنى ئىككى خىل ئۇسۇلدا پەرۋىش قىلىپتۇ . بەزىلەرنى پېقىرلىق يولىدا پەرۋىش قىلىپتۇ ، يەنە بەزىلەرنى باياشاتلىق لىباسلىرى ئىچىدە پەرۋىش قىلىپتۇ . بۇ ئىككى خىل يولنىڭ ھەر بىرىگە ھەدىسلەردىن دەلىل ـ ئىسپاتلار كۆپ . بۇ سۆز ئەسناسىدا ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇناجاتلىرى ھەققىدىكى قىسسە ئېسىمگە چۈشتى :

شۇنداق نەقىل قىلىندۇكى ، ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇناجات قىلىپ : «ئەي پەرۋەردىگار ، دوستلىرىڭدىن بىرەرسىنى ماڭا كۆرسەتكىن » دېگەندى ، «ئەي مۇسا ، پالان يەردىكى ۋەيرانىگە بارساڭ ، دوستلىرىمدىن بىرىنى كۆرىسەن » دېگەن خىتاب كەلدى . ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇ ۋەيرانىگە بېرىپ قارىسا ، بىر پېقىر كىشى مىسكىن ۋە خاراب ھالەتتە يېتىپتۇ . يەنە : «ئەي تەڭرىم ، دوستلىرىڭدىن يەنە بىرىنى كۆرسەتكىن » دەپ مۇناجات قىلغانىدى ، «پالان دەرگاھقا بارغىن » دەپ نىدا كەلدى . ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇ دەرگاھقا بارسا ، تاشقىرىدا ياساۋۇللار تۇرۇپتۇ ، كەلگەن ـ بارغانلارنى پادىشاھلارچە رەسىم ـ قائىدە بويىچە كىرگۈزۈۋېتىپتۇ . ھەزرىتى تەڭرىتائالادىن : «ئەي مۇسا ، مېنىڭ دوستلىرىمدىن بىرى مانا مۇشۇ » دېگەن خىتاب كەلدى . ھەزرىتى مۇسا — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — يەنە مۇناجات قىلىپ : «ئەي پەرۋەردىگارىم ، بىر دوستۇڭنى شۇنچە پېقىر ۋە ئاجىز ، يەنە بىر دوستۇڭنى شۇنچە يۇقىرى مەنسەپ ۋە مەرتىۋىلىك قىلىپسەن ، بۇ ھېكمىتىڭدىن ئەجەبلىنىپ قالدىم » دېگەنىدى ، يەنە : «ئۇ دوستۇمنىڭ سالاھىيىتى ۋە ياخشىلىقى پېقىرلىقتا ئىدى ، شۇ سەۋەبتىن ئۇنى پېقىر قىلدىم . ئەگەر ئۇنى باياشات قىلغان بولسام ، ئۇنىڭ دىلىغا بۇزۇقلۇق ، يامانلىق

يۈزلەنگەن بولاتتى. بەندىلىرىمنىڭ ھالىنى مەن ئەڭ ياخشى بىلىمەن» دەپ خىتاب كەلدى.

مەجبۇري پېقىرلىق ئىختىيارى پېقىرلىقتىن ئەۋزەلدۇر. مەجبۇري پېقىرلىق شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، خۇدايىتائالا بەندىگە پېقىرلىقنى لايىق كۆرگەنلىكتىن ئۇنى پېقىرلىق يولىغا سېلىپتۇ.

بەندە ھەر ھالدا شۇنى بىلسۇنكى، دۇنيا ئەسۋابلىرى، ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تىرىكچىلىك ئۈچۈن لازىمدۇر، بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ زىيىنى يوق. بۇ ھەقتە ھەزرىتى مەۋلىۋى رۇمى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — ئۆزىنىڭ «مەسنەۋى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: نەزم:

چىست دۇنيا ئەز خۇدا غافىل شۇدەن،
ني قۇماشۇ نوقرەۋۇ فەررەندۇ زەن.

(ھەرنە غافىل قىلۇر ھەقدىن، ئوشۇل دۇنيا ئېرۇر،
نە زەنۇ فەرزەندۇ سىمۇ نۇقرەۋۇ كالا ئېرۇر.)

ئەگەر دەرۋىشكە سۇلەيمان پەيغەمبەرنىڭ مال - مۈلكىلىرىنى بەرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا باغلىنىپ قالمايدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا بۇ مال - مۈلۈكلەرنىڭ ئۇنىڭغا ھېچقانداق زىيىنى يوق. شۇ جۈملىدىن ھەزرىتى شەيخ مەجدىددىن باغدادى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ سەپەرلىرى ئۈچۈنلا ھەر يىلى ئىككى يۈز [مىڭ] تىللا خىراجەت قىلىناتتى. ئۇ: «كۆڭۈلنى خۇدايىتائالادىن باشقىغا تەۋە بولۇشتىن مۇھاپىزەت قىلىش كېرەك. چۈنكى، ئاخىرقى نىجاتلىق، مەڭگۈلۈك بەخت ۋە ئەبەدىيلىك مەرتىۋە شۇنىڭدىن ھاسىل بولغۇسىدۇر» دېگەن. «توغرا يولغا ئەگەشكەن كىشى (ئاللانىڭ ئازابىدىن) ئامان قالىدۇ،»①

---

① «قۇرئان كەرىم»، 20 - سۈرە تاھا، 47 - ئايەتنىڭ ئاخىرقى قىسمى.

«پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا (سوراقفا تارتىلىشتىن) قورقىدىغان، ئۆزىنى نەپسىنىڭ خاھىشىغا بېرىلىشتىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەتتە بولىدۇ.»①

## سەكسەن ئالتىنچى باب

# ھەزرىتى [مەخدۇمى] خاجەئى نۇرەنىنىڭ زىكىر-لىرىنىڭ تۇگەللىمىسى ۋە بۇ ئېغىر ئىشقا يەڭگىللىك بىلەن كىرىشكەنلىكىمنىڭ ئۆزرىسى

گەرچە ھەزرىتى خاجەئى نۇرەنىنىڭ زىكىرلىرىگە تىل سوزۇش — بۇ پەقىرنىڭ ھەددىم بولمىسىمۇ، لېكىن سۆزنىڭ مۆرىتى ۋە تەرتىپى مۇناسىۋىتى بىلەن ھەزرىتى خاجەئى نۇرەنىنىڭ زىكىرلىرىنى قىلىش زۆرۈر ۋە لازىم بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى تەرىقەت بايانلىرى ۋە سۇلۇك ئەدەپلىرى ھەققىدىكى مەزمۇنلار ئۇ زاتنىڭ سىلسىلە كىتابلىرىدىن نەقىل قىلىندى. پەقىرنىڭ ئۇ سۆزلەرنى توپلىغاندىن باشقا مۇناسىۋىتىم يوق.

ھەزرىتى خاجەگان (خاجەلەر) — ئۇلارنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ كىتابلىرىدىن شۇنداق مەلۇم بولىدۇكى، زىكىر قىلىش يولى ئۈچ خىلدۇر، بۇلار: زىكرى قەلبىي (كۆڭۈلدە زىكىر قىلىش)، زىكرى خۇفىيە (يوشۇرۇن زىكىر

① «قۇرئان كەرىم»، 79 ـ سۈرە نازىئات، 40 ـ ئايەتنىڭ كېيىنكى قىسمى ۋە 41 ـ ئايەت.

قىلىش ) ۋە زىكرى جەھرىي (يۇقىرى ئاۋازدا زىكىر قىلىش ) قاتارلىقلار . ئالەمنىڭ خوجىسى ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — ھايات ۋاقتىدا ئۇلۇغ ساھابىلەرى ئىچىدىن ئىككى كىشىنى ئۆزىنىڭ شەخسىيەتلىرىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغۇزدى ۋە ساھابىلەردىن تولىسىنى شۇلارغا ھاۋالە قىلغانىدى . زىكرى قەلبىينى ئىماملارنىڭ ھەقىقىي ئەۋزىلى ھەزرىتى ئەبۇبەكرى سىددىق — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — غا تاپشۇرغانىدى . زىكرى خۇفىيەنى تەقۋادارلارنىڭ ئىمامى ، تەڭرىنىڭ غالىب يولۋىسى ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب — ئاللا ئۇنىڭ تۆپەيلىدىن ياخشىلىق ئاتا قىلغاي — قا تاپشۇرغانىدى . زىكرى جەھرىينى دىن يولىدا ئىجتىھات قىلغۇچى مۇجتەھىدلەر ۋە تەرىقەت پېشۋالىرى ۋاقىتقا قاراپ ، خالايىقنىڭ ئىستىبداتىغا مۇۋاپىق كۆرۈپ ئىختىيار قىلىپتۇ . ئالەمنىڭ خوجىسى ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — بەزى مەخسۇس ۋاقىتلاردا يۇقىرى ئاۋازدا تەكبىر ئېيتقان ، يۇقىرى ئاۋازدا زىكىر قىلغان . زىكرى جەھرىي شۇنىڭدىن باشلانغان ، خۇددى ھېيت ئەتىگىنىدە ۋە باشقا بىرقانچە خاس ۋاقىتلاردا يۇقىرى ئاۋازدا تەكبىر ئېيتىلغىنىدەك .

ھەزرىتى ئىمام ئەبۇيەئقۇب يۇسۇف[①] ئىبنى ئەييۇب ئەل ـ ھەمەدانى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ «مەقامات»لىرىدا [جاھاننىڭ خوجىسى] ھەزرىتى خاجە ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانى مۇنداق سۆزلەرنى يېزىپتۇ : «بۇ زىكىر باشتا ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستەفا — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ كۆڭلىدىن ھەزرىتى ئەبۇبەكرى سىددىق — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نىڭ كۆڭلىگە يەتتى . ھەزرىتى ئەبۇبەكرى سىددىق — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نىڭ

---

① بۇ ئىسىم پارسچە بىرىنچى ، ئىككىنچى نۇسخىلاردا «ئەبۇيۇسۇف يەئقۇب» دېيىلگەن ، تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «خاجە مۇھەممەديۇسۇف» دېيىلگەن .

كـۆڭلـىدىن ھـەزرىتـى سـەلمـان فارس — ئـاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نىڭ كۆڭلىگە يەتتى . ئۇ زاتنىڭ كۆڭلىدىن ھەزرىتى قاسىم ئىبنى مۇھەمـەد ئىبنـى ئەبـۇبـەكرى سىددىق — ئـاللا ئـۇنىڭدىن رازى بولغاي — نىڭ كۆڭلىگە يەتتى ، ئۇ زاتنىڭ كۆڭلىدىن ھەزرىتى ئىمامى جەئفەرى سادىق — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نىڭ كۆڭلىگە يەتتى ، ئۇنىڭدىن ئارىپلار سۇلتانـى ھەزرىتى بايـەزىد [بىستـامى] — ئـۇنىڭ سىرلىرى مۇقـەددەس بولغاي — نىڭ كۆڭلىگە يەتتى ، ئۇنىڭدىن ھەزرىتـى شەيخ ئەبۇلھەسەن خەرەقانىنىڭ كۆڭلىگە يەتتى ، ئۇ زاتنىڭ كۆڭلىدىن شەيخ ئەبۇلقاسىم گۇرگانىنىڭ كۆڭلىگە يەتتى ، ئۇنىڭدىن شەيخ ئەبۇئەلى فارمەدى [تۇسى]نىڭ كۆڭلىگە يەتتى ، ئۇنىڭدىن ھەزرىتى سەيخ ئەبۇيەئقۇب يۇسۇف ئەل ـ ھەمەدانىنىڭ كۆڭلىگە يەتتى ، ئۇنىڭدىن پىقىر ئەبدۇلخالىق ئىبنى ئەبدۇلجەمىلنىڭ دىلىغا يەتتى . ماشايىخلاردىن كىمكى زىكرى قەلبىيگە مەشغۇل بولسا ، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى سىددىق — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — قا ئىقتىدا قىلغۇسى . »

ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن بولسا — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — بۇزرۇكۋار بوۋىسى خاجـە ناسىرىددىن ئۇبـەيدۇللا ئەھرار — ئۇنىڭ سىرلـىرى مۇقەددەس بولغاي — نىـڭ مۇرىتلىرىدىندۇر ، ھەزرىتى خاجە ئەھرار بولسا مەۋلانا يەئقۇب چەرخى — ئۇنىڭ سىرلـىرى مۇقەددەس بولغاي — نىـڭ مۇرىتلىرىدىندۇر ، مەۋلانا يەئقۇب چەرخى بولسا خاجەئى بۇزرۇك بەھائۇل ـ ھەق ۋەددىن خاجە نەقشىبەندى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ مۇرىتلىرىدىندۇر ، ئۇ زات خاجەئى بۇزرۇك سەييىد ئەمىر كەلالنىڭ مۇرىتلىرىدىندۇر ، سەييىد ئەمىر كەلال بولسا خاجە مۇھەممەد بابايى ساماسىنىڭ مۇرىتلىرىدىندۇر ، ئۇ زات خاجە ئەلى رامىتەنىنىڭ مۇرىتلىرىدىندۇر ، ئۇ زات خاجە مەھمۇد ئەنجىر فەغنەۋىنىڭ مۇرىتلىرىدىندۇر ، ئۇ زات خاجە ئارىف رىۋگەرىنىڭ مۇرىتلىرىدىندۇر ، ئۇ زات جاھان خوجىسى خاجە

ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىنىڭ مۇرىتلىرىدىندۇر [— ئاللا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ روھلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي .]

سۆز بۇ يەرگە يەتكەندە ، بۇ ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ھەربىرىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ۋە سۈپەتلىرىدىن ئازراق بايان قىلىش مۇۋاپىق ئىدى ، بىراق ھەرقانچە ئويلىساممۇ ئۆزۈمدە بۇنداق قىلغۇدەك لاياقەتنى تاپالمىدىم . [ بېيىت :

يارى تۇ ماھى سەماۋۇ تۇ زىخاكى قەدەمى ،
تۇ كۇجا ، يار كۇجا ، ئىن چە خەيالەست ، ئەي دىل .

(يارىڭ ئاسماندىكى ئايدۇر ، سەن ئۆزۈڭ يەردىكى لاي ،
سەن كىممۇ يار ئۆزى كىم ، بۇ نە خىيالدۇر ، ئەي دىل .] )

شۇنى بىلدىمكى ، بۇ ئىش ھەقىقەتەن پەقىرنىڭ ھەددى ئىمكانىيىتىدىن تاشقىرى ئىش ئىكەن . شۇنداقتىمۇ سۆزنىڭ باغلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن مۇشۇنچىلىك جۈرئەت قىلدىم . بۇنىڭ ئىچىدە خۇدا ۋە رەسۇلنىڭ رازىلىقىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان يېرى بولسا ، بۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورايمەن . ئەي تەڭرىم ، سەن بىلگۈچى ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن ، بىز ئاجىز ۋە نادانلارنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ ۋە نېمە ھەل بولىدۇ ؟ بېيىت :

ئىلاھا ، ئىلاھا ، خەتا ئەيلەدىم ،
كەرەم قىل ، ئۆزۈمگە جەفا ئەيلەدىم .

ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن ھىندىستانغا كەلگەندىن كېيىن ئاقسۇدىن يۆتكەپ كېلىپ بەدەخشانغا چىقارغان ئەمىن خاجە سۇلتاننى خان ئۇ يەردىن ھىندىستانغا كېتىشكە يارلىق قىلدى . گەرچە خاننىڭ بۇ ئىشى مەملىكەت ۋە سەلتەنەت مەسلىھىتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن بولغان بولسىمۇ ، لېكىن خان رەھىم ـ شەپقەتنى ئۆزۈشنى ئۆزىنىڭ زاتىغا مۇۋاپىق كۆرمىدى . ئەمىن خاجە سۇلتان

ھىندىستانغا بېرىپ ، ئۇ يەردە ئۆز ئەجىلى بىلەن ۋاپات بولدى . ئەمىن خاجە سۇلتاننىڭ چوڭ ئوغلى مەسئۇد سۇلتان ئاتىسىنىڭ ئارقىسىدىن باردى . خىزىر خاجە سۇلتان ، مەھدى سۇلتان ۋە ئىسان دەۋلەت سۇلتان قاتارلىقلار ھەر بىرى بىر يەردە سەرگەردان يۈرۈۋاتىدۇ . ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىشنىڭ مەقسەت بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ، ئۇلار ھەققىدە تەڭرىنىڭ ئىرادىسى قانداق بولسا ، شۇنداق بولغۇسى .

## سەكسەن يەتتىنچى باب

# بابۇر پادىشاھنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئاخىرى ۋە ئىشلىرىنىڭ تۈگەللىمىسى

يۇقىرىدا پادىشاھنىڭ ئەھۋالى قىسقىچە بايان قىلىنىپ ، «شۇنچىۋالا خەزىنىلەر ۋە مال ـ مۈلۈكلەر بابۇر پادىشاھنىڭ قولىغا چۈشتىكى ، پۈتكۈل ئالەم ئەھلى ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولدى» دېگەن يەرگە كەلگەندى . [ئۇنىڭ تارىخى ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن :

**رۇبائىي :**

زەھىرىددىن مۇھەممەد شاھ بابۇر ،
سىكەندەر دەۋلەتۇ بەھرام سەۋلەت .
بەدەۋلەت كەرد فەتھى خەتتى ھىندى ،
كى تارىخ ئامەدەش «فەتھ بەدەۋلەت[1] » .

---

① فەتھ بەدەۋلەت (فتح بدولت — بەختلىك ئىشغالىيەت ) دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنگەندە ، ھىجرىيە 930 ـ يىلى (مىلادىيە 1524 ـ يىلى ) كېلىپ چىقىدۇ .

(زەھىرىددىن مۇھەممەد شاھ بابۇر ،
ئىسكەندەر دۆلەتلىك ، بەھرام سۆلەت .
سائادەت بىلەن ئالدى ھىندى يۇرتىن ،
ئۇنىڭ تارىخى كەلدى «فەتھ بەدەۋلەت .» )

بۇ ئەھۋاللار يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتتۇلدى .
پەقىر ھىندىستانغا كەلگەندىن كېيىن سەلتەنەت ئىشلىرىنىڭ تەشەببۇسكارى ۋە باشلامچىسى بولدۇم . بۇ ئەھۋال كېيىنچىرەك زىكىر قىلىنغۇسى .
بابۇر پادىشاھ سۇلتان ئىسكەندەر ئاۋغانىنىڭ پۇتكۇل تەۋەلىكىنى ئىلكىگە ئالدى . ھىندىستاننىڭ راجەسى رانا سەنگا نەچچە لەك[1] لەشكەر بىلەن بابۇر پادىشاھنىڭ ئۇستىگە نەچچە قېتىم كەلدى . ھەر نۆۋەتلىك ئۇرۇشتا [بابۇر] پادىشاھ ئۇنى مەغلۇپ قىلدى ، شۇنىڭدىن كېيىن يارلىقلىرىنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى «غازى» (كۇرەشچى ) دەپ يازدۇردى . ئۇنىڭدىن كېيىن چىتۇر تەرەپكە قاراپ يۇرۇش قىلدى ، ئۇ يەردە غەلىبىلىك ئۇرۇشلارنى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشغالىيەتلەرنى قىلىپ پەتھى - نۇسرەت بىلەن ياندى . پۇتكۇل ھىندىستاننى ئىلكىگە كىرگۈزۈشنىڭ پىكرى ۋە ھەرىكىتىنى قىلىۋاتاتتى ، خۇددى مۇنداق دېيىلگىنىدەك :
[مىسرا :

ئىن جۇملە تەۋان يافت سۇخەن دەر ئۇمرەست .

(سەن ئۆمرۈڭدە نېمىنى ئىزدەپ تېپىشقا ئۇلگۇرەلەيدىغىنىڭنى ئېيتقىن )] .

تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 937 - يىلى[2] بولغانىدى ، بابۇر

---

① لەك — يۈز مىڭ .
② ھىجرىيە 937 - يىلى مىلادىيە 1530 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ .

پادىشاھنىڭ شەرەپلىك مىزاجىغا بىرقانچە خىل كېسەل چاپلاشتى ، تېۋىپلار نۇرغۇن داۋالاپ باققان بىولسىمۇ پىايدىسى بىولمىدى . [مەسنەۋى :

چۈن قەزا ئەز پىشگەھ رويى نەمۇد ،
رەۋغەنى بادام خۇشكى مىفۇزۇد .
ئەز تەبىبۇ تىب نەيايەد يەك شىفا ،
ئىللەتۇ سىھھەت ھەمىدان ئەز خۇدا .

(كىشىگە قىلسا قازا گەر ئالدىنى ،
قورغاق كېلەر يېسە بادام يېغىنى .
تېب - تېۋىپتىن كەلمىگەي ھېچبىر شىپا ،
ئاغرىقۇ ساقلىقنى ھەم بەرگەن خۇدا . )]

پادىشاھنىڭ كېسىلىدىن ساقىيىش ئۈمىدى قالمىغانلىقتىن ، ھۇمايۇن مىرزىنى بەدەخشاندىن چاقىرىپ ئېلىپ كەلگەندى . بىر كۈنى ھۇمايۇن مىرزىنى ئالدىغا چاقىرىپ پۈتكۈل ئەمىرلەر ، پۇقرالار ۋە مەملىكەتنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى ، جاننى بولسا جاھاننىڭ پەرۋەردىگارىغا تاپشۇردى — ئاللا ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىنى يورۇق قىلغاي .

ھۇمايۇن مىرزا ئاتىسى بابۇر پادىشاھنىڭ ئورنىدا پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇردى . مۇھەممەد زەمان ئىبنى بەدىئۇززەمان مىرزا ئىبنى سۇلتان ھۇسەين مىرزا — ئۇ بابۇر پادىشاھنىڭ مۇلازىمىتىدە بولۇۋاتاتتى ۋە پادىشاھقا كۈيئوغۇل ئىدى — ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان بىرقانچىسى ھەر يەر ۋە ھەر تەرەپلەردە بۆلگۈنچىلىك ، قارشىلىشىش ناغرىلىرىنى چېلىۋاتاتتى . ھۇمايۇن پادىشاھ ھەممىسىنى سىلىق ۋە ئەپچىل تەدبىر بىلەن تىنچلاندۇردى ھەمدە ھىندىستان ئىقلىمىدىن ئاتىسى ئىشغال قىلالمىغان مەملىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشغال قىلىپ گۈجەراتقا

باردى ، گۆجەراتنىمۇ ئالدى . لېكىن ، بىر تۇغقانلىرىنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقى ، ئەمىرلىرىنىڭ قارىمۇقارشىلىقلىرى تۈپەيلىدىن گۆجەراتنى قويۇپ ياندى . قالغان ئەھۋاللار پات پۇرسەتتە زىكىر قىلىنغۇسى .

سەكسەن سەككىزىنچى باب

# سۇلتان سەئىدخاننىڭ جازا يۈرۈشى قىلىش نىيىتىدە تىبەتكە لەشكەر تارتقانلىقىنىڭ بايانى

ھەزرىتى مەخدۇمى خاجەئى نۇرەن — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — ھىندىستانغا يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن پەقىر ئاقسۇدىن كەلدىم ، رەشىد سۇلتانمۇ كەلگەندى . رەشىد سۇلتان شۇ قىشتا ئەھلى ئاياللىرى بىلەن كۆچۈنۈپ ئاقسۇغا كەتتى . شۇ يىلى باھار پەسلىدە خاننىڭ كۆڭلىدە تىبەتكە لەشكەر تارتىش نىيىتى كۆچەيدى . بۇ ۋەقەدىن ئىلگىرىمۇ ئەمىرلەر نەچچە نۆۋەت بېرىپ تىبەت[1]نى چاپقۇن قىلىپ نۇرغۇن ئولجا - غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ كەلگەندى ، لېكىن ئەمىرلەرنىڭ بىلىمسىزلىكى تۈپەيلىدىن تىبەت ئەھلى مۇسۇلمان بولۇش شەرىپىگە ئېرىشەلمەي قالغاندى . شۇ سەۋەبتىن خاننىڭ كۆڭلىدە تىبەتكە بېرىپ ، ئاللا يولىدا جازا يۈرۈشى قىلىش ئارزۇسى بار ئىدى ، بولۇپمۇ خاجەلەر — ئاللا ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي —

---

① تىبەت — ھازىرقى شىزاڭ ئاپتونوم رايونى تەۋەسىنى ۋە ئەتراپىدىكى لاداقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (مۇھەررىردىن) .

تەرىقىتىنىڭ سىلسىلىسىگە كىرگەندىن كېيىن خانىنىڭ كاتتا ھىممىتى دائىم شۇنىڭغا سەرپ قىلىنىشقا باشلىدى، خان پاك ۋە يۈكسەك تەڭرىنى ياد ئېتىش ۋە تەڭرى يولىدىكى ھەرقانداق ئىشلارنى قىلىشقا تەلەپكار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 938 ـ يىلى[①] خان جازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن تىبەتكە يۈرۈش قىلدى.

سۆزنىڭ مۆرىتى بۇ يەرگە كەلگەندە، تىبەتنىڭ زېمىنى، ھاۋاسى، سۇيى ۋە رەسىم ـ قائىدىلىرىنى بايان قىلىش زۆرۈر بولدى.

تىبەت شۇنداق يەرگە ئورۇنلاشقانكى، كۆپ سانكى خالايىقنىڭ ئايىغى ئۇ يەرگە يېتىپ باقمىغان. چۈنكى، تىبەت يولىنىڭ مۈشكۈللۈكتە ۋە قىيىنلىقتا ھەددۇپايانى يوق. تىبەت يوللىرى پۈتۈنلەي ئېگىز تاغ ۋە خەتەرلىك داۋانلار بولۇپ، ناھايىتى سوغۇق. ئۇ يەردە سۇ، چارۋىلارنىڭ يېمەكلىكى ۋە ئوتۇنلار ناھايىتى ئاز. شۇ سەۋەبتىن تارىخچىلارنىڭ قەدىمى يەتمىگەنلىكتىن، «مۇنجەمەل ـ بۇلدان»[②]، «جامى گىتىنەماي»، «مۇلھاقاتى ‹سۇراھ›» قاتارلىق مۆتىۋەر كىتابلاردا تىبەت ۋىلايىتى باشقا ۋىلايەتلەرگە ئوخشاش روشەن ۋە تەپسىلىي بايان قىلىنمىغان، بەلكى تىبەتنى بىر ۋىلايەت گۇمان قىلىپ بىرنەچچە نەرسىنى قىسقىچىلا بايان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تىبەتنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭا، تىبەت مەملىكىتىنىڭ كىتابلاردا ئۇچرىمايدىغان تەپسىلاتىنى بايان قىلىپ ئۆتمەي ئىلاج يوق.

---

① ھىجرىيە 938 ـ يىلى مىلادىيە 1532 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

② بۇ كىتاب ئىسمى پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا «مەجمەئۇل ـ بۇلدان»، پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «مۇئجەمەل ـ بۇلدان» دېيىلگەن.

## سەكسەن توققۇزىنچى باب

# تىبەت ۋىلايىتىنىڭ تاغ - باياۋانلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى [ھەمدە تۈبۈتلەرنىڭ رەسىم - قائىدىلىرى ۋە دىن - مەزھەپلىرىنىڭ] چۈشەندۈرمە بايانى

بىلمەك كېرەككى، تىبەتنىڭ زېمىنى سوزۇنچاق بولۇپ، شىمال بىلەن غەربىنىڭ ئارىلىقىنى بىلدۈرىدىغان پىكەن [بايىت] دىن جەنۇب بىلەن شەرق ئارىلىقىنى بىلدۈرىدىغان [بەكەنگە قاراپ] سوزۇلۇپ ياتقان ھالەتتە، ئۇزۇنلۇقى باشتىن - ئاياغقىچە سەككىز ئايلىق يولدۇر. توغرىسىغا [كەڭلىك مۇساپىسى] بىر ئايلىقتىن ئارتۇق ئەمەس، ئەمما ئون كۈنلۈكتىن ئازمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ بېشى پىكەن [بايىت] تەرىپى بولۇپ، بەلۇرىستانغا تۇتاشقان. بەلۇرنىڭ ئەھۋاللىرى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەندى. ئاياغ تەرىپى بولسا بەكەنى تەرەپ بولۇپ، خىتاينىڭ كانجافۇ[①] دېگەن يۇرتى تەۋەسىدىكى خوجو[②] ۋە سالارغىچە يېتىپ بارىدۇ.

يۇقىرىدا كاشغەر [ۋە] موغۇلىستان تاغلىرى ھەققىدە زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، پۈتكۈل تاغلار موغۇلىستان تاغلىرىنىڭ

---

① بۇ ئىسىم پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «كانجانفۇي» دېيىلگەن.
كانجافۇ — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى شىئەن شەھىرى دائىرىسىدە (مۇھەررىردىن).

② بۇ ئىسىم پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «جوجو» دېيىلگەن.
خوجۇ — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى دائىرىسىدە (مۇھەررىردىن).

شاخلىرىدەك يېيىلىپ كاشغەرنىڭ شىمال تەرىپىدىن ئۆتۈپ كاشغەرنىڭ جەنۇب تەرىپىگە بارىدۇ . فەرغانە ۋىلايىتى بىلەن كاشغەرنىڭ ئارىسىدا مۇشۇ تاغ پاسىلدۇر ، كاشغەر بىلەن فەرغانەنىڭ ئارىلىقىدىكى تاغلار ئالاي[1] دېيىلىدۇ . بەدەخشان ياركەندنىڭ غەرب تەرىپىدە بولۇپ ، ياركەند بىلەن بەدەخشاننىڭ ئارىسىدىمۇ ئاشۇ تاغ بار . بۇ تاغنىڭ ياركەند بىلەن بەدەخشان ئارىلىقىدىكى قىسمى پامىر[2] دېيىلىدۇ . پامىرنىڭ توغرىسىغا كەڭلىكى بەزى يەرلىرى سەككىز[3] كۈنلۈك يول بولۇپ ، ئۇ يەردىن ئۆتسە ياركەندنىڭ بەزى يىراق تاغلىرىدۇر ، بۇ تاغلار بەلۇرىستان تەۋەسىگە بېرىپ تۇتىشىدۇ ؛ راسكام ۋە تاغدۇمباش دېگەنگە ئوخشاش جايلاردىن ئۆتسە تىبەت زېمىنىدۇر .

بەدەخشان ياركەندنىڭ غەرب تەرىپىدە بولۇپ ، يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلدى . كەشمىر[4] ياركەندنىڭ قىش پەسلىدىكى كۈن ئولتۇرۇش تەرىپىدە ياركەند بىلەن كەشمىرنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان تىبەتنىڭ ۋىلايىتىنى بالتى[5] دەپ ئاتايدۇ . ئۇ يەردە بىر تاغ بولۇپ ، ئۇنىڭ توغرىسىغا كەڭلىكى پامىردىن كەڭرەك ، چۈنكى بالتىدا بۇ تاغنىڭ كەڭلىكى يىگىرمە كۈنلۈك يولدۇر . بۇ تاغنىڭ ياركەند تەرەپتىكى چىقىدىغان ئورنى سانجۇ داۋىنى ، كەشمىر تەرەپتىكى چۈشىدىغان يېرى ئەسكەردۇ داۋىنىدۇر . سانجۇ داۋىنى بىلەن ئەسكەردۇ داۋىنىنىڭ ئارىلىقى يىگىرمە كۈنلۈك يول .

---

① ئالاي — هازىرقى تاجىكىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئالاي تېغى بولۇشى مۇمكىن (مۇھەررىردىن ) .

② پامىر — مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ ، غەربىي قىسمى تاجىكىستاننىڭ تەۋەسىدە ، شەرقىي ۋە جەنۇبىي قىسمى جۇڭگو ۋە ئافغانىستاننىڭ تەۋەسىدە . تەڭرىتاغ ، قورۇم تېغى ، قارا قورۇم تېغى ۋە ھىندۇقۇش قاتارلىق تۆت تاغنىڭ تۇتىشىشىدىن شەكىللەنگەن چوڭ تاغ (مۇھەررىردىن ) .

③ بۇ سان پارىسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «يەتتە» دېيىلگەن .

④ كەشمىر — هازىرقى ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدا (مۇھەررىردىن ) .

⑤ بالتى — بالتىستان دەپمۇ ئاتىلىدۇ . كەشمىرنىڭ شىمالى ، لاداقنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن ) .

يەنە خوتەننىڭ قىش پەسلىدىكى كۆن ئولتۇرۇش تەرىپىدە ھىندىستاننىڭ لاھور[1] ، سۇلتانفۇر[2] ۋە باجۋارە دېگەندەك بەزى شەھەرلىرى بار ، ئارىدا ئاشۇ تاغ پاسىلدۇر . خوتەن بىلەن ھىندىستاننىڭ مەزكۇر شەھەرلىرىنىڭ ئارىسىدا تىبەت ۋىلايىتىنىڭ ئۇردۇق ، گۇگە (كۆكە ) ، ئەسپەتە[3] دېگەن تاغلىرى بار . شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىش كېرەككى ، بۇ تاغ خىتايغىچە يېتىپ بارىدۇ . بۇ تاغنىڭ كۈن ئولتۇرۇش - جەنۇب (غەربىي جەنۇب ) تەرىپى پۈتۈنلەي ھىندىستاندۇر . بىھرە[4] ، لاھور ۋە بەنگالە[5] قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ تاغنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان . ھىندىستاننىڭ ھەممە دەريالىرى مۇشۇ تاغدىن چىقىدۇ ، بۇ دەريالارنىڭ چىقىدىغان باش قىسمىنىڭ ھەممىسى تىبەت دىيارلىرىدۇر . تىبەتنىڭ شىمال - مەشرىق (شەرقىي شىمال ) تەرىپى ياركەند ، خوتەن ، چەرچەن ، لوپ ، كەتەك ۋە سارىغ ئۇيغۇردۇر ، قالغان قىسمى قۇملۇق بولۇپ ، خىتاينىڭ قامجو ، ساكجو[6] دېگەن يۇرتلىرىغا تۇتىشىدۇ .

تىبەت تاغلىرىدىن غەربىي جەنۇب تەرەپكە ئاقىدىغان نىلئاب دەرياسى ، بىھرە دەرياسى ، چىنئاب دەرياسى ، لاھور دەرياسى ، سۇلتانفۇر دەرياسى ، باجۋارە دەرياسىدىن سىند دەرياسى [ھاسىل

---

① بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قولىيازمىسىدا «ئۇرسەڭ» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان . پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا ، تېھران نەشرىدە ۋە تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «لاھور» دېيىلگەن . مەزمۇن ئېتىبارى بىلەنمۇ «لاھور» بولۇشى كېرەك ئىدى ، شۇڭا تۈزىتىپ ئېلىندى .

② سۇلتانفۇر — بىئاس دەرياسى ۋادىسىدىكى بىر شەھەر (مۇھەررىردىن ) .

③ ئۇردۇق ، گۇگە تاغلىرى ھازىرقى شىزاڭ ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدە ، ئەسپەتە ھازىرقى ھىندىستان تەۋەسىدە (مۇھەررىردىن ) .

④ بىھرە — ھازىرقى جەرۇم دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن ) .

⑤ بەنگالە — ھازىرقى بېنگال (مۇھەررىردىن ) .

⑥ قامجو — يەنى گەنجۇ ، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى جاڭيې دائىرىسىگە ؛ ساكجو — يەنى سۇجۇ ، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى جيۇچۇەن دائىرىسىگە توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن ) .

بولىدۇ ، جۇمنە دەرياسى بىلەن گانگ دەرياسى قاتارلىق دەريالار[1] بەنگالەگە بېرىپ دەريايى مۇھىتقا قوشۇلىدۇ .

تىبەت تاغلىرىدىن شەرقىي شىمال تەرەپكە قاراپ ئاقىدىغان ياركەند دەرياسى ، ئاققاش دەرياسى ، قاراقاش دەرياسى ، كېرىيە دەرياسى ، چەرچەن دەرياسى[2] قاتارلىق دەريالارنىڭ ھەممىسى كۆك نادىر[3]غا قۇيۇلىدۇ . كۆك نادىر بولسا مەزكۇر قۇملۇقتىكى بىر تاغدۇر . پەقىرگە بەزىلەر : «ئۇ تاغنى ئۇچ ئايدا ئايلىنىپ بولغىلى بولىدۇ» دەپ نەقىل قىلىپ بەردى . ئۇنىڭ ئايغى بىر چوڭ دەريا بولۇپ ، ئۇنى قارا مۇرەن خىتايى دەپ ئاتايدۇ .

بۇ بايانلاردىن مەلۇم بولىدۇكى ، تىبەت ھەممە جايلاردىن ئېگىز يەرگە ئورۇنلاشقان ، چۈنكى ئۇنىڭ سۈيى ھەممە يەرگە بارىدۇ . ھەرقانداق تەرەپتىن تىبەتكە بارماقچى بولسا ئېگىز داۋانلارغا چىقىدۇ ، ئەمما تۆۋەنگە چۈشمەيدۇ . تۆپىگە چىققاندىن كېيىن زېمىنى تۈز بولۇپ ، بەزى داۋانلاردا ئازراق تۆۋەنگە مايىللىراق چۈشىدىغان يەرلەر بار . شۇ سەۋەبتىن تىبەتنىڭ ھاۋاسى سوغۇق ، كۆپىنچە يەرلىرىدە ئارپا ۋە چامغۇردىن ئۆزگە ھېچقانداق زىرائەت پىشمايدۇ .

تىبەتنىڭ كۆپىنچە يەرلىرىدە يىلدا ئىككى ئاي يېشىللىق بولىدۇ ، بەزى يەرلىرىدە بولسا قىرىق كۈنلا ياز بولىدۇ . ئۇ قىرىق كۈن ئىچىدىمۇ تۈن يېرىمىدىن كېيىن ئېرىق سۇلىرى مۇزلايدۇ .

---

① تېھران نەشرى بىلەن خەنزۇچە نەشرىگە ئاساسەن تولۇقلاندى (مۇھەررىردىن) .

② قارا مۇرەن خىتايى — ھازىرقى چىڭخەيدىن باشلىنىدىغان خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئاتىلىشى ، بۇ دەريا يەنە ياشىل ئۆگۈز دەپمۇ ئاتىلىدۇ (مۇھەررىردىن) .

③ كۆك نادىر — خەنزۇچە نەشرىدە «كۆكنۇر» (Koko—naur) دېيىلگەن . ئەسلىي لوپنۇر (كۆلى) دېيىلسە توغرا بولاتتى . چۈنكى ، ياركەند دەرياسى ، ئاققاش دەرياسى ، قاراقاش دەرياسى (ئىككىسى قوشۇلۇپ خوتەن دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ) ، كېرىيە دەرياسى (ھازىر قۇملۇققا سىڭىپ كېتىدۇ) ، چەرچەن دەرياسى قاتارلىق دەريالار لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ . بۇ يەردە «كۆك نادىر» دېيىلگەندە لوپنۇر كۆلى كۆزدە تۇتۇلغان بولسا كېرەك (مۇھەررىردىن) .

تىبەتنىڭ ھەممە ۋىلايەتلىرىدە سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقى سەۋەبىدىن ھېچقانداق دەرەخ ياكى ئوت ـ چۆپلەر ئېگىز ئۆسمەيدۇ.

تىبەت خەلقى ئىككى توپقا ئايرىلغان، بىرى ئولتۇراقلاشقانلار بولۇپ، ئۇلارنى «يۇلپا» دەپ ئاتايدۇ. بەزى قىشلاق ۋە سەھرالىقلىرىنىڭ ئاجايىپ ئادەتلىرى بار، بۇنداق ئادەت ھېچقانداق تائىپىدە يوق. بۇنداق ئادەتلەردىن بىرى شۇكى، ئۇلار گۆش ياكى باشقا ھەر خىل غىزالارنى خام پېتى يەيدۇ، ئۇنى پىشۇرىدىغان ئادەت ئەسلا يوق. يەنە بىرى ئاتلىرىغا بوغۇز ئورنىدا گۆش بېرىدۇ. ھەممە يۈكلىرىنى قويغا يۈكلەيدۇ، ھەربىر قوي شەرىئەت پاتمىنىدا ئون ئىككى پاتمان يۈك كۆتۈرىدۇ. ئۇلار يۈكنى قويغا يۈكلەش ئۈچۈن خۇرجۇنلارنى تەييار قىلىپ، ئۇنىڭغا قوشقۇن ۋە كەمەلدۇرۇك بېكىتىپتۇ، ھاجەت بولمىسا ھېچقانداق ۋاقىتتا يۈكنى قوينىڭ ئۈچىسىدىن ئالمايدۇ.

يەنە بىرى «جانپا»[1] دەپ ئاتىلىدىغان سەھرالىقلار بار. ئۇلارنىڭ كۆنلىرى مۇنداق ئۆتىدۇ: قىشتا مەزكۇر تاغلارنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى ھىندىستانغا بارىدۇ. ئۇ يەرگە خىتاي[2]نىڭ ماللىرى، تۇز، تەنكار، فارفى، قوتاز، تىللا قاتارلىقلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇ تاغنىڭ ئېتىكىدىكى ھىندىلار بىلەن سودا قىلىدۇ. ئۇ يەردىن ھىندىستان ماللىرى ۋە كۆپ مىقداردا گۈرۈچ، بۇغداي قاتارلىقلارنى ئېلىپ قويلارغا يۈكلەپ ئەتىياز ۋاقتىغىچە ئۆلگۈرۈپ تىبەتكە كېلىدۇ، ئاندىن يەنە ئاستا ـ ئاستا يۈرۈپ قىش ۋاقتىغىچە خىتايغا يېتىپ بارىدۇ. تىبەت ماللىرىدىن خىتايدا لازىملىقلىرىنى ۋە ھىندىستان ماللىرىنى ئۇ يەردە سېتىپ، ئاندىن خىتاي ماللىرىنى ئېلىپ ئەتىياز پەسلىگىچە ئۆلگۈرۈپ تىبەتكە كېلىدۇ. يەنە قىش ۋاقتىغىچە ھىندىستانغا بېرىپ خىتايدىن ئېلىپ

---

① بۇ ئىسىم تېھران نەشرىدە «چەنپە» دېيىلگەن.

② بۇ يەردە ئوتتۇرا تۇزەڭلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ (مۇھەررىردىن).

كەلگەن ماللارنى ساتىدۇ، ئاندىن يەنە ھىندىستاندىن ئالغان ماللارنى خىتايغا ئاپىرىپ ساتىدۇ. مۇشۇ يوسۇندا ئون مىڭچە قويغا يۈك يۈكلەپ سودا قىلىدۇ. بۇ جانپا قەبىلىسى كۆپ خەلق، لېكىن يۇلپا قەبىلىسى ئۇلاردىنمۇ كۆپ بولۇپ، [ئۇنىڭ دۇلپا دېگەن بىر تارماق قەبىلىسىنىلا] ئەللىك مىڭ ئۆيلۈكتىنمۇ كۆپرەك دېيىشىدۇ، بۇنداق قەبىلىلەر كۆپ. پەقىر ئۇلارنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن سورىغاندىم، سانىنى بىلمەيدىكەن، ئاللا ئەڭ ياخشى بىلىدۇ.

يۇلپا قەبىلىسى نەچچە ۋىلايەتكە تارالغان، شۇ جۈملىدىن بالتىمۇ تىبەتكە تەۋە بولۇپ نەچچە ۋىلايەتتۇر. مەسلەن، پۇرىك، [خاپۇلە،] ئاشىگار، ئەسكەردۇ، لاداقس[1]، رۇدوك قاتارلىقلار. بۇ ۋىلايەتلەرنىڭ ھەربىرىدە نەچچىلىگەن قەلئە ۋە يۇرتلار بار، [پەقىر ئۇلارنى كۆردۈم.]

پەقىر تىبەت ۋىلايىتىدە ئۇچرىغانلا يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى شىددەت ۋە زورلۇق بىلەن ئېلىپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى جىزىيە بېرىشكە كۆندۈرۈپ سۇلھى قىلدىم. [بالتىدىن ئەسكەردۇ[2]غىچە] مارىيۇل، رۇدۇق، گۇگە، [لۇ، بۇراس] زۇنكې، مىنكاب، دىرسۇتروز[3] [نىسان، ھام، ئالاي لۇتۇڭ، تۇك، لابۇك ۋە ساياھىتىمدە كۆرگەن ئەڭ ئاخىرقى يەر بولغان ئەسكەبىرەق قاتارلىق يەرلەر بار. ئەسكەبىرەقتىن] تاكى بەنگالەگىچە يىگىرمە كۈنلۈك يولدۇر.

ئۇرسەڭ[4] قەدىمدىن بىرى خىتاي ۋە تىبەتنىڭ قىبلىگاھىدۇر. ئۇرسەڭدە بىر كاتتا بۇتخانا بار، ئەگەر ئۇنىڭ

---

① بۇ ئىسىم تېھران نەشرىدە «ۋارقىس» دېيىلگەن.
② بۇ ئىسىم تېھران نەشرىدە «زانسكار» دېيىلگەن.
③ بۇ ئىسىم تېھران نەشرىدە «زىرسۇدكانكار» دېيىلگەن.
④ ئۇرسەڭ — ھازىرقى شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى لاسانىڭ ئاتىلىشى (مۇھەررىردىن).

ئىمارىتى ۋە ئاجايىباتلىرىنى ئاڭلىسا ، ھېچكىم ئىشەنمەي يالغان ، مۇبالىغە دەپ گۇمان قىلىدۇ ، شۇڭا ئۇنى يازمىدىم . [قىسقىسى ، بۇ يەر خىتاي ۋە تىبەتنىڭ ئىلىم ۋە تەقۋادارلىق مەركىزىدۇر .]

## توقسىنىنچى باب

# تىبەت يۇرتلىرىنىڭ غارايىباتلىرىنىڭ زىكرى

پەقىر كۆرگەن تىبەت ۋىلايەتلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئادەملىرىنىڭ ئادەتلىرى شۇ تەقلىدتىكى ، ئۇنى پەقىرنىڭ قانچە بايان قىلغۇم كەلسىمۇ ، لېكىن يېزىش نېسىپ بولمىدى . ئەمما ، ئۆزۈم كۆرۈپ بايقىغان ۋە دۇچ كەلگەن بىرنەچچە ئاجايىپ نەرسىلەرنى ۋە ئۆزۈم يېزىشنى ئىستىگەن جايلارنى ئاجايىباتلار قاتارىدا يازماقچىمەن .

شۇلاردىن بىرى ئالتۇن كانىدۇر . جانپالار ئورۇنلاشقان كۆپلىگەن يۇرتلاردا ئالتۇن كانى بار ، شۇنىڭ ئىچىدە ئىككى كان ئاجايىپتۇر . ئۇنىڭ بىرىنى موغۇللار «ئالتۇنچى تىبەت» دەپ ئاتايدۇ . يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تارماق قەبىلىلەردىن دۇلپا قەبىلىسى شۇ يەردە ئىشلەيدۇ . ئۇ يەرنىڭ سوغۇقىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈكلۈكى تۈپەيلىدىن ئۇ يەردە بىر يىلدا قىرىق كۈندىن ئارتۇق ئىشلىگىلى بولمايدۇ . تۈز يەرلەردە گەملەر قېزىلغان بولۇپ ، بۇ گەملەر بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇلغان ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئادەملەر مېڭىپ تۇرالايدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر - بىرى بىلەن ئارىلىشىپ تۇرالايدۇ . ئۈچ يۈز ئۆيلۈك كىشى

دائىم ئاشۇ گەمىلەردە تۇرىدۇ ۋە يۈرىدۇ ، دېيىشىدۇ . بەزى موغۇللارنىڭ شۇ تەرەپلەرگە يولى چىقىپ بېرىپ قالسا ، ئادەملەرنى يىراقتىن كۆرىدۇ ، ئەمما يېقىنلاپ بارسا ، ئۇ ئادەملەر ھەممىسى گەمىلەرگە يوشۇرۇنۇۋالىدۇ ، شۇڭا ئۇلارنى ھېچكىم تاپالمايدۇ . ئۇ گەمىلەرنىڭ ئىچىدە قويىنىڭ ھېچ نەرسە قوشۇلمىغان ساپ قۇيرۇق مېيىدىن باشقا ھېچقانداق ماي يانمايدۇ . بۇ گەمىلەردىن تۇپراقنى ئېلىپ كېلىپ سۇدا چايقايدۇ . شۇنداق دېيىشىدۇكى — بۇنىڭ راست - يالغانلىقىغا ئۇنى رىۋايەت قىلغۇچى مەسئۇل — «ئۇ كانىنىڭ بىر غەلۋىر توپىسىدىن بەزىدە ئون مىسقال ئالتۇن چىقىدۇ . ئەگەر بىر ئادەم تۇپراقنى ئۆزى قېزىپ ، ئۆزى چىقىرىپ ، ئۆزى چايقىسا ، بىر كۈندە يىگىرمە غەلۋىر تۇپراقنى چايقىيالايدۇ . » گەرچە بۇنىڭغا ئىشىنىش قىيىن بولسىمۇ ، لېكىن تىبەتتە كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن بىردەكلا ئاشۇنداق دەپ ئاڭلىدىم . [شۇڭا ، بۇنى يازدىم .]

يەنە بىر ۋىلايىتى گۇگە بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئىككى يۈزگە يېقىن قەلئە ۋە يۇرت بار ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ كۈنلۈك يولدۇر . [ئۇنىڭ ھەممە يەرلىرىدە ئالتۇن بار ، تۇپراقلىرىنى قېزىۋېلىپ يەر يۈزىگە يايسا ئالتۇن چىقىدۇ .] ئۇ ئالتۇنلارنىڭ كىچىكلىرىمۇ ماشتەك ، نوقۇتتەك بار . بەزىلەر : «كۆپلىگەن يەرلەردىن قويىنىڭ جىگىرىدەك چوڭلۇقتا ئالتۇن چىقىدۇ» دەيدۇ .

پەقىر گۇگەگە جىزيە قويغىلى بارغان ۋاقتىمدا ، ئۇلارنىڭ چوڭلىرى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دېدى : «مۇشۇ يېقىندا بىر كىشى زىرائەت تېرىۋاتقانىكەن ، ئۇنىڭ بۇقۇرىسى بىر يەرگە ئىلىنىپ قېلىپتۇ . ئۇ ھەرقانچە ھەپىلەشكەن بولسىمۇ ، ھېچ ئاجرىتالماپتۇ . شۇڭا ، ئۇ يەرنى كولىغانىكەن ، بىر چوڭ تاش چىقىپتۇ ، ئۇ تاشنىڭ ئوتتۇرىسى پۈتۈن ئالتۇن بولۇپ ، بوقۇرسا شۇنىڭغا قادىلىپ قالغانىكەن . ئۇ كىشى بۇ ئەھۋالنى بېرىپ ھاكىمغا خەۋەر قىلىپتۇ . ھاكىم كېلىپ ئۇ تاشنى سۇندۇرغانىكەن ، ئىچىدىن

تىبەت مىسقالىدا مىڭ بەش يۈز مىسقال ئالتۇن چىقىپتۇ .»
تىبەتنىڭ بىر مىسقالى بىزنىڭ شەرىئەت ئۆلچىمىدە بىر يېرىم مىسقال بولىدۇ . گۇگەنىڭ ئالتۇنىنى خۇدايىتائالا شۇنداق پاكىز ۋە تازا قىلىپ يارىتىپتۇكى ، ئۇنى تۇپراقتىن قېزىپ ئېلىپ تاۋلاپ تازىلايدىغان بولسا بىر مىسقالمۇ كېمەيمەيدۇ . بۇ ھەيران قالارلىق بىر ئاجايىبات بولۇپ ، ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ ساپلىق دەرىجىسىنى بىلگۈچىلەرمۇ بۇنداق ئاجايىپ ئەھۋالنى ئالەمنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق يېرىدىن كۆرستىپ بېرەلمەيدۇ .
تىبەتنىڭ كۆپىنچە ۋىلايەتلىرىدە خىتاي ماللىرى بىلەن ھىندىستان ماللىرىنى تەڭلا ئۇچراتقىلى بولىدۇ .
تىبەتنىڭ ئاجايىباتلىرىدىن يەنە بىرى دەم تۇتۇلۇش (كېسىلى) بولۇپ ، موغۇللار ئۇنى «ئىس» دەيدۇ . بۇ خىل ئەھۋال تىبەتنىڭ ھەممە ۋىلايەتلىرىدە بار ، ئەمما قەلئە ۋە قىشلاقلىرىدا كەمرەك كۆرۈلىدۇ . بۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن كىشى ئىنتايىن بىئارام بولىدۇ ، ھەمىشە نەپىسى شۇ قەدەر سىقىلىدۇ ، بېلى خۇددى ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈپ ئېگىز تاغقا ئۇزاق ۋاقىت يۈگۈرۈپ چىققاندەك قىزىپ كۆيىدۇ ، بەلنىڭ بۇنداق قىزىپ كۆيۈشى تۇپەيلىدىن ئۇخلاشمۇ ئاسان بولمايدۇ . ئۇيقۇ بېسىپ كۆز يۇمۇلۇش بىلەنلا نەپەس سىقىلىپ كۆكرەك ۋە بەل قىزىپ ئەندىكىپ ئويغىنىدۇ ، بۇنداق چاغدا ھەممە ئادەمگە ھەر دائىم ئاشۇنداق ئەھۋال يۈزلىنىدۇ . بۇ خىل ئەھۋال كۈچەيگەندە خۇددىنى يوقىتىپ قالايمىقان سۆزلىگىلى تۇرىدۇ ، بەزىدە ھەتتا سۆزلىگۈدەكمۇ ماجالى قالمايدۇ . يۈزلىرى ، قوللىرى ۋە ئاياغلىرى ئېسىلىپ غەلىتە بولۇپ قالىدۇ . ئاشۇ ھالەتتە يېتىپ تاڭ پەيتى ياكى چاشگاھ ۋاقتىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ . بەزىلەر ئاشۇنداق ھالەتتە نەچچە كۈنگىچە يېتىپ ئەجىلى يەتمىگەن بولسا ، بىرەر قەلئە ياكى قىشلاققا ۋەياكى ئەتراپى قورشالغان يەرگە ئېلىپ بېرىلسا ھايات قېلىشى مۇمكىن . ئۇنداق بولمىغاندا شەكسىز ئۆلۈپ كېتىدۇ .

بۇنداق ئەھۋال تۇبۇت[1] بولمىغانلاردا كۆرۈلىدۇ ، تۇبۇتلەردە بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلگەنلىكى مەلۇم ئەمەس . ئۇلارنىڭ تېۋىپلىرىمۇ تۇبۇت ئەمەسلەردە كۆرۈلىدىغان بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيدۇ ، بۇ ئاغرىقنى قانداق داۋالاشنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ . ھاۋا سوۋۇغاندىن كېيىن بۇ خىل كېسەل كۆپىيىشكە باشلايدۇ .[بۇ بېيىت ئاشۇ خىل ئەھۋالغا مۇۋاپىق كېلىدۇ . بېيىت :

ھەجرۇ ۋەسلى تۇ سەمۇمەستۇ سەرابەست ، ئانجا
نەزىد ھېچ كەسى ئابۇ ھەۋايى ئەجەبەست .

(ۋەسلىڭ بىلەن ھىجرانىڭ گويا ئۇپ بىلەن ئالۋۇن ،
بارمىسۇن يېقىن ھېچكىم بۇنداق غەلىتە جايغا . )

بۇ خىل ئاغرىق يالغۇز ئادەملەرگىلا خاس بولماستىن ، يەنە بارلىق جانلىقلارغا ، شۇ جۈملىدىن ئاتلارغىمۇ ئاپىتىنى سالىدىكەن ، بۇ ھەقتە تۆۋەندە تەپسىلىيرەك توختىلىمىز . زۆرۈر بولغانلىقتىن] پەقىر گۈگەدە بىر كۈن ئىلدامراق يۈردۈم ، كېچىسى بىر يەرگە بېرىپ چۈشتۇق . ئەتىسى قوپۇپ قارىساق ، لەشكەرلەر ئىچىدىكى ئاتلارنىڭ ئازىيىپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى . ئېنىقلىساق ، بىر كېچىدىلا ئىككى مىڭدىن كۆپرەك[2] ئات ئۆلۈپتۇ . پەقىرنىڭ يىگىرمە تۆت مەخسۇس ئېتىم بار ئىدى ، ئۇ ئاتلار سالتاڭ يېتىلەپ يۈرۈلەتتى ، ئۇنىڭىن يىگىرمە بىرى ئۆلۈپتۇ . بۇ ئىس كېسىلى ئاتلارغا بەكرەك تەسىر قىلىدىكەن . بۇ ئىس ئاغرىقى تىبەتتىن باشقا يەردە بار ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس ، بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ .

---

① تۇبۇت — تىبەتلىكلەر (مۇھەررىردىن ) .

② بۇ سان موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قولىيازمىسىدا ۋە پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا ۋە تېھران نەشرىدە يۇقىرىقىدەك يېزىلغان . تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «مىڭدىن كۆپرەك» دېيىلگەن .

# توقسان بىرىنچى باب

# تىبەت خەلقىنىڭ مەزھەپ ۋە ئېتىقادىنىڭ بايانى

بىلمەك كېرەككى، تىبەت خەلقى ئۆلىمالارنى بىردەك «لاما» دەيدۇ. لېكىن، ھەرقايسى ئۆلىمالىرىنىڭ ئىلىملىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەرقايسىسىنى باشقا ـ باشقا ئات بىلەن ئاتايدۇ. [بىزدە «ئىمام»، «مۇجتەھىد» دېيىلگىنىدەك، ئۇلاردىمۇ «تۇنكابا»، «كىجۇۋا» دېيىلىدۇ.] پەقىر ئۇلارنىڭ ئالىملىرى بىلەن ئارىدا تىلچى (تەرجىمان) قويۇپ كۆپ سۆزلەشتىم، سۆز نازۇك ۋە ئىنچىكە يەرگە يېتىپ كەلگەندە تىلچى ئاجىز كەلدى. شۇ سەۋەبتىن بىزمۇ ئاجىز بولدۇق، سۆز تۈگمەي چالا قالدى. ئەمما، [بۇ سۆھبەت ئارقىلىق] ئۇلارنىڭ ئېتىقادلىرىدىن تۆۋەندىكىلەر مەلۇم بولدى، ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «پاك ۋە يۈكسەك تەڭرى زاۋالسىز ئەزەلدە، دەسلەپكى مەخلۇقاتلارنى ۋە روھلارنى ئاپىرىدە قىلىش ۋاقتىدا، ھەربىر روھقا ئۆزىنىڭ پاك ۋە يۈكسەك دەرگاھىغا ۋاسىل بولۇشىنىڭ يولىنى، دوزاختىن نىجاتلىق تېپىپ بېھىشكە كىرىشىنىڭ يولىنى ئېغىزسىز، تىلسىز تولۇق ۋە بىۋاستە چۈشەندۈرگەن. ئەرۋاھلارنى ۋاقىت تەقەززاسى بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن تۇپراققا ئارىلاشتۇرغان ۋە ئۇلارغا يۇقىرىغا ئۆسىدىغان كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرگەن. تۇپراقنىڭ ئۆسۈملۈكلەرگە قۇۋۋەت بولۇشى شۇ سەۋەبتىندۇر. روھ يۈكسەكلىكتىن تۆۋەنگە قاراپ چۈشكەندىن

كېيىن ئۇنىڭدا پاكلىق ، يارقىنلىق تۇگەپ بىخۇدلۇق ، ئۇنۇتقاقلىقتا گىرىپتار بولغان . نەچچە مۇددەتلەر ئۆتكەندىن كېيىن روھ تۇپراقتا ئارىلىشىپ تۇرۇشتىن تەرەققىي قىلىپ ، تۆۋەن دەرىجىدىكى جەسەتلەردىن بىرەرسىگە ئۆتىدۇ . ئۇنىڭ ئۆتكەن بۇ ئورنى گەرچە تۆۋەن مەرتىۋىدىكى ئورۇن بولسىمۇ ، لېكىن تۇپراقتا ئارىلىشىپ تۇرغانغا سېلىشتۇرغاندا تەرەققىي قىلغانلىق . چۈنكى ، ئۇ روھ ئاشۇ جەسەتتە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تەرەققىي قىلىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ . ئەگەر ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئۇ بەدەندە يۇقىرى چەككە يېتىپ تاماملانسا ، ئۇ جەسەتتىن ياخشىراق ۋە ئالىيراق جەسەتكە كىرىدۇ . ئەگەر ئۇ جەسەتتىكى ھەرىكىتىدە كەمچىلىك سادىر بولغان بولسا ، ئۇ جەسەتتىن تۆۋەنرەك ۋە ئاجىزراق جەسەتكە كىرىدۇ . ئەگەر ئۇ جەسەتتە يامانلىق قىلغان بولسا ، يەنە تۇپراقتا ئارىلاشقۇسىدۇر ۋە نەچچە مۇددەتكىچە تاشلاندۇق بولۇپ تۇرغۇسىدۇر .

روھ ئەنە شۇنداق جەسەتتىن جەسەتكە ئۆتۈپ تەرەققىي قىلىش ئارقىلىق ئاخىر ئىنسان جەسىتىنىڭ مەرتىۋىسىگە يەتكۈسىدۇر . ئىنسانلىق مەرتىۋىسىدە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياخشى ئىشلارنى قىلسا ، ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ ئۆتكەن ئەھۋاللىرىغا قارىتا بىلىش ۋە سېزىم ھاسىل بولىدۇ ، يەنى ئۆزىنىڭ ھەربىر جەسەتتە قايسى ئىشنى قىلىش بىلەن تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكى ۋە قايسى يامان ئىشنى قىلىش بىلەن چېكىنگەنلىكىنى بىلىدۇ ، بۇنداق بىلىش ۋە سېزىش ئەۋلىيالىق مەرتىۋىسىگە يەتكەنلىكتۇر . روھ بۇ مەرتىۋىدە نۇرغۇن رىيازەتلەرنى چېكىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق يەنە بىر مەرتىۋىگە يېتىدۇكى ، ئۇنىڭ ئەزەلدىكى ، يەنى دەسلەپ ئاپىرىدە قىلىنغان چاغدىكى ئەھۋاللار ئېسىگە چۈشىدۇ . شۇ چاغدا يۈكسەك ۋە مۇقەددەس تەڭرىدىن بىۋاستە ، تىلسىز ۋە ئېغىزسىز ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسى يادىغا كېلىدۇ . بۇ پەيغەمبەرلىك مەرتىۋىسىدۇر . بۇنداق زاتقا ئۆلۈم يوقتۇر ، مەڭگۈلۈك ھايات نېسىپ بولغۇسىدۇر . ئۇنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتى يوقالمىسىلا تېنى

بەرھايات تۇرغۇسىدۇر ، قاچانكى جىسمانىي قۇۋۋىتى يوقالسا تېنى ئۆلىدۇ ، ئەمما پاك روھى قالىدۇ . ھەرقانداق كىشىدە ئۇشۇ دەرىجىدە روھىي قۇۋۋەت بولسا ئۇنى كۆرەلەيدۇ . ئۇنداق بولمىغاندا تاشقى كۆز ، يەنى جىسمانىي كۆز بىلەن ئۇنى كۆرگىلى بولمايدۇ . »

[ئۇلارنىڭ دىن ۋە مىللىتى ئەنە شۇنداق ئىدى .] بۇ شاكا مۇنىنىڭ دىنىي ئەقىدىسى بولۇپ ، پۈتكۈل خىتاي مۇشۇ دىندا . خىتاي خەلقى ئۇنى «شاقيا مۇنى»[①] دەيدۇ ، تىبەت خەلقى [«شاكا تۇبا»[②] ۋە] «شاقا مۇنى» دەپ ئاتايدۇ . تارىخ كىتابلىرىدا «شاكا مۇنى» دەپ يېزىلغان ، بەزى تارىخ كىتابلىرىدا شاكا مۇنىنى ھىندىلارنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىرى دەپ ھېسابلىغان ، بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇنى تېۋىپ بىھەرەۋى ھېكىم دەپ قارىغان . ئۇلارنىڭ ئەقىدىلىرى شۇكى ، كىشى دىن ۋە مەزھەپنى قوبۇل قىلىش بىلەن بېھىشكە كىرمەيدۇ ، بەلكى ئىش ـ ئەمەللىرى بىلەن كىرىدۇ . ياخشى ئىش ـ ئەمەللەرنى قىلسا بېھىشكە كىرىدۇ ، يامان ئىشلارنى قىلسا دوزاخقا كىرىدۇ . [مۇسۇلمانمۇ ،] كاپىرمۇ ئاشۇنداق بولىدۇ ، دەپ قارايدۇ .

ئۇلار ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — گە مۇنداق قارايدۇ : ھەممە ئادىمىزاتنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا كىرىشىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە قايىل ئەمەس . ئۇلار مۇنداق دەيدۇ : «شاكا مۇنى : ‹مەندىن كېيىن يۈز يىگىرمە تۆت مىڭ پەيغەمبەر كېلىدۇ ، ھەممىسىنىڭ ئاخىرىدا جانا كاساپا[③] ئاتلىق بىر پەيغەمبەر كېلىدۇ . ئۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم

---

① شاقيا مۇنى — ساكيامۇنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ . بۇددا دىنىنى بەرپا قىلغۇچى ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ئەسىردە ياشىغان ، ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى ساكا ئۇرۇقىدىن (مۇھەررىردىن ) .

② شاكا تۇبا — تۇبا تۇبۇتچە «ساكا» دېگەنلىك بولۇپ ، «كۈچلۈك ، قۇدرەتلىك» دېگەن مەنىدە (مۇھەررىردىن ) .

③ جانا كاساپا — رىۋايەتتىكى ساكيامۇنىنىڭ ئالدىدىكى ئەۋلىيالارنىڭ بىرى ئىكەن (مۇھەررىردىن ) .

قالىدۇ ، پۈتكۈل ئالەمنى ئۇنىڭ مۇبارەك دىنى تولۇق ئالىدۇ . قاچانكى ئۇ پەيغەمبەر دۇنياغا كەلسە ، پۈتكۈل خالايىقنىڭ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى پەرز بولىدۇ ، سائادەتمەن ئۇممەتلەر ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈشنى كېچىكتۈرمەيدۇ . مەن ئۆز ئۇممەتلىرىمگە شۇنداق ۋەسىيەت قىلىمەنكى ، مېنىڭ بۇ ۋەسىيىتىمنى تاكى ئاشۇ شەرەپلىك پەيغەمبەر پەيدا بولغان زامانغىچە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا بىر ـ بىرىگە يەتكۈزسۇن . ئۇ پەيغەمبەرنىڭ سۈرەتلىرى مۇنداق تەرزدە ۋە مۇنداق سۈپەتتە بولىدۇ . ئەگەر ئاشۇنداق سۈرەتلىك پەيغەمبەر پەيدا بولسا ، مېنىڭ ئۇممەتلىرىم ئۇنىڭغا ھەممە خالايىقتىن ئىلگىرى ئىمان كەلتۈرسۇن ، دەپ ۋەسىيەت قىلغان . » مۇشۇ زاماندا ھەممە بۇتخانىلاردا چوڭ بىر بۇتنى ئەڭ يۇقىرىغا ئولتۇرغۇزۇپ ، ھەممە بۇتلارنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ . ئۇنى جانا كاساپانىڭ سۈرىتى ، دەيدىكەن . جانا كاساپانىڭ سۈرىتىنى شۇنداق تەقلىدتە تەرىپلىشىدۇكى ، ئۇنىڭ كۆپىنچىسى ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا توغرا كېلىدۇ . پەقىر ئۇلارغا : «شاكا مۇنىنىڭ تەرىپلىگىنى ۋە سىلەرنى ئىمان كەلتۈرۈشكە ۋەسىيەت قىلغىنى دەل بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — دۇر » دېدىم . ئۇلار : «شاكا مۇنى : ‹مەندىن كېيىن يۈز يىگىرمە تۆت مىڭ پەيغەمبەر كېلىدۇ › دەپ ئېيتقان . بۇ يۈز يىگىرمە تۆت مىڭ پەيغەمبەردىن ئاز قىسمى پەيدا بولدى ، كۆپىنچىسى تېخى پەيدا بولمىدى » دەيدۇ . پەقىر كۆپ چۈشەندۈرۈپ : «يۈز يىگىرمە تۆت مىڭ پەيغەمبەر تولۇق پەيدا بولۇپ ، ئاخىرەتكە سەپەر قىلىپ بولدى ، [ئاخىرقى پەيغەمبەرمۇ پەيدا بولدى] » دەپ كۆچەپ ئېيتقان بولساممۇ ، ئۇلار ئىشەنمىدى . شۇ سەۋەبتىن ئاداشقان يولىدىن چىقالماي قالدى .

[بىر ئەھۋال شۇكى ،] زۇنكې تىبەتنىڭ ئەڭ ئېتىبارلىق ۋىلايەتلىرىدىن بولۇپ ، ئۇ ۋىلايەتتىن فارفى چىقىدۇ . [پەقىر ئۇ يەردە] خىتاي پادىشاھىنىڭ خىتايچە خەت بىلەن يېزىلغان يارلىقىنى

كۆردۈم ، يەنە بىر بۆرجەككە ئۇ مەزمۇننى تىبەت خېتى بىلەن پۈتۈپتۇ . يەنە بىر بۆرجىكىدە ئۇنى پارسچە تىلغا تەرجىمە قىلىپ ، نەسىخ نۇسخىسىدىكى خۇشخەت بىلەن پاكىز قىلىپ پۈتۈپتۇ . ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق : «ھەزرىتى پادشاھ ھەممە خالايىققا ياخشىلىق ئەۋەتىش بىلەن شۇنى ئېيتىدۇكى ، شاكا مۇنىنىڭ بۇتپەرەستلىك مەزھىپىنى پەيدا قىلغىنىغا ئۈچ مىڭ يىلدىن ئېشىپتۇ . ئۇ ھەرقانداق كىشىنىڭ پەمى يەتمەيدىغان ئىنچىكە سۆزلەرنى سۆزلەپتۇ . . .» دەپ پۈتۈپتۇ . مېنىڭ ئېسىمدە قالغىنى مۇشۇ يەرگىچە ئىكەن . يەنە بۇتخانىنىڭ قۇرۇلۇشى ، ياسىلىشى ۋە تەرتىپ - نىزاملىرى ھەققىدە كۆپ سۆزلەر بار ئىكەن ، ئۇنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن . دېمەك ، شاكا مۇنىنىڭ تارىخى ئۈچ مىڭ يىلدىن كۆپرەك دېيىلىپتۇ . ئۇ يارلىقتا تارىخ يېزىلغان بولسىمۇ ، ئۇ يېزىلغىنى ھىجرىيە تارىخى ئەمەس ، شۇڭا ئۇ تارىخ بىلەن بىزدىكى تارىخ يېقىن كەلمەيدۇ . ئەمما ، ئۇ خەتنىڭ نۇسخىسى ۋە كونىلىقىدىن مەلۇم بولىدۇكى ، ئۇ يارلىقنامە يېزىلغىنىغا يۈز يىلدىن ئاشمىغان بولسا كېرەك . ئاللا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر . پەقىر زۇنكېگە تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 940 - يىلى رەبىئەل - ئەۋۋەل[1] ئېيىدا بارغانىدىم .

يەنە بىر ئەھۋال شۇكى ، قوتاز ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ۋە بەكمۇ خەتەرلىك ياۋايى ھايۋاندۇر . چۈنكى ، ئۇ ئادەمگە يېتىشىۋالسا ، نېمىلا قىلسا ئادەم ھالاك بولىدۇ . مەيلى ئۇ ئۇسسۇن ياكى تەپسۇن ، ئادەم سالامەت قالمايدۇ . ئەگەر بۇنىڭغا پۇرسەت تاپالمىسا ، تىلى بىلەن ئادەمنى ئىلىپ ھاۋاغا ئاتىدۇ ، ئادەم يىگىرمە گەز ئېگىزگە ئۆرلەپ ، ئاندىن يەرگە چۈشىدۇ - دە ، تىرىك قالمايدۇ . بىر قوتازنىڭ گۆشى ئون ئىككى ئاتقا يۈك بولىدۇ ، بىر پۇت گۆشنى بىر ئادەم ھېچقانداق قىلىپ كۆتۈرەلمەيدۇ . پەقىر

① ھىجرىيە 940 - يىلى رەبىئەل - ئەۋۋەل ئېيى مىلادىيە 1533 - يىلى 10 - ، 11 - ئايلار ئارىسىغا توغرا كېلىدۇ .

بىر ۋاقىتتا بىر قوتازنى ئۆلتۈرگەنىدىم . ئۇنى يەتمىش كىشىگە تەقسىم قىلغانىدۇق ، ھەربىر كىشىگە تۆت كۈنلۈك ئوزۇق بولغۇدەك گۆش تەگدى . بۇ جانىۋار باشقا يەردە ئۇچرىمايدۇ . تىبەتنىڭ باشقا ئەھۋاللىرى تىبەتكە لەشكەر تارتقانلىق ھەققىدىكى بايانىدا زىكىر قىلىنغۇسى .

## توقسان ئىككىنچى باب

# خاننىڭ تىبەتكە لەشكەر تارتقانلىقىنىڭ بايانى

خان تەۋبە قىلىش شەربىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئۆزى ئۇرۇش ئىشلىرىنى ئادا قىلىشنى ھەمىشە ئارزۇ قىلاتتى . بۇ ئىشنىڭ تەشنالىقى ۋە ئىشتىياقى تۇپەيلىدىن ھەر يىلى ئۇرۇش قىلىشقا لەشكەر ئەۋەتەتتى ، لېكىن ئۇ ئۇرۇشنى ئۆزى ئادا قىلىمىغاچقا ، كۆڭلى تەسكىن تاپمايتتى . ئاخىر تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 938 - يىلى زۇلھەججە ئېيىدا[1] خان تىبەتكە يۈرۈش قىلدى .

يۇقىرىدا تىبەتنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى بايانىدا ئەسكەرتىپ ئۆتۈلگىنىدەك ، [تىبەتنىڭ شىمالىي چېگرىسى بالتى ۋىلايىتى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئاخىرى بەلۇر ۋە بەدەخشانغا تۇتىشىدۇ . ئۇنىڭ قىش كەشمىر ئورۇنلاشقان .] ..... غەرب تەرىپىدە يەسلىدىكى كۈنچىقىش تەرىپىدە ياركەند ۋىلايىتى ، غەرب تەرىپىدە

[1] ھىجرىيە 938 - يىلى زۇلھەججە ئېيى مىلادىيە 1532 - يىلى 7 - ئايغا توغرا كېلىدۇ .

خان ئىسكەندەر سۇلتاننى ماڭا قوشۇپ تىبەتكە يۈرۈشكە بۇيرۇدى، ئۆزى خوتەن يولى بىلەن دۇلپا دەپ ئاتىلىدىغان ئالتۇنچى تىبەتكە قاراپ يۈزلەندى.

## توقسان ئۈچىنچى باب

# بۇ كىتاب مۇئەللىپىنىڭ تىبەتكە كەلگەندىكى ۋە ئاشۇ كۈنلەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى

پەقىر شۇ يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاخىرىدا [1] يۈرۈشنى باشلىدىم، سەپەر ئېيىنىڭ بېشىدا [2] تىبەتنىڭ ئېتىبارغا سازاۋەر ۋىلايەتلىرىدىن بولغان نۇبرەگە يېتىپ باردىم. ئۇنىڭغا تەۋە بولغان ھەممە يەرلىرىگە كىشى ئەۋەتىپ ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ ئومۇمىي چاقىرىق قىلدۇق. بېيت:

سەلايى دەئۋەئى ئام ئولدى دىنى ئەھمەدكە،
خۇش ئول كىشىكى ئاڭا كەلسە [نەسىبەسىن ئالسە].

ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىتائەتكە بويسۇندى. نۇبرەنىڭ سىپاھلىرى بويۇنتاۋلۇق قىلىپ [قارشىلاشتى،] ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ سېپىل ۋە قەلئەلىرى ئىچىگە بېكىندى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چوڭى بۇرقەپا دېگەن كاپىر ئىدى. [ئۇ ئاشۇ

① ھىجرىيە 938 - يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاخىرى مىلادىيە 1532 - يىلى 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.
② ھىجرىيە 939 - يىلى سەپەر ئېيىنىڭ بېشى مىلادىيە 1532 - يىلى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

ۋىلايەتنىڭ باش قەلئەسى بولغان ھۆندەرە قەلئەسىگە بېكىندى .]
پەقىر ئاشۇ ھۆندەرە قەلئەسىنى مۇھاسىرە قىلدىم ، نەچچە كۈنگىچە قەلئەنى قورشاش ئەسۋابلىرىنى تەييار قىلدۇردۇم . پەقىر قەلئەنى ئېلىشقا يۈزلەنگەن كۈنى لەشكەر قوللىرىنىڭ كۈچلۈك پەنجىسى ئۇلارغا شىكەستە يەتكۈزدى . ئۇلار قەلئەنى تاشلاپ پاراكەندە ۋە تالان - تاراج بولدى ، ھەربىر لەشكەر ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغلاپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكتىن ، ئۇ ئازغۇن قوۋمدىن ھېچبىرى قۇتۇلۇپ قالالمىدى . بۇرقەپانى پۈتكۈل سىپاھلىرى بىلەن قوشۇپ قەتلئام قىلىپ ئۇلارنىڭ باشلىرىنى ئالدى . بۇ سىياسەتنىڭ ھەيۋىسى بىلەن ئۇ تەۋەلىك ئىچىدىكىلەرنىڭ دىمىقىدىن ئۆرلىگەن دۈت ئاسمانغا يەتتى ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدا قارشىلاشقۇدەك ۋە باشتۇتلۇق قىلغۇدەك ماجال قالمىدى . پۈتكۈل نۇبرە ۋىلايىتىنى ئىشغال قىلىپ ، قەلئەلىرىگە لەشكەر ئېلىپ كىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ تولۇق قولغا كىرگۈزدۇق .

ئۇنىڭدىن كېيىن مارىيۇل ۋىلايىتىگە چۈشتۇق . مارىيۇلنىڭ ئىككى ھاكىمى بار ئىكەن ، ئۇنىڭ بىرى لاتە جۇغدان ، يەنە بىرى تاشكۈن ئىكەن ، بۇ ھاكىم خىزمىتىمىزگە كەلدى . بۇ كۈنلەر قۇياش مىزان[1] يۇلتۇزىنىڭ بۇرجى[2]غا كىرگەن ۋاقىت ئىدى . مىزان پەسلىدە پۈتكۈل تىبەت ۋىلايەتلىرىدە شۇنداق سوغۇق بولىدۇكى ، باشقا ۋىلايەتلەرنىڭ قىشى ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا گوياكى تومۇزدۇر . شۇڭا ، ھەمراھ بولۇپ بارغان ئەمىرلەر بىلەن قىشلايدىغان يەرنىڭ مەسلىھىتىنى ئارىغا سالدۇق . «قىشلاشقا قايسى ۋىلايەت مۇۋاپىق ؟» دەپ تولا تەھقىقلەپ سۈرۈشتۈردۇق .

---

[1] مىزان — (1) ئۆلچەم ، تارازا ؛ (2) ئاسماندا قاتار جايلاشقان ئۈچ يۇلتۇزنىڭ ئىسمى . قەدىمدىكى ئاسترونومىيە چۈشەنچىسى بويىچە كۆكتىكى ئون ئىككى بۇرجنىڭ يەتتىنچىسى بولۇپ ، توققۇزىنچى ئايلارغا توغرا كېلىدۇ .

[2] بۇرج — يەر شارىنىڭ ئېكۋاتور سىزىقىغا پاراللېل كەلگەن ئاسمان بوشلۇقىدىكى ئېكلىپتىكا سىزىقىنى بويلاپ جايلاشقان 12 تۈركۈم يۇلتۇزلار توپى ۋە ئۇنىڭ ئورنى .

تىبەت تەۋەسى ئىچىدە ، ھېچ مۇۋاپىق يەردىن نام ـ نىشان بولمىدى . شۇنداق قىلىپ ئاخىرقى پىكىر كەشمىرگە بېرىشقا قارار تاپتى . «بۇ قىشتا كەشمىرگە بارايلى ، ئەگەر كەشمىرنى ئىشغال قىلىپ قالساق ، تېخى ياخشى ، بولمىغاندىمۇ بۇ قىشنى كەشمىردە ئۆتكۈزۈپ ، ئەتىيازدا تىبەتكە يېنىپ كېلىمىز» دەپ كېڭىشىپ كەشمىرگە بېرىشنى قارار قىلدۇق . مارىيۇلدىن شۇ تەۋەدىكى تىبەت لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ، ئۆز لەشكەرلىرىمىزگە قوشۇپ كەشمىرگە يۈزلەنگەندۇق ، شۇ ئەسنادا خانىنىڭ مۆتىۋەر ياساۋۇللىرىدىن ئابدال قۇلى ياساۋۇل يېتىپ كېلىپ : «خانىمۇ بۇ تەرەپكە يۈرۈش قىلغانىدى . بۇ يولغا خاس بولغان ئىس كېسىلى خانىنىڭ شەرەپلىك مىزاجىغا تەسىر قىلدى . خان سىلەر بىلەن كۆرۈشۈشكە تولىمۇ ـ تولا ئىنتىزاردۇر» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى . پەقىر بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان لەشكەرنى ئاشۇ مەنزىلدە قالدۇرۇپ قويۇپ ، ئۆزۈم خانىنىڭ ئىستىقبالىغا بېرىپ دىدارلىشىش شەرىپىگە ئېرىشتىم .

## توقسان تۆتىنچى باب

# خانىنىڭ تىبەتكە كەلگەنلىكى ۋە پەقىرنىڭ كەشمىرگە بېرىشقا رۇخسەت بېرىپ ، ئۆزى بالتىغا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ بايانى

خان ئۆزى خوتەن يولى بىلەن دۇلپاغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ ، پەقىرنى بالتى تەرەپى بىلەن ماڭدۇرغانلىقى يۇقىرىدا ئەسكەرتىپ ئۆتۈلگەنىدى . خان بىر ئايلىق يولنى خوتەن تاغلىرىدا ۋە

يايلاقلىرىدا ئۆتكۈزۈپتۇ ، سۈنبۇلە[①] پەسلىنىڭ ئاۋۋىلى بولۇپ قاپتۇ . شۇڭا ، ئۇ تەۋەدىكى خالايىق ئەرز قىلىپ : «ئەي ئالىي مەرتىۋىلىك خان ، ئەمدى مەقسەتكە قەدەم قويىدىغان پۇرسەت قالمىدى . چۈنكى ، بۇ يولنى بېسىپ ئۆتۈشكە يۈرۈش قىلىدىغان ۋاقىت ئۆتتى . بۇ كۆنلەردە ھەممە سۇلار مۇزلايدۇ ، شۇ دەرىجىدە مۇزلاپ كېتىدۇكى ، مۇتلەق سۇ تاپقىلى بولمايدۇ . ئوتۇنمۇ يوق ، [ئاش ـ تاماق ئېتىش ۋە مۇز ئېرىتىپ ئات ـ ئۇلاغلارنى سۇغىرىشقا] زۆرۈر ئېھتىياجنى قامدىغۇدەك قوتاز تېزىكى تېپىش ئۇچۇن ھېسابسىز كۆپ ئىزدىنىشكە ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ . بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ بىرنەچچە نۆۋەت بۇ يولدا لەشكەرلەر ئات ـ ئۇلاغلىرىدىن ئايرىلىپ پىيادە قالغان» دېدى .

بۇ يولغا كىرىشكە بولمايدىغانلىقى خاننىڭ كۆڭلىگە ئورناشتى . شۇڭا خان : «نىيەتنى بىكار قىلىش كاتتا ساۋابتىن مەھرۇم بولۇشقا سەۋەب بولغۇسىدۇر ، ئەگەر بۇ يول مۇشكۇل ۋە خەتەرلىك بولسا ، مىرزا ھەيدەر بارغان يول بىلەن بارايلى ۋە ئۇرۇشنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى ئاخىرىغا چىقىرايلى» دەپ خوتەندىن قايتىپ پەقىر كەلگەن يول بىلەن يۈرۈش قىلىپتۇ ، ئەمما بۇ يولدا كەلگۈچە خاننىڭ شەرەپلىك مىزاجىغا ئىس كېسىلى يۇزلىنىپتۇ . [مىزاجى مۆتىدىللىكىنى يوقىتىپ شۇ دەرىجىگە يېتىپ بېرىپتۇكى ، كۈن ـ كۈنلەپ بىھوش ۋە سېزىمنى يوقاتقان ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپتۇ ، ھاياتتىن ئاخىرقى تىنىقىلا قالغاندەك بولۇپ قاپتۇ . تېۋىپلار نەپەسلەندۇرگۈچى ھەر خىل دورىلارنى ئىشلىتىپتۇ . ئۇنۇملۇك دورىلار تەسىر قىلغانسېرى خان ئېسىنى يىغىدىكەن ، شۇنىڭدىن كېيىن قايتىدىن ئېسىنى يوقىتىدىكەن . ئېسىنى يىغقان] ئاشۇنداق ۋاقىتلاردا ئەمىرلەر ۋە دۆلەت ئەركانلىرىغا پەرمان قىلىپ : «گەرچە مىزاجىمنىڭ قۇۋۋىتى ئۇرۇشنى ئادا قىلىشقا ۋاپا قىلمىغان بولسىمۇ ، لېكىن مەقسەت

① سۈنبۇلە — (1) باشاق ؛ ئاينىڭ نامى . (2) كونا ئاسترونومىيە چۈشەنچىسى بويىچە ئاسماندىكى ئون ئىككى بۇرجنىڭ ئالتىنچىسى بولۇپ ، 8 ـ ئايغا توغرا كېلىدۇ .

ۋە نىيەتلىرىمىزگە نۇقسان يەتمىسۇن . گەرچە دوستلار سۆھبىتىدىن يىراقتا بولساقمۇ ، لېكىن مۇستەھكەم ئىرادىلىك جامائەتكە قوشۇلايلى ، نىيىتىمىزنى ئەمەلدىن قالدۇرماي مۇشۇ يولدا ئۆلەيلى . تېنىمدە جان ئىزناسى ۋە بەدەندە تىنىق ئەسىرى بولسىلا ، مېنى ئەلۋەتتە ئۇرۇش مەيدانى تەرەپكە ئېلىپ يۈرۈڭلار . قاچانكى جېنىم قوشى بەدىنىم قەپىسىدىن ئۇچۇپ كەتسە ، ئۇ چاغدا ئىختىيار سىزلەردە بولسۇن » دەيدىكەن ۋە شۇ ھالەتتە پەقىرنى سورايدىكەن .
[ ھاياجانلانغان ۋە ئەپسۇسلانغان ھالدا : «مۇشۇ تاپتا بەرىكەتلىك ۋە يۈكسەك تەڭرىدىن تىلەيدىغىنىم شۇكى ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋالغۇچە جاننى ماڭا ئامانەت بېرىپ تۇرغان بولسا ، بۇنىڭدىن باشقا ئارزۇيۇممۇ يوق ئىدى» دەپ كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا مۇشۇ مەنىدىكى شېئىرلارنى ئېيتىدىكەن ، بۇ بېيىت ئاشۇلاردىندۇر :
بېيىت :

زى جانەم يەك رەمىق ماندەست رەۋشى ئارزۇ دارەم ،
زى مېھرى قەتلى مەن ئان نامۇسۇلمان دەير مىئايەد .

(جېنىمدىن بىر تىنىق قالدى ، يەنە ئارزۇ يولىن تۇتتۇم ،
مېنى مېھرىدە ئۆلتۈرگەن نامۇسۇلمان يارنى كەلتۈر . )

خان ئاشۇ كۆنلەردە ھوشىغا كەلسىلا ، ھامان ئاشۇنداق مەنىدىكى شېئىرلارنى تەكرار ئېيتىدىكەن . ئاجايىپ ئەھۋال شۇكى ، خان شۇنچە ئېغىر ۋە شىددەتلىك ئەھۋالدا بولسىمۇ ، ھېچبىر يەردە توختىماپتۇ . چۈنكى ، ھايال بولۇپلا قالسا ، سوغۇقنىڭ شىددىتى ، ھاۋانىڭ يامانلىقى ، سۇ ۋە يەم ـ خەشەك ، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن ئۇلارغا خەتەر يېتەتتى ۋە بۇ ھايال بولۇش خاننىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىشىغا سەۋەب بولاتتى . بۇنداق كېسەلنى داۋالاشنىڭ ئامالى شۇكى ، ھەرقانداق قىلىپ دەم سىقىلىش ئازراق بولىدىغان يەرگە يېتىۋالسا ، ھەر ھالدا دەم تۇتۇلۇش ئاغرىقى پەسىيەتتى ـ دە ، خان ھوشىغا كېلەتتى . خان ئاشۇنداق جايغا ئېلىپ كېلىنىپ ھوشىغا

كەلگەنىكەن .] شۇ كۈنى پەقىر خاننىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ باردىم. ئۆزئارا قول ئېلىشىپ قۇچاقلاشقاندىن كېيىــــن خان يۇمشاق كۆڭۈللۈك بىلەن : «دوستلىرىم ۋە پەرزەنتلىرىم ئىـــچــــدىن ھېچبىرى يادىمغا يەتمىدى ، پەقەت سېنى كۆرۈش ئارزۇسىـدىلا كۆڭلۈم بىردەممۇ ئارام تاپمىغانىدى . خۇداغا شۈكرى ، سېنـى كۆردۈم ، ھېچ ئارزۇيۇم قالمىدى » دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى :
بېيىت :

پەيكى ئەجەل يەتسە ئەگەر مىن لەدەيھى ،
ئىننە لىللەھى ۋە ئىننە ئىلەيھى .

(ئەجەل خەۋىرى يەتسىمۇ گەر رازىدۇرمىز ،
بىز تەڭرىگە تەۋە ، شۇ يان بارۇرمىز . )

شۇ كۈندىن باشلاپ خاننىڭ مىزاجىغا كۈندىن ـ كۈنگە ساقلىق ۋە تەبىئىتىگە قۇۋۋەت يۈزلىنىشكە باشلىدى ، تاكى نۆبرەگە يېتىپ بارغۇچە تولۇق ساغلام ھالەتتىكى شاراپەتلىك مىزاج پەيدا بولدى . شۇڭا ، بەختىيارلىق ئاياغلىرىنى سائادەت ئۆزەڭگىسىگە قويۇپ نۆبرەگە ئاتلىق كىردى .
شۇنىڭدىن كېيىن بارلىق ئەمىرلەر يىغىلىپ كېڭەش قىلدى . [ھەر كىم ئۆزى مۇۋاپىق تاپقان سۆزنى مەسلىھەت مەيدانىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا بايان قىلدى .]
پەقىر خانغا مۇنداق مەلۇم قىلدىم : «ئەي ئالىي شانۇشەۋكەت-لىك ، سۇلەيمان سۇپەت خان ، تالاي قېتىم تەكشۈرۈپ ـ ئېنىقلاپ كۆردۇق ، تىبەت تەۋەسىدە مىڭ كىشىدىن ئارتۇق كىشـــى قىشلىيالىغۇدەك يەر يوق ئىكەن . مىڭ كىشىگە تىبەت خەلقىنىڭ بويۇنتاۋلىق قىلىپ قارشىلىشالىشى ناتايىن . بۇنچە كۆپ لەشكەرگە قىشلاق قىلىشقا كەشمىردىن باشقا جايدىن نىشان مەلۇم بولمىدى . ئەمما ، كەشمىرنىڭ يولىدا تاغ ـ داۋانلار كۆپ ، [ئۇنىــڭدىن ئۆتۈشكە خاننىڭ شەرەپلىك مىزاجىنىڭ قۇۋۋىتى يار بەرمەيدۇ . ئەگەر ئالىي مەرتىۋىلىك خاننىڭ شەرەپلىك رايىغا مۇۋاپىق كەلسە ،

ئۈچ مىڭ ئادەم بىلەن بىللە ئامان ـ ئېسەنلىك ۋە بەختىيارلىق تىزگىنىنى] بالتىغا تەرەپكە قارىتىپ تارتسا، مۇۋاپىق بولىدىغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى، بالتىغا بارغۇچە داۋان ۋە ئىس بارلىقى مەلۇم ئەمەس. پەقىرنى قالغان لەشكەر بىلەن كەشمىرگە يۈرۈشكە يارلىق قىلىسىڭىز، باھار پەسلى يېتىپ كەلگەندە ھەرقانداق مەسلىھەت بولسا، ئالدى بىلەن بەجا كەلتۈرىمەن.»

خان پەقىرنىڭ بۇ پىكرىمنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، مۇشۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلىشنى قارار قىلدى. چۈنكى، تىبەتتە كۆپ لەشكەر سىغىدىغان يەرنىڭ يوقلۇقى مەلۇم بولغانىدى.

پەقىر: «بەش مىڭ كىشىدىن ئۈچ مىڭ كىشى خاننىڭ خىزمىتىدە بولسا، پەقىر ئىككى مىڭ كىشى بىلەن بارسام» دەپ ئەرز قىلغانىدىم. ئەمما، خان مىڭ كىشىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ قېلىپ بالتىغا يۈزلەندى، تۆت مىڭ كىشىنى ماڭا قوشۇپ كەشمىرگە ماڭدۇردى. كاشغەر ياسالىنىڭ بايانىدا نامى زىكىر قىلىنغان ئەمىر دائىمئەلىنى، بابا سارىغ مىرزىنى ۋە باشقا بىرقانچە [مۆتىۋەر خاس] ئەمىرلەرنى پەقىرگە قوشۇپ بەردى.

## توقسان بەشىنچى باب

# خاننىڭ بالتىغا بارغانلىقى ۋە ئۇ يەردە دۇچ كەلگەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى

بىلمەك كېرەككى، خان تىبەتكە كىلىپ تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 938 ـ يىلى مىزان پەسلىنىڭ ئاخىرىدا[①] بالتىغا

① ھىجرىيە 938 ـ يىلى مىزان پەسلىنىڭ ئاخىرى مىلادىيە 1532 ـ يىلى 9 ـ، 10 ـ ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.

يېتىپ كەلدى . بالتىنىڭ سەردارلىرىدىن بەھرام جۇ ئىستائەت ھالقىسىنى بويىنغا سېلىپ ، خانىنىڭ تەختىنىڭ ئاياغلىرىنى سۆيۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدى . بالتىنىڭ قالغان جۇلىرى دۇشمەنلەرنىڭ ئادىتى بويىچە قارشىلىق ۋە توپىلاڭ قوزغىدى . بەھرام جۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بالتىنىڭ مەركىزى بولغان شىگار قەلئەسىنى ئىشغال قىلدى . ئۇ قەلئەنىڭ ئىچىدىكى ھەممە ئەرلەر سائادەتمەن لەشكەرلەرنىڭ قان ئىچكۈچى شەمشەرلىرىگە يەم بولدى ، ئاياللار ۋە باللار غالىب ئەسكەرلەرگە ئولجا ۋە غەنىيمەت بولدى . شۇنىڭدىن كېيىن تاغلىقلاردىكى ھەربىر ۋىلايەتمۇ قالماي يۇرۇش بىلەن ئىشغال قىلىندى ، ھادىسىلەرنىڭ قوللىرى يېتىشكە قىسقا كەلگەن قەلئەلەرمۇ خانىنىڭ غالىب لەشكەرلىرىنىڭ ئاتلىرىنىڭ ئايىغىدا پايمال بولدى .

بۇ يىلى قار كۆپ ياغقانلىقى ئۈچۈن يوللار توسۇلۇپ كەشمىردىن خانغا ھېچ سۆز ئاڭلانمىدى . لېكىن ، دۇشمەنلەر ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن خىلمۇخىل يالغان ۋە شۇم خەۋەرلەرنى كەلتۈرۈشۈپتۇ . شۇ سەۋەبتىن خان ۋە بارلىق ئىسلام لەشكەرلىرى غەمكىن بولۇپتۇ . شۇ قىشنىڭ ئاخىرىدا پەقىر كەشمىردىن ئەۋەتكەن خەۋەرچى غەلىبە خەۋىرىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن ، ئاندىن ئۇلارنىڭ غەملىرى شادلىق ۋە خۇشاللىققا ئالمىشىپتۇ . خان باشلىق ھەممە ئەمىرلەر ۋە لەشكەرلەر ئەڭ ئۇلۇغ ۋە دانا پادىشاھ بولغان ھەزرىتى تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا تەشەككۈرلەر ئېيتىپ : «جىمى ھەمدۇسانا بىزدىن قايغۇنى كەتكۈزۈۋەتكەن ئاللاغا مەنسۇپتۇر »[1] دېگەن ئايەتنى تەكرارلاشقا مەشغۇل بولۇپتۇ .

شۇ باھار پەسلىدە خان بالتىدىن يېنىپتۇ . ئۆز ۋاقتىدا پەقىر نۇبرەنى ئىشغال قىلىپ ئىگىدارچىلىقىمىزغا كىرگۈزۈپ ، خانغا تاپشۇرۇپ بېرىپ كەشمىرگە ماڭغانىدىم . خان نۇبرەنى قەنبەر

---

① «قۇرئان كەرىم» ، 35 ـ سۈرە فاتىر ، 34 ـ ئايەتنىڭ ئالدىنقى يېرىمى .

كوكۆلداش — ئۆنىڭ نامى كاشغەر ياسالىنىڭ بايانىدا زىكىر قىلىنغانىدى — قا تاپشۇرۇپ بەرگەنىكەن ، ئەمما قەنبەر كوكۆلداش ئىنتايىن بوشاڭ ، تەدبىرسىز ۋە مۇئامىلىدە قوپال بولغاچقا ، ئۇ ۋىلايەتنى شۇنچە خاراب قىلىپتۇكى ، پۈتكۈل خالايىق بۆلۈنۈپ قارشىلىق كۆرسىتىپ ، ھەرقايسى مۇستەھكەم يەرلەرگە بېكىنىپتۇ . شۇ سەۋەبتىن خان نۆۋرەدە تۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرمەي مارىيۇلغا كېلىپتۇ . تاشكۇن خانغا مۇلازىمەت قىلىشنى كەينىگە سۈرۈپ ، پەرۋاسىزلىق ۋە ئەدەپسىزلىك قىلغاچقا ، خان ئۇنىڭ قەلئەسىنى ئېلىپ قەتلىئام قىلىپ ئۇ قەلئەگە كىرىپ ئولتۇرغانىكەن ، پەقىر كەشمىردىن يېتىپ كەلدىم . بۇ ئىش پات يۇرسەتتە زىكىر قىلىنغۇسى .

## توقسان ئالتىنچى باب

# بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى مىرزا ھەيدەرنىڭ كەشمىرگە بارغانلىقى ۋە بۇنىڭغا ئالاقىدار ۋەقەلەرنىڭ بايانى

ۋاقتىكى ، پەقىر نۆبرە ئەمىرلىرى بىلەن خان بىزگە قوشۇپ بەرگەن لەشكەرنى ئېلىپ مارىيۇلغا كېلىپ ، ئۆز لەشكىرىمگە قوشۇلدۇم ، ئاندىن كەشمىر تەرەپكە تېزلىكتە يۈرۈش قىلدۇق . يول بويىدىكى تىبەت يۇرتلىرىنىڭ سەردارلىرى ھەممىسى بىزگە تەۋە بولۇپ لەشكەرلىرىنى قوشۇپ بەردى . بالتى خەلقىنىڭ بەزىلىرى باشچى بولۇپ ، يول باشلاپ مېڭىۋاتاتتى .
تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 939 - يىلى ئەقرەب پەسلىنىڭ

ئوتتۇرىسىدا ، جۇمادىلئاخىر ئېيىنىڭ بەشىنچى كۈنىدە[①] كەشمىرنىڭ زوجى دېگەن جىلغىسىغا يېتىپ كەلدۇق . ئەمما ، بۇنىڭدىن بۇرۇنراق كەشمىر سەردارلىرى بىزنىڭ كەشمىرگە يۈزلەنگەنلىكىمىزنى ئاڭلاپ ، لار دېگەن يەردىكى تار ئۆتكەلنى توسقانىكەن . بىز زوجى جىلغىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن پۈتكۈل لەشكەر ئىچىدىن ئۇرۇش كۆرگەن ، قولىدىن ئىش كېلىدىغان باتۇرلارنى تاللاپ ، تۆت يۈز كىشىنى قاراۋۇل قوشۇن قىلىپ ماڭدۇردۇق . بۇلارغا تۇمەن باھادىر قالۇچىنى سەردار قىلىپ تەيىنلىدىم . بۇلار تار ئۆتكەلگە يېتىپ بېرىپتۇ . كەشمىر لەشكىرى لار ئۆتكىلىنىڭ ئىچىدە ئىكەن ، ئۆتكەلنىڭ بۇ بېشىدا بىرمۇنچە كىشىنى قاراۋۇللۇققا قويغانىكەن . بۇلار سۇبھى ۋاقتىدا يېتىپ بېرىپ ، قاراۋۇللۇقتا تۇرۇۋاتقان كىشىلەرگە ئۆزلىرىنى ئۇرۇپتۇ . ئۇ خالايىق قېچىپتۇ ، ئەمما بۇلار ئامان بەرمەستىن ئارقىسىدىن قوغلاپ مېڭىپتۇ . بۇ كەشمىر لەشكەرلىرى قاراۋۇللارنىڭ قېچىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئەھۋالنى سوراپ بولغۇچە تۆت يۈز باھادىر يېتىپ بېرىپتۇ ـ دە ، كەشمىر لەشكەرلىرى يولنى توسۇشقا پۇرسەت تاپالماي قېچىپتۇ . شۇ ئەھۋال ئەسناسىدا پەقىر يېتىپ باردىم . شۇنداق قىلىپ لار ئۆتكىلىنىڭ تار ۋە مۈشكۈل يېرىدىن ھەممە لەشكەرلەر ئاسانلا ئۆتۈپ كەتتۇق . يەنە يۈرۈپ ئارىدا بىر قونۇپ ، ئەتىسى كەشمىر شەھىرىگە كىردۇق . سۆز بۇ يەرگە يەتتى ، ئەسلىي ھېكايەتنىڭ روشەن ۋە ئوچۇق بولۇشى ئۈچۈن كەشمىر شەھىرىنىڭ ئەھۋالى ، رەسىم ـ قائىدىلىرى ۋە ھاكىم ـ سۇلتانلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۈم .

---

① ھىجرىيە 939 ـ يىلى ئەقرەب پەسلىنىڭ ئوتتۇرىسى جۇمادىلئاخىر ئېيىنىڭ 5 ـ كۈنى مىلادىيە 1533 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ . بۇ ۋاقىت پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «جۇمادىلئاخىردا» دېيىلگەن . بەشىنچى كۈنى يېزىلمىغان ، بۇنداق بولغاندا بۇ ۋاقىت مىلادىيە 1532 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 1533 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىگىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

# توقسان يەتتىنچى باب

# كەشمىرنىڭ ئەھۋالى ۋە سوپەتلىرىنىڭ بايانى

بىلمەك كېرەككى ، كەشمىر يەر يۈزىدىكى شەھەرلەر ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر ۋە تونۇلغانراقى بولۇپ ، خالايىقنىڭ تىللىرىدا ئاجايىپ - غارايىب ئەھۋالى بىلەن مەزكۇر ۋە مەشھۇردۇر . شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ھېچ كىشى ئۇنى تولۇق بىلمەيدۇ . قەدىمكى كىتابلاردا كەشمىرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئەھۋالى مەلۇم ئەمەس .

ھازىر تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 950 - يىلى مۇھەررەم ئېيىدۇر[①] ، پەقىر كەشمىر ۋىلايەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئىگىلىدىم ، ھەممە ئەھۋالىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم . كەشمىر ئەھۋالاتىدىن بۇ كىتابتا بايان قىلىنغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزۈم كۆرۈپ ئېنىقلىغان ۋەقەلەردۇر .

پەقىر ئىككىنچى قېتىم كەشمىرگە كىرگەن ۋاقتىمدا ، ئۇنى تولۇق ئىگىلەپ بولمىغانىدىم . كەشمىرنى تولۇق ئىشغال قىلىش نىيىتىدە «كەلامۇللاھ» (قۇرئان)دىن پال ئاچتىم . قارىسام «پەرۋەردىگارىڭلار بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىڭلار . (سىلەرنىڭ جايىڭلار) ياخشى جايدۇر ، (سىلەرگە رىزىق بەرگەن پەرۋەردىگارىڭلار شۈكۈر قىلغۇچىنى) مەغپىرەت

---

① ھىجرىيە 950 - يىلى مۇھەررەم ئېيى مىلادىيە 1543 - يىلى 4 - ، 5 - ئايلارغا توغرا كېلىدۇ .

قىلغۇچى پەرۋەردىگاردۇر»[1] دېگەن كەرەملىك ئايەت چىقتى.

كەشمىر زېمىنى بەكەنى [ئورۇنلاشقان غەربىي جەنۇب تەرەپتىن، يەنە شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى ماچىن ئورۇنلاشقان] تەرەپتىن رىكەن [بايىن] تەرەپكە قاراپ سوزۇلغان تۈزلەڭلىكتۇر. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى يۈز كۇرۇھ[2]قا يېقىنلىشىدۇ، يەنى ئوتتۇز فەرسەڭ كېلىدۇ. كەڭلىكى بەزى يەرلىرى يىگىرمە كۇرۇھ، ئاز بىر قىسىم يەرلىرى ئون كۇرۇھ كېلىدۇ. بۇ دائىرىنىڭ ئىچىدىكى پۈتكۈل يەرلەر تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچىسى سۇ بىلەن سۇغىرىلىپ زىرائەت قىلىنىدىغان يەرلەر؛ ئىككىنچىسى يامغۇر سۈيى بىلەن زىرائەت قىلىنىدىغان يەرلەر؛ [ئۈچىنچىسى باغ - ئوتاغلار؛] تۆتىنچىسى تۈپتۈز مەيدانلار، يەنى يايلاقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىنەپشىلەر ۋە رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن قاپلانغان. كۆللەرنىڭ ئەتراپىدا ۋە ئېقىن بويلىرىدىمۇ خىلمۇخىل گۈللەر ئۈنگەن. بۇ يەرلەردە ھۆللۈك بەك زىيادە بولغانلىقتىن، زىرائەت ياخشى بولمايدۇ. شۇڭا، بۇنداق يەرلەر بىكار تۇرىدۇ. [شۇنداقتىمۇ بۇ يەرلەر كەشمىرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.]

ياز كۈنلىرىدە كەشمىرنىڭ ھاۋاسى شۇ قەدەر يېقىملىقكى، ھېچقانداق چاغدا يەلپۈگۈچكە ئېھتىياج چۈشمەيدۇ. چۈنكى، ھەمىشە جاننى ياشناتقۇچى مەيىن شامال ئېسىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ تاڭ شامىلىنىڭ خۇش ھاۋاسى خۇددى ئىيسا پەيغەمبەرنىڭ نەپەسلىرىدەك كىشىگە يېڭى روھ بېغىشلايدۇ، [گۈل - چېچەكلەرنىڭ بەرگلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. تىنماي سايراۋاتقان بۇلبۇللار ئۆزىگە خاس تىللىرى بىلەن كىشىگە: «چىرىپ كەتكەن

---

① «قۇرئان كەرىم»، 34 - سۈرە سەبەئ، 15 - ئايەتنىڭ كېيىنكى يېرىمى.

② كۇرۇھ — ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، بىر كۇرۇھ تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىرغا توغرا كېلىدۇ.

سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ ، دېدى»[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇۋاتقاندەك تەسىرات بېرىدۇ . بېيىت :

بادىكى ئەزو نەفھەئى جانان ئايەد ،
بەر قالىبى فەرسۇدەئى كەس جان ئايەد .

(ئۇنىڭ شامىلىدىن خۇش بۇيى جانان كېلىدۇ ،
ۋەيرانە كۆڭۈلگە يېڭىدىن جان كېلىدۇ .)]

ئۇنىڭ قىش پەسلىدىكى ھاۋاسى شۇ قەدەر مۆتىدىلكى ، ھەرقانچە كۆپ قار ياغسىمۇ ، جۇۋا كىيىشكە ئېھتىياج بولمايدۇ . بۇ ۋاقىتنىڭ سوغۇقى ئۇنىڭ تەبىئىي ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ تۇرىدۇ . نۇرلىرى بىلەن ئالەمنى يورۇتقۇچى قۇياش مەشئىلىنىڭ ھارارىتى بولمىغان چاغلاردىمۇ ، تەبىئەت ئوتىنىڭ ھارارىتى پەسەيمەيدۇ ، خۇددى مۇنداق ئېيتىلغىنىدەك : بېيىت :

ئەگەر گەردۇن غۇبار ئالۇدەۋۇ تەبئىم مۇشەۋۋەشدۇر ،
بۇ كۇنلەرگە مۇناسىب بادەۋۇ خىرگاھى ئاتەشدۇر .

بۇنداق چاغلاردا كەشمىردە بەزىدە شۇنداق كۇنلەر بولىدۇكى ، ئۇنىڭ ھاۋاسىدىن ئاللانىڭ : «ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن چېغىمدا . . .»[2] دېگەن نىداسى ئايان بولسا ، جان بېغىشلىغۇچى خۇش پۇراقلىرىدىن «تىرىكنى ئۆلۈكتىن چىقارغۇچى . . .»[3] دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى ئاشكارا بولىدۇ . سەھرالىرىدىكى كۆكلەمزارنىڭ يېقىملىقلىقىدىن جەننەت چىمەنزارى ئابرۇي

---

① «قۇرئان كەرىم» ، 36 ـ سۈرە ياسىن ، 78 ـ ئايەتنىڭ كېيىنكى يېرىمى .
② «قۇرئان كەرىم» ، 15 ـ سۈرە ھىجر ، 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى .
③ «قۇرئان كەرىم» ، 6 ـ سۈرە ئەنئام ، 95 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى .

تاپىدۇ . ئۇنىڭ دەرەخلىرىنىڭ گۈل ـ چېچەكلىرىنى كۆرسە ، ئىرەم گۈلىستانى رەڭگىنى يوقىتىپ قويىدۇ . بۇ يەرلەردىكى ئېقىنلار «. . .ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان [جەننەتكە كىرگۈزىدىغان] . . .»[1] دېگەن ئايەتنى كىشىنىڭ ئېسىگە سالىدۇ . ئاتەش كەبى گۈللىرى خەلىلنىڭ گۈلىستانىغا تەنە قىلىدۇ .
بېيىت :

بەتۇرفە باغ قەدەش قامەتى تەۋىل كەشىد ،
زى رويى گۈل بەچەمەن ئاتەشى خەلىل كەشىد .

(ئۇزاقلارغا سوزۇلغان گۈزەل باغنىڭ بويلىرى ،
خەلىل ئوتىدەك قىزىل چەمەن رەڭگىرويلىرى . )

[باغ سەۋسەنلىرى مىڭلىغان تىللىرى بىلەن ئاينىپ كەتكەن تاغ گۈللىرىگە «بەڭۋاش» دەپ تەنە قىلىپ ، تاغ گۈللىرىنىڭ قار باسقان باشلىرىغا قاراپ ، ئۇنى «سۆرۈن چىراي» دەپ مازاق قىلىپ ، سېنىڭ ئۇنگەن ماكانىڭدا قايسى گۈل ئېچىلىشنى خالىسۇن» دەۋاتقان ، تاغ سەۋسەنلىرى بولسا بۇ تەنە ئۇچۇن تىل شەمشەرلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ مۇنداق دەۋاتقاندەك ئىدى :
بېيىت :

دەرىن چەمەن چەزەنى تەئنەئەم بەخود رويى ،
چۇنانكى پەرۋەرىشەم مىدەھەنەد مىرەۋىم .

(دېسە تەنە قىلىپ : «بۇندا نە دەپ ئۆستۇڭ ؟» ئاڭا دەرمەن : ئىگەم ئۇندۇردى ، ئۆستۈردى ماڭا پەرۋىش قىلىپ شۇنچە . )]

رەھمەت يامغۇرلىرىدىن سۇ ئىچكەن گۈللەر ئېگىز يەرلەردە

---

① «قۇرئان كەرىم» ، 66 ـ سۈرە تەھرىم ، 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى .

ھېچ سەيسەۋەبسىزلا باش كۆتۈرۈپ ئۆسۈشكەن ، دانالارنىڭ نەزەرلىرىدە ئېچىلغان باغ گۈللىرى باغۋەنىنىڭ پەرۋىشى ۋە مۇھاپىزەت قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر ، ئەمما بۇ گۈللەر بىلەن باغۋەن ئوتتۇرىسىدا نېمە مۇناسىۋەت بولسۇن؟ **مىسرائ :**

ئۇنگەن گۈلغە كۆچۈرگەنى ئوخشاماغاي .

ئەگەر قىزىلگۈل ئۆزىنىڭ پاكىزلىق ئېتەكلىرىنى ياتلارنىڭ خىيالىدىن پاك تۇتالمىسا ، ئۇنىڭ نېمە ئېتىبارى بولسۇن؟ **بېيىت :**

بىر گۈل ئۈچۈن يۈز جەفالار خاردىن چەكمەك كېرەك ،
دىلغە سانچىلسە تىكەن ، ناچار ئانى چەكمەك كېرەك .

ئۆتكۈر كۆزلۈك زاتلارنىڭ نەزىرىگە گوياكى دەردسىزلەرنىڭ كۆزلىرىدەك ياشتىن خالىي ؛ قۇرۇق قەدەھتەك كۆرۈنىدىغان مەنمەنچى نەرگىس گۈلىگە ئېتىبار بىلەن قاراپ بولمايدۇ ، بىنەپشىمۇ بۇ خىجالەت سەۋەبىدىن بېشىنى ئۈستۈن كۆتۈرەلمەيدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە باغ گۈللىرى جالايىقنىڭ جىگىرى بىلەن پەرۋىش قىلىنىدۇ ۋە پاكلىق پەردىلىرىنى يىرتىپ ئېپپەت غۇنچىلىرىدىن بېشىنى چىقارغىنىدا ، ھەر نائەھلىنىڭ ئىلكىدىن ھەر نامەھرەمنىڭ قوللىرىغا ئۆتۈپ تۇرىدۇ . بىچارە ۋە بىناۋالىقى تۈپەيلىدىن بىۋاپالىق بەرگىلىرىنى خالايىقنىڭ قول ۋە پۇتلىرىغا تۆكىدۇ . **رۇبائىي :**

بىر لالە رۇخى يوقكى ، ئېرۇر مىھر ئەفزا ،
بىمىھرلىكى ئەيان ئېرۇر مىھر ئاسا .
گۈللار كۆپ ئېرۇر زەمانە باغىدا ۋەلې ،
بىر گۈل يوقكىم ، بەرگەي ئوشۇل بۇيى ۋەفا .

تاغلىرىنىڭ ياپيېشىل قەلئەلىرى پەلەك گۈمبىزىگە تاقىشىپتۇ . تاغلارنىڭ سەينالىرى ئىنتايىن پاكىز ۋە چىرايلىق بولغانلىقتىن ، پاك ئاياغلىرىنى باغلارنىڭ يېقىملىق ئېتەكلىرىدىن تارتىپتۇ . تاغلاردىن قۇيۇلۇۋاتقان سۇلىرىنىڭ يېقىملىق سادالىرى ئالەمگە غۇلغۇلا سېلىپتۇ . [رۇبائىي :

ئابەش چۇ گۇلاب ھەر تەرەف گەشتە رەۋان ،
خاكەش زى زەمىن جەننەت ئاۋەردە نىشان .
گۇلنارى ۋەيەست نارى مۇسايى كەلىم ،
بادەش بەمىسالى نەفھەئى رۇھى رەۋان .

(سۇلىرى گۈل سۈيىدەك ھەر تەرەپ ئاقار راۋان ،
تۇپراقلىرى بېرىدۇ جەننەت يېرىدىن نىشان .
ئانارگۈلى بۇ يەرنىڭ گويا مۇسا چوغىدەك ،
خۇشبۇي مەيىن شامىلى گويا تەندە شېرىن جان . )]

دېمەك ، [يايلاق ، باغ ، سەھرالىرى ۋە تاغلىرىنىڭ گۈزەللىكى ، ھاۋاسىنىڭ يېقىملىقلىقى ، تۆت پەسلىنىڭ ھەممىسىدە ھاۋاسىنىڭ مۆتىدىللىكى قاتارلىق] سۈپەتلەردە كەشمىرگە ئوخشايدىغان جاينى كىشى كۆرمىگەن ۋە ئاڭلىمىغان بولغىيدى . نەزم :

ئىستەپ بەرابەرىڭنى ، ئالەم يۈزىن قىلىپ تەي ،
مىسلىڭنى كىمسە كۆرمەي يا كىمسەدىن ئىشىتمەي .

شەھەرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا ئالىي ئىمارەتلەر كۆپ ، ئۇنىڭغا يېڭى قارىغاي ياغاچلىرىنى ئىشلىتىپتۇ . كۆپىنچە ئىمارەتلىرى كۆپ قەۋەتلىك بولۇپ ، ھەربىر قەۋىتى نەچچە ئۆي ، نەچچە ھۇجرا ۋە ئايۋاندۇر ، [يەنە مۇنار ، ھويلا ۋە يېڭىچە كۆركەم

ئۆيلەر بار ، بۇلارنى بايان قىلىشقا قانچە تىرىشساممۇ ، بۇنىڭغا ئىمكانىيىتىم يەتمەيدۇ .] ئىمارەتلىرىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە زىننەتلىنىشى شۇ دەرىجىدىكى ، بۇنىڭغا نەزىرى چۇشكەن كىشى ھەيرانلىق بارماقلىرىنى تەئەججۇپ چىشلىرى بىلەن چىشلەپ [ئىختىيارسىز توختاپ قالىدۇ . ئەمما ، ئىچى ئۇ دەرىجىدە ئەمەس .]

بازار رەستىلىرى ۋە قەلئە كوچىلىرىغا پۈتۈنلەي سىلىقلانغان تاشلار ياتقۇزۇلغان . [كەشمىرنىڭ بازارلىرى باشقا شەھەر ۋە قەلئەلەرنىڭ بازارلىرىغا ئوخشىمايدۇ . بازار رەستىلىرىدە ھەر تۈرلۈك دۇكانلار ، توقۇلما تاۋارلار ۋە ئۇششاق - چۈششەك تاۋار دۇكانلىرىدىن باشقا دۇكانلار يوق . ھەربىر كاسىپ ياكى ھۈنەرۋەن ئۆز ئىشلىرىنى ئۆز ئۆيىنىڭ بىر بۆلۈكىدا ئىشلەيدۇ . بۇ يەرنىڭ رەسىم - قائىدىسىدە باققاللار ، ئەتتارلار ، ئىچىملىك ساتقۇچىلار ۋە باشقا تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى ساتىدىغانلارنىڭ دۇكانلىرى يوق .] شەھەردىكى خەلقنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە بۇ يەردىكى شەھەرلەرمۇ چوڭ شەھەرلەرگە تەڭلىشەلەيدۇ .

مېۋە تۈرلىرىدىن نەشپۈت ، شاتۈت ، گىلاس ، ئامۇت قاتارلىقلاردىن باشقا مېۋە تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى بار ، بولۇپمۇ ئالما ناھايىتى ئوخشايدۇ . باشقا مېۋە - چېۋىلەرمۇ شۇ قەدەر كۆپكى ، بارلىق ئېھتىياجنى قاندۇرالايدۇ .

ئاجايىپ ئەھۋالاتلاردىن بىرى شۇكى ، كەشمىردە ئۈجمە كۆپ ، ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى يىپەك ئېلىشقا ئىشلىتىدۇ ، لېكىن مېۋىسىنى يەيدىغان ئادەت يوق ، [ئۇنى يېيىش ئەيىب سانىلىدۇ . باشقا مېۋىلەر شۇ قەدەر كۆپكى ، پىشقان ۋاقتىدا ئۇنى ئېلىش - سېتىش ئادەتتە كەم ئۇچرايدۇ .] بۇ يەردە مېۋىدىن بېغى بارلار بىلەن بېغى يوقلار ئوخشاش پايدىلىنىدۇ . چۈنكى ، [باغلار تام بىلەن قورشالمىغان ،] ھەر كىشى كىرىپ مېۋىسىنى يېسە توسىدىغان ئادەت يوق .

## توقسان سەككىزىنچى باب

# كەشمىرنىڭ كاتتا ئاجايىباتلىرىنىڭ بايانى

[كەشمىرنىڭ] چوڭ ئاجايىباتلىرىدىن بىرى بۇتخانا بولۇپ، كەشمىرنىڭ بارلىق ناھىيىلىرىدە قىياسەن يۈز ئەللىك، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق بۇتخانا بار، بۇلارنىڭ ھەممىسى قىرىپ سىلىقلانغان تاش بىلەن ياسالغان. [تاشلارنى گەجسىز، يىلىمسىز ۋە ھاك لېيىمۇ ئىشلەتمەستىن بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە ۋە يېنىغا شۇ قەدەر تۈز ۋە] ئۈستىلىق بىلەن جىپسىلاشتۇرۇپ قويۇپتۇكى، ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدىكى دەرزدىن بىر قات قەغەزنىمۇ ئۆتكۈزگىلى بولمايدۇ. ھەربىر تاش [نىڭ ئۇزۇنلۇقى] ئۈچ گەزدىن تاكى يىگىرمە گەزگىچە، قېلىنلىقى بىر گەز، كەڭلىكى بىر گەزدىن بەش گەزگىچە يېتىدۇ. ئۇ تاشلارنى قانداق ئېلىپ كېلىپ بۇ ئىمارەتلەرنىڭ ئۈستىگە قانداق چىقارغانلىقىغا ئەقىل يەتمەيدۇ. ئۇ بۇتخانىلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر خىل لايىھىلەنگەن بولۇپ، تۆت ئەتراپى تام بىلەن قورشالغان. ئۇنىڭ بەزى ئېگىز يەرلىرى ئوتتۇز گەزگە يېتىدۇ، ئۇنىڭ ھەربىر تېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ [يۈز] گەزگە يېتىدۇ، ئىچىگە تۈۋرۈكلەر قويۇلغان. ھەربىر تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىگە تىك تۆت تەرەپلىك مۇقەرنەس[1] باشلار قويۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھالچەلەر

---

[1] مۇقەرنەس — بىنانىڭ قاتمۇقات ئويما ۋە قاپارتما نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن ئۈستۈنكى قىسمى.

قويۇلغان. بۇ تۈۋرۈك، مۇقەرنەس، ناھالچەلەرنىڭ كۆپىنچىسى پۈتۈن بىر پارچە ئۈيۈل تاشتىن چىقىرىلغان. گۈمبەزلەرنىڭ ئايلانما گىرۋىكى تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان، گۈمبەزلەر-نىڭ كەڭلىكى ئۈچ ياكى تۆت گەز كېلىدۇ. [ئېگىزلىكى] قىرىق گەز ياكى ئەللىك گەز چىقىدۇ. ھەر تۆت دانە تاش تۈۋرۈك ئۈستىدىكى مۇقەرنەس ۋە ناھالچەلەرنىڭ ئۈستىگە پۈتۈن بىر پارچە ياكى ئىككى پارچە تاش باستۇرۇلۇپ ئۈستى يېپىلغان.

يەنە ئالدىغا گۈمبەز ۋە دەرۋازىلارنى چىقىرىپ، گۈمبەزلەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا ئېگىزلىكى قىرىق - ئەللىك گەز كېلىدىغان تۈۋرۈكلەرنى قويۇپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى مۇقەرنەس ۋە ناھالچەلەرمۇ ھەربىرى پۈتۈن بىر پارچە ئۈيۈل تاشتىن ياسىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىرى بىر ياكى ئىككى پارچە ئۈيۈل تاشتىن چىقىرىلغان تۆت تۈۋرۈك قويۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئالدى گۈمبەزنىڭ ئىچكىرىسى ۋە تاشقىرىسى ئىككى ئايۋان شەكلىدە بولۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىنى بىر پارچە ياكى ئىككى پارچە پۈتۈن چوڭ تاش خىش بىلەن يېپىپتۇ. ھەربىر ئايۋاننىڭ ئېگىزلىكى يىگىرمە گەز، كەڭلىكى يەتتە [- سەككىز] گەز كېلىدۇ. بۇ ئايۋانلارنىڭ ئۈستىگە پۈتۈنلەي نەقىش - رەسىملەر ۋە رەڭگارەڭ تەسۋىرلەر سىزىلىپتۇ. ئۇنى سۈپەتلەپ يېزىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. بەزى رەسىملەر كۈلۈپ تۇرغان ھالەتتە، بەزى رەسىملەر يىغلاپ تۇرغان تەرزدە، ئۇنى كۆرگەن كىشىنىڭ ئەقلى ھەيران قالىدۇ. ئوتتۇرىدا تاشتىن ياسالغان بىر چوڭ ۋە ئېگىز ئورۇندۇق ئورنىتىپ، ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە تاشتىن گۈمبەز ئورنىتىپتۇ، ئۇنى شەرھلەشكە تىل ئاجىز، [تەسۋىر چولتا] كېلىدۇ. بۇنداق ئىمارەتتىن يەنە بىرەرسىنىڭ بارلىقىنى ئالەم يۈزىدە ھېچكىم كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان ئەمەس. [بۇنداق ئىمارەتتىن يۈز ئەللىكچە جايدا بار.]

ئاجايىباتلاردىن يەنە بىرى شۇكى، كەشمىرنىڭ شەرق تەرىپىدە بەرنەگ ئاتلىق بىر ۋىلايەت بار، ئۇ يەردە بىر ئېگىز دۆۋىلىك بار،

ئۇ دۆۋىلىكنىڭ تۆپىسىدە كۆلگە ئوخشايدىغان بىر چوڭقۇر يەر بار ، ئۇ يەرنىڭ تېگىدە بىر تۆشۈك بار . ئۇ تۆشۈك ھەمىشە قۇرۇق تۇرىدۇ ، قاچانكى سەۋر① پەسلى يېتىپ كەلسە ، ئۇ تۆشۈكتىن سۇ چىقىدۇ . ھەر كۈنى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم سۇ چىقىپ ئۇ كۆل توشىدۇ - دە ، بىر ياكى ئىككى تۈگمەنلىك سۇ ئۇ دۆۋىلىكتىن ھەر تەرەپكە ئېقىشقا باشلايدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئاستا - ئاستا سۇ پەسىيىپ ، شۇ تۆشۈكتىن باشقا يەردە سۇ قالمايدۇ . شۇ پەسىل ئۆتۈپ كەتسىلا ئۇ تۆشۈك يەنە يىل ئاخىرىغىچە قۇرۇپ قالىدۇ . ئۇ تۆشۈكنى بىرمۇنچە كولاپ ئاغزىنى گەج بىلەن چاپلاپ يېپىۋېتىپتىكەن . سۇ چىقىدىغان ۋاقىت كەلگەندە ، ئۇنى كۆتۈرۈپ تاشلاپ سۇ چىقىپتۇ ، ھېچبىر ئامال - چارە بىلەن ئۇنى توختىتالماپتۇ .

يەنە [بىر ئاجايىب شۇكى ،] كەشمىرنىڭ مۆتىۋەر ۋە ياخشى جايلىرىدىن بىرى ناگام دېگەن يەر بولۇپ ، ئۇ يەردە ناھايىتى ئېگىز بىر دەرەخ بار . شۇنچىلىك ئېگىزكى ، يا بىلەن ئوق ئاتسا ، ئۇ دەرەخنىڭ ئۇچىغا يەتمەيدۇ . ئەگەر ئۇ دەرەخنىڭ بىر تال كىچىك شېخىنى تۇتۇپ مىدىرلاتسا ، ئۇ دەرەخ شۇنچە چوڭ بولسىمۇ ، يەنە پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن بىراقلا مىدىرلايدۇ .

يەنە كەشمىرنىڭ ئېتىبارلىق ۋىلايەتلىرىدىن بىرى دىۋسەر ۋىلايىتىدۇر . ئۇ يەردە بىر بۇلاق بار ، ئۇ بۇلاق ئەتراپىدىكى كۆلنىڭ ھەممە تەرىپى يىگىرمە گەزدىن كېلىدۇ . بۇ بۇلاقنىڭ ئەتراپىدا چىرايلىق ۋە خۇش قامەت دەرەخلەر ، گۈزەل كۆكلەمزارلار بار . [كىشىلەر] بىر كوزىغا گۈرۈچ قاچىلاپ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ ، [ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئېتىنى يېزىپ] بۇلاققا تاشلايدۇ ، كوزا چۆكۈپ كېتىدۇ . [شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ

① سەۋر — (1) ئۆكۈز ؛ (2) كونا ئاسترونومىيە چۈشەنچىسى بويىچە ئاسماندىكى ئون ئىككى بۇرجنىڭ ئىككىنچىسى بولۇپ ، بۇ دائىرىگە توپلانغان يۇلتۇزلار ئۆكۈز شەكلىدە تەسەۋۋۇر قىلىنغانلىقتىن ، شۇ نام بىلەن ئاتالغان . سەۋر پەسلى 2 - ئايغا توغرا كېلىدۇ .

لەيلەپ چىقىشىنى] كۆتىدۇ . گاھىدا بەش يىلدا ، گاھىدا بىر كۈندىلا چىقىدۇ ، كوزىنىڭ لەيلەپ چىقىدىغان ۋاقتى مۇقىم ئەمەس . قاچانكى كوزىدىكى گۈرۈچ پىشىپ ئىسسىق چىقسا ، بۇنى ياخشى پالنىڭ بىشارىتى دەپ بىلىدۇ . گاھىدا گۈرۈچنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ چىقىدۇ ، بەزىدە گۈرۈچنىڭ ئورنىدا لاي ، قۇملار چىقىدۇ . دېمەك ، كوزىنىڭ ئىچىدىكى نەرسە قانچە يامانراق بولۇپ چىقسا ، پالنىڭ شۇنچە يامانلىقىنىڭ بىشارىتى دەپ قارايدۇ .

يەنە بىرى شۇكى ، كەشمىردە ئۇلۇر① دەپ ئاتىلىدىغان بىر كۆل بار ، ئۇنىڭ ئىھاتىسى يەتتە فەرسەڭ ئەتراپىدا . كەشمىر سۇلتانلىرىدىن سۇلتان زەينەلئابىددىن ئۇ كۆلنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا بىر ئىمارەت بىنا قىلدۇرۇپتۇ . ئالدى بىلەن كۆلگە تاش تۆكتۈرۈپ ، ئۇنىڭ ئۈستىنى تۈزلەتكۈزۈپ ، ئۈستىگە تاش ياتقۇزۇپ تۆت چاسا شەكىلدىكى بىر سۇپا ياسىتىپتۇ ، بۇ سۇپىنىڭ ھەربىر تەرىپى ئىككى يۈز گەزدىن كېلىدۇ ، ئېگىزلىكى ئون گەز كېلىدۇ . سۇپىنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈنلەي تاش بىلەن ياساپ چىقىپتۇ ، ئۇنىڭدا تاشنى جىپسىلاشتۇرغان دەرز ياكى چاكنى مۇتلەق سەزگىلى بولمايدۇ . ئۇ سۇپىنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى كۆركەم ۋە پۇختا بىر ئىمارەت بىنا قىلىپتۇ . ئۇنىڭ ئەتراپىغا گۈزەل ۋە ھۆزۈر بەخش ئەتكۈچى دەرەخلەرنى تىكىپتۇ ، بۇنداق گۈزەل ۋە پاكىز جاي ئالەمدە كەم ئۇچرايدۇ .

يەنە [بىر ئاجايىبات شۇكى ،] مەزكۇر سۇلتان زەينەلئابىددىن شەھەر ئىچىدە بىر ئىمارەت سالدۇرغانىكەن ، بۇ ئىمارەتنى كەشمىر تىلىدا راجدان دەپ ئاتايدۇ . بۇ شۇنداق ئىمارەتكى ، ھەممىسى ئون ئىككى قەۋەتلىك بولۇپ ، بەزى قەۋەتلىرىدە ئەللىك ئۆي ، ھۇجرا ۋە ئايۋان بار ، شۇنچىۋالا ئېگىز ئايۋان ، [ئىمارەتنىڭ] ھەممىسى ياغاچتىن پۈتكۈزۈلگەن . ئالەم يۈزىدىكى ئالىي ئىمارەتلەردىن بولغان تەبرىزدە سۇلتان يەئقۇب بىنا قىلغان ھەشت بېھىشت

① ئۇلۇر — خەنزۇچە نەشرىدە «ئۇلار» (Ular) دېيىلگەن (مۇھەررىرلەردىن) .

(سەككىز بېھىشت) سارىيى؛ ھېراتتىكى باغى زاغان، باغى سەفىد، باغى شەھر سارايلىرى؛ سەرمەرقەندتىكى كۆكساراي، ئاقساراي، باغى دىلگۇشاي، [باغى بۇلدى] قاتارلىق ئالەمنىڭ بارلىق ئىمارەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن بۇ راجدان ئىمارىتى [ئېگىز] ۋە ئۆيلىرى كۆپ. ئەمما، راجدان ئىمارىتى [سىياقى]، تەرھى (تۈزۈلۈش، رىجە)، گۈزەللىك جەھەتلەردە ئۇ ئىمارەتلەرگە يېتەلمەيدۇ.

ھەزرىتى مەۋلانا شەرەفىددىن ئەلى يەزدى «زەپەرنامە» كىتابىدا كەشمىرنى تەرىپلەپ بىرنەچچە نەرسە ھەققىدە يازغانىكەن، لېكىن بۇلار ئەمەلىيەتتە كەشمىرنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. سەۋەبى شۇكى، ھەزرىتى مەۋلانا شەرەفىددىن ئەلى يەزدى كەشمىرنى ئۆزى كۆرمىگەنىكەن، كۆرگەن كىشىلەردىن سوراپ، شۇلارنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىدىن ئاڭلاپ يازغانىكەن. ئېھتىمال ئۇ نەقىل قىلغۇچىلار خاتا ئېيتىپ بەرگەن بولسا كېرەك. شۇ تۈپەيلىدىن بەزى تەرىپلەردە ۋە سۈپەتلەشلەردە ئۆزگىرىپ كەتكەن ئەھۋاللار سادىر بولغان بولۇشى مۇمكىن. [بۇ نەقىل تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت.

## توقسان توققۇزىنچى باب

# «زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل

كەشمىر — ئالەم خەلقى ئۇلتۇراقلاشقان مەشھۇر جايلاردىن بىرى. بۇ جاي ئاجايىپ يەرگە ئورۇنلاشقانلىقتىن، پەقەت ئۇ يەرگە بېرىشنى مەقسەت قىلغان كىشىلەرلا ئۇ يەرگە سەپەرگە چىقىدۇ، باشقىلارنىڭ ئايىغى ئۇ يەرگە يېتىپ بارمايدۇ. كەشمىرنىڭ

ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرى ۋە شۇ يەرنىڭ تۇراقلىق كىشىلىرىدىن سوراپ ئىنىقلاپ، ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ توختالغانلىرىمىزدىن كېيىن بايان قىلدۇق. ئاللا مۇۋەپپەقىيەت بەرسە، بۇ جاينىڭ ئىقلىملار ئىچىدىكى ئورنى، كۆلىمى ھەققىدە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مەملىكەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ كۆلىمى بىلەن تۈزۈش ئەھۋاللىرى ھەققىدىكى كىتابلاردىن پايدىلىنىپ يازىمىز.

كەشمىر — تۆتىنچى ئىقلىمنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېقىن يەرگە ئورۇنلاشقان ۋىلايەت. ئۇنىڭ كەڭلىكى ئوتتۇز ئۈچ دەرىجە ئەللىك تۆت دەقىقە. كەشمىرنىڭ ئېنى (كەڭلىكى) خەتتى ئۇستەۋادىن[①] ئوتتۇز بەش[②] دەرىجە، ئۇزۇنلۇقى جەزائىرى سەئىدى[③]دىن بىر يۈز بەش دەرىجە. بۇ ۋىلايەتنىڭ بارلىق زېمىنى ئېگىز تاغلار بىلەن قورشالغان. تاغنىڭ جەنۇبى دېھلى ۋە زەمىن تامانغا، شىمال تەرىپى بەدەخشان ۋە خوراسان تەرەپكە قاراپ سوزۇلغان. ئۇنىڭ غەرب تەرىپى ئاۋغان تائىپىلىرىنىڭ ئورۇنلاشقان يۇرتلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرق تەرىپى تىبەت زېمىنىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ شەرقىدىن غەربىگىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى قىرىق فەرسەڭگە يېقىنلىشىدۇ؛ جەنۇبىدىن شىمالىغىچە بولغان كەڭلىكى يىگىرمە فەرسەڭ كېلىدۇ؛ يان تەرىپى تاغلار بىلەن قورشالغان بولۇپ، تەكشى تۈزلەڭلىكلىرى ئاۋاتلاشتۇرۇلغان يېزا، كەنت، مەھەللىلەردىن ئىبارەت. ئۇ يۇرت - مەھەللىلەردە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بۇلاقلار، گۈزەل كۆكلەمزارلار، چىمەنزارلار، پاك ۋە سۈزۈك ئېقىنلار شۇ قەدەر كۆپ؛ بارلىق تاغلىق يۇرتلاردا ۋە تۈزلەڭلىكلەردە يۈز مىڭ كىشىلىك يۇرت - مەھەللىلەر بار، ئۇ يەردە ئۆيلەر سېلىنغان، تېرىقچىلىق يەرلىرى بار، دېيىشىدۇ. ئۇ جاينىڭ ئاب - ھاۋاسىنىڭ يېقىملىقلىقى، ئۇ يەرنىڭ خۇش

---

① خەتتى ئۇستەۋا — خەرىتىدىكى ئېكۋاتور سىزىقىنى كۆرسىتىدۇ.
② خەنزۇچە نەشرىدە «ئوتتۇز تۆت دەرىجە» دېيىلگەن (مۇھەررىردىن).
③ جەزائىرى سەئىدى — يەر نامى. قەدىمكى ئەرەب جۇغراپىيۇنلىرى دەسلەپكى مېرىدىئان مۇشۇ يەردىن ئۆتىدۇ، دەپ قارىغان (مۇھەررىردىن).

قامەت گۈزەللىرى ۋە يېقىملىق نازىنىنلىرىغا ئوخشىتىلىپ ، سۆزمەنلەرنىڭ ئېغىزلىرىدا ماقال بولۇپ تارقالغان . بۇ ھەقتە مۇنداق تەمسىل بار :

**رۇبائىي :**

شاھى ھەمە دىلبەرانى كەشمىر تۇئى ،
خۇررەمى دىل ئان سىپاھى كەشمىر تۇئى .
ئان ھۇركى رۇھرا سەرىكەش گۇيەند ،
كەندەر كەفى پايى نازۇكەش مىر تۇئى .

(كەشمىر گۈزەللىرىنىڭ شاھى سەن ئۆزۈڭ ،
شادلىق قوشۇنىنىڭ سىپاھى سەن ئۆزۈڭ .
روھنى ياشناتقۇچى ھۆرلەرنى ئايىغىڭغا
باش ئەگدۈرگۈچى ھەم پاناھى سەن ئۆزۈڭ . )

ئۇ يەرنىڭ تاغ ۋە سەھرالىرىدا تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر ئۆسىدۇ ، ئۇلارنىڭ مېۋىلىرى ناھايىتى ياخشى ۋە پايدىلىق . ئەمما ، ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى سوغۇققا مايىل بولغاچقا ، قار ناھايىتى كۆپ ياغىدۇ ، شۇڭا ئىسسىق تەرەپلەردە ئۆسىدىغان مېۋىلەردىن خورما ، نارەنج (ئاپېلسىن) ، لىمون ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان مېۋىلەر ئۇ يەردە پىشمايدۇ . لېكىن ، ئۇلارنى يېقىن ئەتراپلاردىكى ئىسسىق جايلاردىن ئېلىپ كېلىشىدۇ . ئاشۇ تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ، تاغدىن ھېسابلىغاندا شەرق تەرىپىمۇ ، غەرب تەرىپىمۇ بىر فەرسەڭدىن كېلىدىغان جايدا سىرىناگار ناملىق شەھەر بار . بۇ دىيارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى شۇ شەھەردە تۇرىدۇ ، خۇددى باغدادتىكىگە ئوخشاش ، بۇ شەھەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن بىر چوڭ دەريا ئېقىپ ئۆتىدۇ . ئۇنىڭ سۈيى باغدادتىكى دىجلە دەرياسى[1]نىڭ سۈيىدىن كۆپ . ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى ، شۇنچە كۆپ ئېقىن سۇلارنىڭ

---

① دىجلە دەرياسى — يەنى تىگرىس دەرياسى . ھازىرقى تۈركىيە بىلەن ئىراقتىن ئېقىپ ئۆتىدىغان غەربىي ئاسىيادىكى چوڭ دەريا (مۇھەررىردىن) .

ھەممىسى بىرلا بولاقتىن باشلىنىدۇ ، باشلىنىدىغان مەنبەسمۇ شۇ ۋىلايەتتە بولۇپ ، ئۇنى «چەشمەئى ۋىر» (ۋىر بۇلىقى ) دەپ ئاتىشىدۇ . ئۇ يەردىكى ئاھالە كېمىلەرنى زەنجىر بىلەن بىر ـ بىرىگە چېتىپ ئوتتۇزغا يېقىن كۆۋرۈك ياساپ دەرياغا ئازادە يول سالغان ، بۇ كۆۋرۈكلەردىن يەتتىسى بۇ دىيارنىڭ مەركىزى ۋە ھۆكۈمدارلىرىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولغان سىرىناگاردا .

بۇ دەريا ئېقىپ كەشمىر چېگرىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇ ئېقىپ ئۆتىدىغان يۇرتلىرىنىڭ ئىسمى بىلەن قوشۇپ ، ئۇنى بىر يەردە دەندانە دەرياسى ، يەنە بىر يەردە جۇملە دەرياسى دەپ ئىككى خىل ئاتايدۇ . بۇ دەريا مۇلتانىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ چىنئاب دەرياسىغا قوشۇلىدۇ ، ئاندىن ئىككىسى قوشۇلۇپ مۇلتاندىن ئېقىپ ئۆتۈپ راۋا دەرياسىغا بېرىپ قۇيۇلىدۇ . راۋا دەرياسى مۇلتانىنىڭ باشقا تەرىپىدىن ئېقىپ كېلىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككى دەريا قوشۇلۇپ ئېقىپ بېرىپ سىياھ دەرياسى بىلەن قوشۇلىدۇ . بۇ دەريالارنىڭ ھەممىسى بىر بولۇپ ، ئۇچ شەھىرىنىڭ يېنىدا سىند دەرياسىغا كېلىپ قوشۇلىدۇ . ئاندىن بۇ دەريالار سىند دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ ۋە تەتتە دېگەن جايدا بۇ دەريا ئۇممان دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ .

ئاللانىڭ : «يەر يۈزىنى (توغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا سوزۇپ ) كەڭ ياراتتۇق ، يەر يۈزىدە (ئۇنىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ) تاغلارنى قىلدۇق ۋە ئۇنىڭدا تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق»[1] دېگەن نازۇك ھېكمىتىگە مۇۋاپىق بۇ ئاۋات ماكانىنىڭ ئەتراپىنى ئادەم ئۆتەلمەيدىغان تاغلار قورشاپ تۇرىدۇ . شۇڭا ، ئۇ گۈزەل دىيارنىڭ تۇراقلىق ئاھالىسى دەخلى ـ تەرۈزدىن خالىي ، تىنچ ۋە ئەندىشىسىز ياشايدۇ ، زامان زورلۇقلىرىنىڭ بوران ۋە يامغۇرلىرىدىن غەم قىلىشمايدۇ .

---

① «قۇرئان كەرىم» ، 50 ـ سۈرە قاف ، 7 ـ ئايەت .

ئۇ ۋىلايەتنىڭ ئۈچ چوڭ يولى بار . بۇنىڭ بىرى خوراسان تەرەپتىن ئۇ يەرگە بارىدىغان يول بولۇپ ، بۇ يول ناھايىتى مۇشكۇل ، شۇڭا يوك توشۇيدىغانغا قولايسىز . كىشىلەر بۇ يولدا يوكنى ئۇلاغلارغا ئارتمايدۇ . ئۇ يەرنىڭ يەرلىك كىشىلىرى بۇنىڭغا ئادەتلىنىپ كەتكەن ، ئۇلار يوكلىرىنى مۇرىسىگە ئارتىپ بىرنەچچە كۈن پىيادە يۈرۈپ ، چارۋىلارغا يوك ئارتىشقا بولىدىغان يەرگىچە يەتكۈزىدۇ . ئۇ يەرگە ھىندىستان تەرەپتىن بارىدىغان يولمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش . تىبەت تەرەپتىن بارىدىغان يول ئاسانراق ، لېكىن بىر نەچچە كۈنلۈك يولدا تەبىئىتى زەھەرلىك ئوت - چۆپلەر كۆپ . شۇڭا ، ئاتلىق يۈرگۈچىلەرگە بۇ يولمۇ قىيىن ، چۈنكى زەھەرلىك ئوت - چۆپلەرنى يەپ قالغان چارۋىلار ھالاك بولىدۇ .]

## يۈزىنچى باب

# كەشمىرنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكى ۋە كەشمىردە ئۆتكەن [مۇسۇلمان] پادىشاھ-لارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىنىڭ بايانى

بىلمەك كېرەككى ، كەشمىر يېقىنقى زاماندا ئىسلام دىنىغا كىرگەنىكەن ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھەممىسى ھىندىلارنىڭ بىراھمى دىنىدا ئىكەن .

سۇلتان شەمسىددىن دېگەن بىر دەرۋىش سۇپەت كىشى ئۇ يەرگە كەلگەن . ئۇ ۋاقىتلاردا كەشمىردە بىر ئايال ھۆكۈمدار پادىشاھ بولۇپ تۇرۇۋاتقانىكەن . [سۇلتان شەمسىددىن بۇ مەلىكە (پادىشاھ)گە خىزمەت قىلىشقا باشلاپتۇ .] بىر مۇددەت ئۆتكەندىن

كېيىن مەلىكىدە سۇلتان شەمسىددىنىنىڭ نىكاھىغا ئۆتۈش رىغبىتى پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئەقدى - نىكاھىغا كىرىپتۇ. بۇ ئىش بولغاندىن كېيىن سۇلتان شەمسىددىن پۈتكۈل كەشمىرنى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگۈزۈپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان ئەلائىددىن ئۇنىڭ ئورنىدا سۇلتانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن [ئەلائىددىنىنىڭ ئوغلى] سۇلتان قۇتبىددىن ھۆكۈمدارلىق ئورنىدا ئولتۇرۇپتۇ. ئاشۇ سۇلتان قۇتبىددىنىنىڭ زامانىدا ھەزرىتى ئەمىرى كەبىر ئەلىيۇس - سانى (ئىككىنچى ئەلى) — سەييىدئەلى ھەمەدانى، ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — كەشمىرگە كەلگەنىكەن. [شۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان قۇتبىددىن] قىرىق كۈندىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرمەي ۋاپات بولغان. سۇلتان قۇتبىددىندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان ئىسكەندەر ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپ ئىسلام دىنىنى راۋاجلاندۇرۇپ، بۇتخانىلارنى ۋەيران قىلغان. كېيىن ئوغلى سۇلتان زەينەلئابىددىن ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ئولتۇرۇپ ئەللىك يىل سەلتەنەت تەختىدە ھۆكۈم سۈرۈپتۇ، كەشمىرنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپتۇ، [بارلىق تائىپىلەرنى كاپىر ياكى مۇسۇلمان دەپ ئايرىماستىن ھەممىسىگە مېھرىبانلىق بىلەن قاراپتۇ.] ئۇنىڭ زامانىدا كەشمىر شەھىرى بىنا قىلىنغان بولۇپ، ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئاسارئەتىقىلىرى بار. كۆپ خىل ھۈنەرۋەنلەر، مەسىلەن، كۆپىنچە شەھەرلەردە كەم تېپىلىدىغان ھەككاك[①]، تاشچى، شىشىگەر[②]، تابدانچى[③]، زەرگەر ۋە باشقا ھۈنەرۋەنلەر كەشمىردە كۆپ، ئۇلارنىڭ بازارلىرىمۇ كاسات. پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھردە بۇخارا ۋە سەمەرقەندتىن باشقا ھېچ يەردە بۇنداق

① ھەككاك — قىممەت باھالىق تاش ياكى مەدەنلەرنى قىرىپ، سىلىقلاپ، ئۇلارغا خەت ۋە گۈل قاتارلىقلارنى ئويغۇچى ۋە پەردازلىغۇچى.

② شىشىگەر — شىشە، ئەينەك ياكى چاقچۇق بۇيۇملارنى ياسىغۇچى.

③ تابدانچى — مەش، ئوچاق، تۇرخۇن، مورا ياسىغۇچى.

ھۈنەرۋەنلەر يوق . [كەشمىردە بۇنداق ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تۈرلىرى تولۇق ، سانى كۆپ .] بۇلارنىڭ ھەممىسى سۇلتان زەينەلئابىددىن-نىڭ تىرىشچانلىقى ۋە سەۋەبكارلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر .

سۇلتان زەينەلئابىددىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن كەشمىرنىڭ سەلتەنەت ئىشلىرى ئاجىزلىشىش ، چېكىنىشكە يۈزلەن-گەن . ئەمىرلىرىنىڭ كۈچى زورىيىپ كەشمىر سۇلتانلىرىنىڭ سەلتەنەت ئىشلىرىدا پەقەت نامىلا ساقلىنىپ قېلىپتۇ . ئەھۋال شۇ دەرىجىگە يېتىپتۇكى ، ئەمىرلەر كۆرۈنۈشتىكى ھۆرمەتنىمۇ تاشلاپتۇ . ئۇ سۇلتانلار جانلىرىنى سالامەت ساقلىغانلىقىنى ، ۋەتەندىن قوغلاپ چىقىرىلمىغانلىقلىرىنى غەنىيمەت بىلىشىپ ، ئەمىرلىرىنىڭ سەركەشلىكلىرىگە سەۋر - تاقەت قىلىشىپتۇ . ھازىرقى كۈنلەردە سۇلتان نادىر پەقىر مىرزا ھەيدەرنىڭ سۆھبىتىمدە بولىۋاتىدۇ . ئۇنىڭغا پەقىر كەشمىرنىڭ ئەمىرلىرى قىلغان ھۆرمەتتىن ئارتۇقراق ئىززەت - ئېھتىرام قىلدىم . بۇ سۇلتانلار سۇلتان زەينەلئابىددىن كېيىن تاكى ھازىرغىچە نەچچىلىگەن كىشى سۇلتانلىق نامىنى كۆتۈرۈپتۇ ، لېكىن تولۇق مۇستەقىل سەلتەنەت سۈرەلمەپتۇ .

## بىر يۈز بىرىنچى باب

# كەشمىرلىكلەر مەزھىپىنىڭ بايانى

مەخپىي قالمىسۇنكى ، كەشمىرلىكلەرنىڭ ھەممىسى [ئىسلام دىنىنىڭ] ھەنەفى مەزھىپىدە ئىكەن . نادىر سۇلتاننىڭ ئاتىسى زەفەر فەتھ شاھنىڭ زامانىدا ئىراق زېمىنىنىڭ تالىش دېگەن

يېرىدىن شەمس ئاتلىق بىر كىشى كېلىپ، ئۆزىنى نۇر بەخشى دەپ ئاتاپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇزۇق مەزھىپىنى ئاشكارا تارقىتىپ، ئۇنى «نۇر بەخشى مەزھىپى» دەپ ئاتاپتۇ. كاپىرلىق ۋە خۇداسىزلىقنى تەرغىب قىلىپتۇ، «فىقھى ئەھۋەت» ناملىق كىتابنى ئاشكارا تارقىتىپتۇ. بۇ مەزھەپ ئەھلى سۈننەت جامائىتىگىمۇ، شىئە مەزھىپىگىمۇ ۋەياكى رافىزىي مەزھىپىگىمۇ مۇۋاپىق ئەمەس. ئۇلار ھەزرىتى ئائىشە — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — گە ۋە كەرەملىك ساھابىلەرگە ھاقارەت قىلىشنى — خۇدا ساقلىسۇنكى، بۇ رافىزىيلارنىڭ شۇئارىدۇر — ئۆزلىرىگە لازىم دەپ بىلىدۇ. ئەمما، شىئەلەرنىڭ ئەقىدىسىگە قارىمۇقارشى ئېتىقاد قىلىدۇ. شىئەلەرنىڭ ئەقىدىسىگە خىلاپ ھالدا ئەمىر سەييىدمۇھەممەد نۇربەخشىنى «زاماننىڭ ئىگىسى»، «مەھدى» ۋە «مەۋئۇد»① دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، ئاللانىڭ كاتتا ئەۋلىيالىرىغىمۇ شىئەلەرگە قارىمۇقارشى ئېتىقاد قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بۇ ئەقىدىلىرىنى توغرا دەپ بىلىدۇ. خۇدا ساقلىسۇنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىق ۋە خۇداسىزلىق ئەقىدىلىرىگە ياتىدىغان بۇ مەزھىپىگە «نۇر بەخشى» دەپ ئات قويۇپتۇ. پەقىر نۇربەخشى شەيخلىرىدىن بىرنەچچىسىنى بەدەخشاندا ئۇچراتقان، ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋاللىرىنى كۆرگەنىدىم. ئۇلارنىڭ ھەممە ئەمەل ۋە ئېتىقادلىرى ئەھلى سۈننەت جامائىتىگە مۇۋاپىق ئىدى، كۆرۈنۈشلىرىمۇ ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ سۈننەتلىرىگە مەنسۇپ بولۇش بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. ھەزرىتى ئەمىر سەييىدمۇھەممەد نۇربەخشىنىڭ پەرزەنتلىرىدىن بىرى ماڭا بىر رىسالىنى كۆرسەتكەنىدى. بۇ سەييىدمۇھەممەد نۇربەخشىنىڭ يازغان كىتابى ئىكەن. بۇ رىسالىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«پادىشاھلار ۋە ئەمىرلەرنىڭ بىلىمسىزلىرى سەلتەنەت سۈرى

---

① مەۋئۇد — ۋەدە ئالغۇچى، سۆز ئالغۇچى، كېپىل بولغۇچى.

پاكلىق ۋە تەقۋادارلىق بىلەن بىرلەشلەيدۇ، دەپ گۇمان قىلىشىدۇ، بۇ ناتوغرا گۇماندۇر. چۈنكى، ئۇلۇغ پەيغەمبەرلەر پەيغەمبەرلىكلىرى بىلەن بىللە يەنە پادشاھلىقنىمۇ قىلغان ۋە سەلتەنەت ئىشلىرىغىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. مەسىلەن، ھەزرىتى يۇسۇف، ھەزرىتى مۇسا، ھەزرىتى داۋۇد ۋە سۇلەيمان — ئاللا ئۇلارغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — ھەم ھەزرىتى رىسالەت پاناھ مۇھەممەد — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — شۇنداقلا ئەۋلىيالارنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن ھەزرىتى ئەبۇبەكر سىددىق، ھەزرىتى ئۇمەر فارۇق، ھەزرىتى ئۇسمان [زىننۇرەين]، ھەزرىتى ئەلى [مۇرتەزا] — يۇكسەك تەڭرى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە جەننەت ئاتا قىلغاي — قاتارلىقلار.»

دېمەك، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان شەمس دېگەننىڭ مەزھىپى نۇربەخشى مەزھىپىگىمۇ مۇۋاپىق ئەمەس ئىكەن، شۇنداقلا يەنە ئەھلى سۈننەت جامائىتىنىڭ يولىغىمۇ مۇخالىپتۇر. پەقىر ئۇ «فىقھى ئەھۋەت» دېگەن كىتابنى ھىندىستان ئۆلىمالىرىنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتكەنىدىم، ھىندىستان ئالىملىرى ئۇ كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا پەتۋا يېزىپ ئەۋەتىپتۇ. ئۇ پەتۋا تۆۋەندىكىچە:

بىسمىللاھىر - رەھمانىر - رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەي ئاللا، ھەقىقەتنى ھەقىقەت بويىچە، يالغاننى يالغان بويىچە ۋە بارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز پېتىچە ئەينەن كۆرسەتكەيسەن.

بۇ كىتابنى مۇتالىئە قىلىپ مەسىلىلىرىنى ئويلاپ كۆرگەندىن كېيىن مەلۇم بولدىكى، بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى باتىل (يالغان) دىندا ئىكەن. بۇ كىتاب ھەممىگە ئايان بولغان سۈننەتكە ۋە ئۇممەتلەرنىڭ ئورتاق يولىغا

مۇخالىپلىق قىلىشقا بېرىپ يېتىپتۇ ، بۇ ھەقىقەت ئەھلىنىڭ مەزھەپلىرىدىن بىرەرسىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان كىتاب ئەمەسكەن . بۇ كىتابتا : «ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى ماڭا شۇنداق پەرمان قىلدىكى ، بىرىنچىدىن ، مۇھەممەد ئۈممەتلىرىنىڭ ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان دىنىي تارماقلاردىكى ئىختىلاپلارنى تۈگەتكەيمەن ، شەرىئەت ھەزرىتى مۇھەممەد — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ زامانلىرىدا قانداق بولغان بولسا ، شۇنىڭدىن كەم ياكى زىيادە قىلماي شۇ تەقلىدتە بايان قىلغايمەن . ئىككىنچىدىن ، ئۈممەتلەر ئارىسىدىن ۋە ئالىملار ئارىسىدىن دىن ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى ئىختىلاپلارنى كۆتۈرۈۋەتكەيمەن» دەپ بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى بۇ خىل دەۋا بىلەن ھەقىقەتەن يالغانچىلىق ۋە دىنسىزلىق گۇناھىغا مايىل بولۇپتۇ . بۇنداق كىتابنى مەنئى قىلىش ۋە ئالەم يۈزىدىن يوقىتىش قۇدرىتى يېتىدىغان خەلققە ۋاجىپتۇر ؛ بۇ كىتابنى يوق قىلىشى ۋە ئالەمدە پەيدا بولمايدىغان قىلىشلىرى لازىمدۇر ؛ بۇنداق مەزھەپنى مەنئى قىلىش ۋە يوقىتىش زۆرۈرىيەت جۈملىسىدىندۇر ؛ بۇ كىتابقا ئەمەل قىلىدىغان ۋە بۇ مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىدىغان خاتالىقنى تۈگىتىش پەرزدۇر ؛ ئەگەر بۇ كىتابقا ئەمەل قىلىشتىن ۋە بۇ مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىشتىن توختىمىسا ، قەتلى قىلىش سىياستى بىلەن بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى تۈگىتىش ، ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىدىن مۇسۇلمانلارنى خالاس قىلىش ۋاجىپتۇر . دىنىنىڭ نۇسرەت تېپىشى ، كۈچىيىشى ، توغرا يولنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇلار توۋا قىلىپ بۇ باتىل مەزھەپتىن يانسا ، ئۇلار ھەزرىتى ئەبۇھەنىفە — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نىڭ مەزھەپلىرىگە ئەمەل قىلىپ ، مۇشۇ مەزھەپكە كىرىشكە بۇيرۇلسۇن .

ھازىر كەشمىردە سوفىي بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دىنسىزلىققا مايىل بولماقتا . ئۇلارنىڭ ھالال بىلەن هارامدىن ھېچ خەۋىرى يوق ، پەقەت كەم ئۇخلاش ، كەم غىزالىنىشنىلا تەقۋادارلىق ۋە ئىخلاسمەنلىك دەپ ئاتاۋاتىدۇ . ھەرقانداق نەرسە تاپسا ھېچ ئۇۋا قىلماستىن ، ھېيىقماستىنلا ئېلىۋېرىدۇ . ھالال قايسى ، ھارام قايسى ؟ بۇنى پەرق ئەتمەيدۇ ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوخشاش دەپ قارايدۇ . ئۇلار ھەممىسى ئاچ كۆزلۈك

بىلەن ۋەقبە ـ ئەۋقاپ مۇلۇكلىرىنى شەرىئەتكە مۇناسىۋەتسىز ھالدا سەرپ قىلىشقا قول سوزۇپ تىرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ دائىم چۇش كۆرۈش، تەبىر ئېيتىش، «بۇ يىل ئانداق ۋەقە بولىدۇ»، «مۇنداق ھادىسە كۆرۈلىدۇ» دەپ كارامەت ئىزھار قىلىش، كېلىدىغان زاماندا بولغۇسى غايىب ئەھۋاللاردىن خەۋەر بېرىش قاتارلىقلاردىن ئۆزگە ئىشلىرى يوق. ئۇلار بىر ـ بىرلىرىگە سەجدە قىلىشىدۇ. بۇنچىۋالا رەسۋالىق بىلەن يەنە چىلىلىگە كىرىپ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشىدۇ. ئىلىمنى ۋە ئىلىم ئەھلىنى ناھايىتى [يامان] كۆرۈشىدۇ، [ئۇلارغا يامان كۆز بىلەن قارايدۇ،] شەرىئەتنى تەرىقەتتىن ئايرىۋېتىدۇ، شۇنداقلا «تەرىقەت ئەھلىنىڭ شەرىئەت بىلەن ئەسلا ئىشى يوق» دەيدۇ. بۇنداق مۇلھىد (دىنسىز) مەزھەپنى كىشى ھېچ يەردە كۆرمىگەن بولغىيدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ شەرەپلىك ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى تۇپەيلىدىن، پاك ۋە ئۇلۇغ تەڭرىتائالا ئىسلام ئەھلىنى بۇنداق ئاپەتلەردىن ۋە بالا ـ قازادىن ئۆزىنىڭ ئىسمەت پاناھىنىڭ مۇھاپىزىتى بىلەن ئامان ساقلىغاي، ھەممە مۆمىنلەرنى شەرىئەتنىڭ توغرا يولىدا ماڭغىلى نېسىپ قىلغاي.

تەڭرىگە تەشەككۇرلەر بولسۇنكى، ھازىر كەشمىردە بۇ باتىل مەزھەپنى ھېچ كىشى ئاشكارا قىلالمايدۇ. ھەممەيلەن ئۇنى مۇتلەق ئىنكار قىلىشىدۇ ۋە ئۆزلىرىنى ئەھلى سۈننەت جامائىتىگە تەۋە قىلىپ كۆرسىتىشىدۇ. پەقىر مۇھەممەدھەيدەرنىڭ شىددىتىم ۋە سىياسىتىم ئۇلارغا ئايان ۋە ئاشكارىدۇركى، ھەر كىشىدە ئەگەر ئۇ مەزھەپنىڭ ئىزناسى زەررىچە ئاشكارا بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا قەتلى قىلىشتىن باشقا مۇئامىلىنى قىلمايمەن. خۇدايىتائالانىڭ تەۋپىق ـ ھىدايەت ئاتا قىلىشى ۋە پەقىرنىڭ تىرىشچانلىقىم بىلەن بۇ بەختسىزلىك ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلسە، دېگەن ئۈمىدتىمەن. ئۇلار ھەممىسى ھازىر كۆرۈنۈشتە ئۆزلىرىنى ئەھلى مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسەتكىنىدەك، تەڭرىم ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىمۇ ئىسلام نۇرى بىلەن يورۇق قىلغاي. ئەي

ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ، ئامىن !

قۇياشقا تېۋىنىدىغان بىر تائىپە كۆپپارلار بار ئىكەن ، ئۇلارنى «شەماسىن» دەپ ئاتايدىكەن . ئۇلارنىڭ مەزھىپى مۇنداق ئىكەن : ئۇلار «قۇياشنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ نۇرانىلىكى بىزنىڭ ئېتىقادىمىزنىڭ ساپلىقى تۈپەيلىدىندۇر ، بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىز بولسا قۇياشنىڭ نۇرانىلىكى تۈپەيلىدىندۇر . ئەگەر ئەقىدىمىزدىن ساپلىق كۆتۈرۈلۈپ كەتسە ، قۇياشنىڭ نۇرانىلىكى قالمايدۇ ، ئەگەر قۇياشنىڭ نۇرانىلىكى قالمىسا ، بىزنىڭمۇ نۇرانە ۋۇجۇدىمىز قالمايدۇ . ئۇ بىز بىلەن مەۋجۇت ، بىز ئۇنىڭ بىلەن مەۋجۇتتۇرمىز . بىزسىز ئۇنىڭ ۋۇجۇدى يوق ، ئۇنىڭسىز بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىز يوقتۇر . قۇياش ئاشكارا تۇرغان ۋاقىتتا بىزنىڭ ھەممە ئەھۋالىمىز ئۇنىڭغا روشەن ۋە ئاياندۇر . شۇڭا ، بۇنداق چاغدا تەقۋادارلىق ۋە ياخشىلىقتىن باشقا ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ . كېچە بولغان ۋاقىتتا قۇياش بىزنى كۆرەلمەيدۇ ۋە ھېچقانداق ئەھۋالىمىزنى بىلەلمەيدۇ ، چۈنكى ئۇ كېچىدىكى ئەھۋاللاردىن خەۋەردار ئەمەس . شۇڭا ، كېچىسى ھەرقانداق ئىش قىلسا ، ھېچ گۇناھ ياكى ۋابال بولمايدۇ» دېيىشىدۇ . بۇ تائىپىنىڭ ئېتىنى «شەماسىن» (كۈنگە تېۋىنغۇچىلار) دەپ ئاتايدۇ .

بۇ مۇقەددىمىنى بايان قىلىشتا بىر لەتىپە بار : ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئالالا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — «لەقەملەر ئاسماندىن چۈشىدۇ» دېگەنىكەن . ئەمىر شەمس كەشمىردە پەيدا بولۇپ خەلقنى يولدىن ئازدۇرغان ۋاقىتىدا ئۇنىڭ «شەمسەددىن» دېگەن لەقىمى بولغان . ئېھتىمال ئۇنىڭ ئاسماندىن چۈشكەن لەقىمى ئەسلىدە «شەماسىنەددىن» (كۈنگە تېۋىنغۇچىلار دىندارى) بولغان بولسا كېرەك . كەشمىر خەلقى خاتالىشىپ ئۇنى «شەمسەددىن» (دىنىنىڭ قۇياشى ) دېگەن بولۇشى ، ئۇنى يەڭگىل قىلىش ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك قىسقارتىپ «مىر شەمس» دېگەن بولۇشى مۇمكىن .

# بىر يۈز ئىككىنچى باب

## ئەسلىي ھېكايەتنىڭ داۋامى

بىلمەك كېرەككى، كەشمىرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئەھۋالىنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى، سۆزىمىز: «ئۇلارنىڭ تار ئۆتكىلىدىن ئاسانلىق بىلەن ئۆتۈپ كەشمىر شەھىرىگە كىردۇق» دېگەن يەرگە كەلگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن كەشمىر لەشكەرلىرى چېچىلىپ كەتتى، شەھەر خەلقى ھەممىسى ئۆيلىرىنى تاشلاپ تاغ ۋە دەريالارغا قاچتى، ئۇلارنىڭ بارلىق مۈلۈك ۋە ئەسۋابلىرى ئۆيلىرىدە ئۆز ئورنىدىلا قالدى. پەقىر يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگەن راجدان دېگەن ئىمارەتكە چۈشتۇم. راجداننىڭ ئەتراپىغا مۇھاپىزەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئەسكەرلەرنى قورشاۋ شەكلىدە ئورۇنلاشتۇردۇق. نەچچە كۈنگىچە شۇ يەردە تۇردۇق، كەشمىر لەشكىرىدىن ھېچ ئەسەر سېزىلمىدى. تاكى يىگىرمە [تۆت] كۈنگىچە شۇ يەردە تۇردۇق، [ئەسكەرلىرىمىز بىلەن] ئات - ئۇلاغلىرىمىز ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ۋە ھارغىنلىقتىن قۇتۇلۇپ ئىلگىرىكى ھالىتىگە كەلدى.

كەشمىر لەشكەرلىرى شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى، شەھەرگە ئىككى فەرسەڭ يىراقلىقتىكى بىر پاتقاقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇراقلاشقانىكەن، ئۇلار ئاشكارىلاندى. چارە - تەدبىرلىك كىشىلىرىمىز مەسلىھەتلىشىپ مۇنداق دېيىشتى: «بىزنىڭ شەھەرنى ساقلىغىنىمىزنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. ئەڭ ياخشىسى بىز شەھەردىن چىقىپ ئۇرۇش قىلىش پۇرسىتىنى تاپايلى. چۈنكى، كەشمىر لەشكىرى سان ۋە كۈچ جەھەتتە بىزدىن ئارتۇق، بىز پۇرسەتنى تېپىپ ھىيلە ئىشلەتكەندىلا ئۇلارغا زەربە

بەرگىلى بولىدۇ .» نەزم :

چۇ تەدبىر ئىلە مۇشكىل ئولغۇسى ھەل ،
كى بىھۇدە تاپمە ئەدۇدىن خەلەل .

چارە ـ تەدبىر ئىگىلىرىنىڭ مەسلىھىتىگە ئەمەل قىلىپ ، شەھەردىن كۆچتۇق ۋە كەشمىر لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدىن ياسال بىلەن ئۆتۈپ ، كەشمىرنىڭ شەرق تەرىپىدىكى بەكلەنە[1] ئاتلىق يەردە مەنزىلگاھ قۇردۇق .

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا ، شۇ يىلى جۇمادىيەلئاخىر (كۈز ۋاقتى )نىڭ ئاخىرىدىن تاكى شەبئان ئېيىغىچە (ئەتىياز پەسلى ) بولغان مۇددەت ئىچىدە ، بىر مەزگىل كەشمىر لەشكەرلىرىدىن قېچىپ يۈردۇق . شۇ سەۋەبتىن كەشمىر لەشكىرى بارغانسېرى تەكەببۇرلىششقا باشلىدى . دەسلەپكى ۋاقىتلاردا بىز كۆچسەك ، ئۇلار بىرنەچچە كۈن توختاپ تۇرۇپ بىزگە تاقابىل تۇرالىغۇدەك مۇستەھكەم بىر جاينى تېپىپ ، ئالدى بىلەن ئۇ يەرنى مەخپىي ئىگىلەپ ۋە پۇختىلاپ بولغاندىن كېيىن ، ئاندىن كېچىسى كۆچۈپ كېلىپ ئۇ يەردە مۇستەھكەم بىكىنەتتى . ئاخىرقى ۋاقىتلاردا ئۇلار شۇنداق قورقۇمسىز ۋە يۈرەكلىك بولۇپ كەتتىكى ، قاچانكى بىز كۆچسەك ، ئۇلارمۇ ئارقىمىزدىنلا ھېچبىر ئەندىشىسىز كۆچۈپ كېلىۋېرىدىغان بولدى . ئاخىر ئۇلار كۆچۈپ باغنۇن[2] دېگەن يەردە تۇزلەڭلىككە چىقتى . پەقىر ئارقىدىن بۇرۇلۇپ ياسال تۈزۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستۇم ، ئۇ ئۇرۇشنىڭ ۋەقەسى ئۇزۇن . قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، بىر پەستىن كېيىن غالىب ۋە

---

① بۇ ئىسىم تېھران نەشرىدە «بەكانە» (خەنزۇچە نەشرىدە «بەكلاتە » (Baklata) دېيىلىپ ، يەنە «بەكلانە ، نەكلانە » (Baklala, Naklana) دەپمۇ ئاتىلىدۇ ، دېيىلگەن — مۇھەررىردىن ) .

② بۇ يەر نامى موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قولىيازمىسىدا يۇقىرىقىدەك يېزىلغان ، تاشكەند رۇسچە نەسرىدە «باگنۇن» ئېلىنغان ، پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «باغى بەۋن» دېيىلگەن .

كەرەملىك تەڭرىنىڭ ئىلتىپات دىڭىزىدىن غەلىبە ۋە بەخت ـ سائادەتنىڭ مەيىن شامىلى ئېسىشكە باشلىدى . بەختسىزلىك شۇۋرغىنى دۈشمەنلەرنىڭ كۆزلىرىگە چاڭ ـ توزان ۋە توپا ـ تۇپراقلارنى چاچقىلى تۇردى . نەزم :

ئۆلۈكلەر تەنۇ باشىدىن ئۇشبۇ چاغ ،
بولۇپ زاھىر ئول رەزمگاھ ئىچرە تاغ .

كەشمىر ئەمىرلىرىنىڭ چوڭى مەلىك ئەلى ئىدى ، يەنە بىرقانچە مەملىكەت مۆتىۋەرلىرى كەشمىر لەشكىرىنىڭ سەردارلىرى ئىدى . [ئۇلار ئۆلۈمگە جېنىنى تىكىپ ئۇرۇش قىلغۇچى بىر توپ كىشىلەرنى باشقۇرۇپ ئۇرۇش قىلىشتى . ئاخىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەجەل قوينىغا كىردى ،] ئۇ ئەمىر ۋە سەردارلارمۇ ئاشۇ ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سەردارى بولۇپ قالدى ، قالغانلىرى تاغقا قېچىپ چىقىپ كەتتى . لېكىن ، كۆپىنچىسى ياردار ئىدى ، سالامەت قالغانلىرىنىڭمۇ يۈرەكلىرى ۋەھىمە ۋە دەھشەتلىك قورقۇنچ تۈپەيلىدىن پارە ـ پارە بولغانىدى . ئۇلار يەنە قېچىشنىڭ خىيالى بىلەن سەرگەردان ۋە ھەيران ئىدى .

لېكىن ، تەڭرىنىڭ تەقدىرى بىلەن ئاجايىپ بىر ئىش سادىر بولدى . ئۇ ئىش مۇنداق ئىدى : پەقىر مىرزا ئەلى تاغاينىڭ شەيتانلىقى ۋە پەسكەش تەبىئىتىنى بۇرۇنلا بىلەتتىم ، چۈنكى ئۇ ھىيلە ـ مىكىردە شەيتاندىنمۇ مەشھۇرراقتۇر . ۋەقەنىڭ قىسقىچە بايانى شۇكى ، مىرزا ئەلى تاغاي پەقىرنىڭ ئالدىمغا كېلىپ مۇنداق مەسلىھەت كۆرسەتتى : «بۇ لەشكەر پاراكەندە بولۇپ قېچىپ تاغقا چىقتى . دېمەك ، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، ئۇلار ئۇ يەردە مۇستەھكەم ئورۇنلىشىدۇ . بىزنىڭ تاغقا چىقىپ ئۇرۇش قىلىشىمىز مۇۋاپىق ئەمەس ، ئابرۇيىمىزنى مۇنچىۋالا تۆكۈشىمىز نادانلىقتۇر . دۈشمەننىڭ لەشكەرلىرىنى ۋەيران قىلىشنىڭ يولى شۇكى ، بىز ئىلغار قىسمىمىزنى ئېلىپ كېلىپ كەشمىرنىڭ ئاياغ تەرىپىگە ،

يەنى ئۇلارنىڭ ئائىلە ۋە بالا - چاقىلىرى ئۇستىگە يۈرۈش قىلايلى . بىز ئۇلارنىڭ ئەھلى ئاياللىرىنىڭ ئۇستىگە يېتىپ بارغان ۋاقتىمىزدا ئۇلار تاغدا تۇرالمايدۇ ، ئائىلە ۋە بالا - چاقىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ئىلاجسىز تاغدىن تۆۋەنگە چۈشىدۇ . بالا - چاقىلىرىنى تاغقا بىللە ئېلىپ چىققانلار بولسا ، بالا - چاقىلىرىنى تاشلاپ تاغدىن چۈشۈشنى خالىمايدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، بۇ زورۇرىيەت تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ بۆلۈنۈشىگە ، پارچىلىنىشىغا توغرا كېلىدۇ . مۇشۇ تەدبىر بىلەن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تاغدا قالىدۇ ، يەنە بەزىلىرى تۆۋەنگە چۈشىدۇ . ئۇلار بىرلا پارچىلانسا ، ئىككىنچى قېتىم بىرلىشىشى تەس بولىدۇ ، بىزگىمۇ ئۇرۇش قىلىشقا ھاجەت قالمايدۇ .»

ئۇ ئاشۇنداق مەسلىھەتنى كۆرسەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ شەيتانلىق ناخشىسى بولغان بۇ داۋرىڭنى سەلتەنەت دەبدەبىسى دەپ ئويلاپ قالدىم ، بۇ باتىل سۆزنى ھەق دەپ گۇمان قىلمىدىم . شۇڭا ، ئۇنىڭ بۇزۇق مەسلىھىتىنى قوبۇل قىلدىم - دە : «ئەتە تاڭ ئېتىش بىلەنلا ئىلغار قىسمىنى ئېلىپ تۆۋەن تەرەپكە بارايلى» دەپ قارار چىقاردىم . نەزم :

چۇ شەيتان ماڭا بەردى مۇنداغ فۇسۇن ،
يىقىلدىم ئاياق ئاستىغە سەرنىگۇن .

شۇنداق قىلىپ ئەتىسى تاڭ ئېتىش بىلەنلا تۆۋەن تەرەپكە كۆچۈشكە يۈزلەندۇق . شۇ چاغدا ئەمىر دائىمئەلى يېنىمغا كەلدى ۋە ماڭا : «بىز نۇرغۇن مېھنەت - مۇشەققەتلەرنى چېكىپ يۈرۈپ ئىشنى مۇشۇ ھالەتكە يەتكۈزدۇق ، مانا بارلىق دۈشمەنلەرنى پاراكەندە قىلىپ بۇ تاغقا سولىدۇق . ئەمدى بۇلارنى قويۇپ نەگە بارىمىز ؟ » دەپ قوپاللىق بىلەن سۆزلىدى . پەقىر بۇ سۆزدىن كېيىن ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغانىدىم ، مىرزا ئەلى تاغاي كۆچۈپ كېلىپ بىزنىڭ توختاپ قالغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبىنى سورىدى .

ئەمىر دائىمئەلى ماڭا دېگەن سۆزلىرىنى مىرزا ئەلى تاغايغىمۇ ئېيتتى . مىرزا ئەلى تاغاي شۇنىڭدىن كېيىن ماڭا قاراپ : «سۆزى - قاراردىن يېنىش ، مەسلىھەتنى ئۆزگەرتىش گۆدەك باللارنىڭ ئىشى . تۈنۈگۈن قارار قىلىشقىنىمىزنىڭ ئۆزى كېڭەش - مەسلىھەت دېگەن شۇ ، ئەمدى ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك» دېدى . [ بېيىت :

تا دەر نە رەسەد ۋەئدەئى ھەر كاركى ھەست ،
سۇدى نە كۇنەد يار ھەر ياركى ھەست .

(بېرىلگەن ۋەدىگە يەتمىسە ھەر ئىش ،
ھەر دوست نەسىھەتى كار قىلماس ئىمىش . )]

ئەمىر دائىمئەلىنىڭ ئويلىغانلىرى ۋە مەسلىھەتى پۇتۇنلەي توغرا ئىدى . ئۇنىڭغا قۇلاق سالمىدىم ، ئۇ بەتقىلىق بىر نېمىنىڭ تامامەن خاتا سۆزلىرىنى قوبۇل قىلدىم . نەزم① :

سەن دوست ئىلە دۈشمەننى بەرابەر قىلمە ،
ھەركىم ساڭا سۆز دېسە باۋەر قىلمە .
دۈشمەن بىلەن دوستنى كېرەك فەرق ئەتمەك ،
فەرق ئەتمەي ئۇلار ئىشىنى ئەبتەر قىلمە .

ئەلقىسسە ، ئۇ ھىيلىگەرنىڭ مىكىر - ئەپسۇنلىرىغا ئالدىنىپ ھابىل ۋە بابىلنىڭ قۇدۇقىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ ، ئۇ بولۇمسىزنىڭ ئەپسۇنلىرى بىلەن كۆچۈپ ناگام چېگرىسىغا يېتىپ باردۇق . مىرزا ئەلى تاغاي ئالدىدا مېڭىۋاتاتتى ، ئىككىنچى مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا : «تۆۋەن تەرەپتە يول يوق ، بولغان تەقدىردىمۇ لەشكەر ماڭغۇچىلىك يول ئەمەس» دېگەن خەۋەر ئاڭلاندى . ئامالسىز يا

---

① بۇ سۆز پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا ، تېھران نەشرىدە ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «رۇبائىي» دېيىلگەن .

ئارقىمىزغا يانالماي، يا ئىلگىرىلىيەلمەي هارۋىرە[1] ئاتلىق يەرگە چۈشتۇق.

كەشمىر لەشكىرى بىزنىڭ كۆچۈپ كەتكىنىمىزنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولۇپ، قېچىپ كەتكەن ۋە چېچىلىپ كەتكەنلىرى قايتىدىن يىغىلىپ تاغدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ بىر مۇستەهكەم يەرگە بېكىنىپ، ئۇنىڭ ئەتراپلىرىنى شاخ بىلەن توسۇپ ئورۇنلىشىۋاپتۇ. [بېيىت:

ئەز جەفاهايى سەرى تىغى چە ئەفتادى مەرا،
مۇردە بۇدەمكى، خۇدا جانى نەۋى دادى مەرا.

(جەۋر تىغىدىن بولدۇم ئاجىز، يەتمىدى دەرمان ماڭا،
مۇردا بولغانتىم، خۇدا بەردى يېڭىدىن جان ماڭا.)]

بۇ ۋەقە تارىخنىڭ (هىجرىيە) 939 ـ يىلى شەئبان ئېيىنىڭ تۆتىنچى كۈنى[2] بولغانىدى. پەزىلەت ئىگىلىرىدىن بىرى: بۇ ۋەقەگە «روزى چەهارۇم ئەز [ماهى] شەئبان» (شەئبان ئېيىنىڭ تۆتىنچى كۈنى) دېگەن سۆزنى تارىخ قىلىپ تاپقانىدى.

شەئبان ئېيىمۇ ئۆتۈپ سەۋر پەسلى ئاخىرلاشتى. قىشنىڭ سوغۇقىدىن جەدى[3] پەسلىنىڭ بۇلۇت غەلۋىرلىرىدىن تاغلارنىڭ ئۈستىگە ئاپئاق كافۇرلارنى[4] چاچقانىدى، قۇياشنىڭ قىزدۇرۇشى

---

① بۇ يەر نامى پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «جارۋرە»، تېهران نەشرىدە «چارۋردە» دېيىلگەن، تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «چارۋرە» دەپ ئېلىنىغان.

② هىجرىيە 939 ـ يىلى شەئبان ئېيىنىڭ 4 ـ كۈنى مىلادىيە 1533 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

③ جەدى — (1) تاغ ئۆچكىسى، كېيىك؛ (2) كونا ئاسترونومىيە چۈشەنچىسى بويىچە كۆكتىكى ئون ئىككى بۇرجىنىڭ بىرى، بۇ بۇرج كېيىك شەكلىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان. بۇ شەمسىيە هېسابى بويىچە قىش ئايلىرىنىڭ بىرىنچىسى بولۇپ، 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىگىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ.

④ كافۇر — ناهايىتى ئاق ۋە خۇشبۇي ماددا، بۇ يەردە قار مەنىسىدە كەلگەن.

بىلەن سەۋر بۇرجىدىن ياغقان تۇپراقنىڭ ئاق يېپىنچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئېرىپ كەتتى.

مىرزا ئەلى تاغاي پەس ۋە يارىماس ئەمىرلەردىن گەپ ئالاتتى ۋە ئۆزى كەشمىرنى تولۇق ئىشغال قىلىشنىڭ ناھايىتى قىيىن ئىكەنلىكىنى شەرھلەپ تولا مۇبالىغىلەرنى قىلاتتى. ئۇ شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئاخىر ھەممە ئەمىرلەر ۋە لەشكەرلەرنىڭ كۆڭلىنى كەشمىردىن سوۋۇتتى.

ئەمىر دائىمئەلى شىجائەت، ياخشى پىكىر ۋە مەسلىھەت جەھەتلەردە ناھايىتى مۇستەھكەم كىشى ئىدى. پۈتكۈل موغۇل لەشكەرلىرى ۋە كاتتىلىرى يىغىلىپ، ئەمىر دائىمئەلىنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىشىپ ئۆزئارا كېلىشىۋالغان تەلەپ ۋە سۆزلىرىنى ئەمىر دائىمئەلىگە غەلۋە - غوۋغا قىلىپ دەپتۇ. ئۇلار پەقىر مۇھەممەدھەيدەرنى كۆزدە تۇتۇپ: «پالانى كىشىگە ئەرزىمىزنى يەتكۈزگىن، بىز موغۇل خەلقىمىز، شۇڭا ھەمىشە موغۇلىستاننىڭ مۇھىم خىزمىتىگە مەشغۇلمىز. موغۇل ئەھلىنىڭ تەبىئىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان يەر ھېچقانداق ئاۋاتلىق يېرى بولمىغان سەھرادۇر. بىز ھۇۋقۇشنىڭ ۋەيرانىدىكى كۈلكىسىنى بۇلبۇلنىڭ باغ ناخشىسىدىن ئەۋزەل كۆرىمىز. گۈللەنگەن، كۆجۈم يەردە ھۇۋقۇش ماكان تۇتمىغىنىدەك، بىزمۇ ئاۋات يەرلەردە ماكانلىششنى خالىمايمىز. بىزنىڭ تۇرار جايىمىز تاغ - باياۋان، [دوستلىرىمىز تاغ ھايۋانلىرى، ئۇلپەتلىرىمىز دالا توڭغۇزىدۇر؛] كىيىدىغىنىمىز ھايۋانلارنىڭ تېرىسى، يەيدىغىنىمىز قۇشلار ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشىدۇر. شۇنداق تۇرۇپ بىز قانداقلارچە جەننەت كەبى گۈزەل، ئاۋات، بەلكى فىردەۋسى ئەلادەك كەشمىرنىڭ ئەقلىسىز كاپىرلىرى بىلەن بىللە تۇرالايمىز؟ ‹كاپىرلار جەننەتكە كىرەلمەيدۇ›، دېگەن ھۆكۈم بويىچە قارىغاندىمۇ، بىز كەشمىردە تۇرساق خۇشال بولالمايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەشمىر بىلەن كاشغەرنىڭ ئارىلىقىدىكى يول مۇساپىسى بەك ئۇزاق، يەنە كېلىپ بۇ يولنىڭ قىيىنچىلىقى ۋە

مۇشكۇلاتلىرى ھەددۇھېسابسىز كۆپ . ئەھلى ئايالىمىز ۋە مال ـ چارۋىلىرىمىز ئۇ يەردە قالدى . [ئۇنى ئېلىپ كېلىش ئوڭاي ئەمەس . بىزنىڭ تىرىكچىلىكىمىز مال ـ چارۋىلارغا باغلانغان ، ] بىز ئۇلاردىن ئايرىلىپ ھايات ياشىيالمايمىز . [ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆلۈمگە يۈزلىنىپ كۆز يۇمغىنىمىز ياخشىراق ، دەپ قارايمىز .] ئەڭ ياخشىسى بىز بۇ لەشكەر ۋە جابدۇقلارنى ۋەيران قىلىپ خاننىڭ ھوزۇرىغا بارىمىز . ئەگەر خان بىزنى ئۆلتۈرگەن تەقدىردىمۇ ، جەسىتىمىزنى ئەھلى ئايالىمىز ئۆز قولى بىلەن دەپنە قىلىدۇ . ئەگەر بىزنى ئۆلتۈرمىسىلا بۇنىڭدىن كېيىن ئارزۇ تىزگىنىنى موغۇلىستاندىن باشقا تەرەپكە تارتمايمىز . » [بېيىت :

ئەگەر ئىن بار جان بەرەم زى غەمەت ،
دىگەرەم ئاشىقى ھەۋەس نەكۇنەد

(غەمىڭ يادى يۈرەكتە ، بولسىلا جان ،
يەنە قىلماسمەن ئاشىقلىق ھەۋەسنى . )]

ئەمىر دائىمئەلى يېنىمغا كېلىپ ئۇ جاھىللارنىڭ دېگەن گەپلىرىنى پەقىرگە يەتكۈزدى . پەقىر ئۇ ناكەسلەرنىڭ بۇ قىلىقىغا ھەيران قالدىم . [مىسرا :

تەۋرى كۇدام مەردۇمۇ رەسمى كۇجاست ئىن ؟

(قانداق ئادەم ئادىتى بۇ ، قانداقلارنىڭ يوسۇنى ؟ )]

شۇنداق نەقىل قىلىنىدۇكى ، بىر ئەخلەتچى ئەتتارنىڭ دۇكىنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا ، دۇكاندىكى ئەتىرنىڭ خۇش ھىدى دىمىقىغا يەتتى ـ دە ، ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى . ئۇ يەردە بىر ھۆكۈما تېۋىپ بار ئىدى . ئۇ تېۋىپ ئەخلەتچىنىڭ بۇرنىغا بىر ئاز نىجاسەتنى ئېلىپ كېلىپ پۇراتقانىدى ، شۇ ھامان ھوشىغا

كەلدى ۋە مۇنداق دېدى : نەزم :

يىللار ئېردىكى ئاتلار ئېردىم مەن ،
ئەترۇ ئەنبەر بەسى ئىمىش مەرغۇب .
يەتتى ئول بۇيىكىم بۇ دۇكاندىن ،
ئاندىن ئېركەن بەسى نىجاسەت خۇب .

شۇنىڭدىن كېيىن ئەمىر دائىمىئەلىگە : «ئەگەر كەشمىرنى تولۇق پەتھى قىلىشقا كىرىشسەم ، بۇ ناكەس ئادەملەر سەلتەنەت ئاساسىغا خەلەل يەتكۈزۈشكە قەدەم قويىدىغان ئوخشايدۇ» دېدىم .
مىر دائىمىئەلى مۇنداق دېدى : «خان ماڭا بۇ ياققا مېڭىشقا رۇخسەت بېرىدىغان چاغدا پەرمان قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى : ‹مىرزا ئەلى تاغاي سەلتەنەت ئىشلىرى جەريانىدا ، ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىشلىرىنى بېجىرىشنى زۆرۈر دەپ بىلىدۇ ، ئۆزىنىڭ ئايرىم ئىشى ئۈچۈن ئومۇمىي سەلتەنەت ئىشلىرىغا زىيان سالىدۇ . ئۇنىڭ بۇنداق يامان قىلىقلىرىنى كۆپ قېتىم ئەپۇ قىلىپ ، كەچۈرۈم ئېتەكلىرى بىلەن ياپتىم . ئۇنىڭ مۇرادىنىڭ هاسىل بولۇشى ئۈچۈن ئۆز سەلتەنىتىمنىڭ ئىشلىرىغا تەسىر يېتىشىگىمۇ رازى بولدۇم . ئەمما ، بۇنداق ئىشلار تولا سادىر بولىۋەرسە ، ئەلۇۋەتتە كۆڭۈلگە پەرىشانلىق ۋە سەلتەنەت ئىشىغا ۋەيرانلىق يېتىدۇ . ئەگەر بۇ قېتىم مىرزا ئەلى تاغاي ئۆزىنىڭ كونا ئادىتىنى تەكرارلىسا ، ئوغلۇم ئىسكەندەر سۇلتانىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنىڭ تېنىنى ئومۇمىي هاياتتىن تىرىكلىك ئىزدەشتىن ئازاد قىلىڭلار ، ئەلۇۋەتتە كېچىكتۈرمەڭلار !› خان ماڭا شۇنداق دەپ يارلىق قىلغانىدى . مانا هازىر ئۇنىڭ گەدىنىدە گۇناھ ئىسپاتلىنىپ تۇرۇپتۇ . ئەگەر خاننىڭ يارلىقىنى تۇتۇپ ئۇنى يوقاتساق ، باشقا هېچكىممۇ قارشىلىق قىلىشقا ، ئىتتىپاقسىزلىق قىلىشقا پېتىنالمايدۇ ، شۇنىڭ بىلەن تولۇق ئىتتىپاقلىق هاسىل بولىدۇ . هېچقاچان موغۇل خانلىرىنىڭ هاكىمىيىتى ئاستىغا كىرمىگەن كەشمىر مەملىكىتى ئاسانلىق بىلەن تەسەررۇپىمىزغا كىرىدۇ ، تاكى

قىيامەتكىچە ياخشى ئاتاق ۋە يۇقىرى ئاۋاز سىزنىڭ نامىڭىزغا مەنسۇپ بولىدۇ. موغۇل خانلىرى خانلىقىنىڭ زىمىنىدە سىزگە بولغان كاتتا مىننەتدارلىق پەيدا بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇ مەملىكەتنى ھېچ زاماندا ئۆز تەۋەلىكىگە كىرگۈزەلىگەن ئەمەس.»

مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن: «ھالا بۈگۈنگىچە مانا يىگىرمە يىل[①] بولۇپتۇ، ھەزرىتى خان بارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەر ۋە ئەسكىرىي ئىشلارنى تولۇق ھوقۇق بىلەن مۇتلەق ۋە پۈتۈنلەي پەقىرگە تاپشۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. كېڭەش ـ مەسلىھەت زۆرۈرىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەر قېتىمدا ئەمىرلەرنى پەقىرگە ھەمراھ قىلىۋاتىدۇ. خۇداغا شۈكرى، ھازىرغىچە ھەممە مۇھىم ئىشلار خەيرلىك ئاخىرلىشىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئېتىراز بارماقلىرى بىلەن كۆرسەتكىلى بولغۇدەك ھېچ ئىش يۈز بەرمىدى. ئەمدى كېلىپ بۇ ئىشنى قىلساق، بۇ يامان ئاتاق ئەلۋەتتە پەقىرنىڭ نامىغا مەنسۇپ بولىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ئەمىرلەردىن ھەرقانداق كىشى ماڭا ھەمراھ بولسا، شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆڭلىدە ۋەھىمە، ۋەسۋەسە پەيدا بولىدۇ، ئۆزىنىڭ ماڭا ھەمراھ قىلىنىشىدىن مەقسەت گوياكى مېنىڭ ئۇنىڭغا ئەزرائىلنىڭ خىزمىتىنى بېجىرىشىم ئۈچۈندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ ـ دە، ئۇ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا تىرىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ماڭا ھەمراھ بولۇش ھەرقانداق كىشىگە جان ۋەھىمىسى سېلىشقا سەۋەبچى بولىدۇ. شۇڭا، بۇنداق يولنى تۇتۇش مۇسۇلمانچىلىق ئادىتىگە لايىق ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرەپلىك شەرىئەتنىڭ نەزىرىدىمۇ بىر مۇسۇلماننى قەتل قىلىش دۇرۇس ئەمەس.»

پەقىر تەپەككۇر ئەينىكىدىن مۇلاھىزە كۆزلىرىم بىلەن شۇنى كۆردۇمكى، بۇ ئىككى ئىشتىن بىرىنى تاللاشتىن ئۆزگە چارە يوق: بىرى، مىرزا ئەلى تاغايىنى ئۆلتۈرۈش ۋە كەشمىرنى ئېلىش.

---

① بۇ يىل سانى مۇشۇ قوليازمىدا يۇقىرىقىدەك يېزىلىپ قالغان، پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا ۋە تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «ئون يىل» دېيىلگەن.

يەنە بىرى ، ئۇنى ئۆلتۈرمەسلىك ۋە كەشمىرنىمۇ پەتھى قىلماي قايتىش . پەقىر ئاخىر كەشمىرنى قويۇپ يېنىشقا رازى بولدۇم . كەشمىر شاھلىرى بىلەن سۇلھى تۈزۈش پىكرىنى ئارىغا سالدىم . ئاقىللارنىڭ پەندۇنەسىھىتىنى ئاڭلىماي ، نې - نې مېھنەتلەرنى چەكتىم ، نې - نې ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتتىم . ھەرقانداق كىشى دۈشمەنگە كۈچى يېتىپ تۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈرمىسە ، ئۆزىگە ئۆزى دۈشمەنلىك قىلغان بولىدۇ . [بېيىت :

دەست بەردەستۇ مارى بەر سەرى سەڭ ،
خىيرە رايى بۇۋەد قىياسى دەرەڭ .

(قولۇڭدا تاش ، يەنە بىر تاش ئۈستىدە بار يىلان ،
پۇرسەتنى چىڭ تۇتمىساڭ ، دېمەك ، ئۆزۈڭ
گول - نادان . )]

## بىر يۈز ئۈچىنچى باب

# كەشمىردىن يانغانلىقىمىزنىڭ زىكرى ۋە شۇ كۈنلەردە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى

مەخپىي قالمىسۇنكى ، ئۇ چاغلاردىكى كەشمىر پادىشاھىنىڭ ئىتى مۇھەممەدشاھ ئىدى . سەردارلىرىدىن مەلىك ئەلى بىزنىڭ قولىمىزدا ئۆلگەنىدى . ئۇنىڭ تۆۋىنىدىكىلەردىن مەلىك ئابدال ماكرى ، كاجىچەك ، لاھۇرى ، ماھىرى① ۋە زەنگچەك قاتارلىقلار

① تېھران نەشرىدە ۋە خەنزۇچە نەشرىدە لاھۇرى ، ماھىرى ئىككىسى لاھۇرى ماكرى دەپ بىر ئادەم قىلىپ ئېلىنغان (مۇھەررىردىن) .

بار ئىدى .

پەقىر سۇلھى سۆزىنى ئارىغا سالدىم . ئۇلار جان - دىللىرى بىلەن مىننەتدار بولدى ، ھەتتا ئىشەنمەي قالدى . ئۇلار : «بۇنداق گۈزەل ۋە لاتاپەتلىك مەملىكەتنى ئېلىپ بولۇپ يەنە تاشلاپ كېتىش ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ئىشى ئەمەس» دەپ ئويلايتتى .

دېمەك ، سۇلھى قىلىشنى قارار قىلىشتۇق . خۇتبەنى خاننىڭ نامىغا ئوقۇتتۇم ، ئاقچا (پۇل )لارنى خاننىڭ نامى بىلەن زىننەتلەپ قۇيدۇردۇم . كەشمىر ماللىرىدىن موغۇللارغا لازىملىقلىرىنى يېتەرلىك مىقداردا ئالدۇق . مۇھەممەدشاھنىڭ پاكلىق پەردىسى ئىچىدىكى قىزلىرىدىن بىرىنى ئىسكەندەر سۇلتانغا نىكاھ قىلدۇردۇم . ئەمىرلەردىن ھەربىر كىشى ئۆز مەرتىۋىلىرىگە يارىشا كەشمىر سۇلتانلىرىدىن بىرى بىلەن كۆرۈشتى . پەقىر مۇھەممەدشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ موغۇل قائىدىسى بويىچە دوست بولۇشۇپ ، بىر - بىرىمىزنى دوست دەپ ئاتاشتۇق . ئەمىر دائىمئەلى ئابدال ماكرى بىلەن ، مىرزا ئەلى تاغاي لاھورى بىلەن ، بابا مىرزا كاجىچەك بىلەن ، تاغامنىڭ ئوغلى مەھمۇد مىرزا — ئۇنىڭ ئەھۋالى پات پۇرسەتتە زىكىر قىلىنىدۇ — زەنگىچەك بىلەن كۆرۈشتى ۋە بىر - بىرلىرىگە قولىدىن كېلىشىچە سوۋغات ۋە پىشكەشلەرنى قىلىشتى . شەۋۋال ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى ، كەشمىرگە كەلگەن يولىمىز بىلەن ماڭدۇق . تىبەت چېگرىسىغا يېتىپ كەلگەن ۋاقتىمىزدا ، ئۇ تەۋەلىكتىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىستىقبالىمىزغا پىشكەشلەرنى ئېلىپ چىقتى . تىبەتنىڭ كەرسە ئاتلىق بىر ۋىلايىتى بار ئىكەن ، ئۇنىڭ يەرلىرىدە بېخىلنىڭ كۆڭلىدەك تار جىلغىلىرى بار ئىكەن . ئۇنىڭ بىر تەرىپى چوڭقۇر يار بولۇپ ، گوياكى پەسلەر قەلبىدەك تەگسىز ئىكەن . يەنە بىر تەرىپى شۇ قەدەر ئېگىز قىيا بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېتىشكە پىكىر - ئەندىشىنىڭمۇ قۇۋۋىتى يەتمەيدىكەن . يولى شۇ قەدەر خىرە ئىكەنكى ، يورۇق كۈندۈزمۇ ئۇ يەردە قاپقاراڭغۇ كېچىدەك كۆرۈنىدىكەن . كەرسەلىكلەر ئۆزىنىڭ بۇ تار جىلغىسىغا ئىشىنىپ

ۋە چوقۇنۇپ : «ھېچقانداق تائىپىنىڭ بۇ جىلغىنى بويسۇندۇرۇشقا قۇدرىتى يەتمەيدۇ» دەپ خىيال قىلىشىپ بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ سەركەشلىك قىلدى، سىپىلىق تۆلەش ۋە پېشكەش قىلىشتا بىپەرۋالىق قىلدى. ناماز پېشىن ۋاقتى بولغاندا ئۇلارغا يېقىن بېرىپ چۈشتۇق، كېچىسى ھەممە ئادەم ئۇرۇش ئەسۋابلىرىنى تەييارلىدى.

ئەتىسى تاڭ ئاتتى. ئالتۇن سۇپەرلىك ئاسمان تۈركى (قۇياش) تۆتىنچى ئاسمان قەلئەسىنى ئىگىلىدى ۋە جاھاننى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن شەرق تەرەپتىن زېمىن مەيدانىغا قاراپ يۈزلەندى. پۈتكۈل لەشكەر ئۇرۇش كىيىملىرىنى كىيىپ سۈرەن سېلىشتى.

ئەلقىسسە، چوڭ ۋە قاتتىق ئۇرۇش بولدى. نەچچە قېتىم يۇقىرىدىن تاش دومىلىتىپ ئىسلام لەشكىرىنى قاچۇردى. ئىسلام لەشكىرى قايتىدىن مەردانىلىك ئېتەكلىرىنى ئىجتىھات بېلىگە چىڭ قىستۇرۇپ، سۇبات ئاياغلىرىنى ئۇرۇش تاغلىرىغا قويدى. ئاخىر ئىسلامنىڭ نۇسرەت شامىلى دۈشمەنلەرنىڭ تاغدەك مۇستەھكەم ئاساسىي كۆچىنى گوياكى سامانىنى ئۇچۇرغاندەك يوقلۇق تامان ئۇچۇردى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ سەردار ۋە باتۇرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلتۈرۈلدى، قالغانلىرى قېچىپ يوقالدى. پۈتكۈل مال - مۈلۈكلىرى، چارۋىلىرى ۋە ئەھلى ئاياللىرى ئىسلام لەشكىرىنىڭ قولىغا نېسىپ بولدى. بۇ ۋەقە تۈپەيلىدىن قالغان ئەتراپتىكىلەرنىڭ كۆڭلىدە ۋەھىمە ۋە چۈچۈش پەيدا بولدى. شۇڭا، ئاياللىرى، بالا - چاقىلىرى ۋە ماللىرىنىڭ سالامەت قالغىنىغا رازى بولۇپ، ھەممە نەرسىلىرىنى پېشكەش قىلىشتى. تىبەتنىڭ مۇھىم ۋىلايەتلىرىدىن بىرى بولغان پۇرىك ۋىلايىتىنىڭ ھەممە مال - مۈلۈكلىرىنى يىغىپ، ئەمىرلەر ۋە لەشكەرلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بەردۇق. نەپىس ماتالاردىن بىرمۇنچىسىنى خانغا پېشكەش ئۈچۈن ئېلىپ مارىيۇلغا قاراپ يۈردۇق.

## بىر يۈز تۆتىنچى باب

# سۇلتان سەئىدخاننىڭ مارىيۇلدىن ياركەندكە يانغانلىقى، پەقىر مۇھەممەد- ھەيدەرنى ئۇرسەڭ تەرەپكە يۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى

[نەزم :]

نە خۇش، بولسە ماڭا ۋەسلىڭ مۇيەسسەر،
جەمالىڭدىن كۆزۈم بولسە مۇنەۋۋەر.
خەلاس ئولسام فىراقىڭ كېچەسىدىن،
ۋىسالىڭ سۇبھى بولغاي نۇرگۇستەر.

ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىش بىلەن ھىجران ئاخىرلاشتى. پىراقىنىڭ ئاخىرى ۋىسال بىلەن نەتىجىلىنىدىغان بولسا، ئۆتكۈر كۆزلۈكلەرنىڭ نەزىرىدە بۇنداق ھىجران ۋە پىراق ئازابلىرىنىڭ شىددىتى كۆزگە ھېچقانچە كۆرۈنمەيدۇ. شەۋق - ئىشتىياق يوسۇنىنىڭ ۋاپادارلىرى ۋە مېھىر - مۇھەببەت يولىنىڭ يولۇچىلىرى بۇنداق ھىجراننى ۋىسالدىن ئەلا بىلىدۇ. [ھىجراندا قالغاندا، ئۇلار ئۇچرىشىش ئۈمىدىنىڭ پارلاق يولىغا قاراپ يۈزلىنىدۇ. بېيىت :

دەر سۇبھى ۋەسلى تۇ بەۋىسالى تۇ زىندەئەم،
دەر شامى ھەجرى تۇ بەخەيالى تۇ زىندەئەم.

(ۋىسالىڭ سۈبھىدە ۋىسالىڭ بىلەن تىرىكمەن ،
ھىجرانىڭ تۈنىدە خىيالىڭ بىلەن تىرىكمەن .)]

ئۇنىڭ ئەكسىچە ۋىسالنىڭ ئاقىۋىتى ھىجران بىلەن ئاخىرلىشىدىغان بولسا ، بۇنداق ۋىسالنى ھىجران بىلەن ئوخشاش دەپ ھېسابلايدۇ ، [مۇنداق ئېيتىلغىنىدەك :
بېيىت :

نىست دەر بەئد جۇز ئۇمىدى ۋىسال ،
ھەست دەر قۇرب ھەمە بىمى زەۋال .
ئاتەشى ھەجر دىلۇ جان سوزەد ،
شەمئى ئۇمىد رەۋان ئەفرۇزەد .

(قىلچە يوق ۋىسالنىڭ ئۇمىدى ،
كۆرگىنىم غەم ـ قايغۇ كېچىسى .
ھىجراندا كۆيىدۇ جانۇ دىل ،
ئۇمىد شامى يېنىپ پۈتتى ، بىل .)]

پەقىرنىڭ ئەھۋالىمنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىبلىقى ئۆتكۈر كۆزلۈكلەرنىڭ كۆزلىرىنىمۇ خىرەلەشتۈرىدۇ . بۇ ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق :
پەقىر پەتھى ـ نۇسرەتلەر بىلەن يېتىپ كېلىپ ، خاننىڭ سائادەتلىك بوسۇغىسىنىڭ تۇپرىقىنى كۆزۈمگە سۇرمە كەبى سۈرتتۇم . خاننىڭ بەختلىك نەزەرلىرى پەقىرگە چۈشتى ـ دە ، ئۇنىڭ مۇبارەك چېھرىدە خۇشاللىق ۋە سۆيۈنۈش ئالامەتلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى ، پەيز بەخش ئەتكۈچى قوللىرىنى سۇندى ، شادلىق قۇچاقلىرىنى ئاچتى . پەقىر قۇللۇق ئەدەپلىرىنى تولۇق بەجا كەلتۈردۈم [ۋە ئالدىغا باردىم .] خانمۇ ئىلگىرى كېلىپ پەقىرنى ئۆزى بىلەن قۇچاقلىشىش بەختىگە مۇشەررەپ قىلدى . [چەكسىز خۇشاللىق ۋە ھېسابسىز سۆيۈنۈش يۈرەكلەرنى ھاياجانغا سالدى .] خان خېلىغىچە پەقىرنى باغرىغا چىڭ بېسىپ قۇچاقلاپ

تۇرۇپ ، مېھىر ـ شەپقەت ئۈنچىلىرىدەك ياش تامچىلىرىنى پەقىرنىڭ دۈمبىسىگە تامغۇزدى . پەقىرمۇ پاكلىق ۋە ساداقەت سەدىپىدىن ئىخلاس ـ ئېتىقاد دۇر ۋەياقۇتلىرىنى يامغۇر تامچىلىرىدەك تۆكۈپ ، بەخت ـ دۆلەت ئېتەكلىرىنى ۋە سائادەت قۇچاقلىرىنى ئۈنچىلەر بىلەن تولدۇردۇم . [رۇبائىي :

دەر ۋەسلى تۇ ئەقل دەر تەھەييۇر شۇدە ئەست ،
ۋەز گىريە كەنارى مەن پۇر ئەز دۇر شۇدە ئەست .
گەر زەنجە شەۋى زىمەن مىفىشان دامەن ،
كەز گىريەئى مەن كەنار پۇر دۇر شۇدە ئەست .

(ۋەسلىڭدىن سۆيۈنۈپ ئەقىل ھەيران بولدى ،
كۆز ياشى بىلەن ئېتىكىم دۇر ئەپشان بولدى .
شادلىق بىلەن تۆككەن تامچە ـ تامچە ياشلاردىن
ئېتەكلەردە پەۋەس ئۈنچە ـ مارجان بولدى . )]

بۇ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ھۆرمەت ـ تەزىم ئىزھار قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن خان ھەممە ۋەقەلەرنىڭ جەريانىنى پەقىردىن بىر ـ بىرلەپ سورىدى . پەقىر بولغان ۋەقەلەرنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە قالدۇرماي تەپسىلىي بايان قىلدىم . خان ئىككىنچى قېتىم يەنە خاقانلارچە ئىلتىپات قىلىپ مۇنداق دېدى : «خانلارنىڭ خانلىقىنىڭ ۋە سۇلتانلارنىڭ ئەھلى ئەۋلادىنىڭ زېمىنىسىگە ساڭا كاتتا مىننەتدارلىق يۈكلەندى . چىڭگىزخاندىن تارتىپ تاكى ھازىرقى زامانغىچە بولغان جاھانگىر سۇلتانلارنىڭ ھېچقايسىسى ئىشغالىيەت قوللىرىنى كەشمىرنىڭ ياقىسىغا يەتكۈزەلمىگەنىدى . مانا ئەمدى سېنىڭ تىرىشچانلىقىڭ نەتىجىسىدە كەشمىرنىڭ مۇنبەرلىرى موغۇل خانلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن زىننەتلىنىپتۇ . كەشمىر سۇلتانلىرى قەدىمدىن بېرى باشقا سۇلتانلار ۋە ھۆكۈمدارلارنى ئىتائەت قىلدۇرۇپ ۋە بېقىندۇرۇپ كەلگەنىدى ، ئەمدى موغۇل خانلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا تەۋە بولۇپ بېقىنىپتۇ . بۇ كاتتا شان ـ شۆھرەتكە ، يۈكسەك قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە چوڭ

ئىش ئۇچۇن مىننەتدار بولۇش مېنىڭ زىممەمدىكى ۋە بارلىق موغۇل خانلىرىنىڭ زىممىسىدىكى پەرز . ياخشىلىق يوسۇنىدا پۈتكۈل دۆلەت ئەربابلىرى ئۇچۇنمۇ پەرزدۇر . بۇ ياخشى ئاتاق بولۇپمۇ مېنىڭ ۋە مېنىڭ پەرزەنتلىرىمنىڭ نامىغا مەنسۇپ بولۇپتۇ ، ئۇلار بۇنىڭ بىلەن ئىپتىخارلانغۇسىدۇر .» خان لەۋزىدىن ئاشۇنداق دەپ گۆھەرلەرنى تۆكتى .

پەقىر يارلىققا بىنائەن لەشكەرلەردىن ئىلگىرىرەك يۈرۈپ خاننىڭ مۇلازىمىتىگە كەلگەنىدىم . ئىسكەندەر سۇلتان بىلەن قالغان ئەمىرلەر ئەتىسى كېلىپ ، خاننىڭ ئاياغلىرىنى سۆيۈش شەرىپىگە ئېرىشتى . بۇ ئىككى لەشكەرنىڭ بىر - بىرىگە قوشۇلغانلىقى گوياكى «ئۇ ئىككى دېڭىزنى ئاققۇزدى ، ئۇلار ئۇچرىشىدۇ »[1] دېگەن ئايەتتە ئېيتىلغان مەزمۇننىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشىدەك ئىدى .

پەقىر ئېلىپ كەلگەن كەشمىرنىڭ ماللىرىنى ، ماتالىرىنى ، خاننىڭ ئېتىنى يازدۇرۇپ سوقتۇرۇلغان بىرمۇنچە ئالتۇن - كۈمۈش پۇللارنى تىبەت تەۋەسىدىن ئېلىپ كەلگەن مال - مۈلۈكلەر بىلەن قوشۇپ خاننىڭ ئالدىدا قويدۇم . خان بۇلارنى ياقتۇرۇش نەزەرلىرى بىلەن قاراپ قوبۇل قىلدى ، ئاندىن ھەممىسىنى ئىلگىرىكى ئادىتى بويىچە تەقسىم قىلىپ بەردى . ئەمىرلەرگە ، سەردارلارغا ۋە لەشكەرلەرگە ئۆزىگە يارىشا ئىنئام ۋە ئىلتىپاتلارنى قىلىپ ئۇلارنى خۇشال - خۇرام قىلدى ، ئاندىن مۆتىۋەر ئەمىرلەر ۋە دۆلەت ئەركانلىرىنى چاقىرىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى . ھەركىم ئۆز ھالىغا يارىشا كۆڭلىگە يەتكەن مەسلىھەتلىرىنى بايان قىلىشتى . ئەمىرلەرنىڭ پىكىر ۋە مەسلىھەتلىرى خاننىڭ شەرەپلىك قۇلاقلىرىغا يەتتى . خان بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن پەقىرگە مۇنداق خىتاب قىلدى : «سىزگە مەلۇم ۋە ئېنىقكى ، مەن دائىم ئىخلاس تىلىم ۋە چىن نىيىتىم بىلەن : ‹يۈكسەك تەڭرى يولىدىكى ئۇرۇشنى ئۆزۈم ئادا قىلىمەن ، بۇ پەرزى كۇپايىنى ئومۇمىي

[1] «قۇرئان كەرىم» ، 55 - سۈرە رەھمان ، 19 - ئايەت .

ئىسلام ئاھالىسىنىڭ جانلىرىدىن ئۆزۈم كۈپايە قىلىمەن ، خىتايىنىڭ قىبلىگاھى بولغان ئۇرسەك بۇتخانىسىنى ۋەيران قىلىمەن . چۈنكى ، ئىسلام پادىشاھلىرىدىن ھېچبىرىگە بۇ ئىش نېسىپ بولماپتۇ ، بەلكى ئىسلام ئەھلىنىڭ كۆزى ئۇ يەرگە چۈشمەپتۇ ، دەپ بۇ نىيەتنى جەزم قىلغاندىم . ئەپسۇسكى ، مېنىڭ ئەھۋالىمدىن قارىغاندا ، مىزاجىمنىڭ قۇۋۋىتى بۇنىڭغا يار بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ . [شۇنداقتىمۇ ئۇرۇش ئىشلىرىنى مۇشۇنچىلىك دەرىجىگە ئېلىپ كېلىپ ، نىيىتىمىزنىڭ بىر قىسمىنى ئىشقا ئاشۇردۇم . قارىغاندا داۋاملىق يۈرۈش قىلىشقا تەن ساقلىقىم ماسلاشمىغۇدەك . مىزاجىمنىڭ ۋە باتىنىمنىڭ بارغانسىرى ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن ، بۇ مېنىڭ ھازىرقى كۈچ - ماغدۇرۇمدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ .] شۇڭا ، مېنى تەڭرىتائالانىڭ پاك ۋە بۈيۈك مۇھاپىزىتىنىڭ ئالىقىنىغا تاپشۇرۇپ ، سىز ماڭا ۋاكالىتەن ئىجتىھات ئېتىكىنى جىھات كەمىرىگە مەھكەم قىستۇرۇپ ، گوياكى ئىككىلىمىز بىرلىشىپ بارغاندەكلا بېرىپ ، ئۇرسەك بۇتخانىسىنى ۋەيران قىلىشقا قەدەم قويغايسىز . مەن ئادەتلەنگەن ۋەتەنگە قايتىمەن ، قالغان ھەممە ئىشلىرىمنى سىزگە تاپشۇرىمەن . تاغىڭىز بىلەن ئىككىمىز بىر تىنچ ۋە پىنھان جايىنى تېپىپ ئىبادەتكە مەشغۇل بولىمىز . چۈنكى ، بىز ئىككىلىمىز ياشاندۇق ، ئەمدى بۇ دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىغا سىز مەسئۇل بولغايسىز . بىز ياخشى دۇئا - تىلەكلىرىمىز بىلەن سىزگە يار - يۆلەكتە بولىمىز ، سىزمۇ ياخشى ئىش - پائالىيەتلىرىڭىز بىلەن بىزگە مەدەتكار بولغايسىز . »

خان ئەنە شۇنداق مەزمۇندا تەڭداشسىز ئېسىل پەندۇنەسىھەت سۆزلىرىنى بايان قىلدى ، ئاندىن يارلىق چۈشۈرۈپ : «مىرزا ھەيدەرنى تولۇق ھوقۇق - ئىختىيارغا ئىگە قىلدىم ، ئەمىرلەردىن ۋە لەشكەرلەردىن ئۇ كىمنى خالىسا ، شۇنى ئېلىپ قالىدۇ . بۇ ئىشتا ھېچ كىشى مېنىڭ يارلىقىمغا قاراشلىق ئەمەس» دېدى .

مۇشۇنداق يارلىق چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن چوڭ - چوڭ

ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسىگە خان بىلەن بىللە قايتىش ئۈچۈن رۇخسەت بەردىم ، قېرىنداشىم ئەبدۇللا مىرزا بىلەن تاغامنىڭ ئوغلى مەھمۇد مىرزىنى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىپ تاللىدىم ، جانەكە مىرزا بىلەن بەھرەكە مىرزا — بۇلارنىڭ نامى كاشغەر ياسالى ھەققىدىكى بايانىمىزدا زىكىر قىلىنغانىدى — نى بىللە ئېلىپ قېلىشنى قارار قىلدىم . قالغان پۈتكۈل لەشكەردىن ئىككى مىڭ كىشىنى تاللاپ ئېلىپ ، بۇ مۇھىم ئىشقا كىرىشتىم . بۇ ئىشلارنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولغۇچە زۇلھەججە ئېيىدىن ئالتە كۈن ئۆتتى ، يەقىر خاننىڭ يېنىدا بولغان ۋاقىت مۇشۇ ئالتە كۈن ئىدى .

ئەلقىسسە ، يەقىر خان بىلەن خوشلىشىدىغان ۋاقىتتا خان يەقىرنى خىلۋەتكە چاقىردى . خان ئۆز قولىدا ساقلىغان كىيىملىرىدىن تون ، سەرۇپايىلارنى بېرىپ يەقىرنى تارتۇقلىدى ، ئۇنىڭغا يەنە بىرنەچچە ئاتنى قوشۇپ ئىنئام قىلدى . [ئاندىن يەنە بىر كەمەر ، بىرنەچچە پىچاقنى غىلىپى بىلەن يەقىرگە بەردى . بۇلار خان ئۆز قولى بىلەن ياسىغان جابدۇقلار بولۇپ ، ئىنتايىن گۈزەل ، نەپىس ئىدى ، خاننىڭ ھۈنەر ـ سەنئەتتىكى ئاجايىپ ئىقتىدارىنىڭ ، شەرەپلىك تەبىئىتىنىڭ نەمۇنىسى ئىدى . خان بۇ جابدۇقلارنى ماڭا بېرىپ : «بۇلار مېنىڭ ھۈنەر ـ كەسپلىرىمنىڭ نەتىجىسى ئىدى ، ئەستىلىك ئۈچۈن سىزگە تاپشۇرىمەن . ئەگەر سىز ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كېلىپ [مېنىمۇ ساق ـ سالامەت كۆرسىڭىز ،] بۇلارنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگەيسىز . [ھازىرچە بۇلارنى سىزگە ساقلاش ئۈچۈن ئامانەت بەرگەن بولاي . بۇلارنى سىزگە بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كەلسىدى ، دېگەن ياخشى پال ۋە تىلەك بىلەن بېرىۋاتىمەن . مۇبادا بۇ بىزنىڭ پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن تەقدىر بويىچە مەڭگۈلۈك خەيرلىشىدىغان كۈنىمىز بولۇپ قالىدىغان بولسا ، بۇ جابدۇقلار مەندىن سىزگە يادىكار بولۇپ قالسۇن .» يەقىر مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ تەزىم بەجا كەلتۈردۈم . تاقىتىم تىزگىنلىرى سەۋرىم قوللىرىدىن چىقىپ كەتتى ، كۆڭۈل خەزىنىسىدىكى غەم ـ ئەندىشە يامغۇرلىرى كۆزلىرىم يولى بىلەن

چىقىپ توختىماستىن تۆكۈلۈشكە باشلىدى . سەۋرىم ۋە تەسكىنلىكىم بىناسىغا لەرزە چۈشۈپ تىترەشكە ، تەۋرەشكە باشلىدى ، خانىنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆزلىرىدىن ياش ئۇنچىلىرىنى چېچىشقا باشلىدى .

ئاخىر بىر - بىرىمىزگە تەسەللى بېرىپ كۆڭلىمىزنى سەل تىنچلاندۇردۇق . شۇنىڭدىن كېيىن پەقىر ئەرز قىلىپ : «ئەي ئالىي شانۇشەۋكەتلىك خان ، ھەزرىتىڭىزدىن بۇنداق غەم - ئەندىشلىك سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ، قايسى يۈرەكنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن كۆڭلۈمنى تەسكىن تاپقۇزالايمەن ؟ سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدىن قانداقمۇ يىراق بولالايمەن ؟ [ سىزگە خىزمەت قىلىشتىنمۇ ئارتۇق مەرتىۋە بارمۇ ؟ ئىلتىماسىم شۇكى ، ھەزرىتىڭىز مەملىكەت پايتەختى ياركەندكە يېتىپ بارغۇچىلىك پەقىر سائادەتلىك ئۇزەڭگىڭىزنىڭ يېنىدا سايىدەك ئەگىشىپ باراي . ھەزرىتىڭىز سائادەت تەختىدە ساق - سالامەت ئورۇنلاشقاندىن كېيىن سىزدىن خاتىرجەم ئىجازەت ئېلىپ ، بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى ئادا قىلىشقا قەدەم قويىمەن . ھازىرچە بۇ يەردە قالدىغان لەشكەرگە بۇيرۇق بېرەي ، ئۇلار تىبەت يايلاقلىرىدا ئاتلىرىنى باققاچ ، مەن قايتىپ كەلگۈچە ئارام ئېلىپ تۇرسۇن» دەپ سۆزۈمنى ئاخىرلاشتۇردۇم . خان مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن : «بىر مۇھىم ئىشقا سۇسلۇق قىلىپ ، ئۇنى ئارقىغا سۈرۈش ئەقىلگە ۋە تەدبىرگە ئۇيغۇن ئەمەس ، مەن ئېيتقان ئۇ سۆزلەرنى سىز خاتا مەنىدە چۈشىنىۋالدىڭىز . چۈنكى ، مېنىڭ ئۇ سۆزلىرىمنىڭ مەنىسى شۇكى ، ئەجەل شەربىتىنى ئىچمەستىن ئالەمدە مەڭگۈ تۇرىدىغان ھېچقانداق جانلىق يوق . ھەربىر جان ئىگىسى ھامان ئاقىۋەتتە ئۆلۈم شەربىتىنى تېتىيدۇ ، ئەجەلگە ئاغرىق ۋە كېسەل شەرت ئەمەس . ماڭىمۇ تەقدىردە نېسىپ قىلىنغان ئاشۇ ئەجەل ھامىنى بار ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس . بۇ سەپەردە ساق - سالامەت بېرىپ ياركەندتە ئورۇنلاشقان تەقدىردىمۇ ، يەنىلا ئۆلۈمدىن ئامان بولغىلى بولمايدۇ . ئەگەر بۇ سەپەردە ماڭا قازا يېتىدىغان

بولسا ، سىزنىڭ مەن بىلەن بىللە بېرىشىڭىز بىلەنمۇ ، بۇ تەقدىرنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ . ھازىرچە سىز بىــــلەن سۆزلەشكۇدەك پۇرسەت بار بولغاچقا ، بۇنى غەنىيمەت بىلىپ بۇ سۆزلەرنى دەپ قويۇۋاتىمەن . ھەرقانداق ئەھۋالدا خۇدا بىلەن بىـــللە بولماق كېرەك ، ھەممە ئىشنى تەڭرىتائالاغا تاپشۇرۇش كېرەك . سىزنىمۇ تەڭرىتائالاغا تاپشۇردۇم ، ئاللا خالىسا ساق ـ سالامەت ئۇچرىشار-مىز ، دېگەن ئۈمىدتىمەن . سىزگە تاپشۇرغان مۇھىم ۋەزىپىنى چىن دىلىڭىز بىلەن ئادا قىلىشقا كىرىشكەيسىز ۋە جان ـ دىلىڭىز بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەيسىز . بۇ ئىش كەشىمنى پەتھى قىلغانلىقىڭىزغا قوشۇلۇپ نۇر ئۈستىگە نۇر بولغاي ، [ياخشى ئاتىقىڭىز تېخىمۇ يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەي .] ماڭىمۇ بۇ ياخشى ئىشقا مەدەتكار بولغىنىم ئۈچۈن بۇ ئالەمدە ياخشى ئات ، ئاخىرەتتە ھەسەنات ھاسىل بولغۇسى ، بۇ ئىشتىن مېنىڭ جان ۋە دىلىمدا سىزگە تېخىمۇ زور مىننەتدارلىق پەيدا بولغۇسى .»

[خان بىلەن بولغان بۇ سۆھبەت خېلى ئۇزاققا سوزۇلدى .] خان ئەنە شۇنداق شېرىن سۆزلەرنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن ماڭا ئاتلىنىشقا ئىجازەت بېرىپ ئۆزى قايتىشقا يۈزلەندى .

## بىر يۈز بەشىنچى باب

# سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئىشلىرىنىڭ ئاخىرى ۋە قىسقىچە ئەھۋالىنىڭ بايانى

[رۇبائىي :

ئىن جۇملە جەھان ھەممە فەنا خاھەد بۇد ،
دەر ھەرچە نەزەر كۇنى ھەبا خاھەد بۇد .

ئانكى فەنا مىشەۋەد ئادەم باشەد ،
ئانكى ھەمىشە ھەست خۇدا خاھەد بۇد .

(بۇ بارچە جاھاندا ھەممە ئۆلۈپ كەتكۈسىدۇر ،
ھەر نەرسىگە باقساڭ ھامان يوقلۇق تامان يەتكۈسىدۇر .
دۇنيادا پەقەت بىرلا خۇدا مەڭگۈلۈك ،
ئادەمنى ئۆلۈم ھامان يەر بىلە يەكسان ئەتكۈسىدۇر .)]

ئۆلۈغ ئارىپلار شۇنداق دەيدۇكى ، ئەجەل — يۈكسەك مەرتىۋىلىك ئاللادىن باشقىسىنى يوقلۇق ئالىمىگە ئېلىپ كەلگۈسىدۇر . يوقالغۇچى نەرسىنىڭ ھەقىقىتى شۇنىڭدىن مەلۇمكى ، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق بىناسى گوياكى بىر قىيانىڭ لېۋىدە بولغان بولىدۇ . تۈنۈگۈن ئۇ مەۋجۇت ئىدى ، ئەمما بۈگۈن يوق ، ئۇ پەقەت ئويىمىزدىلا ساقلىنىپ قالىدۇ . بۇرۇن كۆرۈنمىگەن نەرسىلەر بولسا ، بۈگۈن كۆرۈنۈپ تۇرغان بولىدۇ ، لېكىن ئەتە ئۇنىڭدىن يەنە نېمە قالىدۇ ؟ مەڭگۈلۈك شەيئى بولسا ھەمىشە بار ئىدى ۋە داۋاملىق مەۋجۇت بولغۇسى . ئۇنىڭ ئەبەدىيلىك چېھرىنى ھېچقانداق ھادىسە تاشلىرى ئۇپرىتالمايدۇ . [رۇبائىي :[1]

ھەر سۇرەتى دىلكەشكى تۇرا روىى نەمۇد ،
خاھەد فەلەكەش زۇد زىچەشمى تۇ رۇبۇد .
رەۋ دىل بەكەسى دەھكى دەر ئەتۋارى ۋۇجۇد ،
بۇدەست ھەمىشە باتۇۋۇ خاھەد بۇد .

(كۆڭلۈڭنى رام ئەيلىگەن نى - نى گۈزەل سۇرەتلەر ،
پەلەك قوللىرى بىلەن تېزلا بۇلاپ كېتىلەر .
تا ئەزەلدىن ئەبەدكە مەۋجۇد بولغاي تەڭرىلا ،
شۇ ئەبەدىي مەۋجۇدلۇق ۋۇجۇدىغا كۆڭۈل بەر .)]

---

① بۇ سۆز تېھران نەشرىدە «نەزم» دېيىلگەن .

ياراتقۇچى ۋە پەرۋىش قىلغۇچى پاك ۋە بۈيۈك تەڭرىنىڭ ھۆكۈمى شۇنداق يۇرگۈزۈلۈپ كېلىۋاتىدۇكى، ھەربىر ھايات ئىگىسى «ھەربىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇسىدۇر»① دېگەن ھۆكۈمنىڭ جامىدىن ئامالسىز بىرەر ئۇتلام ئىچىدۇ ۋە ھايات قەدەھىدىن ئۆلۈمنىڭ ئاچچىق شارابىنى ئىلاجسىز سۈمۈرىدۇ – دە، مەۋجۇتلۇق ئويغاقلىقىدىن يوقلۇق ئۇيقۇسىغا كېتىدۇ. رۇبائىي:②

يوقلۇققە ئۇشۇل خەيلكى ھەمدەست ئولمىش،
كىم كويى فەنا ئىچرە ھەمە پەست ئولمىش.
كۆپ ئىچكەچ ئۇلار مەجلىسى ئەنس ئىچرە شەراب،
بۇ ۋەجھى ئىلە بىزدىن ئىلگەرى مەست ئولمىش.

ئەبەدىيلىك بېغىدا ھېچقاچان گۈل ئېچىلمايدۇ، ئۇنداق گۈلنىڭ پۇرىقىنى ھېچكىم ھىدلاپمۇ باقمىغان. كىشى بۇ يوقلۇق ئۆتكىلىدىن ئۆتكەندىلا، ئاندىن ئەبەدىيلىك بېغىغا قاراپ يول ئالالايدۇ. بۇ جەسەتنىڭ تۇپرىقىنى يوقلۇق شامىلىغا سورىۋەتمەي تۇرۇپ، بۇ تۇپراقنى ئەبەدىيلىك دېڭىزىغا قانداقمۇ يەتكۈزگىلى بولسۇن؟ [يوقلۇق كۆزىنىڭ دېرىزىسى بىلەن ئەبەدىيلىك گۈلزارىنى قانداقمۇ كۆرگىلى بولسۇن؟]

ھەممىنىڭ بارىدىغان ماكانى ئەبەدىيلىك جايدۇر، ھەممىنىڭ قاچىدىغان يېرى يوقلۇق دەشتىدۇر. بۇ ئالەمنى تۇرىدىغان ۋە بارىدىغان يەر دەپ ئويلاش پۈتۈنلەي خاتادۇر. بېيىت:

① «قۇرئان كەرىم»، 3 ـ سۈرە ئال ئىمران، 185 ـ ئايەتنىڭ باش قىسمى؛ 21 ـ سۈرە ئەنبىيا، 35 ـ ئايەتنىڭ باش قىسمى؛ 29 ـ سۈرە ئەنكەبۇت، 57 ـ ئايەتنىڭ باش قىسمى.

② بۇ سۆز پارىچە بىرىنچى نۇسخىدا ۋە تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «رۇبائىي»، پارچە ئىككىنچى نۇسخىدا ۋە تېھران نەشرىدە «نەزم» دېيىلگەن.

کىم سېلى فەنا گۆزەرگەھىن خانە قىلۇر ؟
ئاقىل قىلماس ، مەگەركى دىۋانە قىلۇر .

[ھەرقانچە بوينى قاتتىق ئادەمنىڭ ياقىسىمۇ ، ئەگەر ئۇنىڭ جېنىلا بولىدىكەن ، ئەجەلنىڭ چاڭگىلىدىن ئامان قالمايدۇ .
ھېكايەت :

شۇنىدەمكى جەمشىدى فەررۇخ سىرىشت ،
سەرى چەشمەئى بەر بەسەڭگى نەۋىشت :
بەرىن چەشمە چۇن ما بەسى دەم زەدەن ،
بەرەفتەند تا چەشم بەرھەم زەدەن ،
گىرىفتەند ئالەم بەمەردىيۇ زور ،
ۋە لېكىن نەبۇردىم باخۇد بەگور .
جەھان ، ئەي پىسەر ، مۇلكى جاۋىد نىست ،
زى دۇنيا ۋەفادارى ئۇممىد نىست ،
چۇ ئاھەڭگى رەفتەن كۇنەد جانى پاك ،
چە بەر تەخت مۇردەن چە بەر رويى خاك .
ئەگەر سەد سال مانى دەر يەكى روز ،
بەيايەد رەفت زىن كاخى دىل ئەفرۇز .

(ئىشىتتىمكى ، جەمشىد تەۋەررۇك سۆزى ،
بۇلاق باشىدا تاشقا ئۇيغان ئۆزى :

ئىچىپ بۇ بۇلاقتىن تالاي ئەل قېنىپ ،
كېتىشتى ، بۇلاق بۇندا قالدى ئېشىپ .

جاھاندا ئېلىپ تويمىغان زوراۋان ،
كېتەلمەس ئېلىپ گۆرگە بىر پارچە نان .

جاھان ، ئەي ئوغۇل ، مەڭگۇلۇك جاي ئەمەس ،
بۇ دۇنيادىن ھەرگىز ۋاپا كۇتمە ، بەس .

تېنىڭ بولغۇسى مۇردا ، گەر چىقسا جان ،
ئاڭا تەختۇ تۇپراق باراۋەر هامان .

كىشى كىرسىمۇ يۇزگە ، بىلسۇن شۇنى ،
قويۇپ بۇ سارايىنى ، كېتەر بىر كۇنى . )]

بۇ سۆز بېشىنى كەلتۇرۇشتىن ۋە بۇ نەقىلنى بايان قىلىشتىن مەقسەت خاننىڭ سائادەتلىك هاياتىنىڭ ئاخىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەت . ئوچۇق ۋە ئايان بولسۇنكى ، خان يۇقىـــرىدا بايان قىلىنغىنىدەك ، ئاشۇ مۇهىم ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزى مارىيۇلدىن ياركەندكە قاراپ يۇزلەندى . پەقىر بىر مەنزىلگىچە سايىدەك ئەگىشـــپ باردىم ، ئاندىن ئۇ مەنزىلدىن ۋىدالىشىش داغلىرىنى ئايرىلىش قىسمىتى پۇتۇلگەن پېشانەمگە قويۇپ ياندىغان بولدۇم . ئۇمىدۋار كۆڭلۇمدە ئۇمىدسىزلىــــك ئوتلىرى يېلىنجاشقا باشلىدى . [سائادەت نەزەرلىك خان تاكــى كۆزۇم يەتكۇدەك يەرگە بارغۇچە قاراپ تۇردۇم ، خانمۇ پەقــر تەرەپكە قاراپ - قاراپ يۇرۇپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن ، پەقىر جېنىم مىڭلارچە ئەنسىرىگەن ، كۆزۇم ياش تۆككەن ، قەلبىم جۇدالىق ئوتلىرىدا ئۆرتەنگەن هالدا راۋان بولدۇم . رۇبائىي :

ئەي چەرخى فەلەك هەمىشە كارى ئىنەست ،
جەۋرۇ ستەمۇ جەفايى ما ئائىنەست .
دېينى تۇ جۇدا كەردەن يارانى شەفىق ،
ئائىنى ئەجەب ، ۋەه چە بەلا بەددىنەست .

(ئەي چەرخى پەلەك هەمىشە ئىشىڭ شۇنداق ،
بىزلەرگە زۇلۇم ، جەۋرۇ جاپالار قىلماق .
شەپقەتلىك دوستلارنى جۇدا قىلماق بۇرچۇڭ ،
رەسمىڭدۇر ئاجايىپ ، ۋاه ، نې بالالار قىلماق . )

جۇدالىق ئوتلىرى دەمۇدەم كۆچىيىپ ھىجران ئازابلىرى بارغانسېرى ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىدى . خىيالىمدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش دەملىرىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتىم ، بۇرۇنمۇ تالاي قېتىملىق جۇدالىق كېچىلىرى ئۇچرىشىش سۇبھىلىرىگە ئالماشقانىدى . مۇشۇلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈپ تەسەۋۋۇر قىلىش بىلەن تەسكىن تاپقاندەك بولاتتىم . بېيىت :

مەن ئىن خەيالۇ تەسەۋۋۇر كۇنەم ، فەلەك گۇيەد :
زىھى تەسەۋۋۇرى باتىل ، زىھى خەيالى مەھال .

(بۇنى خىيال ۋە تەسەۋۋۇر ئەيلىسەم ، پەلەك ئېيتۇر :
«ئەجەب تەسەۋۋۇرۇڭ باتىل ، ئەجەب خىيالىڭ خام .» )]

كۆڭۈل تىلى يەنە : «بۇ ھىجران كېچىسىنىڭ سۇبھىسى قىيامەت كۈنىگە قالغۇسى» دەۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى .

ئەلقىسسە ، پەقىر خاندىن ئايرىلىپ تۆت كۈندىن كېيىن خان مۇبارەك قوللىرى بىلەن بىر ئىنايەتنامە يېزىپ پەقىرگە ئەۋەتكەنىكەن . ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى : «ساقىرى داۋىنىدىن ئوڭايلا ئۆتتۇم ، تەبىئىتىمگە گۇمان قىلغان كېسەل يۈزلەنمىدى . خۇداغا شۈكۈر ، ساق ـ سالامەت نۇبرەگە كىردۇق ، قۇربان ھېيت نامىزىدىن يېنىپ ياركەندكە راۋان بولىمىز ، ۋەسسالام .» بۇ شەرەپلىك مەكتۇپقا خان ئۆزىنىڭ مۇبارەك تەبئى (تالانتى) نىڭ مېۋىسى بولغان بۇ تۈركىي رۇبائىينى يېزىپ ئەۋەتىپتۇ . رۇبائىي :

ئەزم ئەيلە ، سەبا ، يەت گۇلى خەندانىمغە ،
نې گۇلكى ، قۇياشدەك مەھى تابانىمغە .
ئېلتكىل داغى ئىشتىياق مەنزىلى مەندىن ،
زىنھار دېگىل سەلام تۇغقانىمغە .

بۇ خانىنىڭ پەقىرگە يازغان ئاخىرقى مەكتۇپى ئىدى ،

بۇنىڭدىن كېيىن مەكتۇپ يېزىپ ئەۋەتىشكە تەقدىر پۇرسەت بەرمىدى .
دېمەك ، ئۇلار نۇبرەدە قۇربان ھېيت نامىزىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن تېزلىكتە راۋان بولۇپتۇ . مۇزئارت داۋىنىدىن ئۆتكەن ئىكەن ، ئۇ يەرنىڭ دوزاخ كەبى ئىسسىق ھاۋاسىدىن خاننىڭ شەرەپلىك مىزاجىغا كېسەل تېگىپتۇ . ئۇ يەردىن ئىس يوق يەرنىڭ ئاربىلىقى سەككىز كۈنلۈك يولدۇر . ئىس ئاغرىقىنىڭ تەپسىلاتى يۇقىرىدا تىببەت ئەھۋاللىرىنىڭ بايانىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلدى . ئەمىرلەر مەسلىھەتلىشىپ : «بۇنداق كېسەلگە دۇچار بولغاندا ، مەيلى تېز ياكى ئاستا يۈرۈشنىڭ ھەر ئىككىلىسى خەتەرلىك ، شۇنداقتىمۇ ھەر ھالدا تېزرەك ئىس يوق يەرگە يېتىۋالغىنىمىز ئەۋزەل . ئۇ يەرگە يېتىۋالغۇچە كېسەلنىڭ شىددىتىگە بىمار تەبىئىتىنىڭ قۇۋۋىتى يار بېرىپ قالار . ئەگەر تۇتەك بار يەردە ئاستا يۈرۈپ ھايال بولساق ، بۇ خەتەرلىكتۇر» دېيىشىپتۇ . [بېيىت :

جۇز دو گۇنە چارەئى كارەت ، كۇجاست ،
يا بەمىرى ، يا كۇشەندەت راست ، راست .

(بۇ ئىشىڭنىڭ چارىسىدۇر ئىككى خىل ،
ياكى ئۆلگىن ، ياكى قىينالغىن تىرىل . )]

پايدىسىز ۋە ناتوغرا پىكىرلىك ئەمىرلەرنىڭ كاتتىسى مىرزا ئەلى تاغاي ئىدى . ئۇلار بۇ قەدەر ئېغىر كېسەل بولغان خاننى ئاتقا مىندۈرۈپ ئۆت تەرەپتىن يۆلەپ تېزلىكتە مېڭىپتۇ . گەرچە ئۇ يەردە تۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ ئىنتايىن خەتەرلىك بولسىمۇ ، لېكىن مەيە بىلەن ئېلىپ ماڭسىمۇ بولغانىكەن . [مەپىنى قول بىلەن كۆتۈرۈپ يۈرگەندە ، ئېگىز قىيا ۋە قىيىن يوللاردىن ئۆتەلمەيمىز ، دېگەن باھانە - سەۋەبنى كۆرسىتىپتۇ . شۇنداق قىلىپ قىيىن يوللاردىن ئۆتۈپ كۆتۈرۈپ ماڭغىلى بولىدىغان يەرگىچە ئات بىلەن ئېلىپ

مېڭىپتۇ . مىسرا :

روزىكى قەزا باشەد كۈشىش نەكۈنەد سۈدى .

(تەقدىرى ئەجەل كەلسە ، تىركەشىشمۇ يوق پايدا . )]

دېمەك ، ئۇلار سەككىز كۈنلۈك يولنى تۆت كۈندە بېسىپ ، ناماز پېشىن ۋاقتى بولغاندا بىر مەھەللىگە كېلىپتۇ . ئۇ يەردىن ئىس يوق يەرگىچە ئۈچ فەرسەڭلىك مۇساپە قالغانىكەن . شۇ مەھەللىگە يېتىپ كېلىش بىلەنلا ئەجەل خەۋىرىمۇ يەتكەنىدى . نەزم :

يەتسە ئول ۋەقت ئەگەركى بۇ تەركىب ،
مۇ تەلاشى بولۇر ھەمە ئەجزا .
قىلۇ قال ئانىڭدا سىغماغۇسى ،
كىمسەگە يوق مەجالى چۇنۇ چەرا .

[شۇ سائەتتە خاننىڭ تەبىئىتىدىكى كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ ھەممىسىنى كېسەلنىڭ شىددىتى ۋە تىبەت ئەھۋاللىرىنىڭ بايانىدا شەرھلەپ ئۆتكىنىمىزدەك بۇ يەرنىڭ دوزاخ كەبى ئاب ـ ھاۋاسى . بېيىت :

ھەجرۇ ۋەسلى تۇ سەمۇمەستو سەرابەست ، ئانجا
نەزىد ھېچ كەسى ئابۇ ھەۋايى ئەجەب ئەست .

(ۋەسلىڭ بىلەن ھىجرانىڭ گويا ئۇپ بىلەن ئالۋۇن ،
بارمىسۇن يېقىن ھېچكىم بۇنداق غەلىتە جايغا . )]

خاننىڭ تەبىئىتىدىكى كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ ھەممىسىنى خورتىپ ئۇنى تولۇق يەڭدى . شۇ چاغدا دىندارلارنىڭ دەرۋىش سۈپەت پادىشاھى ، ئادالەت ئەھلىنىڭ ئىقتىدارلىق يېتەكچىسى

بولمش خان «سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن ، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن»[1] دېگەن چاقىرىقنا «لەببەيكە» (خوپ ، بولىدۇ) دەپ ئەمەل قىلدى . شۇ چاغدا ئۇنىڭ پاك روھى بۇ بۇلغانغان دۇنيادىن ئەڭ پاك ۋە ئەڭ مۇقەددەس ئالەمگە يۈرۈپ كەتتى . «بىز ئەلۋەتتە ئاللانىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللانىڭ بەندىلىرىمىز ) ، چوقۇم ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز .»[2] — ئاللا ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىنى نۇرلاندۇرسۇن ، سۆزلىرىنى يارقىن ۋە ئوچۇق قىلسۇن . [مەسنەۋى :

دەرىغ ، ئان شەھەنشاھى ساھىبقىران ،
جەمى تاج بەخشۇ مەمالىك سىتان .

دەرىغ ، ئانكى دىگەر نەيايەد زەمىن ،
بەسەد قەرن شاھى بەئان دادۇ دىن .

دەرىغ ، ئان جەھاندارى پاك ئىئتىقاد ،
سەلاھۇ فەلاھۇ بەلادۇ ئىباد .

(ئېسىت ، كەتتى ئۇ شاھى ساھىبقىران ،
ئۇلۇغ تاجبەخشلىكتە جەمشىد نىشان .

ئۇنىڭدەكنى كۆرمەس بۇ پانىي زېمىن ،
ئەگەر ئۆتسە يۈز قەرنلەر شاھى دىن .

ئېسىت ، كەتتى ئۇ شاھى پاك ئېتىقاد ،
مۇنەۋۋەر يېتەكچى ، جەسۇر ، ياخشى زات . )]

---

① «قۇرئان كەرىم» ، 89 ـ سۈرە فەجر ، 28 ـ ئايەت .
② «قۇرئان كەرىم» ، 2 ـ سۈرە بەقەرە ، 156 ـ ئايەتنىڭ كېيىنكى يېرىمى .

دىمەك ، بۇ جاننى ئۆرتىگۈچى دەھشەتلىك ۋەقە تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 939 - يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون ئالتىنچى كۈنىدە[1] يۈز بەرگەنىدى . بۇ ۋەقەدىن كېيىن بۇ قاپلان ۋە لەھەڭ كەبى يىرتقۇچ ۋە پىشمىغان زامان ئاجايىپ ئويۇنلارنى ئاشكارا قىلدى ، ئۇنىڭ زىكرى پات پۈرسەتتە ئېيتىپ ئۆتۇلىدۇ .

مەخپىي قالمىسۇنكى ، خاننىڭ شەرەپلىك نەسەبىنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق : غالىبلار ئاتىسى سۇلتان سەئىدخان بولسا سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئوغلى ، سۇلتان ئەھمەدخان بولسا سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئوغلى ، سۇلتان يۇنۇسخان بولسا سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ ئوغلى ، سۇلتان ئۇۋەيسخان بولسا شىر ئەلىخاننىڭ ئوغلى ، شىر ئەلىخان بولسا مۇھەممەدخاننىڭ ئوغلى ، مۇھەممەدخان بولسا خىزىر خاجەخاننىڭ ئوغلى ، خىزىر خاجەخان بولسا تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ ئوغلىدۇر — ئاللا ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى پاك قىلغاي .

تۇغلۇق تېمۇرخاندىن تاكى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يافەسكىچە بولغان نەسەبنىڭ تەرتىپى «مەجمەئۇت - تەۋارىخ» تا ۋە «زەپەرنامە»نىڭ مۇقەددىمىسىدە زىكىر قىلىنغان . ئۇنى ئاللا خالىسا «تارىخى ئەسل»دە زىكىر قىلىمىز ، شۇ سەۋەبتىن بۇ يەردە تەكرارلىمىدۇق .

بىلمەك كېرەككى ، سۇلتان سەئىدخان تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 892 - يىلى[2] موغۇلىستاندا تۇغۇلغان ، مۇبارەك ئېتىنى بوۋىسى يۇنۇسخان قويغانىدى . ئون تۆت ياشقا كىرگۈچە موغۇلىستاندا ئاتىسىنىڭ قولىدا ۋە ھۇجرا تەربىيىسىدە بولدى . سائادەتلىك ئاتىسى سۇلتان ئەھمەدخان بۇزرۇكۋار قېرىندىشى [سۇلتان مەھمۇدخان] بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن تاشكەندكە بارغاندا ،

---

① ھىجرىيە 939 - يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 16 - كۈنى مىلادىيە 1533 - يىلى 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ .

② ھىجرىيە 892 - يىلى مىلادىيە 1486 — 1487 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

[سەئىد]خاننىمۇ ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ بارغانىدى . ئاخىــــدا شاھىبېكخان بىلەن خانلار ئارىسىدا ئۇرۇش بولغان ۋاقتىدا ، خانلار يېڭىلدى . شۇ ئۇرۇشتا سۇلتان سەئىدخان ياردار بولۇپ ، ئاخىرى ھاكىمى شەيخ بايەزىدنىڭ قولىغا تۇتقۇن بولدى . شەيخ بايەزىد بىلەن شاھىبېكخان ئوتتۇرىسىدا بولغان «بۆرە سۇلھىسى» ۋەقەسىنى يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتكەندۇق . شەيخ بايەزىد خاننى بىر يىلغىچە قاماقتا ساقلىدى . كېيىنكى يىلى شاھىبېكخان كېلىپ شەيخ بايەزىدنى ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى تەنبەلنى ئۆلتۈردى ، فەرغانە ۋىلايىتىنى ئۆز تەۋەلىكىگە ئالدى . خاننى قاماقتىن چىقىرىپ ئۆزىگە ھەمراھ قىلدى ، ھىسار ۋە قۇندۇزنى ئالغان سەپەردە خان شاھىبېكخان بىلەن ھەمراھ ئىدى . شاھىبېكخان بۇ لەشكىرىي يۈرۈشتىن قايتىپ خارەزمگە قاراپ يۈرۈش قىلدى . بۇ ۋاقىتتا خان ئون ئالتە ياشتا ئىدى . خان سەمەرقەندتىن ئون يەتتە كىشى بىلەن قىچىپ موغۇلىستانغا — تاغىسى مەھمۇدخاننىڭ ھۇزۇرىغا باردى ، ئاخىر موغۇلىستاندىن بىر ئۇرۇشتا قېچىپ ئەندىجانغا كەلدى . ئەندىجاندا شاھىبېكخان قويغان ھاكىم خاننى ئۆلتۈرۈش مەقسىتىدە تۇتۇپ قامىدى . خان ئۇنىڭدىن ئاجراپ قېچىپ كابۇلغا — ھامىمىسىنىڭ ئوغلى بابۇر پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا باردى . پادىشاھ ماۋەرائۇننەھرنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ھىسارغا يۈزلەندى ، خاننى ئەندىجانغا ئەۋەتتى ، خان ئەندىجانغا كەلدى . تاغام ئەندىجاننى خانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئۆزى خاننىڭ خىزمىتىنى قىلدى . ئۆزبېكلەر كېڭىيىشكە باشلىغان ۋاقىتىدا خان ئەندىجاننى تاشلاپ كاشغەرگە كېلىپ ئۇرۇش قىلىپ ، كاشغەرنى ئىگىلەپ يىگىرمە ئۈچ يىل مۇستەقىل پادىشاھلىق قىلدى . ئاخىرقى ۋاقتىدا تەڭرى يولىدا خالىس ئۇرۇش قىلىش نىيىتىدە تىبەتكە بېرىپ ، تارىخنىــــڭ (ھىجرىيە ) 939 ـ يىلى ئىس كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى ، شەرەپلىك ئۆمرى قىرىق يەتتە ياشقا يەتكەنىدى .

ئەجداد ۋە پۇشتىدىن باشلاپ ھەنەفىي مەزھىپىدە ئىدى .

دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ۋە ياشلىق مەزگىللىرىدە ئويۇن ـ تاماشا ۋە كەيپ ـ ساپالارغا كۆپرەك مايىل ئىدى . ياخشى ئىشلار ۋە گۈزەل خۇلقلارغا كەمرەك مەشغۇل ئىدى . ئۆمرى ئوتتۇز يەتتىگە يەتكەن چاغدا ، ھەممە ئويۇن ـ تاماشا ۋە كەيپ ـ ساپالاردىن تەۋبە قىلىپ ، ئۆزىنى ھەزرىتى ئىشان مەخدۇمى خاجە شىھابىل ـ مىللە ۋەددىن ، مەشھۇر نامى خاجە خاۋەند — ئاللا ئۇنى سالامەت قىلغاي — نىڭ ھۇزۇرىغا يەتكۈزۈپ تەسەۋۋۇپ يولىغا كىردى . خان بۇ شەرەپلىك سۇلۇك بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىناتتى ، ھەممە چاغدا كۈندۈزى روزا تۇتۇپ ، كېچىسى ئىبادەت قىلىشنى تەرك قىلمايتتى ، ھەممە ئولتۇرۇشلىرىدا تەرىقەت سۆزلىرىدىن باشقا سۆز كەمرەك زىكىر قىلىناتتى . خانغا تەسەۋۋۇپ سۇلۇكىگە دائىر سۆزلەر بەكمۇ تەسىر قىلاتتى . خان شەرەپلىك شەرىئەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە ئادالەتنىڭ جارى قىلىنىشىغا ئىنتايىن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندى . شەرىئەت ھۆكۈمىگە ئەمەل قىلىشتا ھېچقاچان بىپەرۋالىق ۋە سۇسلۇق قىلمايتتى ، كۆپىنچە ئىشلار ۋە مۇئامىلىلەردە شەرىئەت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقىراتتى .

خان ئالىملارغا ھەددىدىن تاشقىرى ئىززەت ـ ئىكرام قىلاتتى . شۇ دەرىجىدە ئىدىكى ، زامانىمىز سۇلتانلىرى خانىنىڭ ئالىملارغا ھەددىدىن ئارتۇق ئىززەت ـ ھۆرمەت قىلغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرۈشتى ، خان ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ : «بىر ـ بىرىگە ئىززەت ـ ھۆرمەت قىلىش باراۋەرلىك ۋە قېرىنداشلىقنىڭ بەلگىسى . ئالىملىرىمىز جىسمانىي ۋۇجۇدى جەھەتتە بىزنىڭ ئەڭ ئاددىي خىزمەتچىلىرىمىز بىلەن ئوخشاش ، مېنىڭ ئۇلارغا قىلغان ئىززەت ـ ھۆرمىتىم ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىلمى ئۈچۈندۇر» دەيتتى . سوپى ۋە سالىھلاردىن ھەرقانداق كىشىنى كۆرسە ، ئۇلارنى گويا قېرىندىشى ئورنىدا كۆرەتتى ، ئۇلارنى ھېچبىر تۇزۇت ۋە تەكەللۇپ قىلدۇرمايتتى . بۇنداق چاغلاردا ئۆزىنىڭ سەلتەنەت ئىگىسى ، پادىشاھ ئىكەنلىكىنى

زادىلا يادىغا كەلتۈرمەيتتى . ئۇنىڭ خۇش خۇلقى ۋە يېقىملىق مۇئامىلىسى ھەممىگە ئورتاق ۋە ئوخشاش ئىدى . گەرچە شۇنچە كۆپ خەلق ئۇنىڭ سەلتەنەت مەرتىۋىسىگە رىئايە قىلىشقان بولسىمۇ ، لېكىن خان ئۇلارغا شۇ قەدەر ياخشى ۋە يېقىملىق مۇئامىلە قىلاتتىكى ، ئۇنىڭدىن زىيادىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس . پەقىر يىگىرمە تۆت يىل خاننىڭ خىزمىتىدە بولدۇم ، بۇ مۇددەت ئىچىدە خاننىڭ بىرەر كىشىگە ئەدەپسىزلىك ۋە ھاقارەتلىك تىل بىلەن سۆز قىلغانلىقىنى ئىشىتمىدىم . ئەگەر بىرەر گۇناھ بىلەن بىراۋغا دەشنام بېرىش كېرەك بولسا ، «نەس» ياكى «مۇردار»[1] دەپ تىللايتتى . بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆز ئاغزىدىن چىقىپ باقمىغان بولسا كېرەك .

## بىر يۈز ئالتىنچى باب

# خان ۋاپات بولغاندىن كېيىن كاشغەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى

[ نەزم :

فەلەك بەر خىش بەجانى ئەژدىھا ئىست ،
پەيى ئازارى ما زور ئازما ئىست .

گىرىفتارىم دەر پىچۇ خەمى ئۇ ،
رەھىدەن چۇن تەۋانىم ئەز دەمى ئۇ .

---

[1] مۇردار — نىجىس ، بۇزۇلغان ، يېيىشكە بولمايدىغان گۆش ، تاپ .

نەبىينى كەس ئەزۇ زەخمى بەخۇردە ،
زى سەد كەس بەر يەكى رەھمى نەكەردە .

زى زۇلمەش ھېچ كەس سالىم نەجۇست ئەست ،
كۇدامىن سىنە كان زالىم نەخوست ئەست .

(پەلەك نەسلىم جىنغا ئەجدىھادۇر ،
ئازابىمغا نە دەرمان ، نە داۋادۇر .

دۇچار بولدۇم توقايلىقتا ، نە ئىمكان ،
قېچىش دەم تارتىشىدىن بولماس ئاسان .

قۇتۇلماس يەم بولۇشتىن بارچە ئادەم ،
رەھىم قىلمايدۇ يۇزدىن بىرسىگە ھەم .

قېچىپ زۇلمىدىن ھېچ ئىنسان قۇتۇلماس ،
كىشى بارمۇ بۇ زالىمغا تۇتۇلماس ؟ ! )

زالىم پەلەكتىن شىكايەت قىلىنغان، تەتۇر ئايلانغۇچى چەرختىن يەتكەن ئازاب - كۇلپەتلەردىن ۋە ئوڭۇشسىزلىقلاردىن ھېكايەت قىلىنغان تۇركىي رۇبائىي بار . **رۇبائىي :**

جانا نې جەفالاركى ماڭا قىلمادىڭىز ،
بىر زەررە ماڭا رەھىم نېگا قىلمادىڭىز ؟
يۇز قاتلا ۋەفا ۋەئدە قىلىپسىز ، ئەمما ،
بىر قاتلا بۇ ۋەئدەغە ۋەفا قىلمادىڭىز .

تەقدىرنىڭ ئىرادىسى جارى قىلىنىشقا باشلىغاندا ، بەندىنىڭ بۇنىڭغا قارىتا «قانداقچە ؟» ، «نېمىشقا ؟» دەپ سوراشقىمۇ ماجالى يەتمەيدۇ . **رۇبائىي :**

ئان روزكى تەۋسەنى فەلەك زىن كەردەند ،
ئارايىشى مۇشتەرى زى پەرۋىن كەردەند
ئىن بۇد نەسىبى ما زى دىۋانى قەزا ،
ماراچە گۇنەھ قىسمەتى ما ئىن كەردەند .

(شۇ كۈندە پەلەك تۇلپارى پەرۋاز قىلدى ،
مۇشتەرىگە ئۈكەر بىلەن پەرداز قىلدى .
تەقدىر يازمىشىدىن نېسىۋەم مۇشۇ بولدى ،
گۇناھىم نېمىدۇر ، قىسمىتىم ناساز قىلدى . )]

خان ئامانەتنى جان ئالغۇچىغا تاپشۇرغاندىن كېيىن شەيتانلارنىڭ كاتتىسى مىرزا ئەلى تاغاي بىلەن شەيتانلارنىڭ ئانىسى خاجە شاھمۇھەممەد دىۋان ئىككىسى نەچچە يىللاردىن بېرى ھەسەت ئۆچمەنلىكىنى كۆزلىرىدە نۇردەك ساقلاپ كېلىۋاتقان بولغاچقا ، ئىككىسى بىرلىشىپ مىرزا ئەلى تاغاينىڭ كۆيئوغلى يادگار مىرزىنى ئاقسۇغا — رەشىد سۇلتاننىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى . ئۇلار باشتىن ـ ئاخىر يالغان بىلەن تولغان بىر ئەرزنى قۇراشتۇرۇپ چىقىپ ، بۇ كاززاپلار ئۇنىڭغا خاننىڭ ۋەسىيىتى دەپ ئات قويۇشتى . ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى :
«خان جان ئۈزۈش ئالدىدا مۇنداق دېدى : ‹مېنىڭ تىبەتكە بېرىپ ئۇرۇش قىلىش غەرىزىم يوق ئىدى . سەييىدمۇھەممەد مىرزا بىلەن مىرزا ھەيدەر تولا سايە ـ سەۋەبلەر بىلەن دالالەت قىلىپ ، مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچار قىلدى . ئەگەر پەرزەنتىم ئەبدۇررەشىد ئۇ ئىككىسىنى ئۆلتۈرمىسە ، مەن ھەرگىز رازى بولمايمەن . سەييىدمۇھەممەد بىلەن مىرزا ھەيدەرنى قەتلى قىلسا ، مېنىڭ قىساسىمنى ئالغان بولىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە سەييىدمۇھەممەد مىرزا بىلەن مىرزا ھەيدەرلا بولىدىكەن ، خانلىق ئوغلۇم ئەبدۇررەشىدكە مەنسۇپ بولماي قالىدۇ › . . . »
ئۇلار ئەنە شۇنداق ھەر قىسما يالغان گەپلەرنى قۇراشتۇرۇپ ،

نەچچە يىللاردىن بېرى كۆڭلىگە پۈككەن شۇملۇقلىرىنى ئەرزنامە قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. يەنە بىر كىشىنى تاغامنىڭ ھۇزۇرىغا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپ : «خانغا مۇنداق ئەھۋال يۈز بەردى، قانداق قىلىمىز؟ ئەمرىڭىزنى ئاڭلىساق، شۇ بويىچە ئىجرا قىلىمىز . . .» دەپ قانچىلىگەن يالغان ۋەدە ـ قەسەملەر بىلەن مەلۇمات يوللاپتۇ.

بۇ خەۋەر تاغامغا يېتىپتۇ، ئىنتايىن ئىزتىراپ ۋە بىتاقەتلىك يۈز بېرىپ يۈقىرى چەككە يەتكەن مەھەلدە، خاننىڭ مۇبارەك جەستى تېزلىك بىلەن ئېلىپ كېلىنىپتۇ ـ دە، دىۋانخانىنىڭ ھۇجرىسىدا دەپنە قىلىنىپتۇ. بۇ ئەھۋال ئەسناسىدا تاغام كاشغەردىن يېتىپ كېلىپ، خاننىڭ ئالىي نەسەبلىك خانىملىرى ھەمدە ھەرەم ئەھلىگە ئۆزىنىڭ تەزىيىسىنى يەتكۈزۈپتۇ ۋە نەزىر ـ چىراغ رەسمىيەتلىرىنى ئورۇنداپتۇ. نەزىر ـ چىراغ سىرتتا ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. تاغام ئۇ يەردىكى ئەمىرلەر، ئۆلىمالار ۋە دۆلەت كاتتىلىرىنىڭ ھەممىسىدىن مەرھۇم خاننىڭ ۋاقتىدىن باشلاپ داۋام قىلىپ كەلگەن ۋە بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان قارىمۇقارشىلىق، ئىچكى نىزالارنى توسۇش ھەققىدە ئەھدۇپەيمانلار قىلىشنى ئىلتىماس قىلىپتۇ. ئەمىرلەرنىڭ ھۇزۇرىدا تاغاممۇ ئەھدۇپەيمان قىلىپ : «بىزمۇ ساداقەت ۋە بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق يوسۇنلىرىنى ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بەجا كەلتۈرىمىز» دەپتۇ، بولۇپمۇ مىرزا ئەلى تاغاي خىزمەتكارلىق، ئىخلاس ـ ئېتىقاد ۋە بىرلىك دەۋالىرىنى يالغان قەسەملەر بىلەن كۈچەيتىپ ئىزھار قىلىپتۇ.

بۇ ئىشلارنى پۈتكۈزۈپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن ئەبدۇررەشىد سۇلتاننى خان قىلىپ تىكلەش ۋە ئۇنىڭغا تەزىيە ئەھۋالىنى يەتكۈزۈشنى قارار قىلىشىپتۇ. دېمەك، ئۇلار رەشىد سۇلتاننىڭ نۇسرەتلىك قەدەملىرىگە ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇپتۇ.

زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاخىرىدا، رەشىد سۇلتاننىڭ يېتىپ

كەلگەنلىك خەۋىرى ئاڭلىنىپتۇ . تاغام دۆلەت كاتتىلىرى ، ئۆلىمالار ۋە ئەمىرلەرنى ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىشقا تەيىنلەپ ، هازىنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ ئەۋەتىپتۇ ، ئاندىن يەنە : «هەم يىلنىڭ ئايىغى هەم ئاينىڭ ئاخىرى بولغان چارشەنبە كۈنىدە شەهەرگە قەدەم تەشرىپ قىلىشى ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس ، ئەڭ ياخشىسى بۇ كېچە شەهەر سىرتىدا كۈتۈپ تۇرۇپ ، ئەتە پەيشەنبە كۈنى ، هەم مۇهەررەم ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى ، هەم توققۇز يۈز قىرىقىنچى يىلنىڭ بېشى ناهايىتى قۇتلۇق ۋە مۇبارەك كۈندۇر ، شۇ كۈنى شەهەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغاي» دەپتۇ . ئەمىرلەر ئىستىقبالىغا بېرىپ تاغامنىڭ سۆزىنى رەشىد سۇلتانغا يەتكۈزۈپتۇ .

ئەمما ، مىرزا ئەلى تاغاي رەشىد سۇلتاننىڭ ئالدىغا خۇپىيانە كىرىپ يىغلاپ تۇرۇپ : «خاننىڭ گەدىنىمىزدە تۇز هەققى ناهايىتى كۆپ بولغاچقا ، سەييىدمۇهەممەد مىرزا ماڭا ۋە باشقا ئەمىرلەرگە قىلغۇزغان قەسىمىنى بۇزۇپ ، بۇ ئەهۋالنى ئەرز قىلىۋاتىمەن ، ۋاقتىدا بۇنىڭ تەدبىرىنى كۆرگەيلا . ئەرزىم شۇكى ، سەييىدمۇهەممەد مىرزا هەممىمىزگە قەسەم قىلدۇرۇپ : «رەشىد سۇلتان كەلگەن هامانلا ئۇنى ئاتىسىنىڭ يېنىدا ياتقۇزىمىز ۋە خانلىق تەختىگە ئىسكەندەر سۇلتاننى ئولتۇرغۇزىمىز ، دەپ كېڭەش قىلىپ قارار قىلدى ›» دەپ مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان نەچچىلىگەن يالغان سۆزلەرنى توقۇپ رەشىد سۇلتاننىڭ ئالداپتۇ . ئاندىن : «سەييىدمۇهەممەد مىرزىنى كۆرگەن هامان گەپ سورىماستىنلا ئۆلتۈرگەيلا» دەپتۇ ۋە شۇنداق قارار قىلىشىپتۇ .

ئەلقىسسە ، تارىخنىڭ (هىجرىيە) 940 ـ يىلنىڭ بېشى مۇهەررەم ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى پەيشەنبە بولۇپتۇ ، رەشىد سۇلتان تاڭ سەهەردە ئاتىسىنىڭ قەبرىسىگە قاراپ يۈزلىنىپتۇ . تاغام ماتەم كىيىملىرىنى كىيىپ خان — ئاللا ئۇنىڭ قەبرىسىنى نۇرلۇق قىلغاي — نىڭ مەقبەرىسىدە ئولتۇرغانىكەن . [خۇددى بۇ

روبائىيدا ئېيتىلغىنىدەك :
**رۇبائىي :**

دەر ماتەمى تۇ دەھر بەسى شىۋەن كەرد ،
لالە ھەمە خۇن دىيدە دەر دامەن كەرد .
گۇل جەيبى قەبايى ئەرغەۋانى بەدرىد ،
قۇمرى نەمەد سىياھ دەر گەردەن كەرد .

(ئالەم ماتىمىڭگە ئەجەب مۇڭ - پىغان قاتتى ،
لالە ئېتەكلىرىگە قان - ياش تۆكۈپ ، ئاھ تارتتى .
گۇل يىرتىپ قىزىل ياقىسىنى ، ھازا ئېچىپ ،
قۇمرى[1] بويۇنلىرىغا قارا كېگىز ئارتتى .] )

رەشىد سۇلتان ئىشىكنىڭ ئالدىغا ئاتلىق يېتىپ كېلىپتۇ .
تاغام شۇ چاغدا [ياقىلىرىنى يىرتىپ ساقال - بۇرۇتلىرىنى يۇلۇپ ،
كۆك سەللىسىنى يەرگە ئۇرۇپ ، بويۇنلىرىغا قارا كىگىزنى
سېلىپ] ئالدىغا چىقىپتۇ . [نەزم :

دىل خۇنۇ جان فىگارۇ جىگەر رىشۇ سىنە چاك ،
ھەم خۇد بەگۇكى چۇن نەكەشەم ئاھى دەردناك .
ئەترى كەفەنى زى خاكى دەرەت كەردەم ئارزۇ ،
ۋا ھەسرەتاكى مىبەرەم ئىن ئارزۇ بەخاك .

(جېنىم زەئىپ ، جىگەر يارا ، كۆكرىكىم چاك ،يۈرىكىم قان ،
ئۆزۈم دائىم تارتماقتىمەن دەرد - ئەلەملىك ئاھۇ پىغان .
كېپىنىمگە ئەتىر بولغاي دەرگاھىنىڭ تۇپرىقى دەپ ،
ئارمان قىلار ئىدىم ، ئىسىت ، بەربات بولدى ئارزۇ -
ئارمان . )]

---

[1] قۇمرى — كەپتەر تۈرىگە مەنسۇپ ، بويىندا قارا بەلدىمى بار كۈل رەڭ قۇش .

تاغام : «ۋاي ھەسرەتا ! ۋاي ئىستا !» دەپ باھار بۇلۇتىدەك ياش تۆكۈپ زار - زار يىغلاپ تۇرۇپتۇ . رەشىد سۇلتاننىڭ كۆزى تاغامغا چۈشۈش بىلەنلا : «تۇتۇڭلار !» دەپ بۇيرۇپتۇ . ھەر تەرەپتىن كېلىپ ئۇنى تۇتۇپتۇ - دە ، بۇ مۇسۇلماننىڭ بوغۇزىغا نامۇسۇلمانلىق تىغىنى سۇرۇپ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپتۇ . ئەلى سەييىد — ئۇنىڭ نامى يۇقىرىدا بىرقانچە ئورۇندا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگەنىدى — نىمۇ شېھىت قىلىپتۇ . بۇ ئىككى گۇناھسىز بىچارىلەرنى شېھىت قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاتتىن چۈشۈپ ئاتىسىنىڭ قەبرىگاھىغا بېرىپتۇ . ئۇ يەردىن قايتىپ ھەرەمگە — خانىملار ھۇزۇرىغا بېرىپتۇ . مۇشۇ ئەھۋال ئەسناسىدا مىرزا ئەلى تاغايىنى كاشغەرگە ئەۋەتىپ ، تاغىلىرىمنىڭ پەرزەنتلىرىدىن سەييىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ ئوغلى ھۇسەين مەنسۇر ۋە ئەبابەكىر مىرزىنىڭ ئوغۇللىرى سۇلتانمۇھەممەد مىرزا ۋە سەييىدمەھمۇد مىرزا قاتارلىق ئۈچ كىشىنى ئۆلتۈرۈپتۇ ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ياشلىرى تېخى يىگىرمىگىمۇ يەتمىگەنىدى . تاغامنىڭ قالغان ئەھلى ئاياللىرىغا ناھايىتى قاتتىق ئاھانەتلەرنى قىلىپتۇ .

تاغام رەشىد سۇلتانغا كۆپ ياخشى خىزمەتلەرنى قىلغانىدى ، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۆلتۈرۈش ۋە بۇلاش - تالاش بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپتۇ . [ئىماننى شىپى كەلتۈرۈپ ۋە ئاللانى گۇۋاھ قىلىپ قىلىشقان ۋەدە - قەسەملىرىنى ئۇلارنىڭ قانلىرى بىلەن يۇيۇپتۇ] . [بېيىت :

جەھان پۇر كۇفر ئەزان زۇلفى دو تا شۇد ،
مۇسۇلمانان ، مۇسۇلمانىي كۇجا شۇد .

(جاھان ئىككى چېچىدىن كۇپرانە بولدى ،
مۇسۇلمانلار ، مۇسۇلمانلىققا نە بولدى .)]

ئالەم ئەھلى ئىچىدە چوڭلاردىن ھەرقانداق كىشى ۋاپات

بولسا ، پۇل - ماللىرىنىڭ پاكىراقلىرىنى خەجلەپ ، چارۋىچىلىرىنىڭ هاللىرىنى بوغۇزلاپ ، خەتمىقۇرئان قىلىدىغان ئادەت بار ئىدى . ئوخشاشلا رەشىد سۇلتانمۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىغا ئەللىكى سەيىدنى ۋە تاغامنى باللىرى بىلەن قوشۇپ بوغۇزلىغاندىن كېيىن خەتمىقۇرئان قىلىپتۇ . نەزم :

زالىمى را پەدەر ۋەفات شۇدە ،
خەتمى ئۇرا بەخۇنى مەردۇم كەرد

[دەر ئەزايەش بەجايى يەك گىريە ،
سەد كەررەت خەندەۋۇ تەبەسسۇم كەرد .

زالىمىنىڭ ئاتاسى ئۆلمىش ئىدى ،
قىلدى خەتمىنى خۇنى مەردۇم ئىلە .

(هازىدا يىغلىماقىنىڭ ئورنىغا ،
يۈز قېتىم كۈلدى تەبەسسۇم ئىلە .)]

ئۇ تاغامنى ۋە بالا - چاقىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن بۇزرۇكۋار ئاتىسىنىڭ يېقىنلىرىغا كىشىنىڭ كۆڭلىنى يىرگەندۈرىدىغان نالايىق تەلەپلەرنى قويۇپتۇ . بۇنى بايان قىلىش خىجالەتچىلىككە سەۋەب بولغاچقا ، سۆزلەشتىن ئۆزىمىزنى تارتىشقا توغرا كەلدى ، شۇڭا يەنە بىر ھېكايىنى بايان قىلىمىز :

مەۋلانا شەرەفىددىن ئەلى يەزدى — ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — ئۆزىنىڭ «زەپەرنامە» ناملىق ئەسىرىدە ئەمىر تېمۇردىن كېيىن بوۋىسىنىڭ ئورنىدا سەمەرقەند تەختىدە ئولتۇرغان ئەمىر تېمۇرنىڭ نەۋرىلىرىدىن بولغان خەلىل مىرزىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغان . سۇلتان خەلىل مىرزىنىڭ قىلىقلىرىدىن «زەپەرنامە»دە زىكىر قىلىنغان ھېكايىنى بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز . سۇلتان خەلىل مىرزىدىن كېيىن رەشىد سۇلتاندىن باشقا ھېچبىر ئىنسان بالىسى مۇنداق قاباھەتلىك زۇلۇمنى قىلمىغان بولسا

كىرەك . رەشىد سۇلتاننىڭ قىلىقلىرىنى شەرھلەشكە شەرم ـ هايا ۋە خىجالەت يول قويمايدۇ . شۇ سەۋەبتىن سۇلتان خەلىل مىرزىنىڭ ھېكايىسى بۇ كىتابقا مىسال سۈپىتىدە نەقىل قىلىپ يېزىلدى . ئەقىل ئىگىلىرى رەشىد سۇلتاننىڭ قىلمىشلىرىنى سۇلتان خەلىل مىرزىنىڭ نەقىل قىلىنغان مىسالىدىن قىياس قىلىپ بىلىۋالسۇن .

مەۋلانا شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ سۇلتان خەلىل مىرزىنىڭ بۇ قەبىھ قىلمىشىنى بايان قىلىشتىن مەقسىتى شۇكى ، دۆلەت ئىگىلىرىنىڭ ياخشى ئىشلارغا قەدەم قويۇشىغا ۋە بۇنداق يامان قىلىقلاردىن ئېھتىيات قىلىپ ئۆزىنى تارتىشىغا پايدىسى بولار دېگەندىن ئىبارەت ئىدى .

«زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل مانا بۇ :

شاھزادە سۇلتان خەلىل مىرزا ئۆزىگە ئائىلىق مۇناسىۋىتى بار ، ھۆرمەت ـ ئېھتىرام قىلىشقا تېگىشلىك ھەرەم خادىملىرىغا ئەقىلگە سىغمايدىغان نالايىق مۇئامىلىلەرنى قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردى . ئۇلارغا زورلۇق بىلەن پەرمان چۈشۈرۈپ ، ھەر بىرىنى شۇنداق كىشىلەرگە بەردىكى ، ئەسلىدە ئۇلارنىڭ بوسۇغىسىدا خىزمەتكار بولغۇدەكمۇ لاياقىتى يوق ئىدى . بۇ گوياكى ھۆر سۈپەت پەرىشتىنى ئەھرەمەن دىۋىنىڭ ئېتىكىگە تاشلاپ بەرگەندەك ، ئەنقا سۈپەت ھۇمايىنى قاغا ـ قۇزغۇنلار بىلەن جۈپ قىلىپ بىر ئۇۋىغا قويغاندەك ، قىممەت باھالىق يېگانە گۆھەرنى قەدىر ـ قىممەتسىز ئېشەك مونچىقى بىلەن بىر يىپقا تىزغاندەك ، قىزىل ياقۇتنى يەمەننىڭ ئادەتتىكى قىزىل تاشلىرى بىلەن بىر نامدا ئاتىغاندەك قىلمىش ئىدى .

**نەزم :**

بۇ ئىشنى قىلىپ بولمادى شەرمسار ،<br>
نە ئەلدىن ، نە ھەقدىن ، ئەجەب كارۇ بار .<br>
ئەگەر قالماسە شەھدە نامۇسۇ ئار ،<br>
بولۇر مۈلك بەرباد ، ئۆزى خاكسار .

بۇ نالايىق ئىش تۇپەيلىدىن ئامالسىز پۈتكۈل خالايىقنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭدىن سوۋۇدى، بارلىق پۇقرالار ۋە لەشكەرلەر چىچىلىپ كەتتى، ھەممەيلەننىڭ كۆڭۈللىرىدە سۇلتان خەلىل مىرزىغا ئىخلاس ۋە ئېتىقاد قالمىدى .

ئەمما، رەشىد سۇلتان ئەنە شۇنداق قاتتىقلىقلارنى قىلغاننىڭ ئۈستىگە، يەنە ئۆزىنىڭ ھامىيلىرى، يەنى پەقىر مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ھەرىمى، شاھمۇھەممەد سۇلتاننىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئانىسى، مەرھۇم سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاتمۇ بىر، ئانىمۇ بىر قېرىنداشلىرى بولغان خانىملارنى شۇ ۋاقىتدا ئىستىسقا كېسىلى بىلەن ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىۋاتقانلىقىغا قارىماستىن، پەرزەنتلىرى بىلەن بىللە قوشۇپ بەدەخشانغا ھەيدەپ چىقىرىپتۇ . ئۇ بىچارىلەر بەدەخشانغا يەتمەي تۇرۇپ، مىڭلىغان جاپا - مۇشەققەت ۋە ئازاب - كۈلپەتلەر بىلەن ۋاپات بولۇپتۇ . ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئىسمائىل سۇلتان، يەئقۇب سۇلتان ۋە مۇھتەرەم خانىم قاتارلىقلارنىڭ بەزىلىرى گۆدەك بالا، يەنە بەزىلىرى تېخى سۈت ئېمىۋاتقان باللار ئىدى . ئۇلار شۇنچىۋالا يالغۇزچىلىق، يېتىملىك ۋە غېرىب - مۇساپىرلىق بىلەن كابۇلغا كەلدى . ئېسانتېمۇر سۇلتان[1] — ئۇنىڭ زىكرى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەنىدى — ھىندىستاندا كامران مىرزىنىڭ ھوزۇرىدا ئىدى . شاھمۇھەممەد سۇلتاننىڭ بالىلىرى بولسا ئۇنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى . شۇڭا، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ يېنىغا ئاپىرىۋېلىپ، ئاتىلىق شەپقىتىنى يەتكۈزۈپ مۇھاپىزەت قىلىپ تەربىيىلىدى .

ئىسمائىل سۇلتان ھىندىستان ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلگەنىدى،

---

① ئېسانتېمۇر سۇلتان — خەنزۇچە نەشرىدە «تېمۇر سۇلتان» (Timur Sultan) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .

يەئقۇب سۇلتان كېيىن كېسەل بولۇپ ۋاپات بولدى . پەقىر مۇھەممەد ھەيدەر مۇھتەرەم خانىمنى كامران مىرزىغا نىكاھلاپ بەرگەنىدىم ، بۇ كېيىن زىكىر قىلىنغۇسى . ئىسھاق سۇلتان ئاشۇ نىكاھ ۋە نەسەب ۋاستىسى بىلەن تاكى بۈگۈنگىچە كامران مىرزىنىڭ ھوزۇرىدا تۇرۇۋاتىدۇ .

## بىر يۈز يەتتىنچى باب

# سۇلتان رەشىدخاننىڭ ئەمىرلەر ئەمىرى ، بەلكى سۆزلەيدىغان تىلى ۋە تىنىقى ، بارلاس ئېشىكى دېگەن نام بىلەن تونۇلغان ئادىمى ھايۋان مۇھەممەدىنىڭ زىكرى

يوشۇرۇن قالمىسۇنكى ، مۇھەممەدى بارلاس بولسا ئەلى مىرەك بارلاسنىڭ ئوغلى ، ئەلى مىرەك بولسا ھۇسەين دەرۋىش بارلاسنىڭ ئوغلىدۇر . خان فەرغانە ۋىلايىتىدىكى ۋاقتىدا رەشىد سۇلتان [ئۆزبېكلەردىن] ئەسىرلىكتىن قۇتۇلۇپ ئاتىسىغا قوشۇلدى ، خان ئۇنىڭغا غۇرى بارلاسنى ئاتابېگى قىلىپ تەيىنلىدى . مۇھەممەدى بولسا غۇرى بارلاسنىڭ ھامىسىنىڭ ئوغلى ئىدى . شۇ كۈنلەردە غۇرى بارلاس كېسەل بولۇپ ۋاپات بولدى ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەلى مىرەك بارلاسنىڭ ئاتابېگى بولۇشى قارار قىلىندى . كاشغەر خانىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ نەچچە يىل بولۇپ ئەلى مىرەك بارلاس تىبەت ئۇرۇشىدا قازا تاپقاندىن كېيىن ، رەشىد سۇلتانغا ئاتابېگى بولۇش مىراس تەرىقىسىدە مۇھەممەدىگە قارار تاپتى . شۇنىڭدىن كېيىن رەشىد سۇلتاننى موغۇلىستانغا ئەۋەتتى ، [رەشىد سۇلتاننىڭ] ئەمىرۇلئۇمەرالىقىنى

مىرزا ئەلى تاغايغا بەردى .
ئەلى مىرەك بارلاس بولسا تاغام سەييىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ ئانىسى بىلەن بىر تۇغقان ئىدى . شۇ ئالاقە تۇپەيلىدىن تاغام بىلەن پەقىر ئىككىمىز ھەمىشە مۇھەممەدىنىڭ ئىشلىرىنىـــڭ راۋاج تېپىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتەتتۇق . ئەمما ، مىرزا ئەلى تاغاي ئۇنى ياخشى كۆرمەيتتى . مىرزا ئەلى تاغاي ئۇنىڭ پەسكەش ، قارانىيەت ۋە رەھىمسىزلىكىنى چۈشەنگەنلىكتىن ، تاغامغا بىـر ھەسسە دۇشمەنلىك قىلسا ، مۇھەممەدىگە ئىككى ھەسسە دۇشمەنلىك قىلاتتى . [مىرزا ئەلى تاغاينىڭ تاغامنى ياقتۇرماسلىقىمۇ كۆپىنچە شۇنىڭ سەۋەبىدىن ئىدى . چۈنكى ، مۇھەممەدى قانداقلا ئىشتا بولسۇن ، تاغامنىڭ قوللىشىغا تايىناتتى .] شۇنداق ئىشلاردىن بىرى شۇكى ، شاھمۇھەممەد سۇلتان ئۇنىڭ قولىدا ئۆلتـۈرۈلدى . بـۇ بالا ـ قازادىنمۇ ئۇنى تاغام بىلەن پەقىر سەۋەبكارلىق قىلىپ قۇتقۇزۇپ قالدۇق . شۇ سەۋەبتىن خانىملار بىلەن پەقىرنىـــڭ ئارىسىدا ناھايىتى قاتتىق كۆڭۈل ئاغرىقى پەيدا بولدى .
رەھمەتلىك خان ۋاپات بولغاندىن كېيىن تاغامنى ئۆلتۈرۈش ، ئۇنىڭ ئەھلى ئاياللىرىغا ئىزا ـ ئاھانەتلەرنى قىلىشلارنىـــڭ ھەممىسى كۆرۈنۈشتە مىرزا ئەلى تاغاينىڭ سەۋەبكارلىقى بىلەن بولغان بولسىمۇ ، لېكىن ھەقىقەت شۇكى ، مۇھەممەدى بارلاسنىڭ رازىلىقى بولمىسا ، رەشىد سۇلتان ھەرگىز مۇنداق يامان ئىشقا قەدەم قويماس ئىدى . [ئۇ رەشىد سۇلتاننى قايمۇقتۇرۇپ شۇ قەدەر يولدىن چىقارغانىدىكى ، ئۇنىڭ كۆڭلى قايسى نەرسىنى ئىستىسە ، ئۇ ھەتتاكى كۈپۈرلۈق بولغان تەقدىردىمۇ ، رەشىد سۇلتان ئۇنى شۇنىڭ ئېيتقىنى بويىچىلا ئورۇنلىدى ، ئۇنىڭ كۆڭلىنـى دەپ شۇنچىۋالا نالايىق ۋە يىرگىنچلىك ئىشلارنىمۇ قىلدى . ھەرەمدىكى ئېسىل نەسەبلىك خانىملاردىن مەرھۇم خاننىڭ ھەرىمى ، يەنـى رەشىد سۇلتاننىڭ ئانىسى قاتارىدىكى خانىمنى رەشـىـد سۇلتان مۇھەممەدىگە نىكاھلىنىش تەكلىپىنى بەرگەن . ئۇ خانىم رازى

بولمىغاچقا ، ئۇنىڭغا شۇ قەدەر كۆلپەت سىلىنىدىكى ، ئۇنى تالان - تاراج قىلىپ بولغاندىن كېيىن قوغلاپ چىقىرىشتى . پاك ۋە مەرتىۋىلىك خانىملار ھۇماي قۇشى بىلەن قاغا بىر ئۇۋىدا ياشىغاندەك ھايات كەچۈرۈشنى ئۆزلىرىگە راۋا كۆرمىدى .

ئۆزىنىڭ قېرىندىشى بەدىئۇل جەمال خانىمنى ئۆزبېك قازاق-لاردىن باباۋەش سۇلتان[1] ئىبنى ئەدىك سۇلتانغا بەردى . شەيبانىخان ئۆزبېكلىرى بىرلىشىپ ئۆزبېك قازاقلارنى يەڭگەندىن كېيىن باباۋەش سۇلتان كۆيئوغۇللۇق مۇناسىۋىتىگە ئىشەنچ قىلىپ ، رەشىد سۇلتاننى پاناھ تارتىپ كەلگەنىدى . رەشىد سۇلتان ئۇنى «ئۆلتۈرىمەن» دەپ قورقۇتۇپ بەدىئۇل جەمال خانىمنى تالاق قىلدۇرۇپ ئاجراشتۇرۇۋالدى . ئۇنى شۇنداق ئىسىل نەسەبلىك خانزادىدىن ئاجراشتۇرۇۋېلىپ مۇھەممەدىگە بەردى . مۇھەممەدنىڭ ئەجدادلىرىدىن ھېچكىممۇ بۇنداق ئالىي مەرتىۋىگە قول يەتكۈزەلىگەن ئەمەس ئىدى ، بۇ ھەقىقەتەن نالايىق ئىش بولدى . پادىشاھ بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى پۇقرانى پەرق ئەتمىدى ، ئەمما رەشىد سۇلتان بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى راۋا كۆردى ، ئۆزىنىڭ خاندانىغا ئۆزى ئاھانەت كەلتۈردى ، ساغلام نوتۇقفا ئىگە ئادەمنى ھاڭرايدىغان ھايۋاندىن پەرقلەندۈرەلمىدى . نەتىجىدە بىر لاياقەتلىك ئەر بىلەن بولغان نىكاھنى زورلۇق بىلەن بۇزۇپ ، قېرىندىشىنى بىر لاياقەتسىز ئادەمگە بەردى . مىسرا :

رەسمى كۇدام مەردۇمۇ تەۋرى كۇجاست ئىن ؟

(قانداق ئادەم ئادىتى بۇ ، قانداقلارنىڭ قىلىقى ؟ )

مۇھەممەدى نېمىسى بىلەن رەشىد سۇلتاننىڭ كۆڭلىنى مۇنچە

---

[1] بۇ ئىسىم پارسچە بىرىنچى ، ئىككىنچى نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان ، تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «بويداش» دېيىلگەن .
خەنزۇچە نەشرىدە «بەۋش سۇلتان» (Baush Sultan ) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن ) .

رام قىلىدۇالدىكەن؟ قانداق قىلىپ ئۇنى بۇنچىۋالا تېزگىنلىۋال-
دىكەن؟ بۇنىڭ سەۋەبى مەلۇم ئەمەس. مۇھەممەدنىڭ يا
خىزمەتلەردە تەجرىبىسى يوق، يا چوڭراق ئىشلاردا ئىقتىدارى
يوق، يا ئۆزئارا مۇئامىلىدە تۈزۈكرەك نۇتۇقى ۋە چېچەنلىكى يوق.
يا بىرەر ياخشى خۇي - ئەخلاقى يوق، يا بەزمە - ئولتۇرۇشلاردا
زېرەكلىكى ۋە خۇشچاقچاقلىقى يوق. جەڭ - كۆرەشلەردىمۇ
جاسارىتى يوق، قارىماققىمۇ كىشى ياقتۇرۇپ قالغۇدەك سۈلەت -
سالاپىتى يوق. «ئىككىلا دۇنيادا قارا يۈز» دېگەن سۆز ئۇنىڭ
يۈزىنىڭ ناھايىتى ياخشى سۈپىتى ئىدى، خۇددى مۇنداق
ئېيتىلغىنىدەك:

بېيىت:

ئەي دەرۇنەتى سىياھ ھەمچۇ بىرۇن،
ئەي سىيەھ رويى ئەندەرۇنۇ بىرۇن.

(ھەي ئىچىڭدۇر تېشىڭ كەبى قاپقارا،
ئىچ - تېشىڭدۇر يۈزۈڭ كەبى قاپقارا.)

ئۇنىڭ قىلغىنى سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي يالغانچىلىق،
شۇم گەپلىرىنىڭ بەرى باشتىن - ئاخىر كاززاپلىقتۇر. ئۇنىڭغا
بېرىلگەن ئادىل باھا مانا مۇشۇ.]
راستىنى ئېيتقاندا، رەشىد سۇلتاندىن سادىر بولغان ھەر بىر
نالايىق ئىشنىڭ ھەممىسى مۇھەممەدنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى ۋە
سەۋەبكارلىقى بىلەن بولغان. رەشىد سۇلتانغا نىسبەتەن مۇھەممەد-
نىڭ ھەممە سۆزلىرىگە ھېچبىر سەۋەبسىزلا ئەگىشىۋەرگەنلىكىدە-
گە نارازى بولغىنىمىزدىن باشقا ئېتىراز بىلدۈرۈشىمىز يوق. مۇشۇ
كۈنلەردە «مۇھەممەدى ھايات بىلەن خوشلىشىپتۇ» دېگەن
خەۋەرلەرنى ئاڭلىدۇق. ئەگەر راست بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن
رەشىد سۇلتان ئۆزىنىڭ ئەركى ۋە تىزگىنىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ

ياخشى يولغا كىرىپ قالار ، ئۆتكەنكى نالايىق ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلار . ئەي ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ، ئامىن !

## بىر يۈز سەككىزىنچى باب

# بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى مىرزا ھەيدەرنىڭ ئۇرسەكى تەرەپكە بارغانلىقى، قىبرىندىشىم ئەبدۇللا مىرزىنىڭ ۋاپات بولغانلىقى ۋە بۇ لەشكىرىي يۈرۈشتە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى

خان پايتەخت ياركەندكە قايتقان ۋاقتىدا پەقىرگە ئۇرسەكگە يۈرۈش قىلىشقا يارلىق بەردى . تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 939 ـ يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ بىرىنچى ئون كۈنى[1]دە پەقىر قۇربان ھېيت نامىزىنى مارىيۇلدا ئۆتەپ ، ئاندىن ئۇرسەك بۇتخانىسىنى ۋەيران قىلىش نىيىتىدە يۈرۈش قىلدىم . يىگىرمە كۈنلۈك يەرگىچە باردۇق ، ئۇ يەردە تىبەت كۇپپارلىرىدىن ئۇچرىمىدى . ئۇلار بەزى پۇختىراق قەلئەلەرگە ئىشەنچ قىلىشىپ شۇنىڭغا بېكىنىپتۇ ، ئۇ قەلئەلەرنى ئاسانلىق بىلەن ئالغىلى بولمايدىكەن ، مۇشەققەتلەر بىلەن ئالغىلى بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ قەلئەلەرنىڭ مەھسۇلاتى مۇشەققىتىگە بەدەل بولالمايدىكەن . شۇڭا ، قىبرىندىشىم ئەبدۇللا مىرزىنى ، ئىسكەندەر سۇلتاننى ۋە تاغامنىڭ ئوغلى مەھمۇد

---

① ھىجرىيە 939 ـ يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ بىرىنچى ئون كۈنى مىلادىيە 1533 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىگىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ .

مىرزىنى ھەممە ئىغىر جابدۇقلار بىلەن ئاجىز ئاتلارنى شۇ يەردە قويۇپ، ئاتنىڭ ياش ۋە كۈچلۈكلىرىنى تاللىۋېلىپ تېزلىكتە يۈرۈپ، سەپەر ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى تىبەتنىڭ بارماك[1] دېگەن يېرىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە تۇبۇتلەردىن كۆپ ئادەمنى تېپىپ چاپقۇن قىلدۇق. ئۈچ يۈز مىڭدەك قوي ئولجا ئالدۇق، يەنە شۇنىڭغا يارىشا ئات، مال - مۈلۈك ۋە ئەسىر لەشكەرلەر قولغا چۈشتى. ئىسكەندەر سۇلتان، ئەبدۇللا مىرزا ۋە مەھمۇد مىرزىلارنى ئارقىمىزدىن يەتكۈزۈپ بولالمىدۇق، شۇڭا ئۇ يەردە ئوبدان بىر يايلاقنا كېلىپ چۈشتۇق. ئەمما، پەقىر ئۇلاردىن ئىلگىرىرەك يۈرۈپ كەتتىم.

تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 940 - يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى[2] ئۇلارمۇ قەلئەلەردىن بىرىگە يۈرۈش قىلىپتۇ. بۇ قەلئەنىڭ نامى كاردۇن ئىكەن، ئىسلام لەشكەرلىرىنىڭ قامال قىلىشى بىلەن ئۇ قەلئەدىكى كۇپپارلار ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغاچقا، ھىندىستان رايلىرىدىن بىرىگە ئىلتىجا قىلىپ ئۈچ مىڭ پىيادە لەشكەرنى ياردەمگە ئېلىپ كېلىپتۇ. [مۇنداق دېيىلگىنىدەك:

بېيىت:

سەران دو چەشم كەردەمكى، چۇ ھىندۇ ئان رەھزەن،
ھەمەرا بەنۆكى مىژگانزەدە بەر جىگەرى كەتارە.

(يۇلۇمدا ئىككى كۆزۈڭ ھىند قاراقچىسى بولدى،
كىرپىكلىرىڭ ئۇچلىرى جىگىرىمگە تىغ ئۇردى.)]

---

① پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا «يارماك»، ئىككىنچى نۇسخىدا «يابدىياك» دېيىلگەن، تېھران نەشرىدە «بارياك»، تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «بارياك» دەپ ئېلىنغان.

② ھىجرىيە 940 - يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 1 - كۈنى مىلادىيە 1533 - يىلى 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

ئىسكەندەر سۇلتان بىلەن ئەبدۇللا مىرزا ۋە مەھمۇد مىرزىلار ئىككى يۈز كىشى بىلەن ئۇلارغا يۈزلىنىپ ئەڭ تېز سۈرئەت بىلەن يۈرۈپتۇ، شۇڭا بۇ ئىككى يۈز كىشىدىن ئازغىنە كىشىلا يېتىشىپ بېرىپتۇ. قېرىندىشىم ئەبدۇللا مىرزا تونۇلغان باتۇر يىگىت ئىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بالتىدا خاننىڭ يېنىدىكى ۋاقتىدا ھەيران قالارلىق مەردانىلىكلەرنى كۆرسىتىپ، خاندىن جۇلدۇ[1] ئالغانىدى ۋە خاننىڭ بارلىق باھادىر ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ باھادىرلىقىغا قول قويغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىغا مەغرۇرلىنىپ لەشكەرنىڭ يېتىپ كېلىشىگىمۇ ساقلىماستىن، يېنىدا بىللە كەلگەن ئۈچ ئادەمى بىلەنلا توختىماستىن ۋە تەپ تارتماستىن ئۈچ مىڭ ھىندى لەشكىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى غول قىسمىغا ئۆزىنى ئۇرۇپتۇ. ھىندىلار ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئاتىغا ئېلىپ تۇرغان مەزگىلدە، تاغامنىڭ ئوغلى مەھمۇد مىرزا تۆت كىشى بىلەن يېتىپ كېلىپتۇ - دە، ئەبدۇللا مىرزىنىڭ قورشاۋدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ھۇجۇم قىلىپ مىرزىنى بۇ ھالاكەتلىك خەتەردىن قۇتقۇزۇپتۇ. ئەبدۇللا مىرزا يەنە كەينىگە يېنىپ ھىندىلارغا ھۇجۇم قىلىپتۇ، ھىندىلار ئۇنى يەنە ئاتىغا ئېلىپتۇ. بۇ چاغدا مۆتىۋەر باھادىرلاردىن بەش كىشى يېتىپ كېلىپ، بۇ ئىككى قېرىنداشنى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ، ئۇلارمۇ ياردەم بېرىش ئۈچۈن ھۇجۇم قىلىپتۇ. ئۇنىڭغىچە قېرىندىشىم ئەبدۇللا مىرزىنى پارچە - پارچە قىلىپ بولغانىكەن، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ھەربىر ئەزاسىدىكى كىيىمىنىڭ بىر پارچىسى بىردىن دۈشمەننىڭ قولىدا تۇرۇپتۇ. بېيىت:

شەرابى شەھدى شەھادەت بەكامى ئۇ گەشتە،
ھەلال بادكى، خۇش نۇش كەردە ئەست ئانرا.

مەن بۇدەم ئەز جەھانۇ گىرامى بەرادەرى،
دەر سىلكى نەزمۇ نەسر گەرانمايە گەۋھەرى.

---

[1] جۇلدۇ — مۇكاپات، ئىنئام.

(شېھىتلىق بالى شارابى سۇنۇلدى ئاغزىغا،
ئۇنى ئەجەب خۇشال ئىچتى، ئاڭا ھالال بولسۇن.

بۇ جاھاندا مەن قالدىم، ئەزىز قېرىنداشىم كەتتى،
نەزمۇ نەسىردىكى قىممەتلىك گۆھىرىم كەتتى.)]

ئەبدۇللا مىرزىنىڭ ۋەقەسى پەقىرگە ئاڭلاندى، خۇددى مۇنداق دېيىلگىنىدەك:

[نەزم:

باقەزا كارزار نەتۋان كەرد،
گىلەھ ئەز روزگار نەتۋان كەرد.
كىردىگار ئان كۇنەدكى، ئۇ خاھەد،
ھۆكىم بەركىردىگار نەتۋان كەرد.

(تەقدىرنىڭ ئىشىغا نېمە قىلۇر كار،
ھاياتتىن نە كېرەك قىلماق يىغا ـ زار؟
تەڭرىنىڭ خاھىشى شۇ بولغان ئىكەن،
تەڭرىنىڭ ھۆكۈمىگە نېمە چارە بار؟)]

«بىز ئەلۋەتتە ئاللانىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللانىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز»[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ تەڭرىنىڭ تەقدىرىگە رازىلىق بىلدۈردۈم.

نەچچە مەھەلگىچە شۇ يايلاقتا ئارام ئالدۇق، ئات ـ ئۇلاغلار قايتىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولدى. قولىمىزغا چۈشكەن ئولجا ـ غەنىيمەتلەرنى شۇ يەردىن ئەۋەتتىم. لەشكەردىن توققۇز يۈز كىشىنى ئىلغاپ ئۇرسەڭگە قاراپ يۈزلەندىم. مارىيولدىن بۇ يەرگە ئىككى ئايلىق يول ئىدى. بۇيەردىن يەنە بىر ئايلىق يىراقلىقتىكى

[1] «قۇرئان كەرىم»، 2 ـ سۈرە بەقەرە، 156 ـ ئايەتنىڭ كېيىنكى يېرىمى.

بىر يەرگە بېرىپ چۈشتۇق . ئۇ يەردە ئايلانمىسى قىرىق فەرسەڭ ئەتراپىدا چىقىدىغان بىر كۆل ، ئۇ كۆلنىڭ بويىدا لۇكلەبۇك دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەلئە بار ئىكەن ، كېچىسى شۇ يەردە قونغانىدۇق . ئەتىسى قوپۇپ قارىساق ، لەشكەر ئىچىدىكى ئاتلاردىن ئازراقى نىمجان بولۇپ قالغاندىن باشقا مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆلۈپتۇ ، جۈملىدىن پەقىرنىڭ يىگىرمە يەتتە مەخسۇس ئېتىم بار ئىدى ، ئۇ ئاتلاردىن بىرىلا سالامەت تۇرۇپتۇ ، ئىككىسى يېرىمجان بولۇپ قېلىپتۇ ، قالغان يىگىرمە تۆت ئاتنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپتۇ . بۇ يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ئىس كېسىلىنىڭ سەۋەبى بىلەن بولغان ۋەقە ئىدى . ئەتىگەندىلا ئۇ يەردىن يۈرۈپ ، ئىككىنچى كۈنى ھەرى[①] ناملىق بىر ۋىلايەتنى چاپقۇن قىلدۇق . ئۇ يەرلىك ئادەملەر : «بۇ يەردىن بەنگالەگە يىگىرمە تۆت كۈندە بارغىلى بولىدۇ» دەپ ھېكايە قىلىپ بەردى . بۇ ئۇرۇشتا كۆپ ھىندىلار قولىمىزغا چۈشتى ، ئەمما شۇ كۈنلەردە بىزنىڭ قولىمىزدا ئاتلىرى يۈرۈشكە يارىمايدىغان توقسان ئاتلىق ئەسكەر قېلىپتۇ ، بۇ توقسان كىشى بىلەن ئۇرسەڭگە پىيادە قاراپ يۈردۇق . تۆت كۈنلۈك يەرگە بېرىپ ، ئەسكەبرەق دېگەن جاينى چاپقۇن قىلىپ يۈز مىڭچە قوي ، يىگىرمە مىڭچە قوتاز ، يەنە شۇنچىلىك مىقداردا ئات ۋە ئەسىرلەرنى غەنىيمەت ئالدۇق . ئەسكەبرەقتىن ئۇرسەڭگە سەككىز كۈنلۈك يول قالغانىدى . لەشكەرنىڭ ئاتلىرى يۈرۈشتىن قالدى ، شۇڭا ئامالسىز ئارقىمىزغا يېنىشقا توغرا كەلدى . ئارقىمىزغا يېنىپ ئالتە كۈن يول يۈرۈپ قالغان لەشكەرلەرگە قوشۇلدۇق ۋە يولغا چىقتۇق . بۇ چاغ رەبىيەلئاخىرنىڭ سەككىزىنچى كۈنى ئىدى ، جۇمادىيەل-ئاخىرنىڭ ئاخىرىسىدا تاملىق دېگەن يۇرتقا كەلدۇق ، تاملىقتىن مارىيۇلغا يىگىرمە كۈنلۈك يولدۇر . بىز ھەممە ئولجا -

① پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا ۋە تېھران نەشرىدە «ھىم» دېيىلگەن ، تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «نىم» دېيىلگەن .

غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ بۇ يەرگە سالامەت يېتىپ كەلدۇق . گۇگە خەلقى تاملىقا كېلىپ ئىلتىماس قىلىپ : «گۇگە تىبەتنىڭ يەك چوڭ ۋىلايىتىدۇر ، ھەممىمىز جىزيە (سېلىق ) تاپشۇرۇشنى قوبۇل قىلىمىز . ئۆزىڭىز ئۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ ، ئەھۋالىمىزغا قاراپ مۇۋاپىق جىزيە بەلگىلەپ بەرسىڭىز» دەپ ئەرز قىلىشتى . ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ شۇ ياققا يۈزلەندۇق . تاملىقتىن يۈرۈپ ئاردا بىر قونۇپ گۇگەگە يېتىپ كەلدۇق . گۇگە خەلقى خىزمەتكارلىق قائىدىسىنى تولۇق بەجا كەلتۈردى . پەقىر ئۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرۇپ ، ئۇلارغا [تىبەت مىسقالىدا ئۈچ مىڭ مىسقال] جىزيە توختىتىپ بەردىم . تىبەتنىڭ بىر مىسقالى بىزنىڭ شەرئىەت ئۆلچىمىدە بىر يېرىم مىسقال بولىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن گۇگەدىن قايتىپ كېلىۋاتقىنىمىزدا ، لەشكەرلەرنىڭ ۋەيران بولغانلىق خەۋىرى ئاڭلاندى . بۇ ۋەقە پات پۈرسەتتە زىكىر قىلىنغۇسى .

## بىر يۈز توققۇزىنچى باب

# تىبەتتە بىز دۇچ كەلگەن قايغۇلۇق ۋەقەلەر ۋە تاغامنىڭ ئوغلى مەھمۇد مىرزىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنىڭ بايانى

[نەزم :

سۇبھى ما ئەز تۇ بەغەم شامى بەماتەم گۇزەرەد ،
سۇبھۇ شامى كەسى ئەز ئىشق چۇنىن كەم گۇزەرەد .
مەكۇن ئەفسانەئى ما گۇشكى ئىن مايەئى غەم ،
ھەيف باشەدكى بەرئان خاتىرى خۇررەم گۇزەرەد .

(بولدى سۆبھىم غېمىڭدىن گويا ماتەم تۈنىدەك ،
ئىشقتا ئىنسان كۆن ـ تۈنى كەم كېچىدۇ بۆنىڭدەك .
بۇ غەمكىن ھېكايەمگە قۇلاق سالما ، ئىشتسەڭ ،
ئىسىت دەيسەن ، يوقىلار خۇشاللىقىڭ شۇنىڭدەك . )]

شۇنداق ئېغىر مېھنەت ـ مۇشەققەتلەر ۋە شىددەتلىك ۋەقەلەر
[گوياكى بېيىت :

تاكەي زەمانە داغى غەمەم بەر جىگەر نەھۇد ،
داغى ھەنۇز تازەكى داغى دىگەر نەھۇد .
ھەر داغكى ئاۋەرەد قەدرى رويە بىھتەرى ،
ئان داغ را گۇزارەدۇ داغى دىگەر نەھۇد .

(قاچانغىچە باغرىمغا زامان سالار دەردۇ غەم ،
كونا يارا ئۈستىگە يېڭى يارا قىلار جەم .
ھەر يارىسى ساقىيىپ تېخى پۈتمەي تۇرۇپلا ،
ئۈستىلەپ سالار يارا ، ھەسرەت ئۈستىگە ئەلەم . )

ئۇزلۇكسىز جاپا ـ مۇشەققەت ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلىشىپ
كەلگەن ئازاب ۋە خورلۇق بىزگە گويا بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى
بېسىپ كەلگەن دەريا دولقۇنلىرىدەك ئارقا ـ ئارقىدىن باستۇرۇپ
كېلىشكە باشلىدى . نەزم :

زىن بەھرى ئابگۇن چۇ كەسى ئاب خۇش نەخۇرد ،
خۇدرا زى ئابخۇردى جەھان سىير كەردە ئىم .

(دېڭىز كەزگەن ھېچقاچان دېڭىز سۈيىنى ئىچمەيدۇ ،
جاھان سۈيىنى ئىچىپ خېنەككىچە[1] تويدۇق بىز . )

---

① خېنەك — ساقاقنىڭ ئاستى ، بۇغدىيەكنىڭ ئۈستى ، بوغۇز .

ئەھۋالىمىز كېيىنكى بۇزۇقلۇق ۋە بالا ـ قازا دېڭىزىنىڭ قايناملىرىغا چۆكتى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پالاكەت ۋە ئازاب دولقۇنلىرى كېلىپ تاشلاندى . بۇنىڭغا قوشۇپ ئۈستىمىزدىن جاپاكار پەلەك غەم ۋە تەشۋىش بۇلۇتلىرىدىن ئەندىشە ۋە مېھنەت مۆلدۈرلىرىنى ياغدۇرۇشقا باشلىدى . بېيىت :

ھەرگىز نەيابەد زى چەرخ بارانى كەرەم ،
زىن چەرخى بەلا ھەمىشە مىبارەد غەم .

(پەلەك ئەۋەتمەس ھەرگىز رەھمەت يامغۇرىنى بىردەم ،
بۇ چەرخى زالىم ھەمىشە ياغدۇرار پالاكەت ـ غەم . )

بۇ تەتۈر ئايلانغۇچى چەرخ ، بۇ تۇتامى يوق پەلەك ئىككى يۈزلىمىلىك بىلەن ئاداۋەت ئويۇنلىرىنى باشلىغىنىدا ، كىشىگە بىر تەرەپتىن پاك قېرىنداشلارنىڭ ئۆچمەنلىكلىرى ، يەنە بىر تەرەپتىن ھەر تۈرلۈك بالا ـ قازا ۋە پالاكەتچىلىكلەر تەڭ يېغىشقا باشلايدۇ . بۇنىڭغا ھېچقانداق كىشى ئاقىدار ئەمەس ، بۇ ھېچ كىشىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس ، رۇبائىي :

ئەز دۇشمەن ئەگەر جەفا رەسەد ئەيبى نې ،
ئەز جەۋرۇ جەفايى ئۇ مەرا رەيبى نې ،
زان جەۋرۇ جەفاكى فەلەك مىئايەد ،
دەر جۇملە جەھان دۇرۇست جەيبى نې .

(دۇشمەندىن ئەگەر جاپا يەتسە ھەم نېمە ئەيب ،
ئۇنىڭ جەۋرۇجاپالىرىدىن مەندە ھەم نېمە ئەيب .
بۇ بارچە جاھاندا تۈز كۆڭۈل كىشى قايدا ،
بۇ جەۋرۇ جاپانى قىلغان پەلەكتە ھەم نېمە ئەيب . )]

مەغپىرەت تاپقۇر خان ۋاپات بولغاندىن كېيىن بىزگە

يۈزلەنگەن كۆلپەتلەرنىڭ يۈزدىن بىرىنىلا قىسقىچە بايان قىلىش مۇۋاپىق كۆرۈندى . چۈنكى ، خۇدا پاناھ بەرسۇن ، ئۇ ۋەقەلەرنىڭ بىرى بۇ نۇسخىغا تەپسىلىي يېزىلسا ، بۇ ئاددىي كىتابقا ئاقىللارنىڭ سائادەتلىك نەزەرلىرى چۈشۈپ قالسا ، بۇ ۋەقەلەرنى مۇبالىغىدە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك دەپ قاراپ سۆز زىننەتلەش قاتارىغا قوشۇۋېتىدۇ . دانىشمەنلەر : «يالغانغا ئوخشاپ كېتىدىغان راست سۆزنى مۇبالىغە قىلما ، راستقا ئوخشايدىغان يالغان سۆزنى ئېغىزغا ئالما» دېگەنىكەن . بۇ مەزمۇنغا ئەمەل قىلىپ بۇ يالغانغا ئوخشاپ كېتىدىغان راست ۋەقەنى تەپسىلىي بايان قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىپ ، ئىخچام ۋە قىسقىچە زىكىر قىلىشقا تۇتۇش قىلىندى .

دېمەك ، رەشىد سۇلتان تاغامنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ يېقىنلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىپ باشقا مۇتىئەرلەرگە ئازار بېرىپ ، ئۇلارنى قورقۇتۇپ ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرغاندىن كېيىن تىبەتكە كىشى ئەۋەتىپ ، ئۇ كىشىلەرگە بىرنەچچە نىشان (يارلىقنامە ) ئەۋەتىپتۇ . بۇ نىشانلاردىن بىرىنى ئىنىسى ئىسكەندەر سۇلتانغا ئەۋەتكەن بولۇپ ، ئۇنىڭدا : «تىبەت زېمىنىنى سىزگە بەردۇق ، مىرزا ھەيدەر بىلەن مەھمۇد مىرزىمۇ سىز بىلەن تىبەتتە تۇرغاي» دەپتۇ . قالغان لەشكەرلەردىن بىر جامائەتكە يەنە بىر نىشاننى ئەۋەتىپتۇ . ئۇنىڭدا : «كىمكى تىبەتتە تۇرۇپ قالىدىغان بولسا ، ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە بالا ـ چاقىلىرى قىرغىزلارغا چىقارتىپ بېرىلىپ ئاتقا ئالماشتۇرۇلىدۇ . شۇڭا ، بۇ ھۆكۈمنى ئاڭلىغان ھامان ھەممە سىپاھلار توختىماستىن ياركەندكە قايتىپ كېلىشى كېرەك» دەپتۇ . بۇ بەتنىشان پەقىر گۇگەدىكى ۋاقتىدا يېتىپ كېلىپتۇ ، پۈتكۈل لەشكەر بۇ نىشاننىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولۇپتۇ . ئۇلار ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ تېزدىن ياركەندكە قاراپ يولغا چىقىپتۇ . ئىسكەندەر سۇلتان بىلەن مەھمۇد مىرزىلار بىرقانچە كىشى بىلەن قېچىپ قېلىپ قالغانىكەن ، پەقىر ئىككى كۈندىن كېيىن لەشكەر ۋەيران بولغان يەرگە كېلىپ ، ئىسكەندەر

سۇلتان ۋە مەھمۇد مىرزىلار بىلەن كۆرۈشتۇم . ئۇلار :«بۇ كېچە مۇشۇ يەردە تۇرغىنىمىز مۇۋاپىقتەك تۇرىدۇ . چۈنكى ، لەشكەرنىڭ بەزىلىرى ئىلاجىسىزلىقتىن كەتتى . ئۇلار پۇرسەت تېپىپ قېچىپ بىزگە قوشۇلۇشى مۇمكىن» دېدى . شۇڭا ، كېچىسى ئاشۇ مەنزىلدە ساقلىدۇق .

پەقىر بىلەن يۈزدىن ئارتۇقراق كىشى بار ئىدى ، ئۇلار ئۇرۇشلاردا پىشقان ، ئىشلاردا تەجرىبىلىك ، شىجائەتلىك ، مەشھۇر پالۋانلارنىڭ تىللىرىدىمۇ ئۇلارنىڭ تەرىپ - تەۋسىپلىرى بار ئىدى . ئۇلار ئاتا - بوۋامنىڭ ۋاقتىدىن باشلاپ خىزمەتتە بولۇپ كەلگەنلەر بولۇپ ، پەقىرگە مىراس تەرىقىسىدىكى خىزمەتكار بولۇپ قالغانلار ئىدى . كۆپلىگەن ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئۇلار ئۆز تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا نۇرغۇن قېتىم تەكرار كۆزگە كۆرۈنۈپ مۇمتاز بولغان بولۇپ ، ھەربىرى ئەمىر دېگەن ئاتاقنى كۆتۈرگەنلەر ئىدى . بەزىلىرى پەقىر بىلەن ئېمىلداش ۋە قېرىنداش بولۇشقا رازى بولۇشۇپ كوكۇلداش① ئاتالغانلار ئىدى ، ئۇلارنىڭ پەقىردىن يۈز ئۆرۈپ قارشى مەيدانغا ئۆتۈشى ناتايىن ئىدى . [كېچىنىڭ يۇلتۇز لەشكەرلىرى پىتىراپ قېچىشقان ۋاقتىدا ، پەلەكنىڭ ئاتلىق تۈركى ئالىچىپار ئاسمان ئېتىغا يالغۇز ۋە تەنھا مىنگەنىدى . پەقىر يۇلتۇز لەشكەرلىرى كۈندۈزگە بويسۇنماي تاراپ كەتكىنىگە ئوخشاش ، ئىشەنچلىك ھەمراھلىرىمنىڭ كېچە قاراڭغۇسىدا غايىب بولۇپ ، تۈن بويى قېچىپ بىقارار بولۇپ يۈرگەنلىكلىرىنى ھېس قىلدىم .

قۇياش مەشئىلى بەختسىز ھاياتتەك قاپقاراڭغۇ زېمىن سەھنىسىنى يورۇتۇپ نۇرلاندۇرغان چاغدا ،] يۇقىرىدا نامى زىكىر قىلىنغان جانئەھمەد ئاتاكا كەلدى ، ئۇ پەقىر بىلەن ئېمىلداش بولۇشقانىدى . كوكۇلداشلىرىم ئىچىدىن شاھمۇھەممەد ناملىق

---

① كوكۇلداش — كۆكەلداشمۇ دېيىلىدۇ . بىر ئانىنى ئەمگەن ، ئېمىلداش ، قېرىنداش دېگەن مەنىلەردە (مۇھەررىردىن ) .

بىرىمۇ قايتىپ كەلدى ، [ ئۇ ئاشۇ توپنىڭ ئابرۇيلۇق كىشىلىرىدىن ئىدى ،] ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ھۈنەرلىك شاگىرتلىرىدىن بەش كىشىنى ھەمراھ قىلىپ بىللە ئېلىپ كەلدى . يالغۇزلۇق ئەندىشىسى تەسكىن تاپتى . بىر سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەندى ، بىر تەرەپتىن ئىسكەندەر سۇلتان بىلەن مەھمۇد مىرزىلار كەلدى . تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەنلەر يىغىلىپ ئەللىك كىشى بولدۇق - دە ، ئۇ يەردىن مارىيۇلغا قاراپ يۈزلەندۇق . بۇ جەدى پەسلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى بولۇپ ، سوغۇق تازا كۈچەيگەن چاغ ئىدى . [ بېيىت :

ئەز سەردى دەي چۇ مۇرغى ئابى ،
ئاۋەردە پەناھى با كەبابى .

(قىش سوغۇقىدىن ئۆردەكمۇ ھەتتا ،
كەلدى كاۋابچىدىن تىلىشىپ پاناھ . )

قىشنىڭ سوغۇقى شۇ قەدەر شىددەتلىك بولدىكى ، ئۇنى ئەگەر تەپسىلىيرەك بايان قىلىدىغان بولساق ، باشقىلار بىزنى سۆزمەنلىك قىلىۋېتىپتۇ ، دەپ گۇمان قىلىشى مۇمكىن .] سوغۇقنىڭ شىددىتى تۇپەيلىدىن يۇقىرىقى ئەللىك كىشى ئىچىدىن قىرىقتىن كۆپرەك ئادەمنىڭ بەزىسىنىڭ قولى ، بەزىسىنىڭ پۇتى ، بەزىسىنىڭ قۇلىقى ، يەنە بەزىسىنىڭ بۇرنى ئۇششۇپ قالدى . ئاشۇنداق ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى چېكىپ يىگىرمە بەش كۈندە مارىيۇلغا يەتتۇق . مارىيۇلنىڭ جۇ (ھاكىم)لىرىدىن يۇقىرىدا ئىسمى زىكىر قىلىنىپ ئۆتۈلگەن تاشكۈن بىلەن لاتە جوغدان ئارقا - ئارقىدىن خىزمىتىمىزگە كەلدى . گەرچە بىزدىن ئۇلارغا كۆپ زورلۇق ۋە ئازار يەتكەن بولسىمۇ ، ئەمما تاشكۈن بىلەن لاتە جوغدان بۇنىڭغا جاۋابەن شۇنچە خىزمەتلەرنى ۋە ئۆزرىخاھلىقلارنى قىلدى . ئۇلار ئۆزرە ئېيتىپ : «تۆت يۈز يىلدىن بېرى ، ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ [ ئەۋلادمۇئەۋلاد باشقىلارغا پۇقرا بولۇپ كەلگەنىكەن . مانا ھازىر] بىز پۇقرا ، سىلەر پۇقراپەرۋەر پادىشاھ .

ئۆز ۋاقتىدا سىزنىڭ سەلتەنىتىڭىز تازا كۆچەيگەن ۋاقىتلاردا سىزدىن چۆچۈپ ۋە ئەندىشە قىلىپ بەزى خاتالىقلارنى سادىر قىلغانىدۇق، شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا جاۋابەن ئەدەپ ۋە جازا بېرىلىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلدىڭىز، بۇنىڭغا بىز رازىمىز. شۇ چاغدا تىبەت جۇلىرىدىن ھەركىم سىزگە ئىتائەت ۋە خىزمەت قىلغان بولسا، بۇ قورقۇنچ سەۋەبىدىن بولغانىدى. مانا ھازىر خىزمىتىڭىزنى قىلىپ ئىتائىتىڭىزدە بولۇشىمىز دوستلۇق ۋە ئېتىقادىنىڭ نىشانىسىدۇر. ئېتىقاد ئەھلى كىم ئىكەن؟ خىزمەتكارلىق داۋاسىدا كىم سادىق ئىكەن؟ كىم يالغانچى ئىكەن؟ بۇنىڭدىن مەلۇم بولغۇسىدۇر. [بېيىت:

جەمئى زەبان بەدەئۇئى ئىشقەت كۆشادە ئەند،
ئەي مەن غۇلام ئانكى دىلەش با زەبان يەكەست.

(ئىشقىڭ دەۋاسىنى قىلىپ ھەممە ئېغىزلار ئېچىلۇر،
مەن خىزمىتىڭدە تىل بىلەن دىلىمنى بىر قىلدىم ھامان.)]

ئۇلار بىزگە مارىيۇلىنىڭ مەركىزى شەيە قەلئەسىنى سوۋغا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن شەيەگە كىرىپ راھەتلىنىپ ئارام ئالدۇق. ئۇ يەردە لەشكەردىن ئايرىلىپ قالغانلاردىن بىرنەچچە كىشى بار ئىكەن، ئۇلارمۇ بىزگە قوشۇلدى. مەۋلانا دەرۋىش مۇھەممەد قاراتاغى شۇلار ئىچىدە بار ئىكەن.

بۇ مەۋلانا دەرۋىش مۇھەممەد يۇقىرىدا ناملىرى زىكىر قىلىنىپ ئۆتۈلگەن ھەزرىتى مەخدۇمى خاجە [مۇھەممەد] يۇسۇفنىڭ خادىم ۋە مۇلازىملىرىدىن بولۇپ، تەقۋادار مۇسۇلمان ئىدى، تىبەت تىلىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى، تىبەتنىڭ ھەممە جۇلىرى بىلەن دوست ۋە ئاغىنە ئىدى. تىبەت جۇلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق ئىش بولسا، مەۋلانا دەرۋىش مۇھەممەد ئۇنى ناھايىتى ياخشى ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلاتتى. [ئۇنىڭدىن كېيىن كەشمىردىن ھاجى ئاتلىق كىشى كەلدى، بۇ كىشى ھەققىدە

كېيىن ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىمىز . ئۇ كىشى پەقىرگە خىزمەت قىلىشنى ئۆزىگە بەختىيارلىق دەپ قارىدى .] ئۇنىڭ بىلەن قوشقاندا توپىمىزغا يىغىلغانلارنىڭ سانى ئاتمىش كىشىدىن ئېشىپ كەتتى .

[ۋەيران بولۇپ پىتىراپ كەتكەن لەشكەرلەر ھاۋانىڭ ئۆزگىرىپ قاتتىق سوۋۇپ كېتىشى سەۋەبىدىن قاتتىق قىيىنچىلىققا ئۇچرىدى ، ئۇلارنىڭ يول يۈرۈشى ئىنتايىن تەس بولدى . ئالدىراپ قايتىپ كېتىشكە سەۋەبكار بولغانلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرى شىۋىرغانغا ئۇچراپ پۈتۈنلەي قىرىلىپ كەتتى ۋە زايە بولدى .] ياركەندكە قاراپ يۈرگەن بۇ كىشىلەردىن بىر يۈز ئەللىككە يېقىن كىشى ھاۋانىڭ شىددەتلىك سوغۇقىدا جانلىرىدىن ئايرىلىپتۇ ، قالغانلىرى چالا ئۆلۈك ھالەتتە ياركەندكە قاراپ يۈرۈپتۇ . يەنە بىرمۇنچىلىرى يولدىن يېنىپ ۋەيرانە ۋە مۇشكۇل ھالەتتە مارىيۇلغا يېتىپ كەلدى . ئۇلار بىلەن قوشقاندا توپىمىزغا يىغىلغانلارنىڭ سانى بەش يۈز كىشىگە يەتتى ، ئون مىڭغا يېقىن قوي يىغىلدى . تولۇق تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىق ئورنىتىلدى .

مارىيۇلغا يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن جانئەھمەد ئاتاكا بىلەن شاھمۇھەممەد كوكۇلداشنى بۇ جاڭگاللاردا قولغا چۈشكەن ماللاردىن نەچچە خىل تۆھپىلەر بىلەن بىللە ياركەندكە — رەشىد سۇلتاننىڭ يېنىغا ئەۋەتكەنىدىم . يەنە بىر ئەرز يېزىپ ئارىمىزدىكى دوستلۇق مۇناسىۋىتى ۋە بۇرۇنقى ۋەدە - قەسەملىرىمىزنى بايان قىلدىم . بىر - بىرىمىزگە بېرىشكەن نىشانلار ئىچىدىن رەشىد سۇلتان ماڭا بەرگەن قۇش پېيى شەكلىدە توقۇلغان بىر ساۋۇت ، بىر پولات دۇبۇلغا[1] بار ئىدى ، [ئۆز ۋاقتىدا رەشىد سۇلتان بۇلارنى دوستلۇقىمىزنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ماڭا بەرگەنىدى ،] ھەر

---

① بۇ ئەستىلىك بۇيۇملار موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قوليازمىسىدا يۇقىرىقىدەك «. . .ساۋۇت ، . . .دۇبۇلغا» دېيىلگەن ، پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «قارا قوڭۇر رەڭلىك ئەرەب تونى بىلەن پولاتتىن سوقۇلغان ئايپالتا» دېيىلگەن .

ئىككىسىنى رەشىد سۇلتانغا ئەۋەتتىم . نەزم :

يادىڭا كەلتۈركى ، ھەرگىز سەن مېنى ياد ئەتمەدىڭ ،
بۇ ھەزىن كۆڭلۈمنى ھەرگىز خۇررەمۇ شاد ئەتمەدىڭ .
گەرچە بىزگە شاھ بولدۇڭ سەلتەنەت تەختى ئۈزە ،
لېك بىزگە لۇتفۇ شەفقەت ، ئەدل ئىلە داد ئەتمەدىڭ .

دېگەن مەزمۇندا مەكتۇپ يېزىپ ئەۋەتتىم . [ئۆتكەنلەر ئۆتتى ، بېيىت :

بىۋەفائى شىۋەئى مەھبۇب مىدانىم ما ،
نىست خۇبانرا ۋەفايى خۇب مىدانىم ما .

(مەشۇقلەرگە بىۋاپالىق ئىكەن ئۇدۇم ، بىلدۇق مانا ،
بۇ گۈزەللەردە ۋاپا يوق ئىكەن چوقۇم ، بىلدۇق مانا . )]

شۇ قىش ئاخىرلاشقانىدى ، رەشىد سۇلتان جانئەھمەد ئاتاكانىڭ ئوغلى ، مېنىڭ كوكۇلدىشىم بىكەن① ھەسەن دىۋاننى قوشۇپ ئىبەتكە — بىزنىڭ يېنىمىزغا ئەۋەتتى . ئۇلاردىن : «نادانلىق تۈپەيلىدىن بۇ خاتا ئىشلار سادىر بولۇپ ، مېنىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خىجالەتچىلىكتە قېلىشىمغا سەۋەب بولدى . ھازىرچە سىز ئەزىز دوستۇمنى كەلسۇن ، دېيىشىمگە بىرمۇنچە توسالغۇلار بار . مەۋلانا قۇداشنى [ئىككى] يۈز كىشى بىلەن خىزمىتىڭىزگە ئەۋەتتىم . ياركەندكە قايتىپ كەلگەن مۇلازىملىرىڭىزنىڭ ھەممىسى خىزمىتىڭىزگە بارسۇن» دەپ ئۆزرە سوراپ پۇشايمانلار ئىزھار قىلىپ ، ماڭا بىر ئات ۋە بىرقانچە تۈرلۈك سوۋغاتلارنى ئەۋەتىپتۇ .
بۇ سۆزدىن كۆڭلۈمگە يېڭىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ھاسىل

---

① خەنزۇچە نەشرىدە «بىدەكەن» (Bidakan) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .

بولدى . [پەقىر يەنىلا ئۇنى ئارقا تىرىكىم دەپ ھېسابلىدىم .] تىبەتنىڭ كۆپىنچە يەرلىرى يەنە ئىتائەت قىلدى . شۇ ئەسنادا مەۋلانا قۇداش يېتىپ كەلدى ، ئۇنىڭ بىلەن ئابرۇيلۇق مۇلازىملىرىمدىن بىرنەچچە كىشى ھەمراھ بولۇپ كەلدى ، بۇ جامائەتنىڭ كۇچىگە تايىنىپ كەشمىر چېگرىسىغا تۇتاش بولغان بالتىغا يۈرۈش قىلدۇق . پۇتكۇل بالتى ۋىلايىتى قارار قىلىنغان سېلىق مالنى تەخىرسىز ۋە كەم - كۇتىسىز تولۇق تاپشۇردى .

سۇرۇ بالتىدا ئىنتايىن مۇستەھكەم ۋە پۇختىلىقى بىلەن تونۇلغان جاي ئىدى . مەۋلانا قۇداش سۇرۇنىڭ بېرىدىغان مېلىنى بېرىپ ئېلىپ كېلىشنى ئىلتىماس قىلىپ رۇخسەت سورىدى ، پەقىر رازى بولمىدىم . چۈنكى ، ئۇ يەردىكى كاپىرلاردىن ھېچبىرىنىڭ بىزنىڭ ئۇ يەرنى بېرىپ كۆرۈشىمىزگە رازى ئەمەسلىكىنى بىلەتتىم . سۇرۇ خەلقىمۇ كۆپ ئىلتىجالار قىلىپ يالۋۇرۇپ : «قارار قىلىنغان مالنى مۇشۇ يەرگە ئۆزىمىز ئەكېلىپ بېرىمىز ، مەۋلانا قۇداشنىڭ ئۇ يەرگە بېرىپ جاپا تارتىشىنىڭ كېرىكى يوق» دەپ تۇرۇۋالدى . لېكىن ، تەقدىر ئوۋچىسى شۆھرەتپەرەسلىك يەمچۈكىنى ئەجەل قاپقىنىغا قويغاندا ، ھەرقانداق زېرەك قۇشمۇ ئۇ قاپقاندىن ئۆزىنى قاچۇرالمايدۇ . [بېيىت :

ئانچە نەسىب گەست نەكەم مىدەھەند ،
گەر نەستانى بەستەم مىدەھەند .

(ئۆز نېسىۋەڭ ئۆز پېتىچە بېرىلۇر ،
ئالمىساڭمۇ زورلۇق بىلە بېرىلۇر .)]

مەۋلانا قۇداش پەقىرنىڭ توسقىنىمغا ئۇنىماي قايتا - قايتا يالۋۇرۇپ رۇخسەت ئېلىپ كەتتى . سۇرۇ خەلقى ئۇنى تار جىلغىدا قىستاپ جەڭگۇجېدەلسىزلا يىگىرمە تۆت مۆتىۋەر باھادىر بىلەن

بىللە شىھىت قىلىپتۇ. بىزنىڭ لەشكىرىمىز يەتتە يۈز كىشى ئىدى، لېكىن ئۇرۇش ئەسلىھەلىرى يېتىشمىگەنلىكتىن سۇرۇلۇقلاردىن ئىنتىقام ئېلىش نېسىپ بولمىدى. [نەزم:

تۇ بەئەنجام كارى خۇش نەگەر،
تا نەباشەد بەجانەت ھىچ خەتەر.
قۇۋۋەتى ئىنتىقام ئەگەر نەبۇد،
ھەمچۇ مارى بىخۇد ھىچ دىگەر.

(پۈتمىسمۇ ئىشلىرىڭ ياخشى ئەگەر،
يەتمىسۇن ئەزىز جېنىڭغا ھىچ خەتەر.
ئىنتىقامغا قۇۋۋىتىڭ يەتمىسە، كۈت،
خۇددى بىر بىھۇش يىلاندەك قىل سۈكۈت.)

ئېغىزلىرىمىز يىلاننىڭ چىشلىرىدەك زەھەرگە تولغان، قەھرلىك يۈرەكلىرىمىز ئىلاننىڭ ئۆتىدەك ئېزىلگەن ھالدا] بالتىدىن تىبەتنىڭ زەگىسكار ناملىق ۋىلايىتىگە باردۇق. بىز ئۇ يەرگە بارغاندا ئېكىنزاردىكى زىرائەتلىرى تېخى پىشمىغانىكەن. بىز بارغاندىن كېيىن ھوسۇل يىغىدىغان ۋاقىت بولدى، ھوسۇلنى شېرىكلىشىپ ئالدۇق.

بالتى جۇلىرىدىن بىر كىشى بار، ئۇنىڭ ئېتى تەگى سەكاب، بىزگە ياخشى خىزمەتلەرنى قىلغان كىشى ئىدى. ئاشۇ كۈنلەردە ئۇ بىزگە بىر خەۋەرچى ئەۋەتكەنىكەن، يېتىپ كەلدى. ئۇ: «مەۋلانا قۇداشنىڭ قاتىللىرى بولغان سۇرۇلۇقلاردىن ئۈچ ئالىدىغان ۋاقىت كەلدى. بېرىپ ئۇلارنى چاپقۇن قىلىپ ئەھلى ئاياللىرىنى ئەسىر قىلىپ، ئەرلىرىدىن قىساس ئېلىپ كېلەيلى» دەپ خەۋەر ئەۋەتىپتۇ. رايىم شۇنىڭغا قارار تاپتىكى، لەشكەرلەرنىڭ ئاتلىرى ئاجىز، ماغدۇرى يېتەرسىز بولغان بىر قىسمىنى دەرھال ئېلىپ، ئۇلارنى مارىيۇلغا قايتۇردۇم. چۈنكى، قالغانلار بىلەن تېزلىكتە

يېتىپ بارغىلى بولاتتى . مارىيولغا بارىدىغانلارغا تاغامنىڭ ئوغلى
مەھمۇد مىرزىنى قوشۇپ بەردىم ، چۈنكى ئۇلارنىڭ بىر كۈنلۈك
يولى خەتەرلىك ئىدى . ئۇلار ئۇ خەتەرلىك يەردىن ئۆتۈپ كېچىسى
بىر يەرگە چۈشۈپ ، ئېتىنى ئۆزى ياتقان يەرگە يېقىن باغلاپ قويۇپ
ئۇيقۇغا كېتىپتۇ . ئات ئوتلاپ ، مەھمۇد مىرزىنىڭ قېشىغا يېقىن
بارغانىكەن ، مىرزا ئاتنى يېقىن كەلمىسۇن دەپ ئاۋاز چىقىرىشىغا
ئات ئۇنىڭ پېشانىسىگە تەپكەنىكەن ، ئاتنىڭ تۇيىقى ئۇستىخانىنىڭ
ئىچىگە ئۆتۈپ كېتىپتۇ . ئەتىسى مەھمۇد مىرزا مېنىڭ يېنىمغا
قايتىپ كەلدى . ئۇنىڭ جاراھىتىنى كۆردۈم ، بېشىنىڭ سۇنغان
ئۇستىخىنىنى موغۇل جەرراھلىرىدىن بىرى بىلەن بىرلىكتە تېڭىپ
داۋالاشقا كىرىشتۇق ، ئاندىن بۇ ۋەقەنى تەڭى سەكابكە خەۋەر
قىلدىم . تەڭى سەكاب جاۋابەن :«ھەزرىتىڭىزنىڭ بۇ يەرگە
كېلىشىڭىزگە بىرمۇنچە توسالغۇلار پەيدا بولدى . ئەگەر بىر قىسىم
لەشكەر ئەۋەتسىڭىز ، سۇرۇنى ئېلىپ غەنىيمەت مالىلارنى
ھۇزۇرىڭىزغا ئەۋەتىمەن . بۇ خىزمەتنى قولۇمدىن كېلىشىچە بەجا
كەلتۈرىمەن» دەپ خەۋەر بەردى . زەڭىسكار پەقىرنىڭ ھازىرقى
تۇرالغۇ يېرىم ئىدى . بۇ يەردىن تەڭى سەكابنىڭ يۇرتى سۇت دېگەن
يەرگىچە بەش كۈنلۈك يول ئىدى . مەۋلانا مۇھەممەد قاراتاغىنىڭ
تىبەت جۇلىرى بىلەن دوستلۇق ئالاقىسى بار ئىدى ، ئۇنىڭ
ئابرۇيلۇق شاگىرتلىرىدىن نۇرئەلى دىۋانە بۇ قېتىم يولدىن يېنىپ
كەلگەنلەردىن ئىدى . پەقىر بۇ ئىككىيلەننى يەتمىش كىشىگە باش
قىلىپ تەڭى سەكابنىڭ قېشىغا ئەۋەتتىم .
ئۇ يەرگە ئەلچى ئەۋەتىش پىكرىنى قىلىپ بولغۇچە ئىككى ئاي
ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى . مەھمۇد مىرزىنىڭ يارىسىمۇ ياخشىلاندى .
ئەمما ، ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىدىن زەڭىسكاردا تۇرۇشىمىز
قىيىنلاشتى ، ئامالسىز مەھمۇد مىرزىنى مارىيولغا يولغا سالدىم .
پەقىر مەھمۇد مىرزا سالامەت يېتىپ بارغاندىن كېيىن سۇرۇغا

بىرىش نىيىتىدە زەڭگىسكاردا تۇردۇم .
مەھمۇد مىرزا بېشىغا ئات تەپكەن يەرگە يېتىپ كېلىپتۇ ، كېچىسى ئۇ يەردە قونۇپتۇ ، ئەتىسى بېشىغا مەلھەم قويۇش نىيىتىدە تېڭىقنى ئېچىپتۇ . ھاۋا ناھايىتى سوغۇق بولغاچقا ، جاراھەتلەنگەن مېڭىگە سوغۇق ئۆتۈپ كېتىپ ئارقا ـ ئارقىدىن ھوشىنى يوقىتىپتۇ . ناماز پېشىن ۋاقتىدا پەقىرنىڭ يېنىغا كىشى كېلىپ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر بەردى . پەقىر تېزلىكتە ئۇنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدىم ، تەڭ كېچىدە يېتىپ باردىم . قارىسام ھوشسىز يېتىپتۇ . ئەتىسى ھوشىغا كەلدى ۋە تولۇق سېزىم پەيدا بولدى ، ئىككىنچى كۈنىمۇ سەزگۈلىرى جايىدا بولدى . ئۈچىنچى كۈنى جۆيلۈپ قالايمىقان سۆزلىگىلى تۇردى . كېچىنىڭ ئىككى ھەسسىسى ئۆتكەندى ، [تىرىكلەر سۆھبىتىدىن تويۇپ ئۆلۈكلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش ئۈچۈن] باقىي ئالەمگە قاراپ سەپەر قىلدى .
رەشىد سۇلتان گوياكى مېنىڭ كۆز قارىچۇقۇمدەكلا ئىدى . ئۇ زالىمنىڭ كىرپىكىدەك قىلىچلىرى بىلەن تاغامنى ۋە ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ، جان ۋە يۈرىكىمنى جاراھەت قىلدى . بۇ جاراھەتلەر تېخى ساقايماي تۇرۇپلا مەھمۇد مىرزا قازاغا دۇچار بولدى . بۇ پەلەك جاپاكارلىق ، ۋاپاسىزلىق ئويۇنلىرىنى رەشىد سۇلتانغا ئۆگەتتىمۇ ياكى رەشىد سۇلتاندىن ئۆگەندىمۇ ؟ بىلمىدىم .
[بېيىت :

ئان جەفا پىشەكى سەد داغى جەفا سۇختە بۇد ،
يا رەب ، ئىن جەۋرۇ جەفا رازكى ئامۇختە بۇد .

(ئۇ جاپاكار كۆيدۈرۈپ ، قىلدى جاراھەت تەنلىرىم ،
ئەي خۇدا ، كىمدىن ئۆگەندى بۇ ھۈنەرنى ، بىلمىدىم . )

ئاشۇ كۆيدۈرگۈچى ئوتلۇق جاراھەت داغلىرى ئۈستىگە تەقدىر

يەنە يارقىن يۇلتۇزلار كەبى جاراھەت چوغلىرىنى تۆكتى . تېنىمدىكى كۆيۈك يارىلىرى ئاز كەلگەندەك ، بۇ يارىلارنىڭ ئۈستىگە ۋاپاسىزلىق ۋە زۇلۇم قىلىچلىرى بىلەن ئەبدۇللا مىرزىنىڭ ئازاب يارىسىنى قوشۇپ ، بۇرۇنقى جاراھەتلەرنىمۇ تىرناپ ئېچىپ ئېچىشتۇرغانىنىڭ ئۈستىگە يېڭىدىن تۇز سەپتى . بېيىت :

مەرا خۇد دىلى دەردمەند ئەستۇ رىش ،
تۇ نەيىزەم نەمەك جەراھەت مىبىش .

(يۈرەك دەرد ـ ئازاب تىغلىرىدىن زىدە ،
ئېچىشقان يارامغا تۇز سەپمەڭ يەنە . )

يا ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ سىلكىگۈدەك قۇدرەتلىك قول يوق ، يا نالە ـ پەريادىمغا يېتىپ ئۇنىڭ زۇلۇملىرىدىن قوغدايدىغان كۈچلۈك ھىمايىچىم يوق . رۇبائىي :

فەريادۇ فىغان زى دەستەت ، ئەي چەرخى فەلەك ،
نې ئەھلى ۋەفا شىناسى ، نې ھەققى نەمەك .
كارەست ھەمە ئازار دىلى زارى مەنەست ،
دەر پىشى تۇ يەكسان ھەمە شەيتانۇ مەلەك .

(ئەي چەرخى پەلەك ، دەستىڭدىن يۈز ئاھۇ پىغان ،
تۇزكور كىم ، ۋاپادار كىم ؟ تونۇمايسەن ھامان .
دەردمەن دىلىمغا ئازار بېرىشتۇر ھەممە ئىشىڭ ،
ئالدىڭدا پەرىشتە بىلەن شەيتان يەكسان . )

تەقدىرنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىكى ھەربىر بالا ـ قازانى كۆرۈپ ،] ئۆمرۈمنىڭ مۇددىتى ئوتتۇزدىن ئۆتۈپ تېخى قىرىققا يەتمىگەندى ، پەلەكنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتى ۋە بالا ـ

قازالىرىنىڭ ھەممىسى ماڭا بىراقلا ھۇجۇم قىلدى .] بېيىت :

مەھمىل ھەمىن بەسىنەئى ۋەيرانى ما كۇشاد ،
ھەر كارۋانى غەمكى رەسىد ئەز دىيارى ئىشق .

(ئىشق دىيارىدىن يېتىپ كەلگەن جىمى غەم كارۋىنى ،
يۈكىڭىزنى چۈشۈرۈڭ ۋەيرانە كۆكسۇم ئۈستىگە . )

ھەربىر ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى ۋە يۈز بېرىدىغان يېڭى ۋەقەلەرنىڭ يۈزەگە چىقىشىنىڭ ھېچبىر سەۋەب ۋە توختالغۇسىنىڭ بولماسلىقىدا مىڭلىغان سىر - ھېكمەتلەر يوشۇرۇنغان . بەخت - تەلەي دەرىخى بەرىكەتلىك باھارنىڭ كېلىشى بىلەن چېچەك ئېچىپ ، ئىللىق ۋە راھەتبەخش كۆكلەمدە مول مېۋە بېرىدۇ ؛ كۈزنىڭ ئاخىرلىرىدىكى سوغۇق شامال يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ ياپراقلىرى تۆكۈلىدۇ ؛ قىش ئايلىرىنىڭ سوغۇقى مېۋە دەرىخىنىڭ قۇرۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ - دە ، سائادەت كۆكلىمىنىڭ مەيىن شامىلى ئەسكەندە ئۆتكەنكى مېۋىنىڭ ئورنىغا يېڭى مېۋە پەيدا بولۇشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلايدۇ . بۇ مەنىلەر كۆرۈنۈشكە پاراسەت كۆزى بىلەن قارىغان چېغىمدا ، ۋاقتى يەتكەندە دەرەخ مېۋىسىنىڭ شاخ ئۈستىدە ئۇزاق تۇرالمايدىغانلىقىنى ، ئۇنىڭ يوقلۇق تۇپرىقىغا چۈشمەسلىككە ئامالى قالمايدىغانلىقىنى تەجرىبە كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ بىلدىم . شۇڭا : «بىز سىلەرنى بىر ئاز قورقۇنچ بىلەن ، بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا ، جانلىرىڭلارغا ، باللىرىڭلارغا ، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز»① ، «بىز ئەلۋەتتە ئاللانىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللانىڭ بەندىلىرىمىز ) ، چوقۇم

① «قۇرئان كەرىم» ، 2 - سۈرە بەقەرە ، 155 - ئايەتنىڭ باش قىسمى .

ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز »[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدۇم .

شۇ ئارىدا سۇرۇغا ئەۋەتكەن كىشىلەر ئىچىدىن بىر ئادەم قايتىپ كەلدى . ئۇنىڭ خەۋەر قىلىشىچە ، نۇرئەلى دىۋانە ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىشىپ ، مەۋلانا قاراتاغىنى تۇتقۇن قىلىپ باغاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ . باغان — تىبەت ۋىلايەتلىرىدىن بىرىنىڭ ھاكىمى بولۇپ ، ئاشۇ مەۋلانا دەرۋىش مۇھەممەد قاراتاغى بىر يەردە ھىيلە ئىشلىتىپ يارىلاندۇرۇپ ، ھالاكەت گىردابىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ . بۇ مۇسۇلمانلار مەۋلانانى ئاشۇ كاپىرغا سوۋغات قىلىپ تۇتۇپ بېرىپتۇ ، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئىجازەت ئېلىشىپ ياركەندكە مېڭىشىپتۇ . ئۇ كاپىر مەۋلانانى مىخلاپ ئۆلتۈرۈپتۇ ، سۇرۇنىڭ ئىشلىرى شۇ سەۋەبتىن توختاپ قاپتۇ .

پەقىر مەھمۇد مىرزىنىڭ جىنازىسىنى مارىيۇلغا ئېلىپ كەلدىم ، ئاندىن ئۇ يەردىن ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ زىيارەتگاھى جايلاشقان كاشغەرگە ئەۋەتتىم . بۇ ئىش ئەقرەب[2] پەسلىنىڭ بېشىدا يۈز بەردى . تىبەتتە سوغۇق چۈشۈشكە باشلىغاندا مارىيۇلغا كەتتۇق . شۇ زىمىستاندىن تاكى باھارغىچە بولغان ئارىلىقتا شۇ قەدەر قىيىنچىلىق ۋە كۈلپەتلەرنى چەكتۇقكى ، ئۇنى تەپسىلىي بايان قىلساق ، ئاشۇرۇپ مۇبالىغە قىلغاندەك تۇيغۇ بېرىشى مۇمكىن .

باھار كېلىشى بىلەنلا ئاتلارنى بېقىش ئۈچۈن يەتمىش كىشى بىلەن تاغنىڭ ئېتىكىدىكى ئوتلۇق دېگەن يايلاققا باردۇق ، بۇ يەر تىبەتتىكى ئوت - چۆپلىرى مول بولغان مەشھۇر يايلاق ئىدى . شۇ يەردە قۇلان ۋە ياۋا قوتاز ئوۋلاپ يەپ كۈن ئۆتكۈزدۇق . ئىسكەندەر سۇلتاننى بىر قىسىم جامائەت بىلەن مارىيۇلدا قالدۇرۇپ قويغاندىم ، ھەممەيلەننى بىر يەرگە يىغىپ مۇشۇ يەردە تۇردۇق .

---

① «قۇرئان كەرىم» ، 2 - سۈرە بەقەرە ، 156 - ئايەتنىڭ ئاخىرقى قىسمى .

② ئەقرەب — (1) چايان ؛ (2) كونا ئاسترونومىيىدىكى 12 بۇرجدىن بىرى .

ئاتلارمۇ سەمىــــرىپ قۇۋۋەتلەندى ، ئادەملەر پالاكەت ۋە ئازابقا چىداشلىق بىرەلمەي بىراقلا پىتىراپ ياركەندكە كەتتى . ئۇلاردىن ئەللىك ئادەم قالدى ، باشقىلىرى قىچىپ كەتكەندى .

شۇ چاغدا جانئەھمەد ئاتاكا ياركەندتىن كەلدى . ئۇنى بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن ئۇرسەڭ يۇرۇشىدىن قايتىپ كەلگەن چىغىمدا ، رەشىد سۇلتانىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەنىدىم ، بۇ ھەقتە ئىلگىــــرى سۆزلەپ ئۆتتۇلگەندى . جانئەھمەد ئاتاكا بۇ قېتىم ياركەندتىــن بىزنىڭ تىبەتتە تۇرماسلىقىمىز ھەققىدىكى يارلىقنى ئېلىــــپ كېلىپتۇ . بۇ يەردە بۇنداق ئۇزۇن ساقلاپ تۇرۇشۇمنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى : ئەگەر ئۆز ئىختىيارىم بىلەن بىر تەرەپكە كەتكەن بولسام ، ئۇ چاغدا ئىمان بىلەن مۇستەھكەملەپ ، ئاللانى شىپى كەلتۈرۈپ قىلىشقان ۋەدە ــ قەسەملەرنى بۇزغانلىق گۇناھىنى دەرھال پەقىرگە يۈكلەپ قويغان بولاتتى . ئەمەلىيەتتە ، ئۇ ئۆزى ئارمىزدىكى ھەممە ۋەدە ــ كېلىشىملەرنى بۇزۇپ ، كۆرۈنۈشتە ئۆزىنى ۋەدىسىدە تۇرغاندەك قىلىپ كۆرسىتىپ كەلگەندى . مانا ھازىر ھەممە يوللارنى توسۇپ ، ئەسكەرنى تارقىتىۋېتىش توغرۇلۇق يارلىق ئەۋەتىپتۇ . نەزم :

شاھا زى كويى تۇ ئان دەم رەفتەم ،
سەۋگەند بەگەردەنى تۇ شاندەم رەفتەم .
سەۋگەندۇ ئۇھۇدرا چۇن بەشكەستى ،
ئان جۇملە بەگەردەنى تۇ ماندەم رەفتەم .

(ئەي شاھ ، سېنىڭ كوچاڭدىن شۇئان كەتتىم ،
شۇ ۋەدە ــ قەسەملەرنى قىلىپ ئارمىغان ، كەتتىم .
سۇنغان ئاشۇ بارلىق بىچارە قەسەملەرنى ،
بويىنۇڭغا سېنىڭ يۈكلەپ قويۇبان كەتتىم . )

جانئەھمەد ئاتاكا بىزگە قوشۇلغاندىن كېيىن بەدەخشانغا قاراپ يول ئالدۇق .]

## بىر يۈز ئونىنچى باب

# بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ تىبەتتىن بەدەخشانغا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنىڭ بايانى

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتتۈلگىنىدەك ، يەتتە يۈز كىشىدىن ئەللىك كىشى قالدى ، باشقىلىرى ياركەندكە قېچىپ كەتتى . تىبەت ۋىلايىتىنىڭ ئوت - چۆپلىرىنىڭ كەملىكى ، هاۋاسىنىڭ بەك سوغۇقلۇقى ، يولىنىڭ مۇشكۇللۇكى تۈپەيلىدىن كەتمەكمۇ ئىنتايىن تەس ، تۇرۇش تېخىمۇ قىيىن ئىدى . [ھەممە قىيىنچىلىق شۇ دەرىجىدە زىيادە ئىدىكى ، ئۇنى كىشىنىڭ ساغلام تەبىئىتى قوبۇل قىلىپ كېتەلمەيتتى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مۇشكۇلچىلىكلەر بارلىق كۈچ ۋە ئىقتىدارنى خورىتىپ تۈگەشتۈرىدىغان دەرىجىدە ئىدى . ئوزۇق - تۈلۈك ، كىيىم - كېچەكلەرنى ، قىسقىسى بۇ يەرنىڭ يولى ئۇچۇن زۆرۈر كېرەكلىك بولغان ئاتنىڭ تاقىسىنىمۇ تېپىش مۇمكىن بولمىغانلىقى ، ئات - ئۇلاغلارنىڭ كەملىكى ۋە بارلىرىنىڭ ھېرىپ كۈچ - ماغدۇرىدىن كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن تىبەتتە بۇنىڭدىن ئارتۇق تۇرۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكى قالمىدى . مىسرا :

نە رويى رەفتەنۇ نە رايى بۇدەنۇ چە ھالەت ئىن

(نە ئەھۋال بۇ ؟ كېتىشكىمۇ ، تۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ . )

بۇ يەردە تۇرۇش ياكى كېتىشنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىنتايىن

قىيىن ئىدى . كەتكەن تەقدىردە بىر ئامالللارنى قىلىپ يۈرۈپ بۇ قىيىنچىلىقلارنىڭ ئاخىرىغا يېتىشتىن ئۈمىد بار ، ئەگەر تۇرۇپ قالغاندا ، بۇ مۇشكۇلچىلىكلەرنىڭ ئاخىرلىششىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ . مىسرا :]

فەريادكى ، ئالتە تەرەفتىن يولۇم باغلاندى !

كەشمىر ، كاشغەر ، تۇرپان ، ھىندىستان قاتارلىق يەرلەرگە بېرىشقا ئىمكانىيەت يوق ، پەقەت بەدەخشان تەرەپتىنلا ياخشىلىق ئۈمىدى بار ئىدى . تىبەتتىن كاشغەرگە كىرمەستىنلا بەدەخشانغا بارغىلى بولىدىغان يولنى بۇ يەردە ھېچكىم بىلمەيتتى . ياركەندكە قېچىپ كەتكەنلەر ئىچىدە جەھانشاھ ئاتلىق بىر كىشى بار بولۇپ ، ئۇ ياركەند تاغلىقلىرىدىن ئىدى . ئۇ : «تاغاناق دېگەن يەردە بەدەخشان پامىرىغا بارغىلى بولىدىغان بىر يول بار » دېگەنىدى . ئۇ يولنى سوراپ ئېنىقلىۋالغانىدىم ، ئامالسىزلىقتىن ئاشۇ كۆرمىگەن يول بىلەن بەدەخشانغا قاراپ يۈزلەندىم . [بېيىت :

راھىكى نەبىنەدۇ نەدانەد ،
ئايا ، بەچۇنىن رەھى نەتۋان رەفت .

(ئالدىمدا ھېچ كۆرمىگەن ، بىلمىگەن يول تۇرۇپتۇ ،
بۇ يول بىلەن مەنزىلگە بولارمىكىن يەتكىلى . )]

پەقىر بىلەن قالغان ئەللىك كىشىدىن بىرقانچىسىنىڭ كۆچ - ماغدۇرى بولمىغانلىقتىن تىبەتتە قالغاچقا ، يىگىرمە يەتتە كىشى بىلەن يولغا چىقتۇق . بىزدە سەپەر جابدۇقىمۇ يوق ، ئاتلىرىمىزدا ماڭغۇدەك كۈچمۇ يوق ، يول ئىنتايىن مۇشكۇل ئىدى . سۇمبۇلە مەزگىلى بولسىمۇ ، لېكىن ھاۋا سوغۇق ئىدى .

بىز كۈن ئولتۇراي دېگەن چاغدا ، قاراقورۇم[1] دېگەن جايغا يېتىپ كەلدۇق . ئۇ يەردە بىر ئىقىن سۇ بار ئىكەن ، پۈتۈنلەي مۇزلاپ كېتىپتۇ . بىرنەچچە يەرنى تېشىپ كاچكۇل ئاچقان بولساقمۇ ، بىر تامچە سۇ چىقمىدى . ئاتلار ئۇسسۇز ئىدى ، بۇ يەرگە كەلگەندە ھالسىزلىنىپ يىقىلدى . ئارپا بەرگەن بولساقمۇ ، ئۇسسۇز بولغانلىقتىن يېمىدى . جانئەھمەد ئاتاكا : «بىر ۋاقىتلاردا بىر بۇلاق كۆرگەنىدىم» دەپ بىزنى باشلاپ ماڭدى . بىر يېرىم فەرسەڭ يەرگە بارغانىدۇق ، شۇ يەردە مۇزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر جاينى كۆرسەتتى . ئۇ مۇزنى تەشكەنىدۇق ، سۇ پەيدا بولدى ، ئاتلارنى سۇغاردۇق . [بىر يارامىلىق قېچىر بار بولۇپ ، ئۇ ئەڭ كۈچلۈك ئىدى ، كېرەكلىك يۈك ـ تاقلار شۇنىڭغا ئارتىلاتتى . ئۇسسۇزلۇق تۈپەيلىدىن بۇ جانىۋارنىڭ چىشلىرى ناھايىتى چىڭ كىرىشىپ كېتىپتۇ . ھەرقانچە ئۇرۇنۇپ سايە ـ سەۋەبلەر قىلىپ باققان بولساقمۇ ، سۇ ئىچەلمەي ئۆلۈپ كەتتى . ئۇنىڭغا ئارتىلغان يۈك ـ تاقلار شۇ يەردە قالدۇرۇپ قويۇلدى . دېمەك ، بۇ يولنىڭ جاپاسى شۇ دەرىجىدە شىددەتلىك ئىدى . مىسرا :

مۇسۇلمان نەشنەۋەد ، كافىر نەبىنەد .

(مۇسۇلمان ئىشىتمىسۇن ، كاپىرمۇ كۆرمىسۇن . )]

شۇنچىۋالا مۇشەققەتلەر بىلەن ئاخىر بەدەخشانغا ئايرىلىدىغان يول ئۈستىگە يېتىپ كەلدۇق . ئىسكەندەر سۇلتان مەندىن ئىجازەت سوراپ : «مەن رەشىد سۇلتاننىڭ يېنىغا بارىمەن . ئەگەر مەن بارسام ، ئۇنىڭ قېرىنداشلىق مېھرى ئويغىنىپ ھۇماي قۇشىدەك

[1] قاراقورۇم — قورۇم تېغىنىڭ غەربىي بۆلىكىنىڭ جەنۇبى بولۇپ ، جۇڭگو بىلەن كەشمىر ئارىلىقىدىكى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان تاغ تىزمىسى (مۇھەررىردىن ) .

شەپقەت ۋە مەرھەمەت سايىسىنى سالار ،[ ئاداشقانلىقتىن ئۆزگەن مىھىر - مۇھەببەتنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ كۆڭۈل يارامغا مەلھەم ياپار] » دېدى . پەقىر ئۇنىڭغا : «سىزنىڭ بۇ قېرىنداشلىقىڭىز ئاللا تەرىپىدىن پەرز قىلىنغان مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ئاساسى بولغان مېھىر ـ شەپقەت ۋە قېرىنداشلىقتىمۇ تازا چىڭ تۇرالمىدى ، ئۇنىڭ قىلىۋاتقان قىلمىشلىرىدىن كۆڭلى بىلىنىپ تۇردۇ . ئۇنىــــڭ ئۈستىگە كۆڭلىنىڭ قارىلىقىغا ناپاك ۋۇجۇدى گوۋاھلىق بېرىپ تۇرۇۋاتقان مۇھەممەدى بارلاسنىڭ شەيتانلىقلىرى ئۇنىڭغا ھەمدەم بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ . شۇڭا ، ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ . بۇ دۇنياغا بەك بېرىلىپ كەتكەن كىشىدە ۋاپا بولمايدۇ ، ئۇنىڭ مەيلى زاھىرىدا ، مەيلى باتىنىدە ساپا يوقتۇر . ۋاپا ئەھلىگە جەبىر ـ جاپادىن باشقىسى نېسىپ بولمايدۇ» دەپ مۇشۇ مەزمۇندا كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلدىم .[ **رۇبائىي :**

دەردۇنياۋۇ ئەھلى ئۇ ۋەفايى نەبۇد ،
دەر زاھىرۇ باتىنەش سەفايى نەبۇد .
ئەز ھەمچۇ كەسى بەھالى ئەربابى ۋەفا ،
غەير ئەز ستەمۇ جەۋرۇ جەفايى نەبۇد .

(دۇنيا بىلەن دۇنيا ئەھلىدە ۋاپا يوق ،
زاھىرىدىمۇ ، باتىنىدىمۇ ساپا يوق .
نەزەر سالساڭ ۋاپا ئەھلىنىڭ ھالىغا ،
ئۇلارغا زۇلۇم ، جاپادىن ئۆزگىسى ئەسلا يوق . )]

بىراق ، يولنىڭ مۇشكۇلاتلىرى تۇپەيلىــــدىن تەڭلىــــكتە قالغانلىقى ئۈچۈن توغرا يول ئۇنىــــڭ پاراسەت كۆزىدىن چەتتە قالغانىدى . شۇڭا ، ياركەندكە بېرىشقا كۆپتىن - كۆپ كۆچەپ رۇخسەت تەلەپ قىلدى . ئىلاجسىز ئىــــسكەندەر سۇلتانغا تۆت كىشىنى ھەمراھ قىلىپ ئىجازەت بەردىم ، يىگىرمە يەتتە كىشىدىن بۇ بەش كىشى ياركەندكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

پەقىر يىگىرمە ئىككى كىشى بىلەن ئاشۇ كۆرمىگەن يولغا كىردىم . [تاقىسى بولمىغانلىقتىن ، بىرنەچچە ئات تېيىلىپ كېتىپ يىقىلدى . ئىسكەندەر سۇلتان بىزدىن ئايرىلغان كۈنى پېشىن ۋاقتىدا ، بىر ياۋا قوتازنى ئۆلتۈردۇق . ئۇنىڭ تېرىسىدىن ئاتلارنىڭ پۇتىغا پايپاق ياسىدۇق ، گۆشىدىن ئالالىغۇدەكىنى ئالدۇق . چۈنكى ، بىزدە ئوزۇقلۇققا ئارپىنىڭ تالقىنىدىن بىر ـ ئىككى كۈنگىلا يەتكۈدەك قالغانىدى . بۇ قوتاز رىزقىمىزنى بەرگۈچى تەڭرىنىڭ بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن بىر نېمىتى بولدى . يول ئوزۇقىنى ئات ـ ئۇلاغلىرىمىز كۆتۈرەلىگۈدەك ئالدۇق ، تەخمىنەن بەش كۈنلۈك ئوزۇقىمىزغا يەتكۈدەك ئالغاندۇق . قوتاز گۆشىنىڭ ئاران تۆتتىن بىرىنىلا ئېلىپتىمىز ، قالغان قىسمى شۇ يەردە قالدى . ئۇنى ئېھتىمال شۇ تەۋەدىكى سار ، قارغا ـ قۇزغۇن قاتارلىق ئوۋ قۇشلىرى پۇتكۇل دالانى بېشىغا كىيىپ قاقىلدىشىپ تالىشىپ يەپ ، بىر ھەپتىگىچە توي ۋە بەزمە قىلىشقاندۇ . شۇ كۈنى بىز پەرەز بىلەن قىياس قىلىپ يول يۈردۇق . ئىككىنچى كۈنى تېخىمۇ يوغان بىر قوتازنى ئۆلتۈردۇق . بېيىت :

دىگەر روز بەئەز ئىتتىفاق ئۇفتاد ،
كى روز رەسان قۇتى روزەش داد .

(ئىككىنچى كۈنى بىز ئۇچۇن يەنە ئىگىمىز ،
يەتكۈزدى تىرىكلىك ئۇچۇن يەنە ئوزۇقىمىز . )]

يۇقىرىدا ئېيتقان جەھانشاھنىڭ دەپ بەرگىنىگە قاراپ ، يەنە ئالتە كۈندىن كېيىن بىر ئاۋات يەرگە يېتىمىز ، دەپ مۆلچەرلىگەنىدىم . [ئىسكەندەر سۇلتاندىن ئايرىلىپ] ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن چاشگاھ ۋاقتىدا [بىر مەھەللىگە يەتتۇق .] بىر نەچچە ئۆيلۈك كىشى بىزنى قارشى ئېلىپ ئالدىمىزغا چىقتى ۋە خۇشاللىق ئىزھار قىلىشتى . ئۇلاردىن بەدەخشاننىڭ يولىنى

سورىغانىدىم ، ئۇلار : «بۇ جىلغىنى راستىكام دەپ ئاتايدۇ . بۇ يەردىن پامىرغىچە بەش كۈنلۈك يول ، ھەربىر مەنزىلدە ئادەم بار» دېيىشتى .

بىز بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن نەچچە يىلدىن بېرى تارتقان مېھنەت ـ مۇشەققەتلەرنى ئۇنتۇپ راھەتلىنىپ ئارام ئالدۇق . ئۇلار ھېرىپ كۈچىدىن قالغان ئاتلىرىمىزنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ قاۋۇل ۋە كۈچلۈك ئاتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ بەردى ، يېمەك ـ ئىچمەكلىرىمىزنى تەييارلاپ بەردى . ئۇ كىشىلەردىن ھەرقايسىسى پەقىرنى كۆرسە ئىختىيارسىز ھالدا كۆز يېشى قىلاتتى . ئۇلار : «تۆت يۈز يىللىق پادىشاھلىرىمىزنىڭ ئەۋلادىدىن پەقەت سىزلا ھايات قېلىپسىز . ھەممىمىز سىزگە پىدا بولايلى ، پۈتكۈل مال ـ مۈلكىمىز سىز ئۈچۈن سەدىقە بولسۇن !» دېيىشتى ئۆزلىرىنىڭ تىلىدا .

پەقىر ھەربىر يۇرتقا يەتسەم ، شۇ يۇرتنىكى خەلق پەقىرگە پۈتكۈل ئائىلىسى بىلەن ھەمراھ بولاتتى . ئۇلار بىزنى بۇ يەتتە كۈن ئىچىدە يۈزلەرچە ئىززەت ، مىڭلارچە ئىكرام بىلەن پامىرغا يەتكۈزدى .[ئۇلار بىزگە ھەمراھ بولۇپ بەدەخشانغىچە بىللە بارماقـ چى ئىدى ، بىز ئۇلارغا قايتا ـ قايتا سۆزلەپ ئاران كۆندۇرۇپ] قايتىشقا ئىجازەت بەردۇق ، ئۆزىمىز بەدەخشانغا يۈردۇق .

نەچچە كۈندىن كېيىن بەدەخشانغا يېتىپ باردۇق ، مىرزاخاننىڭ ئوغلى سۇلەيمانشاھ مىرزىنىڭ مەنزىلىگە باردۇق . مىرزاخان پەقىرنىڭ ھاممامنىڭ ئوغلى بولۇپ ، ئۇ توغرىلىق ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئاخىرى توغرىلىق ئىلگىرى بىرنەچچە يەردە زىكىر قىلىپ ئۆتتۇلدى . سۇلەيمانشاھ مىرزا بىزنى قارشى ئېلىپ ئىستىقبالىمىزغا چىقتى ۋە قولىدىن كېلىدىغانلىكى خىزمەتلەرنى قىلچە كەمچىلىكسىز بەجا كەلتۈردى . ئاشۇنچىۋالا مۇشكۇلاتلاردىن كېيىن بۇ يەرگە يەتكىنىمىز ، ئاشۇنداق ھالاكەتلىك خەۋپ ـ خەتەرلەردىن خالاس بولۇپ بۇنداق خاتىرجەم ئەھۋالغا يەتكىنىمىز

ئۆچۈن تەڭرىمگە يۈز مىڭ تەشەككۈرلەرنى ئېيتتىم. [مىسرا:

مۇردە بۇدەمكى خۇدا جانى نەۋى داد مەرا.

(مۇردا بولغانتىم، خۇدا يەتكۈزدى يېڭى جان ماڭا.)

ئىلگىرى كۆپپارلارنىڭ ئېلىدە مىڭ قېتىــــملاپ شۇنداق دېگەنىدۇق:

بېيىت:

بەر سەرى كويى رەقىبان زىكرى ئان مەھ چۇن كۇنەم،
كافىرىستانەست ئان جا، ئەللاھ، ئەللاھ چۇن كۇنەم.

(ئۇ گۈزەلنى ئەسلىدىم رەقىپ يولىنىڭ باشىدا،
كاپىرىستاندۇر بۇ يەر، ئاللاھ ئۆزۈڭ بەرگىن پاناھ.)

بىز مانا ئەمدى مۇسۇلمانلار دىيارىغا يەتتۇق. رۇبائىي:

مەن بى تۇ دەمى قەرار نەتۋانەم كەرد،
ئېھسانى تۇرا شۇمار نەتۋانەم كەرد.
گەر بەرتەنى مەن زەبان شۇد ھەر مۇيى،
يەك شۇكرى تۇ ئەز ھەزار، نەتۋانەم كەرد.

(قانداقمۇ سېنىڭسىز سەۋر - قارار قىلغايمەن،
ئېھسانلىرىڭنى قانداق ھېسابلاپ بولغايمەن.
تېنىمدىكى ھەربىر تۈك ئەگەر بىردىن تىل بولسا،
مىڭ رەھمىتىڭدىن بىرىنى ھەم دەپ بولالمايمەن.)

بىز بەدەخشاننىڭ چېگرىسى ۋەخان[①] دېگەن يەرگە كەلگىنىد.

① ۋەخان — جۇڭگو، پاكىستان ۋە تاجىكىستان بىلەن تۇتىشىدىغان جاي بولۇپ، ۋەخان كارىدورى دەپ ئاتىلىدۇ (مۇھەررىردىن).

مىزدە ، رەشىد سۇلتاننىڭ بىر مۇلازىمى بىر ئىش بىلەن ئۇ يەرگە كەلگەنىكەن ، مېنىڭ يېنىمغا كەلدى . پەقىر تۈركىي تىلدا قىتئە ئېيتىپ ، ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ رەشىد سۇلتانغا ئەۋەتتىم . تۈركىي قىتئە :

شەرتى ئەھدۇ ۋەفاۋۇ مېھرىڭنى ،
بارچەسىنى ئەجەب ئەدەم قىلدىڭ .
مەزھەبىڭدە جەفا كەرەم ئېرمىش ،
بارىكەللاھ ، بەسى كەرەم قىلدىڭ .

بېيىت :

گەر بەنالەم زى دىل خارە بەرئايەد نالە ،
ۋەر بەگىريەم زى گىل تىيرە بەرويەد لالە .

(گەر يىغان چەكسەم ، ئېرىپ تاشمۇ قىلار نالە ،
يىغلىسام ، چاچار يۈزىگە قارا تۇپراق لالە . )

بۇلارنى يېزىشتىن مەقسەت شۇكى ، جاپاكار كىشىلەرنىڭ يەتكۈزگەن ئازار ـ كۆلپەتلىرىدىن داد ئېيتىش ئەمەس ، بەلكى سۆزنىڭ مۆرتى كەلگەندە بايان قىلغان ئويلىرىمىز ئارقىلىق ئۇلۇغلارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىگە دەلىل بولۇشتىن ئىبارەت . مەسنەۋى :[1]

سىبھ كەسى را شىنۇدەمكى غەيبەت رەۋاست ،
ۋەزىن دەر گۇزەشتەن چەھارۇم خەتاست .

---

① پارىچە بىرىنچى نۇسخىدە «مەسنەۋى» ، پارچە ئىككىنچى نۇسخىدا «نەزم» دېيىلگەن .

يەكى پادشاھى مەلامەت پسەند ،
كەزۇ بەردىلى خەلق ئايەد كەزەند .

(غەيۋەت قىلسا راۋامىش ئۈچ خىل كىشى ئۈستىدە ،
كەچۈرسىمۇ تۆت قېتىم ، خاتالاشسا ئۇ يەنە .
يەنە بىرى ئۇلاردىن : مالامەتخور پادىشاھ ،
خەلق ئۇنىڭ دەستىدىن كۆڭلى سولغۇن ، چېكەر ئاھ .)]

ئەگەر جاپاكارلارنىڭ جاپاسىنى بايان قىلغىلى تۇرسام ، ئايرىم بىر كىتاب يازسام بولىدۇ . رەشىد سۇلتاننىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ تەپسىلاتى خۇدا خالىسا «تارىخى ئەسل»دە بايان قىلىنغۇسى ، شۇڭا ئۇنى بۇ يەردە تەكرار بايان قىلىش نامۇۋاپىق كۆرۈلدى .

قىسقارتىپ ئېيتقاندا ، مۇشۇ ئەسنادا رەشىد سۇلتان ئۆزىنىڭ ھاممىسى ، يەنى پەقىرنىڭ خوتۇنىغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئۇنىڭغا ئىسكەندەر سۇلتاننى قوشۇپ ھەيدەپ چىقىرىپتۇ . بەدەخشاندا تازا قىيىنچىلىق ۋە تەڭلىك تارتىپ تۇرۇۋاتقاندۇق ، ئۇلار چارۋا ۋە باشقا دۇنيا ئەسۋابلىرىدىن خېلى نەرسىلەرنى بىللە ئېلىپ كەلگەنىكەن . [رەشىد سۇلتان ياخشىلىق قىلىپ ئۇن ئۆيلۈك كىشىنى مال - مۈلۈكلىرى بىلەن قوشۇپ چىقىرىۋەتكەنىكەن ، ئۇلار يېتىپ كەلدى .]

دېمەك ، بۇلار يېتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ قىشنى بەدەخشاندا تىنچ ، پاراغەتتە ئۆتكۈزدۇق . باھارنىمۇ بەدەخشاننىڭ تاغ ۋە سەھرالىرىدا ئۆتكۈزۈپ ، تومۇز پەسلىدە كابۇلغا كەلدۇق .[رەشىد سۇلتان مېنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىمنىڭ ئارقىسىدىنلا خاننىڭ قەدىرلىك ھەرىمى ، پەقىرنىڭ ھامامىنىڭ پەرزەنتى بولمىش زەينەپ سۇلتان خانىمنى ، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ، يەنى خاننىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى ئىبراھىم سۇلتاننى ، مۇھسىن سۇلتاننى ۋە مۇھەممەديۇسۇف سۇلتاننى قوغلاپ چىقاردى . بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ھەممىسى كابۇلغا كېلىپ جەم بولدى .] شۇنىڭدىن كېيىن پەقىر

ھىندىستانغا قاراپ يۈردۈم، لاھورغا يېتىپ كەلدىم. بابۇر پادىشاھنىڭ ئوغلى كامران مىرزا لاھوردا[1] ئىكەن. ئۇ پەقىرنىڭ كەلگىنىمگە ئىنتايىن خۇشال بولۇپ ھەددىدىن ئارتۇق ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قارشى ئالدى، شاھانە ئىلتىپات ۋە خاقانلارچە مەرھەمەتلەر بىلەن ئەزىزلىدى. ئاشۇنداق ۋەھىمە ـ ۋەھشەتتىن كېيىن مۇشۇنداق ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە يېتىشتۇق. [ «بوستان» دىن كەلتۈرۈلگەن بۇ بىرنەچچە بېيىت بىزنىڭ ئەھۋالىمىزغا ماس كەلگەچكە، بۇ يەردە نەقىل قىلىندۇ. نەزمىي ھېكايەت:

كەسى دىيد سەھرايى مەھشەر بەخاب،
مىسى تەفتە روي زەمىن زى ئافتاب.

ھەمى بەر فەلەك شۇد زى مەردۇم خۇرۇش،
دىماغ ئەز نەفەس مىبەر ئامەد بەھۇش.

يەكى شەخس ئەزىن جۇملەئى سايەئى،
بەگەردەن پۇر ئەز ھۇللە پىرايەئى.

بەپۇرسىد كەي مەجلىس ئارايى مەرد،
كى بۇد ئەندەرىن مەجلىسەت پايى مەرد.

رەزى داشتەم بەر دەرى خانە گۇفت،
بەسايە دەرەش نىك مەردى بەخۇفت.

دەر ئان ۋەقتى نەۋمىدى ئان مەردى راست،
گۇناھەم زى دارايى داۋەر بەخاست.

---

① موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قولىيازمىسىدا «كابۇلدا» دەپ يېزىلىپ قالغان، پارسچە بىرىنچى، ئىككىنچى نۇسخىلاردا ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «لاھوردا» دېيىلگەن، تۈزىتىپ ئېلىندى.

كى يارەب ، بەرىن بەندە بەخشايىشى ،
كەزۇ دىيدە ئەم ۋەقتى ئاسايىشى .

چۇ گۇفتەم چۇ ھەل كەردەم ئىن راز را ،
بىشارەت خۇداۋەند شىراز را .

كى جۇمھۇر دەر سايەئى ھىممەتەش ،
مۇقىم ئەند بەر سۇفرەئى نىئمەتەش .

دەرخت ئەست مەردى كەرەم باردار ،
ئەزۇ بۇگزەرى مىنەرەم كوھسار .

بەسى پايدار ، ئەي دەرەختى ھۇنەر ،
كى ھەم مىۋە دارىيۇ ھەم سايەۋەر .

ھەتەبرا ھەمى تىشەبەر پەي زەنەند ،
دەرەختى بەرۇمەندرا كەي زەنەند .

(قىيامەتنى كۆردى چۇشىدە بىرى ،
زېمىن مىس كەبى قىزىغان كۇنلىرى .

پەلەككە يېتەتتى پىغان ، نالە - زار ،
نەپەس سىقىلىپ ، بارچە ئەقىلدىن ئازار .

بىرى سايىدا ئولتۇرار بەھۇزۇر ،
پاراغەت سۇرۇپتۇ كىيىنىپ پۇزۇر .

ئۇنىڭدىن سورىدى : «ئەزىز بەختىيار ،
نە ئىشتىن بۇ راھەت ساڭا بولدى يار ؟»

دېدى : «تال يېتىشتۇردۇم ئۆي ئالدىدا ،
ئۆتەتتى كۇنۇم كەچكىچە سايىدا .

ئەجەل يەتتى ، سورىدى ئىلاھىم مېنىڭ ،
ھاياتىمدا قىلغان گۇناھىم مېنىڭ .

دېدىم : ئەي ئەپۇچان ، كەرەملىك ئىگەم ،
پاراغەتتە ئۆتتى كۈنۈم ئاندا ھەم . »

دېمەك ، بولدى سىر ئاشكار ، مۇشكۇل ھەل ،
شىراز ھاكىمىغا دېدى دەرمەھەل .

كى شاھلار ئۇچۇن سايىدۇر ھىممىتى ،
شىجائەت ئېرۇر دائىمىي نېمىتى .

كەرەملىك كىشى ھەم دەرەختۇر گويا ،
قىلۇ تاغۇ سەھرانى ئۇ خۇش ھاۋا .

ھۇنەر ھەم دەرەختۇر تولا پايدىسى ،
ھۇزۇر بەرگۈسى مېۋە ھەم سايىسى .

ئوتۇن پەيلىرىن پالتا كەسكەي ھامان ،
ھوسۇللۇق دەرەخنى كېسەر كىم ، قاچان ؟ )

كامران مىرزىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەندىن كېيىن جانلىرىم جاپادىن ئامان بولدى . بېيىت :

جان رەمىد ئەز تەن بەكۇيەش ئارامىد ،
ئەز قەفەس مۇرغى بەگۇلزارى فەتاد .

(جان چىقىپ تەندىن ، يولۇڭدا توختىدى ،
قۇش قەپەستىن چىقتى گۇلزار ئۈستىگە . )

تۈرلۈك شاھانە ئىنايەت، خاقانلارچە مېھىر - شەپقەتلەرنى كۆرۈپ بېشىمغا چۈشكەن ئازاب، تۆھمەت، ئازار، كۈلپەت ۋە ھەسرەتلەر تارقىلىپ كەتتى. ھايات قىسمەتلىرىدىن جانلىرىم ئېغىزى ئاچچىق بولغانىدى، بۇ كاتتا ئىلتىپات ۋە يېقىملىق مۇئامىلە ۋە ئىنايەتلەرنىڭ تەرياكلىرى ۋە شەربەتلىرى بىلەن شىپالىق تاپتى. نەزم:

بىرۇن بىنەم ئەۋسافى شاھ ئەز ھېساب،
نەگۇنجەد دەرىن تەڭگى مەيدان كىتاب.
دەر ئان جۇملە را سەئدى ئىنشا كۇنەد،
مەگەر دەفتەرى دىگەر ئىملا كۇنەد.

(ساناق كەم بۇ شاھنىڭ سۈپەت - شەنىگە،
ئۇ سىغماس بۇ قىستاڭ كىتاب سەھنىگە.
بۇ ھەقتە ئەگەر سەئدى يازسا شۇ تاپ،
پۈتۈپ چىققاي ئىدى يېڭى بىر كىتاب.)]

شۇ ئەھۋال ئەسناسىدا شاھ ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادىدىن بىرى كېلىپ قەندەھارنى ئالدى. بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:
شاھ ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادىدىن سام مىرزا ئاتلىق بىر ئوغلى بار ئىدى، ئۇ شاھ توھماسىپتىن قېچىپ سىيستان چېگرىسىغا كەلدى، ئاندىن قەندەھارغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. قەندەھاردا ھۇمايۇن پادىشاھ تەرەپتىن ئەمىر ئەمىن خاجەئى كەلان ھۆكۈمەت باشقۇرۇۋاتاتتى. بۇ ئەمىر خاجەئى كەلان مەۋلانا سەدرىددىننىڭ[①] ئوغلى، مەۋلانا سەدرىددىن بولسا سۇلتان ئەبۇسەئىدنىڭ ئوغلى ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ھۆكۈمىتىدە كاتتا تايانچ شەخس ئىدى.

---

① بۇ ئىسىم پارسچە بىرىنچى، ئىككىنچى نۇسخىلاردا، تېھران نەشرىدە ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «مەۋلانا مۇھەممەد سەدر» دېيىلگەن.

مەۋلانا سەدرىددىننىڭ ئوغۇللىرى ئۆمەر شەيخ مىرزىدىن قالغان مىراس تەرىقىسىدە بابۇر پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتاتتى ، بابۇر پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە ئۇلارنىڭ قولىدىن كارامەت ئىشلار ۋۇجۇدقا كەلدى . بۇ خاندانداا ئۇلارنىڭ تەرىپ - تەۋسىپلىرى ناھايىتى كۆپ . بابۇر پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئۇرۇشتا ئۇلاردىن ئالتە ئاكا - ئۇكا بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئۆلۈپ كەتكەندى . بۇ قېرىنداشلار ئىچىدىن پەقەت مۇشۇ ئەمىر خاجەئى كەلانلا قالغاندى . ئەمىر خاجەئى كەلان ئالىم ۋە پەزىلەتلىك ، باتۇر ۋە شىجائەتلىك كىشى بولۇپ ، ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچلۈك تەدبىرى ۋە مەملىكەتكە زىننەت بەرگۈچى پىكىرلىرى بىلەن بابۇر پادىشاھ سەلتەنىتىنىڭ بارلىق مۇھىم ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ تۇراتتى . بابۇر پادىشاھنىڭ ھىندىستاننى ئىشغال قىلىشى تەڭرىنىڭ تەقدىرى بىلەن ئەمىر خاجەئى كەلاننىڭ تەدبىرى سەۋەبىدىن بولغاندى . دېمەك ، سام مىرزا قەندەھارغا يېتىپ كەلدى . ئەمىر خاجەئى كەلان قەندەھار قەلئەسى ئىچىگە مۇستەھكەم بېكىنىپ قەلئەنى چىڭ ساقلىدى . سام مىرزا قەلئەنى سەككىز ئايغىچە قورشاپ كۆپ تىرىشچانلىق بىلەن تۇتۇشقان بولسىمۇ ، ھېچقانداق چارە - تەدبىر بىلەن بۇ قەلئەنى ئالالمىدى . سەككىز ئايدىن كېيىن كامران مىرزا ھىندىستاندىن قەندەھارغا كەلدى - دە ، قەندەھار دەرۋازىسى ئالدىدا سام مىرزا بىلەن ئۇرۇش قىلدى . ئىچكى تەرەپتىن ئەمىر خاجەئى كەلاننىڭ شىجائىتى ، تاشقىرىدا كامران مىرزىنىڭ مۇستەھكەم پۇت تىرەپ تۇرۇشى سەۋەبىدىن غەلىبە شامىلى كامران مىرزا تەرەپكە قاراپ ئەستى . سام مىرزا مەغلۇپ بولۇپ ۋەيرانە ۋە پاراكەندە ھالەتتە ئىراق تەرەپكە قاراپ قاچتى ، كامران مىرزا لاھورغا قايتىپ كەلدى . شۇ كۈنلەردە پەقىر كابۇلدىن لاھورغا يېتىپ باردىم . بۇ قىش تىنچ - ئامانلىق بىلەن ئۆتتى .

باھار پەسلى يېتىپ كېلىش بىلەنلا شاھ توھماسىپ ئىنىسى

سام مىرزىنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن قەندەھار ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى.

توھماسپنىڭ كۆچى شۇ قەدەر زور ئىدىكى، ئۇ ھەر قېتىم خوراسانغا قاراپ يۈرۈش قىلسا، ئەبدۇللاخان[1] شۇنچە جاسارەتلىك تۇرۇپ، ئۆزبېكلەر شۇنچە كۆپ بولسىمۇ تاقابىل تۇرۇش ئورنىغا يىراقلىشىشقا، پۈت دەسسەپ تۇرۇش ئورنىغا قېچىشقا قاراپ يۈزلىنەتتى. [بېيىت:

گەر تۇ ئەزمى بېھىشت خاھى كەرد،
دېگەران دەۋرەخ ئىختىيار كۇنەند.

(سەن بېھىشگە ئەگەر سەپەر قىلساڭ،
باشقىلار دوزاخ ئىختىيار قىلغاي.)

دېمەك، شاھ توھماسپنىڭ لەشكەرلىرى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتى قىياس قىلغاندىن زىيادە ئىدى. شۇڭا، ئەمىر خاجەئى كەلان بۇ قېتىم قەلئەنى ساقلاش پىكرىدىن ۋاز كەچتى. چۈنكى، بۇ شەھەر تېخى ئۆتكەن يىلىلا سەككىز ئاي مۇھاسىرە ئىچىدە تۇرغانلىقتىن قەلئەنى ساقلايدىغان بارلىق ماددىي ئەشيا ۋە ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەر ئىشلىتىلىپ تۈگىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كامران مىرزىنىڭ ۋاقتىدا كېلىپ، ئۇلارنى توھماسپنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتقۇزالىشىغا ئۈمىد چوڭ ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئەمىر خاجەئى كەلان ئىلاجسىز قەندەھارنى تاشلاپ ئۈچ بىلەن تەتتەگە كەلدى، ئاندىن ئۇ يەردىن لاھورغا كەلدى.

بۇ خەۋەر كامران مىرزىغا يەتكەندىن كېيىن قەندەھارغا يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدى. شۇڭا، پۈتكۈل ھىندىستان

---

① بۇ ئىسىم پارسچە بىرىنچى، ئىككىنچى نۇسخىلاردا، تېھران نەشرىدە ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «ئۇبەيدۇللاھخان» دېيىلگەن.

تەۋەسسىدىكى ئۆزىگە قاراشلىق ھەممە جايلارنى ، دىۋان مەنسەپدارلىرى بىلەن مەملىكەت ئەمەلدارلىرىنى پۈتۈنلەي پەقىرگە تاپشۇردى . پۈتكۈل مەملىكەت ئىچىنى ، ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ۋە مەملىكەت ئىشلىرىنىمۇ پەقىرگە بېرىپ ، ئۆزى قەندەھارغا يۈرۈپ كەتتى .

كامران مىرزا قەندەھارغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن شاھ توھماسپنىڭ ۋەكىللىرى سۇلھى تۈزۈپ ، قەندەھارنى كامران مىرزىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ئىراققا قايتىپ كەتتى . كامران مىرزىنىڭ بۇ سەپىرى بىر يىلدىن ئۇزۇنراق مۇددەتكىچە سوزۇلدى .

بۇ مۇددەت ئىچىدە پەقىر مەملىكەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئىمكانىيىتىمنىڭ يار بېرىشىچە ناھايىتى جىددىي تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم . مەملىكەت ئىشلىرىنىڭ تەرتىپ - ئىنتىزامى ، ئېلىق - سېلىق ئىشلىرىنىڭ مۇۋاپىق ئىدارە قىلىنىشى ، قارشىلاشقانلارنى ، دىندىن يانغانلارنى بويسۇندۇرۇش ، مەملىكەت چېگرىسىنى قوغداش ، ئىسلام شەرىئىتىنى مۇستەھكەملەش قاتارلىق مۇھىم ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق يۈرۈشلەشتۈرۈپ باشقۇردۇم .

كامران مىرزا غەلىبە - نۇسرەت بىلەن پايتەخت لاھورغا قايتىپ كەلدى . پەقىرنىڭ مائاشىمنى ئىلگىرى ئون بەش لەك شاھرۇخى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى ، بۇ قېتىم ئەللىك لەك مەۋاجىب (مائاش ) تەيىنلىدى ۋە يۇقىرى ئىززەت - ئىكرام ، زىيادە ئىلتىپات - ئىنئاملار بىلەن زامانداشلىرىم ئارىسىدا ئەزىز ، مۇمتاز قىلدى . ھىندىستان ھېسابى بويىچە بىر لەك ئادەتتە يىگىرمە مىڭ شاھرۇخىغا توغرا كېلىدۇ ، ھەربىر شاھرۇخى ھازىرقى ئايلىنىۋاتقان مۇئامىلىدە بىر مىسقال كۈمۈشكە باراۋەر كېلىدۇ .

## بىر يۈز ئون بىرىنچى باب

# بابۇر پادىشاھنىڭ ئوغلى ھۇمايۇن پادىشاھ-نىڭ ئەھۋالى، ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئاخىرىنىڭ بايانى

ھۇمايۇن پادىشاھ بابۇر پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدە ئەڭ چوڭى ۋە ئەڭ ئىقتىدارلىقى ئىدى. يۇقىرى تەبىئەت (تالانت) ۋە ئالىي دەرىجىدىكى تۇغما ئىقتىدار جەھەتتە ئۇنداق كىشىنى كەم ئۇچراتقانىدىم. لېكىن، ئەتراپىدىكى نەپسى يامان ئەربابلارنىڭ ۋە خىزمەتچىلىرىنىڭ يامان قىلىقلىرىغا ئارىلىشىپ قالغانلىقتىن بەزى ناچار سۈپەتلەرنىمۇ يۇقتۇرۇۋالغانىدى، جۈملىدىن مەۋلانا مۇھەممەد پەرغەرى ۋە باشقا بىرنەچچە ھەمسۆھبەتلىرى خالايىق ئارىسىدا تاپا - تەنە ۋە غەيۋەت - شىكايەتلەرگە سەۋەب بولىدىغان ئەپيۇن ۋە باشقا نامۇناسىپ ئىشلارنىڭ پادىشاھتا سادىر بولۇشىغا زامىن بولغانىدى. ئۇنداق بولمىغىنىدا ھۇمايۇن پادىشاھنىڭ تۇغما تەبىئىتىگە پۈتۈنلەي ھەر خىل پەزىلەت ۋە كامالەتلەر جەملەنگەن ۋە مۇجەسسەملەشكەنىدى. ئۇنىڭ جەڭگىۋارلىقى، شىجائىتى، مۇستەھكەم ئىرادىسى گوياكى تاغ كەبى ئىدى، بەزمىلەردىكى يېقىملىق خۇي - پەيلى ۋە ساخاۋەتلىك قوللىرى خۇددى دەريادەك ئىدى، شائىر ئەنۋەرى بۇ شېئىرنى ئېھتىمال شۇنىڭ شەنىگە ئاتاپ ئىجاد قىلغانمىدىكىن. نەزم:

دىل ئەگەر بەھرۇ دەست كان ئېرمىش،
دىلۇ دەستى خۇدايگان ئىرمىش.

دىمەك، ئۇ ئالىي مەرتىۋىلىك، ئۈستۈن ھىممەتلىك ۋە ھەيۋەت - ھەشەمەتلىك پادىشاھ ئىدى. پەقىر ئەگەرەدە ئۇنىڭ مۇلازىمىتىگە يەتكەندىم، بۇ پات يېقىندا زىكىر قىلىنغۇسى. بۇ ۋاقىتلاردا خالايىق: «ھازىر ھۇمايۇن پادىشاھنىڭ ئىلگىرىكى بۈيۈكلۈكى ۋە شان - شەۋكەتلىرىدىن مىڭدىن بىرىمۇ قالمىدى» دېيىشىۋاتاتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي گانگ دەرياسى[1] بويىدا پۈتكۈل ئىشلارغا پەقىر مەسئۇل بولغاندىم، ئۇنىڭدىن ھۇنەر ئۆگەنگۈچى شاگىرتلارنىڭ ئون يەتتە مىڭ كىشى ئىكەنلىكىنى ھېسابلاپ چىققاندىم. ئۇنىڭ باشقا پەزىلەت ۋە خىسلەتلىرىنى مۇشۇنىڭدىن قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

بۇ ۋەقەنىڭ قىسقىچە زىكرى شۇكى، كامران مىرزا بىرىنچى قېتىم قەندەھارغا يۈرۈش قىلغاندا، [ھۇمايۇن] پادىشاھ گۇجەراتقا يۈرۈش قىلدى ۋە گۇجەراتنى ئۆزىگە قاراتتى. لېكىن، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئىقتىدارسىز ئەمىرلەرنىڭ نالايىق ئىشلىرى تۈپەيلىدىن يەنە گۇجەراتنى تاشلاپ قايتىپ كەلدى. بۇ ئىش پادىشاھلىق شان - شەۋكىتىنىڭ ھۆسنىگە بىر قارا داغ ۋە بەخت - تەلەيىنىڭ يانغانلىقىغا بىر نىشان بولدى - دە، پادىشاھنىڭ ھەيۋەتلىك ۋە مۇستەھكەملىك سالاپىتى خالايىقنىڭ كۆڭلىدە ئاجىزلاشقا باشلىدى. بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ يەنە ئاز پۇرسەتتىن كېيىن [ھۇمايۇن] پادىشاھ يەنە گۇجەراتتىن يەتكەن شىكەستىلىكىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن بەنگالەگە يۈرۈش قىلدى. بەنگالەنىمۇ ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا كىرگۈزدى ۋە بىرنەچچە مۇددەت ئۇ يەردە ھايال بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

ھىندال مىرزا [ھۇمايۇن] پادىشاھنىڭ كىچىك ئىنىسى ئىدى، ئەگەرەدە تۇراتتى. شىرخاننىڭ باركۇن چېگرىسىدىكى رۇھتاستىن ئەگرەگە يۈرۈش قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ھىندال مىرزا

---

① گانگ دەرياسى — ھىمالايا تېغىنىڭ جەنۇبىي باغرىدىن باشلىنىدىغان، ھىندىستان ۋە بېنگالدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان جەنۇبىي ئاسىيادىكى چوڭ دەريا (مۇھەررىردىن).

[هۇمايۇن] پادىشاھنىڭ پىرى شەيخ پۇلنى ئۆلتۈرۈپ خۇتبىنى ئۆز نامىغا ئوقۇتتى، سەلتەنەت ناغرىسىنى قارىمۇقارشىلىق كەسمىلىرى بىلەن ئاشكارا چېلىشقا باشلىدى. «قەيەرگە قارىمۇقارشىلىق كەلسە، شۇ يەردىن بەخت - دۆلەت كېتىدۇ» دەيدىغان مەشھۇر ماقال بار.

بۇ خەۋەر بەنگالەدە تۇرۇۋاتقان ھۇمايۇن پادىشاھقا ئىشىتىلدى. [ھۇمايۇن] پادىشاھ بەنگالەنى ئىبراھىم بەگچەك موغۇلنىڭ ئوغلى جەھانگىرقۇلىغا تاپشۇردى، جەھانگىرقۇلنى بەش مىڭ ئەسكەر بىلەن بەنگالەدە قويۇپ ئۆزى ئەگرەگە قاراپ يۈزلەندى.

ھىندال مىرزا خۇتبىنى ئۆز نامىغا ئوقۇتقان بولسىمۇ، لېكىن ھۇمايۇن پادىشاھنىڭ ھىندىستان ئەتراپىدىكى ئەمىرلىرىدىن ھېچقايىسىسى ھىندال مىرزىغا بويسۇنمىدى. ھىندال مىرزىمۇ ئۆزىنىڭ تەدبىرسىزلىكى ۋە تەلىيىنىڭ كاجلىقى تۈپەيلىدىن شىرخانغا قارشى تۇرۇشنى تاشلاپ قويۇپ، ئالدى بىلەن ھۇمايۇن پادىشاھنىڭ مەملىكىتىنى ئىگىلەش پىكرىگە چۈشتى. «دوستلارنىڭ ئىشىنى پۈتكۈزگىن، دۈشمەن ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلغاي» دېگەن ماقالدا ئېيتىلغىنىدەك، ھىندال مىرزا دېھلى شەھىرى[1]گە قاراپ يۈرۈش قىلدى. دېھلى پۈتكۈل ھىندىستاننىڭ پايتەختى ئىدى، دېھلىنىڭ ھاكىملىرى [ھۇمايۇن] پادىشاھنىڭ ئەمىرلىرى ۋە مۇلازىملىرىدىن ئىدى. ئۇلار ھىندال مىرزىغا دېھلىنى بەرمىدى، ئىككى تەرەپ قاتتىق ئۇرۇشتى. دېھلى خەلقى دۈشمەنگە قۇلايسىز، دوستلارغا پايدىلىق ھالەتتە تۇردى. شۇڭا، ھىندال مىرزا ئۇرۇشقا مەشغۇل بولىۋەردى.

شۇ ئەسنادا ھۇمايۇن پادىشاھ بەنگالەدىن يۈرۈپ، چەۋسە بىلەن پايەككە يېتىپ كەلدى. شىرخان پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ پادىشاھنىڭ يولىنى توستى. ئەمما، پادىشاھ لەشكىرىنىڭ ئاتلىرى

---

[1] دېھلى — ھازىرقى ھىندىستاننىڭ ئۇتتار پرادېش ۋە خاريانا شتاتى ئارىلىقىدىكى مەركەزگە قاراشلىق رايون (مۇھەررىردىن).

بەنگالەدە پۈتۈنلەي نابۇت بولغان ، لەشكەرلىرىمۇ هارغىن ۋە ماغدۇرسىزلانغانىدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە هىندىستانىنىڭ يامغۇرى ياغقىلى تۇردى . شۇڭا ، ئۇ شىرخانغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۈچ ئاي تۇرۇپ قالدى . هۇمايۇن پادىشاهنىڭ يېنىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئادەم كېلىپ : «هىندىستان مەملىكىتىنىڭ توپىلاڭچىسى شىرخان-دۇر . ئۇ بىز بىلەن تۇتۇشقىلى كەلدى ، قېرىنداشلىرىم تېز يېتىپ كېلىڭلار ، شىرخانىنى تارمار قىلايلى» دېگەن مەزمۇندىكى مەكتۇپلارنى يەتكۈزۈۋاتاتتى . ئەمما ، قېرىنداشلىرى دۈشمەنلىككە مەشغۇل بولغاچقا ، دۈشمەن خاتىرجەم ئىدى . بۇ خەۋەرلەر كامران مىرزىغا يەتتى ، ئۇ دەرهال لەشكەرلەرنى ئېلىپ دېھلىغا يۈزلىنىپ هىندال مىرزا ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى ، هىندال مىرزا كامران مىرزىغا تاقابىل تۇرالماي قېچىپ كەتتى . هۇمايۇن پادىشاهنىڭ ئەمىرلىرى كامران مىرزىنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى ، كامران مىرزىنىڭ كەلگەنلىكى خالايىققا كۈچ ـ قۇۋۋەت بەردى . كۆپلىگەن تەجرىبىلىك ۋە تەدبىرلىك كىشىلەر كامران مىرزىنى چەۋسەگە لەشكەر باشلاپ بېرىپ ، هۇمايۇن پادىشاهقا ياردەم قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى . ئەمما ، كالتە پەم ۋە ئەقىلسىز كىشىلەر ئۇنىڭ ئەكسىنى تەرغىب قىلىشىپ : «چەۋسەگە بېرىش — پادىشاهنى قۇتقۇزۇپ دۈشمەننى يوقىتىش بىلەن بىللە ، يەنە بىزنىڭ تۇتقۇن بولۇشىمىزغا سەۋەب بولغۇسى» دېيىشتى . كامران مىرزىمۇ گۆدەكلىكى ، تەجرىبىسىزلىكى تۈپەيلىدىن مۇنۇ سۆزدە ئېيتىلغىنىدەك :

مىسرا :

كېرەك پىرلار بولسە لەشكەرگە باش .

ئاشۇ ئەقلى چولتا كىشىلەرنىڭ نالايىق تەدبىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە چەۋسەگە لەشكەر تارتىشنى ئارقىغا سۈردى . تەدبىرلىك كىشىلەر : «ئەگەر چەۋسەگە لەشكەر تارتىشنى ئارقىغا سۈرىدىغان بولساق ، لەشكىرىي ئەسلىهەلەرنى زايە قىلماي ئۆز ئورنىمىزغا

يانايلى . ھەركىم ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ ئۇرۇش ئەسۋابلىرىنى تولۇق تەييارلىسۇن ، ئەگەر شىرخان [ھۇمايۇن پادىشاھنىڭ] لەشكىرىنى يەڭسە ، بىز ئارىغا چۈشۈپ ئۇرۇش قىلىشقا تەييار تۇرايلى . پادىشاھ ئەگەر شىرخان ئۈستىدىن غالىب كەلسە ، ئۇ چاغدا مەقسىتىمىزگە يەتكىنىمىز شۇ » دېيىشتى . [ئۇ رەزىل كىشىلەر بۇنىڭغىمۇ كۆنمەي قوشۇلمىدى . ئۇلار : «ئەگەر ھۇمايۇن پادىشاھ شىرخاننى يوقاتسا ، دەرھال بىزدىن ئۆچ ئالىدۇ » دېيىشتى . ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاقلاش ئۈچۈن «قۇرئان »دىكى : «مۇناپىقلار كۇپرى بىلەن ئىمان ئارىسىدا ئارىسالدى بولۇپ تۇرىدۇ ، يا ئۇلارغا ، يا بۇلارغا مەنسۇپ ئەمەس »① دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان ھالدا] ئەگرەگە يۈرۈپ كەتتى ، ئەگرەدە بىر ئايدىن ئارتۇقراق تۇرغاندى ، ئۇ يەرگە ھۆل - يېغىن پەسلىدە [ھۇمايۇن پادىشاھ] يېڭىلگەن ۋە پاراكەندە بولغان ھالەتتە يېتىپ كەلدى ، ھەممە قېرىنداشلار بىر يەرگە يىغىلدى . بۇ ۋەقە تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 946 - يىلى سەپەر ئېيىدا② بولغاندى .

## بىر يۈز ئون ئىككىنچى باب

# [گانگ دەرياسى ساھىلىدىكى ئۇرۇشنىڭ بايانى]

ھەممە قېرىنداشلار بىر يەرگە جەم بولغاندىن كېيىن ئۇلار بۇ ھادىسىلەر خۇسۇسىدا كېڭەش قىلىشقا ۋە لايىھەلەرنى تۈزۈشكە

---

① «قۇرئان كەرىم» ، 4 - سۈرە نىسا ، 143 - ئايەتنىڭ باش قىسمى .
② ھىجرىيە 946 - يىلى سەپەر ئېيى مىلادىيە 1539 - يىلى 7 - ئايغا توغرا كېلىدۇ . تاشكەند رۇسچە نەشرىدە بۇ ۋاقىت «ھىندىستان تارىخى »دىن نەقىل ئېلىنىپ «7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى »دەپ ئىزاھلانغان .

كىرىشتى . تولا گەپ - سۆزلەر ۋە ئەھۋاللار بولدى ، بۇلارنى شەرھلەشنىڭ مەقسىتىمىز بىلەن ئالاقىسى يوق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزىپ شەرھلەشكە لاياقىتى توشقۇدەك بىرەر مەسلىھەت سۆزىمۇ ئارىغا چۈشمىدى . خۇددى بۇرۇنقىلار ئېيتقاندەك ، تەلەي كاج كەلسە ، ئەقىل خىرە بولىدىكەن . كامران مىرزا قايتىپ كېتىشنىڭ ئارزۇسىدا ھەددىدىن ئارتۇق تەقەززا بولدى . كامران مىرزا قايتىپ كېتىش ئارزۇسىدىن باشقا ھەرقانداق پەرماننى جاكارلىغان بولسىمۇ ، ھۇمايۇن پادىشاھ ئۇنى تولۇق قوبۇل قىلغان بولاتتى ، لېكىن بۇ ئارزۇسىغا كۆنمىدى . كامران مىرزا قايتىپ كېتىش پىكرىدە ئالتە ئايغىچە قەتئىي چىڭ تۇرۇۋالدى . ئاخىر ۋاقىت قىستاپ قالدى ، شىرخان ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن گانگ دەرياسى بويىغا كېلىپ قالدى . [نەزم :

مەرگ ئامەدەۋۇ نىشەستە دەرپىش ،
تۇ دەر پەي ئىنۇ ئان فەتادە ،
دەر غەفلەتۇ قىللەتى تەجارىب ،
مىسى تۇ كەسى نەدىد سادە .
ئىن جۇملە ئەزايىمۇ زى دىلرا ،
ئەزلادگىھا زى دەستى دادە .

(ئەجەل كېلىپ ئولتۇرماقتا ئالدىڭدا ،
سەن يەنىلا ئۇنىڭ - بۇنىڭ پېيىدا .
غەپلەت باسقان ، تەجرىبىسىز ساددىدىن ،
سەندەك يەنە بىرى يوقتۇر جاھاندا .
ساددىلىقتىن ، ئەقىلسىزلىك دەستىدىن ،
ھەممىسىدىن ئايرىلدىڭ سەن ئارماندا . )]

ئەنە شۇنداق تالاش - تارتىشلارنى قىلىپ قايتىپ كېتىشنى قەتئىي تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاتقاندا ، كامران مىرزا نەچچە خىل كېسەلگە مۇپتىلا بولدى . ھىندىستاننىڭ ھاۋاسى ۋە سۈيى ئۇنىڭغا

مۇۋاپىق كەلمىدى . ئۇنىڭدا ئىشتىھايى كازىب (يالغان ئىشتىھا)
پەيدا بولۇپ ئاشقازىنى بۇزۇلدى ، يەنە كېلىپ تاماق مۇۋاپىق
كەلمەي بوۋاسىر بولۇپ ، مەقەتكە يالاۇغ ، ئىششىق ۋە ئۆسمە پەيدا
بولدى ، مەقەت ئەتراپى تىلىم ـ تىلىم يارا بولدى ، مەقەت ئىششىقى
كۆچەيگەنلىكتىن چوڭ تەرەت يولىمۇ توسۇلدى . بۇ كېسەلنىڭ
مۇددىتى ئۈچ ئايغا سوزۇلۇپ قىزىتما ، مىزاج بۇزۇلۇش كۆرۈلدى ،
شۇ سەۋەبتىن يېمەك ـ ئىچمەكلەردە سوغۇقلۇق ۋە ھۆللۈك تائاملار
كۆپ بېرىلدى . بۇ تۈپەيلىدىن ئىستەرخا (پارالىچ) كېسىلىمۇ
يېپىشتى ، ئىككى قولى ۋە پۇتى ھەرىكەتتىن قالدى .[شۇ دەرىجىگە
يەتتىكى ، بېيىت :

لاغەر شۇدەم چۇنانكى ، چۇ چەڭگى ئەز دەرۇن پوست ،
بەرتەن رەگىكى ھەست مەرا مىتەۋان شۇمۇرد .

(شۇنچە ياداپ كەتتىمكى ، قېپىدىن ئايرىلغان چاڭدەك ،
تېنىمدىكى بار تومۇرنى كۆرۈپ ساناشقا بولۇر .)

ئۇنى داۋالاشتا ئەمىر ئەبۇلبەقا گوياكى مەسىھ كەبى كارامەت
ئىشلارنى قىلدى . كامران مىرزا قايتىش پىكرىدە ناھايىتى قاتتىق
كۆچەپ مۇبالىغىلەرنى قىلدى .] ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسىلى شىددەت
بىلەن كۆچەيگەنلىكتىن ، كامران مىرزىنىڭ قايتىپ كېتىشى قارار
قىلىندى . كامران مىرزىنىڭ قايتىپ كېتىشى شىرخاننىڭ تەلىيى
بولسا ، چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ بەختسىزلىكى ئىدى . [ھۇمايۇن]
پادىشاھ كامران مىرزىدىن كۆپ قىسىم ئەسكەرلىرى ۋە
ئەمىرلىرىنى بۇ يەردە ياردەمگە قالدۇرۇپ قويۇشنى قانچە كۆچەپ
تەلەپ قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن كامران مىرزا پادىشاھنىڭ
پىكرىنىڭ تامامەن ئەكسىچە ئەگەرە خەلقنى ئۆزى بىلەن بىللە
ئېلىپ كېتىشكە ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى ، ئۆزىنىڭ لەشكەرلىرىنى
قويۇپ كېتىشكە بولسا مۇتلەق رازى بولمىدى . بۇ خۇسۇستا ئۇ

جىددىي ھەرىكەت قىلدى . ئەمىر خاجەئى كەلانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئۇ ئۆزى بۇ يەردە تۇرۇپ دۆلەتنىڭ مۇستەھكەملىكى ئۈچۈن تىرىشچانلىق بىلەن سايە ـ سەۋەبلەر قىلىشى زۆرۈر ئىدى . لېكىن ، ئەمىر خاجەئى كەلانمۇ كېتىشكە ۋە كامران مىرزىنىڭ رايى بويىچە ئىش كۆرۈشكە مايىل بولدى . كامران مىرزا ھەر ئاماللارنى قىلىپ ئەمىر خاجەئى كەلاننى ئۆزىدىن بۇرۇن ماڭدۇردى ، ئۆزىمۇ مېڭىشقا تەييارلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى . شۇ ئەسنادا شىرخان گانگ دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدى ۋە لەشكەرلىرى دەريادىن ئۆتتى .

شىرخاننىڭ ئوغلى قۇتبخان ئەتاۋە ۋە كاپلى تەرەپكە كەلدى . ئۇ يەرلەردە كەفە[①] ، قرىم[②] ۋە ئۆزبېك سۇلتانلىرىدىن بولغان قاسىم ھۇسەين بار ئىدى ۋە بۇ جايلار بابۇر پادىشاھنىڭ قېرىندىشى ناسىر مىرزىنىڭ ئوغلى يادگار مىرزىغا تەۋە ئىدى . كاپلىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇلار كامران مىرزىغا بەردى ، كامران مىرزا ئۆزىگە ۋاكالىتەن ئىسكەندەر سۇلتاننى ئۇ يەرگە ئەۋەتكەنىدى . بۇ ئۈچەيلەن قۇتبخانغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ قۇتبخاننى ئۆلتۈردى ۋە ئاجايىپ مەردانە ئىشلارنى قىلىپ تولۇق غەلىبە قازاندى .

[ھۇمايۇن] پادىشاھ شىرخانغا قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن گانگ دەرياسى تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلدى . لېكىن ، كامران مىرزا پۈتكۈل ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى پەقىرگە تاپشۇرۇپ ، پەقىرنى بىللە ئېلىپ لاھورغا قايتىشنى تەلەپ قىلدى . ئۇ پەقىرگە تەكىتلەپ : «سىز پۈتكۈل ئۆمرىڭىزنى ئۆز قېرىنداشلىرىڭىز ۋە خەلقىڭىزنىڭ ئىشلىرىنى روناق تاپقۇزۇشقا سەرپ قىلدىڭىز . لېكىن ، ئۇلاردىن سىزگە قانداق ئىشلار كەلدى؟ بۇنى ئۆزىڭىز

---

① كەفە — قرىم ئوبلاستىدىكى فېئودوسىيە شەھىرىنىڭ شۇ زاماندىكى ئىسمى (مۇھەررىردىن ) .

② قرىم — ھازىرقى ئازوف دېڭىزى بىلەن قارا دېڭىز بويىدىكى قرىم يېرىم ئارىلى (مۇھەررىردىن ) .

كۆردىڭىز . ئۇلارنىڭ نالايىق ئىشلىرى تۈپەيلىــدىن كاشغەردىن چىقىپ مېنىڭ يېنىمغا كەلدىڭىز . مەن سىزنى تۇغقانلىق جەھەتتە بىر تۇغقان قېرىنداشىم دەپ بىلدىم ، پۈتكۈل ئىشلىـرىمنىــى ئىشىنىپ سىزگە تاپشۇردۇم . دۆلەت ئىشلىرىنى بېجىرىش ۋە قارار قىلىشتا سىزنى ئەڭ مۇستەھكەم ۋە كاتتا تايانچىم دەپ بىلدىم . ئەگەر بۇ جەھەتتە مەندىن بىرەر كەمچىلىك سادىر بولغان بولسا ، ئۇنى ماڭا مەلۇم قىلغايسىز ، مەن تۈزەتەي . ئۇنداق بولمىسا ، دۈشمەن ۋەتەنگە ، كېسەل بەدەنگە ھۇجۇم قىلغان بۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ، قېرىنداشلىق ۋە شەپقەت قوللىــرىڭىـــزنـــى مەندىن يىراقلاشتۇرمىغايسىز ، مېنى بۇ ئىككى تەھلىكىدىن قۇتقۇزۇپ لاھورغا يەتكۈزگەيسىز .»

[يەنە بىر تەرەپتىن ھۇمايۇن پادشاھ پەقىر بىلەن موغۇل ئادىتى بويىچە دوست تۇتۇشۇپ ئۆزىگە دوست قىلىــــۋالدى . سۆزلىگەندە ئىسمىمنـــى ئەمەس ، «دوستۇم» دېگەن سۆزنـــى ئىشلىتىپ خىتاب قىلاتتى . پەرمانلىرىغا بولسا : «ئۇلۇغ سۇلتانلار-نىڭ ئەۋلادى ، ئېسىل يولباشچىلارنىڭ پۇشتى ، ياخشى پەزىلەت-لەرنىڭ يىغىندىسى ، مۇكەممەل ۋە مۇنەۋۋەر خىسلەتلەرنىڭ مەنبە-سى ، بىر تۇغقاندىن ئارتۇق دوستۇم مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان — ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇھەببىتىمىز ئۇزاق داۋام قىلسۇن !» دەپ يازاتتى . ھۇمايۇن پادشاھ ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى سۇلتانلار ۋە خىزمىتىدە يۈرۈۋاتقان قېرىنداشلىرىدىن ھېچبىرىنـــى ئۇنداق لەقەملەر بىلەن سۈپەتلەپ ئاتاپ ئادەتلەنگەن ئەمەس ئىــدى . پەقىرنىڭ يەنىلا كامران مىرزىنىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتقانلىقىمغا قارىماستىن ، ھۇمايۇن پادشاھ ئۆزىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنــى پەقىرنىڭ مەسلىھىتىدىن ئۆتكۈزۈپ يۈرگۈزۈۋاتاتتى . ئۇ ماڭا قايتا ـ قايتىلاپ مۇنداق دېگەنىدى : «ئەگەر كامران مىرزا سىزنى ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ لاھورغا بېرىشنى تەلەپ قىلسا ، بۇ ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ شىددىتى مىزاجى ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكىدىن

ئۆزىنىڭ نىمە قىلىش ۋە قانداق ھەرىكەت قىلىشنى ئويلاپ يېتىشىگە كېسەلىنىڭ ئىمكان بەرمىگەنلىكىدىن بولغان . ئۇنىڭ بىلەن ھەمراھ بولۇپ سىزنىڭ لاھورغا بېرىشىڭىزنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق ، چۈنكى ئۇنى لاھورغا ئېلىپ بارىدىغان ھېچقانداق ئىشنىڭ سىز بىلەن ئالاقىسى يوق . ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ ساقسىزلىقىنى ئېيتىپ سىزنى ئېلىپ كېتىمەن دېسە ، سىز تېۋىپ ياكى دورا ئەمەس . ئەگەر ئۇ تۇغقانلىق ـ دوستلۇق جەھەتتىن شۇنداق دەيدىغان بولسا ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقىڭىز سىزنىڭ بابۇر پادىشاھقا بالا بولغان ۋاقتىڭىزدىن باشلىنىدۇ . شۇڭا ، تۇغقانلىق ۋە دوستلۇق جەھەتتە كامران مىرزا بىلەن مەن ئىككىمىز سىزگە ئوپمۇ ئوخشاش . مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقىنى ئۆزىڭىز ئادىل مەيداندا تۇرۇپ ئىنچىكە ئويلاپ كۆرۈڭ . پۈتكۈل ھىندىستاننىڭ ئىشلىرى ۋە بابۇر پادىشاھ پەرزەنتلىرىنىڭ تەقدىرى بۇ قېتىم مەن بىلەن شىرخان ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ئۇرۇشقا باغلىق بولۇپ تۇرماقتا . ئاشۇنداق ھەل قىلغۇچ ئىش كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندا ، سىز كامران مىرزىنىڭ كېسىلىگە ھەمراھ بولۇپ لاھورغا كەتسىڭىز قانداق بولار ؟ بۇنى مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئويلاشقا بولىدۇ : بىرىنچىسى ، سىز بۇ خەۋپلىك جايدا تۇرۇشتىن قورقۇپ ، بېشىڭىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كامران مىرزىنىڭ كېسىلىنى سەۋەب قىلىپ ھەممىنى تاشلاپ بىخەتەر جايغا كېتىسىز ، ھەممىسى قىرىلىپ سىز ئامان قالىسىز ؛ ئىككىنچىسى ، سىز بابۇر پادىشاھنىڭ ھامىمىسىنىڭ ئوغلى ، شۇڭا ئۇنىڭ ھەممە بالىلىرىغا تۇغقانچىلىقىڭىز ۋە دوستلۇقىڭىز ئوپمۇئوخشاش . شۇنىڭ ئۈچۈن ، سىز بابۇر پادىشاھنىڭ ھەممە پەرزەنتلىرىنىڭ غېمىنى قىلغىنىڭىز ئەۋزەل . مۇشۇنداق ئومۇمىي ھۇجۇم پەيتىدە ، سىز ھېچكىمنىڭ غېمىنى يېمەي بۇ ئادەملەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشىغا قارىماستىن ، ئۆزىڭىزنىڭ سالامەتلىكىنى ئويلاپ لاھورغا كەتكەيسىز . ئەگەر لاھوردىنمۇ

خەۋپسىز جاي بولسا، شۇ ياقتا كەتسىڭىز. ئەگەر بۇ ھەرىكىتىڭىز دوستلۇق، قېرىنداشلىق يوسۇنىغا ئۇيغۇن كەلسە، شۇنداق قىلىڭ. شۇنى بىلگەيسىزكى، ئالەم ئەھلى سىزنىڭ كامران مىرزا ئاغرىق بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ لاھورغا بىللە بارماي گاڭ ئۆرۈشىنىڭ مەسلىھىتى ئۈچۈن ئەسكەر ئېچىدە قالدى، دەپ ئېھتىرام[1] بىلدۈرگۈسى. بۇ خانىدانلىقنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشى بولغان بۇ ئۆرۈشتا ئۆزىڭىز خىزمەت قىلماقچى بولغان بۇ جەمەتنىڭ بارلىق ئەۋلادلىرىنىڭ ئىشى ھەل بولغۇسى. ئومۇم دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىگەندە، بۇ ئىشىڭىز توغرا ۋە زۆرۈردۇر. ئەگەر بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ماڭا تاشلاپ قويۇپ، كامران مىرزىنىڭ كېسىلىنى باھانە قىلىپ تىنچ جايغا بارسىڭىز، بۇ مۇھىم جاي قولدىن كەتسە، لاھورمۇ ئاشۇ تىغ بىلەن بىرىنچى بولۇپ ۋەيران بولىدۇ.»

پەقىر ئويلاپ كۆرۈپ ئاخىر مۇشۇ سۆزگە توختالدىم -دە،] كامران مىرزا پەقىرنىڭ پادىشاھىنىڭ يېنىدا قېلىشىمغا رۇخسەت بەرمىگەن بولسىمۇ، پەقىر رۇخسەتسىز ئايرىلىپ قالدىم. كامران مىرزا ئىسكەندەر سۇلتان باشچىلىقىدا مىڭچە كىشىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، ئەگەرە خەلقىدىن ئېلىپ كېتىشكە ئىمكانىيىتى يار بەرگەنچە ئادەملەرنى ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ لاھورغا يۈزلەندى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى دۈشمەنلەرگە قۇۋۋەت، دوستلارغا شىكەستىلىك ئېلىپ كەلدى.

دېمەك، [ھۇمايۇن] پادىشاھ ئەگرەدىن يولغا چىقتى. گاڭ دەرياسىنىڭ لېۋىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ تەرەپتە پادىشاھ، ئۇ تەرەپتە شىرخان، تاكى بىر ئايغىچە بىر - بىرى بىلەن تىركىشىپ يۈزمۇيۈز قارىشىپ تۇردى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ مۆلچەرلىگەندە، ھەربىر تەرەپتە تەخمىنەن ئىككى

---

① بۇ سۆز پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا «ئېھتىرام» دېيىلگەن، پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا بولسا «ئېتىراز» دېيىلگەن.

لەكتىن زىيادە لەشكەر باردەك كۆرۈنەتتى .

ئاخىر ، تېمۇرىي مىرزىلىرىدىن بولغان مۇھەممەد سۇلتان مىرزا ، ئۇنىڭ ئوغلى ئۇلۇغ مىرزا ۋە شاھ مىرزىلار خوراسان ھەققىدىكى باياتىمىزدا ئىسمى زىكىر قىلىنغان سۇلتان ھۇسەين مىرزىنىڭ قىزلىرىنىڭ ئوغۇللىرى بولۇپ ، بۇ مىرزىلار ھىندىستانغا — بابۇر پادىشاھنىڭ يېنىغا كەلگەنىدى . بابۇر پادىشاھ ئۇلارغا ناھايىتى شەپقەت ۋە ئىلتىپاتلار كۆرسىتىپ ، تۇرلۇك ئىنايەتلەر بىلەن ئەزىزلىگەنىدى . بابۇر پادىشاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇلار ھۇمايۇن پادىشاھقا بويسۇنماي نەچچە قېتىم قارشىلاشتى . لېكىن ، بۇ قارشىلىشىشلىرىنى ھېچ ئاقتۇرالماي ئاخىر يەنە ئىلاجسىز ھۇمايۇن پادىشاھنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىشكەنىدى ، پادىشاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگەنىدى . بۇ نۆۋەت يەنە شۇ مىرزىلار شىرخان بىلەن كېلىشىۋېلىپ شۇ تەرەپكە قاچتى . ئۇلارنىڭ قېچىپ كېتىشى بىلەن لەشكەرلەر ئىچىدىكى باشقا خالايىقلارنىڭ قېچىشىغىمۇ يول ئېچىلدى ، لەشكەرلەر ئىچىدىكى ھەربىر كىشى ئۆزى بىلگىنىچە قېچىشقا باشلىدى . ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى ، بۇ ئەقىلسىزلەر قېچىپ شىرخانغا قوشۇلمىدى . ئۇلار شىرخاندىنمۇ ياخشىلىق كۇتمەپتۇ ، ئۆز خىيالى بويىچە ھاۋا ئىسسىق دېگەننى باھانە قىلىپ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئارام ئېلىشىپتۇ . كامران مىرزىنىڭ ياردەمگە قويۇپ كەتكەن لەشكەرلىرىنىڭمۇ كۆپىنچىسى لاھورغا قېچىپ كەتتى .

بۇ ئۇرۇشتا [ھۇمايۇن] پادىشاھنىڭ ئىلكىدىكى ئۇرۇش ئەسلىھەلىرى ئىچىدە يەتتە يۈز ھارۋا بولۇپ ، ھەربىر ھارۋىنى تۆت جۈپ ئۆي سۆرەپ ماڭاتتى . ھەربىر ھارۋىغا بىردىن زەربزەنى رۇمىي (تۈركىيە زەمبىرىكى ) ئورنىتىلغانىدى ، ئۇنىڭغا بەش يۈز مىسقال ئوق سېلىناتتى . يەنە سەككىز توپەك[1] بار ئىدى ، ئۇنىڭ

---

① خەنزۇچە نەشرىدە يىگىرمە بىر توپەك دېيىلگەن (مۇھەررىردىن ) .

ھەربىرىنى ئاتمىش جۈپ ئۆي[1] سۆرەپ ماڭاتتى . ئۇنىڭغا تاش ئوقنى سالسا ، چىدىماي ئۇندەك بولۇپ كېتەتتى ، يەتتە خىل مېتال ئېرىتمىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ ياسىغان بەش مىڭ مىسقال ئېغىرلىقتىكى ئوق سىلىناتتى ، ئۇنىڭ ھەربىر دانە ئوقى بىر بەدرەگە تەييار بولاتتى . بىر بەدرە ئىككى يۈز مىسقال كۈمۈش دېمەكتۇر . بۇ توپەڭنى ئاتسا بىر فەرسەڭ يەردىكى كۆز كۆرگەن نەرسىگە خاتا كەتمەي تېگەتتى .

لەشكەرلەر ئىچىدىن قاچىدىغانلار كۆرۈلۈشكە باشلىغاندا ، شۇنداق مەسلىھەتكە كەلدۇقكى ، لەشكەرلەر ئۇرۇش قىلمايلا پىتىراپ كېتىۋاتىدۇ ، شۇڭا بىر ئۇرۇش قىلايلى . خۇدا ساقلىغاي ، ئەگەر بىز يېڭىلىپ قالغان تەقدىردىمۇ ، ئەلنىڭ تەنىسىگە قالمايلى ، كىشىلەر بىزنى ھىندىستاندەك كاتتا مەملىكەتنى ئۇرۇش قىلمايلا بىكاردىن ــ بىكارغا قولدىن بېرىپ قويدى ، دېيىشمىسۇن . يەنە بىر مەسلىھەت شۇكى ، بىز دەريادىن ئۆتەيلى . شۇنداق قىلساق ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچ كىشى قاچالمايدۇ .

مۇشۇ پىكىر بىلەن ھەممەيلەن دەريادىن ئۆتتى . ھەر ئىككىلا تەرەپ خەندەكلەرنى قېزىشتى ، ھەر كۈنى ئىككىلا تەرەپتىن نەچچە ئون باشباشتاق ھىندىلار چىقىپ ئۆزلىرى خالىغانچە باشلىقسىز ۋە تەرتىپسىز ئۇرۇش قىلىشاتتى . بۇ ئەھۋال ئەسناسىدا يامغۇر ياغقىلى تۇردى ، چېدىر تىكىلگەن ۋە قورۇقچى ئەسكەرلەر تۇرۇۋاتقان بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى ھۆلچىلىك بولۇپ كەتتى . شۇڭا ، بۇ يەردىن كۆچۈش زۆرۈر بولدى . تەدبىرلىك كىشىلەر : «يامغۇر يەنە يېغىۋەرسە ، سەل كېلىپ لەشكەرلەرنى ئىزتىراپ قايىنىمىدا سەرگەردان قىلىۋېتىدۇ . شۇڭا ، دۈشمەنىنىڭ قارشى تەرىپىدە سەل كەلسىمۇ ، تەسىر قىلالمىغۇدەك بىر ئېگىز جايغا بېرىپ چۈشەيلى» دېيىشتى .

---

① خەنزۇچە نەشرىدە سەككىز جۈپ ئۆي دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .

پەقىر شۇ ئەتراپقا قاراپ بىر مۇۋاپىق جاينى كۆردۈم. ئەمىرلەر شۇ يەرگە كۆچۈشنى مۇۋاپىق تاپتى. پەقىر پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ: «بۇ دۈشمەنلەرنى ئىمتىھان مەھىكى[①] بىلەن سىناپ باقايلى. چۈنكى، بىز كۆچۈۋاتقان مەزگىلدە دۈشمەن بىزگە ھۇجۇم قىلسا، ئۇ چاغدا ياسال تۈزۈشىمىز تەدبىر يۆنىلىشىگە قارىمۇقارشى ئىش بولۇپ قالىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئەتە ئۇشۇر كۈنى[②] ئىنتايىن چىڭ ۋە گىرەلەشمە سەپ تۈزەيلى، ئاندىن دۈشمەن لەشكەرلىرىگە يېقىنراق بارايلى. ئەگەر دۈشمەن لەشكەرلىرىمۇ سىرتقا چىقىپ بىزگە ھەملە قىلسا، ئۇرۇش قىلايلى. چۈنكى، بىزنىڭ بىر ئۇرۇش قىلىش پىلانىمىز تېخى بار. مۇۋاپىق چارە شۇكى، بىز ئۆزىمىزنى تۈزۈپ زەربزەن (زەمبىرەك)لەرنى دەل قىلىپ توغرىلاپ، بەش مىڭغا يېقىن توپچىنى ھارۋىلارنىڭ ئەتراپىغا تۇرغۇزۇپ ياسال قىلايلى. ئەگەر دۈشمەن چىقىپ بىزگە ئۆزىنى ئۇرسا، بىز ئۇچۇن ئۇرۇش قىلىشقا بۇنىڭدىن ئوبدان ۋاقىت تېپىلمايدۇ. ئەگەر دۈشمەن سىپاھلىرى خەندەكتىن تاشقىرىغا چىقمىسا، بىز تاكى چۈشكىچە سەپ تۈزۈپ تۇرايلى. ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن چىقماسلىقى ئېنىق مەلۇم بولغاندا، ئاندىن بىز بۇ كۈنى قايتىپ چۈشۈپ ئەتىسى يەنە چىقىپ ئاشۇ يوسۇندا ياسال قىلىپ تۇرايلى. كۆچىدىغانلار ياسالنىڭ ئارقىسى بىلەن يۈرۈپ كۆچىدىغان مەنزىلگە بېرىپ چۈشسۇن. ھەممەيلەن تولۇق كۆچۈپ بولغاندىن كېيىن بىز ئاستا ئۇلارنىڭ ئىزىدىن بېرىپ چۈشسەك بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلىش ئېھتىياتقا يېقىنراق» دېدىم. پۈتكۈل چارە ـ تەدبىر ئەھلى بۇ مەسلىھەتىمنى قوبۇل قىلدى.

تارىخنىڭ [ھىجرىيە] 947 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ

---

① مەھەك — ئالتۇن ۋە كۈمۈشلەرگە سۈركەپ، ئۇلارنىڭ تازا ياكى تازا ئەمەسلىكىنى ئايرىيدىغان تاش، سىناق تېشى.

② ئۇشۇر كۈنى — مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى.

ئوننچى كۈنى[1] ئاشۇ يوسۇندا ياسال قىلىش ئۈچۈن قوشۇن ئاتلىنىپ سەپ تۈزدى. [سەپ خۇددى مۇھەببەت ئەھلىنىڭ يۈرىكىدەك تەۋرىنىپ تىنچ ۋە مۇقىم تۇرالمىدى. بەلگىلەنگەن قارار بويىچە ھارۋىلار، توپ - زەمبىرەكلەر ئوتتۇرا غولدا تۇردى. ھەربىر توپەڭچى، زەمبىرەكچى، مىلتىقچى ئۇستىكارلارغا مۇھەممەدخان رۇمى بىلەن ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇستاز ئەلىقۇلى، ئۇستاز ئەھمەد رۇمى ۋە ھەسەن خەلىپەت باشچىلىق قىلدى. بۇ ئۇستىكارلاردىن ھەربىرى بەلگىلەنگەن يەرگە ھارۋىلار بىلەن زەمبىرەكلەرنى قويۇپ، تەرتىپ بويىچە ھارۋىلارغا زەنجىر تارتىۋەتتى.

بۇ يەردە ئۆز ئىبتىغا ماس كەلمەيدىغان ئەمىرلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلاردا «ئەمىر» دېگەن ئاتاق بولغاندىن باشقا، ۋۇجۇدىدا ھېچقانداق ئەمىرلىك يوق، ئۇلار ۋىلايەت ۋە خەزىنىگە تولۇق ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئەمىرلىكنىڭ ئەسلىي سۈپىتى بولغان چارە - تەدبىر، ھىممەت، غەيرەت - شجائەت، جەسۇر - باتۇرلۇق، ئەرلىك - مەردانىلىك دېگەنلەرگە زەررىچىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدى.]

پەقىرنى پادشاھنىڭ سول يېنىدا تۇرۇشقا تەيىنلىدى، ئوڭ بىلىكىم پادشاھنىڭ سول بىلىكىگە چاپلاشقان ھالەتتە تۇردۇم. ئوڭ قاناتتا پادشاھنىڭ شاگىرتلىرى بولمىش پۈتكۈل باھادىرلار ۋە تاللانغان ئوغلانلار تۇردى. پەقىرنىڭ سول تەرىپىمدە ئۆزۈمنىڭ مۇلازىملىرىم تۇرغانىدى، پەقىر مۇلازىملىرىم ئىچىدىن تۆت يۈز كىشىنى تاللاپ چىققانىدىم. ئۇلار قىرغىنچىلىق مەرىكىلىرىدە كۆپ ئىشلارنى كۆرۈپ پىشقان ۋە جەڭگۇجېدەل ئىشلىرىنى تالاي قېتىم تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەن كىشىلەر بولۇپ، ھەممىسى توپچاق ئاتلارغا مىنىشكەن، دۇبۇلغا، ساۋۇت ۋە كىستىۋانلار بىلەن

---

[1] ھىجرىيە 947 - يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10 - كۈنى مىلادىيە 1540 - يىلى 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

جابدۇنغان ، ئاتلىرىمۇ پۈتۈن جابدۇقلارغا پۈركەنگەن . پەقىردىن تاكى جەۋانغار غولىغىچە تۇغدار ئەمىردىن يىگىرمە يەتتىسى بار ئىدى ، ئۇلارنىڭ تۆۋەن يېنىدا جەۋانغار توپى ئورۇن ئالغانىدى . جەۋانغار توپىنىڭ نەقەدەر كۆپلۈكىنىمۇ مۇشۇنىڭغا قاراپ قىياس قىلماق كېرەك .

[ھۇمايۇن] پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى تەييارلىنىپ بولۇشىغا شىرخان تەرەپتىنمۇ لەشكەرلەر توپ - توپ بولۇپ ئۇرۇشقا چىقتى . شىرخاننىڭ لەشكەرلىرى چىققان ۋاقىتدا سول قاناتتىكى يىگىرمە يەتتە تۇغدىن بىرىمۇ قالمىدى ، بارلىق داغدار ئەمىرلەر دۈشمەن بىزگە قاراپ يۈزلەنمىسۇن ، دەپ قورقۇشۇپ تۇغلىرىنى يوشۇرۇشقانىدى . سەردارلىرىنىڭ شىجائىتىنى ئەمىرلىرىنىڭ مانا مۇشۇ «باتۇر»لۇقىدىنلا قىياس قىلىشقا بولاتتى .

شىرخاننىڭ لەشكەرلىرى بەش توپقا بۆلۈنۈپ چىقتى . ھەر بىر توپى مىڭدىن ئارتۇق ، ئۈچ مىڭغا قەدەر ئادەمدىن تەركىب تاپقانىدى ، پەقىر ھەممىسىنى ئون بەش مىڭ كىشىدىن ئارتۇقراق ، دەپ قىياس قىلدىم . ئەمما ، چاغاتاييىلارنىڭ لەشكەرلىرىنى قىرىق مىڭ كىشى دەپ مۆلچەرلىدىم . [ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلار ھەممىسى تولۇق ياساپ جابدۇلغان ئاتلارغا مىنگەن ، دۇبۇلغا - ساۋۇتلارنى كىيىشكەن ، دولقۇن ئۈستىگە دولقۇنلار مىنگەشكەن دەريادەك ھەيۋەتلىك ئىدى . ئەمما ، لەشكەرلەرنىڭ ئەمىرلىرى ۋە ئەسكەرلەر- نىڭ سەردارلىرىنىڭ ئەر يۈرەكلىك جەھەتتىكى ئەھۋالى يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغىنىدەك ئىدى .]

شىرخاننىڭ لەشكەرلىرى خەندەكتىن ئۆتكەندە ، ئۇلارنىڭ سان جەھەتتە كۆپرەك بولغان ئىككى توپى خەندەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ، قالغان ئۈچ توپ لەشكىرى [ھۇمايۇن] پادىشاھ- نىڭ لەشكەرلىرىگە قاراپ يۈزلەندى . بۇ تەرەپتىن [ھۇمايۇن] پادىشاھنىڭ غول (ئوتتۇرا) قىسمىدىكى لەشكەرلەرنى ھەرىكەتكە

كەلتۈردۇق ،[ ئۇلار بەلگىلەنگەن ئورنىغا بېرىپ توختاپ بېكىنىشى
كېرەك ئىدى . توختايدىغان يەرگە يېتىپ باردۇق ، لېكىن
توختىغىلى بولمىدى . چۈنكى ، چاغاتايىيلارنىڭ لەشكەرلىرىدە
ئەمىر ياكى ۋەزىرلەر مەيلى باي بولسۇن ياكى يوقسۇل بولسۇن ،
ھەربىرىنىڭ بىرنەچچىدىن خادىملىرى بار ، بۇ خادىملاردىن
ھەربىرىنىڭ كەم دېگەندە يۈزدىن خاس نۆكىرى ، بۇ نۆكەرلىرىگە
تەئەللۇق بەش يۈزدىن غۇلاملىرى بار ئىدى . بۇ غۇلاملار ئۇرۇش
ۋاقتىدا يا خاجەلىرىدىن خەۋەرسىز ، يا ئۆزىدىن خەۋەرسىز
ئىدى ، [ئۆزلىرىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقى ، نەگە بېرىپ نەدە
توختاشلىرىنىمۇ چۈشەنمەيتتى . ئۇلارغا ھەر تەرەپتىن «تۇر ! »
«توختا ! » دېگەن بۇيرۇقلار بېرىلىۋاتسىمۇ ، ئۆز تىزگىنلىرىنى
تارتقۇدەك چامى يوق ئىدى . ئۇلارنىڭ خوجىلىرى ئۆزىنى ئۆزى
قانداق يوقىتىپ قويغان بولسا ، ئۇلارمۇ ئۆزىنى ئۆزى تىزگىنلەش
ئىقتىدارىنى يوقاتتى . توغرا كەلگەن بىر غۇلامنى ئۇرۇپ :
«توختا ! » دەپ تۇرسىمۇ ، ئۇلار ئۆز باشلىرىنى چاڭگاللىشىپ]
ئىختىيار يۈگۈرەتتى ۋە سەۋر - تاقەت تىزگىنلىرىنى قولدىن
بېرىپ قوياتتى .. قىسقىسى ، ھېچ ئامال بىلەن ئۇلارنى توختىتىش
مۇمكىن بولمىدى . ئارقىدا تۇرغان غۇلاملار ئوتتۇرىدا تۇرغانلارنى
ئىتتىرىپ - سىقىپ ، ھارۋىلارغا باغلانغان زەنجىرلەرنىڭ يېنىغىچە
سۈرۈپ ئەكېلىپ قويدى . ئىتتىرىشىپ ئوڭنى سولغا ، سولنى
ئوڭغا ئۇرغىلى تۇردى . خۇددى : «زېمىن ئارقىمۇئارقا تەۋرىتىلگەن
چاغدا »[1] دېگەن ئايەتتە ئېيتىلغاندەك ئەھۋال كۆرۈلگىلى تۇردى .
[ئارقىدا تۇرغان غۇلاملار ئالدىدا تۇرغان ئادەملەرنى تۇرتۇپ -
سىقىپ ، ئۇلار ھارۋىلار ئارىسىغا تارتىلغان زەنجىرلەرنى ئىتتىرىپ
بىرنەچچە يەردىن ئۈزۈۋەتتى . ئۈزۈلگەن زەنجىرنىڭ يېنىدا تۇرغان
ئادەملەر ئۆزلىرى خالىمىسۇن - خالىسۇن ، زەنجىرنىڭ ئالدىغا

---

① «قۇرئان كەرىم» ، 89 - سۈرە فەجر ، 21 - ئايەت .

چىقىپ كەتتى - دە، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى زەنجىر تارتىلغان جايدىكىلەر بولسا ئارقىسىدا قالدى، ئەسكەرلەرنىڭ سىپىي بۇزۇلدى. ئوتتۇرا غولدىكىلەرنىڭ ئەھۋالى ئەنە شۇنداق ئىدى.

ئوڭ تەرەپكە شىرخاننىڭ ئۈچ توپ ئەسكىرى باستۇرۇپ كەلدى. ئۇلار قايسى سەپكە بولسۇن، باستۇرۇپ كىلىپ ئوق ئېتىشقىنىچە خۇددى شامال ساماننى ئۇچۇرغاندەك سۇرۇپ، سول تەرەپتىكى سىپىمىزنى تالقاننى چاچقاندەك توزىتىۋەتتى ۋە ئوتتۇرا غولغا يېتىپ كەلدى. خوجىلىرى ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرغان غۇلاملارنى ئارقىدىكى غۇلاملار تۇرتۇپ - زورلاپ، ھارۋىلارنىڭ ئالدىغا چىقىرىۋەتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھارۋىلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قالدى، يەنە بىر قىسمى ھارۋىنىڭ ئارقىسىدا قالدى. سەپلەر بۇزۇلۇپ ئەمىرلەر نۆكەرلەردىن، نۆكەرلەر ئەمىرلەردىن ئايرىلىپ كەتتى. شۇ پەيتتە شىرخاننىڭ ئەسكەرلىرى لەشكەرلىرىمىزنىڭ ئوڭ قانىتىنى پاراكەندە قىلىپ غول قىسمىغا يېتىپ كەلدى، ئادەملەر دۇشمەنگە قارىتىپ بىر تال ئوق ئاتمايلا پىتىراپ كەتتى - دە، بىراقلا مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندى.] چاغاتايىيلارنىڭ لەشكەرلىرى غۇلاملار ۋە شاگىرتلارنى قوشمىغاندا، مۇكەممەل قوراللانغان سىپاھلىرى مىڭنىڭ مۆلچەرىچە قىرىق مىڭچە ئىدى، شۇنداق تۇرۇپ ئون ئىككى مىڭ كىشىدىن يېڭىلىپ قاچتى. مۇشۇنچىۋالا چوڭ ئۇرۇشتا يا دوست تەرەپتىن، يا دۇشمەن تەرەپتىن بىرەرمۇ ئادەم زەخىملەنمىدى. چاغاتايىيلار شىرخاندىن يېڭىلدى، [توپەڭلەر بىرەر تال تاشمۇ ياغدۇرمىدى، زەمبىرەكلەردىن بىرەر پاي ئوقمۇ ئېتىلمىدى، ھارۋىلارمۇ ھەرىكەتسىزلا قېپقالدى.]

چاغاتايىيلار قېچىشقا يۈزلەندى. ئۇرۇش بولغان يەردىن گانگ دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىقتا بىر فەرسەڭ مۇساپە بار ئىدى. پۈتكۈل ئەمىرلەر ۋە باھادىرلار ھېچقانداق يارىلانماي، زەخمە يېمەيلا

دەريا لېۋىگە ساق ـ سالامەت يېتىپ كەلدى . لېكىن ، شىرخاننىڭ لەشكەرلىرىمۇ ئارقىمۇئارقا قوغلاپ كەلدى . چاغاتايىيلار كېچىك تاپقۇچىلىك ياكى تۆمۈر ساۋۇتلىرىنى سالغۇچىلىــــك پۇرسەت تاپالمىدى ، ھەممەيلەن ئاتلىرى بىلەنلا ئۆزلىرىنى سۇغا ئۇردى . گانگ دەرياسىنىڭ كەڭلىكى يا بىلەن ئوق ئۇزگەندە تەخمىنەن بەش ئوق ئېتىمى ئارىلىقىدا بار ، مۇشۇنچىۋالا ئۇلۇغ دەريادا نامدار ئەمىرلەر ۋە جەسۇر لەشكەرلەر پۈتۈنلەي نامەردلىك بىلەن غەرق بولۇپ كەتتى . ئۇلاردىن قالغىنى قالدى ، كەتكىنى كەتتى .

دەريادىن ئۆتۈپ ئۇ قىرغاقتا چىققىنىمىزدا ، شۇ كۈنــــلا سارىيىدا ئون يەتتە مىڭ شاگىرت خىزمىتىدە بولغان ھۇمايۇن پادىشاھ يالاڭ ئاياغ ، يالاڭئۇاشتاق دەريادىن ئاتلىق چىقىپ كەلدى . ئـۇنى تـۇردىبــەگ دېگــەن بىر كىشــى ئــاتقــا مىنگۈزۈۋالغاندى . [مىسرا :

بەقا بەقايى خۇدايەستۇ مۇلك مۇلكى خۇدا .

(ئەبەدىيلىك خۇدانىڭ ئەبەدىيلىكى ، مەملىكەت ئاللانىــــڭ مەملىكىتى . )]

پەقىرنىڭ مۇلازىمىتىمدە مىڭ كىشى بار ئىدى . ئۇلاردىن پەقەت ئاتمىش كىشىلا دەريادىن سالامەت چىقتى ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى چۆكۈپ كەتتى . قالغان خالايىقنىڭ ئەھۋالىمۇ مۇشۇنىڭغا قاراپ قىياس قىلىنسا بولىدۇ .

بىز دەريادىن چىققاندىن كېيىن ئەگرەگە يېتىپ كەلدۇق ، ئۇ يەردىمۇ تۇرۇشنىڭ ئامالى قالمىدى . شۇقەدەر پاراكەندە ۋە پەرىشان ئىدۇقكى ، ئۇنى بايان قىلساق ، كۆڭۈلگە ئازاب ئېلىپ كەلگەندىن باشقا ھېچقانداق پايدىسى يوق . شۇنداق ئەھۋالدا لاھورغا يېتىپ كەلدۇق .

# بىر يۈز ئون ئۈچىنچى باب

## چاغاتايىلارنىڭ ھىندىستاندىن لاھورغا قېچىپ كەلگەنلىكىنىڭ بايانى

تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 947 ـ يىلى رەببىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ باشلانغان كۈنى[1] پۈتكۈل ئەمىرلەر ، سۇلتانلار ۋە باشقا خالايىقلار يىغىلدى . خالايىقنىڭ كۆپلۈكى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى ، مىڭىشقا يول ، تۇرۇشقا ئورۇن تارلىق قىلدى . ھەر كىمدە بىر ئوي ، ھەر ناكەستە بىر خىيال ، ھەر جىنىستا بىر پىكىر ، ھەر ناجىنىستا بىر مىكىر پەيدا بولدى . بۇلارنىڭ ئارىسىدا گاڭگ ساھىلىدىكى ئورۇشتىن بۇرۇن دەريا قىرغىقىغا يەتمەيلا قېچىپ ، نەچچە ئون باشباشتاق ھىندىلارغا باش بولۇپ ، قارشىلىق كۆرسەتكەن مۇھەممەد سۇلتان ۋە ئۇلۇغ مىرزىلارمۇ بار ئىدى . ئۇ مىرزىلارمۇ ھېچ يەردە تۇرالماي خارۇزار ھالەتتە لاھورغا كېلىشتى ، ئۇلار بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا يۇرۇپ ، [تېخىچە يەنىلا قارشىلىشىش ھەرىكەتلىرىنى داۋام ئەتتۇرۇۋاتاتتى . نەچچە ئون ھارامتاماق باشباشتاقلار ئۇلارنى ئۆزىنىڭ توپىغا باشچى قىلىپ بىر توپ ئېشەكلەرگە ئايلاندى .]

ھىندال مىرزا ۋە يادگار ناسىر مىرزىلارمۇ ئەقىلغا سىغمايدىغان رىجىلەرنى تۈزۈپ لاپ ئۇرۇشۇپ :«بىز بەكەرەگە

---

① ھىجرىيە 947 ـ يىلى رەببىيەل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 1 ـ كۈنى مىلادىيە 1540 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ .

بېرىپ شاھ ھۈسەين ئارغۇندىن بەكەرەنى تارتىۋېلىپ ، ئۇنىڭ كۆچى بىلەن گۇجەراتنى ئالىمىز » دەپ داۋراڭ قىلىشاتتى . كامران مىرزا ئۇلارنىڭ جاي - جايلارغا پىتراپ چېچىلىپ كېتىشى ۋە ئۆزىنىڭلا كابۇلغا كېتىۋېلىشى ئۈچۈن ، قانداق ھىيلە - تەدبىرلەرنى ئىشلىتىشنىڭ كويىدا ئىدى . ھۇمايۇن پادىشاھ باشلىق بىرمۇنچە جامائەت ، ئىتتىپاقلىشىش ۋە بىرلىككە كېلىشنىڭ پىكرىدە ئىدى ، بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىققا ئېرىشىش مۇشكۇل ئىش ئىدى ، شۇ سەۋەبتىن ئۇمىدسىزلىنىپ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا كۆزى يەتمەي خىيالغا چۆكۈپ كەتكەنىدى . [ھۇمايۇن] پادىشاھنىڭ ئويلىغىنى ئىشنىڭ ئەسلىي تەدبىرى ئىدى .

ھەر نېمە دېگەنبىلەن شۇ ئەھۋال ئەسناسىدا ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە يىغىلىپ باش قوشۇشتى . بۇ يىغىلىش كۆرۈنۈشتە ئىتتىپاقلىشىش ، بىرلىشىش ئۈچۈن بولۇۋاتقاندەك قىلسىمۇ ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئىتتىپاقسىزلىق ۋە پارچىلىنىش يىغىنىغا ئۆزگىرىپ كېتىۋاتاتتى . دۆلەت كاتتىلىرى ۋە چارە - تەدبىر ئىگىلىرى بۇ يەردە پۈتۈشكەن قارار ۋە كېڭەشكە ھېچ كىشىنىڭ دەخلى - تەرۇز قىلماسلىقى ۋە ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ خىلاپلىق قىلماسلىقى ئۈچۈن كېڭەشكە بۈيۈك شەخسلەر ۋە كاتتا ئۆلىمالارنىمۇ قاتناشتۇرۇپ ، ئۇلۇغ ئالىملار ۋە مائارىپ ئەھلىنى بۇ مەسلىھەتكە گۇۋاھ - شاھىت قىلىشنى قارار قىلدى . بۇ ئىش قارار قىلىنغاندىن كېيىن خانىدانلارنىڭ سەرخىلى ، مەخدۇملارنىڭ ئىزباسارى ، ھەدىس ۋە ئۇسۇل ئىلمىنىڭ ئالىمى ، پاكلىقنىڭ تەشەببۇسكارى ، ئەۋلىيالارنىڭ تايانچىسى ، مۇرشىدلارنىڭ يېتەكچىسى ، تەرىقەت ئەھلىنىڭ قىبلىگاھى ، ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەرنىڭ يولباشچىسى ، تەقۋادارلارنىڭ زىننىتى ، سىددىق ۋە فارۇق نەسەبلىك ئەۋلىيالارنىڭ ئەڭ كاتتىسى ، مىللەت ۋە

دىنىنىڭ يۇلتۇزى شىھابىددىن مەھمۇد ، يەنى تونۇلغان لەقىمى خاجە خاۋەند مەھمۇد — ئاللا ئۇلارنىڭ سايىسىنى ئۇزاققىچە ئىخلاسمەنلەر تائىپىسىنىڭ بېشىدا قىلسۇن — ۋە ئۇ زاتنىڭ كىچىك ئىنىسى ، سۇلتانلارنىڭ پىرى ، خاقانلارنىڭ ئۇستازى خاجە ئەبدۇلخالىق[1] ، يەنە تەقۋادارلار ، ئالىملارنىڭ ۋە ھەقىقەت ئەھلىنىڭ يېتەكچىسى ، ئىسلامنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ياردەمچىدىسى ، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسى ۋە ئاخىرقى پەيغەمبەر (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام )نىڭ مۇنەۋۋەر ئەۋلادى ئەمىر ئەبۇلبەقا — بۇلار ھەممىسى ھازىرقى كۈندە ئالىملارنىڭ ئالىمى ، پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئۆتتىن بىرىدە پىرى كامىللىقتا يۇقىرى چەككە يەتكەنلەر ۋە بارلىق ئىلىم ئەھلىگە ئۇستاز بولغۇچىلاردۇر . يەنە بىرمۇنچە كاتتىلار بار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى تولۇق بايان قىلساق ، سۆزىمىز ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىدۇ ، بۇلارنىڭ ھەممىسى جەم بولۇشتى .

بارلىق سۇلتانلار ، ئەمىرلەر ۋە باشقا ئادەملەر يىغىلىپ ، بىرلىك ، ئىتتىپاقلىق مەزمۇنىدا ۋەدە ۋە كاپالەتلەر بېرىشىپ خەت يېزىشتى . ئۇ خەتنىڭ ھاشىيىسىگە ھەزرىتى خاجە خاۋەند مەھمۇد باشلىق بارلىق پىر - ئۇستازلار ۋە ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ گۇۋاھلىقلىرىنى يېزىپ قەيت قىلىشتى .

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار مۇھىم ئىشلارنى كېڭىشىشكە كىرىشتى . [ھۇمايۇن] پادىشاھ ئالدى بىلەن پەقىرگە ئىشارەت قىلىپ : «بۇ مەسلىھەتلىشىدىغان ۋاقىت ، شۇڭا كۆڭلىڭىزگە كەلگەن پىكىرنى قورۇنماستىن بايان قىلغايسىز » دېدى . مەن ئەرزىمنى بايان قىلىپ : «سۇلتان ھەسەين مىرزا خوراساندا ئالەمدىن ئۆتكەن چاغدا ، ئۇنىڭ ئون سەككىز ئوغلى بار ئىدى . بۇ ئوغۇللار بىر - بىرى بىلەن ئىتتىپاقلاشمىغانلىقى ئۈچۈن

[1] بۇ ئىسىم پارسچە بىرىنچى ، ئىككىنچى نۇسخىلاردا ، تېھران نەشرىدە ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «ئەبدۇلھەق» دېيىلگەن .

خوراساننى شاھىبېكقا بېرىپ قويۇپ ، مانا ھازىرغىچە خەلقنىڭ تاپا - تەنىسى ۋە لەنەت - نەپرەتلىرىگە دۇچار بولدى . ئۇلار خوراساننى قولدىن بەرگەننىڭ ئۈستىگە ، ھەممىسى پاراكەندە بولدى ۋە نابۇت بولدى . بىر يىل ئىچىدىلا بەدىئۈززەمان مىرزىنىڭ رۇمغا كەتكىنىدىن باشقا ، قالغان قېرىنداشلاردىن ھېچكىم ئامان قالمىدى . مەرھۇم بابۇر پادىشاھ ھىندىستاندەك بۇ چوڭ ئىقلىمنى نۇرغۇن مۇشەققەتلەر بىلەن قولغا ئېلىپ سىلەرگە قالدۇرۇپ كەتتى . ھىندىستاندەك كاتتا مەملىكەتنى شىرخانغا ئۇرۇشسىز ۋە تالاشماستىن بېرىپ قويۇپ قاراپ ئولتۇرساڭلار قانداق بولىدۇ؟ ئۆزۈڭلار ئويلاپ كۆرۈڭلار ، خوراسان بىلەن ھىندىستاننىڭ چوڭلۇقى ۋە بايلىقىنى سېلىشتۇرغاندا قانداق پەرق بارلىقىنى دەڭسەپ بېقىڭلار . ھاشىبېكخاندەك جاھانگىر پادىشاھقا سېلىشتۇرغاندا ، شىرخان دېگەن قانچىلىك نەرسە؟ بۇ ھەقتە خەلقنىڭ قانچىلىك تاپا - تەنىسى ، قارغىش - مالامىتى ۋە لەنەت - نەپرەتلىرىگە دۇچار بولىدىغانلىقىڭلارنى ئويلاپ كۆرۈڭلار . ئەمدى تەپەككۇر ، شىجائەت ۋە غەيرەت ياقىسىدىن باش چىقىرىشىمىز كېرەك . شۇنداق قىلغاندىلا خالايىق ئارىسىدا باش كۆتۈرۈپ يۈرگىلى بولىدۇ ، ئۆز ۋاقتىدا بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش ئاسان ئىدى . سەل قاراش ، بىپەرۋالىق ۋە ئىتتىپاقسىزلىق سەۋەبىدىن ئاسان ئىش قىيىنلاشتى ، ئەمدى بىرمۇنچە جاپا - مۇشەققەتلەرنى چەكمىگۈچە بۇ ئىشنى پۈتكۈزگىلى بولمايدۇ . ئىلگىرى ئىش ئاسان ئىدى ، ئۇنى ئۆزۈڭلار قىيىنلاشتۇرۇۋەتتىڭلار ، شىرخاننىڭ لاھورغا يېتىپ كېلىشىگە يەنە تۆت ئاي ۋاقىت بار . ئەگەر بۇنىڭغىمۇ ئېغىر كۆرۈپ سۇسلۇق قىلىنسا ، ئىش ئۇنىڭدىنمۇ دىشۋارراق بولىدۇ . ھازىر پەقىرنىڭ مەسلىھىتىم شۇكى ، ھىندىستاننىڭ تاغ ئېتەكلىرىنى سۇلتانلارغا بۆلۈپ بېرەيلى ، ھەركىم ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىگە يارىشا جايىنى

ئىگىلىسۇن . پەقىرگە ئازراق كۈچ بىلەن ياردەم بېرىلسە ، پەقىر ئىككى ئاي ئىچىدە كەشمىرنى ئىگىلەشكە ۋەدە بېرىمەن . قالغان ئەمىرلەرمۇ ھەركىم ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقسۇن . پەقىرنىڭ كەشمىرگە يېتىپ بارغانلىق خەۋىرىم يەتكەن ھامان ئەمىرلەر ئائىلە ، بالا ـ چاقىلىرىنى كەشمىرگە ئەۋەتىۋېتىپ ئۆزلىرى تاغقا بېكىنسۇن . بىز [سەرھىند تاغلىرىدىن] تاكى سارەڭ تاغلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تاغ ئېتەكلىرىنى مەھكەم تىزگىنلەپ تۇرايلى . شىرخاننىڭ ئۇرۇش ـ سوقۇشلاردىكـــى كۈچلۈك قورالى توپ ـ زەمبىرەكلەردىن ئىبارەت ، ئۇنى ھارۋىسىز ئېلىپ يۈرگىلى بولمايدۇ ، ھارۋىلارنى ھەرقانچە قىلغان بىلەن تاغقا چىقارغىلى بولمايدۇ . ئاشۇ ئەسۋابلىرى بولماي تۇرۇپ ، شىرخان ئۇرۇشقا قول ئۇزاتمايدۇ . بۇ ۋاقـــت ئۇزۇنغا سوزۇلغانسېرى شىرخاننىڭ لەشكەرلىرى ئوزۇقلۇقنىڭ كەملىكىگە تاقەت قىلالماي پاراكەندە بولىدۇ ـ دە ، شىرخاننىڭمۇ قايتىپ كېتىشى زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ . »

پەقىر ئاشۇنداق دەپ مەسلىھەتىمنى ئاخىرلاشتۇرغانىـدىم ، كامران مىرزىنىڭ چىرايى تۇرۇلدى ۋە : «سىـزنـــڭ ئېيتقان سۆزلىرىڭىز گەرچە مۇۋاپىق مەسلىھەت بولسىمۇ ، لېكىن ھازىر ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىـــن» دېدى . مەن : «پەقـــر بۇ مەسلىھەتىمنىڭ ئۆزرىسىنى ‹ئىشنىڭ ئاسان بولىدىغان ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى › دەپ باشتىلا ئادا قىلغانىدىم ، ئەگەر ھەركىمنىڭ كۆڭلىگە بۇنىڭدىنمۇ ئاسانراق تەدبىر يەتكەن بولسا بايان قىلغاي» دېدىم . كامران مىرزا : «ھازىر بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە ئىككى يۈز مىڭ ئۆيلۈك كىشى بار . سىزنىڭ ئېيتقان بۇ مەسلىھەتىڭىز بويىچە ئىش قىلساق ، [ئەمەلگە ئاشسىغۇ ياخشى ،] ئەكسىچە نەتىجە كۆرۈلۈپ بۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقماي قالسا ، بۇ كۆپ جامائەتنىڭ ھەممىسى نابۇت بولىدۇ . ئەڭ ياخشى چارە شۇكى ، پادشاھ ۋە

باشقىلارنىڭ ھەممىسى يالغۇز تۇرۇپ تۇرسۇن، تاغلارغا بېكىنسىمۇ، كەشمىرگە بارسىمۇ مەيلى، خوتۇنى ۋە بالا - چاقىلىرىنى ماڭا قوشۇپ بەرسۇن، مەن ئۇلارنى كابۇلغا ئېلىپ بېرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ قايتا لەشكەر ئېلىپ كېلىپ قوشۇلاي.»

مەجلىستە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ پىكىرگە ھەيران قالدى. ئۇلار: «ئىتتىپاقلىق، بىرلىكنى مۇستەھكەملەش ھەققىدە ئەھدۇپەيمان قىلىشقىنىمىزنىڭ نېمە پايدىسى بولدى؟ قەسەم قىلىشقاندا نېمە دېگەن؟ ئەمدى نېمە بولدى؟ يەنە بۇ سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئەھلى ئاياللىرىمىزنى كابۇلغا ئەۋەتىۋېتىپ، ئۆزىمىز بۇ يەردە يالغۇز قالىدىكەنمىز. كابۇلدىن لاھورغا يەتكۈچە نۇرغۇن دەريالار، قاراقچىلار، تاغلار بار. بۇ ئىش ئەقىلدىن يىراق!» دېيىشتى. بۇ ھەقتە قانچە سۆزلەرنى قىلغان بولسىمۇ، كامران مىرزا مۇتلەق قوبۇل قىلمىدى، سۆزلىرىمىزگە قىلچە ئېتىبار بەرمىدى. ئاخىر يەنە ئىتتىپاقلىق ئۈمىدى ئىتتىپاقسىزلىققا ئايلاندى، يىغىلغانلار تارقاشتى.

شۇنداق قىلىپ بىرمۇنچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. بۇ چاغدا شىرخان سۇلتانپۇر دەرياسىنىڭ لېۋىگە يېتىپ كەلدى، ھەركىم ئۆزلىرىگە بىر ئورۇننى بەلگىلەپ ئورۇنلىشىدىغان بولدى. [ھۇمايۇن] پادىشاھ بۇ ھەقتە پەقىرگە مەسلىھەت سالدى. مەن پىكرىمنى يەنە بايان قىلىپ: «ھازىر بولسىمۇ كەشمىرنى ئىگىلەشنى ئىشقا ئاشۇرايلى. بىر ئامال قىلىپ پەقىرنى ئاۋۋال ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئۆزلىرى ئارقامدىن ئاستا - ئاستا بارغايلا، پەقىر كەشمىرنى جەزمەن ئىشغال قىلىشقا كېپىللىك قىلىمەن.» پادىشاھ قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىپ ماڭا ئىجازەت بەردى. پەقىر بۇ يەردىكى ئىشلاردىن پارىغ بولۇپ تۆت يۈز كىشى بىلەن كەشمىرگە قاراپ يۈزلەندىم.

## بىر يۈز ئون تۆتىنچى باب

# بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەدھەيدەرنىڭ كەشمىرگە بېرىش سەۋەبىنىڭ بايانى

يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، كەشمىر سۇلتانلىرى [ئۆز ئەمىرلىرىنى تىزگىنلەش ۋە باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ، ئاجىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئەمىرلەرنىڭ ھەربىرى ئۆزىنىڭ خىيالىغا كەلگەنچە ئىشلارنى قىلىپ يۈرەتتى.

كامىران مىرزا شاھ ئىسمائىلنىڭ ئوغلى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قەندەھارغا كەتكەن كۈنلەردە، كەشمىر ئەمىرلىرى ئۆزئارا بىر - بىرلىرى بىلەن قارشىلىشىپ، ئەبدال ماكرى ۋە زەنگىچەك[①]نى كەشمىردىن قوغلاپ چىقارغانىدى، بۇ ئىككىسى ھىندىستان تاغلىرىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، پەقىرگە ئىلتىجا قىلغانىدى، ئۇلار تەرەپتىن ھاجى ئاتلىق كەشمىرلىك كىشى — بۇ كىشىنىڭ نامى تىبەت ۋەقەلىرىنىڭ بايانىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلدى — كېلىپ ۋاستە بولۇپ پەقىردىن ياردەم سورىغانىدى، پەقىر قايتا - قايتا كۈچەپ كامىران مىرزىغا تەشەببۇس قىلىپ كەشمىرگە لەشكەر كىرگۈزۈشكە تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم. كامىران مىرزا ئەگرەدىن دېھلىغا يۈرۈش قىلغان ۋاقىتىدا لەشكەر ئاجرىتىپ، ئۇنىڭغا بابا چۈچەك دېگەن كىشىنى مەسئۇل قىلىپ كەشمىرگە يۈرۈش قىلىشنى تاپشۇردى. ئاشۇ ھاجى دېگەن كىشى بابا چۈچەكنى كەشمىرگە باشلاپ كىرىدىغان بولۇپ، ئەگرەدىن

---

① تېھران نەشرىدە «كاجىچەك، ئەبدال ماكىرى ۋە رىكىچەك» دېيىلگەن (خەنزۇچە نەشرىدە «ھەقچەك، ئەبدال ماكرى ۋە زەنگىچەك ئۈچىنى» دېيىلگەن — مۇھەررىردىن).

ھەمراھ بولۇپ لاھورغا كەلدى . بابا چۇچەك ئىقتىدارسىز ۋە بوشاڭ ئادەم بولغاچقا ، بۇ مۇھىم ئىشنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي تۈرلۈك باھانىلەرنى كۆرسىتىپ كەشمىرگە يۈرۈش قىلىشنى كەينىگە سۈردى . گانگ دەرياسى بويىدىكى ئۇرۇشتىن مەغلۇبىيەت خەۋىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ھەممەيلەن ئۆزىنىڭ ئەھۋالى بىلەن قالدى ، بابا چۇچەكمۇ كەشمىرگە يۈرۈش قىلىشتىن بوشىتىلدى .

ھەممەيلەن لاھورغا يىغىلغان ئاشۇ كۈنلەردە ، ھاجى پەقىر بىلەن ئەبدال ماكرى ۋە زەنگىچەكلەرنىڭ ئارىسىدا بىرقانچە قېتىم بېرىپ ـ كېلىپ قاتراپ يۈرۈپ ، كەشمىرنى ئېلىشنىڭ مەسلىھەتى ۋە تەدبىرلىرىنى كۆڭۈلگە ياققۇدەك چارە ـ ئاماللار بىلەن قارار قىلىشقانىدى . پەقىر شۇ سەۋەبتىن تولا كۈچەپ ھۆددە قىلغانىدىم ۋە ئۇلار ھاجىدىن ئەۋەتكەن ئەرزنامە ـ مەكتۇپلارنى [ھۇمايۇن] پادىشاھقا كۆرسەتكەنىدىم . ئاخىر پادىشاھتا پەقىرنىڭ بېرىشىم بىلەن كەشمىرنىڭ ئىشغال قىلىنىدىغانلىقىغا ئىشەنچ پەيدا بولدى ، شۇ سەۋەبتىن پەقىرگە ئىجازەت بەرگەنىدى .

## بىر يۈز ئون بەشىنچى باب

# بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەدھەيدەرنىڭ كەشمىرگە بارغانلىقى ، چاغاتايىلارنىڭ ھىندىستاندىن چىققاندىن كېيىن دۇچ كەلگەن ئەھۋاللىرىنىڭ قىسقىچە بايانى

مەخپىي قالمىسۇنكى ، پەقىر [ھۇمايۇن] پادىشاھ بىلەن كېڭىشىپ ئالدى بىلەن مەن ئازراق كىشى بىلەن

نەۋشەھەر (يېڭىشەھەر)[1]گە باردىغان، ئۇ يەردە كەشمىر ئەمىرلىرى ماڭا قوشۇلسا، ئاندىن ئىسكەندەر توپچى نەۋشەھەردە پەقىرگە قوشۇلسا، شۇنىڭدىن كېيىن يولغا چىقىدىغان، بىز داۋانغا يەتكەندە ئەمىر خاجەئى كەلان نەۋشەھەرگە كېلىدىغان، بىز كەشمىرگە كىرگەندە ئەمىر خاجەئى كەلان داۋان تۈۋىگە كېلىپ كەشمىرگە يېقىنلىشىدىغان، شۇ چاغدا [ھۇمايۇن] پادىشاھ نەۋشەھەرگە كېلىپ ئورۇنلىشىدىغان، ئىش مۇشۇنداق سەرەمجانلاشقاندىن كېيىن كامران مىرزا ۋە باشقا سۇلتانلار، ئەمىرلەرنىڭ ھەرقايىسى كۆڭۈللىرى قەيەرنى خالىسا، شۇ تەرەپكە باردىغان بولۇپ قارار قىلىنغانىدى. بۇ مەسلىھەت قارار قىلىنغاندىن كېيىن پەقىر كەشمىرگە قاراپ يۈزلەندىم.

نەۋشەھەرگە يېتىپ كەلگەنىدىم، كەشمىرنىڭ بارلىق سەردارلىرى كېلىپ قوشۇلدى. ئىسكەندەر توپچى نەۋشەھەردىن بىر كۈنلۈك يىراقتا ئىدى، ئەمىر خاجەئى كەلان سىيالكوتتا ئىدى. پەقىر ئىسكەندەر توپچىغا خەۋەر ئەۋەتكەن كۈنى بارلىق ئادەملەرنىڭ لاھوردىن يۈرۈپ كەتكەنلىك خەۋىرى يېتىپ كەلدى. پەقىر بۇ خەۋەرنى ئۇققان ھامان تېز سۈرئەتتە يولغا چىقتىم ـ دە، كەشمىر داۋىنىنىڭ تۈۋىگە يېتىپ كەلدىم. ھاجىچەك[2] يەنە بىر يولدىن چىققانىكەن، بىز ھېچقانداق تالاش ـ تارتىشسىز ۋە پاراكەندىچىلىكسىزلا يەنە بىر يول بىلەن كەشمىرگە كىردۇق.

لېكىن، لاھوردىكى ۋەيرانچىلىقنىڭ خەۋىرى ئىسكەندەر توپچى بىلەن ئەمىر خاجەئى كەلانغا يېتىش بىلەنلا ئىسكەندەر توپچى ھىندى تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدىكى سۇلتانلاردىن بىرى بولغان سارەڭدىن ياردەم سوراپ شۇنىڭ يېنىغا كەتتى. ئەمىر خاجەئى كەلان سىيالكوتتىن چىقىپ [لاھوردىن] قاچقانلارغا قوشۇلدى. [ھۇمايۇن] پادىشاھ كەشمىرگە كېلىشكە قانچە تىرىشچانلىق

---

[1] راجەۋۆلى تېغى باغرىدىكى بىر مەھەللە (مۇھەررىردىن).
[2] بۇ ئىسىم تېھران نەشرىدە ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «كاجىچەك» دېيىلگەن.

كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇشقا ھېچكىم قوشۇلمىدى. بىرنەچچە ئەقىلسىز گالۋاڭلار، بولۇپمۇ ھىندال مىرزا، يادگار ناسىر مىرزىلار باشلىق كاتتىلار پادىشاھنى تەتتە ۋە بەكەرەگە، يەنى شاھبېك ئارغۇننىڭ ئوغلى، زۇننۇن ئارغۇننىڭ نەۋرىسى بولمىش مىرزا شاھ ھۇسەين ئۇستىگە لەشكەر تارتىشقا دالالەت قىلىپ ئېلىپ ماڭدى. بۇ مىرزا شاھ ھۇسەين شۇنداق كىشىدۇركى، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك بابۇر پادىشاھ شاھبېكتىن قەندەھارنى قاتتىق ئۇرۇش بىلەن تارتىۋالغاندىن كېيىن شاھبېك ئۇچ ۋە تەتتە قاتارلىق جايلارغا كېلىپ، ئاشۇ تەۋەدىكى جايلارنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلىگەنىدى. شاھبېك ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى مىرزا شاھ ھۇسەين ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ھاكىمىيەت ئۇستىگە چىققانىدى. نەچچە مۇددەتكىچە شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش، قەلئەنى مۇستەھكەملەش ۋە باشقا باشقۇرۇش ئىشلىرىغا كىرىشىپ شەھەر - قورغانلىرىنى پۇختىلىۋالغانىدى. ئۇ ھەقىقەتەن پاراسەتلىك، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئىدى. بۇ پاراسەتسىزلەر توپى ئۇنىڭغا قارشى ھۇجۇم قىلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچ بىر ئىش قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ھىندال مىرزا قېچىپ قەندەھارغا باردى. قەندەھار ھاكىمى ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن قارشى ئېلىپ خىزمىتىدە بولدى. لېكىن، ئۇ قەندەھاردا مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇرۇش ئىشىغا كىرىشتى. شۇڭا، كامران مىرزا كابۇلدىن ئۇنىڭ ئۇستىگە لەشكەر تارتىپ قەندەھارغا باردى. [بىرقانچە نالايىق ئىشلاردىن كېيىن] ھىندال مىرزا كامران مىرزىدىن ئامانلىق تىلەپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا بويۇن ئەگدى. مۇشۇ ۋەقە ئەسناسىدا يادگار [ناسىر] مىرزا ۋە قاسىم ھۇسەين سۇلتانلارمۇ [ھۇمايۇن] پادىشاھنىڭ خىزمىتىدىن قېچىپ كېلىپ كامران مىرزىغا قوشۇلدى. ھۇمايۇن پادىشاھ چەكسىز مېھنەت ۋە

ھېسابسىز شىددەتلەرگە دۇچ كەلدى ، شۇنىڭدىن كېيىن ئىراق زېمىنى تەرەپكە كېتىپتۇ . تاكى ھازىرغىچە پادىشاھنىڭ ئەھۋالى قانداق بولغانلىقى ھېچ مەلۇم ئەمەس . كامران مىرزا بولسا ھازىر كابۇلدا ، ھايات ھاۋادىساتلىرى تۇپەيلىدىن تۈۋەن ۋە قىيىن ھالەتتە كۈن ئۆتكۈزمەكتە .

ھۇمايۇن پادىشاھ ئىگە بولغاندەك بۈيۈك ۋە ئۇلۇغ سەلتەنەتكە ئېرىشكەن پادىشاھ ناھايىتى ئاز بولسا كېرەك ، يەنە ھۇمايۇن پادىشاھقا دۇچ كەلگەندەك ئازاب - ئوقۇبەت ۋە مېھنەت - مۇشەققەتلەرگە ناھايىتى ئاز پادىشاھلارلا دۇچ كەلگەن بولغىيدى . چەكسىز ئۇلۇغلۇق ئىگىسى بولغان تەڭرىتائالانىڭ ياخشىلىقلىرىدىن ئۈمىد شۇكى ، تەڭرى ئەگەر يەنە بەخت - سائادەت بىلەن ئۇنى سەلتەنەت تەختىگە چىقارسا ، ئۆزىنىڭ ئىنايەتلىرى سايىسى بىلەن پۈتكۈل شان - شەۋكىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ تىنچ - ئامانلىققا ئىگە قىلسا ئەجەب ئەمەس . ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋە ئۇنىڭ شەرەپلىك ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھۆرمىتىدىن تەڭرىم بۇ تىلەكلىرىمىزگە يەتكۈزگەي . چۈنكى ، تەڭرىنىڭ ئادىتى شۇنداق جارى بولۇپ كېلىۋاتىدۇكى ، ئادەتتە دۆلەت ئىگىلىرىگە بۇنداق ئېغىر ھادىسىلەر دۇچ كەلسە ، ئۇ ھادىسە تۇپەيلىدىن ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ھالاك بولىدۇ ، سالامەت قالمايدۇ . ئەگەر دۆلەت ئىگىلىرى بۇنداق ھالاكەتلىك ھادىسىدە سالامەت قالغان بولسا ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ سالامەت قالغانلىقى بىر ھېكمەتكە مۇناسىۋەتلىكتۇر . بۇ كىتابتا ئىلگىرى بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ، ھۇمايۇن پادىشاھنىڭ بۇزرۇكۋار ئاتىسى بابۇر پادىشاھقا نەچچە قېتىم سەمەرقەند تەختىدە ئولتۇرۇش مۇيەسسەر بولدى ۋە نەچچە قېتىملاپ قاتتىق مەغلۇبىيەتلەر دۇچ كەلدى ، ئەمما ئۇ مەغلۇبىيەتلەردە ئۆزى سالامەت قالدى . ئاخىر يۈكسەك ۋە پاك تەڭرى ئۇنىڭغا شۇنداق ئالىي سەلتەنەت ۋە ئۇلۇغ دۆلەتنى ئاتا

قىلدىكى ، ئۇنىڭ دۆلىتىدىن پۈتكۈل ئالەم بەھرىمەن بولدى . ياخشى نامى پۈتكۈل پادىشاھلار ئارىسىدا تاكى قىيامەتكىچە مەڭگۈلۈك يادىكار بولۇپ قالدى .

ھۇمايۇن پادىشاھنىمۇ تەڭداشسىز ۋە يېگانە ھۆكۈمران بولغان تەڭرىتائالا بۇ قەدەر ھالاكەتلىك ھادىسىلەردىن ئۆز مۇھاپىزىتى بىلەن سالامەت ساقلاپتۇ . بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە تەڭرىنىڭ بىر ياخشىلىقى ۋە ھېكمىتى باردۇر ، ئەزىز تەڭرى خالىسا .

## بىر يۈز ئون ئالتىنچى باب

# بۇ كىتابنىڭ مۇسەننىپى ۋە بۇ پارچىنىڭ مۇئەللىپى ھۇمايۇن پادىشاھتىن ئايرىلىپ، كەشمىرگە يۈزلىنىپ كەشمىرنى ئىشغال قىلغانلىقى، ئاشۇ كۈنلەردە دۇچ كەلگەن ۋەقەلەرنىڭ مەلۇماتى ۋە «تارىخى رەشىدي»نىڭ تۈگەللىمىسىنىڭ بايانى

پەقىر [ ھەزرىتى ھۇمايۇن] پادىشاھنىڭ ئىجازىتى ، تەڭرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت بېرىشى ۋە بارلىق مىرزىلارنىڭ بىردەك قوللىشى بىلەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سەۋەبلەرگە بىنائەن لاھوردىن كەشمىرگە قاراپ يۈرۈش قىلدىم . رەجەپ ئېيىنىڭ [ يىگىرمە ] ئىككىسىدە [ كەشمىر] داۋىنىدىن ئۆتتۇق . كەشمىرنىڭ پايتەختىگە كىرىپ ئورۇنلاشقان ۋاقتىمنىڭ تارىخىنى «بىستۇ دەۋۋۇمى

رەجەپ» (رەجەپ ئېيىنىڭ يىگىرمە ئىككىسى)[1] دېگەن سۆزدىن چىقاردىم . ئۇ كۈنلەر قەۋس پەسلى ئىدى . كەشمىرنىڭ ھۆكۈمەت تەختىدە يالغۇز ئولتۇرۇشۇم بىلەنلا پەلەكنىڭ ئورۇنباسارى بولغان بۇلۇتلار مۇبارەكلەپ ، يامغۇر تامچىلىرىنى ياقۇت ئۈنچىلىرىدەك ، قار دىنارلىرىنى شاھرۇخىي تەڭگىسىدەك چېچىشقا باشلىدى .
نەزم :

مەقدەمىڭغە نىسار قىلماق ئۈچۈن ،
بەرفلەر قەترەسى ئېرۇر دىنار .
ھەر بۇلۇتكىم ھەۋاغە ئۆرلەپدۇر ،
قەدەمىڭغە ساچارغە تۇردى نىسار .

ئاشۇ ئىنئام تەسىرى بىلەن يەرنىڭ يۈزلىرى ئاقىرىپ دۈشمەن كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى . بۇ قىشنى كەرەملىك تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن كۆڭۈللۈك ، خۇشال ـ خۇرام ۋە ياخشى ئۆتكۈزدۇق . لېكىن ، ھاجىچەك كەشمىر ھۆكۈمىتىنى ئۈچ تالاق قىلىپ ، ئۆزىنى ئەھلى ئايالىنىڭمۇ ئەھلى كۆرمەي ، ئەھلى ئايالىنى مەلىك ئەبدال ۋە زەنگىچەكلەرگە تاپشۇرۇپ چىقىپ كەتكەنىدى . بەلكى بۇ ھۆكۈمەتنى ئۇ ئىلگىرىكىدەك ئالمان ـ تالمان كېتىپ قالىدۇ ، بىرەر يىلمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ ، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك .
مىسرا :

غەلىۋاز يەڭلىغ ئالتە ئاي مادە ، ئالتە ئاي نەر دەپ .

ھەممە كەشمىر خەلقى ئاشۇنداق ئەقىدە بىلەن كېتىشكەنىدى ،

---

① «بىستۇ دەۋۋۇمى رەجەپ» (بىست دوم رجب ) دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنگەندە ، «947» دېگەن سان كېلىپ چىقىدۇ . ھىجرىيە 947 ـ يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 22 ـ كۈنى مىلادىيە 1540 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنگە توغرا كېلىدۇ .

ئەزەل خېتىدە يېزىلغان «ئېيتقىنكى ، ‹پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئەي ئاللا ، خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن ، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن ›»[1] دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەرسىز ئىدى . پۈتكۈل ئالەمنىڭ ئىگىسى ، پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى بولغان ئۇلۇغ تەڭرى ھەقىقەتەن بۈيۈك قۇدرەت ئىگىسىدۇر ، ئەڭ تولۇق ھوقۇققا ئىگە بولغان پادىشاھتۇر . ئۇ كىمگە خالىسا بېرىدۇ ، كىمدىن خالىسا ئالىدۇ .
[نەزم :

جەببارى قەدىمۇ ھەزرەتى كەرىم ،
بەر ھالى ھەمە خەلق ئەلىمەستۇ ھەكىم .
ئەز ھەركى ستاندۇ بەھەر كەسكى دەھەد ،
بەر بەندە چە چارە ئەست جۆز ئەز تەسلىم .

(قەدىمىي قۇدرەتلىك ، كەرەملىك زاتسەن ،
بارچىنى بىلگۈچى ئالىم ، ھېكىمسەن .
بەندىدە نە چارە تەسلىمدىن ئۆزگە ،
خالىساڭ بېرىسەن ، ياكى ئالىسەن . )]

ھاجىچەك ئۆزىنىڭ خام خىياللىرى بىلەن گويا شىرخان ئۆزىنىڭ زور كۈچ ـ قۇۋۋىتى بىلەن پاك تەڭرىتائالانىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدىغاندەك ھېس قىلىپ ئۇنىڭغا ئەقىدە باغلىغان بولسا كېرەك . شۇڭا ، بېرىپ شىرخانغا ئىلتىجا قىلىپ پاناھلاندى .
باش باھاردا بۇلۇت سىپاھلىرى چاقماق تىغلىرىنى شولا شەمشەرلىرىدەك ھەرىكەتكە كەلتۈردى ، گۈلدۈرماما توپەڭلىرىنى ئېتىشقا باشلىدى ، مۆلدۈر ئوقلىرىنى توپ ئوقلىرىدەك ياندۇرغىلى تۇردى . زېمىن مەيدانىدا كوكات (چىم) لەشكەرلىرى

[1] «قۇرئان كەرىم» ، 3 ـ سۈرە ئال ئىمران ، 26 ـ ئايەتنىڭ باش قىسمى .

نەيزىلىرىنىڭ ئۈچىنى خۇددى ھۆل ھالەتتىكى خەنجەر كەبى نامايان قىلدى ، دەرەخلەر ياپراق سۇپەرلىرىنى باشلىرىغا كۆتۈرۈشۈپ سەپ ـ سەپ بولۇپ تۇردى .

ھاجىچەك شىرخاندىن ياردەم ئېلىپ پۈتكۈل قوشۇنى بىلەن كەشمىرگە قاراپ يۈزلەندى . بۇ ئەھۋال ئەسناسىدا بىزنىڭ تەرەپنىڭ كۆچ ـ مادارى بولغان مەلىك ئەبدال ئىستىسقا كېسىلى بىلەن ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى ، شۇنىڭدىن كېيىن بارلىق ئىش زەنگچەككە تاپشۇرۇلدى . بىز تۇرلۇك مۇشەققەتلەر بىلەن — بۇنى بايان قىلساق ، كۆڭۈلگە ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ — ئەھلى ئايالىرىمىزنى ئەندەركۆل قەلئەسىگە كۆچۈرۈپ قويۇپ ، ئادەملىرىمىز بىلەن پاراكەندىچىلىك ئىچىدە دۇشمەنگە قارشى ئۇرۇشقا يۈزلەندۇق . [ نەزم :

قىسسەئى كوتەھ ھەمىي كۇنەمكى تۇرا ،
بىش ئەزىن مۇجىبى مەلالى بۇد .
دۇشمەنى پىشۇ دۇشمەنى دەر پەس ،
تۇ بەدانىكى ، ئانچە ھالى بۇد .

(قىسسىنى قىسقا ئېيتىمەن . چۇنكى ،
سوزنۇەتسەم ئۆزۈڭ مالال بولىسەن .
ئالدى ھەم ئارقىدا بولسا گەر دۇشمەن ،
نە بولۇر ئەھۋال ، ئۆزۈڭ بىلىسەن . )

ئەلقىسسە ، بىز ئۈچ ئايغىچە ھەممە يەرلەرنى مۇستەھكەم تاقاپ ، بېكىنىش ئارقىلىق تاقابىل تۇردۇق . ئاخىر ھاجىچەك شىرخاننىڭ لەشكىري ياردىمى بىلەن مەغرۇرلىنىپ ، كەشمىرنىڭ يۇقىرى تەرىپى بىلەن كېلىپ چۈشتى . بىز تەرەپتىكى كەشمىر لەشكىرى كۆرۈنۈشتە لەشكەر توپىدەك تۇرسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە پارچىلىنىپ كەتكەنىدى . پەقىر بىلەن پەقەت موغۇل لەشكەرلىرىلا

قالدى . شۇ كۈنى توساتتىن ئۇرۇش بولىدىغانلىقى ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەنىدى . بىر كىشى بىر مۇھىم ئىش بىلەن بىر تەرەپكە كەتكەنىدى ، ئىككى يۈز ئەللىككە يېقىن كىشىمىز بار ئىدى . كەشمىر خەلقىدىنمۇ ئازراق كىشى موغۇل لەشكەرلىرىگە قوشۇلدى ، ھەممىسى ئۈچ يۈزگە يېقىن ئادەم بولدى . شىرخاننىڭ لەشكەرلىرىنىڭ سانى بەش مىڭ ، نەچچە خىل پىيادە ئەۋەتكەن ئاتلىق لەشكىرىنىڭ سانى ئاتلىق لەشكەرلەردىن كۆپرەك ئىدى . بىز ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كىرىپ ، ئات ـ ئۇلاغ ، قورال ـ ياراغ ۋە باشقا ئەسلىھەلىرىنى بۇلاش ـ تالاشقا باشلىدۇق .

بۇ ۋاقىت تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 948 ـ يىلى رەببىيەلئاخىرنىڭ سەككىزى[①] دۈشەنبە كۈنى پېشىن ۋاقتى ئىدى . دۈشمەنلەرنىڭ ھالى خۇددى «پەرۋەردىگارىڭنىڭ فىل ئىگىلىرىنى قانداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ ؟»[②] دېگەن ئايەتتە ئېيتىلغىنىدەك خاراب بولدى . غايىب ئىلھامچىسى گوياكى بىزنىڭ جان قۇلىقىمىزغا : «ئاللادىن كېلىدىغان نۇسرەت ۋە غەلىبە يېقىندۇر ، مۆمىنلەرگە (بۇ روشەن مەرھەمەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن»[③] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى . ئۇلۇغ ، قۇدرەتلىك ۋە غالىب تەڭرى ئۈچ يۈز نەپەر لەشكەرگە بەش مىڭ ئاتلىق لەشكەرنى ۋە نەچچە مىڭ پىيادە لەشكەرنى مەغلۇپ ۋە تىرىپىرەن قىلدى . «ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائەت كۆپ جامائەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ .»[④] ئۇلۇغ «ئاللا راست ئېيتتى»[⑤] ، ئاللانىڭ كەرەملىك

---

① ھىجرىيە 948 ـ يىلى رەببىيەلئاخىر ئېيىنىڭ 8 ـ كۈنى مىلادىيە 1541 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ .

② «قۇرئان كەرىم» ، 105 ـ سۈرە فىل ، 1 ـ ئايەت .

③ «قۇرئان كەرىم» ، 61 ـ سۈرە سەپ ، 13 ـ ئايەت .

④ «قۇرئان كەرىم» ، 2 ـ سۈرە بەقەرە ، 249 ـ ئايەتنىڭ ئاخىرىدىن ئىككىنچى جۈملە .

⑤ «قۇرئان كەرىم» ، 33 ـ سۈرە ئەھزاب ، 22 ـ ئايەتنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن بىر جۈملە .

پەيغەمبىرى راست ئېيتتى . [نەزم :

سەئادەت بەبەخشايىشى داۋەر ئەست ،
نە دەر چەڭگو بازۇيى زور ئاۋەر ئەست .

زەفەر يا سەئادەت بەئىھسانى ئۇست ،
شەقاۋەت ، ھەزىمەت بەفەرمانى ئۇست .

(سائادەتنى تەڭرى ئاتا ئەيلىگەن ،
ئۇ چاڭگال ، بىلەك زورىدىن كەلمىگەن .

يېڭىش ھەم سائادەت ئۇنىڭ بەخشىشى ،
يېڭىلمەك ، ھاقارەت ئۇنىڭ يازمىشى . )]

بۇ ئاجايىپ ئەھۋال بولۇپ ، بۇنىڭغا شۇكۇر ئېيتىش زۆرۈر ، پەقىر بۇنىڭ شۇكۇر ـ ساناسىنى ئادا قىلىشقا ئاجىزمەن . خۇداغا شۇكرى ، بۇ ئاجىزلىقىمنى ئۇلۇغلار ئېتىراپ قىلىدۇ ، بىزدەك بىچارىلەرنىڭ ئۆز نۇقسانلىرى ئۇچۇن ئۆزرە ئېيتىشلىرىنىڭ ئۆزىمۇ ئۆزىنى ئۇلۇغلار قاتارىغا قويۇش دەۋاسى قىلغانلىق بولىدۇ ، ئۇلۇغلارغا بۇنداق ئەدەپسىزلىك قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش . شۇكۇر ئېيتىپ بولالمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ نادانلىقىنى تونۇغانلىق بولۇپ ، بۇ ئۆز نەپسىگە قىلىنغان زۇلۇمدۇر . ئەي تەڭرىم ، مەندەك ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىدىغان نادانىنىڭ قولىدىن نېمە كەلسۇن ؟ نېمە ئىش ھەل بولسۇن ؟ سېنىڭ دەرگاھىڭغا نېمە لاياقىتىم بولسۇن ؟ پەقىر ئۆزۈمگە ئۆزۈم قىلىۋاتقان زۇلۇمنى ۋە ھاياتلىقىم ئەشياسىدىن نىشانە ۋە سەزگۈنى ، ئۆزۈمنىڭ ھەممە مەسلىھىتىنى شۇنىڭدىن كۆردۈمكى ، ئۆزۈمنىڭ بېشىمدىن ئايىغىمغىچە ھەممىسى گۇناھ ۋە نۇقسان

ئىدى ، سېنىڭ ماڭا ئاتا قىلغانلىرىڭنىڭ ھەممىسى چەكسىز مەرھەمەت ۋە پايانسىز ئېھسان بولدى . نەزم :

ھەمە قورقادۇر سەندىن ، ئەي كىردىگار ،
ۋەلې قورقادۇرمەن ئۆزۈمدىن دەۋام .
كى سەندىن ھەمە ياخشىلىق يەتكۈسى ،
يامانلىق كېلۇر لېك مەندىن تەمام .

ئەي تەڭرىم ، قىلمىشلىرىمغا لايىق جازا بەرسەڭ ، تۇتقۇنلۇقتىن خالاس بولۇشۇم مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئەگەر قىلغان گۇناھلىرىم ئۈچۈن نېمەتلىرىڭنى كېمەيتسەڭ ، تىن تارتقۇدەك ماجالىم قالمىغان بولاتتى . نەزم :

ئەگەر بەندەكىم ئىشتە جابۇك ئەمەس ،
ئانى خاجەسى مۇھتەرەم ئەيلەمەس .

ئەگەر تەركى خىزمەت قىلۇر لەشكەرى ،
بولۇر شاھ ، لەشكەركەش ئاندىن بېرى .

ۋەلى ئەيلەمەس ھەيبى بىچۇنۇ چەند ،
گۇنەھكارغە رىزق ئىشىكىنى بەند .

يامان فىئلىڭە قەھر قىلسە ئەگەر ،
چۇ ئۇزر ئايتساڭ ، ئەفۋ ئېتەر سەر بەسەر .

ئەي تەڭرىم ، ئۆزۈمنىڭ قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى توغرا دەپ گۇمان قىلاتتىم ، ئەمما ھەممىسى خاتا ئىدى ، سېنىڭ قىلغانلىرىڭنىڭ ھەممىسى ياخشىلىق ئىدى . مەن ئۆزۈمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن ، سېنىڭ خۇشاللىقىڭنى ئىستەيمەن ،

مەن بەندەڭنى ئۆزۈڭ رازى بولىدىغان ئىشقا مايىل قىلغايسەن .
مىسرا :

سۆز بۇ يەرگە يەتتى ، سىندى قەلەم .

قىسقىچە ئېيتقاندا ، كەشمىرنىڭ خەتىبى مەۋلانا جەلالىددىن [مۇھەممەديۇسۇف] بۇ قېتىمقى غەلىبىنىڭ تارىخىنى «فەتھى مۇكەررەر » (قايتىلانغان غەلىبە )[1] دېگەن سۆزدىن تاپتى . چۈنكى ، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك بۇ نۆۋەتتىكىسىدىن ئىلگىرىمۇ كەشمىرنى بىر قېتىم پەتھى قىلغانىدىم .

## بىر يۈز ئون يەتتىنچى باب

# كىتابنىڭ تەڭرىتائالاغا مۇناجات قىلىش بىلەن ئاياغلىشىشى ، كىتاب ۋاستىسى بىلەن دوستلاردىن دۇئا ئىلتىماس قىلىنىشى

ئەي مەۋجۇت بولۇشۇڭ زۆرۈر بولغان ۋە پۈتكۈل ۋۇجۇدۇڭ ئېھسانىڭ ئۈچۈن جەزمەن لازىم بولغان تەڭرىم ، سېنىڭ سۈپەتلىرىڭدە ھېچبىر نۇقسان ۋە ئىنايەتلىرىڭدە ھېچبىر كەمچىلىك يوقتۇر . كەرەم ۋە ساخاۋەتلىرىڭنىڭ تولىلىقىنىڭ ھەددۇھېسابى

① «فەتھى مۇكەررەر » (فتخ مكرر ) دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنگەندە ، «948» دېگەن سان ھاسىل بولۇپ ، ھجرىيە 948 - يىلى (مىلادىيە 1541 - يىلى )غا توغرا كېلىدۇ .

ۋە چەك - چېگرىلىرى يوقتۇر . تۇرلۇك ئېھسانلىرىڭنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇنى تونۇپ بولالماي نادانلىقتىدۇرمىز ، نادانلىق تۈپەيلىدىن نېمەتلىرىڭگە شۈكۈر قىلىشتىن بىخەۋەرمىز . سېنىڭ ئاشۇ نېمەتلىرىڭنىڭ لايىقىدا شۈكۈر - سانالىرىنى ئادا قىلىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس . شۇنداق دېيىلىدۇكى ، كىرىۋاتقان ھەربىر نەپەس ھاياتقا كۈچ بېرىدۇ ، چىقىۋاتقان ھەربىر نەپەس جانغا راھەت بېغىشلايدۇ . دېمەك ، ھەربىر نەپەستە ئىككى نېمەت مەۋجۇت ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە شۈكۈر - سانا ئېيتىش ۋاجىپ . ئەمما ، نېمەتنى تونۇش ۋە ئۇنىڭ شۈكرىسىنى لايىقىدا ئادا قىلىپ بولالمايدىغان-لىقىنى ئېتىراپ قىلىشمۇ بىر تۇرلۇك شۈكۈر ھېسابلىنىدۇ . لېكىن ، بەندە شۇ دەرىجىدە تونۇسۇنكى ، ھەممە نېمەتلەرنى تونۇپ يەتسۇن . ئەمما ، بۇرۇنقىلار شۇنداق ئېيتقانكى ، نەزم :

ھەركىم ئۆز ھالىغە چاغلىق كۈشىش ئەتمەك خۇب ئېرۇر ،
بىجىھەت خامۇشلۇقدىن ئول بەسى مەرغۇب ئېرۇر .

شۇڭا ، كەمىنە بۇ مەزمۇن ھۆكۈمى بويىچە ئۆز ئىستىداتىمنىڭ قۇۋۋىتىگە يارىشا زۆرۈر ۋە كېرەكلىك بولغان سۆزلەرنى بۇ كىتاب ۋاراقلىرىنىڭ يۈزلىرىگە يازدىم . پەقىرنىڭ كۆڭلىدە بۇنى ئالىي پاراسەتلىك زاتلارنىڭ نەزەرلىرىگە لايىق قىلىش داغدۇغىسى ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتۇرۇش ۋەسۋەسىسى يوق ئىدى . شۇنداق بولسىمۇ شۇنىڭدىن ئۈمىدۋارمەنكى ، بۇ سۆزلىرىم كۆڭلەرنىڭ سەھىپىلىرىدە مېنىڭدىن يادىكار بولۇپ قالغاي . بۇ نۇسخىغا نەزەر سالغۇچىلار پەقىرنىڭ روھىنى دۇئايىپاتىھە بىلەن ياد ئەتكەي . [پەقىر خارۇزار مۇھەممەدھەيدەر شۇنى ئىلتىماس قىلىمەنكى ،] بۇ نۇسخىدا ھەرقانداق ئەيىب ۋە نۇقسان كۆرۈلگەن بولسا ، كەرەملىك قوللىرى

بىلەن تۈزەتكەي . [پەقىرنىڭ مۈشكۈل ئەھۋالىمغا رەھىم - شەپقەت قىلىپ ياخشى دۇئا ۋە تىلەكلىرىگە مۇيەسسەر قىلغاي . شۇنىڭ بەرىكىتى بىلەن : «ئەي تەڭرىم ، بىزگە بۇ دۇنيادا ياخشىلىق بەر ، ئاخىرەتتىمۇ ئىزگۈلۈك بېرىپ دوزاخ ئوتىدىن ساقلىغىن» دېگەن دۇئالىرىمىز ئىجابەت بولغاي .] ئەي ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى ، ئەي چەكسىز مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك تەڭرى ، بىزگە رەھمەت قىلغايسەن ، ئامىن !

چەكسىز ئىنايەتلىك پادىشاھ تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەن كىتاب تۈگىدى .

**UYGUROĞULLARI AKUPUNKTUR**
**MEDİKAL ÖZEL SAĞLIK VE GIDA TİC. LTD.ŞTİ**
Cumhuriyet Mh. GMK Bul. No:290 Onbaşıoğlu Apt.
B Blok No:1/1 33110 Mersin / TÜRKİYE
Tel.Fax: 0090 324 329 52 36
İstiklal V.D.. 898 055 4292